717

ئىزچى مەن

# جاسۇس كىم؟

(رومان ۋە مۇلاھىزە)

يېڭىلغانتاش نەشرىياتى — ئۈرۈمچى

# ئومۇمىي مۇندەرىجە

## جاسۇس كىم؟


1. 'ئۇيغۇر ئايغا چىقتى'  7
2. تۈرمىدە   11
3. يېڭى ھەرىكەت پىلانى    46
4. ھەربىي ھالەتتىكى شەھەردە  67
5. بىر خىتاي كوچاڭنىڭ پاجىئەسىنى پىلانلاش   75
6. قايتا تۈزۈلگەن پىلان  88
7. كامېردىكى سۆھبەتلەر  121
8. دېموكراتچى خىتاينىڭ ئەسلى غەرىزى  142
9. يېڭى كېلىن    171
10. 'يېڭى ئاي' قوشۇنىدا    189
11. گۈلباھار   201
12. خاسىيەت     221
13. 'يانچۇقچى'    238
14. ئەلۋىدا 265
15. ئۆزگىرىش    283
16. يېڭى ئىشلار   324
17. ئىمىن ھەرىكەتتە   338
18. مەخپى ئارخىپ   342
19. ئاخىرقى سۆز ئورنىدا    345


## مېنىڭ نېسىۋەم قېنى؟


20. چوڭچىڭدىكى مەخپى پىلان    347

21. 7995- مىللىي قىسمىدا 353
22. ئابلىز مەخسۇم ئۆز ئالدىغا 362
23. مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پاجىئەلىرى 371
24. ئابدۇرەھىمغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە 381

## يا مۇستەقىللىق ـ يا ئۆلۈم!

قىسقىچە مەزمۇنى 388
كىرىش سۆز 389
**1. ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى**
1.1 نوپۇس ئىشغالىيەتچىلىكى 396
1.2 قۇراللىق دۈشمىنىمىز 418
1.3 خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى 423
1.4 قورچاق مىللىي ئىشچى- خىزمەتچىلىرىمىز 434
1.5 كلاسسىك دۈشمەن قارىشىمىز 440
1.6 بۇرمىلانغان مىللىي مۇناپىق چۈشەنچىلىرىمىز 444
1.7 سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەسىرى 453
1.8 يېڭى ئەقىدىلەر ھەققىدە 461
1.9 تىنچلىققا دائىر مەسىلىلەر 476
1.10 پاسسىپ قارشىلىق كۆرستىش تەجرىبىلىرىمىز 484
1.11 ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىلىرى 497
1.12 ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى توغرىسىدا 501
1.13 ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسى توغرىسىدا 507
1.14 ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلىرىمىز 519
1.15 تاشقى مۇناسىۋەت مەسىلىسى 523
1.16 تېنچلىق سۆھبەتلىرى توغرىسىدا 528
1.17 ئۈمىدسىزلىكلەر توغرىسىدا 530
1.18 تېرروروچىلىق ۋە تېرروروچىلار توغرىسىدا 533

1.19 ۋەزىيەت قاچان پىشىپ يېتىلىدۇ؟ 535

**2. يا مۇستەقىللىق ــ يا ئۆلۈم!**

2.1 مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىز 541
2.2 دۈشمەنىنىڭ بۈگۈنكى ئاجىز نۇقتىلىرى 550
2.3 ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچى كۈچلىرىمىز 554
2.4 ئىدىيىۋى ئېقىملار ۋە مىللىي مۇستەقىللىق 561
2.5 بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت ئانالىزى 565
2.6 مەخپىيەتلىك توغرىسىدا 571
2.7 مەخپى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى 580
2.8 بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت ئانالىزى 586
2.9 مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش مەنتىقىمىز 596
2.10 ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مەخپى ھەرىكىتىمىز 599
2.11 تەشكىلات پائالىيەتلىرىمىز 613
2.12 مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى 618
2.13 دۈشمەنىنىڭ جازالاشلىرىغا قارشى ھەرىكەتلىرىمىز 622
2.14 مىللىي مۇناپىقلارغا قارشى جازا ھەرىكەتلىرىمىز 627
2.15 قوشنا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىمىز 631
2.16 ئەقىدە مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن 642
2.17 مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزگە تۆھمەتلەر 645

## مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟

كىرىش سۆز 651

**1. مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بارمۇ؟**

ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولۇپ باققانمىدى؟ 653
بىغەملىك كېسىلىمىز
مۇستەملىكە-قۇللۇق مىجەزلىرىمىز
مۇستەملىكىچىلەر

'تېنچلىق' كېسەللىمىز
ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بوگوڭكى قىياپىتى
خاتا ھەرىكەتلىرىمىز
'بىلىم ھەممىنى ھەل قىلىدۇ' دېگۈچىلەرگە
'پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ' دېگۈچىلەرگە
بۇرمىلانغان ئەقىدىلىرىمىز
بوگوڭكى پۇرسەتلىرىمىز
بىزنىڭ كۈچلىرىمىز
**2. دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟**
مەخپى ۋەھچىمە پەيدا قىلىش 694
ھەرىكەت شەكلى
**3. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئارىسىغا ۋەھىمە سېلىش قورالىرى** 702
**4. مەخپى ھەرىكەت قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟** 707
**5. پرامىدا شەكلىدىكى يەرئاستى قوشۇنى**
تەشكىللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى 712
زەنجىرسىمان يەرئاستى قوشۇن تۈزىلىشى

**تەشۋىقات ئۈلگىلىرى:**
يا ئۆلۈم ــ يا كۆرۈم! 721
بىزنىڭ بوگوڭكى ۋەزىپىلىرىمىز
ھەممە مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن!
**قوشۇمچە:**
ئىمان ۋە ئۇيغۇرلار 746

قۇمدىكى بوۋاق

# جاسۇس كىم؟

(رومان)

*قاراتاغ* نەشرياتى —— قۇمۇل

بىرىنچى باب

# 'ئۇيغۇر ئايغا چىقتى'

"تۇگە كۆردۇڭمۇ؟ ــــ ياق، كۆرمىدىم!"
ــــ دوقمۇشتىكىلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن

... ...

ئۇ، ئالەم كېمىسىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنگەن پايانسىز كەتكەن تەكتىماكان چۆلىنىڭ گويا ئىنسان ئايىغى تەگمىگەندەك يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان قۇم بارخانلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە قارىغىنىچە، خىيال دېڭىزى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ خىيال دۇنياسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى-دە، راكىتا ئىچىدە سەل تەۋرىنىپ قويۇپ، شاردەك ئەينەك قالپىقى ئىچىدىن ئۇدۇلىدىكى قاتار-قاتار تىزىلىپ ئىمىر-چىمىر يېنىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان ھەرخىل رەڭلەردىكى كۇنۇپكا-سىگنال چىراغلىرىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتى. ھەرخىل ھەر ياڭزا خرۇستال ئېكرانلاردىكى تىنماي ئۆزگىرىپ تۇرغان كو ئوردىنات-رەقەملەر، راكېتانىڭ ئۇچۇشقا تەييار بولۇپ قالغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.

ئۇ، ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئاخىرقى ئۇچۇش مىنۇتلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىدىن سەل تەمكىن كۆرۈنۈشكە تىرىشقاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى ھاياجانلىنىش، خوشاللىق، مەغرۇرلىنىش، ئەنسىرەشتەك قارىمۇقارشى ھېسسىيات ئالامەتلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ، ئانا ۋەتىنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تۇنجى ئالەم كېمىسى ئىچىدە كائىنات بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى خوشاللىق ۋە تەمتىرەشتەك روھى قىياپەت ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى.

"مانا قارا، بىزگىمۇ سۇنئىي ھەمراھىمىز، ھەتتا ئالەم كېمىمىز بولىدىغان كۈنلەر نېسىپ بولىدىكەن-ھە!" ــ دەپ پىچىرلىغاچ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ، جىددىيلەشكەنلىگى چىرايىدىن مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى بىر قىزىرىپ، بىر

تاتىرىپ ئۇنى ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. "قېرىغانلىقىمنىڭ ئالامەتلىرىمۇ قانداق بولار؟ – دەپ ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن ئەنسىرەپ ئويلىنىپ قالدى. تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ئالەم ساياھىتى ئۈچۈن قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، ئالەم كېمىسىنىڭ تۇنجى ئۇچۇشىغا ئۇنى مەسئول قىلىپ بېكىتىشكەن ئىدى. – بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟ – ئۇ، ئەنسىرىگەن ھالدا جايىدا قىمىرلاپ قويىدى. – ئاھ خۇدايىم، ماڭا مەدەت بەرگەيسەن!" دەپ ئۆزىنى ئۆزى رىغبەتلەندۈرۈشكە تىرىشتى.

"ئۇچۇش تەييارلىقى تامام! ... ئون، ... توققۇز، ..." – قۇلاق تىڭشىغۇچىسىدىن كەينىگە ساناشنىڭ باشلانغانلىقى ئاڭلانماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. "خۇدايىم، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن – ئامىن!" دەپ دۇئا قىلىشقا ئالغانمۇ بولدى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز خوشاللىققا چۆمۈپ، ئۆزىنى ئاجايىپ گۈزەل بىر ئالەمگە كىرىپ كېلىۋاتقان دۇنيادىكى بىردىن-بىر بەختلىك ئىنساندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

"... تۆت، ... ئۈچ، ..."

ئەندى ئۇ، خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

"... ئىككى، ... بىر، ..."

بىردىنلا كۆز ئالدى يورۇپ ئىللىق، كىشىگە راھەت بې      غىشلايدىغان بىر مۇھىتقا كىرىپ قالغاندەك، چەكسىز خۇشاللىقتىن يۈرەك سوقۇشلىرىمۇ توختاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا گويا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ، ئەنە شۇ بەختلىك ھالىتىدە مەڭگۈ قالىدىغاندەك ھېسسىياتلارغا چۆكمەكتە ئىدى:

"نېمە دېگەن بەختلىك مىنۇتلار بۇ! – پىچىرلاپ قويىدى ئۇ ئۆزىچە، – جەننەتكە كىرىپ قالغاندەكلا بەختلىك ھېس قىلىمەنغۇ ئۆزەمنى، ياكى راستىنلا جەننەتكە كىرىۋاتامدىم قانداق؟ – چەكسىز بەختلىك ھېسسىياتلار ئىچىدە كەلىمە شاھادەت يېڭىلىۋېلىشقا ئالدىرىدى، –      **لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدىن روسۇلۇللا!"**

ئۇ، `گۈلدۈۈۈر!` قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، قاتتىق بىر سىلكىنىشنى ھېس قىلغاندەك قىلدى. ...

كارىۋاتتا ياتقان كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بۇ يېزىلىق ئىككى بوۋاي، ئالدىدا ياتقان كېسەلنىڭ بوغۇق خىقىراشلىرىدىن كېيىن چىقارغان ئاۋازىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىشتى:

— ... **لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدىن روسۇلىللا!**

— جىم، بىچارە كەلىمە شاھادەت كەلتۈرىۋاتىدۇ! ـ دېدى بوۋايلاردىن بىرسى قۇلىقىنى كېسەلنىڭ ئاغزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېسەلنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

كارىۋاتتا ياتقان كېسەل كۆچلۈك بىر سىلكىنىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

ئۆرە تۇرغان ئىككى بوۋاي، كارىۋات ئالدىدا يەنە ئازراق كۈتۈپ تۇردى. ئاندىن ئۇلاردىن بىرسى ئالدىغا سەل ئېڭىشكىنىچە ياتقان كېسەلنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇرۇق بېلىكىدىن تۇتۇپ تومۇرىنىڭ سوقۇپ-سوقمىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتى.

— ئۇ كەتتى، ئاللا ئۇنى ئۆز دەرگاھىدا رەھمەتلىك قىلسۇن! ـ دېدى.

ئىككىلا بوۋاي مېيىتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۈزۈندىن-ئۈزۈنغا پىچىرلاپ دۇئالار ئوقۇدى. ئاندىن مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى چېتىپ، ئۆيدە تېپىلغان بىر پارچە ئاق خەسە كىرلىك بىلەن ئۈستىنى يېپىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىشتى.

يولدا كېتىۋېتىپ بوۋايلار گەپكە كىرىشتى:

— بۇ بىچارە شۇنچە يىراق يەرلەردىن كېلىپ ياپمۇ-يالغۇز تىرىكچىلىك قىلىپ، ... ئاخىرى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇنچە يەرلەرگىچە كەلگەن بولغىيمىدى؟

— كەلگەن يېرىنى نېمە دېگەنتى؟ ـ سورىدى يېنىدىكى بوۋاي، ـ تۈركىستانمۇ- تۈركمەنىستان؟ ئۇ يەرلەرنى بەكلا يىراقلاردا دېيىشىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بىچارە تېخى ئالدىنقى كۈنىگىچىلا ئىشلەپ يۈرەتتى، ـ دېدى يەنە بىر بوۋاي يېنىدىكىسىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەن ھالدا، ـ بۈگۈن پېشىنگە چاقىرغىلى كىرمىسەم ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلەتتۇق، ھەي بىچارە مۇساپىر!

— راس دېگەندەك، كەلىمە شاھادەت كەلتۈرگىنىدىن كېيىن نېمشقا شۇنچە قاتتىق سىلكىنىپ كېتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى بوۋايلارنىڭ بىرسى يېنىدىكىسىدىن.

— ئادەمنىڭ روھى تەندىن ئاجراپ چىقىۋاتقاندا شۇنداق بولىدۇ

دېيىشىدىكەن، ــ دېدى يەنە بىر بوۋاي گەپ سورىغانغا جاۋابەن، ــ بىچارە ھالال ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئىمانى بىلەن كەتتى.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا تەڭ تەكبىر ئېيتىپ دوقمۇشتىكى يېزا مەسچىتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇزۇنغا قالمايلا مەسچىت مۇنارىسىدىن ۋاقىتسىز مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ...

قايسىدۇر بىر يۇرتدېشىمىز شۇنچە تاتلىق تامالىرى بىلەن يات بىر ئەلنىڭ چەت بىر يېزىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئەنە شۇ شەكىلدە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.
يەنە قانچىلىغان يۇرتدېشىمىز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇلۇغۋار غايىلىرى بىلەن يەنە نەلەردە ئۇ ئالەمگە كېتىۋاتىدىكىن؟!

ھەي بىچارە ئۇيغۇرلار!!

ئىككىنچى باب
# تۆرمىدە

"ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن،
ئەپلەپ سالار ھەر باب بىلەن."
— 'ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى'

نەدىندۇر بىر يەرلەردىن، بەكلا يىراق بىر يەرلەردىن ـ گويا خيالىي بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقاندەك بىلىنگەن "ئەجەم" مۇقامىنىڭ جەڭگىۋار مۇزىكا ئاۋازى قۇلاققا غۇۋا ئاڭلانغاندەكلا قىلاتتى. ...

بۇ ئەلدە، ھەممە ئىشىر ئۇيقىغا غەرق بولۇپ كەتكەنمۇ قانداق، ھېچ بىر يەردىن ئۈن-تىنىش چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ...

قاسىم، تۆرمە كامېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، داق سېمونت يەردە خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى.

ئۇ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ھوشىغا كېلەلمەي، قىمىرمۇ قىلماي جىم-جىت يېتىپ كەتتى. بىر ۋاقىتلاردا ئاران ھوشىغا كېلىپ سەللا مىدىرلاپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، مىڭلىغان يىڭنە پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىرلا ۋاقىتتا سانچىلىۋاتقاندەك ئاغرىپ، بەدەنلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتتى: "ۋايجان" ـ دەپ بوش ئىڭراپ قويدى. ئۇ، تىنىۋېتىلگەندەك ئاغرىپ كېتىۋاتقان بەدىنىنى ھەرىكەت قىلدۇرماي جىم يېتىشى كېرەكلىكىنى سەزگەندەك قىلدى. ... ئۇ قايتىدىن ھوشىدىن كەتكەندى. ...

بىر ۋاقىتلاردا تۇيۇقسىز قايتىدىن ھوشىغا كېلىپ قالغان قاسىم، قاچانلاردىن بېرى بۇنداق ھوشسىز ياتقانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. قايتىدىن ئۇشتۇمتۇت باشلىنىپ كەتكەن ئاغرىق، ئۇتتۇر بېرىپ مېڭىسىگىلا تاقىلىپ ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمىدى: "ھوشسىز يېتىۋەرگەن بولسامموغۇ كاشكى! ـ دەپ ئۆزىگە ئۆزى دوق قىلىپ غۇدۇڭشۇپ قويدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان ھەر

تۇرلۇك ئاغرىقلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن تىڭشىغاندى، بەدىنىدىكى ئەڭ قاتتىق ئاغرىغان يېرىنىڭ مىق قېقىلغان ھوشقىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدى، ــ قېنى ئاغرىغىنە، ئاغرىقنىڭ ئەڭ نوچىسى سەن ئوخشىمامسەن؟ ئاغرى، تېخىمۇ قاتتىق ئاغرى، قولۇڭدىن كەلسە ئاغرىۋېرىپ مېنى قايتىدىن ھوشۇمدىن كەتكۈزىۋەتمەمسەن! ــ ئۇ، نەرىنىڭ بەكرەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، شۇ يېرىگە خىتاب قىلاتتى، ــ سەن بالا تەككەن بەدەن، ماڭا ئاغرىپ بېرىشتىن باشقا يەنە نېمە قىلالايسەنكىن قېنى! سەن ئاغرىشنىلا بىلسەن، ئاغرىغىنە قېنى، يەنە قانچىلىك ئاغرىيالايسەنكىن! ..."

قاسىم قانداقلارچە ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ ئەسلىملەر دۇنياسىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ خىيالى نېمىشقىدۇر تۇنجى ھەرىكەت باشلىنىشقا باھانە بولۇپ بەرگەن بىر قېتىملىق ئىچى سۈرۈش ۋەقەسىنى ئەسلەشكە كەتكەندى.

ئۇ كۈنكى ۋەقە ھەرقانچە كۈلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، قاسىم شۇ قېتىمقى ئىچى سۈرۈش ۋەقەسىگە مىڭ قېتىم رەخمەت ئېيتاتتى. شۇ قېتىملىق كېلىشمەسلىك ۋەقەسى، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق پىشقان يوشۇرۇن ئازادلىق ھەرىكەت جەڭچىسى بولۇپ يېتىلىشىگە تۇنجى سەۋەپ بولۇپ بەرگەن ئىدى. ...

قاسىم، بىر كۈنىسى بېشى قاتتىق چىڭقىلىپ ئاغرىغان ھالدا ئويغاندى. "ئاخشام ئولتۇرۇشتىن سائەت قانچىلاردا تارقالغان بولغىدۇق؟ ئۆيۈمگە قاچان ۋە قانداقلارچە كەلگەن بولغىيدىم؟ ــ ئۇ، شۇنچە باش قاتۇرۇپ ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچ نېمىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى، ــ بىرەر كېلىشمەسلىك بولمىغاندۇ ھەر ھالدا، بۇ يېقىنلاردا مەستلىكىمدە دائىم رەسۋالىشىپلا كېتىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن، ... ھەي شۇ ھاراق دېگەن مەرەزنى!" ــ ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى غۇدۇڭشۇپ قويۇپ بېشىنى يوتقىنىغا تېخىمۇ چىڭ پۈركىدى. بېشىنىڭ ئاغرىشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئاخشامقى ئولتۇرۇش مەنزىرىسىنى قايتا ئەسلەشكە تىرىشتى. شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ ئولتۇرۇشتا قانچىلىك ئىچىۋەتكەنلىگىنى زادىلا ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. كىشى بېشىغا بىرەر بوتولكىدىن داچۇي باردەك قىلىۋېدى دەپ ئويلىدى قاسىم، ئۇ پوتۇلكىلارنىڭ تۆگەپ-تۈگىمىگەنلىگىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. "ئاۋال شۇ ھاراقنىڭ

چىشنى چېقىشنىڭ ئامالىنى قىلمىسام بولمىدى، بۇ قېتىم ھاراق خېلى بەك چىشلىگەندەك قىلىدۇ مېنى." ــ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن مەجبۇرى تۇرۇپ، سوغۇق سۇدا يۈز-كۆزىنى چالا-بۇلا نەملەشتۈرىۋېلىپلا، ئۆيىدىن چىقىپ تونۇش تۇڭگانىنىڭ لەڭپۇڭخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ...

كوچىدا باياتىدىن بېرى ئايلىنىپ، بۇرۇندىن ئادەت قىلىۋالغىنىدەك ھېلى لەڭپۇڭ، ھېلى سېرىقئاش، ھېلى سۇيۇقئاش-پىنتاڭلارنى ئىچىپ باققان بولسىمۇ ئۆڭشىلىپ كېتەلمىگەن قاسىم، بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ قورسىقى چىڭقىلىپ قىستاپ كەتكىنىدە ئۇياق-بۇياقتىن ھاجەتخانا ئاختۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە قاراپ چېپىشقا باشلىدى. مىڭ تەستە بىر كوچا ھاجەتخانىسىنى تېپىپ ئالدىرىغىنىدا پۇل تۆلەشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، پۇل يىغىدىغان لوخەننىڭ ھاي دېيىشكىمۇ قارىماي ئۇچقاندەك كىرىپ ئارانلا ئۈلگىرەلىدى. ... خېلى ئارام تېپىپ قالغىنىدىن كېيىن، ئۇدۇلىدا ئىشىكتىكى مىخقا ئېسىغلىق تۇرغان قارا يالتىراق خالتىغا كۆزى چۈشتى. ئىختىيارسىز رەۋىشتە قولىنى ئۇزارتىپ خالتىنى سىرتىدىن تۇتۇپ بېقى ۋىدى، قولىغا كىتاب-دەپتەردەك بىر نېمىلەر ئۇرۇلغاندەك بىلىندى. خالتىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىن نېپىز قارا تاشلىق ۋە قېلىنراق زەڭگەر تاشلىق چاققانغىنە ئىككى پارچە كىتابنى چىقاردى:

«مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟»
«يا مۇستەقىللىق ـــ يا ئۆلۈم!»

"نېمە دېمەكچىسەن يەنە! ــ دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى ئۇ كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ قويۇپ، ــ شۇنچە ۋەيرانە ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمىزنى كۆرمەي يەنە ئۈمىدىم بار دېمەكچىمۇسەن؟"

قاسىم، ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇمىغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ كىتابلارنىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن خالتىسىغا سېلىپ، ئىشىنى پۈتتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. سېسىق تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ چەككەچ بىر ھازا كوچا ئايلاندى. بۈگۈن شەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، كوچىلار مىغىلداپ تۇرغان خىتاي بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن قىستا-قىستاڭچىلىقتا ئارانلا ماڭغىلى بولاتتى. "يىگىرمە يىل بۇرۇن بۇ كوچىلار نېمە دېگەن ئازادە ئىدى-ھە!" ــ دەپ

غۇدۇڭشۇپ قويۇپ، يىڭىدىن ئاغزىغا قىستۇرغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قولىدا چاقماق چېقىپ ئەپلەشتۈرەلمەي، قولىدىكى ھېلىقى قارا خالتىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزىۋېتىپ تۇرۇپ ئېسىگە كەلدى: "بۇ خالتىنى نېمە دەپ قولۇمغا ئېلىۋالغان بولغىيدىم؟"

ئەتىراپىغا قاراپ ئەخلەت تاشلىغۇدەك بىرەر يەر تاپالماي ئىلاجىسىز ئۇنى كۆتۈرۈپ يولنى داۋام قىلدى.

خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى.

ئۇ، ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. بۇ ئارىدا، بىر قولىدا ھېلىقى قارا خالتىنى تۇتۇپ ياتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئاستا بىر پارچە كىتابنى چىقىرىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن پەرۋاسىزلارچە ۋاراقلاپ قويدى. بەزى بەتلىرىگە شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، گويا ئۇيغۇرچە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان-قالمىغانلىقىنى سىناپ باققاندەك بىر-ئىككى قۇر ئوقۇپمۇ قويدى. ئاندىن ئۇ كىتابلارنى ياندىكى تەكچىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ قايتىدىن كۆزىنى يۇمدى.

ئۇ، تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

"... ئۈچەي- باغرىنى چۇۋۇۋېتەيلى! ..."

كىتابتىكى بۇ قۇرلار ئۇنىڭغا ئەمدىلا تەسىر قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ دەرھال ھېلىقى كىتابلارنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ئىنچىكىلەپ قاراشقا كىرىشتى. ھەر ئىككىلا كىتابنىڭ ئاپتور ئىسمى ئورنىدا "ئىزچى مەن" دېگەندەك بىر ئىسىم يېزىلغانلىق تۇراتتى. ئۇ، ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ بۇ خىل تەخەللۇستىكى بىرەر ئاپتورنى ئېسىگە ئالالمىدى. "ئىزچى مەن، ياكى شۇ <ئىز> رومانىنىڭ بىرەر پارچىسىمۇ قانداق؟ ... بىر يىللىرى خىتايلار ئۇ رومانلارنىمۇ كۆيدۈرىمىز دەپ يىغىپ توپلىتىپ يۈرگەندەك قىلىشۋاتقان ئىدى، ــ ئۇ قولىدىكى كىتابلارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى ئوقۇپ باقتى، ــ ياق، بۇ باشقا بىر كىتابتەك قىلىدىغۇ!" دەپ ئويلىدى. دە، قارا تاشلىق نېپىز كىتابنى باشتىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشتى. كىتابنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ سەل ئاۋالقى ئۈگدەك باسقان چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان

ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي دېگىدەك سەگىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تېنچلىقتا كۆنۈپ كەتكەن يۈرىكى قورقۇشتىن بارغانسېرى قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

"نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق گەپلەر بۇ!" قاسىم ئۆزىنى بۇنچە ھاياجانلاندۇرالىغىدەك بىرەر ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇپ باقمىغانلىقىغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەچكە، بۇ كىتابلارنى رەسمىيلا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئوقۇپ بىر يەرلىرىگە كەلگىنىدە قايىل بولۇش ئىپادىسى بىلەن باش لىڭشىتىپ قويسا، يەنە بەزى يەرلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ كېتەتتى:

"توغرا دەيدۇ بۇ ئىزچى دېگىنى!" ـ دەپ ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپمۇ قوياتتى. يەنە بىر يەرلىرىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپمۇ قالاتتى.

ئۇ، ئاخىرى بۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇپ پۈتتۈرىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاماكىسىنى چېقىرىپ چەككەچ، ئۈن-تۈنسىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بۇ كىتابلارنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ئالدى-كەينىلىرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئىچىدىكى ساددا قىلىپ سىزىلغان خەرىتە-رەسىملەردىن تارتىپ مۇقاۋىلىرىغىچە دىققەت بىلەن كۆزىتىپ چىقتى. بۇ ئىككى كىتاب، ئۇنى خېلى ئوبدانلا ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. قاسىم خېلى يىللاردىن بېرى بۇنچە بېرىلىپ ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇپ باقمىغاچقىمىكىن، بۇ كىتابلارنى زادىلا قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيتتى.

"ئۇھ ھە!" قىلىپ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى. تۇيۇقسىزلا بېشىنىڭ پىر قىلىپ قېيىشتىن قورسىقىنىڭ بەكلا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ سائەتكە قاراپ ھەيران قالدى: "ۋاي-ۋۇۇۇي، تاڭ ئېتىپلا قاپتۇغۇ، ۋاقىت نېمە دېگەن چاپسان ئۆتۈپ كەتكەن-ھە! توختا، ئاۋال ئاز-پاز بىر نىمىلەر قىلىپ يەۋالاي" دەپ، كىتابلارنى ئاۋايلاپ بىر چەتكە قويۇپ ئاشخانا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئارىدا سەل ئەنسىرەپ ئاخشام تاشقارقى ئىشىكنى ئەتكەن-ئەتمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماي، بېرىپ ئىشىكنى بىر تۇتۇپ بېقىپ خاتىرجەم بولغىنىدىن كېيىن، ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى.

"ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئۆركىتىدىغان كىتابلار!" ـ دەپ پىچىرلاپ قويۇپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى قايتىدىن كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى تۇخۇم قورۇۋېتىپ تۇرۇپ:

> "... ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېسىۋالغان بارلىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددى مىللىي دۈشمىنىمىز! ... شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىشغالىيەتچى دۈشمەنلەرنى ئەڭ كۈچلۈك ۋەھىمىلىك مەخپىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ قورقۇتۇپ قوغلاش پائالىيىتى ـ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قولىمىزدىن كېلىدىغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوزغاشتىكى ئەڭ ئاخىرقى چارىمىز، ... باش تارتىپ بولمايدىغان بىردىن-بىر شەرەپلىك ۋەزىپىمىز! ..."

قاسىم چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن مەنىسىز ھاياتىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

گەرچە ئۇ، بالىلىق دەۋرلىرىدە مەكتەپىدىكى ئوقۇشتىن باش كۆتۈرەلمەي بەڭۋاشلىق قىلىشقىمۇ تۈزۈكرەك ۋاقىت چىقىرالماي ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يېگى ئۆيلەنگەن يىللىرىدىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئىچىگە پېتىشقا باشلاپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى بارغانسېرى ئۇنۇتقان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا يەنە نېمىشقىدۇر بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىپ، كەيپى-ساپالىق ھايات ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، بىر بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇشقىمۇ چىداشلىق بېرىپ، ئائىلە ھاياتىدىن كەيپى-ساپالىق تۇرمۇشنى ئۈستۈن كۆرۈپ ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، بويتاق قالغىنىغا خېلى يىللار بولغىنىغا قارىماي، قايتىدىن رەسمىي ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش ئىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىدى: "ئۆي تۇتۇشنىڭ نىمىسىگە ھەۋەسلىنىمەن؟ ـ دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، ـ ئەتىگەن تۇر-ئىشىڭغا ماڭ، ئاخشىمى كەل-يوتقانغا كىر، بەك بولۇپ كەتسە ھايۋانىي قىياپەتتە بىر-بىرىڭنى يالاش، ... زېرىكىپ قالساڭ مەنىسىز جېدەل چىقار، `ئىشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى` دېگەندەك، جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىكلەر، مىللىي، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي زۇلۇملار، ھەتتا ئۆزەڭنىڭ ئىشلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار دەردىدە كىرىپ يا ئايالىڭ بىلەن جېدەللەش ياكى بولمىسا بالاڭنى ئازارلا! ..." قاسىم بۇنداق تۇرمۇشتىن، ئېغىر مەست بولىۋېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ خالىي بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا نېمىدۇ-بىر نېمىسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپلا يۈرەتتى.

ئەسلىدە قاسىم ئۇنچە بەڭۋاش ئۆسكەن بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ، ياشلىق

دەۋرلىرىدە دەرسلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىدىن ھەرقانچە باش كۆتۈرەلمىگىدەك قىلسىمۇ، يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز مىللىتى، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە جەمىيەتشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە يېڭىچە قاراشلارنى شارائىت يار بەرگىنىدە مەكتىپىدە، ۋەزىيەت يول قويمىغاندا كىتاب-ژورناللاردىن ئۆگىنەتتى. ھەتتا دىنىغا، مىللىتىگە ۋە يۇرتىغا دائىر تارىخىي ياكى سىياسىي مەلۇماتلارنى ھەرخىل غەيرى-رەسمىي يىغىلىشلاردا، ئولتۇرۇش-سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئاڭلاپ ئالاھىدە ھەۋەسلىنىپ ئۆگىنىپ باققان ئىدى. بۇ جەھەتتە مىللىتىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن دەپ بەزى ئىلمىي ماقالىلارنى، تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، تۈزۈش ئىشلىرىغىمۇ خېلى كۆپ ئارىلىشىپ باققان، بۇ جەريانلاردا مۇۋاپىق سورۇنلارغا كىرىپ قالغانلىرىدا مىللىتىم، ۋەتىنىم دەپ جوزا مۇشتلاپ سەكرەپ كېتىدىغان جۇشقۇنلۇق پەيتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن، بۇ خىل سۆھبەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئالاھىدە ئۈمىدۋارلىشىپ، ۋەتىنى ئەتىلا مۇستەقىل بولۇپ كېتىدىغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىدە گويا بۇ ۋەتەن، بۇ مىللەتتە قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىغاندەك قاراڭغۇ ئۈمىدسىز ھېسسىياتلار ئىچىگىمۇ پېتىپ قال غ ان كۆڭلەرنىمۇ ياشىغان ئىد ى. قىسقىسى، قاسىم بۇ جۇشقۇنلۇق يىللىرىدا مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇشىدا جەمئىيەتتە بىرەر ئىشەنچلىك ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ياكى قىلچىلىكمۇ بىر ئىلگىرىلەش ئېھتىمالىنى ھېس قىلالماي كەلگەن ئىدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ۋەتىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن كۈندىن-كۈنگە ئېغىر دەپسەندە قىلىنىپ، بۇرۇن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قان-جان بەدىلىگە كەلگەن نۇرغۇنلىغان ھەققانىي مىللىي ۋە كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بىرمۇ-بىر بىكار قىلىنىۋېتىلىشلىرى، ئەڭ ۋەھىمىلىكى ـ خىتاي تاجاۋۇزچىلار نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ھەسسىلەپ ئارتىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى بەكلا ئەندىشىگە سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق ئېغىر مىللىي مۇنقەرزلىكلەرنىڭ كۆرۈلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، جەمئىيەتتە ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ۋەتەنسۆيەر، مىللەتپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرگەن كىشىلىرىمىزنىڭ بولۇڭ-پۇچقاقلاردا سۆرۈشۈپ يۈرگەن "بىردىن-بىر چىقىش يولىمىز، ... ئەڭ توغرا ھەل قىلىش چارىسى" دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك نۆۋەتتىكى مىللىي بوھران تەرەققىياتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە قىلچىلىكمۇ

رولى بولمايدىغان قۇرۇق داۋراڭلار ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. ھەتتا بىر تۈرۈپ قارىغاندا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەزىيەت جىددىيلىشىش ئېھتىمالى كۆرۈلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەن ھامان، بۇ تۈردىكى `مىللەتچى، بۆلگۈنچى، ... پانچى` قاتارلىق كىشىلىرىمىزنى قايتىدىن قەپەزدىن چىقىرىپ، مىللىي داۋالغۇشلارنىڭ ھەل قىلغۇچ يولغا قاراپ كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پايدىلىنىپ يۈرگەندەكلا بىلىنەتتى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭدىكى ئازغىنە ئۈمىدۋارلىقلارمۇ بىردىنلا توزۇپ كېتىشۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ۋەتەن ئىچىدىكى `مىللەتچى`، `ۋەتەنپەرۋەر`، `داھىي` دېگەندەكلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن قاسىم، چەت دۆلەتلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن كونا-يېڭى `داھىي` لىرىنىڭ پىكىر ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى مىڭ بىر بالالاردا تېپىپ ئىگىلەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان ئىدى: گويا ۋەتىنىدىكى شۇنچە ئېغىر مىللىي بوھرانلارنىڭ بىردىن-بىر كېلىش مەنبەسى چەتئەلدىكى شۇ `داھىيچاقلار` بولىۋاتقاندەكلا تونۇشقا كېلىپ قالغان ئىدى. بەك ئۆتۈپ كەتسە، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ــ خۇددى بىر ئۆيدىكى ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرسى دادىسىغا ئەركىلەپ يۈرۈپ ئىشنى ھەل قىلغۇزۇش يولىنى تۇتقان بولسا، يەنە بىرسى يىغلاپ يۈرۈپ ئىشنى ھەل قىلغۇزۇش يولىنى تاللىۋالغاندەكلا بىر پەرق ئىدى. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىشىمىز بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى جېدەللى بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئەشەددىي دوست-دۈشمەن دەرىجىسىدىكى ھايات-ماماتلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مىللىي تەقدىر مەسىلىسى ئىدى.

قاسىم بۇ خىل ئويلاردىن كېيىن، مىللەت-ۋەتەن دېگەن مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي دېگىدەك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بىر خىل ھالەتكە كىرىپ قالغان ئىدى. بۇلارغا قوشۇلۇپ دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ گەپ-سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ تۈرماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، موللىلىرىمىزنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگىمۇ ئۇنچە بەك پسەنت قىلىپ كەتمەس بولىۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇ ئېغىر بوھراندىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن يەپ-يېڭى بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇركى، ئۇ ئەندى كەسكىن بىر بۇرۇلۇش ياساپ يا دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشى، يا بولمىسا

پۈتۈنلەي گۇمران بولۇش يولىلا قالغان ئىدى. يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقى مول بىپايان زېمىنگە ئىگە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك بىر مۇھىتتا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر مىللەت، بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى.
ئەمما بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇشنى شۇ مىللەتنىڭ يۇمشاقباش كىشىلىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇش بىلەن ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايتتى! بىر مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەرگىزمۇ شۇ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئورتاق ئاۋانگارتلىق كۆرستىشىنى تاما قىلىش بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان ئاسان ئىشلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر ئىمكانىيەت، ھەر قانداق بىر مىللەتتە مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ۋە بىزدىمۇ بولمايدۇ. ئورتاق تىرىشچانلىق روھى، پەقەت شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىلا كاپالەتكە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن. بىر مىللەتنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى، گۈللەندۈرۈلۈشى ياكى قۇدرەت تېپىشى مۇتلەق تۈردە ئەڭ يېڭىلىقچى، ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ پىداكار، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ تەۋەككۈلچى ۋە ئەڭ ئەمەلىيەتچى ئادىمىنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىشى، ئۈلگە تىكلەپ بېرىشى، خەلقنى يېتەكلىشى ۋە باشقىلارنى مەجبۇرى بولسىمۇ ھەرىكەتكە ئاتلاندۇرۇشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاتتى. بۇنداق بىر داھىي تەربىيىلىنىشتىن ياكى داغ-دۇغىلىق مۇراسىملاردا سايلىنىشتىن بارلىققا كەلمەيدىغىنلىقىنىمۇ قاسىم ياخشى بىلىپ قالغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇنداق بىر داھىينىڭ ھەرقانداق بىر ئاممىۋىي تەشكىلاتنىڭ ئەركىن سايلىمى ئارقىلىقمۇ ئوتتۇرىغا چىقمايدىغانلىقىنى، يەنە شۇنىڭدەك بۇنداق بىر يېتەكچى ئىقتىدار ئىگىسى ئەمەلىي ھەرىكەتكە جەلىپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ ھەرگىز ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماي كۆمۈلۈپ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ قالغان ئىدى.
قاسىم، ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن ئىجتىمائىي پەن قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، بىر مىللەت تەركىبىدە بۇنداق ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ نامزاتلىرى مۇتلەق تۈردە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تۈپكى ئېھتىياج پائالىيەت ساھەلىرى بويىچە يېتەرلىك ساندا ساقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش پۇرسىتىنى يارىتالىغان مىللەت شۈبھىسىز تۈردە ئىجتىمائىي ئاپەتلىرىدىن، مىللىي دۈشمەنلىرىدىن، ھەر تۈرلۈك توسالغۇلاردىن غالىپ كېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى تاپالايدىغانلىقىنى، ئەمما بىر مىللەتكە ھاكىم بولۇشنى قولىغا كەلتۈرىۋالغۇچى ياكى ۋاكالىتەن قولغا كىرگۈزىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان تەمەخور،

شەخسىيەتچى ۋە ئابروييەرەس كىشىلەر خالىغان بىر ساھە بويىچە شۇ ساھەگە خاس ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋېلىشقىلا ئۇرۇنغان بولىدىكەن، بۇ مىللەت مۇقەررەر تۈردە قۇتقۇزۇلۇشتىن، ئىلگىرلەشتىن ياكى قۇدرەت تېپىشتىن مەھرۇم بولۇش، ھەتتا تېز ئارىدىلا ئېزىلىپ گۇمران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئۆزلىرىگە تۈپكى غايە قىلىدىغان بىزنىڭ ھەرقانداق بىر قوشۇنىمىز، تەشكىلاتىمىز، پارتىيىمىز ياكى جەمئىيەتلىرىمىز ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقاش، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تۈپكى تەشكىلى يېتەكچى پرىنسىپلىرىدىن بىرى قىلمىغانلا بولىدىكەن، بۇنداق بىر تەشكىل ھېچقانداق ئىشنى غەلىبىگە يېتەكلىيەلمەيدۇ دەپ قارايتتى. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى مەڭگۈ ئاددىي پائالىيەتلەر دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇكى، ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ مۇرەككەپ ۋە چىگىش مەسىلىلەر ئىچىدىن چىقىش يولى تاپالمايدۇ! قاسىم يەنە ئىجتىمائىي قانۇن بولۇپ بىلىنگەن مۇنۇ قاراشلارنىمۇ پات-پات كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇاتتى: ھەر قانداق بىر ئىشتىكى ئىقتىدار كۈچنى ھەرگىزمۇ يادلىۋېلىش بىلەن، دورامچىلىق قىلىش بىلەن، پۇل-مېلىغا تايىنىش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىقتىدار كۈچى ـ بەلگىلىك كىشىلەرگە تەبىئەتنىڭ، تەڭرىنىڭ بىۋاستە ئاتا قىلغان ئىچكى ئىقتىدارى بولغاچقا بۇنداق بىر تەبىئىي ئىقتىدار كۈچىنىڭ ھەممە كىشىدە بىر تەكشى ياكى بىرخىل بولماسلىقىدىن مەيۇسلىنىپ كىتىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. كىم بىلىدۇ، بىزلەردىمۇ ئۇ ئىشلارنىڭ داھىيلىرىدا تېپىلمايدىغان باشقىچە بىرەر ئىقتىدار ئامىللىرى ساقلانغانمۇ تېخى! ھېچ بولمىغاندا بۈگۈنكى مىللىي ۋە ۋەتەن ئۈستىگە كەلگەن ئېغىر بوھراندىن قۇتۇلۇش ئېھتىياجىمىزغا ماس كېلىدىغان ئىقتىدار ئىگىلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، ھەتتا ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئىگىلىرىنى تونۇۋېلىش، ئۇنداقلارغا ئەگىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەكمۇ، ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېساپلىشىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىقتىدار ئىگىسى مۇتلەق تۈردە بىزدەكلەرگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىزنىڭ ھەرقانداق بىر تەشكىلاتىمىز ئىقتىدارنى ئېتىراپ قىلالايدىغان، ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقىيالايدىغان، ئۇلارغا پائالىيەت سورۇنى يارىتىپ بېرەلەيدىغان ۋە

ئۇلارغا بوي سۇنىدىغان يېتەكچى روھ بولمىسا كېرەك دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن قاسىم، بۇ ھەقتە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە تولا باش قاتۇرۇپ زادىلا بىرەر چىقىش يولى تاپالماي، بۇ ئىشلار ئۈستىدە بىھۇدە باش قاتۇرۇشنى تاشلاپ، ھاراقتا تايىنىپ ئۆزىنى مەست-خۇشلۇق دېڭىزىگە غەرق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈمىدسىزلىك يولىنى تاللاپ كېلىۋاتقان ئىدى.

مانا ئەندى، ئۇنىڭ قولىدا بۇ قىيىن سوئاللارنىڭ جاۋابى تۇراتتى.

"بۇ كىتابلار ئىنتايىن ئاددىي سۆزلەر بىلە بۇ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاياتىنىڭ خاتالىقلىرى بىلەن بۇ خاتالىقلارنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرىنى ۋە چىقىش يوللىرىنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ھەتتا بۇ غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا ئاتلىنىشنىڭ قەدەملىرىنى شۇنچە تەپسىلى ۋە ئاددىي كۆرسىتىپ بەرگەنكى، بىزنىڭ `ئۇلۇغ` لىرىمىز، `داھىي-يېتەكچى` لىرىمىز تەرغىپ قىلىپ يۈرگىنىدەك ئۇنداق ھە-دېسىلا ب د ت نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ يېتىۋېلىش، ئا ق ش نىڭ پارلامېنت بىناسىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇۋېلىش، قايسى بىر قوشنا ئەل، قايسى بىر كۈچلۈك دۆلەت، قايسى بىر دۆلەتنىڭ ئاق كۆڭۈل پارتىيىلىرى، قۇتقۇزغۇچى ئارمىيىسى، ... دېگەندەكلەرنى تەسىرلەندۈرمىگىچە بۇ ئىشلىرىمىزنى باشقا چىقارغىلى بولمايدۇ دېيىشكەنلىرىدەك قىلغىلى بولمايدىغان چىگىش ۋە نازۇك ئىشلاردىنمۇ ئەمەسلىكىنى، ئىشنى ئاۋال ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ باشلىۋېلىشىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ شارائىتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدىكەن!"

ئۇ، ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلاپ چوڭقۇر خىياللار ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

...

ئۆتكەن يىللاردا خىزمەت باھانىسىدا ۋەتىنىنىڭ جەنوب-شىمالىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ، كەلگىندى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر-قازاقلار ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىۋاتقان ھەرخىل تەڭسىزلىكلەرنى، مىللىي زۇلۇم ۋە كەمسىتىلىشلەرنى، خىتاي مىللىتىگە چوقۇندۇرۇش ۋە مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىنىش، چېكىدىن ئاشقان سۇنئىي نامراتلاشتۇرۇلۇش ۋە نادان قالدۇرۇلۇشلارنى كۆرۈپ ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ناھەقچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش چارىلىرى ئۈستىدە قىلچىمۇ چىقىش يولى تاپالمىغان ئىدى. ۋىجدانى بەكرەك ئازابلىنىپ كەتكىنىدە، "ماڭا نېمىدى، شۇنچە كىشىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى خىتاي

دۆلەت تېرروورچىلىغىنىڭ زەربىسىدە ناھەق قامىلىپ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈپ، بىكاردىن-بىكارغىلا مىڭلارچە يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆيلىرىدىن مەجبۇرى چىقىرىلىپ سۈرگۈن قىلىنىپ، بىكاردىن بوھتان-تۆھمەتلەر بىلەن جازالىنىپ خانىۋەيران قىلىنىۋېتىلىسىمۇ `غىڭ` قىلىشماي جىم يۈرگەندە، مەن نېمانچىۋالا باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ كېتىدىكەنمەن!" دەپ، ۋىجدانىنىڭ سادالىرىغا پىسەنت قىلماي بېشىنى چۆكۈرۈپ جىم يۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى. زادىلا تاقىتى قالمىغاندا، ھېلىقى `دوستى` نى، ــ ھاراقنى تېپىۋېلىپ جوزىغا تىكلەپ قويۇپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئارام تاپقاندەك بولۇۋالاتتى.

قاسىم، يەكشەنبە كۈنىسىنىمۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كەچ قىلىۋەتتى.

ئۇنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بىر داۋالغۇش، ئىڭراپ تۇرغان بىر ۋىجدانىي چاقىرىق ساداسى ئارامىغا قويمايۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنى بىر تۈرلۈك قورقۇش، تىترەك ئورىۋالدى: ھە-دېگەندىلا قولىغا پارقىراپ تۇرغان مۇزدەك كويزا سېلىنغان، تۈرمىلەردە ۋەھشىلەرچە قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنىۋاتقان پاجىئەلىك قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى: "ياق، ياق، ياق. بۇنداق ئىشلار مەن قىلالايدىغان ئىشلاردىن ئەمەس! ــ قاسىم خۇددى چوغقا ئولتۇرىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ــ نەدىنمۇ يولۇقتى شۇ كىتابلار! ــ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە، ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي ھېلىقى كىتابلارنى ياستۇقنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ دېرىزىسىدىن سىرتقا چۆرىۋەتمەكچى بولۇپ ماڭدى-يۇ، يەنە توختاپ قالدى، ــ توختا، تۆۋەندە بىرەرسى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىنادا بۇنداق ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇيالايدىغان مەندىن باشقا بىرمۇ ئۇيغۇر يوقلىغىنى بۇ خىتايلار تازا ياخشى بىلىدۇ! ــ دەپ ئەنسىرەپ قالدى، ــ ئەڭ ياخشىسى كۆيدۈرىۋەتەي." دېگەن خىيالغا كېلىپ ئاشخانا ئۆيىگە كىردى.

ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ گاز ئوچاقنى ئاچتى. ئاۋال نېپىز قارا تاشلىق كىتابنى يىرتىپ كۆيدۈرمەكچى بولدى. ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىختىيارسىزلا ۋاراقلاشقا كىرىشتى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنى يىرتىشقا كۆزى قىيمايتتى.

"قورقۇنچاق، توخو يۈرەك!" ــ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر سادا ئۇنىڭغا ۋارقىراۋاتقاندەك بىلىنىپ قوللىرى تىترەپ كىتابنى يىرتىشقا قولى بارمىدى.

كىتابنى قايتا ئاۋايلاپ ۋاراقلاشقا، ئۇدۇل كەلگەن قۇرلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا كىرىشتى:

" ... خالىسىڭىز تەپسىلى ئوقۇپ چىقىڭ، ... خالىمىسىڭىز باشقا بىرسىگە يوشۇرۇن شەكىلدە بېرىۋېتىڭ، ... بۇنداق قورقۇنچاق كىشىلىرىمىزنى، ... خەلقىمىزدىكى بۇنداق پاسسىپ روھىي ھالەتنى ... خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەخسۇس پىلانلاپ يېتىشتۈرۈپ چىقماقتا، ..."

قاسىم شۇ يەردىلا زوڭ ئولتۇرۇپ قولىدىكى كىتابلارنى قايتىلاپ ۋاراقلاشقا، ئارىلاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، قولىدىكى كىتابلاردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى: "ياق، بۇ كىتابلارنى ھەرگىزمۇ تاشلىمايمەن، ھەرگىزمۇ قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك!" ئەندى ئۇ، بۇ كىتابلارنى يوشۇرىدىغانغا يەر ئاختۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە تىقىپ باقاتتى-يۇ، يەنە خاتىرجەم بولالماي ئۇ يەردىن ئېلىۋالاتتى. بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ قولىدىكى بۇ كىتابلارنى تىققۇدەك يەر ئاختۇرۇپ ئەپلىك ۋە بىخەتەر بىرەر يوچۇق تاپالماي، كىتابلارنى تۈتقان ھالدا بىر ھازا جىم بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى ئويلايتتى-يۇ، يەنە بىر يەرلىرىدىن قورقاتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن "بىرەر ئىش قىل، بۇ يېشىڭغا كەلگىچە جىم ياتقىنىڭمۇ يېتەر، نىمىدىن قورقىسەن! تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن بارىن، غۇلجا ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان باتۇرلىرىمىزدىن سېنىڭ نېمەڭ كام؟! قارا، ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقان مەخپى ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ بىرسىمۇ دېگىدەك قولغا چۈشۈپ باقمىدى. سەن نىمىدىن قورقاتتىڭ؟" دېگەندەك خىتاپلار قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلىغاندەك قىلاتتى. يەنە بىر يەرلىرىدىن: "ئەگەر خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ جازا ئازابىغا چىدىماي قالارسەنمىكىن؟" دېگەندەك ئىككىراشلارمۇ بىرلىكتە تۇيۇلۇپ، بەدىنىنى شۈركەندۈرىۋەتتى: ئۇرۇپ قيناشلار، تاختايغا مىخلىنىشلار، تىتىلغان بەدىنىنى تۇز-لازا سۈيىگە پاتۇرۇشلار، ... قورقۇپ تىترەپ كەتتى. دەرھال كىتابلارنى كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ئارقا كوچىدىكى بىر تۆڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر غېدىر `نيۇ رۇ مەن` دەيدىغان بەتتەم سۈيۇقئاشتىن ئىچتى. ئامال قانچە، بۇنداق ئىدارە ئاھالىلىرى زىچ يەرلەردە ئۇيغۇر ئاشپەزلەرگە يەر

چىقمىغاچقا، ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئىچمەكتىن باشقا نېمە چارە؟ مەنتاڭخانىدىن چىقىپ يول بويىدىكى ھاراق بوتكىلىرىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. "ياق، شۇنچە ئىچكىنىم بۇ ھەپتىگە يېتەر!" دەپ ئۆزىگە ئاران ھاي بېرىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ...

قاسىم، بۇ ھەپتىنى ئىشقا بېرىپ كەلگەندەك ئۆتكۈزسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسى پۈتۈنلەي ھېلىقى كىتابلاردىكى چاقىرىقلارنى ئويلاش بىلەنلا بەنت بولغان ئىدى. "لاۋ كا تۈنۈگۈن ئاخشام يەنە جىق ئىچىۋالغان ئوخشىمامدۇ، بېشىنى كۆتىرەلمەيلا قاپتۇغۇ؟" دېيىشەتتى ئۇدۇلىدىكى خىتاي خىزمەتداشلىرى بىر-بىرسىگە پىچىرلىشىپ. "جىم، بۈگۈن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىشىمىز كېرەك. ھاراققا پۇلى تۈگەپ بىزدىن قەرز سورايدىغانغا شۇنداق بولىۋالىدىغان ئىشمۇ بار ئۇنىڭ. ھىجىيىپلا قويدۇڭمۇ-بولدى، بالاغا قالغىنىڭ شۇ، دەرھال سەندىن قەرز سورايدۇ!"

قاسىم ئۇلارنىڭ پىچىرلاپ دېيىشكەن گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغاندەك بولىۋېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئولتۇرىۋەردى.

ئۇنىڭ ئىچى بەكلا تىت-تىت بولماقتا ئىدى: ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغۇدەك بىر قارار ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي قىينالماقتا ئىدى. ئادىتى بويىچە دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئاللىنېمىلەرنى خاتىرىلەش نامىدا ئۇيۇشتۇرىلىدىغان ھاراقكەشلىك ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىشنىمۇ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسى-يادى بىرلا ئىشقا مەركەزلىشىپ قالغان ئىدى. دوستلىرىمۇ بۇ كۈنلەردە نۆۋەتتە ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ، ئولتۇرۇش تۈزەپ ئۇنى چاقىرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىسا كېرەك؟ خېلىدىن بېرى دوستلىرىدىن ئولتۇرۇش قىلىش ھەققىدە بىرەر سادا چىقمىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ قېتىم قاسىمنىڭ پىكىر-خىيالى ئولتۇرۇش سورۇنلىرى ياكى ھاراققا قارىغاندا ھېلىقى كىتابلاردىلا قالغان ئىدى:

"قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ..."

تۈرمە كامېرىنىڭ ئىشىكىنى شاراقشىتىپ ئېچىپ كىرىپ كەلگەن ئىككى خىتاي گۇندىپاي، قاسىمنىڭ ئەسلىملىرىنى قاپ بېلىدىن ئۈزۈۋەتتى. ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرەشكىنىچە سوراقخانىغا ــ توغرىسى جازاخانىغا ئېلىپ كىرىشتى.

يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك مەنىسىز سوراقلار، يەنە ئۇرۇپ قىيناشلار ...
قاسىم يەنە كامېرىنىڭ مۇزدەك سېمونت يېرىدە ھوشىغا كەلدى: ئۇ، كامېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم ياتاتتى. ئۇ، ۋۇجۇدىدىن سۆڭەكلىرىنى سۇغۇرۇپ تارتىۋەتكەندەك مىلىخلاپ، قىمىرمۇ قىلالماي جىم يېتىپ كەتتى. ئەمما ئاغرىق جېنىنى ئالىدىغاندەك پۈتۈن بەدىنىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ... بىر ھازا ھوشىنى يوقىتىپ قايتا ئېسىگە كەلگىنىدىن كېيىن، ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇشنىڭ ھېلىقىدەك چارىسىنى قىلىشقا شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، قىلچە پايدىسى بولمىدى. بەدىنىدىكى ئاغرىقلار بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ، ۋايساشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. ئوت بولۇپ يېنىپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىنىڭ نەرى بەكرەك ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق قىلالماي، جىم يېتىپ چىداشلىق بېرىشتىن باشقا چارە ئەقلىگە كەلمىدى. ...
ئۇ، پات-پاتلا ھوشىدىن كېتىپ ۋە قايتىدىن ھوشىغا كېلىپ دېگەندەك خېلى ۋاقىتقىچە خۇدىنى بىلەلمەي يېتىپ كەتتى.
بىر ۋاقىتلاردا ئۇ ئاغرىقلىرىنى قايتىدىن رەسمىلا ھېس قىلىشقا باشلىدى.
"بايتىنياقى نەدە قالغانتىڭ سەن ئاغرىق؟" دەپ كۆزىنى ئېچىپ قاراڭغۇلۇقتا ئەتراپقا قاراشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. كامېرىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك گۆرىستان قاراڭغۇلۇق بولۇپ تۇيۇلدىكى، ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ-ئاچمىغانلىقىنىمۇ پەرق قىلالماي خېلىغىچە يېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئىششىپ گويا بىر تۇلۇمغا كىرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلماقتا ئىدى. باشقا كامېرلاردىن ئارىلاپ جۆيلۈپ ۋايساشلار ۋە كىمدۇ بىرلىرىنىڭ توڭگۇزدەك خورەك تارتىشلىرىدىن باشقا، تۈرمە ئىچى جىم-جىت بولۇپ كەتكەنىدى. گۇندىپاي خىتايلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىمۇ بېسىققان ئىدى.
"يېرىم كېچىدىن ئاشسا كېرەك؟" دەپ ئويلىدى قاسىم. ئۇ، ئاستا-ئاستا ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ، قايتىباشتىن ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ...

قاسىم، ھېلىقى ئىككى كىتابنى ئوقىغىنىدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئەمدىلا تونۇۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا كېلىپ، ئۇنىڭ غۇرۇرى قەلبىنى قايتىدىن مۇجىماقتا ئىدى: "ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىل! مەنىسىز

ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭگە ئەندى بەس!" ئۇنىڭ ۋىجدانى قانداقتۇ بىر ئىشلارغا چاقىرىپ ئۇنى ئارامىغا قويمايۋاتاتتى.

سىرلىق بۇ هايات، قاسىمنى گاڭگىرىتىپلا قويۇۋاتاتتى. ئۇ، بۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىگە زادىلا هاكىم بولالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پىكىر-خىيالىنى قەلبىنىڭ سىرلىق هەرىكىتى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغاندەكلا قىلاتتى. "غۇرۇر، ۋىجدان، ... قەلب، ئاھ سەن قەلب! سەن نەدە، سەن نېمە، سەن كىم؟" قاسىم بۇ سوئاللارغىمۇ جاۋاپ تاپالماي يۈرەتتى. ئۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان، ئەمما ئۆزىگە يات بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ناللىرىگە زادىلا قۇلاق سالماي كېلىۋاتقان ئىدى. مانا ئەندى، ئۇ سىرلىق يەردىكى سادالارنىڭ ئىگىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە ئاتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغىلا تەۋە بولغان، ئەمما ئۇنىڭغا زادىلا بوي سۇنماي كېلىۋاتقان چوڭقۇر قەلبى ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇش سۈرىتىنى سىزىپ ئۇنىڭغا ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نامەلۇم بىر يەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ ئىنسانلىق سۈرىتى قاسىمدىن ئارتۇق بىر نېمە تەلەپ قىلىۋاتقاندەكمۇ قىلمايتتى: "ئەقەللىي بىر ئادەم بولۇشىڭنىلا تەلەپ قىلىمەن!" مانا بۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىۋاتقان سادانىڭ بىردىن-بىر تەلىپى ئىدى. ئەپسۇسكى، قاسىم ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە بۇنچىلىك ئەقەللىي تەلەپنى قاندۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگىمۇ يول قويۇلمايتتى. ئۇ، ئۆز ئىچىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئەقەللىي تەلەپنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن قىلچىلىكمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتەلمەي كېلىۋاتقانلىقىدىن قەلبىنىڭ سوتلىشىغا ئۇچۇرىماقتا ئىدى. هېلىقى ئىككى پارچە كىتابنى كۆرگىنىدىن كېيىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان قاسىم قەلبىنىڭ سادالىرىنى ئازراق بولسىمۇ پەرق قىلالايدىغان هالغا كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئويلىنىپ قالدى: "راس ئەمەسمۇ، مەن ئەڭ ئەقەللىي بىر ئادەم بولۇپ ياشاشنىلا تەلەپ قىلىدىكەنمەنغۇ، بۇ تەلەپ مىنىڭ ئاددىي بىر ئىنسانلىق تەلىپىم، ئەقەللىي كىشىلىك هەققىم ئەمەسمىدى؟ يا بولمىسا مەن بۇ جەمئىيەتتىن، توغرىسى بۇ خىتايلاردىن هەممىگە قابىل خاسىيەتلىك ئادەم بولۇشنى ياكى مىلياردلارچە دوللارنى بېسىپ ياتىدىغان روكېفىللېر، بىل گاتىس بولۇشنى، ۋە ياكى دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋىتەلىگىدەك بىلىم كەشىپ قىلالايدىغان ئۇيغۇر `ئەينىشتېينى` بولۇشنى

تەلەپ قىلىۋاتقانمىدىم-يا؟ بۇنداق بىر تەلەپتە بولۇشقىمۇ ھەققىم بار ئەمەسمىدى؟ بۇنداق تەلەپلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەققانىي تەلەپلەر ئەمەسمىدى؟" ئۇنىڭ تەپەككۇر دۇنياسى تىنماي ئىشلىمەكتە ئىدى. ...

توغرا، قاسىم تېخى ئۆتكەن يىلىلا بىرىپ كۆرۈپ كەلگەن، بىپايان يېزا-قىشلاقلاردا ئوتتۇرا ئەسىر مۇشكۇلچىلىكلىرى ئىچىدە تولغىنىپ ئازابلىنىۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇر قاتارلىق قېرىنداشلىرىغا سىلىشتۇرغاندا ئالاھىدە ئۈستۈن سەۋىيىلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىۋاتقانلىقىنى تولۇق ھېس قىلغان ئىدى. بۇنداق تەلەيلىك بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، شۇندىن ئېتىبارەن قاسىم ئۆزىنىڭ بۇنچە تەلەيلىك بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش تۇرماق، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ پەسكەش، ئەڭ چوڭ گۇناھكار ھېس قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى: "مەن شۇ خار-زارلىقتا قالغان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېنىۋىلىشقىمۇ بولمايدىغان بىر ئەۋلادىمەن. ئەگەر مەن بىر خىتاي بولغىنىمدا ئىدى، مىنى ئېنجىنېرلىقتا ئەمەس، بەلكى ئېتىزلىقتا دېھقان قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ شەرتىم توشمايدىغان بىرسى بۇلىشىم مۇمكىن ئىدى! مەن ئەنە شۇ مىليونلىغان قېرىندىشمنى تىنجىتىش ئۈچۈنلا بۇ ئورۇنغا تاللانغان بۇلىشىم كېرەك! ئەگەر شۇ ئۇيغۇرلار بولمىغان بولسا، بۇنداق تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمەن بولالىشىم تۇرماق، مەن بۇ ئالەمگە تۆرىلىشىمنىمۇ قىياس قىلالماس بولار ئىدىم. مەن ئۇلار بولغىنى ئۈچۈنلا مەۋجۇتمەن. ئۇلار مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ قېنىم! ئۇنداقتا مەن قانداقتۇ ئۇلارنىڭ شىللىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ بۇ ھاياتىمنى ياشىيالايمەن؟! ياق! مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالالمايمەن، بۇنداق قىلىشقا مېنىڭ قىلچىلىكمۇ ھەققىم يوق! مەن ئۇلاردىن تۆۋەندە تۇرۇشۇم، ئۇلارنى يۆلىشىم ۋە ئۇلارنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىم كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزىلىپ كەتسەممۇ ئۆزەمنى شەرەپلىك ئىنسان دەپ پەخىرلىنىشىم كېرەك!"

قاسىم، ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ، ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۆي ئىچىدە جىم تۇرالماي ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى. ئەندى ئۇ، كەسكىن بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئىدى: "مىللىتىم، ۋەتىنىمنىڭ ھۆرلىگى ئۈچۈن چوقۇم بىرەر ئىش قىلىشىم، مىللىي ئازادلىق

ھەربىكىتىنى قوزغاشقا پايدىسى، تۆھپىسى بولىدىغان بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك!"
ئەمما ئۇ، ئىشنى نەدىن باشلاشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن نىمىلەر قىلالايدىغانلىقىنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالغان ئىدى. بۇ ئىش ھەققىدە باشقا بىرلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشقىمۇ پېتىنالماي بىر-ئىككى ھەپتىنى گاراڭدەك ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئارىلاپ ھېلىقى كىتابلارنى تىقىپ قويغان يېرىدىن چىقىرىپ ئوقۇپمۇ قوياتتى. ئەندى ئۇ، بۇ كىتابلارنى يادلىۋالغاندەك ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇ كىتابلاردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى. قاسىم ئۆز كەسپى ساھەسى بويىچە كىتابتا كۆرسىتىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى بولسىمۇ قىلىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، دەرھال كىتاب تەكچىسىدىن بۇ ئىشلارغا يارىغۇدەك بىرەر يىپ ئۇچى بېرەلىگۈدەك كىتابلىرىم بارمىكىن دەپ جىددى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. بىر نەچچە سائەت كىتاب ئاختۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئۈمىدسىزلىك بىلەن قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. "ئەجەبا، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىلا خىتايلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ- يا؟ ... ياق، ياق، ياق! ئۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!"
ئۇ، باشتىن-ئاخىرى خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ كەلگەچكىمىكىن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىتىنى بۇنداق ئېغىر بوھرانغا پېتىپ قالغان ھالىتىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئاتلىنىش يولىنى تاپالماي قىينالماقتا ئىدى. قاسىم، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىللىق بىلىم جوغلانمىلىرىدىن ھەر قانچە قىلىپمۇ يوشۇرۇن ۋەھىمە يارىتىشقا ئەسقاتىدىغان تۈزىنگىرەك بىرەر لايىھە چىقىرالمىدى.
ئەنە شۇنداق ئادەتتىكى شەنبە كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى. ئۇ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېگەندەك مېڭىپ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ كوچىلارنىڭ بىرىدىكى كەچلىك خىتاي بازىرىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
گويا ئادەمنى بىر ھاپ بىلەنلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھىڭگاڭ چىشلىق خىتايلار بىر قولىدا ساپلىق، يەنە بىر قولىدا ياپپاڭ قازان، ئادەم ھۆ قىلغىدەك سېسىق پۇراقلار چىقىرىشىپ ھايۋانمۇ يېمەيدىغان ئاللىقانداقتۇر بىر نېمىلەرنى قورۇشۇپ، كىكىرتەكلىرى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاسىمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلدى

ئەتىمالىم، پۈرلىشىپ كەتكەن كاۋىنىڭ ئۈستىگە ئەھمىيەتسىزلا تىلىپ ياساپ
قويغاندەك پەۋەز قاپاقلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، باشقا
خېرىدارلارنى چاقىرىش بىلەن بولۇپ كەتتى. قاسىم بۇ خىتاينىڭ چىرايىدىن
'سەن خەق ئىشلىتىشنى بىلمىگەن بۇ زېمىننى مانا بىز ئىشلىتىمىز، ئەقلى يوق
ھايۋانلار!' دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرگەندەك قىلدى-دە،
غەزىپىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. كەنتىر-ئورۇندۇقلاردا يېرىم يالىڭاچلىنىپ
جاھاننى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن قومۇش چوكىلىرىنى تۇتۇپ
تەخسىلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭ يىرگىنىشلىك، ۋەھشى قىياپىتىنى
ئەمدىلا كۆرىۋاتقاندەك يىرگىنىپ كەتكەن قاسىم، دەرھال بۇ مىغ-مىغ خىتاي
قايناپ كەتكەن بازاردىن چىقىپ ئۆزىنى قاراڭغۇ بىر تار كوچىغا ئاتتى.

ئۇ، ئېگىز ئائىلىلىك بىنالىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن قاراڭغۇ بىر كوچىدا
كېتىۋاتقاچ مانا مۇشۇ خىتايلار تەرىپىدىن قىيناپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن يېقىن
تارىختىكى تۆمۈر خەلىپىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنى،
غوجا نىياز ھاجىمنى، سابىت دامولىلنى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى، ئەخمەتجان قاسىمنى،
... مەمتىمىن ئىمىنوپنى، ئاخۇنوپنى، مىجىت سىلىڭنى، ... زەينىدىن يۈسۈپنى،
بارىن، پەيزىۋات، غۇلجا شېھىتلىرىنى، ... شۇنىڭدەك يەنە ئەتراپىدىكى تونۇش-
بىلىشلىرىنىڭ ئائىلە-تاۋابەتلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى.
شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىدە ئوفىتسېر بولغان دەپ تۈرمىدە
قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ساۋاقدىشى مەمەتنىڭ دادىسىنى، چوڭ داداڭ بىر ناھىيىدە
قازى بولغانىكەن دېگەن باھانە بىلەن پۈتۈن يەر-زېمىن ۋە مال-مۈلۈكلىرى
مۇسادىرە قىلىنىپ چەت يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن
ئوسماننىڭ ئائىلىسىنى، ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللەتچىلىك ئېڭىنى تەشۋىق قىلدىڭ
دەپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ ئۇرۇپ قىيناپ بىر ئۆمۈر ناكار قىلىۋېتىلگەن سەمەت
مۇئەللىمنىڭ خانىۋەيران ئائىلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ... ھەتتا ئەڭ يېقىن
بالىلىق دوستى بولغان ئىمىننىڭ دادىسىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقىرالماي
كەلگەنىدى: مەھەللىسىنىڭ ئەڭ موسىپىت شەپقەتچىسى دەپ تونۇلىدىغان
ئىمىننىڭ دادىسى، ماڭلۇر بولۇپ كېلىپ ئاچ قېلىپ كوچا دوقمۇشىدا خۇدىنى
بىلمەي يېتىپ قالغان بىر چولاق خىتاي تىلەمچىسىنى قول ھارۋىسىغا سېلىپ
سۆرەپ ئىدارىسىغا ئاپىرىپ خىتاي شۇجىسىغا يالۋۇرۇپ مىڭ تەستە ئىشقا

ئالدۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈنلا، قۇتۇلدۇرىۋېلىنغان بۇ چولاق ماڭلۇر ختاي، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇنى ئۇرۇپ بىر ئۆمۈرلۈك ناكار قىلىۋەتكەنىدى:

‘ختاي مەدەنىيەت ئىنقىلابى’ نىڭ تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قاسىم، ئىمىنىنىڭ دادىسىنى كۆرەش قىلىپ قاماپ قويغان يېرىگە ئىمىن بىلەن تاماق ئاپىرىپ بېرىشكە بارغىنىدا، بىر ئىشخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن ھېلىقى چولاق ختاينىڭ ئىمىنىنىڭ دادىسىنى ھە-دەپ ئۇرۇپ مۇشلاۋاتقانلىقىنى، دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ئادەم دەپ تونۇلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تاياق زەربىسىدىن يۈز-كۆزلىرى قانغا بويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بۇ ئىككى ئاغىنە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كېتىشكەنىدى. ...

مانا بۈگۈن، ئەنە شۇنداق ئاچچىق دەردلەرنى تارتقان، ھەتتا ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ھەدىلىرى، يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ-قامىلىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ بىرخىيالدا يوق ختايلارنىڭ قۇيرۇقىدا پايپاسلىشىپ، بىر نەچچە تىيىنلىق تايىنى يوق ئىش ھەققى بار ئورۇننىڭ، كوجاڭ-جۇجاڭلىقىنىڭ، ھەتتا بىرەر ئەبگا ئىشچىلىقىنىڭ غېمىدە خۇدىنى بىلەلمەي چېپىپ يۈرگەنلەرگە ئۇنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەي يۈرەتتى. قاسىم بۇ خىل غەيرى ھادىسىلەرنىڭ، يىرگىنىشلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدىلا تونۇغاندەك قىلىۋاتاتتى: “ئىزچى مەنىنىڭ كىتابىدا ھەقىقەتەنمۇ توغرا دېيىلگەن ئىكەن، خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا مۇستەملىكە-قۇللۇق ئىللەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىكەن!”

قاسىم ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار ئىچىدە زىچ بىنالار بىلەن قورشالغان ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇ، بىر بىنانىڭ دوقمۇشىدا ئىختىيارسىزلا توختاپ قالدى.

قاسىم، ياندىكى بىنانىڭ دوقمۇشىدا سالقىنلاپ ئولتۇرغان قېرى لوخەننى يىراقتىكى كوچا چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تونۇغاندەك قىلدى. قاتلىما ئورۇندۇقتا چىغ يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان بۇ قېرى لوخەن، بىر بارمىقى يوق چولاق قولىدا تۇتقان ئەينەك كونسېرۋا قۇتىسىدىكى قايناق سۈيىنى قېرى ھىندى خورازنىڭ پوكۇنىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن گېلىغا تۆكۈپ غورتۇلدىتىپ يۇتۇپ، گويا بۇ ۋەتەندە يۈز يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىيالدا يوق ئولتۇراتتى. بۇ لوخەن ھەرقانچە قېرىپ، پۈتۈن ئەپتى-بېشى چىپەرقۇتتەك قورۇق

بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، قاسىم ئۇنىڭ چولاق قولىدىن باشقا، يۈزسىز ۋە رەزىل چىرايىنى بىر قاراپلا تونۇغانىدى. بۇ قېرى خىتاي جاللاتنىڭ باشلىرى تاقىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاسما مايكىسى ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكرىكى پۈرلىشىپ قېرى كالىنىڭ بويۇن تېرىسىدەك ساڭگىلاپ قالغانىدى.

"بۇ خىتاي، ئىمىنىنىڭ دادىسىنى مۇشتلاپ ئۇرغان ھېلىقى چولاق خىتاينىڭ دەل ئۆزى شۇ!" قاسىم كەينىگە بىر قەدەم يېنىپ بۇ قېرى لوخەنگە سىنچىلاپ يەنە بىر قارىۋالدى. بۇ خىتاي جاللاتنىڭ بىر پۈتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلاپ قالغانىكەن. قاسىمنىڭ كۆز ئالدىغا ئىمىنىنىڭ دادىسى يۈز-كۆزى قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا قايتا نامايان بولغانىدەك قىلدى. "ياق، بۇ جاللات خىتاينىڭ ئارامخۇدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈۋېلىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقىم كېرەك!"

ئۇ ئەتراپىغا ئىتتىك بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. سەل نېرىدا تۇرغان تەخسىچىلىك بىر نېپىز تاشقا كۆزى چۈشكەن قاسىم، دەرھال بېرىپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ خۇددى دىسكا ئاتىدىغان يېنىك ئاتلىتكا تەنھەرىكەتچىلىرىدەك تەييارلاندى. قېرى لوخەن يۇمۇق كۆزلىرىنى زورۇقۇپ ئېچىپ قاسىمغا يىرگەنگەن قىياپەتتە مەڭسىتمىگەندەك شۇنداقلا بىر ئالىيىپ قاراپ قويۇپ قايناق سۈيىنى ھىڭگاڭ چىشلىرى ئارىسىغا تۆكۈشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. قاسىم ئاغىنىسى ئۇچۇن قىساس ئوتى ئىچىدە ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن بۇ قېرى جاللاتنىڭ كەينىدىن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ لوخەنىنىڭ يىگىرمە -ئوتتۇز يىل ئاۋال، باللىق ۋاقتىدىكى دوستى ئىمىنىنىڭ دادىسىغا خۇددى مىڭ يىللىق ئۆچى باردەك كەينىگە داجىپ تۇرۇپ ئۇچقانىدەك ئېتىلىپ كېلىپ كۈچەپ مۇش ئېتىۋاتقان قىياپىتى قايتىدىن گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپتىن كەلگەن نامەلۇم بىر قارا كۈچ ئورىۋالدى. ...

"تارس!"

قاسىم ئېسىگە كېلىپ، ئالدىدىكى قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى!

يىراقتىن كەلگەن غۇۋا يورۇقتا لوخەنىنىڭ تاقىر بېشى ئۇ قۇلىقىدىن بۇ قۇلىقىغىچە ئىككى ئېلىك پاتقۇدەك ئېچىلىپ، قان ئارىلاش مىڭە قېتىقى بىر قۇلىقى تەرەپكە قويۇق ئېقىپ چىقىۋاتقان، بىر چېكە تومۇردىن ئىنچىكە چىرىلداپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان، خۇددى كىچىك بالىنىڭ سىيدۈگىدەك بىنانىڭ ئۆگۈپ

كەتكەن قىزغۇچ خىشلىرىغا چاچراپ قىپقىزىل قانغا بويىماقتا ئىدى. لوخەننىڭ پەۋەز قاپاقلىق كۆزلىرى پەۋقۇلئاددە چەكچىيىپ ئىچىلىپ كۆز چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ بىر يانغا تىكىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قايناقسۇ شىشىسىنى تۇتقان تۆت بارماقلىق چولاق قولى دىر-دىر تىترەپ ئاستا قۇچىقىغا چۈشۈپ، شىشىسىدىكى قايناقسۇمۇ تۆكۈلۈپ ئىغىنى ھۆل قىلىشقا باشلىدى. ئورۇندۇغىدا تۈپ-تۈز كىرىشىپ بىر دەم تۇرغان قېرى لوخەن، بىر يانغا قىڭغىيىپ سىمونت يەرگە 'گۈپ!' قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئىچىلىپ قالغان مېڭىسىدىن قان ئارىلاش ئىقىپ چىقىۋاتقان مڭە قېتىقى سىمونت يەرگە يېيىلىشقا باشلىدى. جان تالىشىۋاتقان لوخەننىڭ بىر قولى بىلەن بىر پۇتى خۇددى يىڭى بوغۇزلانغان قوينىڭكىدەك تىپچەكلەپ سىلكىنىپ ئارقىچىلاپ تېپىپ قوياتتى. ھەر تىپچەكلىگىنىدە يېرىلغان چېكە قان تومۇردىن جىرىلداپ ئىقىۋاتقان قانمۇ بىر كۆچىيىپ-بىر پەسىيىپ ئاقاتتى. ئۆلۈۋاتقان لوخەننىڭ تىپچەكلەشلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاخىرى بېرىپ دىرىلداپ تىترەپلا ياتاتتى. ...

بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن قاسىم، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەشتە ئۆلۈۋاتقان ئالدىدىكى لوخەندىنمۇ قېلىشمىغۇدەك ھالغا كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ جاللات خىتاينىڭ مڭە قېتىقىنى كۆرۈپ ئۆچەي-قېرىنى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغزىغا قاپلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ئىستىخىيىلىك بىر ھەرىكەت بىلەن تام تۈۋىگە چۈشكەن ھېلىقى نېپىز تاشنى ھاپىلا-شاپىلا ئېلىپ نېرىدا تۇرغان بىر تاشلاندۇق قارا يالتىراق خالتىغا سالدى-دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي باشقا بىر قاراڭغۇ كوچىغا كىرىپ غايىپ بولدى. ...

قاسىم، نەلەرنى ئايلىنىپ ۋە قاچانلاردا ئۆيىگە كېلىۋالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ، ھېلىقى تاش سېلىنغان يالتىراق قارا خالتىنى تۇتقان پېتى مېھمانخانا ئۆيىدە نەپىسى نەپسىگە ئۇلاشماي ھاسىرىغىنىچە ئولتۇراتتى. قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ چىشلىرى رەسمى كاسىلدىماقتا ئىدى. بىردىنلا ھېلىقى لوخەننىڭ قان ئارىلاش قۇيۇق ئىقىپ چىقىۋاتقان مڭە قېتىغىنىڭ سىمونت يەرگە يېيىلىپ بىر كېلىشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، پۈتۈن ئۆچەي-باغرى ئاغزىغا قاپلىشىپ كەلگىلى تۇردى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىتىلغان پېتى بېرىپ ھاجەتخانىغا ئارانلا ئۈلگۈردى. ... ھېلىمۇ ياخشى ھاراقكەشلىكتە قۇسۇش ماھارىتىنى خېلىلا

يېتىلدۇرىۋالغانىكەن، بولمىسا بۇ قۇسۇشقا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاركەندۇق. ئەمما قورقۇشتىن كەلگەن تىترەك بارغانسېرى كۈچىيىپ رەسمى بەزگەكتەكلا غالىلداپ تىترىمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ تىزلىرى ۋۇجۇدىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەۋرەزنىڭ ئالدىدىلا موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى تۈزۈكرەك بىر نېمە يېمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، تولغىنىپ-تولغىنىپ قۇرۇق قەي قىلاتتى. گويا پۈتۈن ھاياتىدىكى دەرد-ئەلەم، قان-يىغىلىرىنى بىراقلا قۇسۇپ تازىلىۋېتىدىغاندەك، قەي قىلغانسېرى ئارام ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. بىر ھازا قۇرۇق قەي قىلغىنىدىن كېيىن، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما بىر قولىدا ھېلىقى قانلىق تاش پارچىسىنى ھېلىغىچە چىڭ قولتۇقلاپ ئولتۇرغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، دەرھال ئۇنى خالتىدىن چىقىرىپ تازىلاشقا كىرىشتى-يۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قانلىق مىڭە قېتىقىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ، يەنە قايتىدىن بۇغۇلۇپ-بۇغۇلۇپ قۇرۇق قەي قىلىشقا كىرىشتى. ...

بىر ھازادىن كېيىن سەل ئوڭشىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇ تاشنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ سۇغا تۇتۇپ چوتكىلاپ يۇدى. ئاندىن يۈز-كۆزىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوپۇنلاپ يۇدى. ئاغزىغا سۇ ئېلىپ ئۇدا بىر قانچە قېتىم غار-غار قىلدى. ئازراق سۇ ئىچىپ ئۆزىگە سەل جان كىرگەندەك ھېس قىلدى. تىرمىشىپ يۆلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئۆيىدىكى تامئىشكاپ ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى: قاسىم ئەينەكتە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى شۇنچە قاراپمۇ تاپالمىدى! ئەينەكتىكى ئۇ چىراي، ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ئۆزىنىڭ چىرايىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەينەكتىكى شەكىلنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قانغا تولغان، رەڭگى-روھى تاتىرىپ ئۆلۈكنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ساغىرىپ كەتكەن، يۈزىنىڭ تېرىلىرى گويا كۆكۈيۈن قورۇۋاتقان كالىنىڭ كاسسا تېرىلىرىدەك لىپىلداپ تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ، ئەينەككە قارىغاچ بۇ چىرايغا ئاۋايلاپ قولىنى ئۇزاتقاندەك قىلىۋىدى، بىر نېمىلەرنى سەزگەندەك قىلدى ـ دېمەك بۇ يۈز، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزى ئىدى! لۆڭگىگە يۈزلىرىنى سۈرتۈۋاتقىنىدا، قىسقا يەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ سول يېڭىدا بىر پارچە قان ئارىلاش مىڭە قېتىقى دېغىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ، قايتىدىن ئاشقازىنى تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئاغزىغا كەپلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ...

سەل ئوڭشالغاندىن كېيىن قايتا ئاغزى-بۇرنىنى چايقاپ ھاجەتخانىسىدىن

چىقىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ، بېشىنى كىرلىشىپ كەتكەن يوتقىنىغا پۈركىدى. ئۇزۇندىن بۇيان يۇيۇلۇقسىز قالغان كىر يوتقىنىغا سىڭىپ كەتكەن ئاچچىق پۇراق ھەممىنى بېسىپ چۈشتى بولغاي ئەتىمالىم، كۆڭلىنىڭ ئايلىنىشى سەل بېسىلغاندەك، ھېس-تۇيغۇلىرى قايتىدىن ئىشلەشكە باشلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ياتقان يېرىدە قولىغا بىر نېمە ئۇرۇلغاندەك قىلىۋىدى، سىلاشتۇرۇپ ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ باقتى. قولىغا ئۇرۇلغان نەرسىنىڭ ھېلىقى كىتابلار ئىكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇ كىتابلارنى جان-جەھلى بىلەن كۆچەپ پىرقىرىتىپ ئىشىكى تەرەپكە ئاتتى:

"سەن كىتابلار! مېنى مۇشۇ ھالغا قويغان."

قايتىدىن گۈپپىلا قىلىپ يوتقانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ تىترەشلىرى تېخىچە توختىمىغانىدى. بەدىنىنىڭ تىترىشىدىن كارىۋىتىمۇ بىلىنگۈدەك غىچىرلاپ تۇراتتى.

"ياق، ياق! مەن بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن! مەن دېگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كام تېپىلىدىغان بىر ئېنجىنېرمەن، بۇنداق ئىشلارغا ئۆزەمنى خوراتسام خەلقىمگە بىر كەسىپ ئەھلىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولۇپ قالامدىم! بۇنداق ئىشنى كىم قىلسا قىلىۋالسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىن-قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ناكار قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن، خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەنلەر مېنىڭ ئائىلەم ياكى مېنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىممىدى؟! خەققە نېمە قەرزىم بار مېنىڭ؟ ۋەتىنىم، مىللىتىممىش! خالىساڭ ھېلىقى ئىزچى دېگىنىڭ چىقىپ ئۆزەڭ قىلىۋال بۇ ئىشلىرىڭنى! قايسى بىر دۆلەتتىكى مۇھاجىرلىرىمىز خويمۇ ياخشى قىلغانىكەن: 'بۇ ئىزچى مەن دېگەنىنىڭ كىتابلىرىدا پالانى يېرىمنى سۈرتۈپ تاشلايمەن! ... نوچى بولسا ئۆزى قىلىپ باقمىسۇنمۇ بۇ دېگەنلىرىنى! ... ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئۇچرىغان يەردە بىرىنمۇ قويماي كۆيدۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك!' دېگەن بۇيرۇقلارنى چىقىرىپ نەچچە مىڭ پارچىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ بەكلا ياخشى قىلغانىكەن، ئەقلى بار نېمىلەركەن شۇ مۇھاجىر دېگەنلەرنىڭ!"

قاسىم ۋارقىراپ چالۋاقاشقا، ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. غالىلداپ تىترەيتتى، قورقۇپ ئەتىراپىغا قارايتتى، يەنە كۆڭلى ئېلىشاتتى، ئۆلگۈدەك پۇشايمان قىلاتتى.

"ۋەتەن، مىللەت، غۇرۇر، ۋىجدان دېگەنلەرنى ئۆمۈر بويى ئېغىزىمغا ئېلىپ

قويمايمەن!“ دەپ ھېلىدىن-ھېلىغا ئۆزىگە ئۆزى قەسەملەر قىلاتتى.
قاسىم، تۇگەشمەكتە ئىدى. ...

”قورقۇنچاق ئاقماق!“ دەپ ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىۋالدى ئەسلىمىلەر قاينىمىدىن چىققان قاسىم كامېر ئوتتۇرىسىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ. ئۇ، ئۆزىنىڭ تۇنجى ھەرىكەت قىلغان شۇ كۈنىدىكى قىياپىتىنى پات-پاتلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ، بەدىنىدىكى ئاغرىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، قولىدىن كېلىدىغان بىردىن-بىر ئىشى، شرىن ئەسلىملىرىنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرىۋېلىش بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بۇ پۇرسەتنى بىكارغا ئۆتكۈزىۋېتىشنى زادىلا خالىمايتتى.
ئۇ، كامېردا يېتىپ كونا ئىشلىرىنى ئەسلەشنى داۋام قىلماقتا. ...

قاسىم، شۇ تۇنجى قورقۇنۇچلۇق ۋەقەدىن كېيىن ئەتىدىن كەچكىچە قورقۇشتىن چۆچۈپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ‘مانا ساقچىلار كېلىدۇ، ئەنە مېنى تۇتۇپ كېتىدۇ، ...’ دىن باشقا ھېچ نېمە خىيالىغا كەلمەيتتى. ھەرھالدا غالىلداپ تىترەشلىرى بىلەن كۆڭلى ئايىنىشلاردىن قۇتۇلغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يۈز يىللىق يوتقان تۇتۇپ يېتىپ قالغان كونا كېسەل كۆرپىسىدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى چوڭقۇرلىشىپ ئورىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. بەدىنىمۇ ئۇرۇقلاپ بارغانسېرى قۇرۇق كۆتەككە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئىدارىسىدىكى خىتايلارمۇ ”قاراڭلار، بۇ مەخلۇق ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى، قارىغاندا ئاخشام يەنە سايدا قالغان موزايدەك ئىچىۋالغان بولسا كېرەك؟ ...“ دېگەندىن باشقا ئۇنىڭدىن قىلچە بىر ئىشتىن گۇمان قىلمىغانىدى. شۇنىڭدەك، ئىدارىسىدىكى خىتايلاردىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى خىتاي لوخنى توغرىسىدىمۇ بىرەر گەپ تۇيمىدى. شۇنىڭغا قارىماي ”لاۋ كا، ساڭا تېلېفون! ... كاسىمۇ، سېنى بىرسى چاقىرىدۇ! ...“ دېيىشلەردىن خۇددۇك ئېلىپ قورقىنىدىن تىك تۇرۇپ كېتەتتى.
شۇنداق قىلىپ مىڭ بىر بالالاردا بۇ بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ بىر جۈمە كۈنىگە ئۇلىشىۋالغان قاسىم، بۇ ئاخشىمى ئەنسىزچىلىكلەردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ كېتىش، بۇ ھەقتە ئۆمۈر بويى قايتا ئويلىماسلىق ئۈچۈن يالغۇز ئولتۇرۇپ

ئۆلگۆدەك ئىچىپ مەست بولىۋېلىشنى پىلانلاپ، كۈچلۈك داچۇي ھاراقلىرىدىن ئۈچ خىلنى ۋە بىر مۇنچە زاكوسكىلارنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى. راسا ئوخشىتىپ گۆشلۈك قورۇما قورۇپ تەييار چۆپ سالدى.

چۆپنى ئەمدىلا سۈزىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىزلا ئىشىكنى گۈلدۈرلەپ قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بەكلا چۈچۈپ كەتكەنلىكىدىن، قولىدىكى چويلا- پويلىسى بىلەن تەڭلا چۆپى تۆكۈلۈپ يېيىلىپ يەرگە بىر كەلدى!

"ئۆلدۈڭمۇ! چاققانراق ئاچماسەن ئىشىكنى!"

ئۇنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلدى: بۇ كەلگەنلەر ھېلىقى دائىملىق ھاراقكەشلىك ئولتۇرۇشىنىڭ كونا ئۈلپەتلىرىدىن ئىدى. خاتىرجەم بولىۋراق بېرىپ تاشقارقى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

"نەگە يوقالدىڭ شۇنچە ۋاقتتىن بېرى؟ ــ دېيىشىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشتى ئۈچ ئاغىنە، ــ بىزنى تاشلىۋېتىش نىيىتىگە كەلمىگەنسەن ھەر ھالدا! ــ ئۇلار قاسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تەكەللۇپسىزلىك بىلەن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار جوزىغا تىزىلغان ھاراق پوتولكىلىرى ۋە تەخسىلەردىكى ھەرخىل زاكوسكىلارنى كۆرۈپ بوسوغىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى، ــ مانا دېمىدىممۇ، دوستىمىز بىزدىن يوشۇرۇنچە بىرلىرى بىلەن ئولتۇرۇش ئويناپ يۈرگەنىكەن ئەمەسمۇ!" ــ ئۇلار قايتىدىن قىييا-چىييا قىلىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

قاسىم دۇدۇقلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ كېلىشتۈرەلمىدى: جوزىغا تىكلەكلىك تۇرغان ئۈچ بوتۇلكا ھاراق، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا قىلچىلىكمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىغانىدى.

"قېنى ئاغىنىلەر ئولتۇرايلى، ھەرقانچە ئېسىل مېھمىنىڭ بولسىمۇ بۇ ھاراقلىرىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. ئورنىغا يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىمىز! ــ دېدى بوينى بىلەن بېشىنىڭ پەرقى قالمىغان خامسېمىز ئاغىنىسى، ــ بۈگۈن بىز ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى تەبرىكلەپ ئىچىمىز!"

ئاغىنىلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە داستىخاننى قايتىدىن رەتلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بىرسى ئاشخانا ئۆيدىن قاچا-قۇچىلارنى ئېلىشقا كىرىپ كېتىپ چۈچۈپ ۋارقىرىۋەتتى:

"ۋاي بۇ نېمە ۋەقە! يەرلىرىڭنىڭ ھەممىسىلا چۆپكە توشۇپ كېتىپتىغۇ؟ ھە،

... قارىغاندا مېھمانلىرىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ئەمما‌زە، قوۋرىمىلىرىڭ بەكلا مېزىڭ پۇراۋاتىدۇ. پەرىزىمچە تازىمۇ ئوخشاپكەتكەندەك قىلامدۇ-قانداق؟"

"قېنى، مېھمانلىرىڭنى چاقىرىپ كىرمەمسەن، بىرگە ئولتۇرۇشتىن قىزغىنامسەن-يا؟ ــ دېگىنىمچە بىر دوستى ياتاق ئۆيىگە ماراپ باقماقچى بولىۋىدى، قاسىم قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ھاپىلا-شاپىلا ئۇ ئاغىنىسىدىن بۇرۇن ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ــ ھوي ئاغىنە، نېمە ئانچىۋالا ھولۇقسەن، قىز-پىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟" ــ دېگىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە بېشىنى تىقىپ ئۆلگۆردى. ئەمما قاسىم ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن يەردە چېچىلىپ ياتقان ھېلىقى ئىككى كىتابنى ئېلىپ كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ئۆلگۆردى ۋە:

"ئاغىنىلەر، ئۆيدە ھېچ كىم يوق. بەكلا رەتسىز ئىدى، شۇ. ..." ــ دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىغان بولدى.

"ئۆزىچىلا بىزدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەنغۇ ئاغىنە، مایاقتا تۇرغىنە مەن بىر كىرىپ قاراپ باقاي." ــ كىرگەن ئاغىنىسىمۇ ئۇنىڭ بۇنچە ھودۇققىنىغا قاراپ تېخىمۇ گۇمان قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان بۇ ئاغىنىسى، يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئىشكاپنىڭ ئىچلىرىگە، ھەتتا كارىۋاتنىڭ ئاستىلىرىغىچە قاراپ چىقتى:

" 'ساقى'، بۇ ئۆيدە بىرسى يوق، قىز-پىز پۇرىقىمۇ كەلمەيدۇ!"

"ھا، ھا، ھا! ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيدە قىز جىنىسى تۇرماق، چىشى چىۋىنىنىڭ كىرمەس بولغانغىمۇ بىر ئەسىردىن ئاشتى دېگىنە!" ــ دەپ كونا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك ۋالاقلاپ كۈلدى مېھمانخانىدىكى بۇقا بويۇن.

ياتاق ئۆيىنى ئاختۇرۇپ يۈرگىنى يەنىلا قايىل بولالماي ھاجەتخانا تەرەپكە قارىۋىدى، قاسىم يەنە ئىتتىك بېرىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ ھېلىقى تاشنى ئېلىپ سۇ چۆشۈرگە ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئۆلگۆردى. ھەممىگە قىزىقىدىغان بۇ ئاغىنىسىمۇ ياتاق ئۆيدىن چىقىپ قاسىمنىڭ كەينىدىنلا ھاجەتخانىغا بېشىنى تىقىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى:

"بۈگۈن بەكلا غەلىتە قىلىقلارنى قىلىسەنغۇ دوستۇم." ــ دەپ قاسىمنىڭ چىرايىغا زەڭ قويۇپ قاراشقا باشلىدى دوستى. ئەمما ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي ھەيران بولغان ھالدا مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

زىياپەت رەسمىي باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. قاسىممۇ ئاشخىچە چۆپىنى تۆكتۈۋالغان ئاش سۈيىگە نان تۇگرۇرۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۆزىنى ھاراققا تەييار قىلىپ ئۈلگۈردى. چوڭ ئىككى تەخسە چىققان گۆشلۈك قورۇما دەرھال چوكىلارنىڭ بىردەك بۇلاڭ-تالىڭىدا قالدى. قائىدە بويىچە پېشقەدەم ساقىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان بۇقا بويۇن، بۈگۈنمۇ ساھىپخانىلىقنى قولدىن بەرمىگەنىدى. پېشقەدەم ساقى تۆت رومكا ئالغۇزۇپ ھاراقنى پەم بىلەن تەڭشەپ قۇيۇپ ئاغىنىلىرىگە بىردىن تارقىتىپ چىقتى:

"قېنى ئاغىنىلەر، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بۈگۈن بىز ھېلىقى 'ئايپالتا قوشۇنى' نىڭ غەلبىسى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!"

ھەممىنىڭ ئاغزىدىن 'ئايپالتا قوشۇنى' ئۈچۈن! دېگەن سادا ياڭرىدى. تۆت رومكا بىر-بىرسى بىلەن نازۇك جىرىڭلىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئۇرۇشتۇرۇلدى. قاسىم ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي، ئەنسىرەش ئىچىدە ئاغىنىلىرىگە قوشۇلۇپ رومكىنى كۆتۈردى. ئۇ، ھارىقنى ئادىتى بويىچە ئالدىرىماي سۈزۈپ تۇرۇپ ئاغزىغا توشقۇزىۋېلىپ، بىراقلا بوغۇزىغا يوللىدى.

ئۇ، ھارىقنى يۇتا-يۇتمايلا ئاغزىنى ئىككى قوللاپ ئەتكىنىچە ھاجەتخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كىرىپ كەتتى. ...

بىر ھازادىن كېيىن قاسىم ئۆڭسۈلى يوق كۆزلىرى ياشقا تولغان، ئاپپاق تاتارغىنىچە ھاجەتخانىسىدىن چىقىپ كەلدى. ھەممە تەڭلا ئۇنىڭغا قارىشىپ ھەيران بولماقتا ئىدى. ھەتتا قاسىممۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران بولۇپ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەترapىغا ھاڭۋېقىپ قارايتتى. قارىغاندا ئۇ، ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن يىللىق بۇ ھەمراسىدىن — ھاراقنىڭ 'لەززىتى' دىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەلپازى ئاغىنىلىرىنى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغان بولۇپ، تاتىرىپ ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئۇرۇقلاپ كۆزلىرى ئۆڭكۈردەك چوڭقۇرلاپ كەتكەنىدى.

"قاسىم، سەن بۇ بىر ئايدىن بېرى ئاغرىپ-تارتىپ قالمىغانسەن-ھە؟ — سورىدى دوستلىرىدىن بىرسى، — بايا ئۆيگە كىرىپلا مىجەزىڭنىڭ يوقلىقىنى بايقىغان ئىدىم. ئەمما يالغۇز بېشىڭغا شۇنچە كۆپ ھاراقنى تىكلەپ قويغىنىڭغا قاراپ سەل خاتىرجەم بولغانىدىم. دېگىنە، نېمە بولدى ساڭا بۈگۈن؟" —

قاسىم كۆزلىرىنى سۈرتكەن بولغىنىچە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى.

"ئۇنى تولا بەك قىستىمايلى، ھېلىمۇ بويتاق بىر ئەر كىشىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بويان ساغلام تۇرالىشىمۇ بىر كارامەت، - بۇقا بويۇن 'ساقى' گەپكە ئارىلاشتى، - مەيلى، ساڭا بولغىنىڭ كەچۈرۈم قىلدۇق. ئەمما كېيىنكى قېتىمغىچە ئوڭشىلىپ نۆۋەتتىكى ئىنى چوقۇم تولۇقلىتىسەن، ئۇنۇتما!" - دېگىنىچە باشقىلارغا ھاراق قويۇشنى داۋام قىلىۋەردى.

"ھە، گېپىمىزگە كېلەيلى، بۇ ئەلپازىڭدىن قارىغاندا، بۇ بىر ئايدىن بۇيانقى ۋەقەلەردىن دېگەندەك خەۋىرىڭ بولمىسا كېرەك؟ - دەپ گەپ باشلىدى ئاغىنىلىرىدىن بىرى، - بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە شەھەر ئىچى ئوڭدا-دۈمدە بولۇپ كەتكەندەك قورقۇنۇچلۇق ۋەقەلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئەممازە ھېچ كىمگە دېمەيدىغانغا ھەممىڭلار قەسەم قىلىپ بەرسەڭلار، سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغانغا ئاجايىپ بىر تەشۋىق ۋارىقى تېپىۋالدىم، - ئۇ، ئالدىرىماي قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقاردى، - قېنى، قەسەم قىلىپ بېرەمسىلەر ئەمىسە؟"

"سەنمۇ ئەندى ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭ، - دېدى ساقى بولغىنى رومكىلارنى يىغىشتۇراپ تۇرۇپ، - ئەندى كېلىپ ساڭا بىزمۇ ئىشەنچىسىز بولۇپ قالدۇقمۇ؟ قاسىمنىڭ ئۆيىگە بىز بولغان مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا كەلمىدۇقمۇ، گەپنى ئاز قىلىپ ئوقۇ ئوقۇيدىغىنىڭنى!"

قاسىمنى بۇ چۈشىنىكسىز گەپلەر تېخىمۇ ھولۇقتۇرماقتا ئىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى پەملىيەلمەي ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قارايتتى. ھودۇقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھېلى چوكىنى، ھېلى چىنىسىنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ تىزلىرى يېغىۋاشتىن تىترەشكە باشلىدى.

"قاسىم ئاداش، سەنمۇ ئاڭلىغانسەن، بۇ بىر ئايدىن بېرى تۇيۇقسىزلا ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق ۋەقەلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز، ئۇ يەردە بىر باشنىڭ قېتىقى چىقىرىۋېتىلگەن ... - قاسىم چۆچىگىنىدىن ئەمدىلا ئاغزىغا ئالغان چېيىنى پۈركىۋەتتى! خەۋەرچى دوستى ئوقۇشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا ھەيرانلىق بىلەن قارىۋالدى، - دېمىدىممۇ، ئۇ خېلىدىن بېرى ئاغرىق دەپ. ... شۇ، شۇنداق، ئۇ خېلىدىن بېرى ... ھە، نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە، ئۇ يەردە بىر خىتاينىڭ بېشى، بۇ يەردە بىر خىتاي بالىسى بوغۇزلاپ تاشلىۋېتىلگەن، ئۆگۈنى قارىساڭ بىر لوخەنىنىڭ

قارنى بوسۇۋېتىلگەن! ساقچىلارمۇ ئاقماق، ئۇلار ھە دېگەندىلا بىر مۇنچە ئۇيغۇر قاسساپلىرىدىن گۇمانلىنىپ تۇتۇپ سولاپ قويۇشقىنىنى دېمەمدىغان! ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار مانا مۇنۇلار ئىكەن ئەمەسمۇ!” ـ دېگىنىچە قولىدىكى ۋاراقنى ئوقۇشقا تەمشەلدى. قاسىممۇ ئاغزى بۇرنىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇ قەغەزدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا تاقىتى تاق بولۇپلا تۇراتتى.

“بايانات!

قەدىرلىك يۇرتداشلار! خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ سالغان زۇلۇمى چېكىگە يەتتى! بىز ئەندى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا دەرھال ئاتلانمىساق، ئۇلار بىزنى ئومۇمي يۈزلۈك تازىلاشقا ئاشكارە ئاتلانماقتا! بىزنىڭ مەخپى قوشۇن ئەزالىرىمىز مەلۇم بىر شىركەتتىكى پېنسىيىگە چىقىۋالغان قاتىل لوخەننى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ تۇنجى ھەرىكىتىمىزنى باشلىغىنىمىزدىن بۇيان، بۈگۈنگىچە جەمئىي ئون بىر قېتىم خىتاي قوغلاش ۋەقەسى پەيدا قىلدۇق. بىز كۈنسايىن تەجرىبىسى ئېشىپ كۈچىيىۋاتقان يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى قوشۇن ئەزالىرىمىزغا تايىنىپ ۋەتىنىمىزدە بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىسى قالمىغۇچە بۇ مۇقەددەس ھەرىكىتىمىزنى قەتئىي جان تىكىپ داۋاملاشتۇرىمىز!

—— ئايپالتا قوشۇنى”

ھەممە بىردەك چاۋاك چېلىپ بۇ «بايانات» نى تەبرىكلەشتى. ئاڭسىز ھالدا دوستلىرىغا قوشۇلۇپ چاۋاك چېلىشىپ بەرگەن قاسىم، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ چاۋاك چالغان قولىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە چاچراپ دېگىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىلەرنى تاقاشقا كىرىشتى:

“ئاغىنىلەر، نېمە قىلاي دەيسىلەر ماڭا! مېنى بالاغا تىقاي دەمسىلەر-يا!”

ھەيران بولغان دوستلىرى تېڭىرقاش ئىچىدە بىر-بىرىگە قارىۋېلىپ بىرھازا جىمىپ قېلىشتى. ئاندىن ساقى بولغىنى سۆزگە كىرىشىپ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى:

“قاسىم ئاغىنە، بۇ كۈنلەردە ساڭا نېمە بولدى؟ بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىسا خوش بولىدىغان ئادەم ئارىمىزدا سەنلا ئىدىڭغۇ؟ ھەر قېتىملىق ئۆلتۈرۈشىمىزدا مىللەت، ۋەتەن دەپ بېشىمىزنى ئاغرىتىدىغان كىشى سەن ئەمەسمىدىڭ؟” ـ ‘ساقى’ قاسىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى باشقىلارمۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللاپ بېرىشتى.

قاسىم، ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ بىردەم تۇرۇپ

قالدى: ‘ياق، بۇلار راستىنلا سەممىي سۆزلەۋاتقاندەك قىلىدۇ ’ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. خەۋەرچى دوستىدىن بايىقى تەشۋىقات ۋارىقىنى سوراپ قولىغا ئېلىپ بىرقۇر ئوقۇپ چىقتى. ئۇ قايتىدىن دوستلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاغىنىلىرىنىڭ چىرايىدا جىلۋىلەنگەن سەممىي كۆرۈنۈشكە ئىشەندى. ئۇنىڭدىكى قورقۇش، ئەنسىرەشلىرى ئاستا-ئاستا تارقىلىپ، سەل-پەل ئورنىغا كەلگەندەك قىلدى.

“قاسىم بۇ كۈنلەردە راستىنلا كېسەل بولۇپ سىرتتىكى ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن، ئۇنى بەك زورلىمايلى. — دەپ گەپكە ئارىلاشتى باياتىدىن بېرى گەپ قىلماي ھە دېسىلا گېزىت قەغىزىگە كۆپ-كۆك موخوركىسىنى سېلىپ يۆگەش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان جىمغۇر دوستى. ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ كۆپ-كۆك موخوركىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ قەغىزىگە سەرگەچ ‘ساقى’ غا قاراپ دېدى، — قېنى ئەمسە `ساقى` ئاغىنە، ۋەزىيەتنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن-ھە؟”

‘خەۋەرچى’ قاسىمنىڭ قولىدىكى ۋاراقنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئاۋايلاپ قاتلاپ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

“ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ساڭا قاسىم ئاداش، بۇ ئىشلاردىن سېنىڭ خەۋەرسىز قېلىشىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. يا سەن بىزگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ، يا بولمىسا ...”

“خاپا بولماڭلار ئاغىنىلەر، يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى، ... مەن ... مەن راستىنلا ئاغرىپ قېلىپ كوچىلارغىمۇ چىقالمىغانىدىم. ... كوچىلاردا بولىۋاتقان ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرىم بولماپتۇ. ماڭا ئىشىنىڭلار، ... سىلەرنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق قورقۇنۇچلۇق گەپلەرنى قىلىشىڭلارغا ھەيران قالغانىدىم. — ئۇ سەل جايىغا چۈشۈپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — دېگىنىڭلار راستمۇ؟ يەنىلا چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭلاردەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ بۇ دېگىنىڭلارغا.”

“قاراپ تۇرۇپلا بۇنچە چوڭ ئىشلار توغرۇلۇق ساڭا قانداقمۇ يالغان سۆزلەيتتۇق؟ مەن تېخى بايىلا بۇ يەرگە كەلگىچە بىرسىدىن ئاڭلىغىنىمغا نېمە دەيسىلەر؟ تۈنۈگۈن كېچىدە ساقچى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا بولغان ۋەقەنى دېمەمسىلەر، قارىغاندا بۇ قېتىمقىسى خىتايلارنى بەكلا چۆچۈتىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ قورۇدىكى بىر خىتاي ساقچى سوجاڭىنىڭ بېشىنى كېسىپ دەرۋازىسىغا

ئېسىپ قويغانىكەن. بەدىنىنى قورۇنىڭ ئۇتتۇرىسغا قارىنىنى تۆكۈۋېتىپ تاشلىۋېتىپتۇدەك. ئۇچەي-باغرىنىمۇ چۇۋۇپ يېيىۋېتىپتۇدەك! نېمە دېگەن دەھشەتلىك، قورقۇنۇچلۇق!" ــ دېدى خەۋەرچى دوستى.

"ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق ئىكەن! ــ دېگىنىچە ئۆچۈپ قالغان موخوركىسىنى قايتىدىن تۇتاشتۇردى كۆك تاماكا چېكىۋاتقىنى، ــ شۇنىڭ ئۇچۇن بىزنىڭ ئىدارىدىكى خىتايلار بىز ئۇيغۇرلاردىن يىراق قېچىپ تۇرىدىغان، بىز خەققە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇپ يۈرگەنىكەن-دە، ئىپلاسلار!"

"راستىنلا قورقۇنۇچلۇق ئىشلار، ..." ــ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە 'ساقى' مۇ رومكىلارغا ھاراق قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

"ھەممىدىن قىزىق يېرى، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى خەۋەرچى دوستى، ــ بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ھېلىقى 'ئايپالتا قوشۇنى ' دېگەن ئىمزانى تاشلاپ قويۇشنى دېمەمسىلەر. بىزنىڭ ئىدارىدىكى خىتاي باشلىق كۆرۈنۈشتە خاتىرجەمدەك قىلغىنى بىلەن، ئۇمۇ يوشۇرۇنچە قېرى ئانىسى بىلەن بىر كىچىك نەۋرىسىنى ئىچكىرىگە قاچۇرىۋېتىپتۇدەك. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باشقا سوكا باشلىق خىتايلارمۇ بانكىدىكى ئامانەتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىپ، بالا-چاقىلىرىنى خىتايغا يولغا سېلىۋېتىش كويىدا يۈرگۈدەكمىش."

"مۇنداق دېگىنە، مەھەللىدىكى دوللارچىلار نېمىشقا پويىز ئىستانسىسىغا يوغلايدىغان بولۇپ قېلىشتىكىن دەپ ھەيران قالغانىدىم. ئۇلار ئەسلىدە خىتايلارغا پويىز بېلىتى سېتىپ پايدا ئېلىشنىڭ پېيىغا چۈشكەنىكەن-دە!"

"ئاڭلىسام پويىز ئىستانسىسى قېچىۋاتقان خىتايلار بىلەن لىق توشۇپ كېتىپتۇ دېيىشىدۇ."

"ئۇ نېمە دېگىنىڭ، قايسى كۈنىسى دادام پويىز ئىستانسىسغا بىر ئىش بىلەن بېرىۋېكەندۇق، يۈرتىمىزغا كېتىمىز دەپ بىلەت ئېلىپ پويىز ساقلاۋاتقان خىتايلارنىڭ ئۆچىرتى ئۇزىراپ قۇيرىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ دېگەنتى."

"يەنە ھېلىقى ۋېتنام ئۇرۇشىدىكىدەك خىتاي قېچىش باشلىنىپتۇ-دەڭلا."

"يەنە نەدىكى گەپنى قىلىسەن، ئۇ يىلدىكى خىتاي قېچىش بۇگۈنكىسىنىڭ ئالدىدا قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ!"

"ھە، مۇنداق دېگىن، ئايرىن بۇ ئايپالتىچىلارغا. بۇ قوشۇندىكىلەر قانچە كىشى ئىكەن ئاڭلىدىڭلارمۇ؟"

“قوشۇندىكى ئەزالىرىنىڭ سانىنى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ بىلمەيدىكەن دېيىشىدۇ. بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان ئاجايىپ بىر يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپتۇدەك. ...”

قاسىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رەسمىي ھاياجانلىنىپ، يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە بېرىپ يۈرگەن قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۆزىگە ھاي بەرمىسە، ھاياجانلانغانلىقىدىن نېرىقى ئۆيدىكى ھېلىقى كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ دوستلىرىغا كۆرسىتىشتىنمۇ يانمىغىدەك ھالغا كەلگەنىدى. ‘ھاي-ھاي، ئۆزۈڭنى تۇتىۋال، ئۇلار تېخى بۇ كىتابلار توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشكىنى يوق!’ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ ئولتۇراتتى.

ئولتۇرۇش يەنىلا بۇرۇنقى كونا پاسونى بويىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. پوتولكىدىكى ھاراقنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئاغىنىلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىشقا باشلىغان بولسا، يېڭى-يېڭى پوتولكىلارنىڭ جوزىغا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ھاياجېنى ئارتىپ، ئاخىرى بىر-بىرىگە گەپ بېرىشمەي ھەممىسى تەڭ سۆزلەيدىغان ھالغا كېلىشتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كونا ئادىتى بويىچە ساقى بولغىنى غىپلا قىلىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتنى قولدىن بەرمەي بوغۇزلىۋېتىلگەن قويدەك خارقىراپ خورەككە چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرسى قۇرۇق ھاراق شىشىسىنى مەيدىسىگە بېسىپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ نالە قىلغىنىچە مۆلدۈرلەپ يىغىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاخىردىكىسىمۇ يېرىم كۆلۈمسىرىگىنىچە دىۋانغا قىڭغىيىپ تاتلىق ئۇيقۇسىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، دىۋاننىڭ بىر يېنىغا بوشىتىلغان قۇيۇق قۇسۇق ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا يەتمىگەنىدەك قىلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن يىغلاۋاتقىنىمۇ جوزىدىكى تەخسىنىڭ ئىچىگە يۈزىنى چىلاپ پۈكۈلگەن خورىكىنى ئىنچىكە تارتقىنىچە ئاچچىق ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. ...

قاسىم، ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ مەنزىرىگە قاراپ قىلچە نارازىلىق ئىپادىدە بولماي، بىر چەتتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرىنچى رومكىنى ياندۇرىۋەتكىنىدىن كېيىن قايتىدىن ھاراققا قول ئۇزارتمىغان بولسىمۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ نوتۇقلىرىنى ھاياجان بىلەن بېرىلىپ باشتىن-ئاخىرغىچە زېرىكمەي تىڭشاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ روھى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ھەتتا بىر يەرلىرىگە كېلىپ ‘ئايپالتا قوشۇنى ’ دىكىلەرنىڭ ھېلىقى چولاق لوخەن

ۋەقەسىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغانلىقىدىن قىزغىنىپ ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپىمۇ ئۈلگۈردى. دېمەك، قاسىم خاتا ئىش قىلمىغان ئىكەن. ئۇ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گىدەيگىنىچە مەغرۇر قىياپىتى بىلەن تاماكىسىنى شوراپ بىر هازاغىچە دوستلىرىنىڭ ئۇخلاشلىرىنى تاماشا قىلدى. ئۇ ئۆزىچە، بۇ بىر ئايىقى ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولغان كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىپ ‘يارايسەن!’ دەپ كۆڭلىدە ئۆزىنى ئۆزى ماختىۋالغانىمۇ بولدى. ئەندى ئۇنىڭ كاللىسىدا كېلەر قېتىملىق قىلىشقا تېگىشلىك ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەرخىل پىلانلىرى تۈزۈلمەكتە، كەينىدىنلا ئۇ پىلانىغا قايىل بولماي رەت قىلىۋېتىپ يەنە يېڭىسىنى پىلانلىماقتا ئىدى.

ئۇ، تۇنجى ھەرىكىتىدە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا بىخەستەلىك قىلغانىكەن. ئىز قېلىشى ياكى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرمەي ھەرىكەت قىلغانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ھەيران ئىدى: ‘راست دېگەندەك شۇنچە پىلانسىز ۋە شۇنچە بىخەستەلىك بىلەن قىلغان ۋەھىملىك ھەرىكىتىمنى نېمە ئۈچۈن ھېلىغىچە پاش قىلالمىدى بۇ خىتايلار؟ دېمەك، بۇنداق ئىشلارنى قىلغاندا  بىخەتەرلىكىنى تولا بەك مۇبالىغە قىلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەندە. ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ خەتىرىنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرىۋېتىشتىكى مەقسەت ـ يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بىر باھانىسى ئوخشامدۇ؟ ـ دەپ ئويلاپ قالدى. دوستلىرىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، خىتاي رازۋېتچىكلىرى ئاللىقاچان تۇنجى ۋەقەنى ۋاقتىنچە ئۇنۇتقان بولۇپ، ھازىر ئۇلار تېخىمۇ ئېغىر پاجىئە پەيدا قىلىۋاتقان كېيىنكى ۋەقەلەر ئىچىگە چۆكۈپ قالغاندەك قىلاتتى. قاسىم بۇلارنى ئويلاپ پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ قالدى، ـ 'تاپىدۇ بۇ ئىزلارنى بىر كۈنىسى نەۋرىمىز ياكى ئەۋرىمىز!' ـ نېمە دېگەن داھىيانە ئالدىن كۆرەرلىك-ھە!’

قاسىم خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇنى بۇ كېچىدە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولدى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ...

قاسىمنىڭ ئەسلىمىلىرى باشقا كامېرلاردا كۆتۈرۈلگەن سەھەرلىك ئىڭراش-ۋايساشلاردىن بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئەسلىمىلىرىنى قاچانلاردىن باشلاپ ئەسلەپ ياتقانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ خېلىلا ئارام ئېلىپ

قالغانىدى. تۈرمە ئىچىدە يېڭىدىن ئېڭىراشلار، ۋايساشلار، خىتاي گۇندىپايلارنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى. تاڭ ئاتقان بولسا كېرەك؟ قاسىمنى شىرىن بىر ئۇيقا تۇتقاندەك قىلاتتى. ...

## ئۈچىنچى باب

# يېڭى ھەرىكەت پىلانلىرى

– جاھان بەكلا ئېگىز-پەس. بىزنىڭ ئوغۇلنى كەلسە-كەلمەس ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەپ بەكلا ئەنسىرەيمەن.
– راست دەيسەن، قايسى كۈنىسى كېچىدە تۇردى ئۇستامنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىپتۇدەك. ...
– تاش قاتار ئويناۋاتقان پاڭچىلارنىڭ پارىڭىدىن.

قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى يارىلار كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم سوراقتا چىقىرىلغاندا يېڭىدىن يارىلار قوشۇلۇپلا قالماي، كونىلىرىمۇ قايتىدىن ئېچىلىپ يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ۋەھشى خىتاي جاللاتلىرى ھېلى مىق قېقىش، ھېلى تۇزغا مىلاش، ھېلى تاسمىلاش، ھېلى توك ئۆتكۈزۈش، جىنسى ئورگانلىرىغا قىل تىقىپ كولاش، ... قىسقىسى بۇ خىتايلارنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئەڭ ياۋايى ۋەھشى تاجاۋۇزچىلار ئىكەنلىكىنى تۈرمە ئىچىدە ئاپ-ئاشكارە كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى – باشقىلارنىڭ ئانا ۋەتەن تۇپرىقىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئادىمي قىياپەت تېپىلمايتتى! قاسىم بۇلارنى كۆرۈپ، نۇرغۇنلىغان 'ۋەتەنپەرۋەر داھىي' لىرىمىزنىڭ مانا مۇشۇ خىتايلار بىلەن كېلىشىپ، خالىغان بىر شەكىلدىكى تېنچلىق ئۇسۇلىغا تايىنىپ ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشقا بولىدۇ دەپ خەلقىمىزنى شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تېنچ پائالىيەتلەرگە ئىشەندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. ھەتتا بەزىدە ئەنە شۇ خىتايلاردىن، ھەرقانداق بىر تېنچلىق يولى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى قايتۇرۇپ ئالالايمىز دەپ ئىشىنىپ شۇنچە نۇرغۇن كىشىنى كەينىگە سېلىپ يۈرگىنىگە قاراپ، 'بۇ داھىيلىرىمىز خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا باغلانغان جاسۇسلارمۇدۇ-يا؟' دېگەن گۇمانلارغىمۇ كېلىپ قالاتتى.

خىتاي گۇندىپايلىرى بەزىدە قاسىمنى ھەپتىلەرگىچە كارى بولماي تاشلىۋېتەتتى. ئەسلىدە بۇ، سىرتتا يېڭى ۋەقەلەر كۆپىيىپ كېتىپ، گۇمان بىلەن

قولغا ئېلىنغانلاردىن قولى بوشىماي قالغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلەتتى. ئەمما بىر-ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا، قايتىدىن ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۇرۇپ قىيناپ ئازاپلىشاتتى. قاسىمنى تۈرمىگە تۇنجى قېتىم چۈشۈپ قالغىنى، شۇنىڭدەك ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانلا ئەمەس، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇنچە ئېغىر قىيناشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرغانلىقىغا قارىماستىن، روھىي جەھەتتىن قىلچىمۇ سۇنغاندەك قىلمايتتى. ‘قىينا كاپىرلار، قىينا! بۇ قىيناشلىرىڭ، مەن سەنلەرگە بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى قىلغان نەچچە ئون قېتىملىق خىتاي قوغلاش يوشۇرۇن پاجىئە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىمنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ! ــ ئۇ، بەكلا خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنسىرەش، قورقۇش، پۇشايمان قىلىش دېگەنلەردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى، ــ يالغۇز بېشىمغا يۈزگە يېقىن خىتاي تاجاۋۇزچىسىنى يوقىتىپ، نەچچە ئون مىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ دۆلىتىگە قېچىشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولالىدىم؛ نۇرغۇنلىرىنىڭ بىردىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ توپلىغان مال-مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتىم؛ ئەڭ مۇھىمى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇنئىي كۆپىيىشىنى توساش ھەرىكىتىنىڭ رەسمىي بىر دولقۇن ھالىغا كېلىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى باشلامچىلىرىدىن بىرى بولالىدىم. تېخى يەنە مېنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستەم بىلەن نۇرغۇنلىغان خىتاي قوغلاش يوشۇرۇن قوشۇنلىرى تەشكىللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ئاخىرقى باسقۇچىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا تارىخقا يېزىلمايدىغان تۆھپىلىرىمنى دېمەيلا قوياي. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ئەگەر خىتايلار مېنى بىلىپ قالسا تىرىك تۇرغۇزۇپ يەۋېتىمەن دېسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! ــ ئۇ سوغۇق كامىردا يېتىپ ئويلايتتى، ــ بۇ ۋەتەن مېنىڭ! ــ بۇ سۆيگۈنى تېخى مانا ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك بولىۋاتىمەن. بۇ سۆز ئۈچۈن ھاياتىمنى تەمتىرىمەي پىدا قىلالايمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم!’

قاسىم ھەقىقەتەنمۇ خاتىرجەم ئىدى. ئۇ، خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ھەر بىر سوراقتا ئېلىپ چىقىپ قىيناشقانلىرىدا خۇددى ناركوز قويۇپ ئاپېراتسىيە قىلىنىۋاتقاندەكلا خاتىرجەم تۇرۇپ بېرەتتى. ئېھتىمال ئەڭ بۈيۈك سۆيگىنىگە ئېرىشىش يولىدا، ئىشەنگەن غايىسى ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن قىلغان پائالىيەتلىرىدىكى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئادەمنى ئەنە شۇنداق سۇنماس ھالغا كەلتۈرەلىسە كېرەك؟ بەزى كىتابلاردا كوپېرنىكنى ئۆلۈم ئالدىدا

قىلچە پىسەنت قىلماي تۇرۇپ بېرەلىگەن دېيىشىدۇ؛ بىزدىن چىققان ئابدىخالىق ئۇيغۇرمۇ خىتاي ۋەھشىلىرى تەرىپىدىن پارچىمۇ-پارچە توغرىلىشىنى خەلقىي-ئالەم ئالدىدا تىك تۇرۇپ كۈتىۋالالىغانىكەن! ... بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەخمەتجان قاسىم قاتارلىق رەھبەرلىرىمىزمۇ رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ 'ۋەتىنىڭنى خىتايغا تاپشۇرامسەن-يوق؟!' دەپ قىيناشلىرى ئالدىدا، 'ياق! تاپشۇرمايمىز!' دەپ تىك تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتىۋالغان ئىكەن؛ قاسىممۇ ئەنە شۇنداق مىللىي قەھرىمانلارنىڭ نامايان قىلغان جاسارىتىنى ئۆزىدە ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا جازا بېرىۋاتقان بىر ياش خىتاي جاللىتى ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇنچە ئېغىر قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان قاسىمغا قاراپ رەسمى ئېلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغان! بۇ خىل قىيناشلارغا قاتناشقان، ئۆمۈرىدە بىر سېكونتلۇق بولسىمۇ ۋەتەن، مىللەت، ئادىمىلىك دېگەنلەرنىڭ بېرىدىغان ئۇ لەززەتلىك تۇيغۇلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش بەختىيارلىقىغا ئېرىشىپ باقمىغان بىر ئۇيغۇر مۇناپىقمۇ، بۇنچە دەھشەتلىك مەنزىرىگە چىدىماي، ئاخىرى تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالغانىكەن!

قاسىمنىڭ تېرىك تۇتۇپ تۇرۇلىشىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچى فاشىستلىرىنىڭ بىرلا مەخسىدىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى: يېڭى قولغا چۈشكەنلەرنى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق قورقۇتۇپ ئىقرار قىلدۇرۇش ياكى پاش قىلدۇرۇشقا ۋاستە قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمىنىمۇ خىتاي جاللاتلىرى كۆرمىدى ئەمەس، بەزى تەجرىبىسى يوق ھاياجىنىغىلا تايىنىپ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ قويۇپ قولغا چۈشۈپ قالغانلار ياكى شەخسى ئابروي قوغلىشىپ بۇ ئىشلارغا چېتىلىپ قالغانلار قاسىمنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرگەن ھامان پۈشمىنىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي ئىقرار بولىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىقرارى ياكى پاش قىلىشى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر جازالىنىشىغا سەۋەپ بولۇپ، ئاخىرى تۆگىمەس قېيىن-قىستاقلار نەتىجىسىدە بەكلا ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلۈشكە سەۋەپ بولۇپ قالاتتى. ...

قاسىم شۇنچە ئېغىر ئازاپلىنىشلار ئارىسىدا يەنىلا ئۆزىگە ئەسلىمە ئۈچۈن زىھىن چىقىرالايتتى. بۈگۈنمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەك، مىسىر پىرامىدىلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان مومىيالاردەك تېڭىۋېتىلگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ قېلىن داكىغا ئورالغان مېڭىسى يەنىلا شىرىن ئەسلىمىلىرىنى ئەسلەشتىن توختىمىغانىدى.

ئۈنىڭ ئەسلىملىرى يەنە ھېلىقى تۈنجى ۋەقە پەيدا قىلغاندىن كېيىنكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە بولغان كۈنلىرىگە كېتىپ قالغانىدى. ...

شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتا خېلى ئارام تېپىپ قالغان قاسىم، ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدى: 'ياق، ئەسلىدە بىرەر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلماي كېلىۋاتقانىكەنمىز. مانا قارا، مەنمۇ ۋەتىنىمنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىكەنمەن ئەمەسمۇ!'

قاسىم، ھەقىقەتەنمۇ بۇ بىر ئ　　اي ئىچىدە سىرتتا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلىشى ئۈچۈن ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ پەيدا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. ھەتتا بەزى ۋەقەلەر شۇنچىلىك مۇبالىغىلەشتۈرۈپ رىۋايەت قىلىنماقتىكى، گويا بۇ ھەرىكەتلەر ئامېرىكىنىڭ مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى – س ئى ئا تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىۋاتقانلىقى، قايسى بىر پلانىتىدىن كەلگەن بىر خاسىيەتلىك ئادەمنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ بۇ ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ... دېگەندەك رىۋايەتلەرنى خېلى بىلىملىك دەپ قاراشقا بولىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭمۇ ئاغزىدىن ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتكە ئايلانغان بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ گويا تىلسىماتتىن كەلگەن كۆرۈنمەس بىر سۇلايمان قالپاقلىق خىزىر تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ يۈرگەنلەرگە ھەيران قالغۇچىلىقى يوق ئىدى. ... ئەسلىدە بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە، ئۆز كۈچىگە ۋە ئۆز ئىرادىسىگە ئىشەنمەي، ئۇيغۇرلارنى سىرتتىن بىر كۈچ كېلىپ قۇتقۇزۇپ قويىشى شەرت دەيدىغان پاسسىپ قاراشلارغا ئىشەندۈرۈپ كېلىنىۋاتقانلىقىنىڭ باشقىچە بىر ئىپادىسى دىيىشكىمۇ بولاتتى. ... قىسقىسى، قانداقلا بولمىسۇن خەلق ئارىسىدا بىر خىل ئۈمىدۋارلىق ئىزدىنىش شەپىسىنى يوشۇرۇن بولسىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. دېگەندەك، بىر قىسىم كالتا پەملىكلەر ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي تەۋەككۈل قىلىپ نەق مەيداندا بىكاردىن-بىكارغىلا تۇتۇلۇپ قالىدىغان، ياكى بەزى كۆرەڭلەر ئۆزىنى قەھرىمان كۆرسىتىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىپ قۇرۇقتىن-قۇرۇق پو ئېتىپ قويۇپ، بىھۇدە ئۆزىنى بالاغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشلارمۇ

كۆرۈلمەكتە ئىدى.

قاسىم بۇخىل زامانىۋى تۇسكە كەلتۈرۈلگەن رىۋايەتلەر بىلەن يۈز بېرىۋاتقان بەزى سەلبىي ۋەقەلەرنى مۇنداقلا ئاڭلاپ قويغاندەك قىلسىمۇ، بۇ خىل پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ كېتەتتى.

نېمە بولسا بولسۇن، ئۇيغۇر قوزغۇلۇشقا باشلىغانىدى!

قاسىم بۇلاردىن قايتا جاسارەت ئېلىپ، باشلىغان ئىشىنى قەتئىي بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. ئەندى ئۇ، قىلىدىغان يوشۇرۇن زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل پىلانلاش كېرەكلىكى ئۇستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئۇدۇل بېرىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى پەيدا قىلىش ئورنىغا، بۇندىن ئۇ     ۋزۇن يىللار بۇرۇن بارىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يوشۇرۇن پارتلىتىش ئۇسۇلىدىن ئىلھام ئېلىپ، مۇددەتلىك پارتلاتقۇچ مىناسى قويۇشنىڭ يوللىرى ئۇستىدە باش قاتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئۇ ئاۋال بىر قاتار ئاپتوماتىك سىگنال بېرەلەيدىغان ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپ-ئۇسكۇنىلەر ھەققىدە ماتېرىيال ئىزدىنىشكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئۇچۇن يان تېلېفونى، تېلېۋىزور-ئۇنئالغۇلارنىڭ يىراقتىن تېزگىنلەش تۇتقۇچلىرى، ئېلېكترونلۇق چاقماقلار، ھەر خىل ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار، ... بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان، ئەڭ ئەرزان ۋە ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ ئەپلىك دەپ قارىغان ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرىنى نوقتىلىق تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى تاللىۋالدى.

ئۇ دەرھال بېرىپ خىتايلارنىڭ توپ سېتىش بازىرىدىن بىرمۇنچە سودىلىشىپ يۈرۈپ بىراقلا ئون نەچچە دانە ھەر خىل ئېلېكترونلۇق قول سائېتىنى سېتىۋالدى. ئۇلاردىن بىر قانچە خىلىنى چۇۋۇپ كۆردى. بۇ سائەتلەرنىڭ توك يوللىرى، سىگنال سىستېمىلىرى، توك كۈچى، سىرتتىن سىگنالنى كۈچەيتىش چارىلىرى قاتارلىقلار ئۇستىدە نەچچە كىچە ھەپىلەشتى. ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئاپتوماتىك چاقماق، مىكرو لامپۇچكىلار، مىكرو ئاۋاز چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى. تۇگمە باتارېيىلەر تىزمىسى بىلەن توك كۈچىنىشى ۋە توك ئېقىمىنى كۈچەيتىش، سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش، ھەر خىل قىل ۋولفرام سىستېمىلىرىنىڭ يۇرۇغلۇق كۈچىنى سىناق قىلىش، سەرەڭگە بېشى،

ھەر خىل پوجاڭزا دورىسى، پىستان دورىسى، پىلىك دورىسى قاتارلىقلارنىڭ قايسى خىل سائەت قۇرۇلمىلىرىدا، قايسى خىل سىگنال سىستېمىلىرىدا، قايسى خىل ۋە قانچە تال تۈگمە باتارىيە تىزمىسىدا، قانچىلىك توك كۈچىنىشى ئاستىدا، قانچىلىك ۋە قايسى خىل دورىلاردا قايسى دەرىجىدە يېنىشنى پەيدا قىلالايدىغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىرمۇ-بىر زېرىكمەي سىناق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئوقۇغان ئېلېكتروستاتىك ۋە يېرىم ئۆتكەزگۈچ ئەسۋاپلىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ كارغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەمما خىمىيە ساۋادىنىڭ بەكلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ، بۇ جەھەتلەردە قايتىدىن تىرىشىشى لازىملىقىنى ھېس قىلىپ بۇ ھەقتىكى كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە مەخپىي كىرىشىپ كەتتى. ...

قاسىم بۇ جەرياندا، ھېلىقى ئۈلپەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان ئولتۇرۇشلارنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ھەر ھالدا، ھاراق ئىچىشنى يەنە بىر قانچە قېتىم سىناق قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، راستىنلا ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. دوستلىرىمۇ بۇنداق ئەرزان ۋە سېخى ئۈلپەتتىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزلىرى قىيماي، سورۇندىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئاجرىتىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمىدى. دەرۋەقە، قاسىممۇ نۆۋەتتە كەلگەندە مائاشىنى يۇيۇش، قايسى بىرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى، توي قىلغان كۈنىنى، ھەتتا بەزىدە ئامال بولمىغىنىدا ئايالىدىن ئاجراشقان كۈنىنى خاتىرىلەش، ... دېگەندەك باھانىلار بىلەن بولسىمۇ سېخىلىك بىلەن ئۆز ئۆيىدە سورۇن تۈزەشكە تىرىشاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا يەنىلا ھاراق ئىچىش مەقسەت قىلىنغىنىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئارىلاپ ئۇزۇن قۇلاق ئاغىنىلىرىدىن يېڭى خەۋەرلەر، يېڭى مەلۇماتلار، يېڭى تېخنىكىلار، يېڭى ۋەزىيەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. بۇ تۈردىكى ئولتۇرۇشلارنى بىر ھېساپتا قاسىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەردىن، ختاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇشىنىڭ بىردىن-بىر    ئۇچۇر    مەنبەسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئاغىنىلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى كۆپىنچە دەسلەپكى بىر پوتولكىنىڭ تۈگىشىگىچىلا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە ھاراقنىڭ كۈچى ئارىلىشىپ كەتكەچكە، دېگەندەك قىممىتى قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇنچىلىك مەلۇماتلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىباھا ئۇچۇرلار ھېساپلىناتتى.

ئۇ تۈزگەن پىلانلىرىدىن دېگەندەك قايىل بولمىغان بەزى كۈنلىرىدە، بەكلا يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئاغىنىلىرىنىمۇ بۇ ئىشقا جەلىپ قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىپ باقاتتى. قاسىم بۇنداق ئىككىلىنىپ قالغان كۈنلىرىدە ھېلىقى ئىككى كىتاۋىنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئاستا چىقىرىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ قايتىلاپ ئوقۇپ باقاتتى-دە، ئاخىرى ئاغىنىلىرىنى بىر-بىردىن تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ بۇ خىيالدىن يېنىۋالاتتى. ئەمما ئۇ، قىلىۋاتقان بۇ يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى بىرسىلىرىگە دېگىسى كېلىپ قورسىقى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىينىلىپمۇ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇ خەتەرلىك سىرلىرىنى گۆرىگىچە بىرگە ئېلىپ كېتىش توغرىسىدىكى 'ئىزچى مەن' تەلىماتلىرىغا بوي سۇنۇشقا ئۆزىنى مەجبورلايتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سىرىنى ھەر قانچە ئىچى پۇشۇپ كەتسىمۇ دوستلىرىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا ‘غەت قىسىپ سىڭگەن نېنىڭنى يە!’ دېگەندىن باشقىچە بىرەر ئالامەت سىزەلمىگەنىدى. قاسىممۇ بۇ ئولتۇرۇشلاردىن بىخەتەر مەلۇمات ئېلىشتىن نېرىغا ئۆتمەي كېتىۋەردى. دەرۋەقە، بۇ خىل ئولتۇرۇشلار كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا دوستلىرىنى بىر يەرگە توي-تۆكۈنلەرگە چاقىرىدىغان باغاق كەلمەي قالغان كۈنلىرىدە تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئولتۇرۇش قىلىمىز دېگەندەك ئېنىق بىر بەلگىلىمىسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى چاقىرىلغان باشقا ئولتۇرۇشلار بولۇپ قالغىنىدا، قاسىم بويتاق بولغاچقا، ئۆزئارا ئولتۇرۇشلىرىنى ھەپتە ئىچىدىكى خالىغان بىر كۈنىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىشەتتى. بۇ كۈنلەردە، ئولتۇرۇشلار ئاساسەن رېستوران-كۆڭۈل ئېچىش ماكانلىرىغا يۆتكەلگەن بولۇپ، ئۆيدە بولىدىغان ئولتۇرۇشلار ئاساسەن كونا مىجەزلىك چوڭلاردا، مائاشقا قاراپ قالغان ئىشچى-زىيالىيلاردا ياكى يولدىن چىققان ياشلارنىڭ بىشەم تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزىدىغانلار ئارىسىدىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. رەسمىي بولمىغان بۇنداق ئولتۇرۇشلار ئۇنىڭ بويتاقلىقى سەۋەبىدىن ھەمدە بۇ نامرات ئېنجىنېرلارنىڭ يېنىغا يولايدىغان بىرەرمۇ قىز تېپىلمىغىنى ئۈچۈن ئاساسەن يىگانە ئەرلەر ئولتۇرىشى شەكلىدىلا ئۆتكۈزىلەتتى. لېكىن كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، ‘موخوركىچى’ دوستىنىڭ بويتاق قېلىشى بىلەن، سورۇن تۈزەش ئىشى ئاساسەن بۇ ئىككى بويتاقنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ۋەزىپىلىرىدىن ئىككى بويتاقنىڭ ھەر ئىككىسىدىنلا نارازىلىق

ئىپادىسى كۆرۈلۈپ باقمىدى. ھەتتا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، سورۇن تەييارلاش ئىشى ئىككى بويتاق ئارىسىدا يوشۇرۇن قىزغىنلىشنى پەيدا قىلىپ، بىر-بىرىسى بىلەن تالىشىپ سورۇن تۈزەش ھالىتى شەكىللەنگەنىدى. قالغان ئىككىسىنىڭ ئاياللىرى دەسلىۋىدە بۇ خىل ئەرلەر ئولتۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالماي، بىر نەچچە قېتىم ئەرلىرى بىلەن بىرگە سوگدۇشۇپ كېلىپ باققان بولسىمۇ، ئەرلىرىنىڭ شۇنچە تۇتامى يوق گەپلەر بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشلىرىدىن زېرىكىشتى. ئەڭ مۇھىمى، ئەرلىرىدىن كۆڭلى‍شىدىغان بۇ ئاياللار، سورۇندا ئاياللارغا دائىر بىرەر ئېغىز گەپنىڭ بولسىمۇ تىلغا ئېلىنمايدىغانلىقى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاخىرى بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا ئەرلىرىگە ئەگىشىپ كېلىشتىن بىراقلا ۋاز كېچىشكەنىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ‘ئەخلاقلىق ‘ ھاراقكەشلەردىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا ھەۋەسلەنگەنلەردىن بىر قانچە كىشى كېلىپ قاتنىشىپ باققان بولسىمۇ، بۇ يېڭى ئۆلپەتلەر بىر جىنسلىق بۇ ئولتۇرۇشلاردىكى قېلىپلىشىپ كەتكەن ‘تۆت كىشلىك گۇروھ ‘ ئىچىگە سىڭىشىپ بولالماي پاتلا يوقاپ كېتىشكەچكە، ئولتۇرۇش ئەھلى پېشقەدەم تۆت كىشلىك ئۆلپەتلەر ھالىتىنى بۇزماي داۋام قىلىۋەردى.

خەيرىيەت، قاسىم ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا يالغۇز بېشىغا پىلان تۈزۈپ ئ ۆز ئالدىغا كېتىۋېرىشنى توغرا كۆرگەنىدى.

ئۇ، ئاۋال ئېلېكترونلۇق سائەتلەردىن ئەڭ مۇۋاپىق دەپ بىلگەن بىر خىلىنى تاللىغىنىدىن كېيىن، ئىنتايىن بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك پىستان تاللاش ئىشى بىلەن بىر مەزگىل ھەپىلەشتى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئىشەنچلىك بىر شەكىلدە ئوت ئالدۇرالايدىغان ۋاقىت تېزگىنلىك ئېلېكترونلۇق قول سائەت پىستانى تەييارلىيالمىدى. قانداقلا قىلسا پىستان چېقىلماي ياكى بولمىسا كۆچلۈك چېقىلماي تۇرىۋالاتتى. ھەتتا كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا نېمە ئۈچۈندۇر قولسائېتىنىڭ مېڭىسىمۇ توك ئۇلانغان ھامان كاردىن چىقىپ كېتىپ ئاۋارە قىلاتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، ‘خەۋەرچى ‘ دوستى بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا «ئالمۇتىدىن كەلگەن يېڭى پىستان تېخنىكىسى» دېگەن بىر تەشۋىقات ۋارىقىنى ئوقۇپ بەرگىنى قاسىمغا بەكلا چوڭ ياردىمى تەگدى. ئۇنىڭدا، ئېلېكترونلۇق قول سائېتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى بەكلا سەزگۈر بولغاچقا، ۋاقىت توشقاندا پىستان تەرەپكە ئۇلىنىدىغان توك يولىغا كۆچلۈك توك ئېقىمى مېڭىش

ئاربلىغىدا، كۈچلۈك توك كۈچىنىشى سائەت تەرەپكىمۇ كېتىپ قېلىپ، سائەتنىڭ مېڭىسىنى كاردىن چىقىرىپ قويۇپ، ۋاقىت تېزگىنلەش رولىنى ئۈزۈپ قويىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، سائەتنىڭ ئاۋاز ياكى چىراغ سىگنالى ئۈلىنىدىغان پىلوس قۇتۇبى تەرەپكە بىر كىلو ئوملۇق بىر قارشىلىق، ئاندىن بىرمىڭ تۆتيۈز بىر تىپلىق ئىككى قۇتۇپلۇق كرىستال لامپىدىن بىرى ئارقىمۇ-ئارقا ئۈلىنىشى لازىملىقى، ئاندىن كېيىن بۇنىڭدىن چىققان بىر ئۇچىغا يۈز مىكرو فارادلىق بىر كوندېنساتورنىڭ پىلوس قۇتۇپى ئۇلۇنىشى لازىملىقى، بۇ ئارىدا ئىككى قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ باتارىيىگە ئۈلىنىدىغان ئۇچىغا ئۈچ قۇتۇپلۇق ن پ ن شەكىللىك ق بىرمىڭ سەككىزيۈز ئونبەش تىپلىق كىرىستال لامپىنىڭ بېشى ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ پىلوس قۇتۇپىغا ئون ئىككى ۋولتلىق مىكرو تۈگمە باتارىيە تىزمىسىنىڭ پىلوس قۇتۇبى، يەنە بىر ئۇچىغا  پىستانىنىڭ پىلوس سىمى ئۇلىنىشى لازىملىقىنى، پىستانىنىڭ يەنە بىر سىمى بىلەن باتارىيىنىڭ مىنوس سىمىنى، كوندېنساتورنىڭ مىنوس قۇتۇبىنى ۋە سائەتنىڭ سىگنال سىملىرىدىن مىنوس ئۇچىنى نۆل سىمىغە ئۇلاش كېرەكلىكىنى ئۆگۈنىۋالغان بولدى. قاسىم بۇ قۇرۇلمىنى تەييارلاپ بولغىنىدىن كېيىن، پىستان ئورنىغا ھەرخىل ۋاتلىق مىكرولامپۇچكىلارنى قويۇپ سىنىغاندا، قول سائەتنىڭ ۋاقىت تېزگىنلەش تەڭشىگى بۇزۇلماي، توغرىلانغان ۋاقىتلاردا لامپۇچكىنى تولۇق ياندۇرۇشقا بويرۇق بېرەلەيدىغان بولدى. بۇنداق پىستان ئۈچۈن قىلغان سىناقلىرىدا ياپونىيەدە ئىشلەنگەن كاسىيو سائەتلىرىنىڭ بەكلا ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالاتتى. بۇ يەردىكى مەسىلە، باتارىيە سەرپىياتىنى ئازايتىش ئۈچۈن تېخىمۇ سەزگۈر ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك پىستان دورىسى قوللىنىشتىلا قالغانىدى. قاسىمنىڭ تەييارلىغان بۇ ۋاقىت تېزگىنلىگۈچى پىستىنى ئوتتۇز مىنۇت بىلەن يىگىرمە سائەت ئارىلىغىدا، تېخىمۇ بىخەتەر دېگەندە ئون ئىككى سائەت بىلەن بىر سائەت ئارىلىغىدىكى خالىغان ۋاقىتلارغا توغۇرلاش ئىمكانىغا ئىگە ئىدى. قاسىم بۇ يەرگە كەلگىنىدە، ھەپتىلىك ياكى نەچچە ئون كۈنلۈك ۋاقىت تېزگىنلەش ئۈچۈن بۇنداق سائەت پىستىنىنىڭ دېگەندەك ئىشەنچلىك بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن سائەت ئورنىغا مەخسۇس توپلانما توك يولىدىن، يەنى كرېمنىلىق تاق كىرىستال مونىكى سېتىۋېلىشى لازىملىقىنى ھەمدە ھەپتىلەرگىچە خورىمايدىغان پىستان چاقتۇرۇش باتارىيە تىزمىسىنى ياكى يانفونغا ئوخشاشلارنىڭ

باتارىيىسىدىن پايدىلىنىشنى تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇمۇ يىتەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىرچە بىر نەچچە سائەتتىن ئۇزۇن ۋاقىتقا توغرىلىنىدىغان پىستانىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوقتەك قىلاتتى.

قاسىم بۇ ئىشىدىن بەكلا خوشال ئىدى. ئەندىكى ئىشنى رەسمىي پارتلىغۇچ دورىسى تەييارلاشقا مەرگەزلەشتۈردى. قاسىم، بۇ ئىشىدىمۇ بىرمۇنچە ئەگرى-توقاي يوللارنى مېڭىپ، تۈزۈك بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. شۇنچە جاپالار بىلەن بىر قۇتا-بىر قۇتىدىن سەرەڭگە، بىر بولاق-بىر بولاقتىن پوجاڭزا يىغىپ دورىلىرىنى چىقىرىپ سىناق قىلىشلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمايتتى. بىر كۈنلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشى بىلەن كېتىۋاتقىنىدا بىر خىتاينىڭ تاشلىۋەتكەن تاغ پارتلىتىش ماتېرىياللىرىنى ساقلايدىغان كونا ئىسكىلاتىغا ئۇچۇراپ قېلىپ، ئۇيەردىن ئوغۇرلۇقچە كىرىپ بىر سومكا سەل ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ مىقتارىنى كۆپەيتسە يەنىلا كارغا كېلىدىغان رەسمىي ماركىلىق ت ن ت دورىسىدىن تېپىۋالدى. يەنە بىر كۈنلىرى بىر يەردىن بىر قانچە لېتىر د د ۋ زەھىرىدىن ۋاستىلىق يوللار بىلەن سېتىۋالدى. ئەندى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئېلېكتر كاپسول پىستانىلا كام قالغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەسىلىمۇ ھەل قىلىنىغان بولدى: ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن بىر ئىدارىغا بارغىنىدا، ئۇ يەرگە كانچىلىق ماتېرىياللىرىنى ساتقىلى كەلگەن بىر سىچۋەنلىك خىتاي ئۇچىراپ قالدى. ئۇنىڭ سومكىسىدا زاۋۇتتا ئىشلەنگەن بىرمۇنچە ئېلېكترونلۇق كاپسۇللار تۇراتتى. قاسىم باشقا نەرسىلەرگە قارىغان بولۇپ ھېلىقى كاپسۇللاردىن بىر قانچىنى يېڭىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئېلىۋالدى. مانا ئەندى، ئۇنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىنى تەل بولدى دېيىشكە بولاتتى. ئەندىكى ئىش، بۇلارنى ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ چىقىشتىلا قالغانىدى.

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ياسايدىغان بومبىسىنى كونسىرۋا ياكى مىۋە سۇ قۇتىسى شەكلىگە كەلتۈرۈپ ياساش نىيىتىگە كەلدى. دۇكانلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر نەچچە چىرايلىق كاردون مىۋە سۈيى قۇتىسىنى تېپىپ، كېچىچە ھەپىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە د د ۋ بىلەن پارتلىغۇچى دورا-پىستانلارنى پەم بىلەن جايلاشتۇردى. قۇتىنى خۇددى تېخى ئېچىلمىغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ پىچەتلەپ، ئاپتوماتىك ۋاقىت تېزگىنىنى توپ-توغرا ئىككى سائەتتە پارتلايدىغانغا تەڭشىلىدىغان قىلىپ تەييارلاپ قويدى. چۈشكە يېقىن

'مۇھ سۈيى قۇتىسى' نىڭ تەڭشىگىنى ئۇلاپ ئېھتىيات بىلەن سومكىسىغا سېلىپ دەرھال كوچىغا چىقتى. يولدا ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاپتوۋۇزغا چىقىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، يەنە بىر ئاپتوۋۇزغا ئالمىشىپ، ئالدىن كۆرۈپ قويغان بىر نەچچە نۇقتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئاندىن شەھەرنىڭ راسا مىغىلداپ تۇرىدىغان خىتاي بايۋەتچىلىرىنىڭ يىغىلىدىغان يەردىكى كافىخانىدىن بىرنى مۆلچەرلەپ ئاپتوۋۇز ئالماشتى. قىزىقشاندەك، ئۇدۇلىدىكى يول دوقمۇشىدا ئىككى پىكاپ يول ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرى بىلەن سوقۇلۇپ يولنى توسىۋالغانىكەن. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا سائىتىگە قارايتتى. سومكىسىدىكى ئاپەتكە قاراپ مۇزدەك تەرلەشكە باشلىدى: بۇ ئاپەتنى ھەر قانچە ئىشەنچىلىك دېگىنى بىلەنمۇ دەرھاللا پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەتىراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاپتوۋۇز ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا خىتاي تاجاۋۇزچى باندىتلىرىدەك كۆرۈنگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىنىدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، سومكىسىنى ئولتۇرغان ئورۇندۇقىغا قويۇپ سىرتقا قارىغان بولىۋېلىپ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەممىنىڭ كۆزى سىرتتىكى قاتناش ۋەقەسى بولغان تەرەپكە تىكىلگەنلىكى ئۈچۈن، قاسىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھېچكىممۇ دىققەت قىلىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

"ئاكا، سومكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ!"

بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ زىلۋا ئاۋازى ئۇنى چۆچىتىۋەتتى! بۇ قىزنىڭ ياسىنىشى نەقلا خىتاينىڭ ئۆزى ئىدى. قىزنى ئىچىدە مىڭنى قاغىغان قاسىم، يالغان ھىجايغىنىچە كەينىگە يېنىپ قىزغا رەخمەت ئېيتقان بولۇپ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپلا دەرھال ئاپتوۋۇزدىن چۈشىۋالدى. ئۇ ئالاق-جالاق بولۇپ ئەتىراپىغا قاراشقا باشلىدى. سومكىسىدىكى جانىۋارنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قوياتتى. ئۇ، ئىنتايىن پەرىشان بولغان ھالدا سومكىسىنى تاشلىۋەتكىدەك بىرەر بولۇڭ ئاختۇراتتى. بۇ ئارىدا ئۇدۇلىدىكى بىنالارنىڭ ئاستىدىكى ھەشەمەتلىك بىر جيۇبانى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئۆتكەن يىلىسى بىر ئاشنىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرگەنلىگىنى ئەسلەپ ئۇدۇل شۇ بىناغا قاراپ ماڭدى. ئۇ چاغدا، ئاشنىسى بىلەن ئىككىسى بىلمەستىنلا ئىچكەن ئىككى قوشۇق كەلمەيدىغان سېسىق ئىككى رومكا ۋىسكى دېگىنى ئۈچۈن كۆتكۈچى خىتاي قىزى ئۇنىڭدىن ئالەمنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. قاسىم ئۇدۇل كىرىپلا رەڭگارەڭ ھاراقلار تىزىلغان پوكەينىڭ ئالدىغا

بېرىپ بىر ئىستاكان پىۋا بويرۇتۇپ، ئېگىز بىر كۈلدان ـ ئەخلەت چېلەكنىڭ يېنىدىكى دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. كۈتكۈچى خىتاي قىزى كەينىگە ئۆرۈلۈشى بىلەن تەڭلا سومكىسىدىكى ھېلىقى ‘مىۋە سۈيى قۇتىسى’ نى چىقىرىپ ياندىكى شۇ ئەخلەت چېلەكنىڭ مەش ئاغزىدەك ئېچىلىپ تۇرغان يان ئېغىزىدىن ئىچىگە سېلىۋەتتى. ئەتراپىغا قارىغانىدى، نېرىسىدىكى چىرايلىق بىزەلگەن ئايرىم ھۇجرا بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدىن بىرنەچچە ئۇيغۇر قىزىنىڭ ۋىلىقلىغان كۈلكىسى بىلەن بىرنېمىلەر دېيىشكەنلىكىنى تۇيۇپ ھولۇقۇپ كەتتى.

“ئاپلا، ئەندى قانداق قىلىشىم كېرەك؟!”

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تەر باسقان ئىدى. بۇ ئارىدا ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. راست دېگەندەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر ئۇيغۇر قىزى لەلەڭشىپ چىقىپ يەنە بىر سەت خىتايغا يۆلەنگىنىچە قولتۇقلىشىپ كەينى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇ قىز، ھۇجرىدىن بىرگە چىقىپ كەلگەن بەكلا قوپال ھېلىقى خامسېمىز خىتايغا خۇددى دادىسىغا ئېسىلغاندەك چاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەل بۇ ئارىدا سىرتتىن بىرمۇنچە قىز-ئوغۇل خىتاي بايىۋەتچىلىرى كىرىپ بۇ جيۇبانى لىقلا توشقۇزىۋېتىشتى. قاسىمغا پىۋا ئېلىپ كېلىدىغان كۈتكۈچى خىتاي قىزمۇ ئۇنى ئۇنتۇتتى بولغاي ئەتىمالىم، قاسىممۇ ئۇ كۈتكۈچىنىڭ يېڭى كىرگەن خىتايلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نېمە بولساڭ بول دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە، غىپلا قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ دەرھال سائىتىگە قارىدى. مىناسىنىڭ پارتىلىشىغا ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت قالماسلىقى كېرەك ئىدى. كوچىدا قاتناشمۇ جايىغا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ، دەرھال بىر ئاپتوۋۇزغا ئېسىلىپ دېگىدەك چىقىۋېلىپ بۇ يەردىن يىراقلىشىۋالدى. ئۇ، ئۆيىگە بارغىچە قەستەنگە بىرقانچە يولنىڭ ئاپتوۋۇزىغا ئالمىشىپ ئۆزىچە ئىزىنى يوقاتقان بولىۋېلىپ، مىناسىنىڭ سائىتى توغۇرلانغان ۋاقىتقا دەل ئۈلگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىۋالدى-دە، دەرھال كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىرىپ يېتىۋالدى. ...

ئەتىسى ئۇ، كىتاب ئوقۇپ، تاماق ئېتىپ يەپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن كۈننى مىڭ تەستە چۈشتىن كېيىنگە يەتكۈزەلىدى. ئاخىرى ئىچى پۇشۇپ چىدىيالماي، كىيىملىرىنى يوتكەپ قېتىۋالغان قىياپىتى بىلەن سىرتقا چىقتى. يىراقتىن ئاپتوۋۇز ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ ھېلىقى جيۇبانىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان بىر

ئاپتوۋۇز بىلەن نىشانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەرگە كەلگەندە چىرايلىق بىزەلگەن ھېلىقى جىۋبا بار ئالتى قەۋەتلىك بىنادىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتكەن بىر خارابىلىق تاملارلا چوخچۇيۇپ تۇراتتى! پۈتۈن ئەتراپ كۆمۈرلىشىپ كەتكەن ياغاچ-تاش پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەتراپنى ساقچى-ھەربىلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىمنى بىنانىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى. بۇنى كۆرگەن قاسىمنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قورققىنىدىن ئاپتوۋۇزدىن چۈشمەي ئايلىنىپ ئاپتوۋۇز ئالماشتۇرۇپ يۈردى. مىڭ تەستە ئۆيىگە كېلىۋېلىپ، ئۇ يەرگە نېمىشقا بارغاندىمەن دەپ ئۆزىنى كايىپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ھېلىغىچە جايىغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئولتۇرۇپ بىر قانچە تال تاماكا چېكىپ سەل ئورنىغا چۈشكەندەك قىلدى. ھەرھالدا، بۇ قېتىم ئۇ، تۇنجى قېتىمقىسىدەك ئۇنچىلىك پەرىشان بولۇپ كەتمىدى. بۇ قېتىمقىسىدا ئۇنىڭ ئەنسىزلىگىنى بېسىشقا بىرقانچە تال تاماكا يەتكەندەك قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ يەنە ئۆتكەندىكىسىگە ئوخشاش تۇيۇقسىزلا ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى. دېمەك يەنە ھېلىقى ئاغىنىلىرى كەلگەن بولىشى كېرەك ئىدى. بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، چىرايلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئاغىنىلىرى بىر-بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشكتىن كىرە-كىرمەيلا ئالدىكىملەرنى قارغاپ تىللىشىپ يانلىرىدىن بىرەر پوتولكىدىن داچۈي چىقىرىپ جوزىغا يىغىلىشتى.

"قاسىم ئاداش، بۈگۈن بىز ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن ئىچىمىز، ــ 'ساقى' جوزىغا تىكلەنگەن پوتولكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپلا ئاچتى. بىر قانچە رومكا ئالغۇزۇپ ھاراق قۇيدى. ــ سەنمۇ تۇلا بەك ئاۋارە بولما، مۇسىبەت ئۈچۈن ھاراقنى ئاچچىق ئىچىمىز! شۇڭا قۇرۇق چاي دەملىسەڭلا يېتىدۇ. سەي-پەي قوۋرىمەن دەپ ۋاقتنى زايا قىلماي كېلىپ ئولتۇر، گېپىمىزنى ئاڭلا، تايىنلىق بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا ھېچنېمە بىلمەس بولىۋالارسەن! ــ قاسىم ئاغىنىلىرىنىڭ پەيلىگە قاراپ نېمىگە بۇنچىلىك خاپا بولۇشقانلىغىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. 'ساقى' گەپ باشلىغاچ، ئالدىدىكى رومكىلارنى ئاغىنىلىرىگە تارقاتتى، ــ بۇ قېتىم ئۇلار بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەر قانچە قىلىشسىمۇ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بار-يوقلىقىغا قاراۋىراق ئىش قىلىشمامدۇ! ۋاپات بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك داڭلىق كىشلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى دەڭلا! ... بىچارە نازىرىمىزنىڭ بېشىغا

كەلگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتنى دىمەمدىغان! ئۇ نازىر باشقا چوڭ كادىرلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ غۇرۇرلىغى ئىدى. مانا ئەندى مىللەت غېمىنى قىلىشىپ بېرەلەيدىغانغىمۇ ئەمەلدار تېپىلمايدىغان بولدى! ۋاي دەپ قويساق بۇ 'ئايپالتا' چىلارمۇ چېكىدىن ئاشقىلى تۇردى!" ـ 'ساقى' غەزەپتىن پۈرلىشىپ كەتكەن چىرايىنى 'غۇرت' قىلىپ يۇتىۋەتكەن ئاچچىق هاراق بىلەن تېخىمۇ پاجىئەلىك بىر هالغا كەلتۈردى. قاسىممۇ گەپنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندەك بولدى. تۈرمىلەردە، يېزا-قىشلاقلاردا بىگۇناھ قىينىلىپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان بىچارە خەلقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن قاسىم: 'خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا يوقۇرى دەرىجىلىك كادىر بولۇپ ئىشلەپ بېرىۋاتقان قورچاقلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جېنى ئادەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭكىدىن قىممەتلىك ئوخشىمامدۇ بۇلارنىڭ دېيىشىچە؟' دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

"قالغانلارنىڭ ئائىلىسىنى دىمەمسىلەر، ـ دېدىدى 'خەۋەرچى ' مۇ گەپ قىستۇرۇپ، ـ كۆيۈپ ۋاپات بولغانلارنىڭ بىرسى داڭلىق بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىسى، يەنە بىرسىمۇ خېلى مويسىپىت خەلپەم مىجەزلىك بىر ئائىلىنىڭ بالىلىرى دېيىشىدۇ. هەي بىچارىلار!"

"ئۇ دېگىنىڭ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى پەلسەپە مۇئەللىمىمنىڭ قىزى ئىدى. ـ دەپ ماتەم قىياپىتى بىلەن گەپكە قىسىلدى 'موخوركىچى' يانچۇقىدىن گېزىت پارچىسىنى چىقىرىپ تۈزلىگەچ، ـ ئۇ مۇئەللىم دەرسنى بەكلا ياخشى سۆزلەيتتى." ـ ئۇنىڭ موخوركا يۆگەۋاتقان قوللىرى هاياجاندىن تىنىماي تىترەيتتى.

"ئۇچىغىراق سۆزلىسەڭلارچۇ. يەنە نېمە ۋەقەنى تېپىپ كېرىشتىڭلار؟" ـ دېدى قاسىم ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىراپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۇغان قۇرساق خىتاي بايىۋەتچىسى بىلەن چىرمىشىپ كېتىۋاتقان هېلىقى سەتەڭ قىز قايتا نامايان بولغاندەك قىلدى. شۇلار بىزنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىمىزنىڭ بالىلىرىمىدۇ؟ دەپ هەيران بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ داڭلىق كىشىلىرىمىز دېگەنلەرمۇ خەلقىمىزنى خىتايغا قۇل قىلىشنىڭ سىياسىي، كەسپىي ۋە پەلسەپەۋىي ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئويناپ كېلىۋاتقان 'داڭلىق كىشىلىرىمىز' نىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى ئىدى.

"هوي، سەن بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە قايسى قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىسەن؟ ـ دېدى 'خەۋەرچى ' ئەجەپلىنىپ، ـ پۈتۈن شەهەرگە پۇر كەتكەن تۈنۈگۈنكى

پارتلاشتىن خەۋىرىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ تۈنۈگۈن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئالى رېستورانىدا مىنا پارتلىغانىكەن. نەق مەيداندا يىگىرمىگە يېقىن ئادەم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇختۇڭمۇ ئەندى؟ شۇلارنىڭ ئىچىدە بايا ساقىمىز گېپىنى قىلىۋاتقان داڭلىق ئۈچ كىشىمىزنىڭ قىزلىرىمۇ كۆيۈپ كۆمۈرلىشىپ كەتكەن گەپ!"

"ھېلىمۇ ياخشى شەنبە كۈنى بولغاچقا، ئۈستۈن قەۋەتتىكى شىركەتلەر دەم ئېلىش قىلغانىكەن. بولمىسا يەنە قانچىلىغان ئادەم ئۆلەر بولغىيدىكىن!"

"ئەتە ئۇ قىزلارنىڭ تاۋۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىشىدىكەن خەلق."

"كىمگە قارشى؟"

"... ...؟"

بۇ قېتىم ئاغىنىلەر ھاراقنى جىق ئىچىشەلمىدى. ھەممىسلا بۇ نامەلۇم يوشۇرۇن ھەرىكەتچىلەرنى قارىلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ 'مۇسىبەتلىك' قايغۇلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. بىر يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىنى شېھىتلىكتىن كىرىپلا ھاراق ئىچىشىدىكەن دەپ شاڭخو قىلىشىدىغان بۇ ئاغىنىلەرمۇ مانا بۈگۈن مىيىت نامىزىغا ھاراق ئىچىپ ئۇ قىزلارنىڭ ھاراقنى سۆيگەن ئادىتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشماقتا ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئولتۇرۇش يىغىشتۇرۇلۇپ، كوچىدا بۇ ھەقتە يەنە نېمە يېڭى خەۋەرلەر چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ خەۋەر ئۇقۇشقا كېلىشتى. ...

بۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە جەمئىيەتتە ھەر خىل غەلىتە سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان يەرلىكلەرلا ئەمەس، ھەتتا تىجارەتچى-باققاللارمۇ بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەشمەكتە ئىدى. بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدىن، ھۆكۈمەتكە قاتىلنى تۇتۇپ بېرىشلىرى توغرىسىدا مۇراجەتنامە يېزىپ ئىمزا قويدۇرۇپ يۈرگەنلىگى، مېچىتلەردىمۇ بۇ خىل قاراملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللانغۇچىلارنى 'دوۋزىخى' دەپ پەتۋا بېرىشلەر ئەۋجەپ كەتكەنىدى. ھەتتا مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئۈچ قىزنىڭ جەسەت كۈلى بولغانلىغىمۇ نامەلۇم بىر خالتا كۈلنى تاۋۇتقا سېلىپ، ئالدىغا بۇ قىزلارنىڭ چوڭايتىلغان شوخ رەسىملىرىنى ئېسىشىپ چوڭ مېچىتتە مىيىت نامىزىنى چۈشەرگەندىن كېيىن،

قەۋرىستانلىقتا بارماي كوچىلاردا بىر مۇنچە ۋاقىت نامايىش قىلىپ ئايلىنىپ قاتىللارغا لەنەتلەر ياغدۇرۇشتى. بىر قىسىم سودىگەرلىرىمىز مىيتنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ تۇتام-تۇتاملاپ پۇل 'ئىئانە' قىلىپمۇ كېلىشمەكتە ئىدى. ...

بۇ كۈنلەردە 'ئايپالتا قوشۇنى' مۇ يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشىپ بۇ ۋەقەنى پەيدا قىلغانلارنى 'ئادەم قېلىپىدىن چىققانلىق، جاللاتلىق، دۈشمەنگە ياردەم قىلغان خائىنلىق، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق، ...' دېگەندەك مەزمۇنلاردا باياناتلار ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

يەنە بەزى ئىچكى ماتېرىياللاردا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ۋەقە يۈزبەرگەن خارابىلىقنى ختاي مەركەزىي ھۆكۈمىتى ئالاھىدە لېنتىغا ئالغۇزۇپ نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىغا تارقىتىپ بەرگەنمىش. «ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا ئاۋازى» قاتارلىق رادىولارمۇ كەينى-كەينىدىن مەخسۇس ئاڭلىتىشلار بېرىپ بۇ ۋەقە توغرىسىدا 'مەلۇمات بەرگۈچىلەرنى، دېموكراتىك ختاي ۋەكىللىرىنى، ھەتتا چەتئەللەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ سۆھبەتلىشىش پروگراممىلىرىغا تەكلىپ قىلىپ پىكىر ئالغان نەق مەيدان ئاڭلىتىشلىرىنى بەرگەن. رۇشەنكى، ختاي دېموكراتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۇيغۇر ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يولنى ئۆزگەرتىپ تېررورلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ بولغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىشقان؛ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ سەرگەردان رەھبەرلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي داۋاسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىغى ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي بوي سۇنغان ھالدا تەشكىللىك ۋە تېنچلىقچى بىر يولدا غەلىبىلىك كېتىۋاتقانلىغىنى، ئەمما بۇ خىلدىكى ئادەم قېلىپىدىن چىقىدىغان ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي شەخسى دۈشمەنلىشىش ياكى شەخسى غەرەزلىرىنى مەقسەت قىلىشقان لۈكچەكلەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىغىنى دۇنيا جامائېتىگە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تىرىشقان. ئەگەر ختاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسا ئىدى، ۋەتەن ئىچىدە بۇ خىل لۈكچەكلەرگە ھەرگىزمۇ پۇرسەت قالدۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىغىنى ئالاھىدە قەيت قىلىشقان. بۇنىڭغا قوشۇلۇپلا ختاي مۇھاجىرلىرى ئىمزا يىغىشىپ

ئامېرىكا مەركەزى ئاخبارات ئىدارىسى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى، ئىسرائىل موسساتى، ئەنگىلىيە ساس تەشكىلاتى، تۈركىيە مىت ئىشپىيونلىرى قاتارلىق داڭلىق جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ دېلونى پاش قىلىشتا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىگى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ رازىۋېتكا قىلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش مۇراجىتى ئېلان قىلىشقان. ...

قاسىمنىڭ قارىشىچە ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ جىددى تۈسكە كىرمەكتە ئىدى. ئۇ يەنە باشقىلاتىن ئۈمىدسىزلىك، ئەنسىزلىك پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەنسىزلىكى پسىخولوگىيىلىك مەنبەدىن كەلگەن بولماي، 'ئىزچى مەن' پىكىرلىرىنىڭ رەت قىلىنىشنى مەنبە قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بىر ھازا ئويلانغىنىدىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىدە بار بولغان يوشۇرۇن ۋەھىمە ھەرىكىتىگە ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بىر كونا تاشلاندۇق قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. ھېلىقى ئىككى كىتابنىمۇ بىرگە تاشلىۋەتمەكچى بولدى-يۇ، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇلارنى ھازىرچە ئىدارىسىگە ئاپىرىپ ئۆزىلا بىلىدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتابلار قاسىمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ يامان كۆرۈپ قەتئىي تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك ۋە يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئەتىۋارلىنىپ جاندىن ئېزىزلىنىدىغان تۈپتىن قارمۇ قارشى قارارلارنى چىقىرىشقا سەۋەپ بولغان مۇھىم كىتابلارغا ئۆيلىنىپ قالدى. ‘ھېلىقى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ كىتابلارنىڭ بىرسىنى كۆيدۈرىۋېتىش قارارىنى ئېلىپ نەچچە مىڭ نۇسخىسىنى بىراقلا مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈپ
تۈگەتكەنلىگىنىڭ سەۋەبى مۇشۇلار بولسا كېرەك؟ ’ دەپ ئويلاپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. قىسقىسى، قاسىم ئۆيىدە قىلغان ئىشلىرىغا دائىر قىلچىلىكمۇ يىپ ئۇچى قالدۇرمىغانىدى.

بۇ كۈنلەردە، شەھەر ئىچىمۇ پەۋقۇلئاددە جىددى تۈسكە كىرگەنىدى. كوچىلاردا دوخمۇش-دوخمۇشتا ساقچى-ھەربىلەر قۇراللىق مىغىلداپ يۈرىشەتتى. ئۇچۇرىغانلا يەرلىك كىشىلەرنى كۈچىدىلا توختىتىۋېلىپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇش؛ ئاپتوۋۇزلار، تاكسىلار، بولكىۋايلار باھانە كۆرسىتىشىپ بولسىمۇ ئۇيغۇر يولۇۋچىلىرىنى ئالماسلىق؛ ھەتتا بىر قىسىم دۇكان-بازارلارغا يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىرىشى ئاشكارە ھالدا قاتتىق چەكلىنىش ياكى ئەخلاقسىزلارچە

يالغاچلاپ ئاختۇرۇشلار ئەۋجەپ كېتىۋاتاتتى. مىللىي باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىر ھەپتىدەك ئوقۇشتىن توختىتىلدى. ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىشى قەتئىي مەنئى قىلىندى. ... ھەر قايسى جايلاردا بىرەر يۈز مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە تۇڭگان قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان كىشىلەر رەسمى گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلدى. شەھەرلەردە، يېزا-قىشلاقلاردا قالايماقان ئۆي ئاختۇرۇشلار، سەۋەپسىز مۇسادىرىلەر، كېچىلەردە تۇيۇقسىز نوپۇس تەكشۈرۈشلەر، يوشۇرۇن تۇتقۇنلار ئەۋجەپ كەتتى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئىدارە، جەمئىيەت، شىركەت، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە خىتاي ئىگىلىكلىرىدىكى يېڭى قوبۇل قىلىنغان يەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن توختۇتۇپ تۇرۇش، ئىشتىن قوغلاشلارغىچە بېرىپ يەتتى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال دېگەن باھانە بىلەن شۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ-تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىدىغان يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلار پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىغى ئاشكارە ئېلان قىلىندى. ... قاسىم، بىر قانچە مۇھىم شەھەر يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈن جىددى ھەربىي ھالەت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىر مەزگىل توختىتىلىپ، ئىدىيىنى توغرىلاش، مەسىلە پاش قىلىش ياكى مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەندەك ۋاقتلىق پاش قىلىش ئۆگىنىش كورۇسلىرىغا قاماپ قويۇلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى. ئىككىنچى ھەپتىدىن باشلاپ بىر قىسىم چەكلىمىلەر ئاستا-ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندەك قىلسىمۇ، بۇنىڭدىن يەرلىك مىللەتلەرگە نېسىۋە يوق دېگىدەك ئىدى. جەمئىيەتتە غۇل-غۇلا ھەممىلا يەرنى قاپلىغان بولۇپ، بەزى چەكلىمىلەردىن يەرلىك كادىرلارلا ئەمەس بەلكى خىتاي كادىرلىرىنىڭمۇ نارازى بولۇشقا باشلىغانلىغى سېزىلمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر ئايغىچە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالمىغان نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا يەرلىك مىللەتتىن بولغانلارنى ئىش توختۇتۇپ جىددى سىياسىي ئۆگىنىش كورۇسلىرىغا يىغىۋالغانىدى. ... نۇرغۇن يەرلىك مىللەت كىشىلىرى گويا بۇ تۈردىكى ۋەقەلەرنى بىر ئۈچۈم 'يامان نىيەت ' تىكىلەر لا ئەمەس، بەلكى بارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بارلىق يەرلىك مىللىي خادىملار جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىپ تېپىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بولىدىغانلىقى خىتايلار تەرىپىدىن ئۈچۈق دېگىدەك ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلغانىدى. يەنى، خىتايلارغا تەھدىت بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ

مەنبەسى يەرلىك مىللەتلەر، خىتاينىڭ يەرلىكلەر بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىق نۇقتىسى يوق دەيدىغان ئومۇمىي ئۇقۇم رەسمىي ئاشكارىلىنىپ، يەرلىكلەرنىڭ خىتايغا يات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى ھەممە يەرلىكنىڭ ئويلىنىشىغا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەتتا خىتاي بولمىغان باشقا بارلىق يەرلىك مىللەت كىشىلىرىگىچە ئۆزلىرىنىڭ خار ۋە قۇل مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇشقا باشلىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. كۈننىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ رېستوران ۋەقەسىنىڭ پاجىئەلىرى تەدرىجى ئۇنتۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق ئۈندۈرمىلىرى بارغانسېرى كۈچلۈك ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە خىتايغا قاچىدىغانلارنىڭ ھەر قايسى پويىز بېكەتلىرىدىكى تىقما-تىقمىلىقى ھەيران قالغىلى بولمايدىغان ئادەتتىكىچە ئەھۋالغا ئايلىنىپ، قىلچىلىك پۇرسىتى بولغانلىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىت سېلىشلىرىغا پەرۋا قىلىشماي خوتۇن-بالىلىرىنى، قېرى-چۆرىلىرىنى ۋەتىنىگە يولغا سېلىۋېتىشنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ھەر قايسى شەھەرلەردە مىغىلداپ كەتكەن خىتاي مالچىلىرى، يايمىچىلىرى، باققاللىرى، كۆكتاتچىلىرى، ياماقچىلىرى، مەدىكارلىرى، ... خۇددى يەر يېرىلىپ كىرىپ كەتكەندەكلا غايىپ بولۇشقاندى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىككىنچى ئېيىغا كىرە-كىرمەيلا بىر قىسىم ئاساسلىق يېمەكلىكلەر نوپۇس دەپتىرىگە قاراپ ئۆلچەملىك تارقىتىلىشلارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شەھەرلەردە ئېلېكتر، سۇ ۋە گاز قاتارلىقلارنىڭ ئۈزۈلۈپ تۇرۇشلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە ئارتىپ كېتىۋاتاتتى. بەزى مۆلچەرلىگۈچىلەرنىڭ پەرەزلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ كامىدا بىرەر مىليونغا يېقىن خىتاي تاجاۋۇزچىسى دۆلىتىگە قېچىپ كەتكەنمىش! خىتايدىن كېلىدىغان ۋاگونلارمۇ ئاساسەن بوشاپلا كەتكەنمىش.

ئۆتكەن بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرغان خىلىۋەت كوچىلاردىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بۇنچە ئېغىر ئالاقزادە قىلالمىغان بولسا، بۇ قېتىمقى رېستوران پارتلىتىش ۋەقەسى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇلار بۇ ۋەقەنىڭ جىنايەتچىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق داۋراڭ پەيدا قىلىۋەتكەنلىكىدىنمىكىن، ئۆتكەنكى ئۇششاق-چۈشەك ۋەھىمىلىك

ۋەقەلەردىن تولا بەك تەسرلەنمىگەن بىرمۇنچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىمۇ ئىغىر پاراكەندە قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا، ھەر قايسى پويىز ئىستانسىلىرىلا تىقمۇ-تىقما بولۇپ كېتىش بىلەنلا قالماي، يەنە يول بويىدىكى بارلىق بېكەتلەرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دائىملىق قونالغۇ ماكانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.
قېچىۋاتقان خىتايلار، يولۇۋچىلار پويىزىغا بىلەت ئالالمىغانلىرىدا ياكى پويىزغا چىقالمىغانلىرىدا يۈك پويىز ۋاگونلىرىغا بولسىمۇ ئېسىلىپ قېچىشقا كىرىشكەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تېخى يېڭىلا مەبلەغ سېلىپ ئىش باشلىشىۋاتقان خىتاي بايىۋەتچىلىرىدىن تارتىپ خېلى كونىراپ قالغانلىرىغىچە مال-مۈلكىنى زىيىنىغا سېتىپ، ھەتتا تاشلاپ قاچىدىغانلار مۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. ...
قاسىم، بۇ كۆنلەردە ئالاھىدە تەكشۈرۈشلەرگە دۈچ كەلمىگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۈرەتتى. ئۇ، دەسلىۋىدە كۆچىدىكى نارازىلىق شاماللىرىغا قاراپ قىلغان ئىشىنىڭ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە باشلىغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يوقۇرقىدەك ھادىسىلەرنى كۆزەتكەنسىرى، قايتىدىن جاسارەتلىنىشكە باشلىدى. ھەتتا بەزىدە تاشلىۋەتكەن قۇراللىرى ئۈچۈن پۇشمانمۇ قىلىپ قۇياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى ئىككى كىتاۋنى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان يوشۇرۇن بىر يەرگە تىقىۋەتكەنىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىچە خوشال بولۇپ قالدى. ئۇ، شۇ بىر قېتىملىق پارتلىتىش ۋەقەسىنىڭ بۇنچە زور پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا شۇنچە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە سەۋەپ بولالايدىغانلىغىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. مانا ئەندى، بۇ سەۋەپتىن پاش قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسىمۇ قەتئىي پۇشمان قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىپ بولغانىدى.
جەمئىيەتتىكى پاسسىپ غۇل-غۇلىلارمۇ تەدرىجى نارازىلىق تۈسىگە ئۆزگىرىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان نەپرەتلىنىشلەر كۈنسايىن ئارتىپ بارماقتا ئىدى. ھەتتا شۇ رېستۇران پارتلىتىشنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشقان 'ئاپپالتا قوشۇنى ' دىكىلەرمۇ ئۆتكەندىكى تەنقىتلىرىدىن قىلچە ئېغىز ئېچىشماي، باشقىلاتىن خەلقنى جاسارەتلەندۈرىدىغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى يوشۇرۇن تارقىتىشقا جىددى كىرىشمەكتە ئىدى. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمىغانىدى: يەنە قانداقتۇ 'قۇزغۇنلار قوشۇنى '، 'نەۋرىلەر تاپىدۇ بۇ ئىزنى قوشۇنى '، ... دېگەندەك

ناملاردىكى يېگىنچە يوشۇرۇن قوشۇنلارمۇ ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەشۋىقاتلارنى ئۈيغۇرچە ياكى خىتايچە قىلىپ تارقىتىشقا كىرىشكەنىدى. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇ قېتىملىق رېستۇران پارتلىتىش ۋەقەسىنى مەدىھىلىشىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدىغان يوشۇرۇن ۋاراقلارمۇ تارقىلىپ يۈرىدىغان بولدى. ئاخىرى بىر كۈنلىرىگە كېلىپ، شۇ قېتىملىق ۋەقەنى 'بىز پەيدا قىلدۇق' دەپلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان باياناتلارنى ئېلان قىلغان ‘ئالجاگدي بومبا قوشۇنى ’ دېگەندەك غەلىتى ئىسىملارنى قويىۋالغان قوشۇنلارنىڭ يوشۇرۇن ۋاراقلىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى! بۇلارغا قوشۇلۇپ يەنە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئارقا كوچىلاردا، خىتاي ئۆيلىرىدە، ئىشخانىلىرىدا ئوت كېتىش، پارتلاپ كېتىش ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بوغۇزلىۋېتىدىغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى.

ۋەزىيەت قايتىدىن جانلانماقتا ئىدى. ...

تۇرمە كامېرىدا مومىيالانغاندەك تېڭىشۋېتىلگەن قاسىم، بىر-ئىككى ھەپتىدىن بۇيان سوئال-سوراقسىز تاشلىۋېتىلدى. ئارىلاپ بىر خىتاي سېستىرا كىرىپ قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى قانغا بويالغان قېتىپ كەتكەن داكىلارنى دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى سويغاندەك تاراخشىتىپ سويىۋېتىپ، قايتىدىن قىپقىزىل قانغا بويالغان بەدىنىنى مومىيالىۋېتىپ چىقىپ كېتەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ قېلىن تېڭىشۋېتىلگەن بېشىدا مېڭىسى كونا ئەسلىمىلىرى ئۆچۈن داگىلىق سائەتلەردەك توختىماي ئىشلەشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ...

تۆتىنجى باب

# ھەربىي ھالەتتىكى شەھەردە

— دادا، دادا، بۈگۈن پالانى كوچىدا يەنە بىر خىتاينىڭ بېشىنى ...
— ئاغزىڭنى يۇم، بالا تەككۈر!
— بىر ئاتا-بالا دىئالوگىدىن

كامېردىكى قاسىم، سۇئال-سوراقسىز ياتقىنىغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بەدىنىدىكى جاراھەتلەر ئاستا-ئاستا قېتىشىپ، بېلىنىڭ ئۈستىدىكى داكىلارمۇ سۆكۈلۈۋېتىلگەن، پەقەت بېشىغا تېڭىلغان داكىسى بىلەن پۇتىغا ئېلىنغان گىپسلا قالغانىدى. شۇڭا قاسىم كامېر ئىچىدە سۆرۈلۈپ ماڭالىغىدەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ گويا بۇ كۈنلەردە ئۆلۈمنى كۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەسلىملىرىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزىۋېلىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. قاسىمغا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىۋېلىش نېمىشقا شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىش قىلىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىۋېلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ لەززەتلىك بىر پائالىيەت بولۇپ بىلىنمەكتە ئىدى، خالاس.

‘تۇۋۇۋا خۇدايىم، ئەسلىملىرىڭىمۇ ئادەمگە شۇنچە لەززەت بېرەلەيدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن’ دەپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ئۇ. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەسلەش پائالىيەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەرىكەتلىك ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇ، ئەسلىملەر لېنتىسىدىن تېز-تېز كۆرۈنۈپ ئۆتىۋاتقان يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەت بىلەن ئەسلەشكە مەجبۇر ئىدى: ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بىر-بىرسىنى چىرايلىق سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق چۈشىنىشمەيدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە دەخىل-تەئەررۇز قىلىشتىن نومۇس قىلىشمايدىغاندۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا خىتايلار ياپونلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە قانداق غەزەپلەنگەنلىكىنى، ئۇلارنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپالارنى تارتقانلىقلىرىنى نېمە

ئۈچۈن ئۇنتۇپ قېلىشىدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا بىز ئۇيغۇرلارنى خىتاي دۆلىتىنى تارىختىكى موڭغۇل ياكى مانجۇلاردەك بېسىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ خاتا ئويلاپ قالمىغاندۇ؟ بۇنداق ناھەقچىلىكنى نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بىزگە راۋا كۆرۈشىدىغاندۇ؟ باشقىلارنىڭ يۇرتىنى بېسىۋېلىشنىڭ قانچىلىك ناھەق بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشماي، تارىختىكى ھۇن-تۈرك، موڭغۇل-مانجۇلاردىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىق ئاجىزلىق پسىخولوگىيىسىنىڭ ئېيۋىنى يۇشۇرۇشنىڭ تەتۈر چارىسى بولغان ۋەھشىلىك، تاجاۋۇزچىلىقنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىشقان بۇ خىتاي مىللىتى بىزنى بۇنداق قانلىق ھەرىكەتلەرگە نېمە ئۈچۈن مەجبۇر قىلىشىدىغاندۇ؟ ياكى ياخشى ئىشلىتىشنى بىلەلمەيۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىنى كۈچلۈك مىللەتلەر ئىگەللىۋېلىشى كېرەك دەيدىغان بىرەر يوشۇرۇن دۇنيا قانۇنى بارمىدۇ-يا؟ ... قاسىم ئىلاجىسىز قىلىۋاتقان ۋەھىمىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋېتىنى كۆرگىنىدە ھېچقاچان قىلغان ئىشىنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلىپ باققان ئەمەس. ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن دەرھال شەرتسىز چىقىپ كېتىشنى قوبۇل قىلىشسا ئىدى، بۇ خىل رەھىمسىز تەدبىر قوللىنىشنى ھەرگىزمۇ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان بولار ئىدى! ئۇنىڭ بۇ ھەسرىتى ھەرگىزمۇ بۇ ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشغا مەجبۇر قېلىشنى ھېس قىلغان كۈنلىرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ قالماي، بۇنداق ئىشلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ۋاقىتلاردىلا شۇنداق ئويلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ خىل خىياللاردا بولۇپ قېلىشنىمۇ ئېغىر ئىنسانلىق ئەيىۋى دەپ تونىغاچقا، مىللىي ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ باشقا تېنىچ ھەرىكەت قىلىش چارىلىرىنى ئىزدىنىشكە ياكى خىتايلارنىڭ ئەقلىنى تېپىۋالىدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە بېغىشلاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. مانا ئەندى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قاسىمنىڭ ۋەتىنىنى بىزنىڭ يېرىمىز، ئۇيغۇرلار بۇ ۋەتەنگە سىرتتىن كېيىن كېلىپ قالغان دېيىش بىلەنلا قالماي، بۇ تۇپراقلارغا ئون مىليونلاپ خىتاي كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئەسلى بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرىگە قىلچىلىكمۇ ھاياتلىق ئىمكانلىرىنى قويماسلىقى ئۇنىڭ تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزگەنىدى. ئەندى خىتايلارنىڭ يۇمشاپ قېلىشىنى خامخىيال قىلىدىغان بۇنداق ئۇتوپىيىلىك، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىياللارغا ئىشىنىپ كېتىۋەرگىلى بولمايتتى. بۈگۈن بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولىدىغان ئىمكانلارمۇ ئاللا بۇرۇنلا تۈگىتىۋېتىلگەنىدى.

شۇڭا ئۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن پۇشمان قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيۋاتقىنى، ۋەتىنىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى ئۆزىنىڭ بولمىغان بۇ يات ۋەتەن تۇپراقلىرىدا نىمە ئۈچۈن شۇنچە جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ تۇرىۋالغانلىقى ئىدى: "بۇ خىتايلار نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بولمىغان بىر ئەلگە شۇنچە جاھىللىق بىلەن مىخلىنىپ تۇرىۋالدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئوخشاش خىتاي شەھەرلىرىنى تولۇق ئىگەللىۋېلىپ، بارلىق سىياسىي، ئىختىسادىي، ھەربىي كۈچ ئامىللىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئىشلەتكىنىدە، بارلىق خىتاي شەھەرلىرىنى ئۇيغۇرلار بىلەنلا تولدۇرىۋېتىپ، خىتايلارنى نامرات دېھقان ھالىتىدە تاشلاپ قويغىنىدا بۇ خىتايلار بىزگە قانداق قارىغان بولار ئىدى؟ ..." ئۇ، بۇ سوئاللارنى پات-پاتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ، جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ، دۆلىتىگە كەتكىلى ئۇنىماي بىكاردىن-بىكارغا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتقان كۆچمەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئېغىر پاراكەندىچىلىك ئىچىدە خانىۋەيران بولۇپ قېچىشىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلار كەلگىنىدىلىرىنىڭ تارتىۋاتقان بىھۇدە جاپالىرىغا قاراپ ئۇلارغا ئىنسانىي ئىچ ئاغرىتىپ قوياتتى. ھەر نىمە دېگەن بىلەن، ئۇمۇ ئىنسان ئەۋلادىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىرسى- دە!

ئامال قانچە؟ بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ تەبىئىي ھەققانىي ئارزۇلىرىمىزنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، خەلقىمىزنى ئانا ۋەتىنىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىشكە شۇنچە ۋەھشىلىك بىلەن تىركىشىپ تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ بۇ خىل يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ، ۋەتىنىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرىۋېلىشنىڭ شارائىتىنى يارىتىشقا ھۇل سېلىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى.

"ئامال يوق ــ دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، ــ بۇ ئىشمنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبورمەن. مەن ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەتەنىنىڭ مېنىڭ ۋەتىنىم ئىكەنلىكىنى، بۇ ۋەتەننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرۇپ ئالمىغىچە ئادەمدەك ياشاش ئىمكانىمىزنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا ۋە دۇنياغا ئۇختۇرالسامىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ۋەھىمىگە قېلىش ھالىتىنى مەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىنىۋالسۇن!"

قولغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدىكى قاسىم، ھەقىقەتەنمۇ نەچچە يىل بۇرۇن تۇنجى ھەرىكەت باشلىغان ۋاقىتلىرىدىكى قاسىم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خاراكتېرى تۈپتىن ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىملىق پاجىئەلىك خىتاي قورقۇتۇش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئەتىراپىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىنىڭ پاراكەندە بولۇپ قېچىشىغا سەۋەپ بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىرى، بۇ ھەرىكىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرۈشىنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش يولىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان بىردىن-بىر ھەرىكەت يولى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچى شۇنچە ئارتىپ بارماقتا ئىدى. قاسىم بىر قانچە قېتىملىق يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قورقۇش، يىرگىنىش، ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى بارغانسېرى ئازىيىپلا قالماستىن، ھەتتا كېيىنكى يىللارغا كەلگىنىدە جاللات خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۈچەي-باغرىنى بۆسۈۋېتىپ، يوللارغا سۆرىۋەتكەن، ئارىلاپ بەزىلىرىنىڭ قول-پۇتلىرىنى، باش-قۇلاقلىرىنى كېسىۋېلىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى كۆپ يەرلەرگە تاشلاپ قويۇشلاردىمۇ، خۇددى ئۆز كەسپىگە پۇختا ئادەتتىكى بىر قاسساپنىڭ قويىنى سويۇپ پارچىلاپ شۇلىۋاتقىنىدەك نورمال ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالەتنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جاللات خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ بېشى ھەرگىزمۇ بىر دۈشمىنىنىڭلا بېشى بولۇپ قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىز داھىلىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ شەھەرلىرىمىزدە سازايى قىلىشتا قوللانغىنىدەك، خەلقىمىزدىن تىرىك ئەۋرىشكە سۈپىتىدە رادىئوئاكتىپلىق، ئاتوم سىنىقى ياكى سىياسىي زۇلۇم سىنىقى قاتارىدا پايدىلىنىپ كەلگىنىدەك، گويا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قولىدىكى زامانىۋى ئادەم ئۆلتۈرۈش قۇراللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزنى قىرىپ-ئۆلتۈرۈپ قورقۇتۇشتا نورمال قۇرال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، ۋەتىنىدىكى قالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ئۈچۈن تاپالىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىچە بىر خىل قورقۇتۇپ قوغلاش قۇرالىم دەپلا ھېساپلايتتى. ئۇ، شۇنچە يىللىق ئېچىنىشلىق قان تۆكۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزىراق ئاخىرلىشىپ، تېنچ بىر شەكىلدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىنى بوشىتىپ شەرتسىز چىقىپ كېتىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى- ھە!

"بۇنداق ئويلايدىغان ئەقىللىق خىتاي بۇ دۇنيادا تۇغۇلغان بولسا كېرەك؟"

ــ دەپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.
ئۇنىڭ مېڭىسى يەنە شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى ئەسلەش قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ...

رېستوران پارتلىتىش ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئايلاردىن بىرى ئىدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن تېخىمۇ ۋەھشىلەشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ھەر بىر ماگىزىننىڭ ئىشىكىگە، ھەر بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىگە، ھەتتا ھەر بىر كوچا ھاجەتخانىسىنىڭ ئالدىغىمۇ قۇراللىق پوس قويۇپ يەرلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. كوچا-كوچىدا، دوخمۇش-دوخمۇشتا خىتاي فاشىست ھەربىلىرى، ساقچىلىرى، زوراۋانلىرى قوللىرىدا ئاپتومات-ناگان، توك كالتەك، كويزا-كىشەنلەر بىلەن خەلقىمىزگە ھەيۋە قىلىشىپ، خالىغانچە توختۇتۇپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرىشاتتى. سەل-پەللا ئالىيىپ نارازىلىق بىلەن قارىغانلارنى بېسىۋېلىپ ئۇر-توقماقلىشاتتى. بۇ خىل كوچا تەكشۈرۈشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ پۇل تاپىدىغان، ھەتتا قىزلىرىمىزنىڭ كۆكسى-چاتىراقلىرىنى سىلاپ-سىپاشلارغىچە بېرىپ يەتكەنىدى!
بىر كۈنى، قاسىم ئاپتوۋۇزدا ئىشقا كېتىۋاتقىنىدا، ئىككى خىتاي زوراۋىنى بىر جۈپ ياش ئۇيغۇر ئەر-خوتۇننى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە ئاپتوۋۇزغا چىقىشىدىن توسىۋېلىپ يانلىرىنى ئاختۇرىمىز دەپ تۇرىۋېلىشتى. بۇ خىتاي لۈكچەكلىرىنىڭ بىرسى تاپانچىسى بىلەن ئۇيغۇر يىگىتنى تامغا تىرەپ تۇتۇپ بەردى. يەنە بىر خىتاي قارا توقمىقىنى قولتىقىغا قىستۇرىۋېلىپ ياش قىزنىڭ كۆكسىگە قولىنى تىقىپ سىلاپ-سىپاشقا باشلىدى. قىز غەزەپلىنىپ يىغلىغىنىچە ۋارقىراپ يىگىتىگە تەلمۈرەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان يىگىتى، ئۆزىگە تاپانچىسىنى تىرەپ تۇرغان خىتايىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا كاللىسى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويۇپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى. كەينىدىنلا ئېتىلىپ بېرىپ ئايالىنى سىلاشتۇرىۋاتقان خىتايىنىڭ ئېڭىكىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەكرەپ بېرىپ بىر پەشۋا ئاتتى. ئېڭىكىگە پەشۋا يىگەن بۇ خىتاي ئىككى مېتىر نېرىسىغا تىك-موللاق چۈشتى. بۇ ئارىدا كەينىدە تۇرغان ئاغزى-بۇرنى قانغا بويالغان خىتاي، تاپانچىسىنى يىگىتكە بەتلەپ تۇتۇپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دېسكىسىدىكى پۈتۈن ئوقنى سىرىۋەتتى! بىچارە يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىن كىرگەن ئوق تىزمىسى ئۇنىڭ

كۆكرىكنى سۆكۈپ چۈشۈرۈپ، قىپقىزىل يۈرىكى پولتىيىپلا ساڭگىلاپ چۈشتى! يىگىتنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يۈرىكى تېخىچىلا لوپۇلداپ سوقۇپ تۇراتتى. بۇ ياش يىگىت، ئالدىغا ئۇزاتقان قولىنى ئايالىغا سۇنۇپ تۇرۇپ، "جېنىم ..." دېگىنىچە گۈپپىلا قىلىپ ياش ئايالنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشتى. بىچارە ئايال دەرھال ئېرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىگىتنىڭ غەزەپتىن يېنىپ تىكىلىپ قالغان كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلىغىنىچە، يولدىشىنىڭ قان كۆلى ئىچىگە چۆكۈپ قالدى! ...

ئاپتوۋۇزنىڭ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان قاسىم، يەردە يىگىتنىڭ قان كۆلى ئىچىگە چىلىشىپ ئولتۇرغان چىرايلىق ئۇيغۇر قىزنىڭ بۇلاقتەك ياش تۆكىۋاتقان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. يەردىكى قىزنىڭ ئىستىخىيىلىك بىر شەكىلدە يىگىتنىڭ كۆكرىكىدىن سىرىتقا چىقىپ لوپۇلداپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنى بىر قولى بىلەن قايتا قېپىغا سېلىشقا تىرىشىۋاتقان ھالدا قۇچىغىدا تۇرۇپ جېنى چىقىۋاتقان يىگىتنى باغرىغا باسقىنىچە ئولتۇرۇپ كىملەرگىدۇ نالە قىلغاندەك كۆككە قارىغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرگەن قاسىم، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قالدى.

بىر دەمدىلا كۆكتىن چۈشكەندەك بىر مۇنچە خىتاي قۇراللىق ساقچىلىرى پەيدا بولۇپ بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. ساقچىلارنىڭ ئاپتوۋۇز شوپۇرىغا قاراپ بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئاپتوۋۇز دەرھال قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى. بىچارە ئايالنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرى يولدىشىنىڭ قىپقىزىل قېنىغا بويىلىپ كەتكەن كۆرۈنىشى ماشىرەڭ كىيىملىكلەر ئارىسىدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۇزاقلاشماقتا ئىدى. ھېلىقى ناتونۇش ئۇيغۇر قىزنىڭ قۇچىغىدا ياتقان يىگىتنىڭ قانلىق يۈرىكى قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

"بۇ بالىنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن!" ـ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قاسىم، ئۆزىگە ئۆزى قايتا-قايتا پىچىرلاپ قەسەم ئىچەتتى. ...

بۇ يىگىتنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىشى كۆپ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى: شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرنىڭ خىتاي كەلگىندىلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلىكلەر بىنا مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر پارتلاش ئاڭلاندى.

ئەسلىدە بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىكەن: بۇ خىتاي مەھەللىسىنىڭ گۈللۈكىدە كېچىلىك ئىسسىقتىن قېچىپ سالقىنلاپ ئولتۇرۇشقان بىرمۇنچە خىتايلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر موتوتسىكلىت ئۇچقاندەك كىرگىنىچە شىددەت بىلەن پارتلاپ

كەتكەن بولۇپ، بىر مۇنچە قېرى-ياش خىتايلارنىڭ گەۋدىسى پارچىمۇ-پارچە بولۇپ ئۇچۇپ تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. نەق مەيداندىلا ئون نەچچە خىتاي تىنىما-تىنىما بولۇپ تورۇپ جان بەرگەن بولۇپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولى يوق، بەزىلىرىنىڭ يۈز-كۆزى تىتىلغان، يەنە قايسى بىرلىرىنىڭ ئۈچەيلىرى سۆرۈلۈپ جان تالىشىپ تەرەپ-تەرەپتە ئىڭراپ يېتىپ كەتكەن! ئەتراپتىكى بىنالارنىڭ بەزىلىرىگە پارچىلانغان ئادەم گۆش پارچىلىرى چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ قان كۆلىگە ئايلانغان. ۋەقە مەيدانىنىڭ مەنزىرىسى بەكلا قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىرگەن بولۇپ، بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن بەزى خىتايلار دەرھال ھوشىدىن كېتىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ تىترەپ يېتىپ قالغان. بۇلار قوشۇلۇپ ۋەقە مەيدانىنىڭ مەنزىرىسىدىكى پاجىئەنى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كەلتۈرىۋەتكەن!

ئۇزۇنغا قالماي بۇ يەرنى ئادەم تۇتىدىغان ماشىنىلار بىلەن دوختۇر ماشىنىلىرىنىڭ چىقىراشلىرى قاپلاپ، قورا ئىچى ساقچى-قۇراللىق ساقچى ۋە ئاق خالاتلىق خىتايلار بىلەن توشۇپ كەتكەن. ...

قاسىمنىڭ بىرقانچە كۈندىن كېيىن خەۋەر تېپىشىچە، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى يىگىت ئەسلىدە تېخى يېقىندىلا ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگۈتۈپ ئالدىنقى دەم ئېلىش كۈنىدە توي قىلغاندىن كېيىن، ئايالىنى تۇنجى قېتىم جۇمەلىتىپ قېيىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە شېھىت قىلىنغانىكەن. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان يىگىتنىڭ يىگىت قولدىشى بولغان ساۋاقدىشى شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر ساقچى موتوتسىكلىتىنى ئوغۇرلاپ چىقىپ، بېلىگە ئون نەچچە كىلو رەسمى پارتلاتقۇچ دورىسىنى تېڭىپ ھېلىقى خىتايلار ئولتۇرۇشقان قوراغا بېسىپ كىرىپ بىرلىكتە پارتلاپ شېھىت بولغانىكەن.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاسىم سەل ئارام تاپقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ھېلىقى قاتىل خىتايلارغا بىۋاستە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىش بىلەن بىرگە، دەرھال پارتلاتقۇچ دورىسى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتى. قاسىم، ئۆتكەن بىر ھەپتىدە بىر بۇلۇڭدا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ۋاراق ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى قەغەزنى تېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئاددى بىر پارتلاتقۇچ دورىسى ياساش رېتسېپى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىش قاسىمغا ئانچە بەك تەسكە چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا

قاسىم ئامال قىلالمىغاندا پارتلىتىش دورىسىنى ئۆزى ياساشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. مانا بۈگۈن شۇ رېتسېپتا تونۇشتۇرۇلغان ماددىلارغا قايتىدىن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى. رېتسېپ بەكلا ئاددى كۆرۈنەتتى:

> “ئاتمىش گىرام كالىي نىتراتقا يىگىرمە گىرام ساپ گۈڭگۈرت ۋە ئون سەككىز گىرام ساپ كاربون قارىسى نى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇدا تولۇق ئارىلاشقىچە قاينىتىمىز. ئەگەر تولۇق ئارىلىششقا ئۈلگۈرمەيلا سۇيى تۈگەپ كەتسە قايتا سۇ تولۇقلىنىدۇ. ئاندىن سۈزگۈچ قەغىزىدە ياكى قېلىنراق داكىدا سۈزۈپ پلاستىماسسا بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىگە يېيىپ ھاۋادا تەبىئى قۇرۇتىمىز. قۇرىغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا چىلك ئوراپ، ئەتىراپىغا ساقا-شارەكلەرنى تېڭىپ پارتلاتقۇچ قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما نىسبەتەن كۈچلۈك پىستان قوللىنىش كېرەك. بۇ ماددىنى نەملىنىپ قېلىشتىن، ئوتتىن ۋە پىلاستىماسسىلاردىن يىراق تۇتىشىمىز لازىم.”

قاسىم، بۇ رىتسىپ ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئىدارىسىنىڭ لابوراتورىيىسىدىن ئاسانلا ئوغۇرلاپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ھەتتا كالىي نىترات ئورنىغا ناترىي نىترات، ئاممونىي نىترات ياكى ئورىيا قاتارىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان باشقا نىتراتلىق، ئاممونىيلىق سۇئىي ئوغۇتلاردىن پايدىلىنىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ...

قاراڭغۇ كامىر ئىچىدە ياتقان قاسىم، ئەسلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، غەزەپتىن كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتتى. ...

بەشىنجى باب

# بىر خىتاي كوجاڭىنىڭ ‹پاجىئەسى› نى پىلانلاش

— ئۇيغۇرلارمۇ؟ قويغىنە بىز خەقنى!
— دوخمۇشتىكىلەرنىڭ پارىڭىدىن

قاسىمنىڭ گېپىسقا ئېلىنغان سول پۇتى قىچىشىپ ئارام بەرمىگىلى تۇردى. مىڭ تەستە گېپىسنىڭ بىر بۇرجىگىنى سۇندۇرۇپ قارىۋىدى، تۇرمە كامېرىنىڭ ئىشىكىدىكى يۇچۇقتىن غۇۋا كىرىۋاتقان يورۇقتا گېپىس بىلەن ئورالغان داكىنىڭ ئىچى مىغىلداپ پىتلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ پۇتىنى كېيىملىرىمۇ رەسمىلا پىتلىشىپ، ئۇنى زادىلا ئارامىغا قويمىغانىدى. ئۇ بىر ھازا تاتىلاپ بەدىنىنىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىنى قانىتىۋېلىپ، پىتنىڭ ئاچچىغىنى ئاغرىق بىلەن بېسىپ ئارام تاپقاندەك بولدى.

ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە شۇ يېڭى كېلىن ۋەقەسىنى ئەسلەشكە كېتىپ قالدى. ...

قاسىم ئىككى ھەپتىدەك سوراۋشتە قىلىپ يۈرۈپ ئۇ ئىككى قاتىل خىتاينىڭ بىرسىنى خىتاي ساقچىلىرى دۆلەتكە قاچۇرىۋەتكەنلىگىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان قاسىم، ئىككىنچىسىنى سوراۋشتە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ، ئىككىنچى قاتىل خىتاينى نەدىن باشلاپ سوراۋشتە قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر چەت ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ تاختىسىغا چاپلانغان كومپيۇتېردا خىتايچە ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان بىر ئېلانغا كۆزى چۈشتى. بۇ ئېلان ھېلىقى ئىككى قاتىل خىتاينىڭ ئادرىسى ھەققىدىكى بىر ئېلان ئىدى. ئېلاندا بۇ ئىككى خىتاي قاتىلى ھەققىدە بەكلا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى، ئائىلە ئەھۋالى، تەپسىلى ئادرىسى، ۋەزىپىلىرى قاتارلىق مەلۇماتلار بەكلا ئېنىق يېزىلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنىڭ شەخسى مىجەز-خاراكتېرلىرى، ئىختىسادىي ئەھۋاللىرى، بۇرۇنقى تاجاۋۇزچىلىق جىنايى

قىلمىشلىرى، يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك سۆز-ھەرىكەتلىرى، يېقىن دوستلىرى، شەخسى ھەۋەسلىرى قاتارىدىكى مەلۇماتلىرىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇشتۇرۇلغانىكەن. ئاخىرىدا يەنە ئوق چىقارغان خىتاينىڭ خىتايدىن كەلگىنىگە تېخى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان بىر ھەربى سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان سابىق ۋوزنۋوت كوماندىرى ئىكەنلىكى ۋە ھازىر ئۇنىڭ خىتاي خۇبى ئۆلكىسى ماشەن ناھىيىسىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى، يەنە بىرسى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىدىكى دادىسىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەلگەن بىگىتۋەن ئالتىنچى دىۋىزىيىسىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكى يېزىلغان.

قاسىم يېقىن ئەتىراپتا بىرەرسىنىڭ يوقلىغىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئېلاننى تەپسىلى تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرىۋالدۇ. ئەتىسلا ئىدارىسىدىكى كومپيۇتېردا بۇنى لاتىنچە يېزىپ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال تەخسىسىگە ئېلىپ ھەم بىر نۇسخا يازدۇرىۋالدۇ. ئاندىن بۇ قەغەزنى تىببىي مەكتەپنىڭ بېغىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئولىشىدىغان بىر ئورۇندۇققا قىستۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدۇ. يەنە بىر كۈنىسى قولىدىكى يۇمشاق دېتال تەخسە نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ يازدۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرگەندە، بۇ خەۋەرنىڭ كومپيۇتېر بىلەن كونا يېزىقتا يېزىلغان نۇسخىسى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىقاپلىنىپ ‘قاراخان’ نامىدا ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدىن بىرسىگە بېرىلگەنلىگىنى كۆرۈپ قالدۇ.

بۇ ئىشتىنمۇ ئارام تېپىپ قالغان قاسىم، ئەندى ھېلىقى خىتاي كوجاڭنىڭ ئائىلىسىنى جايلىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ئەمما بۇ كوجاڭ خىتاينىڭ ئانىسى سابىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن بۇجاڭلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۇ خىتاي ئالاھىدە قوغدىلىدىغان كادىرلار قوراسىدىكى بۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىۋالغانىكەن. قاسىم ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ قوراغا كىرىشنىڭ يولىنى قىلالمايدۇ. ئىككى ھەپتىگىچە بۇ قورۇنىڭ ئەتىراپىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرگەندە، بۇ كادىرلار قوراسىنىڭ يوشۇرۇن تۈردە بارغانسېرى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقانلىغىنى سېزىپ قالدۇ. ھەتتا قورۇنىڭ ئەتىراپىدا بىر قانچە پۇخراچە ياسانغان پايلاقچىلارنىڭمۇ ئايلىنىپ يۈرگەنلىگىنى سەزگەندەك قىلىپ، ئاخىرى بۇ خىتاي ئائىلىسىنىڭ پېيىگە چۈشۈشنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئامال يوق، بۇ خىتاينىڭ بۇرۇنقى ئۆيىنى بولسىمۇ بىرنىمە قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئارىدا ئۇ ئۆيىنىڭمۇ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كۆيدۈرىۋېتىلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، بىر

ھېساپتا بۇ خىتاي كوجاڭنىڭ پىيىغا چۈشۈش ئىشىنى رەسمى پىلانىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى.

قاسىم، ھەرىكىتىدە دائىم بىرسىلىرىنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۆزىچە كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، بۇ ئىشلاردا پىلانلىق ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭغا تەسكە چۈشمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر يوشۇرۇن قوشۇنغا ئەزا بولۇش ياكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر قوشۇن تەشكىللەپ ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلىش لازىم بولماقتا ئىدى.

قاسىم، ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا پارتلىتىش مىناسى قويۇشنىڭ ئەڭ بىخەتەر ۋە ئەڭ ئاسان چارە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. ئەمما قورققىنىدىن ئۆيىدە بار بولغان بارلىق پوروخ، پىستانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتكەنلىگى ئۈچۈن، قايتىدىن بىرەر ۋەقە چىقىرىشقا تەييارلىنىش مەقسىتىدە باشقىلاتىن دورا-پىستان تەييارلاش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىدارىسىدىن قولىدا بار رېتسىپقا كېرەكلىك دورىلارنى ئوغۇرلاپ چىقالماي، ئىلاجىسىز دۇكانمۇ-دۇكان ئارىلاپ يۈرۈپ سەرەڭگە ياكى پوجاڭزا يىغىشقا مەجبۇر بولدى. يىغقان سەرەڭگىلىرىنى زېرىكمەي ئولتۇرۇپ بېشىنى قىرىپ چىقىرىشقا تۇتۇش قىلدى.

بۇ كۈنلەردە دۇكانلاردا ئەركىن سېتىلىدىغان پوجاڭزىلارمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. ھەتتا بىر دۇكاندا كىچىك بىر ئۇيغۇر بالىسى پوجاڭزا ئالىمەن دەپ كىرگىنىدە، ئۇ بالىنى تۇتۇۋېلىپ زوراۋانلىق ئەترىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. زوراۋان خىتاي جاللاتلىرى ئۇ بالىنى ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللاردا تاجاۋۇز قىلىپ ۋە قىيناپ تاشلىۋېتىش بىلەنلا قالماي، ئۇ بالىنىڭ چوڭ ئاكىسىنى بوھتان بىلەن سولاپ قويۇشقانلىق خەۋەرلىرىمۇ تارقىلىپ يۈرگەنىدى. ئۇندىن باشقا كېرەكلىك دورا-دەرمەكلەرنىمۇ "زوراۋانلىققا قارشى كوممۇتىت" نىڭ تونۇشتۇرۇشى بولماي تۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەندى سەرەڭگە-ھاراقلار ۋە بېنزىنلاردىن پايدىلىنىشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى.

بىر كۈنىسى يىغقان سەرەڭگىلىرىنىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئازراق يىغىپ كىرىش ئۈچۈن ئارقا كوچىلاردىكى ئۇششاق دۇكانلارنى ئارىلاپ ئائىلىلىك بىنالىرى بىلەن تولغان بىر تار كوچىدا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر ئۇيغۇر بالىسى يېنىدىن غۇيۇلداپ چېپىپ ئوتۇپ ئۇنى سوقۇپ ئۆرىۋېتىشكە قىل

قالدى. ئۇ بالا ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇلىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىدا سالقىنلاپ تۇرغان بىر نەچچە خىتاينىڭ ئارىسىدىن يەنە شۇنداق چېپىپ ئۆتۈپ، يانىدىكى بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىپ بولدى. قاسىم بۇ بەڭۋاش بالىنى ئارقىدىن غوتۇلداپ كايىغىنىچە كېتىۋاتقىنىدا، ھېلىقى بالا ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن سالقىنلاپ تۇرغان خىتايلارنىڭ ئىچىدىكى سېمىز بىر پوق قۇرساق خىتايغا كۆزى چۈشكەندەك قىلدى. ئۇ خىتاينىڭ ئاسما مايكىسى كىندىك تەرىپىدىن ئېنىغا يىرتىلىپ ئېچىۋېتىلگەن، ئۇ يىرتىقتىن قېلىن سۇپ-سۈزۈك چاۋا ماي بىلەن قاپلانغان ئۈچەي-باغرى تۆكۈلۈپ چۈشۈپ يەردە سۆرۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ خىتاي نېمە ۋەقە بولغانلىغىنىمۇ ئاڭقىرالماي ھاڭۋاقىنىچە "ئەيىيو، ئەيىيو" دەپ ئۈچەيلىرىنى قولىغا ئېلىپ تارتىشتۇرۇپ قاراۋاتاتتى. ئاندىن ئالدىغا سەنتۈرلۈپ يەردە سۆرۈلۈپ ياتقان ئاچچىق ئۈچەيلىرىنى دەسسەپ پاقىلدىتىپ يارغىنىچە گۈپپلا قىلىپ ئۆز ئىچ باغرىنىڭ ئۈستىگىلا دۈم چۈشتى. بۇنچە ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇنىڭ ئۈچەي-باغىرلىرى ئاستىدا قېلىپ يېرىلىپ، سايسېرىق ژىڭلىرى يانىدىن جىرىلداپ چاچراپ ئېقىشقا باشلىدى. يېنىدىكى خىتايلار شۇ چاغدىلا بۇ ھەمرايىغا دىققەت قىلىشىپ، "لاۋ جياڭ، لاۋ جياڭغا نېمە بولدى؟" دېيىشكىنىچە ئۇ خىتاينى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى.

قاسىم بۇ تۇيۇقسىز بولغان پاجىئەنى كۆرگىنىدىن كېيىن بايامقى بالىنىڭ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتۈشىنىڭ مەقسىدىنى ئەمدىلا چۈشەندى-دە، قورققىنىدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن غېپپلا قىلىپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ تىكىۋەتتى. ...

قاسىم ئۆيىگە كېلىۋالغىنىدىن كېيىن ھېلىقى بالىنى ئويلاپ قالدى: 'تووۋا، نېمە دېگەن چەبدەستلىك، نېمە دېگەن ئاددى ھەرىكەت بۇ؟ ھەم پاكىزە ھەم ۋەھىملىك! مەن ئۆزەمچە قىلىدىغان ئىشلىرىمنى ئالاھىدە ئېغىر ۋەزىپە دەپ قىلمىغان تەييارلىق ۋە ئېھتىياتلىرىم قالمايدىكەن، قارا بۇ بالىنى!'

ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئىشنى مەن قىلدىم دەپ يالغان قوشۇن نامىدا ماختىنىپ بىر ۋەھىمە خەۋىرى تارقىتىۋېلىش پۇرسىتى كەلگەنىدى. ...

قاسىمنىڭ خىيالىنى بەدىنىدىكى ئېچىشىپ ئاغرىش يېرىمىدا ئۈزۈۋەتتى. بايىتىدىن تاتىلاپ قانىتىۋەتكەن يەرلىرى ئەندىلىكتە قىزىرىپ ئاغرىپ ئارامىدا

قويمايۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىملىرىنى يېرىمىدا توختۇتۇپ ئاستا تىركىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كامېر ئىچىدە ئايلىنىپ مېڭىشقا كىرىشتى. بۇ يېقىنلاردا ئۇنى رەسمىيەت ئۈچۈنلا سوراققا تارتىپ، يۈز-كۆزىنى قانغا بويىۋېتىپ قايتىدىن كامېرىغا سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلىۋېتىشەتتى. ئۇ ھازىر كامېردا يالغۇز ئەمەس ئىدى. سوراق ئۆيىدە قىينىغانلىرىدىمۇ ئەتراپىدا بىر نەچچە يېڭى-ياچە ياش 'جىنايەتچى' لەرمۇ بىرگە بولاتتى. جاللاتلار ئۇنى بۇ يېڭى تۇتۇلغانلىقلىرى كۆرۈنۈپلا تۇرغان تەجرىبىسىز ياش باللارنىڭ ئالدىدىلا كەلسە-كەلمەس ئۇرۇپ قىيىنشاتتى. رۇشەنكى، بۇ قىيناشلار ئۇنى سوراق قىلغىنىدىن كۆرە، يېڭى مەھبۇسلارغا سۈر كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلىنىۋاتقان ئىشلار ئىدى.
قاسىممۇ بۇ تۈردىكى رەسمىيەت تۈسىنى ئالغان قىيناشلارغا خېلى بۇرۇنلا كۆنۈپ قالغاچقا، ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا جازا ئۆيىگە كىرىپ ئۈن-تىنسىزلا جازالىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولىۋالدى. ئۇ، جازالىنىۋاتقىنىدا خىتايلارنى ئارىلاپ تىللاپ قويغىنىدىن باشقا، قىيناشلىرىغا تولا بەك ئېغىراپمۇ كەتمەيتتى. جاللاتلارمۇ ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللاردا قىينىشىپ، ھوشىدىن كەتكىنىدە سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كامىرىغا تاشلىشاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە قاسىمنىڭ بۇ خىل چىداملىق ئىرادىسى خىتاي جاللاتلىرىنى زېرىكتۈرۈپلا قالماي، يېڭى تۇتۇلغانلار ئۈچۈنمۇ ئەكسى تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىشكە ئۈلگە بولۇپ تەسىر قىلىدىغان بولدى. شۇ سەۋەپتىن يېڭى قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدىمۇ قان كۆلگە پاتۇرۇلغىچە قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنغىنىغا قارىماي، 'غىڭ' قىلماي بەرداشلىق بېرىدىغان جاسارەتلىك ياشلار كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.
بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياش بالا ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى: قارىغاندا باشقىلارنىڭ تاپشۇرىغى بىلەن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىۋاتقىنىدا ئېھتىياتسىزلىقىدىن نەق مەيداندا قولغا چۈشۈپ قالغان ئون يەتتى ياشلىق بۇ بالا، تاياق زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ياكى كۈنلەرچە ئۇيقىسىز قالدۇرۇلغىنىدا جۆيلۈپ سېلىپ تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كىمنىڭ بەرگەنلىگىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، تىلىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئۆز ئىڭىكىگە قاتتىق مۇشتلاپ تىلىنى چىشلەپ ئۈزىۋېلىپ سۆزلىيەلمەس بولىۋالغان!
قاسىم كامېرداشلىرى بىلەن تېخى يېڭى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىچە

بولمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ قايتىدىن ئەسلىمىلىرىنىڭ قالغان قىسمىنى ئەسلەش ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ...

يېقىنقى ئايلاردىن بېرى بۇ شەھەردىلا ئەمەس، ھەتتا خېلى چەت شەھەرلەردىمۇ خىتايلار ئارىسىغا ۋەھىمە سېلىش ۋەقەلىرى ئارىلاپ كۆرۈلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئارىلاپ كۆكتاتچى خىتاي باققاللىرى يوقاپ كېتىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ پوكەيلىرىدىكى ماللىرى ئىچىگە بىرەر كېسىك قول ياكى كېسىلگەن قۇلاقلار كىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، ئادەتتىكى ئۇششاق شەھەر بازارلىرىدا خىتاي يايمىچىلىرى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ بارماقتا ئىدى. ھەتتا بەزى شەھەر-بازارلاردا ئۇ يەردە بىر كېسىك باش، بۇ يەردە بىرەردىن پۇت-قوللىرى كېسىۋېلىنغان، ئۈچەي-باغرى چۇۋۇۋېتىلگەن، جىگەرلىرى قوچىۋېتىلگەن، يۈرەكلىرى سۇغۇرىۋېلىنغان دېگەندەك پارچىلانغان خىتاي گەۋدىلىرى ئۇچراپ تۇرىدىغان ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ ئارىلاپ بولۇپ تۇراتتى. يەنە شۇنىڭدەك ئارىلاپ بىرەر يۈك ماشىنىسى، بىرەر خىتاي بولكىۋاي ماشىنىسى، تاكسىلىرى كېتىۋېتىپ ئۆزىچىلا پارتلاپ كېتىدىغان، بەزى خىتاي ئۆيلىرىمۇ پارتلاپ كۆيۈپ كېتىدىغان ھادىسىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، چەت ناھىيە بازارلىرىدا خىتايلار بەكلا ئاز كۆرۈنىدىغان، يول بويى پويىز بېكەتلىرى خىتاي قاچقۇنلىرى بىلەن تولۇپ تاشىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ھالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. تاجاۋۇزچىلار ھۆكۈمىتىمۇ ھەربى-قۇراللىق ساقچىلىرىنى ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا توشۇپ بېشى قېيىپلا كەتكەنىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھۆكۈمىتى بارلىق ئورگانلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىر ئىدارە، ھەربىر زاۋۇت، ھەربىر مەھەللىگىچە دېگىدەك ئەنچۈەنتىڭ شۆبىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، پۇخراچە ياسانغان ساقچى-جاسۇسلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ بۇ رايوندىن ئالىدىغان بارلىق باج-سېلىقلارنى پۈتۈنلەي ‘زوراۋانلارغا زەربە بېرىش‘ ئۈچۈن ئىشلىتىش ئىختىيارىنى بەرگەنىدى. بۇ كۈنلەردە خىتايدىن كېلىدىغان ‘بىچارە ئىشلەمچىلەر ‘ ئورنىغا قۇراللىق ھەربىلەر، قۇراللىق ساقچىلار، مەخسۇس كۇرۇسلاردا تەربىيەلەنگەن جاسۇس-زوراۋانلىرىنى توشىماقتا ئىدى. تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دۆلەت تۈسىنى ئالغان بۇ خىل خىتاي تېررورچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە،

خىتايغا قاراپ قاچىدىغان قاچقۇنلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن قايتىپ كەلگىنىدە نوپۇسقا ئالمايدىغانلىقى، كەتكەن ھامان ئىشتىن چىقىرىلغان ھېساپلىنىدىغانلىقى، خىتايغا بارغىنىدا نوپۇسقا ئېلىنماسلىق، ئىشقا ئالماسلىق، دۇكان-كارخانا ئاچتۇرماسلىق، خىتايغا كېتىش ئۈچۈن بىلەت ئالغانلاردىن ھەسسىلەپ ‘چىگرادىن چىقىش بېجى ’ ئېلىش، ... دېگەندەك چارىلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. بۇنداق بېسىم، چەكلىمە ياكى قورقۇتۇشلار دېگەندەك ئۈنۈم بەرمەيۋاتاتتى. قارىغاندا تىگى بوش ياكى تېنچ كەيپى-ساپالىق ھاياتقا كۆنۈپ قالغان خىتايلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۇ ئەلنى تاشلاپ قېچىشقا تەييار بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

بۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ كۈنلەردە يەرلىكلەر ئۈچۈن خىتاي بېسمى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىرلاشماقتا ئىدى. قىزىق يېرى، خىتايلار يەرلىكلەردىن قورقۇپ ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئىشتىن بوشاتقىلى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كامىيىپ كەتكەن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن نازارەت ئاستىدا بولسىمۇ ئىشلىتىشمەكتە ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ كۈچىلارغا چىقىشى ئاختۇرۇلۇشقا شەرتسىز بوي سۇنغانىنىڭ ئۈستىگە، قولىدا ئىدارىسىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ، كوپۇراتىپ ياكى جەمىيەتلىرىنىڭ، مەھەللە ساقچىلىرىنىڭ، مەھەللىلەردىكى زوراۋانلىققا قارشى ئەترەت ئىشخانىلىرىنىڭ، پارتىيە ياچېكىلىرىنىڭ، ... دېگەندەك بىرمۇنچە تامغىلار بېسىلغان بىر توقۇم رۇخسەت قەغىزىنى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرىشى شەرت ئىدى. بۇ قەغەزلەرنىڭ پاتلا ۋاقتى توشۇپ قالغانىنى ئاز دەپ، يېڭىلاش ھەققىمۇ بەكلا قىممەت ئىدى. يەرلىك خەلقتىن قورقۇپ يۈرگەن نۇرغۇن ئىدارە-جەمئىيەتلەر يەرلىكلەر زىچراق ئولتۇرغان ئائىلىلىك بىنالىرىدىن يەرلىك ئائىلىلىكلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ مەخسۇس خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرىغا بىردىن-ئىككىدىن قالقان قىلىپ چېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشكەنلەرمۇ بولدى. ئەمما يەنە نۇرغۇن ئورۇنلار ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ساپ خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرىغا بىرەردىن تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا خېلى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كېلىشتى. بىر قىسىم ئىدارىلاردا يەرلىك ئائىلىلەرنىڭ سانى بىر بىنا زالىغا بىرەردىنمۇ يەتمەي قالغاچقا، قوشنا ئىدارىلارنىڭ ئائىلىلىك بىنالىرىدىن يەرلىك ئائىلىلىك ‘قەرز ’ ئېلىشتەك ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان غەلىتە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئېغىر مىللەتچى شوۋېنىست ئەقىدىلىك ئىدارە باشلىقى بار ئىدارىلاردا

مىللىي ئائىلىلىكلەرنى يىغىپ بىرلا بىناغا قامىۋېلىپ، رەسمىي قۇراللىق پوست قويۇپ كېچە-كۈندۈز قاتتىق نازارەت قىلىش ئارقىلىق، يەرلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشماقتا ئىدى.

قاسىممۇ شۇ قاتاردا يەرلىكلەرنى خىتايلار ئارىسىغا تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا توغرا كېلىپ، ئون يىلدىن بۇيان تولا ئىلتىماس قىلىپ تەخسىم قىلىنماي كەلگەن ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆيگە ئېرىشىپ ئىدارىسىدىكى بىر چۈجاڭنىڭ ‘قوشنىسى’ بولۇش دەرىجىسىگە ئېرىشىپ قالغانىدى. گەرچە بەش يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئاقلىنىپ سىرلانمايدىغان كونا بىناسىدىن قۇتۇلۇپ پاك-پاكىزە ۋە ئازادە ئۆيگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خېلى كۈنلەردىن بېرى ئاغىنىلىرى بىلەن ‘ئولتۇرۇش قىلىش’ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، خۇددى بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا بولۇپ يۈردى. خۇددى شۇنىڭدەك قالغان ئۆلپەتلىرىدىن ئىككىسىمۇ ‘خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرى ئۈچۈن قالقان بولۇپ بېرىش’ ۋەزىپىسىگە تەخسىم قىلىنىپ ئۆي كۆچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلپەتچىلىك ئىشلىرى خېلىدىن بېرى توختاپ قالغانىدى. بۇ خىل يېڭىچە ‘ئۆي تەخسىماتى’ قاسىم بىلەن دوستلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىغا توسقۇن بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كوچا خەۋەرلىرىنى توپلىشى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، دوستلىرىنىڭ گاللىرى قىچىشىپ زادىلا ئارامىدا قويمىغانىدى.

دەسلىۋىدە، خىتايلارغا ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشىدا خىتايلارنىڭ يەرلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك قوپاللىشىپ، ھەرقانداق بىر خىتاي، يەرلىكلەرگە خالىغانچە ۋەھشىلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسا، ۋاقتىنىڭ ئۆزۈرىشىغا ۋە بۇ خىل ۋەھىمىلىك قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ شەخسلەر بويىچە ئاشكارە قوپاللىق قىلالمايدىغان، قۇرالسىز بولغىنىدا يەرلىكلەرنى كۆرسە يالغان ھېجىيىشىپ داجىپ قېچىشىدىغان، قۇراللىق ھىمايىچىلىرى بولغىنىدا چوڭ گەپ قىلىشىۋالىدىغان ، بىۋاستە تونىمايدىغان يەرلىكلەرنى بوزەك قىلىۋالىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئەمما قولىغا قۇرال چىقىپ قالغان زوراۋانلار ئەتىرىتىدىكىلەر، مىنبىڭلار، ساقچىلار، قۇراللىق ساقچىلار، جەپاگۈجۈنلەر يەرلىكلەرگە بارغانسېرى ۋەھشىلىك قىلىشقا باشلاپ، ئازىراقلا باھانە تېپىۋالسا ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، يانلىرىنى ئاختۇرۇپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىدىغان، نەپ چىقىرالمىغىنىدا پۇتاخ چىقىرىشىپ سولاپ قويۇپ

قىيناپ ئوينايدىغان، ھەتتا كوچىلاردا يەرلىكلەرگە ئوق چىقىرىپ ئېتىپ تاشلايدىغان ھادىسىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. قىسقىسى، بۇ 'قېرىنداش ئاكا مىللەت' دېيىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاشقاندى. مانا بۇ ـ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئىدى.

يەرلىك خەلقمۇ دەسلىۋىدە بۇ خىل ۋەھىمىلىك ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچىلارنى ئېغىر ھاقارەت قىلىپ قارىلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، خىتايلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچىلارغىلا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي ئۆچمەنلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كەينى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىغا ئەگىشىپ يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى پىدائىيلىرىغا غەزەپلىنىشتىن، تەدرىجى ھالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان مىللىي ھېسسىياتقا قايتا كېلىشكە باشلىغاندى.

قاسىممۇ، يەرلىكلەر دەسلىۋىدە بۇ خىل ۋەقەلەرنى بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈنچى ۋەقەلەر دەپ، بېشىمىزغا بىھۇدە ئىش تېپىپ بېرىدىغانلار دېيىشكەن بولسا، مانا ئەندى تەدرىجى ھالدا 'ئەندى بولغىلىق بولدى، بۇ ئىش مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلمىغىنىدا بىزنىڭ تەغدىرىمىز تۈگەشكەن بولىدۇ ' دەپ قارىشىپ، كۆڭلىدە بولسىمۇ بۇنداق ھەرىكەتلەرنى ھىمايە قىلىشقا قاراپ ئۆزگىرىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر بىنادا، ھەربىر دۇكاندا، ھەرقانداق بىر يىغىندا يەرلىكلەردىن بىرنەچچىسى بولسىمۇ بولۇپ تۇرىشىنى شەرت قىلىش ھالىتى يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئۆي جاپاسىنى يەتكىچە تارتىشقان، ئىشتىن قوغلىنىش تەھدىتىدىن بېرى كېلەلمەسلىكتەك ئەنسىزچىلىكلىرىدىن قىسمەنلىكتە بولسىمۇ قۇتۇلۇپ قېلىشى، بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەرنى خوشالمۇ قىلغاندى.

شۇنداقتىمۇ، قاسىمنىڭ كۆڭلىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يەرلىكلەرگە ۋەھشىلىك قىلىشلىرى پەۋقۇلئاددە ئارتىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئىجابىي تەسىرىدىن سەلبىي تەسىرى ئارتىپ كېتىۋاتامدۇ-قانداق دەيدىغان بىر خىيال كېلىۋالغان ئىدى. ئۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بېرىلگەن زەربىلەر تۈپەيلىدىن يەرلىكلەرنىڭ كۆرىۋاتقان زۇلۇمىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە شۇنچە كۆپ ئويلىنىپمۇ

تۆزىگىرەك بىرەر نەتىجە چىقىرالماي يۈرمەكتە ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ماھىيىتى ئەسلىدىلا قاسىمغا بەلگىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئەسلىدىنلا ئۇيغۇرلارنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىۋېتىپ، بۇ يەرگە خىتاي كەلتۈرۈپ تولدۇرۇۋېتىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەچچە مىليون ئادەمنى قۇربان قىلىۋېتىشنىمۇ رازى بولىشاتتى. قاسىم، 'ئەجەبا، قىلىۋاتقان بۇ ھەرىكىتىم توغرىمىدۇ؟' دەپ پات-پات ئۆزىگە سوئال قوياتتى. بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ھەددىدىن ئارتۇق خارلىنىپ كېتىۋاتقان، بىھۇدە جازالىنىپ كېتىۋاتقان ۋە بىھۇدە ئۆلتۈرۈلىۋاتقان يۇرتداشلىرىنى كۆرگىنىدە، بۇ ھەرىكىتىدىن دەرھال يېنىۋېلىشنى ئويلاپمۇ كېتەتتى.

ئەسلىدىلا قاسىم بۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ يوشۇرۇن ۋەھىمە ھەرىكىتى پەيدا قىلالماي كەلمەكتە ئىدى. سۈرۈشتە قىلغاندا ئۇنىڭ بۇگۈنگىچە پەيدا قىلغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىمۇ ئارانلا ئىككى قېتىم بولۇپ، جەمئىيەتتە تەخمىنەن ھەپتىدە بىرەر قېتىمدىن پەيدا بولۇپ تۇرىۋاتقان يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھېچ بىرسى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر مۇناسىۋېتى يوق ئىدى. قاسىم بۇلارنى ئويلاپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى: 'تووۋا خۇدايىم، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەھىملىك ھەرىكەتلەرنى يالغۇز مەنلا پەيدا قىلىۋاتقىنىمدەك، ھېچ بولمىسا مەنلا پىلانلاپ قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىمدەك ئويلاپ كېتىپتىمەنغۇ! مەن شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتكىدەك، باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ كەتكىدەك نېمە قىلغانىدىم؟ بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان باشقا پىدائىلارنىڭمۇ بۇنچىلىگىنى ئويلىغىچىلىك ئەقىللىرى بار كىشىلەردۇ؟'

قاسىم قۇرۇق خىياللارنى تاشلاپ، پاتىراق يەنە بىر ۋەھىمە پىلانلاش غېمىنى قىلىشقا كىرىشتى.

دېمىسىمۇ، قاسىمنىڭ بۇلارنى ئويلاپ قويۇشىمۇ ھەققى بار ئىدى: قاسىم تۇنجى ھەرىكىتىنى باشلىغان كۈنلىرىدە، ھېلىقى ئىككى كىتابنى پەۋقۇلئاددە كۆرۈپ قالغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ۋەتەن، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈگىرەك بىرەر يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىغىنىمۇ ئاسانلىقچە ئۇچراتقىلى بولمايتتى. مانا بۈگۈن، ۋەزىيەتنىڭ ئۆ كۈنلەرگە قارىغاندا شۇنچە جىددىلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي ئاپتوۋۇز بېكەتلىرىدە، تاملاردا، ئىستولبا-

تۇرۇكلەردە، ھاجەتخانا-ئەخلەتخانىلاردا ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا دائىر تەشۋىقات ۋاراقلىرى، رىتسىپ-چېرتيوژ ... قاتارىدىكى تەشۋىقاتلارنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پات-پاتلا ئۇچۇرىتالايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەسلىۋىدە بۇ خىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تېپىۋالسا ئالاھىدە داۋراڭ قىلىشىپ بارماق ئىزلىرىنى ئېلىش، پۇراقلىرىنى تەكشۈرۈش، قەغەزلەرنىڭ، بېسىلىش يەرلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئاختۇرۇش جەھەتتە پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ رازۋېتكىغا كىرىشىش بىلەنلا قالماي، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى يوقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۆگۈنۈش كورۇسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشۇپ خەلقنى قورقۇتۇشقا تىرىشاتتى. مانا ئەندى، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ كۆپييىپ كەتكەنلىكىدىن بۇنداق ۋاراقلار خىتايلارغىمۇ لاتا تېپىيدىغان بولۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ يۈرۈش ئورنىغا شۇ يەردىلا يوق قىلىۋېتىش بىلەن چەكلىنىشكە مەجبۇر قالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كۈنلەردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن ھەپىلىشىدىغانغا ئۇنداق قەغەز يۈزىدىكى تەشۋىقاتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ جىددى ۋەزىپىلەر ئالدىدا تۇراتتى: كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بىر-بىرسىدىن ۋەھىملىك ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ئىشلىرىمۇ خىتايلارنى بىر قولىنى ئىككى قىلىپ جىددىي تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. شۇڭا، خىتايلار ئەندى تامدىكى قەغەزلەرنى رازۋېتكا قىلىش بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بوغۇزلانغان ۋەتەندېشنىڭ بېشىنى، كېسىلگەن يۈرتدېشنىڭ بارماقلىرىنى ... دېگەندەك تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ئۈستىدە رازۋېتكا قىلىشقا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشماقتا ئىدى. قاسىمنىڭ رولى بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيتتى: ئۇ يېڭى ھەرىكەت باشلىغان كۈنلىرىدە خىتايغا قاچىدىغانلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقىلا بولماي قالماي، خىتايدىن كېلىدىغان يېڭى تاجاۋۇزچى كەلگىندىلەرنىڭ سانىمۇ يىلىغا مىليونغا يېتىپ-قوپار ھالەتتە ئىدى. مانا بۈگۈن، خىتايدىن كېلىۋاتقان يولوۋچىلار پويىزنىڭ ۋاگونلىرى ئاساسەن بوشاپلا كېتىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قاراپ قېچىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ يولوۋچىلار پويىزى تۈگۈل، يۈك پويىز ۋاگونلىرىنىمۇ تولدۇرۇپ قېچىشىدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، خىتايدىن كېلىپ مەبلەغ سېلىپ خىتاي ئاققۇنلىرىغا ئىش پۇرستى يارىتىپ بېرىشلەر ئاساسەن توختاش بىلەنلا قالماي، كونا ئىش ئورۇنلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن

تاقىلىپ، خىتاي كەلگىندى ئىشسىزلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئايلارغىچە ئىش تاپالماي يېتىپ بىكار نان يەيدىغانغا چۈشۈپ قالغان نۇرغۇنلىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى قولىدا بارىنى يەپ تۈگىتىشىپ، بىرەر ۋەھىمىگە دۇچ كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ 'ياۋايىلار ' ئېلىنى تاشلاپ قېچىش غېمىغا كىرگەنىدى. بۇنى ئاز دەپ ئوتتۇرلۇقتا تىمىسقىلىشىپ يۈرگەن خىتاي ئالدامچىلىرى، ئەتكەسچىلىرى، بۇلاڭچىلىرى بىر-بىرىنى ئالداش، ھەتتا بىر-بىرىنى ئۇچۇق-ئاشكارە بۇلاشلار نەتىجىسىدىمۇ، بۇ ئەلنى ئادەتتىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى ئۈچۈن يېتىپ ئاشقىچە خەتەرلىك يەرگە ئايلاندۇرىۋەتكەنىدى. بۇنداق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان بۇ ئەلدە سودا ساھەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى، ئوقۇتۇش-مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرى بارغانسېرى پالەچلىنىپ، مال باھالىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ قاسىمنىڭ ۋاستىلىق ئوينىغان رولىنى كىچىك مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھاكىمىيىتى يۇقۇرىقىدەك خىتاي تاجاۋۇزچىلار پاجىئەسىدىن قاتتىق ئەنسىرەشمەكتە ۋە يەتكىچە ئىچكى زىدىيەتكە پېتىپ قالماقتا ئىدى. بۇ بىر قانچە ئاي مابەينىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھاكىمىيىتى بىرقانچە قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلتاي، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ھەربى رايون كاتىۋاشلىرىنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زادىلا توسيالمىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلار دائىرىلىرى مىڭ تەستە تويلاۋاتقان ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى يارىتىۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەرگە ۋەھشى سىياسەت يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۆز مىللىتىگىمۇ نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قارارلارنى كەينى-كەينىدىن چىقىرىشماقتا ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، قاسىمنىڭ تۈنجى ھەرىكىتىدىن بۇيان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى رەسمىي ئېغىر بوھران ئىچىگە كىرىپ قالماقتا ئىدى.

'بۇ ھەرىكەتلەرگە كىرىشىش بىلەن خەلقىمنىڭ بېشىغا بىكاردىن-بىكارغىلا بالا تېپىپ بەردىمىمۇ- قانداق؟ ــ دەپ ئويلايدىغان قاسىم، ۋەتىنىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۆگۈنكى بوھرانلىق ھالىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، مىللىي

مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، ــ توغرا، يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىمىزنىڭ مەقسىدى بۇگۈنكىدەك ۋەزىيەت يارىتىش ئەمەسمىدى؟ ــ قاسىم بىر ئاز بولسىمۇ راھەتلىنىپ بىر نەپەس ئېلىۋالدى، ــ ياق، بۇ ھەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشىمىزغىلا بولىدىكى، ھەرگىزمۇ بىسمىللاسىدىلا توختاپ قېلىش خىيالىدا بولماسلىقىمىز كېرەك!'

قاسىم ۋاقىت چىقىرىپ ھېلىقى ئىككى كىتابچىنى قايتىدىن بىر كۆرۈپ چىقتى: 'قارىغاندا ئىزچى مەن دېگىنى خېلى توغرا مۆلچەرلىگەندەك قىلامدۇ-قانداق؟ ــ ئۇ ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى، ــ "دۈشمەن قانچىكى ئەسەبىلەشكەنىكەن، ھەرىكىتىمىزنىڭ شۇنچە غەلىبىلىك كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ!" ...'

ئۇ بۈگۈن، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرسى ئەمەس، بەلكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى يوشۇرۇن پىدائىلىرىمىزغا ئەگەشكۈچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. 'ياق، بۇ ئىشىمنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملاشتۇرىشىم كېرەك!' ...

"ئۇ كۈنلەردە، بۇ ئىشلارغا خۇددى مەنلا قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىمدەك ئويلاپ كېتىپتىكەنمەن. ــ دەپ پىچىرلاپ قويدى ئۇ تۈرمىنىڭ سوغۇق تېمىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ، ــ ئۇ كۈنلەردە ئۆزەمنى بەكلا قالتىس چاغلاپ كەتكەنىكەنمەن، تۇۋۋا!"

قاسىم، قاپ-قاراڭغۇ كامېرىنىڭ كۆرۈنمىگەن تۇرۇسىغا تىكىلگىنىچە بىر بۇلۇڭدا سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ئەسلىمىلىرىنىڭ داۋامىنى سۈرمەكتە ئىدى.

"يامان يېرى، ھېلىقى ئىككى خىتاي جاللاتنى قاچۇرۇپ قويدۇم-دە! ــ ئۇ، قىمىرلاپ قويۇپ، كامېرىنىڭ كۆرۈنمىگەن نېرىقى بۇلۇڭىغا غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈرىۋەتتى! ئۇ تەرەپتىن بىر تىۋىش چىققاندەك قىلدى، ــ ھېچ بولمىغاندا ئۇ كاپىرنىڭ ئائىلىسىنى بولسىمۇ بىر ئۇرىۋىتىپ قويىدىغان ئىش ئىدى-دە! ھېلىقى، ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىۋەتكەنلەر ھەجەپمۇ يامان نېمىلەركەن-دە!"

ئۇ كوچاڭ خىتاي شۇ كۈنلەردە دەرھال پىنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، پۈتۈن بالا-چاقىسىنى ئېلىپ كۆدە-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ قايتا كەلمەسلىك ئۈچۈن خىتايغا قېچىپ كەتكەنىدى. ...

## ئالتىنچى باب

# قايتا تۈزۈلگەن پىلان

— بۇ كۈنلەردە بىز خەقتە جىڭ ئىش قالمىدى دېگىنە ئاغىنە.
— جىڭ ئىش دېگەن مۇشۇ! دوستۇڭدىن پايدا يۇلمىساڭ، خىتايلار ساڭا پايدا بېرەمتىكى!

— ئىككى باققالنىڭ شىكايەتلىرىدىن

قاسىم قاپ-قاراڭغۇ تۈرمە كامېرى ئىچىدە، بىر ياندا سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يېقىندىن قوشۇلغان ياش باللارنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭراپ يېتىشىغا قاراپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان قاسىم، بىر ۋاقىتلاردا يەنە شۇ كونا ئەسلىمىلىرى قاينىمىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ...

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بەكلا ئەۋجەپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازىيىشقا باشلىغانىدى. ھەرىكەتلەرنىڭ بۇ قېتىم پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشىدا، يوشۇرۇن پىدائىلارنىڭ روھىي ھالىتى سەۋەپ بولماستىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىدە پەۋقۇلئاددە كۈچىيىش كۆرۈلۈش بىلەن، كىشىلەرنى مىدىر-سىدىر قىلىشقىمۇ يول قويماسلىقى سەۋەپ بولماقتا ئىدى. ئەمما بۇنداق جىددىيچىلىك، ھەر ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان سەلبىي ياكى ئىجابىي نارازىلىقلارنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا سەۋەبچى بولماقتا ئىدى.

قاسىم قايتا غەيرەتكە كېلىپ يېڭى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى ئۈستىدە جىددى باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ يەنىلا شۇ ئۆتكەندە ياساپ چىققان ئېلېكترونلۇق كاسئو ياپون قول سائىتىگە قوشۇمچە قىلىپ ياساپ چىققان ئاپتوماتىك ۋاقىت تىزگىنلىنىدىغان پىستان ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ قېتىم ئۇ پىستاننى تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئوت ئالىدىغان قىلىش ئۈستىدە ئۆزگەرتىش قىلىشقا تىرىشىپ كۆردى. ئۇ ئاۋال سائەتنىڭ سىگنال بېرىش ۋاقتىنى

ئون ئالتى سائەتكە توغۇرلاپ تەڭشەپ سىناق قىلىۋىدى، ئاساسەن دەل ۋاقتىدا سىگنال بېرەلىدى. ئۇ يەنە يىگىرمە ئۆچ سائەتكە تەڭشەپ بېقىۋىدى، ئۇمۇ بولدى. ئاخىرىدا ئۇ سائەتنىڭ ھەپتە ئۆزگەرتىش سىگنالى بويىچە بىر ھەپتىگە تەڭشەپ بېقىشنى سىناق قىلىشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ ئارىدا قانداقتۇ باتارىيىنىڭ زەرەتى ئازىيىپ ئوت يېقىشقا كۆچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى. شۇڭا ئۇ، سائەت ئورنىغا ئون نەچچە پۇتلۇق توپلانما توك يولى سىلىتىسى كىرىستالچىسىنى ئالماشتۇرۇپ سىنىماقچى بولسىمۇ، بۇنى كېلىشتۈرەلمىدى. قاسىمنىڭ يېرىم ئۆتكەزگۈچ دېتاللىرى ھەققىدىكى بىلىمى كاملىق قىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ كىرىستالدىكى باغلىنىش نوقتىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى خېلى ئۇزارتىشقا بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىۋالدى. ئاندىن ئۇ يىراقتىن تېزگىنلەشنى سىنىماقچى بولۇپ ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، توك يوللىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئېنىق ئۇقالماي، ئىشنى ھازىرچە قول سائەت بىلەن ۋاقىت تېزگىنلەشتە توختۇتۇپ پىستان تەييارلاشقا كىرىشتى.

بىر كۈنى ئۇ ئاۋازدىن دولقۇن قوبۇل قىلىدىغان بىر قۇرۇلمىنىڭ سىخېمىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ھەقتىمۇ سىناق قىلىپ كۆرمەكچى بولدى. ئەگەر بۇ قۇرۇلمىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ياساپ چىقالىسا، زال ئىشىكىنىڭ ئېچىلىش ئاۋازى، ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىش ئاۋازى ياكى ئاياق تىۋىشى، گەپ قىلغان ئاۋاز قاتارلىقلارغا سەزگۈر ھالغا كەلتۈرۈپ تەڭشەلگىنىدە نىشانلىق ۋە خېلى ئوڭۇشلۇق ۋەھىملەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىتابپۇرۇشلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ھەرخىل يېرىم ئۆتكەزگۈچ دېتاللىرىنىڭ پرىنسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر كىتاب تېپىۋېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئەمما بۇ جەھەتتە قىلغان سىناقلىرىدا، ئادەتتىكى ئاۋازدىلا ئەمەس، يىراقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان موتوسىكىلىتنىڭ ئاۋازىدىنلا سىگنال بېرىۋېتىپ ئىشنى قالايماقان قىلىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ قۇرۇلما ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن يېنىۋېلىپ، باشقا ئاددى ئۇسۇللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى.

بۇ جەرياندا ئۇ يېرىم ئۆتكەزگۈچلەرنىڭ ئەمىلىي ئىشلىتىلىشى جەھەتتە خېلى تەپسىلى بىلىملەرگە ئېرىشتى. دېمەك، ئۇ بۇرۇنلاردا بىلىمنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش جەھەتتە قىلچىلىك ئويلىنىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئون نەچچە يىللىق ئىنجىنىر بولغىنى بىلەن قارغۇدەكلا

يۈرگەنىكەن. مانا ئەندى، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ قىممىتىنى تونۇش قارىشىدا تۈپتىن بىر ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرمۇنچە بىخەتەر ۋە سەزگۈرلىگى خېلى يۇقۇرى ئېلېكتىرونلۇق پىستان لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ تۇلا ئۆزگەرتىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئادەتتىكى بىر ئېلېكتىرونلۇق سىگنال چىقىرىدىغان ئاتكىرتكا قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپلا بەلگۈلەنگەن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتسە پارتىلايدىغان ۋاقىت تېزگىنلەشكە بولىدىغان قوش ئىقتىدارلىق باسماق پىستاندىن بىرنى ياساپ چىقتى. ئىدارىسىنىڭ مىنبىڭلىرى مەشىق ئۈستىدە ئېتىلماي تاشلىۋەتكەن بىر قانچە تال مەشىق مىشەكلىرىنى تېپىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دورىلىرىنى يەم بىلەن چىقىرىپ تۈگمە چوڭلىقىدا بىر پىستان تەييارلىدى. ئۇنى قالغان دورىلار بىلەن سەرەڭگە پوقىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تەييارلىغان پروخ بىلەن ئوراپ تۆت چاسا شەكىلگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىنى ئىزىپ تەييارلىغان قىزىل خىش توپىسىغا خىمىيلىك يىلىم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان لاي بىلەن ئوراپ چىقتى. زېرىكمەي ئولتۇرۇپ قىرىپ قۇمقەغەزلەپ، خۇددى ئادەتتىكى بىر خىش پارچىسى ھالىتىگە كەلتۈردى. ئاندىن توك يوللىرىنى ئۇلاپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن تەگسىلا پارتىلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، ئالدىن كۆرۈپ قويغان بىر زومىگەر خىتاي شوپۇرىنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قېچىش ئۈچۈن سەھەردە يولغا چىقتى.

'ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ ' دېگەندەك، ئىشقا ماڭغىچە ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى ماشىنا بۈگۈن قېرىشقاندەك ئەتىگەنلا يولغا چىقىپ كەتكەنمۇ-قانداق، جايىدا يوق ئىدى! ئۇ يەنە شۇ ئۆتكەن قېتىمقىسىغا ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ سومكىسىدا قورقۇنۇچلۇق 'خىش پارچىسى'، ئەمما پارتلاش ۋاقتى بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتقان، ئەتىراپتا ئىسمىنا ئالمىشىۋاتقان قۇراللىق خىتاي ئىتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنى بەكلا قېيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بىر دۇكاننى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئەتىراپىدىكى قۇراللىق خىتاي پوستلىرىنىڭ يېڭى توختىغان ئاپتوۋۇزغا چىقىدىغانلار بىلەن بولۇپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ ھېلىقى 'خىش پارچىسى' نى دەرھال ئۇ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى بىر بولۇڭغا تاشلاپ قويۇپ جايىغا كېلىۋالدى. خىتاي پاتروللىرى ئۇنىڭمۇ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ

بولۇپ ئاندىن ئۇنى ئاپتوۋۇزغا چىقىرىشتى. سەھەرلىك ئورۇن ئالماشتۇرىۋاتقان پاتروللارنىڭ تولا بەك سەگەك بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ يۈرگەن قاسىم، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قانچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتىۋالغانىدى. 'ئەندى نېمە قىلىشساڭ قىلىش!' دەپ خاتىرجەم ھالدا ئىشىغا كەتتى. ...

قاسىم ئەسلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە، سوغۇق تۈرمە تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنى تۇتىۋالالماستىن ۋىقىلداپ كۈلۈپ كەتتى. "قولتۇغۇڭدا ھېلى پارتىلايدىغان پارتلاتقۇچ، نەگە قويۇشنى بىلمەي تېپچەكلەپ يۈرگىنىڭ-ھە! پالاكەت ئاقماق!"

– ۋايجان! – قاسىمنىڭ تويۇقسىز ۋارقىرىشى كامېردىكى يېڭى ھەمرالىرىنى چۆچىتىپ ئويغىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆزىنى شاڭخو قىلىپ كۈلىشى خېلى ئوبدانلا بەدەل تۆلەتكەنىدى. بۇرۇنقى پالاكەتلىكىنى شاڭخو قىلىمەن دەپ ئاغزىنى بىر غېرىچ ئېچىپ كۈلىۋېدى، قايسى كۈنىسى گۇندىپايلار تەرىپىدىن يىرتىۋېتىلگەن ئاغزىنىڭ ئەمدىلا قېتىشىۋاتقان كالپۇكى قايتىدىن يىرتىلىپ كەتتى. ئالدىراش بېلىكىگە ئورالغان داكىدىن ئازراق يىرتىپ ئاغزىغا بېسىپ قان توختۇتۇشقا تىرىشتى. يىرتىلىپ ساق يېرى قالمىغان كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئاغزىدىن ئاققان قان بىلەن بۇلغىنىپ بوغۇزلىۋېتىلگەن قويدەكلا بولۇپ قالدى. "ئەسلىدە مانا بۇ كالاڭپايلىغىمنى شاڭخو قىلىشىم كېرەك ئىدى!"

ئۇ، يارىسى بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشتى. بىر ۋاقىتلاردا قان توختىغاندەك قىلىۋىدى، شۇ ۋاقىتتىكى خىتايلارنىڭ پالاكەتلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەتتىن باشلاپ نېپىز پەلەي كىيىۋېلىپ ئىشلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا تىرىشقانىدى. شۇڭا خىتاي ئاپشاركىلىرىغا بارماق ئىزلىرىنى ئاساسەن قالدۇرماي كېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ تەجرىبىسىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپتىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىدە ئىز قالدۇرماسلىق ياكى چاندۇرۇپ قويماسلىق جەھەتتە قانچىلىك قاراملىق قىلغانلىقىنى، يەنە شۇنداق تۇرۇغلۇق پاش قىلىنماي كەلگەنلىكىنى كېيىنكى يىللاردا ھەيرانلىق بىلەن ئەسلەيتتى.

ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەخسۇس ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە پىلان تۈزۈپ، بىرەر يوشۇرۇن ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىنى چىقىرالىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. دېمىسىمۇ بۇ بىر ئەسىر مابەينىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوزغىغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن بەزى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ يۇشۇرۇن ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ كەلگەن بولغاچقا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى چەتئەل جاسۇسلىرى پىلانلاپ قوزغىغان، ئۇيغۇرلار ئاز ئالدىغا بۇنداق بىر ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش جاسارىتىگە ئىگە كىشىلەردىن ئەمەس، دەپ قارىشاتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىزنىڭ نۇرغۇن تېنچ پائالىيەتنى تەرغىپ قىلغۇچى كىشىلىرىمىزمۇ ھە-دېسىلا چەتئەللىكلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ سىزغان يولىدىن چىقماي پائالىيەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشنى بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ، خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزدە چەتئەل ياردىمى بولماي تۇرۇپ بىز خەقتىن بۇنداق ھەرىكەتنى قوزغاش پىلانى چىقمايدۇ، مەخپىي ھەرىكەت قىلىش خىيالى نامەرتلىك، مەرتنى مەيداندا سىنا، دەيدىغان قاراشلارمۇ ھۆكۈم سۈرىدىغان ۋەزىيەت ئاساسلىق ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئەسلىدىنلا خىتاي رازۋېتچىكلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان پاش قىلىپ چىقىرالىغان ھەرقانداق بىر مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكىتى ياكى پىلانلىرىنى ئالاھىدە تېخنىكىلىرىغا تايانمايمۇ، خەلقنى قورقۇتۇش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ياكى بىر-بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش ۋاستىلىرىغا تايىنىپلا پاش قىلدۇرۇش مەخسىدىگە يېتىپ كەلمەكتە ئىدى.

يوشۇرۇن ھەرىكەتلەرنىڭ بىخلىرى كۆرۈلىۋاتقان دەسلەپكى يىللارغىچە دېگىدەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مىللىي نارازىلىق، مىللىي ئەركىنلىك تەلەپلىرى، يوشۇرۇن تەشكىللىنىش ھەرىكەتلىرى سېزىلگىنىدە ئاساسەن شۇ دائىرىدىكى يەرلىكلەرنى “ئۆگىنىش كورۇسى، پارتىيە ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئېنىقلاش ھەرىكىتى، پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى” دېگەندەك شەكلى ئۆزگەرگەن نازارەت ئاستىغا ئېلىش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ، كىشىلەرنى كېچە-كۈندۈزلەپ قامىۋېلىپ سۆزلىتىشكە مەجبورلاپ پاش قىلغۇزۇش مەقسىدىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. بۇ خىل نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغانلار ئۇزۇن مۇددەتلىك سىرتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىش جەريانىدا ئاستا-ئاستا پىسخولوگىيىلىك نورمالسىزلىق روھىي ھالىتىگە يېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ئۆز

ئىختىيارىنى ئۆتتۇرىغا قويۇشنىڭ ۋاستىلىق شەكلى ھېساپلىنىدىغان ئۆزىنى باھالاش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىچى پۇشىغىنى ئاڭسىز شەكىلدە قاندۇرۇش يولىنى تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى ئىچكى-تاشقى تېنچلىقپەرۋەر ئەرباپلىرىمىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى ئىشەندۈرگىدەك تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتقان 'دۈشمەن بىلەن سۆزلىشىپ ئىشنى ھەل قىلىش ئەڭ توغرا يولىمىز' دەيدىغان سەپسەتىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ، ئاڭسىز بولسىمۇ ۋاستىلىق ھالدا خېلى ئوبدانلا سەۋەبچى بولاتتى. بۇنىڭ كەينىدىنلا ئايرىم گۇرۇپپىلار بويىچە باھالاش، يالغۇز قويۇپ باھالاتقۇزۇش، يالغۇز قويۇپ شىكايەت قىلغۇزۇش، يالغۇز چاقىرىپ پاش قىلغۇزۇش، يالغۇز  چاقىرىپ گۇمانلاندۇرغۇزۇش، يالغۇز چاقىرىپ ئۆزىنى ئاخلاتقۇزۇش، ... دېگەندەك چارىلارنى ئىشقا سېلىش بىلەن، ئەسلىدىنلا جەڭگىۋارلىق، مىللىي، ۋەتەن چۈشەنچىلىرى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن كىشىلىرىمىز بىلىپ-بىلمەيلا بىر-بىرىنى قارىلاش، بىر-بىرىنى چىشلەپ تارتىش، ھەتتا قۇرۇقتىن-قۇرۇق گۇمان قىلىشىپ بىر-بىرىسگە تۆھمەت ئارتىش قاتارلىق ۋاستىلىق پاش قىلىش يولىغا كىرىپ قالدۇ. تۆھمەتكە قالغان كىشىمۇ مىللىي غۇرۇرى بۇرمىلىۋېتىلگەن بۇ ئۇيغۇر جەمىيىتىدە، باشقىلارنى قۇرۇق تۆھمەت بىلەن قارىلاش يولى ئارقىلىق شەخسى ئۆچىنى ئېلىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ دولقۇنسىمان دەۋرىلىشىپ داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى ساپلا بىر-بىرسىنىڭ پېيىغا چۈشۈپ يۈرىدىغان 'ھەممە كىشى گۇمانلىق       ' ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەرياندا ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قايسى بىر غوۋا يىپ ئۇچىغا تويۇقسىز ئېرىشىپلا قالغۇدەك بولىدىكەن، گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىنى سوتسىز-سوراقسىزلا تۈرمىلەردە قامىۋېلىپ، ئېغىر جازالار بىلەن 'مەسىلە تاپشۇرۇش، پاش قىلدۇرۇش' قا قىستايدۇ. ئاندىن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ 'جىنايەتچى   ' نىڭ ئەسلى 'گۇناھلىرى          ' دىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان يەپ-يېڭى 'جىنايەتلىرى ' بىلەن تەھدىت قىلىشىپ، ئاخىرى ئۆزىنى كىم بۇ ھالەتكە قويغانلىقىنىمۇ پەرق قىلالمىغىدەك دەلدۈش ھالغا كەلتۈرىۋېتىپ "گۇنايىڭدىن كەچتۇق" ياكى "دېلويىڭنى ئاغدۇرىۋەتتۇق" دەپ، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ 'شەپقىتى ' نى پەش قىلىپ قويىۋېتىشىدۇ. ئۇمۇ تۈرمىدىن قۇتۇلغىنىغا خوشال بولۇپ تېخىمۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا قايتا جەمئىيەتتە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

خىتاي شوۋىنىستلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە دېگەندەك يىپ ئۇچلىرىنى تەكشۈرۈپ-تەھلىل قىلىش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى ئەتىراپىدىكى كىشىلەرنىڭ پاش قىلىشقا تايىنىپ دېلو تىكلەپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەپتىن، خىتاي كوممونىستلار ھاكىمىيىتى تا تۇقسەنىنچى يىللارغا كەلگىچە مەخسۇس ئىچكى رازۋېتكا دۆلەت تەشكىلاتى ئۈستىدە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، جىنايىي ئىشلارنى تەكشۈرۈپ پاش قىلىش مەجبۇرى ھەرىكەتلىرىنى ۋاستىلىق مەقسەت قىلغان بىر خىل 'ئاممۋى ھەرىكەت دولقۇنى ' يارىتىشقا تايىنىپ، رازۋېتكا پائالىيەتلىرى ئورنىغا ئاتالمىش 'ئاممۋىي ھەرىكەت ' قوزغاش ئارقىلىق خەلقنىڭ نارازىلىق پىكىرلىرى، باشقىچە قاراشلىرى ياكى يوشۇرۇن ئىدىيىلىرىنى پاش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلىق دولقۇن يارىتىدىغان ھەرىكەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، گۇمانلىقلارغا جازا بەرگەندىن باشقا، قالغان كىشىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئارخىپخانىلارغا سولاپ قويۇپ بىر مەزگىل باشقا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىشىدۇ. قاچانكى، مۇھىت قايتىدىن بىر جازالاش ھەرىكىتىگە مۇھتاج بولغىنىدا ھېلىقى گۇمانلىق ماتېرىياللارنى قايتىدىن سۆرەپ چىقىپ ئىككىنچى قېتىملىق فاشىستىك جازالاشلارنىڭ ئاساسىي قىلىشىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىختىسادىي سىياستى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەر بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەكسەنىنچى يىللاردىن باشلاپ تەدرىجى ھالدا بازار ئىختىسادىي تۈزۈمگە قاراپ ئىسلاھات قىلىشقا ئەگىشىپ، ھەرخىل يوشۇرۇن سىياسىي نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى بۇرۇنقىدەك كۆچنى مەرگەزلەشتۈرۈپ ئاممۋىي ھەرىكەت يارىتىشقا تايىنىپ رازۋېتكا قىلىش ئىشلىرىنى ۋاستىلىق ھەل قىلىۋېلىش چارىسى كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەس بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئىچكى رازۋېتكا ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەخسۇس ئىچكى مۇداپىئە ئورگىنىغا جىددى ئېھتىياجى چۈشۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە خەلقئارادىكى داڭلىق جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىدىن ك گ ب، س ئى ئا، ف ب ئى، ساس، موسساد قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىتىلغان ئەنچۈەنبۇ ياكى ئەنچۈەنتىڭ دېگەندەك جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى تۇشمۇ-تۇشتىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا كىرىشكەنىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ سىستېمىلاشقان

ئىلمىي رازۋېدكا بىلىم جوغلانمىسى بىلەن بۇ جەھەتتە يېتىشتۈرگەن ئىلمىي خادىملىرى بەكلا يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرۇلغان بۇ تۈردىكى ئىچكى جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدا ئىلمىي رازۋېدكا مۇتەخەسسىسلىرى كامچىل، تەجرىبىسى يېتەرسىز، ئىلغار ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللىرى جەھەتتىدە بەكلا كەمبەغەل بولغاچقا، بۇ تۈردىكى ئورگانلىرى خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئاساسەن ئىسمى بار ساپاسى يوق بىر توپ پۇرسەتپەرەس لۈكچەكلەر ئۇۋىسى ھالىتىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھە ر دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ قاراساۋاتلىقى، چىرىكلىكى، تاماخورلىقى، شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل يېڭى ئورگانلار 'ئارقا ئىشىك' تىن كىرىپ كەلگەن ئىختىدارسىز، ياۋايى، ۋەھشى، ساۋاتسىز ۋە قارا نىيەتلىك مەخلۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، تا بۈگۈنگىچە كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر دېلونى ئۆز ئالدىغا ئوڭۇشلۇق پاش قىلىپ چىقالىغىنى يوق. بۇنى ئاز دەپ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ساقچى ئىدارىلىرى، قانۇن ئورگانلىرى ياكى مۇداپىئە ئورگانلىرى بىلەن قىزغىنىشىپ، بىر توغرا كېتىۋاتقان دېلو رازۋېدكا ئىشلىرىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە سۇئىي قاتماللىق ئىچىگە پاتۇرۇپ قويۇشىدىغان ھادىسىلەر پات-پاتلا ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرماقتا. قارىغاندا ئەمەلىي تەجرىبىسىنى ھەرقانچە ئۆستۈرۈۋېلىشتى دەپ قارىغاندىمۇ، يەنىلا بۇ خىل ئىقتىدارسىزلىقىنى خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە سۆرەپ يۈرىشى بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قىلغان ‘جىنايى ھەرىكىتى ‘ نى قەتئىي ئىنكار قىلىش ئىمكانىمۇ بولمىغان نەق پاكىت بىلەن سەۋەنلىكتىن قولغا چۈشۈپ قالغان قاسىم ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلىرى پۈتۈنلەي قاتماللىققا پېتىپ قالغانلا ئەمەس، ھەتتا بىرەر ‘نەتىجە‘ چىقىرالىشىدىنمۇ پەقەتلا ئۈمىدلىرى قالمىغانىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، قاسىمنىڭ ئۆلتۈرۈلمەي تېرىك تۇتۇپ تۇرۇلىشى ئاساسەن پەۋقۇلئاددە ‘ئامەت ‘ بېرىدىغان جۆيلۈپ سېلىشى ياكى يېڭىدىن قولغا ئېلىنغانلارغا سۈر كۆرسىتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشتىن باشقا مەقسىدى يوق ئىدى. خىتايلارنى ھەيران قالدۇرىۋاتقان يەنە بىر ئىش، چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىلىك بىلەن قىيناشلىرىغا قارىماي، قاسىمنىڭ شۇنچە ئايلاردىن بېرى ئىرادىسىنىڭ قىلچىمۇ يۇمشىماسلىقى ئىدى.

“بۇ مەخلۇق ئۇيغۇرنىڭ يا جىنى تۆمۈر، يا بولمىسا ئۇنىڭدا چىقىدىغانغا جان

دېگەن بىرنېمە يوق!” دېيىشەتتى ئادەمىيلىكنى يوقاتقان بۇ گۇندىپايلار بىر-بىرىگە.

ئەسلىدە، قاسىمنىڭ ئىرادىسى ئۈنچىلىك مۇبالىغە قىلغىدەكمۇ كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئەنە شۇ ئىلىك-ئىلىكىگىچە بۇلغىنىپ كەتكەن ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى-دە! ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى: ئۇ، شۇنچە يىللىق چېكىدىن ئاشقان ۋەھىملىك ھەربىكەتلەرنىڭ غالىپ پائالىيەتچىسى بولغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ياكى كۆرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا كەلتۈرگەن پاجىئەلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇگۈن بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ قىيناشلار ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى.

‘ئاقماق خىتايلار!’ دەپ شاڭخو قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى.

بۇ قېتىم ئۇ، ئاغزىنىڭ قايتا يىرتىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان ئېقىش توختىغانىدى. ئۇ، ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپىسى — ئۆتمۈشنى ئەسلەشنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى.

...

قاسىم شۇ ‘خىش پارچىسى’ ۋەقەسى بولغان كۈنىسى ئىشقا بېرىپ ئىشخانىسىغا كىرىۋالغىنىدىن كېيىن، بىر كېچە ئۇخلىماي چىققىنىغا قارىماي، ئۆزىگە ئايرىلغان ۋەزىپىسىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئەستايىدىل ئىشلەشكە تىرىشتى. ئۇ، كۆرۈنۈشتە ئىدارىسىنىڭ ئىشىغا شۇنچە ئەستايىدىل بېرىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى خىش پارچىسى — بومبىسىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىدە قالغانىدى.

چۈشكە يېقىن ئىشخانىسىدىكى بىر خىتاي ھەسرىگىنىچە كىرىپ كەلدى:

“تەي كې پا، تەي كې پا! (نېمە دېگەن دەھشەت)” - دېگىنىچە ھەسرەپ گېپىنى قولاشتۇرالماي كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ خىتاي، قاسىمنىڭ تاشلاپ كەتكەن بومبىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كىرگەنىكەن. ئۇ خىتاينىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، كىچىك بىر ھاراق-تاماكا، پېچىنە-پىرەندىك ساتىدىغان بىر خىتاينىڭ دۇكىنى بولۇپ، دۇكان خوجايىنى ئەتىگەن كېلىپ دۇكىنىنى ئاچقان. بۇ ئارىدا يېنىدا بىرگە ئېلىپ كەلگەن بەش ياشلىق ئوغلى ئۇيان يۈگرەپ، بۇ يان سەكرەپ يۈرگەندە ھېلىقى

‘خىش پارچىسى’ غا پۇتى تېگىپ كەتسە كېرەك، شىددەتلىك پارتلاش بىلەن ئۇ خىتاي بالىسىنىڭ بەدىنى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ دۇكاننىڭ ئەينەك پوكىيىغا چاپلىشىپ قالغانىكەن! بۇ ئارىدا بىر تەيتەي دۇكانغا كىرىۋاتقان بولسا كېرەك، پارتلاشقا توغرا كېلىپ قېلىپ بىر يانغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۆلۈك-تىرىكلىكى نامەلۇم ئىكەن. دۇكاندار خىتاينىڭمۇ يۈزى بىلەن بىر قولى تىتىلىپ كەتكەن ھالدا بالىسىنىڭ گۆش پارچىلىرىغا قاراپ دات-پەرياد قىلىشى ھەممىدىن بەك ئېچىنىشلىق تۈس ئالغانىكەن. ئەتىراپتىكى نەق مەيداننى كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، بىر ئۇيغۇر بالىسى بومبىنى دۇكانغا ئېتىپلا قېچىپ كەتكەنمىش؛ يەنە بىرسىنىڭ دېيىشىچە پارتلاتقۇچ بومبىسى ئۈستىنىكى قەۋەتنىڭ بىرسىدىن چۈشكەنمىش. ...

قاسىم يالغان ئېچىنغان قىياپەتتە كىرىۋېلىپ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تۇرغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق مۇجىلىپ ئازاپلانماقتا ئىدى. ئۇ، ئاچچىق ‘جادىلى’ ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ بىرھازا چەككەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى: ئۇنىڭ پەيدا قىلغان بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ نىشانلىق ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پەيدا قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. دۈشمەن ئەسەبىلىكى چېكىدىن ئاشقان، ۋەھشىلىكى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتكەن، ئاساسەن يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈنلا ھەربىي ھالەتكە ئۆتۈپ بولغان بۇنداق جىددىيچىلىك قاپلىغان بىر ۋەزىيەتتە، يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋەقەلىرىنى قانداق قىلغاندا ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان نىشانلىق بىر شەكىلدە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل چارە-تەدبىرلەرنى بىردىن-بىردىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باش قاتۇراتتى:

‘بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىم، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ’ ئۇنىڭ ئەقلى بۇ سوئاللارغا مۇۋاپىق جاۋاپ تېپىش يولىدا ئاۋارە ئىدى. ئۇ، شۇنچە ئويلاپمۇ تۈزۈگىرەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىرى ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق يوقۇرى دەرىجىلىك خىتاي تاجاۋۇزچى ئەمەلدارلىرى يىغىلغان يەرلەردىن بىرەرسىدە ئېغىر پاجىئە پەيدا قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقتى. خىيالى بۇ يەرگە كەلگىنىدە بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى.

قوللىرىنىڭ يەڭگىل تىترىشىنى، تىزلىرىنىڭ ئاستىدا جان قالمايۋاتقانلىغىنىمۇ ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۇنداق جان پىدا قىلىشتىن راستىنلا قورققانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بەدىنىگە تېڭىلغان پارتلاتقۇچ بومبىسىنىڭ شىددەت بىلەن پارتلىشى، ئۈچەي-باغرىنىڭ تىتما-تىتما بولۇپ پۈتۈن ئەتىراپقا چېچىراۋاتقانلىغى، قايسى بىر بېلىگىنىڭ بىر تەرەپكە، يەنە بىر پاقالچىقىنىڭ باشقا بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تىترەپ كەتتى. بېلى بىلەن بېشىنىڭ يەنە نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى كۈتمەيلا بۇ قورقۇنۇچلۇق خىيالدىن ۋاز كېچىپ، دەرھال قولىدىكى ئىشىغا زېھنىنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشتى.

ئۇ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىغا زىھنىنى يىغالماي، كاللىسى يەنىلا شۇ يوشۇرۇن ھەرىكەت مەسىلىسىگە قېيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەقلىگە تۇيۇقسىزلا ھېلىقى ئىككى كىتابتا يېزىلغان سۆزلەر كېلىۋالدى:

> “دۈشمەن قانچىكى ئەسەبىلىشىدىكەن، بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىمىزنىڭ شۇنچە ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرسىتىدۇ، ... دۈشمەن ئەسەبىلەشكىنىدە ئۇنىڭ ۋەھشىلىگىنى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق ۋەھىمە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ۋەھىمىلىك قورقۇشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز شەرت! ...”

قاسىم ئويلىنىپ قالدى: توغرا، بۇ كۈنلەر ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەنىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئەسەبىلىككە پېتىپ قالغان پەيتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېغىر ۋەھىمە ئىچىگە پېتىپ قالمىسا، ئۇلاردىكى بۇنچە ۋەھشىلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇلار راستىنلا ئېغىر تېرروررچىلىق ۋاستىلىرىغا تايىنىپ بىزنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدا، بىزمۇ ئۇلارغا دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇشقا ئوخشاش يولنى تۇتۇپ تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ كۆپ مەخپى ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىپ، دۈشمەننى تېخىمۇ ئېغىر پاراكەندە قىلىپ قورقۇتۇش بىلەن جاۋاپ بېرىشىمىز لازىم.

ئەندى ئۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك قىلدى: تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ زىچ ۋەھىمىلىك ھەرىكەت پەيدا قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ ئەسەبىلىگىنى قورقۇشقا ئايلاندۇرۇش! قاسىم پارتلىتىش ئەسۋاپلىرىنى ئۆيىدە ساقلاشتىن، بىر قىسمىنى ئىدارىسىدا تەييارلاپ ساقلاش تېخىمۇ بىخەتەر بولامدۇ-قانداق دەپ

قوشنا        ئۆيلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى ئەندى خىتاي ئەمەلدارى بىلەن بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ خىتاي قوشنىسى ئارىلاپ ھال سورىغان قىياپەت بىلەن قاسىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىقىدىغان بولىۋالغان ئىدى. قاسىممۇ ئۇ خىتايغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ كوڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ، بىرەر رومكا ئىبسىل 'تېنچۇي' ھارىغى بىلەن مېھمان قىلىپ قوياتتى. ئۇ خىتاي بەزىدە ۋەزىيەتنىڭ بەكلا جىددىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان سۆزلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. قاسىممۇ ئۇنىڭغا يارىشا قايسى بىر كۆرۈنمەس تەلۋىلەرنى تىللاپ قويغان بولىۋېلىپ، كەينىدىنلا گەپنى بۇراپ كەسپىگە دائىر يېڭى تېخنىكا چارىلىرى، يېڭى كەسپى يۈزلىنىشلەر ئۈستىدە نوختىلىق پىكىرلىشىپ قوياتتى. ئۆيىدىكى ئىشكاپلىرىمۇ راستىنلا ئۆز كەسپىگە دائىر يېڭى-يېڭى خىتايچە قېلىن كىتابلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. خىتاي قوشنىسىمۇ قاسىمدىن كەسىپ تۇغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر، تالاش-تارتىشلارغا كىرىشىپ ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىۋېلىشنى، ھەتتا بەزىدە ئەيىبنىشتېيىندەكلا پىكىر قىلىپ كېتىمەن دەپ كۆرەڭلىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ پات-پاتلا:

"لاۋ كا، سەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ بىرى سەن جۇمۇ!" دەپ يالغان ماختاپمۇ قوياتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى بۇ خىتاي قوشنىسى يەنە كىرىپ كەلدى. ھېلىقى ئادەت قىلىۋالغان لەززەتلىك بىر رومكىنى كالپۇكى بىلەن تامشىپ-تامشىپ يۇتقاچ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

"لاۋ كا، ئاڭلىسام سەن بۇرۇنقى ئۆيدىكى ۋاقتىڭدا ھەپتىدە دېگىدەك دوسلىرىڭ بىلەن 'گاۋشىڭ-گاۋشىڭ'    قىلىشاتتىكەنسەن. بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگىنىڭگىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالدى. ئۇ دوسلىرىڭغا يېڭى ئۆيۈڭنىڭ ئادرىسىنى بەرمىگەنمىدىڭ؟ ئۇلارنى چاقىرغىن، ئارىلاپ 'گاۋشىڭ' قىلمىساڭلارمۇ بولمايدۇ بۇ زېرىكىشلىك كۈنلەردە."

ھەقىقەتەنمۇ قاسىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولالماي يۈرگىنىگە خېلى ئايلار بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا يېڭى ئۆي كۆچۈشلا سەۋەپ بولۇپ قالماي، كوچىدىكى جىددىيچىلىكلەرمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تۇيۇقسىز ئاختۇرۇشلار، ھەتتا بەزىدە كېچىلەردە ئولتۇرۇش قىلغانلارنى يىغىپ بىر نەچچە كۈندىن سولاپ قويۇشلارمۇ كۆرۈلگەن

ئىدى. دېگەندەك، ئۆتكەن ئايدا قاسىمنىڭ ئۆلپەتلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆيى ئاخشىمى زوراۋان خىتاي لوكچەكلىرى تەرىپىدىن تۇيۇقسىز باستۇرۇپ ئاختۇرۇلۇشى، ئاغىنىلىرىنى بەكلا ئۈركىتىۋەتكەن ئىدى.

“كېچىلەردە تۇيۇقسىز ئۆي ئاختۇرۇشلار بولۇپ تۇرغاچقا، دوسلىرىم بىر يەرگە يىغىلىشتىن قورقۇپ كىلەلمەيۋاتىدۇ. ــ دېدى قاسىم ئۆكۈنگەن قىياپەتتە، ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىلەردە ئۆيلىرىگە قايتىشىمۇ خەتەرلىك. ...” ــ دەپ دۇدۇقلىدى.

“دوسلىرىڭغا دەپ قوي، ــ دېدى سەل كۆرەڭلىگەندەك قىياپەت بىلەن خىتاي قوشنىسى، ــ قورقماي كېلىۋەرسۇن. بولمىغاندا قونۇپ ئەتىسى كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر كەلسە ماڭا خەۋەر قىلىۋەت، ئۇلار بىلەن ئۆزەم سۆزلىشەمەن، خاتىرجەم بولسۇن. مېنىڭ ئەنچۈەنتىڭدا مۇھىم بىر ئىشتا ئىشلەيدىغان يېقىن بىر يۇرتلۇغۇم بار، شۇڭا ساڭا بىر ئىش بولمايدۇ قورقما!” ــ بۇ گەپلەر قاسىمغا ياغدەك ياراشقان ئىدى.

“ئەمىسە بۇ شەنبىدە ئاغىنىلىرىمنى ئۆيۈمگە چاقىراي، سەنمۇ كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بېرەرسەن؟” ــ دېدى.

“كېرەك يوق، كېرەك يوق!” ــ دەپ يالغان ھىجايدى خىتاي قوشنىسى رومكىسىدىكى ھارىغىنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرىنى تامچىلىغاچ ئولتۇرۇپ. ...

قاسىم كوچا خەۋەرلىرىنى تەپسىلى ئاڭلىمىغلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغاچقا، راستىنلا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن ئىدى. ئەتىسى ئاغىنىلىرىدىن بىرسىگە تېلېفون بېرىپ بۇ شەنبىدە ئۆيىگە يىغىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلدى.

“راس دەيسەن، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە تۈزۈكىرەك ئولتۇرۇش كۆرمەي گاللىرىم قىچىشىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. چوققاڭغا بىر مۇش دوستۇم، ئەمىسە مەن قالغانلارغا دەرھال خەۋەر قىلاي. بۇ شەنبە يېڭى كۆچكەن ئۆيۈڭنى مۇبارەكلەپ ئىچىشەرمىز. ...”

ھاي-ھۇي دېگىچىلا شەنبە كۈنىمۇ كېلىپ قالدى. قاسىم ئەتىگەن تۇرۇپ بازار ئارىلاپ گۆش-ماي، كۆكتات ۋە مىڭ تەستە ئىككى پوتولكا ئېسىل ‘داچۇي ‘ ھارىقىدىن تېپىپ كىردى. ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى گۆشنى بىراقلا قازانغا پۇرلاپ تىقتى. گازىر-پۇرچاقلار بىلەن دەستىخان راسلىدى. دېگەندەك چۈش بولمايلا ئاغىنىلىرى بىرلەپ-ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى. قاسىمنىڭ

ئۆيىنى ئايلىنىپ چىققان دوستلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ بۇ يېڭى ئۆيىنى بىردەك ئالاھىدە ماختىشىپ كېتىشتى.

دوسلىرى بۇ بىر نەچچە ئايلىق ئىچى پۇشىغىدىن شىكايەت قىلىشۋالدى. قازاندىن مېزىك گۆش پۇرۇغى كېلىشۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھەممە دوسلار يايراپ كەتكەن ئىدى.

'ساقى' گۆش پىشقىچە تاقىتى قالماي پوتولكىدىن بىرىنى ئېچىپ رومكىلارغا تەڭشەپ قۇيدى:

"قېنى ئەمسە ئاغىنىلەر، نەچچە ئايدىن بېرى بىزنى تاشلىۋەتكەن بۇ ھەمرايىمىزنى كۆتۈرىۋەتەيلى!"

ئاغىنىلەر ئۈن-تۈنسىز رومكىلىرىنى بوش جىرىڭلىتىپ سوقۇشتۇردى. قاسىمۇ رەسمىيەت ئۈچۈن قۇرۇق رومكىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ ئاغىنىلىرىنىڭكى بىلەن تەككۈزىۋالدى.

رومكىلاردىكى سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىنى يوشۇرۇپ ھەرخىل تىزىلغان چىشلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، تىللارنى چۈچۈتكەن ھالدا چاپلىشاڭغۇ بوغۇزلاردىن غۇرتۇلداپ ئۆتۈپ قىزىل ئۆڭگەچلەرنى تاتىلىغىنىچە ئۇتتۇر بېرىپ ئاشقازان خالتىسىغا تۆكۈلۈپ ئاچچىق كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئالدىراپ كەتكەن بۇ سۇيۇقلۇق ئېقىمى بەزىلەرنىڭ قىزىل ئۆڭگۈچىگە پېتىشماي بوغۇم-بوغۇم تۈرۈلگەن كارنىيىغىمۇ ساقىپ كېتىپ، قېقىلىپ-قېقىلىپ يۆتەلدۈرۈپ، يۈزلەرنىڭ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەب بولماقتا ئىدى. قىزىل ئۆڭگەچنى تاتىلاپ ئېقىپ چۈشىۋاتقان بۇ سۇيۇغلۇق تۈنۈگۈندىن بېرى بىرەر لوقما كۆرمىگەن مۆدۈر-چوقۇر قېرىن ئىچىگە تۆكۈلمەكتە، ئۇ يەردە ئېرىتىشكە بىرنىمە تاپالمىغان بۇ ئىسپىرت سۇيۇقلۇغى، ئاشقازان خالتىسىنىڭ تىرپ-ياغلىرىنى ئېرىتىپ يۇيۇشقا كىرىشمەكتە ئىدى. يۇيۇلۇپ ئېچىلىپ كەتكەن قېرىن تىرپلىرى كۈچلۈك ئىسپىرتنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن ئوت بولۇپ يانغاندەك قورۇلۇپ ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇ يەردىنمۇ ساق ئۆتكەن ئىسپىرت ئېقىمى ئەقلنى بۇلغاش ئۈچۈن ئاچچىق ئۈچەي ئارقىلىق ئايلىنىپ قانغا سىڭىشقا باشلىدى. ...

ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەر بىرسى خۇددى چوغ يۇتىۋالغاندەك كۆيىۋاتقان مەيدىلىرىنى سىلىشىپ قويۇپ، "پاھ، پاھ، پاھ! خېلىلا راھەتلىنىپ قالدىما!" دېيىشكىنىچە چىرايلىرىنى سەكسەن قورۇق قىلىپ پۈرۈشتۈرۈشتى. كەينىدىنلا

سىسىق تاماكىلارنىڭ تۈتاشتۇرۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئازابلىنىپ كەتكەن ئاشقازانلىرىنى ئالداش ئۈچۈن دەستىخاندىكى تاتلىق تۇرۇملارغا ھۇجۇم قىلىشتى. ئاغىنىلار ئۈزۈندىن بۇيان ئايرىلىپ قالغان بۇ ‹قەدىناس ھەمرا› لىرىغا قېنىشالماي، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرىشالماي بىر قانچە قەدەھنى كەينى-كەينىدىن بوشىتىۋېلىشتى. قان ئارقىلىق يۈرەكنى ئايلىنىپ ئۆتكەن ئىسپىرت تامچىلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۆچۈتۈشۈپ، يۈرەك سوقۇشلىرىنىمۇ تېزلىتىۋەتكەچكە، چىرايلىرىمۇ دەرھاللا ئۆپكىدەك قىزىرىشقا باشلىدى. ئۇ يەرلەردىنمۇ ئېشىپ چىققان ئېتانول مالېكۇلىلىرى ئايلىنىپ بېرىپ نېرۋا تومۇرلىرىدىكى سۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەقىل ھۈجەيرىلىرىنى بۇلغاشقا كىرىشىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بىھۇدە قورقۇشتىن يوشۇرۇپ يۈرگەن قىسمەن قىياپەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قورقمايىراق سۆزلىگىدەك ھالەتنى پەيدا قىلىپ، ھەممىسى بىر-بىرىگە يول قويۇشماي سۆزلەيدىغان مەدداھلارغا ئايلانماقتا ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى تولدۇرۇشقا كىرىشكەن ئېتانول مالېكۇلىلىرى كىلىتكىلاردىكى سۇ مالېكۇلىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەشكە باشلاپ نېرۋا پائالىيەتلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋاقىتلىق بولسىمۇ بۇلغاپ يېرىم-ياتا خىيالىي مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا ئەقىلسىزلىقنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلاش بىلەن تەڭ، بۇ ئاغىنىلارنىڭ گەپلىرى ئاستا-ئاستا بىر-بىرىسىدىن تېتىقسىزلىششقا باشلىدى. ...

ئۇلارنىڭ يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان دېيىشەلمەي كەلگەن نۇرغۇن كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى سىرتىغا تېپىپ ئۇلارنى چىڭقىلدۇرۇپ يېرىلىپ كەتكىدەكلا ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشقان ئىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ سۆھبەت تېمىلىرى پاتلا نوۋەتتىكى جىددىيچىلىك، ئەنسىزچىلىك ھادىسىلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. قاسىمنىڭ بايىتىدىن بېرى بۇ دوستلىرىدىن كۈتىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر ئىدى.

ھەممە ئۆز بىلگىنىچە ۋەزىيەتنى مىجىغلاپ، ئۆزلىرىچە باھالىشاتتى. قاسىممۇ ئارىلاپ ئۇنى-بۇنى بىلمىگەنگە سېلىپ سوراپ قويۇپ سۆھبەتنىڭ قېيىپ كېتىۋاتقان تېمىسىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى تەرىپىگە بۇراشقا تىرىشاتتى. ئارىلاپ چاي يېگىلاپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمىدى.

"ئايپالتىچىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ تازا قاملاشمىغىلى تۇردى. — دەپ

مۇلاھىزىسىنى تۆكۈشكە باشلىدى ئۈلپەتلەردىن بىرسى، ــ دەسلىۋىدە راس گەپنى قىلسام، خېلىلا ئۈمىدلىنىپ قالغان ئىدىم ئۈلاردىن. مانا ئەندى كوچىغىمۇ چىقالماس، ئارامىدا ئولتۇرۇپ ئىچەلمەس بولۇپ قالدۇق. ھەي بۇ كۈنلەرنى، ...”

“دېگىنىڭ توغرا، ــ دېدى ‘ساقى’ رومكىلارنى تارقىتىپ تۇرۇپ، ــ ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاندا-ساندا بولۇپ تۇرغىنىنىڭمۇ تولا بەك زىيىنى يوق ئىدى. ــ ئۇ يېڭى قويۇلغان لىگەندىكى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن گوشتىن بىر پارچە سۆكۈپ ئېلىپ ئاغزىغا پۈرلاپلا تىقتى. چاينىغىنى بىلىنمەيلا غۇرتلا قىلىپ يۇتىۋەتتى، ــ ئەمما ئۇنچىلىك ۋەھشىلىكمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك مېنىڭچە بولغاندا!” ــ ئۇنىڭ گۆش تەگكەن ئاغزى مايلىشىپ كۆڭۈلنى ئاينىتقىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

“ئاغىنىلەر، توختاڭلار، ــ دەپ ‘ساقى’ نىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا گەپ باشلىدى ئۈچىنچىسى، ــ قايسى كۈنىسى گۇگۇم چۈشكەندە يالغۇز كېتىۋاتسام پۇتۇمغا بىر نېمە ئۇرۇلغاندەك قىلىۋىدى، ئېلىپ قارىسام يالتىراق خالتىنىڭ ئىچىدىن بىر جۈپ كىتابچە چىقتى دەڭلا ...”

“بىر بولاق پۇل تېپىۋالدىم دەپ ئويلىغانسەن ھەقچان!” ــ دەپ قاھ-قاھلاپ كۈلدى ‘ساقى’ مايلىشىپ كەتكەن قولىنى شىلتىغىنىچە ‘خەۋەرچى ’ نىڭ سۆزىنى بولۇپ.

“پۇل چىققان بولسىمۇ يامىنى يوقتىغۇ؟ ــ دېگىنىچە قويىنىدىن قاسمىغا بەكلا تونۇش بولغان ئىككى كىتابچىنى چىقاردى ‘خەۋەرچى ’، ــ ئېچىپ قارىسام بۇ كىتابلارنىڭ ئىسمى بەكلا قورقۇنۇچلۇق، ئاستا ئىچ يانچۇغۇمغا تىقىۋالدىم. ئاخشىمى ئۆيدە يالغۇز يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ تۈگىتىۋەتتىم بۇ كىتابلارنى. قارىغاندا كوچىدا بولىۋاتقان شۇ ئىشلار خېلى ئوبدانلا بىر يەرلەردىن باشقۇرۇپ قىلىنىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ. كىتابتا يېزىلغانلارغا قاراپ ياق دەي دېسەم توغرىدەك، راس دەي دېسەم بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەندەك قىلىدۇ. ئاخىرى بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە ئالدىراپلا بىر نېمە دېيىشكە بولمايدىكەن دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالدىم. بۇ كىتابلارنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي سىلەرنىڭمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىڭلارنى مەسلىھەت قىلىمەن.” ــ دېگىنىچە ھېلىقى كىتابلارنى ئاۋايلاپ دەستىخان ئۈستىگە قويدى.

بۇ كىتابلارنى كۆرگەن قاسمنىڭ يۈرىكى ‘جىغ’ قىلىپ ئويناپ كەتتى. بۇ

كىتابلار، ئۇنىڭ بىر ۋاقىتلاردا كوچا ھاجەتخانىسىدىن تېپىۋالغان «ئىزچى مەن» كىتابلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ، بۇ كىتابلارنى ئىختىيارسىزلا قولىغا ئالدى.

“نېمىكەن بۇلار؟ ــ دېگىنىچە ‘ساقى’ كىتابلارنى قاسىمنىڭ قولىدىن ئالدى. ئېچىپ مۇندەرىجىلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا كىرىشتى. ‘موخوركىچى’ مۇ تاقەتسىزلىنىپ قولىنى كىتابقا ئۇزاتىۋىدى، ‘ساقى’ ئۇنىڭ قولىنى كىتابلار بىلەن ئۇرۇپ سىلكىۋەتتى. ــ سەن ئاۋال شۇ ئالدىڭدىكى ھاراقنى ئوقۇشنى بىر كېلىشتۈرەلىگىنە! بۇنداق كىتابلارغا سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، تارت قولۇڭنى كىتابلاردىن! ــ ‘ساقى’ كىتابلارنى بىر قۇر ئۆرۈپ-چۆرىگەندىن كېيىن تەشۋىقات ھەۋەسكارىغا بۇرۇلۇپ سورىدى. ــ قېنى دېگىنە، بۇ كىتابلىرىڭدا نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟”

“بەكلا جىق نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەپتۇ. ــ دېدى ‘خەۋەرچى ’، ــ بىر قارىساڭ، بۇ كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر پۈتۈنلەي توغرا پەيدا قىلىنىۋاتقاندەك، يەنە بىر قارىساڭ، ... بىزدەكلەرنى قىپقىزىل ۋەتەن خائىنى دەپلا كېسىۋەتكەن!”

“بىزنىمۇ چىشلەپ تارتىپتىمۇ بۇ كىتابلاردا؟ ــ سورىدى نارازى تۇستە ‘موخوركىچى’، ــ بىز نېمە قىپتۇق خائىنلىق قىلغىدەك؟”

“قارىغاندا ئاز-تولا ئۇمچى بار نېمىدەكمۇ قىلامدۇ بۇ ‘ئىزچى’ دېگىنى، ــ دەپ كىتابنى تونۇشتۇرۇشقا كىرىشتى ‘خەۋەرچى ’، ــ يازغانلىرىغا قارىساڭ خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بىرسىگە ئوخشاپمۇ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ خىتايلار بىلەن بىز خەقنى خېلى ئوبدانلا باھالىغاندەك قىلىدۇ. مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىگە ھەققىدە تەپسىلى قەدەم-باسقۇچلىرى بويىچە تەھلىل قىلغان ئىكەن. شۇڭا بۇ كىتاب بويىچە قارىساڭ، بۇ كۈنلەردىكى يوشۇرۇن زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى بىزنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولىمىز بولۇپ قالغان ئىكەن دېگىنىڭ كېلىدۇ. بۇ كىتابنى كۆرمەي تۇرۇپ، بولىۋاتقان ۋەقەلەرنى ئويلىساڭ، قىپقىزىل ساراڭلىقتەكلا بىلىنەتتى. ئەمما ئاغىنىلەر، بۇ كىتاب بۈگۈنكى ئاقىۋەتلەرنىمۇ خېلى توغرا مۆلچەرلىگەن ئىكەن. ــ ئۇ سەل ھاياجان بىلەن ئەتىراپىدىكىلەرگە بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىدىكى رومكىنى يالغۇزلا بوغۇزىغا ئۆڭتۈرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر لوخما گۆشنى كاپ قىلدى. ئاندىن سوۋۇپ قالغان چېيىنى تۆگىتىپ، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھاراقتىن سەسكىنىپ پۈرلىشىپ كەتكەن غەلىتى قورۇقلار

سەل يوقالغاندەك قىلدى، ــ قارىغاندا بۇ ‹ئىزچى› دېگىنى ئاۋال ئۇدۇللا قىلىپ «مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟» دېگەن ئاۋۇ قارا تاشلىق كىتاۋنى يازغان بولسا كېرەك، بەزىلەرگە ھە دېگەندىلا بەكلا ئېغىر تىگىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇ كىتابنىڭ قايتا كۆچۈرۈلگەن نەچچە مىڭ نۇسخىسنى ھەتتا بىرمۇ خىتاي تاپقىلى بولمايدىغان چەتئەللەردىمۇ مۇھاجىر ئۇيغۇر باشلىقلىرىمىز قورقۇپ تۇپلىتىپ كۆيدۈرىۋېتىشكەن ئىكەن! بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان ئاپتور، بۇ كۈرەش ئۇسۇلى پرىنسىپلىرىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ تەھلىل قىلغان ئىككىنچى كىتابى بولغان قولۇڭدىكى شۇ زەڭگەر تاشلىقنى يازغاندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بىلەن بىرىنچى كىتابنى ئوقۇپلا ‹ئىزچى مەن› گە قايىل بولىشىمىز بەكلا تەسكەن. بىزدەك سەۋىيىلىك كىشىلەرگە نىسپەتەن ‹ئىزچى مەن› نىڭ ئىككىنچى كىتابى بولغان مۇنۇ زەڭگەر تاشلىق «يا مۇستەقىللىق ـــ يا ئۆلۈم!» دېگىنىنى ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ. ...”

“ئەمىسە بىزنىڭ مۇنۇ ‹موخوركىچى› دەكلەرگە قارا تاشلىقنى بەرسەك بولىدىكەن دەڭلا، ئۇنىڭ ئەللىگىنچى نومۇرلۇق بېشى بەك تەس ئىشلارنى چۈشىنىپ كىتەلمەيدۇ.” ــ دەپ قاھ-قاھلاپ كۈلگىنىچە قولىدىكى قارا تاشلىق كىچىك كىتابنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ‹ساقى›.

“سەنمۇ ئادەمنىڭ گېپىنى بىر-بىرىگە قوشمايدىكەنسەن. ــ خەۋەر ھەۋەسكارى سەل ئۆڭگەندەك قىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ‹ئىزچى› دېگەن كىشىنىڭ يۈرىكى قاپتەك بىر نېمە بولسا كېرەك، يازغانلىرىغا قارىساڭ، ئەگەر خىتايلار ئۇنى تۇتىۋالىدىغان بولسا، بۇ ‹ئىزچى-پىزچى› دېگىنىنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا خام يەۋەتكىنىدىمۇ ئاچچىقى بېسىلماسمىكىن دەيمەن!”

“ئەگەر دېگىنىڭدەك، كوچىدا بولىۋاتقان شۇ ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ تارقىلىشىغا ‹ئىزچى› دېگىنىڭنىڭ كىتابلىرى ئاز-تولا تۈرتكە بولغانلا بولىدىكەن، ئۇنى قورۇپ يەۋەتكىنىدىمۇ ئۆلگىرەلمەيدۇ بۇ خىتايلار. كىم بىلىدۇ، تېخى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى تېپىلماس تۇتىيا بولۇپ كىتەمدۇ-تېخى. خىتايلار شۇ چاغدا كۆرىدۇ ۋەھىمە دېگەننىڭ نېمىلىگىنى! ــ ‹ساقى› تاماكىسنى شورىغاچ كۆك تاشلىق كىتابنى قوينىغا سېلىپ، قارا تاشلىقنى ‹موخوركىچى› غا تۇتقازدى. ــ ئاغنىمىز بۇ ئىزچى دېگەننى بەكلا ماختاپ كەتتى.

قېنى، سەنمۇ ئاز-پاز بىرنېمىلەردىن خەۋەر تېپىپ قال.“
”سەنمۇزە، ئاۋال قاسىمدىن سوراپ باقمايلا كىتابنى قوينىڭغا تىقتىڭ. ئاۋال ئۇنىڭدىن كەلمىسۇنمۇ؟“
”قاسىم بۇ كىتابلارنى ئوقۇمىسىمۇ بىلىدۇ بۇنچىلىگىنى. ــ دېدى ‹ساقى› رومكىلارغا قايتا هاراق تولدۇرغاچ، ــ ئەسلىدە مۇنۇنىڭغا بۇ كىتابلار زايا كېتىدىغان بولدى-دە! بۇ ئەسلىدە ئاۋال ئالدىدىكى شۇ هارىقنى لايىغىدا ئوقۇپ پۈتتۈرەلىسىلا بولاتتى. قاسىم سەن ئالدىرىماي تۇر، بۇ كىتابلارنى مەن ئاۋال بىر قۇر غاجىلاپ باقاي. ماڭا بىر نېمىلەر چىقمايدىغان كىتابلارنى هەرگىزمۇ ساڭا مەسلىهەت قىلمايمەن.“
ئاغىنىلار ئوڭدىن-سولدىن سۆزلىشىپ بۇ يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قانچە ۋەقەلەر، تارقىلىپ يۈرگەن بىر قانچە يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ بۇ يېقىنلاردا يۈرگۈزمەكچى بولىۋاتقان باستۇرۇش پىلانلىرى، يۇرتىغا قېچىۋاتقان خىتايلار سانى، بىكاردىن-بىكارغىلا جازالىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار، ... دېگەندەك هادىسىلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە يول قويۇشماي دېگىدەك تالىشىپ سۆزلىشىپ كېتىشتى. ...
ئولتۇرۇش ئەهلىنىڭ قىياپىتى ئىككىنچى پوتولكىنىڭ يېرىمىدىشىغا ئەگىشىپ ئاۋال قىزىرىش، ئاندىن تاتىرىشقا، سۆزلىرىمۇ كۆپىيىپ هېلى دىگىنىنى يەنە دەيدىغان لاۋزىلىششلارغىچە بېرىپ يەتمەكتە ئىدى. بۇ ئارىدا تاشقارقى ئىشىك ئەدەپ بىلەن ئۇرۇلدى.
هەممە جىم بولۇپ ئەنسىرەش بىلەن ئىشىككە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ قاسىمغا تىكىلىشتى.
قاسىم بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى:
”لاۋ كا، دوسلىرىڭ كەلگەنمۇ قانداق؟ سوراپ باقاي دېگەن ئىدىم.“ ــ دەپ ئۆيگە ۋۇشنا خىتاي يالغان ھىجايغىنىچە كىرىپ كەلدى.
قاسىممۇ ئوخشاشلا يالغان ھىجىيىپ ئۇنى مېهمانخانىسىغا باشلىدى. كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ئەلەڭ-سەلەڭ ئولتۇرۇشقان قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرىنى كۆرگەن خىتاي قوشنا يالغان ھىجىيىشنى داۋام قىلدۇرۇپ دېدى:
”سىلەر داۋام قىلىشىۋېرىڭلار، ئەركىن ئولتۇرىۋېرىڭلار. ــ دەپ ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ‹ساقى› مۇ بىر رومكا ئالدۇرۇپ هاراق

تولدۇرۇپ، خىتاينى جوزىغا تەكلىپ قىلىپ ھاراقنى ئۇزاتتى. ھەممە بىردەك ئەلەك-سەلەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يالغان ھۆرمەت بىلەن رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قويۇپ خۇددى ئۇسساپ كەتكەن موزاي سۇ ئىچكەندەك غۇرتۇلدۇتۇپ يۇتىۋېتىشتى. بۇ بىچارىلارنىڭ خىتايلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ باشقا بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرستەلەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك مىللەتچىلىك قۇراللىرىدىن بىرى، ئەنە شۇنداق باتۇرلارچە بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىش نامايىشى ئىدى. خىتاي قوشنا بىر قولىدىكى رومكىغا، بىر مېھمانلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق چىرايىغا قاراپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قىسىلغان قىياپەتتە، – سىلەر ۋىي زۇلار ھاراققا يامان كېلىسىلەر، مەن، ... مەن ئۇنداق ئىچەلمەيمەن، رۇخسەت قىلساڭلار ...” – دەپ رومكىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ پەۋەز كۆزلىرىنى يوقاپ كەتكىچە چىلىق يۇمۇپ تۇرۇپ ئىنچىكە بىرنى يۇتۇپ قويدى.

قاسىم بۇ خىتاينى دوسلىرىغا ئۇيغۇرچە-خىتايچە ئارىلاشتۇرۇپ ئەبجەش بىر تىلدا تونۇشتۇردى. ئاندىن ئاغىنىلىرىنى كەسىپى ئۇنىۋانلىرىنى قوشۇپ ئىش ئورۇنلىرىنى قىسقىچە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

“ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ھەممىڭلار بىلىملىك كىشىلەردىن ئىكەنسىلەر، مەنمۇ ئوقۇغان بىلىملىك ئۇيغۇرلارنى ياخشى ك ۆرىمەن. – ئەمما بۇ خىتاينىڭ چىرايىدىن، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا تاغدىن چۈشۈپ كەلگەن ۋەھشى باندىتلاردەكلا كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەقىقەتەنمۇ تاڭ سىڭنىڭ ‘غەرپكە ساياھەت ’ قىلىشىدا ئۇچراتقان يالقۇنلۇق ئىدىقۇت تاغلىرى ئەتراپىدا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ يۈرگەن ھېلىقى بۆرى-ئالۋاستىلارنىڭ قىياپىتىگە دەلمۇ-دەل ئوخشاپ كېتىدىغانلىغىنى، بۇنداق ۋەھشىلەرگە تەڭ كېلىشتە سوڭ ۋۇكوڭنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ھېلىسىنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا چارە يوقلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرگەنلىگى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە، بۇ ئۇيغۇر دېگەنلەرنىڭ خىتاينىڭ شۇنچە باي نەچچە ئون مىڭلىغان ھەرىپىنى بىلىپ بولالايدىغانلىغا ئەقلىلىرىنىڭ بولىشىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگەنلىگى نامايان بولدى: ھەي ئىست، شۇ لەنتى دېڭىز بورىنى بولمىغان بولسا، كوڭزىنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرىدىغان خېتى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى-دە، ۋاي ئەتتەڭ! – دېگەندەكلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ھاياسىزلىق پۇراپ تۇرغان چىرايىغا يالغان تەبەسسۇم يېغىشقا تىرىشتى، – لاۋ كا

بەك ئەقىللىق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ...’’ ــ دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ، قولىدىكى رومكىنى مېھمانلارنىڭكىگە يەڭگىل تەككۈزۈپ چىقىپ، گويا زەھەر ئىچىۋاتقاندەك قىينىلىپ تۇرۇپ مىلىك بىر بالالاردا تۈگەتتى. ئۆلپەتلەرمۇ چاققان ‹ساقى› نىڭ يېڭىدىن تولدۇرۇپ ئۆلگۈرگەن رومكىلىرىنى تەڭ بوشىتىشتى.

بۇ خىتاي، ياۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ھاراققا بوغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقتى ئەتىمالىم:

‘‘سىلەر ئولتۇرىۋېرىڭلار، بەھۇزۇر بولۇڭلار. لاۋ كا، ئەگەر بىرەر ئىش بولسا مېنى تارتىنماي چاقىر، ياردەم قىلىمەن.’’ ــ دەپ ياسالما تەكەللۇپلەر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. قاسىممۇ ماھارەتلىك بىلەن سۇنئىي تەكەللۇپ قىلىپ ئۇنى ئىشىكىگىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى.

‘‘بۇ خىتىينىڭ چوقۇم بىزنى رازىۋېتكا قىلغىلى كىرگەن نېمە! قارىمامسەن، چىرايىدىن يالغانچىلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.’’

‘‘سەنمۇ قىزىقكەنسەن. قايسى بىر خىتاينىڭ بىز خەققە راسچىل بولغىنىنى كۆرگەن ئىدىڭ؟’’

‘‘... ...’’

بۇ خىتاينىڭ پەيدا بولىشى بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ پەيزى قاچقان ئىدى. ئۆيدىكى غۇۋۋا خىتاي پۇرىقىمۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ئېھتىيات قىلىشىغا يېتىپ ئاشقان ئىدى. شۇڭا قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن قورقۇش ئىچىدە ۋەتەن تەقدىرى ھەققىدىكى گەپلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشۇپ تاغدىن-باغدىن بىرەر يېرىمدەم سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقان دوسلار، سائەتلىرىگە قارىشىپ قوزغۇلۇشقا باشلىدى.

‘‘قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۆيىمىزنى تېپىۋالمىساق، يولدا بىرەر زوراۋان خىتايغا ئۇچۇراپ يۈرمەيلى يەنە.’’ ــ دېدى ‹موخوركىچى›.

قاسىممۇ بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ گېپىنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېلەر ھەپتىدە يەنە ئۆيىگە يىغىلىشنى تاپىلاپ دوسلىرىنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى.

ئاغىنىلىرىنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۆتكەن كۈندىكى ‹خىش پارچىسى› نى تاشلاپ كەتكەن دۇكاندىكى پارتلاشقىمۇ ‹ئايپالتا قوشۇنى            › ئىگە بولىۋالغانىمش. خىتاي ساقچىلىرى بۇ ۋەقەنىڭ جىنايەتچىلىرىنى پاش قىلىش

ئۆچۆن شۇ ئەتىراپتا ئولتۇرۇشلۇق يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەنمىش. بۇ ئۆي ئاختۇرۇشتا بىر قازاقنىڭ ئۆيىدىن بىر قانچە پاي كونا ئوق ملتىغىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ئوق-مىشەكلىرى، يەنە بىر تۇڭگانىنىڭ ئۆيىدىن قايسى بىر يىللىرىدا تاش كولاشتا ئىشلىتىپ تاشلاپ قويغان بىر نەچچە بولاق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تاغ پارتلاتقۇچ دورىسى چىقىپ قالغان ئىكەن.      نەتىجىدە خىتايلار بۇ ئىككى ئائىلىدىن بىرەردىن ئادەمنى، يەنە شۇ قاتاردا بۇرۇنقى يىللاردا كوچا جېدىلى چىقىرىپ ساقچىغا كىرىپ چىققانلىق دېلوسى بولغان نەچچە ئۇيغۇر ياشلىرىنىمۇ گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىپ، قالغانلىرىنى بىرەر ھەپتىدەك تۇتۇپ قىينىغاندىن كېيىن قويۇۋېتىشكەن ئىكەن.

قاسىم، بىگۇناھ قولغا ئېلىنغان بۇ كىشىلەرگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارنى ئاقلاپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى خەلق ئارىسىغا بىر يوشۇرۇن چاقىرىقنامە تارقىتىش خىيالىغا كېلىدۇ. ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشخانىسىنىڭ بىرسىدىكى كومپيۇتېردا ئالدىن تەييارلاپ يۇمشاق دېتال تەخسىسىگە ئېلىپ قويغان «چاقىرىقنامە» سىنى كۆپەيتىپ يازدۇرىۋالدى. ئاندىن بۇ نۇسخىلارنى قول تەككۈزمەي تۇرۇپ گېزىت قەغىزىگە ئوراپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىشقا باشلايدۇ. مەھەللىسىدىكى بارلىق بىنالارنىڭ چىراقلىرى ئۆچۈپ، تار كوچىلارنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكىنىدە، تالانى كۆزلۈتۈپ تۇرۇپ بوران كۈچىيىشى بىلەن دېرىزىسىدىن ھېلىقى ۋاراقلارنى تالاغا ئۇچۇرىۋەتتى. ئاپپاق قەغەزلەر ھېلى ئۇ تامغا، ھېلى بۇ تامغا ئۇرۇلۇپ يۈرۈپ ھايت-ھۇيت دېگىچىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئەتىسى ئاخشىمى بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ تاختىسىغا چاپلانغان بىر ئېلان پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

‘‘قەدىرلىك يۇرتداشلار!

ۋەتىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىشىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىق كوچىسىدىكى دۇكان پارتلىتىلىشنى باھانە قىلىشىپ ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۇڭگان بولۇپ جەمئىي يۈزدىن ئارتۇق قېرىنداشىمىزنى بىگۇناھ تۇتۇپ كېتىپ، بىر ھەپتىدەك ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىيناشتى! ئاندىن ئۇلاردىن ئالتە نەپىرىنى

گۇمانلىق دەپ قانۇنسىز قولغا ئېلىپ سولىۋېتىشتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ قېرىنداشلىرىمىزدىن تۇت كىشىنى ۋەھشىلەرچە ئۇرۇپ لەختە- لەختە قىلىپ قىيناپ تۈرمىدە ئۆلتۈرىۋېتىشكەن! قالغان ئىككىسىدىنمۇ ھازىرغىچە ئۆلۈك-تىرىكلىگىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق!

بىز پۈتۈن قېرىنداشلىرىمىزغا مۇراجەت قىلىمىزكى، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن بۇ تۆت نەپەر شېھىدىمىزنىڭ قانلىق قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇ ئەتىراپتىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن بىرقانچە ئۇنىنى ئەڭ پاجىئەلىك ئۇسۇللاردا ئۆلتۈرىۋېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز!

- ئايپالتا قوشۇنى"

قاسىم بۇ تەشۋىقات ۋارىقىنى كۆرۈپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى: "نىمە دىگەن چاققان!" ئەسلىدە بۇ ۋاراقتىكى ئىمزادىن باشقا يېرى پۈتۈنلەي قاسىمنىڭ يازغىنى ئىدى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بېرىدۇ:

نامەلۇم بىرسى بىر خىتاي باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ يېنىدىكى بېنزىن پونكىتىغا ئالاھىدە كۈچلۈك مىنا قويۇپ پارتلىتىۋەتكەن. بۇ مىنا بېنزىن باك ماشىنىسى كېلىپ پونكىتنىڭ بېنزىن ئىسكىلاتىغا ئۇنىنەچچە تونىنا بېنزىن تولدۇرىۋاتقىنىغا توغرىلىنىپ پارتلىتىلغانلىقى ئۈچۈن، پاجىئەنىڭ دەھشىتى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىرگەن. بۇ ۋاقىت ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چىقىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، شەھەرنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ئاڭلانغىدەك كۈچلۈك پارتلاش بېنزىن ئىسكىلاتىدىكى نەچچە ئون تونىنا بېنزىن بىلەن قوشۇلۇپ، گويا ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندىكىگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە چوڭ مەدەك شەكىللىك ئوت بۇلۇتىنى پەيدا قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن. كەينىدىنلا ئۇلىشىپ كەلگەن يېڭى-يېڭى پارتلاشلار قوشۇلۇپ، ئەتىراپتىكى بىنالارغا ئوت شارى ھالىغا كەلگەن بېنزىن باكلىرى ئۇچۇپ چۈشۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە بۇ كوچا بىردەمدىلا قويۇق ئوت-يالقۇن ئىچىدە قالغان.

مەكتەپتىن چىقىپ بۇ بېنزىن پونكىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان بىرەر يۈزگە يېقىن خىتاي بالىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بىرەر تېرىك مەشئەل توپىغا ئايلىنىپ، گويا ئوت پۈشكۈرتىۋاتقان بىردىن ئەجدەرھاغا ئوخشاش تەرەپ-تەرەپكە دومىلىشىپ، ئوت يالقۇنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ يەرگە يېيىلىشىغا قوشۇمچە بولۇپ بەرگەن. ئەتىراپ بىردەمدىلا قويۇق بېنزىن پۇرىقىغا قوشۇلغان سېسىق ئادەم

گۈشى پۇرىغى بىلەن تولۇپ كەتكەن!

تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن پاژارنىكلار يېنىۋاتقان بىنالارغا، ھەرىكەتچان 'ئوت شارلىرى' غا قارىتىپ سۇ چېچىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئوت يالقۇنىنىڭ يېيىلىشى بەكلا تېز بولغاچقا، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىدىن پۈركۈلگەن سۇ-كۆپۈكلەر، ئوت يالقۇنىنى باستۇرۇش تۈگۈل، گويا ئۇلارنىڭ چېچىۋاتقىنى سۇ بولماستىن بەلكى بېنزىن چېچىۋاتقىنىدەك، سۇ چاچقانسىرى ئوت يالقۇنىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ كەتكەن. كەلگەن ئون نەچچە پاژارنىكتىن پۈركىلىۋاتقان سۇ-كۆپۈكلەر قىيامەت ھالىغا كەلگەن بۇ كوچىغا زادىلا دال بولالمىغان. ھەممە تەرەپنى ئېچىنىشلىق قىيا-چىيا ئاۋازلار قاپلىغان، كىيىم-كېچىگى، يۈز-كۆزلىرى چالا كۆيگەن خىتايلار يېنىۋاتقان بىنالارنىڭ بالكونلىرىدىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىشىۋاتقان، بەزىلىرى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بىنالىرىدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنى توختۇتۇپ ئالالماي ئۇتتۇر بېرىپ ئوت يالقۇنى ئىچىگە كىرىپ كېتىشكەن.
ئارىدىن بىر ياش خىتاي بىر قولى كۆيۈپ تۇرغان ھالدا ئوت يالقۇنى قاپلاپ كەتكەن بىنادىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئاتقىنىدا پۇتلىشىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن. بىر ساقچى ھۇلۇقۇپ كېتىپ بۇ خىتىيغا ياردەملىشىپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆيگەن قولىدىن تۇتۇپ تارتقىنىدا، ساقچىنىڭ قولىغا رەسمى پىشقان بىر قولنىڭ لوخ گۈشى سۆڭىگىدىن ئاجراپ چىققان! يەردىكى چالا كۆيگەن خىتاينىڭ بىر بېلىگى جەينىگىدىن باشلاپ ئىككى تال ئۇزۇن سۆڭىگى، ئۇچىدا شاراقشىپ تۇرغان بەش بارمىقىنىڭ ئىسكىلىتى ئاپپاق شۈلىنىپ پاكىزلىنىپ قالغان! ...

كوچىدىكى مەنزىرە ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ھالغا كەلگەن: ئۇ يەر-بۇ يەردە ياتقان ھەرىكەتچان ئوت شارلىرى ئاستا-ئاستا ئۆچۈپ، ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس-تۈتەك ئاستىدا ياغاچ كۆمۈرىدەك قورۇلۇپ قالغان مىڭ يىللىق تۇرپان مومىيالىرىدەك ئىسكىلىتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئوت ئۆچۈرگۈچى پاژارنىك ساقچىلىرىنىڭ بىرسى تېخى تولۇق ئۆچۈپ بولالماي ئالدى-كەينىگە چىپىپ يۈرگەن بىر جانلىق مەشئەل توپى ئۈستىگە سۇ تۇتقانىكەن، كۈچلۈك سۇ ئېقىمى دەرھال ئوتنى ئۈچەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەتچان جىسمىنىڭ باش تېرىسىنى يۈز تېرىسى بىلەن قوشۇپ سۆكۈپ چىقىرىپ پاك-پاكىزە شۈلىۋەتكەن بىر باش سۆڭىگىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغان. سۇ بېسىمى بىلەن يەرگە

يېقىلىپ چۈشكەن بۇ كۆمۈر گەۋدىسىدىن شۇلۇنگەن ئاپپاق باش سۆڭگى بويىنىدىن ئاجراپ ئۇزۇلۇپ چۈشۈپ، خۇددى بىر ۋالىبول توپىغا ئوخشاش دومىلىغىنىچە بېرىپ بىر ئازگالدا توختاپ قالغان. بۇ باش سۆڭگىنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغان ئېغىز بوشلىغىدىكى سەدەپتەك قاتار تىزىلغان چىشلىرى ئارىسىدىن تېخى پىشىپ بولالمىغان قىپقىزىل تىلى، تومۇزدىكى ئىسسىقتا سۇسىز قالغان قانجۇقنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن تىلىدەك بىر غېرىچ يانغا ساڭگىلاپ چىقىپ قالغان! ...

بۇ مەنزىرىدىن چۆچۈپ كەتكەن ھېلىقى سۇ پۈركىگەن ئوت ئۆچۈرۈش پاژارنىك ساقچىسى قولىدىكى سۇ خورتۇمنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ جېنىنىڭ بېرىچە ختايچە بىرنېمىلەر دەپ ھوۋلاپ بېرىپ يول قىرىدىكى سىمونت تاش قىرىغا ھە-دەپ بېشىنى ئۇرۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ يۇمىلىغان قالپىغى بىرچەتكە كەتكەن بولۇپ، بېشى بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويىلىپ دىرىلدەپ تىترىگەندىن كېيىن جېنى چىقىپ جىمىپ قالغان. ...

ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئەتراپ گويا مەخسۇس ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغان ھەربىي لاگىرغا ئوخشاش، مىڭلىغان ختاي ئەسكەرلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئەتراپ كۆيۈپ كۈل بولغان بىنالار، ئۇ يەر-بۇ يەردە ياتقان كۆمۈرلەشكەن گەۋدىلەر، ... ئىنتايىن ئېغىر پاجىئەلىك مەنزىرە ئوتتۇرغا چىقىپ، ھەممە ياقنى سېسىق گۆش پۇرىغى قاپلاپ كەتكەن. ...

قاسىم بۇنچە ئېغىر پاجىئەنى پەيدا قىلغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمىدى. بۇ ۋەقەنى ئېتىراپ قىلىپ ئۈستىگە ئېلىپ يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى ياكى بايانات ئېلان قىلىدىغان بىرمۇ 'قوشۇن' ياكى شەخسى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دېگەندەك، بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ھوجۇقۇپ كەتكەن قاسىممۇ بۇ ھەقتە بىرەر يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى چىقىرىپ باھالاشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك بىر قازاق كادىرىنىڭ ئۆيىدە، باشلىرى ۋاقتىدىن بۇرۇنلا ئاقىرىپ كەتكەنلىگى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرغان بىر كىشى، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغلىغا تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىكى بىر ۋاراق خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى:

“قەدىردان ئەكە، مېھرىبان چەشە!

بۇ مېنىڭ سىزلەرگە يېزىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىش خېتىم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەن سىزلەردىن مېنىڭ ئۈچۈن قەتئىي يىغا-زار قىلىشماسلىقىڭىزلارنى، مېنىڭ سەۋەبىمدىن تۈگىمەس بالالارغا قالماسلىقىڭىزلار ئۈچۈن بۇ خەتنى مەڭگۈ بىرسىگە كۆرسەتمەسلىكىڭىزلارنى، پەقەت ئۈكام ماقاتان چوڭ بولغىنىدىلا ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ قالىمەن. جېنىم دادا، مەن سىزنىڭ ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن جۇشقۇنلۇق سۆھبەتلىرىڭىزنى نېرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ پات-پات ئاڭلاپ يۈرۈپ، بۇ ۋەتەننىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئۈستىدە مەنمۇ ئويلىنىشقا باشلىغانىدىم. بىزنىڭ ئائىلىمىز، بۇ ۋەتەننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان قەھرىمان قازاق ئائىلىلىرىنىڭ بىر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم.

جېنىم دادا، مېھرىبان ئاپامنىڭ كۆڭلى بەكلا نازۇك. مېنىڭ بۇ خېتىمدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيمەن. شۇڭا، ئاپامنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى كېيىنىرەك ئاستا-ئاستا بىلدۈرۈپ قويارسىز. ئۆ كۈنلەردە، ئاپامنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىقى، مەندىن غۇرۇرلىنىشى لازىملىقىنى ئۇختۇرۇپ قويارسىز.

مەنمۇ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش جەڭگىۋار پەرزەنت بولۇش ئارزۇسى بويىچە ئىچىم ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. سىزلەردىن يوشۇرۇپ يۈرگەن، ئۆزەمگە بىر ئۆمۈرلۈك ھەمرا قىلىشقا تاللىۋالغان سۆيگەن يىگىتىمنىڭ ئۆتكەن ھەپتىدە خىتاي تۈرمىسىدە پاجىئەلىك شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغىنىمدىن كېيىن، ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن پىلانلىق ۋە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشنى كۈتۈپ جىم يېتىشقا ئەڭ ئاخىرقى تاقىتىمنىمۇ قويمىدى. قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ خىتايلاردىن سۆيگەن يىگىتىم ۋە ئەجداتلىرىم ئۈچۈن قانلىق قىساس ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتىم. ھازىرقى پىلانىم، ئالدى كوچىدىكى «لىن زەيشۈي» خىتاي باشلانغۇچ مەكتىۋى يېنىدىكى بېنزىن پونكىتىنى پارتلىتىش.

جېنىم دادا، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ئالتاي تاغلىرىنىڭ پۈتۈن قىراتلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرى بولالىغىنىدەك، خوتەن چۆللىرىنىڭ ھەربىر توغراقلىقلىرىغىچە بولغان يەرلەرمۇ ئوخشاشلا بىز قازاقلارنىڭ ئانا يۇرتىمىز! شۇڭا، بۇ ۋەتەننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن تازىلاپ چىقىشقا تۆھپە قوشۇش ئىشىمۇ بۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىز قازاقلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىمىز دەپ قارايمەن.

سىزلەرنى قۇدايغا ئامانەت قىلىمەن. غەيرەتلىك بولۇڭلار، مەندىن پەخىرلىنىڭلار!

ـ قىزىڭلار گۈلسۈمدىن”

بۇ خەت ئوقۇلغان كۈنىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «ئوسمان باتۇر قوشۇنى» دەپ ئىمزا قويۇلغان بىر يوشۇرۇن پىدائىلار ھەرىكەت قوشۇنىنىڭ ۋەھىمە پەيدا قىلىش پائالىيەت نەتىجىلىرىمۇ، يوشۇرۇن ۋاراق شەكلىدە ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. ...

بۇ ۋەقە، خىتايىنى زىل-زىلىگە سالغان بىر ۋەقە بولۇپلا قالماي، دۇنيا

تەشۋىقات مۇنبەرلىرىدىمۇ بەش-ئون يىل بۇرۇن قايسى بىر ئەلدە يۈز بەرگەن قانداقتۇ بىر ۋەقەلەرگە ئوخشىتىلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە بۇ رايوندىكى ھادىسىلەرنىڭ تالاش-تارتىشلىرىنىڭ داۋام قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ بەردى. بۇ ۋەقەنىڭ قەھرىمان شېھىدى بولغان گۈلسۈم، دادىسى تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللارغىچە  سىر قىلىپ ساقلاندى. گەرچە كېيىنكى يىللاردا گۈلسۈمنىڭ دادىسى بۇ ھادىسىنى ئەمدىلا قورامىغا يەتكەن ئوغلىغا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، شۇ ۋەقەنىڭ ئىگىسى بۇ ئاتا-بالا ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىۋەردى. ماقاتانىنىڭ دادىسى ئايالىغا بۇ ۋەقەنىڭ قىزى گۈلسۈم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى دېيىش تۇرماق، ھەتتا قىزىنىڭ چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ بىر يەردە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ياساپ چىقىپ ئايالىغا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ ۋەقەنىڭ كىم تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغانلىقىنى ھەر قانداق بىر پىدائىلار قوشۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىشتىن نۇمۇس قىلىشىپ، ئۇنى «سادىر پالۋان ۋەقەسى» دەپ كىشىلەر ئارىسىغا داستان قىلىپ تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى سەل-پەل يۇمشاۋاتقان يەرلىكلەرگە قارشى ئېلان قىلىنماي يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەربىي ھالەت ۋەزىيىتى قايتىدىن كۈچەيتىلىپ، كوچىلار خىتاي ساقچى-ھەربىلىرى دەستىدىن ئۆتكىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ دەردى يەنە ئۇيغۇر قاتارىدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە كەلدى. ئۆيدىن تالاغا چىققان ھەرقانداق بىر يەرلىك كىشى، خىتاي ئەمەسلىكى گۇمان قىلىنغانلىلا ھامان قەدەمدە بىر دېگىدەك توختۇتۇلۇپ يانلىرى ئاختۇرىلاتتى. يەرلىكلەردە سەل-پەللا نارازىلىق ئىپادىلەنگەن ھامان تۇشمۇ-تۇشتىن ئۇر-توقماق ئاستىدا قېلىشاتتى. بىچارە يەرلىكلەر كۇچىدىن پىچاق-سەرەڭگە قاتارىدىكى كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى زادىلا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنداق نەرسىلەر ئاختۇرۇشتا چىقىپ قالغىنىدا ئاتچوت قەغىزى بولغانغىمۇ قارىماي دەرھال مۇسادىرە قىلىناتتى. ھەتتا ئالغان نانلىرىنىمۇ سۇندۇرۇپ پارچىلاپ كۆرستىشكە مەجبورلىناتتى. شۇڭا، بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر-قازاقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەن مېھمانلارمۇ دەستىخانغا تۆكۈلگەن پارچا نانلارغا كۆنۈپ قېلىشقانىدى. دەرۋەقە، مېھمان بولۇش پۇرسىتىنى تاپالىسا-ئەلۋەتتە.

يەرلىكلەرنىڭ شەھەرگە سىرتتىن كېلىش ۋە سىرتقا چىقىشلىرى پۈتۈنلەي

دېگىدەك چەكلەنگەنىدى. نوپۇس دەپتىرىدە ياكى سالاھىيەت كېنىشكىسىدە ئادرېسى باشقا شەھەردە ئىكەنلىكى سېزىلگەن ھامان تۇتۇلۇپ بىر قانچە كۈن داتاڭ-سوراققا قالغىنىدىن كېيىن دەرھال شەھەردىن قوغلىناتتى. نەتىجىدە، شەھەر ئىچىدە ئەسلىدىنلا قورقۇپ كۈچىلارغا چىقالماي يۈرگەن باققاللار، ناۋاي-قاسساپلار، كاۋاپچى-ئاشپەزلەر، سېرىقئاشچى-زاسپەسلەر ئاساسەن يوقاپلا كەتكەنىدى. بۇ تۈردىكى ھادىسىلەردىن يەرلىك خەلقىمىز، خىتايلارنىڭ بۇ ۋەتەننى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغانلىق ماھىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىشقا باشلىماقتا ئىدى.

بۇ قېتىم، خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھۆكۈمىتى گەرەجلەرنى، پويىز ئىستانسىلىرىنى تولۇق قۇراللىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشىپ، خىتايلارنىڭ دۆلىتىگە قاراپ قېچىشىنى قۇرال كۈچى بىلەن توساشقا تەييار قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ يول خېتى ھەل قىلىپ قېچىۋاتقان خىتايلار كۈندىلىك يولوۋچىلار پويىزلىرىنى لىق تولدۇرۇشماقتا ئىدى. خىتايدىن كېلىدىغان خىتاي يېڭى تاجاۋۇزچىلىرى ئاساسەن قۇراللىق كۈچلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماقتا ئىدى. خىتاي ئۆلكىلىرىدىمۇ ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنى بۇرۇنقىدەك «كې لى مۇ» ناخشىلىرىدىكىدەك ‘گۈزەل شىنجاڭ، مۇنبەت شىنجاڭ، باياشات شىنجاڭ، ...’ دەپ مەدىھلەشلەرنىڭ ئورنىنى ‘دوۋزاق شىنجاڭ، ئاپەت شىنجاڭ، ۋەھشى شىنجاڭ، ياۋايى شىنجاڭ، ...’ دېگەندەك يېڭىچە ‘مەدىھەلەش ‘ لەر دەسسەشكە باشلاپ، ئالاھىدە جىددى مەجبۇرىيىتى بولمىسلا، بۇ تەرەپلەرگە قاراپ سىيىشتىنمۇ قورقىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. ھەتتا داخىيەن پويىز ئىستانسىدا بىر قېتىم خىتايغا قاراپ قېچىۋاتقانلارنىڭ سانى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كېتىپ، پويىز ۋاگونلىرىنى بۇلاپ ئىگەللىۋېلىپ قېچىش ۋەقەلىرى كۆرۈلگەنلىكتىن، خىتاي ھەربىلىرى تەرىپىدىن پىلىموت بىلەن نەچچە ئون خىتىيىنى سىرىۋەتكەنلىك خەۋىرىمۇ تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ ھادىسىلەر، خىتايلارنىڭمۇ بۇ يۇرتنى تاشلاپ قېچىش نىيىتىنى كۈچەيتىپ بەرمەكتە ئىدى.

قاسىم بۇ يېقىنلاردا شۇنچە تېپىرلاپ يۈرۈپمۇ تۈزۈك بىر ۋەھىمە پىلانلاپ چىقالماي، بەكلا تىت-تىت بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ كىمدۇ-بىرسىلىرىنىڭ ئايدا بىرنەچچە قېتىم دېگىدەك پەيدا قىلىۋاتقان ۋەھىمە چىقىرىش ھەرىكەتلىرىدىن يەنىلا روھلىنىپ يۈرەتتى. ‘ئۆز ئىختىيارى بىلەن يالغۇز يۈرۈپ ۋەتەن مۇستەقىللىقىغا تۆھپە قوشماق نېمە دېگەن تەس ئىشلار-ھە!’ دېگەنلەرنى پات-

پاتلا ئۇيلاپ قوياتتى. ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت بەربىر شاگىرتلىقىدا قالىدىغان بولسا كېرەك دېگەن خىياللار بىلەن، ئۆزىگە بىرەر ئۇستا تېپىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ كېتەتتى. ئەمما بۇ 'ئۇستا ' نەدە؟ ئۇنى قانداق تېپىش كېرەك؟ قاسىم بۇنىڭ چارىسىنى زادىلا تاپالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىي بىرەر ئىش قىلالمىسىمۇ، قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ بىرەر ئىش قىلىپ تۇرۇشنى ئويلىنىشقا باشلىدى. ئاۋال قولىدىكى كىتابلاردا تەييار يېزىلغان چاقىرىقنامىلار قىسمىنى يوشۇرۇن كۆپەيتىپ، يول بويىدا تۇرغان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا تاشلىۋەتتى. ئۆتكەندىكى بورانلىق كېچىدە ۋاراقلارنىڭ شامالدا قانداق ئۇچىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىۋالغاچقا، بۇ ماشىنا ماڭغاندىمۇ ئەنە شۇنىڭغا يېقىن بىر شامال پەيدا بولىشىنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئاندىن ھېلىقى بېنزىن پونكىتىنىڭ پارتىلىشىدىن كېيىنكى خىتاي ۋەھىمىسىنى چوڭ بىر بەتلىك تەشۋىقات ۋارىقى قىلىپ كومپيۇتېردا لاتىن ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ بىر مەسچىتنىڭ ھاجەتخان ىس ىغا، بىر قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ تېمىنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. يەنە بىر كۈنلىرى ئۆزى لايىھىلەپ چىققان قولسائەت پىستىنىنىڭ چېرتىيوژىنى ئاددى پارتلاتقۇچ دورىسى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن قوشۇپ يېزىپ تارقىتىۋەتتى.

ئۇ، بۈگۈنكىدەك جىددى ۋەزىيەت ئاستىدا پۇرسەت تاپقىنىدا يوقۇرقىدەك تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىر قانچە ئاي ۋاقتىنى ئۆتكەزگەن بولدى. خىتاي بېسىمى سەل ئاجىزلاپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى ئۇلپەتلىرى بىلەن شەنبىلىك ئولتۇرۇش قىلىپمۇ ئالدى. ئاغىنىلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك، دەسلەپكى رومكىلارنىڭ قىزىتىشى بىلەن يېڭى ۋەقەلەر، يېڭى تەشۋىقات ۋاراقلىرى، خىتاي قېچىش ئەھۋاللىرى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان ۋەھشىلىكلىرى، ... قاتارلىقلار توغرىسىدا راسا مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ كېتىشەتتى. سۆھبەتلىرىنىڭ باشلىنىشى پىچىرلىغاندەك سۆزلىشىشلەر بىلەن باشلانغان بولسا، رومكا سانىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ۋارقىراپ سۆزلىشىشلەرگىچە جانلىنىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ كۈنلەردىكى ئولتۇرۇشلار قىڭغىيىپ يېتىپ قېلىشلارغىچە داۋام قىلالمايتتى. چۈنكى، ئاخشىمى ئۆيلىرىدە بولمىغىنىدا تۇيۇقسىز نوپۇس تەكشۈرۈشلەردە ئۆيىدىكى ئارتۇق ئادەملا بېشىغا بالا بولۇپ قالماستىن، سەۋەپسىز كامىيىپ قالغان ئادەم سانىمۇ بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئولتۇرۇشلار قاراڭغۇ چۈشمەيلا

يىغىشتۇرىلاتتى.

بۇ قېتىمقى ئۆلتۈرۈشتىمۇ ئاغىنىلىرىدىن بىرسى قاسىم تارقىتىۋەتكەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. قىزىق، بۇ ۋاراقنى قاسىم ئۆزى يازغانلىغى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرىدىكى ئىمزاسىنى ئالماشتۇرىۋەتكەنىدى. دېمەك، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋاراقلىرى قانداقتۇ بىر كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا كۆپەيتىلىپ تارقىتىلماقتا ئىكەن. قاسىم بۇرۇنقىدەك قىزغىنىپ قويۇش ئورنىغا، بۇنداق كۆپەيتىپ ئۆزىنىڭ قىلىپ تارقىتىشلاردىن روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان بولدى. ئەمما قاسىمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى، 'موخوركىچى' مۇ بۇگۈن ئالدى-كەينىگە ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان ئىككى بەتلىك تېخنىكىلىق تەشۋىق ۋارىغىدىن بىرىنى قوينىدىن چىقىرىشى ئىدى. ئۇنىڭ تېپىپ كەلگەن ۋارىغىدا، «بارىن دورىسىنىڭ ياسىلىشى» دېگەن قىزىق بىر ئىسىم قويۇلغانىدى. بۇ دورىنى مىلتىق دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەللىك يەتتى مىللى لېتىر قويۇق نىترات كېسلاتاسى، قىرىق سەككىز گىرام ئاممونىي نىترات، بەش گىرام ھېكسامىن نىسبىتىدە دورا لازىم بولىدىكەن. بۇ دورىلارنى تاپقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئاممونىي نىترات بىلەن ھېكسامىننى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۇمشاق ياغاچ ھاۋانچىدا ئۇندەك ئېزىپ بىر-بىرىگە ئارلاشتۇرىلىدىكەن. بۇ ئارلاشمىغا ئون بەش گرادۇستىن تۆۋەن ئىسسىقلىقتىكى نىترات كىسلاتاسى قوچۇپ تۇرۇپ ئاز-ئازدىن تېمىتىپ ئارىلاشتۇرىلىدىكەن. ئاندىن بۇ ئارىلاشما سەكسەن گرادۇسقا كەلگىچە ئىسسىتىلىدىكەن. بۇ چاغدا ئارىلاشمىدىن قىزغۇچ ئاچچىق بۇس چىقىشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارىلاشما ئوتتۇز گرادۇسقىچە سوۋۇتۇلىدىكەن. بۇ چاغدا ئىستاكاننىڭ ئاستىدا ئاق رەڭلىك كىرىستال دانىچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدىكەن. بۇنداق كىرىستاللىنىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئاق دانىچە شەكلىدىكى بۇ كىرىستاللار فىلتىر قەغىزى ياكى داكىدا سۈزۈپ ئېلىنىدىكەن. بۇ سۈزىۋېلىنغان كىرىستال ئۆي تېمپېراتورىسىدا، ياكى يىگىرمە گرادۇسلۇق مۇھىتتا قۇرۇتۇلىدىكەن. بۇ كىرىستال قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىككى پىرسەنلىك ناترىي بىكاربونات ياكى ئىككى گىرام ناترىي بىكاربونات بىلەن توقسەن سەككىز مىللىي لېتر ساپ سۇ ئارىلاشمىسى تامچىلىتىلىپ قوشۇلۇپ پې ھاش قىممىتى نېترال ھالغا كەلتۈرۈلىدىكەن. تىنماي ئارىلاشتۇرۇغان ھالدا سەكسەن گرادوسقا كەلگىچە ئىسسىتىلىپ، سۈيى پارغا

ئايلاندۇرۇلۇپ چىقىرىپ تاشلىنىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئاق
كىرىستال كۆرۈنمىگىدەك قىلىسا ئۈستىگە ئاستون تېمىتىپ بولسىمۇ مەجبۇرى
كىرىستاللاندۇرۇلىدىكەن. بۇ بىر كۈچلۈك مىشەك دورىسى، يەنى مىلتىق دورىسى
بولغاچقا، بىر يۈز توقسەن يەتتى گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقنى كۆرگەن ھامان پارتلاپ
كېتىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئىستىش ۋاقتىدا تىگىگىچە تىنماي قوچۇپ
ئارىلاشتۇرۇپ تۇرمىغاندا، ئۈستى تەرىپى سەكسەن گرادۇسقا كەلگەندەك قىلغىنى
بىلەن ئاستى تەرىپى قۇرۇپ ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ
ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ دورا ئاق دانىچە شەكلىدە كۆرۈنىدىكەن.
بۇنداق ئىسسىتىلغاندا چىقىدىغان گاز زەھەرلىك بولغاچقا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ
تۇرىدىغان يەردە ماسكا تاقىۋېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇ تۈردىكى
ئىشلىنىشتىن كېيىن قولغا كېلىدىغان بۇ ئاق رەڭلىك كىرىستال “بارىن دورىسى”
دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ دورىنى قارامتۇل قېنىق رەڭلىك قۇتىلاردا ئاغزىنى ھىم
ئېتىپ سالقىن يەرلەردە ساقلاش لازىم ئىكەن. “بارىن دورىسى” نىڭ مالېكۇلا
فورمۇلاسى مۇنداق بولىدىكەن: كاربوندىن ئۈچ دانە، ھىدروگېندىن ئالتە دانە،
ئازوتتىن ئالتە دانە، ئوكسىگېندىن ئالتە دانە شەكلىدىكى مالېكۇلا فورمۇلاسىدا
بولىدىكەن.

“بارىن دورىسى” نى يەنە مۇنداقمۇ ياساشقا بولىدىكەن: قۇيۇق نىترات
كىسلاتاسىدىن بىر يۈز يىگىرمە مىللىلېتىر، ھېكسامېتىلىن تېترائامىن دىن
يەتمىش گرام ۋە يەتتە يۈز ئەللىك مىللىلېتىر دېستىرلەنگەن ساپ سۇ نىسبىتىدە
دورا تەييارلىنىدىكەن. ئاندىن، ئوتتىن قوقمايدىغان ئىستاكانغا قۇيۇق نىترات
كىسلاتاسىنى تولۇق قۇيۇپ، گرادۇسى يىگىرمە-ئوتتۇزغىچە ئىسسىق تۇتۇلىدىكەن.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنماي قوچۇپ تۇرغان ھالدا ھېكسامېتىلىن تېترائامىن پاراشوكى
ئاز-ئازدىن تۆكۈلۈپ ئېرىتىلىدىكەن. تىنماي ئارىلاشتۇرۇلغان ھالدا تولۇق ئېرىپ
بولغىنىدا، بۇ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقنى ئەللىك گرادۇسقىچە، ئىستاكاندىن قۇيۇق
بۇس چىققىچە ئىسسىتىلىدىكەن. تۈتۈن چىقىش تۈگىگەندىن كېيىن بۇ ئىستاكانغا
تەييارلانغان ساپ سۇنى قويغىنىمىزدا، ئىستاكان تېگىدە ئاق رەڭلىك كىرىستال
كۆرۈلۈشكە باشلايدىكەن. بۇ كىرىستالنى ئىككى پىرسەنتلىك ناترى ھىدرو
كاربونات قويۇپ نىتراللاشتۇرغاندىن كېيىن فىلتىر قەغىزى بىلەن كىرىستال
قىسمى ئايرىپ ئېلىنىدىكەن. بۇ كىرىستالنى ئالتە يۈز ئەللىك مىللىلېتىر سەل

ئىستىلغان ئاستون بىلەن ئېرىتىپ، سوغۇق مۇز سۈيى بىلەن
ئارىلاشتۇرۇلىدىكەن. ئاندىن فىلتىرلاپ سۈزۈپ ئېلىنىدىكەن. بۇ كىرىستال
سالقىن ۋە قۇرغاق يەردە تەبىئىي قۇرۇتۇلىدىكەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ناترى بىكاربونات ياكى ناترى ھىدروكاربونات، دۇكانلاردا شياۋسۇدا دەپ سېتىلىدىغان خېمىر كۆپتۈرگۈچى بولۇپ، بىر ناترى، بىر ھىدروگېن، بىر كاربون ۋە ئۈچ ئوكسىگېن شەكىلدىكى مالېكۇلا تۈزۈلىشىگە ئىگە ئىكەن. ساپ سۇ ياكى دېستىرلانغان سۇ دىگىنىمىز، سۇنى پارلاندۇرۇپ، پارنى قايتا مۇزلىتىپ سۇ قىلغان دېستىرلانغان سۇنى دەيدىكەن. ھېكسامېتىلىن تېترامىن دېگەننى ئۇروتوپىن ياكى بروتىرومىن دەپمۇ ئاتىسا كېرەك، كاربوندىن ئالتىسى، ھىدروگېندىن ئون ئىككىسى ۋە ئازوتتىن تۆتى بولغان مالېكۇلا تۈزۈلىشىدە بولىدىكەن. ئادەتتە بېلىق پۇراپ تۇرىدىكەن. شۇڭلىقتا يەنە، ئاستون دېگىنىمىز كاربوندىن ئۈچ دانە، ھىدروگېندىن ئالتە دانە ۋە بىر دانە ئوكسىگېن بولغان، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى نول پۈتۈن يەتتە يۈز توقسەن ئىككىلىك، ئېرىش نۇقتىسى نۆلدىن تۆۋەن توقسەن تۆت گرادوس، قايناش نۇقتىسى ئەللىك ئالتە گرادوس بولغان، سۇدا، ئېتىل ئىسپىرتتا ياكى ساپ ھاراقتا ۋە ئېپىستىرلاردا خالىغان نىسبەتلەردە ئېرىيدىغان بىر ماددا ئىكەن. پۇرىقى سەل خوش كېلىدىغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق ئىكەن.

قاسىم، دوستلىرىنىڭ ھاراقتا بېرىلىپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ بۇ ماتېرىيالنى ياتاق ئۆيىدە ئولتۇرۇپ چاندۇرماي كۆچۈرىۋالدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن قاسىم بۇنىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ كومپيۇتېردا كۆچۈرۈپ تارقىتىۋەتتى. ...

تۈرمە كامېرى بارغانسېرى مۇزلاشقا باشلىدى. گۇندىپايلار تۈرمە كورىدورىدا قېلىن كېيىنىپ ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. قاسىمنىڭ جاراھەت-يارا ئاغرىقلىرىغا ئەندى سوغۇق قوشۇلغانىدى. كامېر ئىچىدە سېمونت پولدا بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپ تىترەپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. سوغوقتىن يىڭنە سانچىغاندەك ئاغرىپ كېتىدىغان يارىلىرى قاسىمنىڭ خىياللىرىنى پات-پاتلا يېرىم يولدا ئۈزۈپ قوياتتى.

كامېر ئىچى يىگى-يىگى قامالغان ياش ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئورنىدىن مىدىرمۇ قىلالماي ياتاتتى. ماڭالايدىغان

ئىككىسىنىڭمۇ تاياق زەربىسىدىن يۈز-كۆزلىرىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي، بىرسى بىرەردىن تام يۆلىشىپ جىم ئولتۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر-بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ...

## يەتتىنچى باب

# كامپىردىكى سۆھبەتلەر

ــ بىز ئۇيغۇر خەقىنىڭ پەقەتلا سەۋىيىسى يوقكەن دېگىنە، ئەگەر بىرەر مىليون پۇل تېپىۋالسام ئاۋال باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بۇ خەقنى تەربىيىلەشكە باشلايتتىم.

ــ يەنىچۇ؟

ــ ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچاتتىم، ...

ــ يەنىچۇ؟

ــ ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېت ئاچاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئازاد قىلىشنى بىلەلەيتتى دېگىنە بۇ خەق. ...

ــ ... ...

ــ سىيتتىنىڭ ئاتقان پوللىرىدىن

قاسىم ياتقان كامىرغا يېڭىدىن سولانغانلار ئىچىدە مىدىر قىلماي سوزۇلۇپ ياتقانلاردىن بىرسى ئاستا-ئاستا تولغىنىپ تامغا يۆلەنگىدەك ھالغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى-بۇنى سوراشقا باشلىدى:

ــ ئېتىڭ نېمە؟ ــ قاسىمدىن سورىدى، ــ مەندىن گۇمان قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئىسمىم تۇردى.

ــ مېنىڭكى ... قاسىم. ــ دېدى ئېرىنچەكلىك بىلەن قاسىم.

ــ سېنى نېمە دەپ سولاپ قويدى؟ ــ بۇ تۇردى دېگىنى ئەندى ئۇنىڭ جېنىغا تېگىشكە باشلىغانىدى:

ــ قوغۇن ئوغۇرلىدىڭ دەپ.

ــ ئاكا، خاپا بولما، گەپ بولسۇن دەپ سوراپ قويدۇم. ــ دېدى تۇردى دېگىنى، ــ مېنى دېسەڭ، مەن چەتئەلدىن كىرىشىم بىلەن چېگرادا تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويۇشتى. ــ ئۇ، مەغرۇرلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، ــ چەتئەلگە قانداق چىقتىڭ، كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ، كىمنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ كىردىڭ، نېمە ۋەزىپەڭ بار ئىدى؟ ... دېگەندەك بىرمۇنچە سوراقلارنى سوراشتى. گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالغانىدىم، بۇ كاپىرلار شۇنداق ئۇرۇپ قىينىۋەتتىكى، ساق يېرىمنى

قويۇشمىدى. ‹غىڭ   › قىلمىدىم. ... بۇنچىلىك قىيناپ قويغانغا دەۋەتتىدىغان تۇردى يوق بۇ يەردە! ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

ــ ... ...

قاسىمنىڭ ئاغزىنى ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن تۇردى، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش بىلىدىن سورىدى:

ــ سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟

ــ ... ...

ــ ئىسمىڭنى دېيىشتىنمۇ قورقامتىڭ؟ قورقما ئۇكا!

ــ ... ...

ــ مەيلى دېمىسەڭ. ــ دېدى تۇردى، ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان يەنە بىر ياشقا قاراپ، ــ سەن ئۇيغۇرمۇسەن؟ ــ دەپ ئۇدۇللا سورىدى.

ــ نېمىدەك قىلىمەن؟! ــ دەپ توڭلا تەگدى بىر كۆزى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن ياش بالا ساقىراق كۆزىنى يۇغان قىلىپ پارقىرتىپ.

يەردە ئىككى كۈندىن بېرى مىدىر قىلماي ياتقان تاقىرباش بالا قوزغۇلۇشقا تىرىشتى. بىر قاپىغى ئىششىپ كەتكەن بالا دەرھال ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. قارىغاندا ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۇرۇپ سۇندۇرىۋېتىلگەندەك قىلاتتى. ئۆرە ئولتۇرغۇزىلىشى بىلەن تەڭ، سۇنغان پۇتىنى تۇتقىنىچە ۋايساپ كەتتى. جىم ئولتۇرىۋالغان يەنە بىر ياشمۇ كېلىپ ئۇنى ئاستا يۆلەپ تامغا يېقىن كەلتۈردى. تاقىرباشنىڭ پىشانىسىدىن مۇنچاقتەك تەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئارىدا كامېر ئىچى ئاچچىق ئەۋرەت پۇرىقىغا تولدى. قارىغاندا بۇ تاقىر باش ھوشسىز ياتقىنىدا ئىچىگە چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك، ھەرىكەتلىنىشىدى پۇرىقى پۈتۈن كامېرغا بىر كەلدى.

تۇردى دېگىنى سۇئىي چەتئەللىكلەرگە خاس بىر قىياپەت بىلەن سېسىقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تاقىرباشنىڭ يېنىغا كېلىپ يۇشۇرۇپ قويغان بىر كورۇشكا سۇيىنى بەردى. ‹نېمىلا دېگەن بىلەن بىر كامېرداشلار-دە!› دەپ خىيالىدىن ئۆتكەزدى بولغاي تۇردى دېگىنى:

ــ ئازراق سۇ بولسىمۇ ئىچىۋالغىن. ئىككى كۈندىن بېرى ياتتىڭ. جېنىڭ ھېلىمۇ چىڭ نېمىكەن سېنىڭ. ــ تاقىرباش ھەققەتەن ئۇسسىغانىدى. كورۇشكىدىكى سۇنى بىر تېنىقتىلا بوشىتىۋەتتى، ــ بۇ خىتايلار تازىمۇ قىيناپتۇ

سىنى. ــ تۇردى كامىردىشىنىڭ ئىگەكلىرىگە ئىقىپ چۈشكەن سۇنى يىڭى بىلەن سۈرتۈپ قويدى. ــ ۋەھشى ھايۋانلار! ئىزچىمەن دىگىنى توغرا دىگەنىكەن ئەسلىدە. بىز ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوڭ-تەتۈر سۆكۈپ كۆيدۈرۈپ يۈرۈپتىكەنمىز. بۇ خىتايلارغا ئەسلىدە شۇنداق قىلىش دورا ئىكەندۇق! ــ ئۇنىڭ نىمە دىگەنلىگىنى كامىردىكىلەر پەرۋاسىزلارچە ئاڭلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر قاسىمنى قىزىقتۇرغانىدى: 'تازىمۇ ئاغزى بوش نىمە ئوخشىمامدۇ مۇنۇنىڭ.' دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. تۇردى گىپىنى داۋام قىلدى، ــ سەل ساقلاپ تۇرساڭ گۇندىپايلارنىڭ ئۇماچ بىرىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ئىككى كۈندىن بىرى چاتىغى بولماي تاشلىۋىتىشتى بۇ نىملەر. يا بىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ قانداق؟ ــ دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

ــ بەك ئالدىراپ كەتمە مۇھاجىر! ــ دىدى ھىلىقى ئاغزىنى تىغ ئاچماس ياش بالا. ــ سىنى بۇنداق بوش تاشلىۋىتىدىغان خىتاي يوق بۇ يەردە!

ــ ھە، مەن تىخى سىنى تىلسىزمىكىن دەپتىكەنمەن، ــ دەپ يىنىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى تۇردى، ــ يا مەن سىنى ئۇيغۇرچە بىلمەسمىكىن دەپ قالغانىكەنمەن. ئۇيغۇرمەن دەڭلا.

ــ ... ... ــ ئالىيىپ قاراپ قويدى يىنىدىكى بالا 'غىڭ' قىلماي.

بۇ تۇردى دىگىنىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى بىرىنچى سۆزلەۋىرىشى نەتىجىسىدە، كامىردىكىلەر ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سىلىشقا باشلىغانىدى. دىمىسىمۇ بۇ قاراڭغۇ زىنداندا ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ ۋاقىت ئۆتكەزگىدەك باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك بۇنداق جىم ئولتىرىۋىرىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خاراكتىرىمىزگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ-دە!

ــ چەتئەلگە نىمە قىلغىلى چىققانىدىڭ؟ ــ دەپ قاسىمنىڭ سورىغان بىر سوئالى تۇردىنىڭ نەچچە سائەت كاپىشىۋىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ بەرگەنىدى. تۇردى ئۆزىنىڭ چەتئەل ھاياتىنى ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ ئەسلىدە نەچچە تەڭگە پۇل تىپىۋالاي دەپ بىر تونۇش غوجايىنىنىڭ مىلىغا قارىغىلى چىققانىدىم. ــ سۆزگە كىرىشتى بۇ تۇردى دىگىنى، ــ بىر جەپاڭ ماشىنا مال دەڭلا بۇ غوجايىنىمنىڭ مىلى. مىلىنى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، دۇكىنىغا تاغارلاپ ئاپىرىپ ساتىمىز. بۇنداق بازارلار ھىلىدىن-ھىلىغا بىلىنمىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويىۋىتىلىپ، ياكى تولا كۆچۈرۈپ زىيانغا

ئۇچۇراپ تۇرغاچقا، بىزنىڭ غوجايىن بۇ چارىنى تاپقانىكەن. بىرەر يىرىم تېيىن قىممىتىگە سېتىپ پايدا قىلىپ بەرسەممۇ ھېلىقى غوجايىنىمنىڭ كۆزى پۇلدا: 'ئۇكا، سەن تېخى بۇ شەھەرگە يېڭى، كۆنىۋالغىچە بۇنداق پۇلدىن جىق كۆرىسەن' دەپ قويۇپ، پايدىسىنى قوشۇپ موكلا قىلىپ يانچۇقىغا سالاتتى. بىرنەچچە ئايغىچە بىر جەپاڭ ماشىنا مېلىنى سېتىپ تۈگەتتۇق. ئاڭغىچە مالنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. راست دېگەندەك، قۇرسىغىمغا تويغىچە تاماق يەيمەن. شۇ يىشىمغا كەلگىچە چۈشكەن مونچىلىرىمنى ئۇ يەردە بىر نەچچە ئايدىلا چۈشۈپلىپ، ئۇبدانلا ئاقىرىشقا باشلىدىم. ئالتايغا قالماي ئېتىزلىق چىرايىمدىن ھېچنېمە قالمىدى دەڭلا! ــ دەپ پۇل ساناپدىغاندەك بىر بارمىغىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ھۆل قىلىۋالدى. ــ چىرايلىق ياسانغان خوتۇن-قىزلار ئايغى ئۈزۈلمەي كېلىپ يالۋۇرۇپ تۇرغان، تۆت تەڭگە بەردىڭمۇ-بولدى، دەرھال بىر كېچىگە ماقۇل دەيدىغان گەپ بۇ سەتەڭلەر. ئەممازە، ــ ئۇ ھەسرەتلىنىپ چوڭقۇر بىر تېنىۋېلىپ، بارمىغىنى تىلى بىلەن يالاپ قويدى، ــ ئەممازە يانچۇغۇڭ بوش بولسا ھېچ نېمىگە يارىمايدىكەنسەن، ... خەپ، شۇ پۇل دېگەننى ... نېملا دېگەن بىلەن ئېتىزلىقتا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگىنىمدىن مىڭ ياخشى دەڭلا بۇ ئوقەت. 'غىڭ' قىلماي ئىشلەۋەردىم. كىيىمىم پۈتۈن، قۇرسىقىم توق، ئىسسىق ئۆي، ھەر كۈنى مونچا، ئەسلىدە بىز يوقلۇقتىن مونچىغا تولا چۈشسەڭ سوغۇڭ ئېشىپ كېتىدۇ دەپ بىكارغىلا دەيدىكەنمىز دەڭلا، ھە-مەيلى، ھەركۈنى مونچا، چېكىشىم ئامېرىكا پاپىرۇسى، ... بىزنىڭ خوجايىن يانچۇغى توم بولغاچقا ئۇ سەتەڭلەرنىڭ مېغىزىنى چاقتىدە، پاھ، پاھ، پاھ! ئەممازە، شۇ سەتەڭ قىزلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان گەپ دەڭلا، يانچۇق قۇرۇق. ــ تاقىرباش ئېڭىرىغىنىچە ئورنىدىن قوزغىلىپ سۇنغان پۇتىنى ئوڭشىۋالدى.

ــ ياردەملىشەيمۇ؟ــ سورىدى جىمغۇر بالا تاقىرباشقا ئېڭىشىپ تۇرۇپ. تاقىرباش ياق، كېرەك يوق دېگەندەك باش لىڭشىتقىنىدىن كېيىن، تۇردى دېگىنى قايتىدىن گېپىنى داۋام قىلدى:

ــ ھە، شۇنداق قىلدىم. ھە، كۈنۈم بەكلا راھەت دەڭلا، نېمە قىل دېسە خوجايىنىمغا خوش دەپ قويۇپ ئىشلەپ يۈرىۋەردىم. بىر كۈنىسى قارىسام دۇكاندىكى ماللارنىڭ ئارىسىغا بىرنەچچە پارچە گېزىت-كىتاب كىرىپ قاپتۇ دەڭلا. دېھقان بولساقمۇ ئورتا مەكتەپكىچە ئوقۇپ قويغانىدۇق. ئېچىم پۇشۇپ

ھېلىقى نەرسىلەرنى بىرلەپ-ئىككىلەپ ئوقۇپ قويىمەن. چەتئەلدىكى ئاغىنىلەر قالتىس ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن گەپ-دەڭلا شۇ، ئامېرىكا باشلىغىنى ماقۇل قىلىپ ئاق سارايدا كۆرۈشۈۋاتقان، ب د ت دا سەھنىگە چىقىپ سۆزلەۋاتقان، نيۇ يورك، ۋاشىنگتون دەمدۇ، بېرلىن-ئىستامبۇل دەمدۇ، ئىشنى قىلىپ ھەممىلا يەردە يىغىنلار، قۇرۇلتايلار، نامايىشلار، ... خىتايلارنى دىر-دىر تىترىتىشۈەتكەن گەپ! ئامېرىكا، گېرمانىيە، گوللاندىيە دېگەنلەر ۋەدە قىپتۇدەك: سىلەرنى ئازاد قىلىپ قويىمساق بولمىدى، بەكلا جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسىلەر دەپ، بىزگە ئىچ ئاغرىتىشىپ كەتكەن گەپ دەڭلا ئۇلار! دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە دەرنەك-ۋەخپى دەمدۇ، مەرگەز-بىرلىك دەمدۇ، قۇرۇلتاي-ھۆكۈمەت دەمدۇ، ئىشنى قىلىپ نوقۇتتەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن گەپ بۇ مۇھاجىرلىرىمىز. ئۇلار چىقارغان گېزىت-ژورناللارنى، كىتابلارنى ئوقۇساڭ-ئوقۇساڭ تويمايسەن. ئەتىلا ئىشىمىز ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ خوشاللىنىپ كېتىسەن. ئەمما، بۇنداق كىتابلارنىڭ ئىچىدە شۇ 'ئىزچى' دەيدىغان بىرسىنىڭ يازغىنىنى تازا ئۇقالماي قالدىم. بۇ كىتاب ھېلىقىدەك داغ-دۇغىلارنى بىرتېيىن قىلىپ، بۆگۈن بۇ يەرلەردە بولىۋاتقان كىشىنى چۆچىتىدىغان قورقۇنۇچلۇق يوشۇرۇن ھەرىكەتلەرنى ئەڭ توغرا چارە دەپلا يازغانىكەن. شۇنىڭغىمىكىن، ئۇ كىتابنى چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ھېچقايىسىسى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئاڭلىسام، قايسى بىر باشلىغىمىز شۇ 'ئىزچى' نىڭ كىتابلىرىنى يىغىپ نەچچە مىڭ پارچىسىنى كۆيدۈرىۋەتكەنمىش. بۇلارغا مېنىڭ زادىلا كاللام ئىشلىمىدى. ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇرنىڭ كىتاۋىنى كۆيدۈرىدىغان ئىش بولىدىكەن-ھە؟ ئەمما، بۇ 'ئىزچى' دېگىنى شۇنداق گەپلەرنى يېزىپتۇكى، ئوقۇساڭ كېچىدە قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايلا قالغۇدەك قورقۇنۇچلۇق گەپلەر بار. خېلى يۈرىكىڭ بولمىسا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيالمايسەن، يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كېتىسەن. قالتىس جېنى بار كىتاب بۇ 'ئىزچى' دېگىنى! خىتاي دېگەننى كۆرگەنلا يەردە بوغۇزلاپ ئىچى-باغرىنى تۆكىۋېتىڭلار دەپلا يازغان دەڭلا، دەھشەت! دەسلىۋىدە خاتا ئوقۇۋالدىممۇ-قانداق دەپ، يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇپ باقتىم. راست شۇنداق دېگەنىكەن! ھەي ئېست، ... بىزنىڭ شۇ توخو يۈرەك غوجايىننى دېمەمدىغان، بىر كۈنىسى ئۇنىڭغا بۇ كىتابلارنى كۆرسىتىپ بېقىپتىمەن دەڭلا، كۆزلىرىگە قارىتىپ تۇرۇپلا 'ئىزچى' نىڭ كىتابلىرىنى يىرتىپ كۆيدۈرىۋەتمەسمۇ! ئىچىم ئېچىشىپلا كەتتى! ئىست،

بەكلا ياخشى كىتابلار ئىدى دەڭلا! بۇنداق جېنى بار كىتابلارنى بەكلا ئاز كۆردۇم. ئەگەر بىرسىدە كۆرسەم، 'ئالە' دەپلا بىرەر يۈز دوللارنى تاشلاپ بېرىپ ئېلىۋالغان بولاتتىم ئۇ كىتابلارنى. ئامال قانچە، قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بويرىغى شۇنداق دەيدىغۇ. تاڭ بىزنىڭ شۇ لوبەن. – تۇردى بارمىقىغا رەسىملا پۈركۈپ بىرنى تۈكۈرىۋالدى. – دېگەندەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە دۇكاندا بار بولغان پۈتۈن گېزىت-ژورناللارنى يىغىشتۇرۇپ تاشلاتقۇزىۋەتكەن غوجايىنىم، جىممىتلا يوقاپ كەتتى. كەينىدىنلا ساقچىلار يىغىپ كەتتى بازارغا. ئۇلاردا پۈتۈن غوجايىنلارنىڭ تىزىمى بارىكەن دەڭلا. بىر باشتىن سوراپ تۇتقىلى تۇرامدۇ! بىزنىڭ ھېلىقى غوجايىن 'مالىلىرىمنى ئاز-تولا باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىپ پۇلىنى ساقلاپ تۇرغىن ' دەپلا يوقاپ كەتكەنىدى. بولمىسا ئۇنىمۇ تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرەركەندۇق. دۇكانغا كېلىپ غوجايىنىڭ نەدە دەپ نەچچە قېتىم سوراپ كەتتى دەڭلا بۇ مىلىس دېگەن ساقچىلار! – ئۇ گېپىنى توختۇتۇپ گىدىيىپ ئەتىراپىغا بىر كۆز يۈگۈرتىۋالدى. – نېمىلا دېگەن بىلەن خەقنىڭ ئامانەت مېلى ئەمەسمۇ، بۇرۇنقى باھاسىدىن تولا بەك ئەرزان قىلىۋەتسەك بولمايدۇ دەڭلا. بەزىلىرىنى ئۆز باھاسىغا ساتسامۇ خېلى كۆپىنى پايدىسىغا سېتىپ تۇردۇم. بارغانسېرى دۇكان بوشاشقا باشلىدى. نېمە بولاركىن دەپ غوجايىنىمنىڭ مال قويىدىغان تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقتىم. ئاز-تولا ئۆتمەس مالىلىرى قالغانىكەن. ئارىلاپ دۇكانغا ئەكىلىپ سېتىپ ئۇلارنىمۇ دېگەن باھاسىدىن پايدا چاپلاپ پۇل قىلىپ قويدۇم. بىر كۈنلىرى بۇ مالىلارمۇ تۈگىدى. تونۇشۇپ قالغان بىرنەچچە دۇكاندارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدىكالىرى 'مۇنۇ مالنى شۇ باھادا سېتىپ قوي' دېيىشىپ نېسىگە مال بېرىپ تۇردى.
ئۇلاردىن ئالغان بىر تاغار-بىر مىشكاپ مالىلارنى مال قىسلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە خېلى ئوبدانلا پايدىسىغا سېتىپ تۇردۇم. نۇرغۇن دۇكانلار تاقىلىپ كەتكەچكىمكىن، مېنىڭ دۇكىنىم خېلىلا ئاۋاتلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ خەقنىڭ نىسى مالىلىرىنى سېتىپمۇ يېرىم يىلنى ئۆتكۈزىۋەتتىم. دۇكان ئىجارىسى دەمدۇ، باج-سىلىقلار دەمدۇ، ياتاق پۇلى دېگەنلەرنىمۇ ۋاقتىدا تۆلەپ دەپتىرىمگە يېزىپ ماڭدىم. ساقچىلار، باجگىرلار، رەكىت دېگەن بولاڭچىلارمۇ پۇل سوراپ تۇرىۋالدۇ. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يالغان باھانىلارنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئۇننى سورىسا بىرنى بېرىپ دېگەندەك قۇتۇلۇپ ماڭدىم. قارىسام غوجايىنىنىڭ پۇللىرىمۇ نىسى سېتىپ تاپقان پايدىلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ خېلىلا چوڭ پۇل بولۇپ قالدى

دەڭلا، غوجايىنىم تېخىچە كەلمەيدۇ. بازارمۇ تۆگەپ قالغىلى تۇردى.
ــ ھەقىچان خەقنىڭ پۇلنى ئېلىپلا بۇ تەرەپكە قېچىپ كېلىۋالغانسەن تايىنلىق؟ ــ بىر كۆزلۈك، تۇردىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى.
ــ بىزمۇ ئاللا ياراتقان مۇسۇلمان بەندىسى دەڭلا، ھارامدا كۆزۈم يوق مېنىڭ!
ــ ئۇ بىر بارمىغىنى تىلى بىلەن يالىتىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. ــ بىر كۈنىسى بىرمۇنچە مىلىسلەر كېلىپ پۈتۈن دۇكانلارنى پىچەتلەپ بازارنى تاقىۋېتىشتى. بىكارچىلىقتا يەپ-ئىچىپ نەچچە ئاينى ئۆتكۈزىۋەتتىم. بازارلار يەنە يېڭىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ساپلا قىرغىز-ئۇرۇسلارنىڭ دۇكانلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىش ئىستەپ بارغىلى بولامدۇ دەيسلەر، بولمىدى. خەقنىڭ پۇلنى ھارامغا يىگەن بولۇپ قالماي يەنە دەپ، ئولتۇرۇپ ھېساپ-كىتاب قىلىشقا كىرىشتىم. غوجايىنىمنىڭ دېگىنى بويىچە ھېساپلىغىنىمدا، يېنىمغا ئىككى-ئۈچ مىڭ دوللار قالىدىغاندەك، بۇرۇنقى باھاسى بويىچە ھېساپلىسامىمۇ يەنىلا بىر-ئىككى مىڭ دوللارغا يېتىپ-قوپار پۇللۇق بولۇپ قالغىدەكمەن. پوللارنى كونا كىيىملىرىم بىلەن ئوراپ غوجايىنىمنىڭ ھېلىقى مال ساقلىتىدىغان ئىسكىلاتىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، يېنىمغا ئىككى مىڭ دوللارنى جايلىۋېلىپ يولغا چىقتىم. بىزمۇ ياش ئەمەسمۇ، بۇ كۆڭۈل چىدىغان بىلەن، بۇ بەدەن زادىلا چىدىيالماي كەتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خۇدا بەرگەن بۇ تەننى بىكارغا قىينىغۇتمەيلى دېدىم-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سەتەڭلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىدىغان بىر تونۇشۇمنىڭ يېنىغا باردىم. ئاۋال ھەپتىدە بىرەرسى بىلەن ئويناپ قويدۇق، بولمىدى، كېيىن ھەپتىدە ئىككىمۇ بولۇپ كېتىدىغان بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق قارىسام، ھېلىقى ئىككى مىڭ دوللىرىمدىن ئارانلا يۈز دوللار قاپتۇ دەڭلا! بىزنىڭ يۇرتلۇقلار تۆت تەڭگە تاپتىمۇ-بولدى، تۆت ھوشۇقنى تېپىۋېلىپ دەرھال قىمارغا كىرىشىپ كېتىدىكەن. مەن بۇنداق گۇنا ئىشلارغا ئاغىنىلەر ھەرقانچە زورلاپ قورقۇتۇپ باققىنىغا قارىماي يېقىن يولىمىغان بولسامىمۇ يانچۇغۇم بوشاپ كېتىپتۇ. ئامال يوق، بېرىپ ھېلىقى بوپىغا تىقىپ قويغان غوجايىنىمنىڭ پۇلىدىن ئۇنىڭ بەرگەن ھېساۋىغا توغۇرلاپ يەنە مىڭ نەچچە يۈز دوللارنى ئالدىم. بۇ قېتىم خېلى دىققەت قىلدىم دېسەممۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بەش-ئالتى يۈز دوللىرىم قاپتۇ! بۇ غوجايىنىمنىڭ كەلمەي كەتكىنى، ھېچ بولمىغاندا بىر تېلېفون بېرىپ قويسىمۇ مەيلىدى. دېگەندەك، بىر كۈنىسى يېرىم كېچىدە غوجايىنىم تۇيۇقسىزلا پەيدا

بولدى. ئەتىسى بىرىپ ھېلىقى بوپىنى ئېلىپ كېلىپ غوجايىنىغا تاپشۇردۇم. غوجايىنىم ئۇيان ھېساپلاپ، بۇيان ھېساپلاپ «مۇنۇ ئالتى يۈز دوللارنى يېنىڭغا سېلىپ قوي-دە، بۇندىن كېيىن ئاز يولۇڭنى ئۆزەڭ تېپىۋال» دەپ كېتىپ قالدى. ھۇشۇمنى يىغىۋېلىپ بىر ھەپتە ئ ايلىنىپ باقتىم. زادىلا ئىشتىن خەۋەر يوق. ئەندى پۇلۇمنىڭ بارىدا كېتىپ قالاي دېدىم-دە، ماڭىدىغان ئىشەنچىلىك بىرسىدىن مىڭ دوللىرىمنى ئۆيدىكىلەرگە يولغا سېلىۋېتىپ بىرەر يۈز دوللار بىلەن چېگرىدىن ئاتىۋالدىم. «ئۇف» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇر-توقماق قىلىنىپ قامالدىم. ئۇيان سۆرۈشۈپ، بۇيان دۇمبالىشىپ بۇ يەرگە قاماشتى بۇ كاپىرلار. مانا ئاخىرى سىلەر بىلەن بىرگە يېتىپتىمەن. — تۇردى گېپىنى تۈگىتىپ بىر بارمىقىنى يالاپ قويدى.

— دېمەك سەن چەتئەلگە چىققىنىڭ ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كىرىپ قاپسەندە! — دېدى بىر كۆزلۈك تۈرمىدېشى تەنە قىلغان ئاھاڭدا.

— نەدىكىنى، سورىغان سوراقلىرىدىن قارىغاندا، مېنىڭ ئىشىممۇ قالتىس چوڭ ئىشلار بىلەن چېتىلىپ قالغاندەك! — دەپ يەنە گەپكە كىرىشتى بۇ مۇھاجىر، — «بىرمۇنچە ئەكسىيەتچى كىتابلارنى ساڭا كىم بەردى، لوبىنىڭ نەگە يوشۇرۇندى، بۇ يەرگە نېمە ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سوراشلىرىدىن قارىغاندا، مەنمۇ خېلى چوڭ بىرسى بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن جۇمۇ! قىزىق يېرى، بۇلار مېنىڭ ئۇقىغان كىتابلىرىمنى نەدىن بىلىدىغاندۇ؟ يەنە كېلىپ ھېلىقى غوجايىنىمنى نەدىن تونۇيدىغاندۇ؟ خۇدايا تووۋا! — تۇردى يەنە بارمىقىنى يالاپ ھول قىلىۋالدى، — ئەندى سەن دېگىنە، سەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى يېنىدىكى قاپىغى ئىششىپ كەتكەندىن.

— قانداق كىرىپ قالاتتىم، — ئاچالىغان يالغۇز كۆزىنى ئەتراپىغا ئويناتىپ دېدى يېنىدىكىسى، — ئولتۇرۇش-مولتۇرۇش، جۇبا-كافىخانىلارغا بارالماي زېرىكىپ ئىت بولۇپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرسام، كۆپ-كۈندۈزدىلا نوپۇس تەكشۈرىدىغانلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆيۈمنى ئۇيان ئاختۇرۇپ، بۇيان ئاختۇرۇپ بىرنەچچە تال ئىشلەتمىگەن يېڭى ئوكۇل شىرىسىنى تېپىۋېلىشتى. ئاندىن خروئىنچى، خروئىن ساتقان دېگەن بوھتانلار بىلەن ئاۋال چوڭ تۈرمىگە قاماشتى. ئۇ يەردە بىرەر ئاي ئۇر-توقماق قىلىشقاندىن كېيىن بۇ يەرگە يۆتكەشتى، شۇ.

ـ سەن راستىنلا خروئىن چېكەمتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى تۇردى.

ـ شۇنداقتەك كۆرۈنەمدىكەنمەن؟ ـ دوق قىلدى بىر كۆزلۈك، ـ مەن دېگەن مال دوختۇر ئېنجىنېرىمەن. ئۇنچىلىك نەرسە ئۆيۈمدە بولمامتىكى!

ـ خوش، سەن نېمە دەپ بۇ يەردىسەن؟ ـ دەپ يېنىدىكى مۆرىمەسكە بۇرۇلدى تۇردى، ـ سېنمۇ شۇنداق دەپ تۇتقانمىدىيا؟

ـ مەن دېگەن سائەت ساتىمەن. ـ دېدى جىمغۇر، ـ ئۆتكەن ھەپتىدە ئۆي ئاختۇرۇشتا ساندۇغۇمدىكى ياپون ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرىمنى كۆرۈپ، ‘بۇلارنى نېمە قىلىسەن؟’ دەپ سورىدى كىرگەن خىتايدىن بىرسى. ‘ساتىمەن ‘ دېدىم. ‘كىمگە ساتىسەن؟ ‘ دەپ سورىۋىدى، ‘خالىساڭ ساڭىمۇ ساتىمەن ‘ دېيىشىمگىلا تارسلا قىلىپ يۈزۈمگە بىر تەستەك قويدى. ئاچچىغىمغا پايلىماي ئېتىلىپ بېرىپ مېنى ئۇرغان ئۇ خىتاينىڭ ياققىسىغا ئېسىلىپ بىر كاللا قويدۇم. ئۆيۈمدىلا مېنى ئۇرە-ئۇر قىلىشىپ ئۇستۈمگە يامىشىۋالدى. بىر ۋاقىتىدا ئېپىنى تېپىپ بىر خىتاينىڭ بېلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چىشلەپ بىر پارچە گۆشىنى ئۈزىۋالدىم. ھېلىقى خىتاينىڭ جاھاننى بىر كەلتۈرۈپ چىقىراپ ۋارقىرىشى بىلەن قالغان خىتايلار مېنى قويىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىشتى. ئۇ خىتاينىڭ بىلىگىدىن شۇقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تېڭىشقا كىرىشتى. ‘بۇ ھايۋان بۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزىۋاپتۇ، ئۇ گۆش پارچىسىنى تېپىپ دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى!’ دېيىشىپ ئۆينى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ گۆش پارچىسىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. قىپقىزىل قان بولۇپ كەتكەن ئاغزىمنى ئاچقۇزۇپ قاراشقا كىرىشتى. قارىغاندا ئۇنى يۇتىۋەتسەم كېرەك، ئاغزىمدا خىتاينىڭ قېنىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىتايلار ماڭا چېقىلىشتىن قورقتى ئەتىمالىم، پۇت قولۇمنى باغلاپ تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇ يەردە نەچچە كۈنگىچە ھۇشۇمدىن كەتكىچە ئۇرۇپ قىيناشتى. يېرىمجان بولغىنىمدا بىر ماشىنىغا بېسىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تاشلاشتى.

تۇردى دېگىنى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چاندۇرماي سىلجىگىنىچە بۇ جىمغۇر سائەتچىنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.

ـ ھە، مۇنداق دېگىنە، دېمەك سەن بىر خىتاينى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆشىنى خام يەۋەتكىنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكەنسەندە! پاھ، پاھ، پاھ!

ــ ئادەم گۆشى يېگەن نوچى!
ــ ... ...!
تۇرمىدىكىلەر ئۇنى بىرئاز شاگخو قىلىشتى.
بۇ يەرگە كىرگەنلەرنىڭ گېپى راست بولسا، بۇ كامېردىكىلەرنىڭ قاسىم بىلەن تۇردىدىن باشقىلىرىنىڭ ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر دېيىش مۇمكىن ئىدى.
ــ راست دېگەندەك، بىز ھازىر قايسى تۇرمىدە ياتىمىز؟ ــ بىر كۆزلۈك ئېتىراپىغا بىر كۆزى بىلەن قاراپ سورىدى.
ــ ... ...
ھېچكىمدىن جاۋاپ چىقمىدى. راست دېگەندەك، بۇ يەرگە ھوشسىز كەلتۈرۈلگەچكە، بۇ تۇرمىنى قاسىممۇ ھېلىغىچە بىلەلمىگەنىدى. ئەمما گۇندىپايلىرى ئارىسىدا بىرەرمۇ ئۇيغۇر بولمىغانلىقىغا قاراپ، بۇ يەرنى بىرەر بىڭتۈەن تۇرمىسىمىكىن دەپ پەرەز قىلىپ كەلگەنىدى.
ــ بىز كەلگىنىمىزدە سەن يالغۇز ياتاتتىڭ. ــ دەپ گەپ قىلدى يالغۇز كۆزلۈك قاسىمغا قاراپ، ــ سېنى نېمە دەپ سولاپ قويۇشتى؟
قاسىم جاۋاپ بەرمىدى. نېمە دېيىشى كېرەك؟ راست گەپنى قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. يالغان گەپنىڭمۇ ھاجىتى يوق.
ــ خاپا بولمىسىلا ئاكا، ــ دېدى يالغۇز كۆزلۈك، سەل يۇمشىغان ھالدا، ــ پۇت-قولىڭىزدىكى تېڭىقلار، بېشىڭىزدىكى يارىلارغا، تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىڭىزگە قارىغاندا سىزنىمۇ خېلى بەك قىينىۋەتكەن ئوخشايدۇ بۇ كاپىرلار! قاچاندىن بېرى بۇ يەردەسىز؟
ــ ... ... ــ قاسىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ھازا جاۋاپسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ــ ئالتى ئايدىن ئاشتىمىكىن دەيمەن.
ــ ۋاھ، تازىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ-دە! ــ دېدى تۇردى دېگىنى بارمىقىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ. ــ كۆرۈنۈشىڭىزدىن قارىغاندا ئېگىز-پەس بىرسىگىمۇ ئوخشىمايسىز. قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
ــ ... قىرىق سەككىز. ــ دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى قاسىم سەل تۇرۇۋېلىپ.
ــ ئەسلى نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟
ــ ئېنجىنېرلىق.

ـ ھەقىچان سىزنىمۇ بىرەر تۆھمەت بىلەن سولىغاندۇ تايىنلىق؟

ـ شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

بۇ ئارىدا تاقىرباش بالا كۆزلىرىنى ئىچىپ خىلىلا تۇزىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىككى بېلىكىگە تايىنىپ تامغا سەل رۇسلىنىپ يۆلىنىۋالدى. يېنىدىكىسىگە جان كىرىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن تۇردى، ئۇنىمۇ گەپكە تۇتماقچى بولدى:

ـ ئىتىڭ نېمە ئاغىنە؟

ـ ... ... ـ ئەتىراپىدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان تاقىرباش، يۈزىدىكى قىتىشىپ كەتكەن يارا قەقەشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، ـ ھەسەن.

ـ سېنى نېمە دەپ تۇتىۋېلىشتى بۇ خىتايلار؟ ـ تۇردى بارمىقىنى كالپۇكىدا نەملەشتۈرۈپ قويۇپ سورىدى.

ـ مېنىڭ ئىشىم سەل چاتاغىراق. ـ دېدى ھەسەن دېگىنى سۆزگە كىرىشىپ، ـ بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتسام يېنىمدىن بىرنەچچە ئۇيغۇر ياش باللىرى سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، پەقەتلا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ھەرقانچە دېگەن بىلەن ئۇيغۇر باللىرىغۇ دەپ يولۇمغا كېتىۋېرىپتىمەن. بىر ماگىزىنغا كىردىم. ئىشىكتىكى خىتاي پوستلار يېنىمنى ئاختۇرۇشتى. 'قورسىقىڭدا ئاغرىق بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما' دېگەندەك، بىرخىيالىمدا يوق قولۇمنى كۆتۈرۈپ يېنىمنى تۇتۇپ بەرمەيمەنمۇ. يېنىمنى ئاختۇرىۋاتقان خىتاي، يانچۇقۇمغا قولىنى سېلىپ نېپىز قارا تاشلىق كىچىك بىر ئۇيغۇرچە كىتابنى چىقاردى. 'بۇ نېمە كىتاب؟' دەپ سورىغاندا يالغاندىن بىرنىمە دەپ باققان بولسامىغۇ كاشكى، مەنمۇ ھەيرانلىق بىلەن كىتابقا قىزىقىپ 'ئەكەگىنە قاراپ باقاي نېمە كىتابكىن' دېمەمدىمەن. بۇ گېپىمدىن خاپا بولغان ھېلىقى خىتاي، كىتابنى ۋاراقلاپ كەتتى. ـ ھەسەن ئىنچىقلاپ تۇرۇپ بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ سەل ئوڭشىلىۋالغاندەك قىلدى، ـ ھەيران قالدىم: راستىنلا مەندە بۇنداق بىر كىتاب يوق ئىدى. ئەمما بۇ خىتاي راستىنلا بۇ كىتابنى يانچۇقۇمدىن چىقارغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. دەرھال خىيالىمغا ھېلىقى سۈركىلىپ ئۆتكەن ياش باللار كەلدى. 'بۇ نېمە كىتاب دەپ سوراۋاتىمەن سەندىن!' دەپ ۋارقىرىدى خىتاي پوست. يەنە جىم تۇرماي 'ئەكەگىنە كۆرۈپ باقاي' دېۋىدىم بېقىنىمغا بىرنى تەپتى. ئاندىن بىر ئىشخانىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بىرسىلىرىگە تېلېفون بەرگىلى تۇردى. بىر ئاز

ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئۇيغۇر كادىرى كىرىپ كەلدى. كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان-بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ، بىر ماڭا، بىر خىتايلارغا قارىدى. 'بۇنداق كىتابنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن ' دەپلا كىتابنى خىتايلارغا قايتۇرۇپ بەردى. 'ئەسكى كىتابمۇ ياكى ياخشى كىتاب؟' دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئۇيغۇر كادىرى ئوقۇماي تۇرۇپ بىلەلمەيدىغانلىقىنى دېگەچ، ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئاخىرى بۇ خىتايلار مېنى يان كوچىدىكى بىر ساقچىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىشتى. خېلى ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى ئۇيغۇر ساقچى كىرىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. 'بۇ كىتابنى كىمدىن ئالدىڭ؟'، 'ھېچكىمدىن ئالمىدىم. مەنمۇ تېخى ئەمدىلا كۆرىۋاتىمەن بۇ كىتابنى' دېدىم. 'قۇرۇق گەپ قىلما! سېنىڭ بۇ گېپىڭگە بۇ خىتايلار ئىشىنەمدۇ؟ بېشىڭ كېتىدىغان ئىغىر بالادا قاپسەن ئۇكا. ئەندى قانداق قىلىسەن؟' دەپ مەندىن سورىدى. ئاڭغىچە يەنە بىر قانچە خىتاي ساقچىلىرى كىرىپ ئۇلاردىن بىرنېمىلەرنى سورىدى. 'مېنىڭ ئەمەس دەيدۇ ' دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئۇيغۇر ساقچىلار ئۇدۇللا. 'قۇرۇق گەپ! بۇ ئىبلىس بىزنى ئاقماق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئاۋارە بولماي، ئۇنى تېررورچىلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسىدىكى لۈكچەكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى. ئۇلار بۇ يالغانچىنى ئىقرار قىلدۇرۇشنى بىزدىن ياخشى قامالشتۇرالايدۇ!' دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. خىتايلارغا قۇللۇق قىلىشتىن باشقا ھۆنىرى بولمىغان بۇ دەللال بىچارىلار ماڭا قاراپ : 'چىرايلىقچە راست گەپنى قىلغان بولساڭ بېشىڭغا بۇ بالا كەلمىگەن بولاتتى. بولمىسا بىزمۇ بىر ئامالىنى قىلغان بولاتتۇق. ئەندى ئۆزەڭنىڭ شورى' دېيىشىپ قولۇمنى كەينىچىلەپ كويزىلاپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ كۆزۈمنى چىڭ تېڭىۋېتىپ ئېلىپ مېڭىشتى. خېلى ئۇزۇن مېڭىشقاندىن كېيىن ماشىنىدىن يېتىلەپ چۈشۈرۈپ بىر يەرگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ بىرسىلىرىگە تاپشۇرۇشتى. ئىككى خىتاي جاللىتى ئۈستى بېشىمغا ئۇرۇپ تەپكىنىچە سۆرىشىپ پۈتۈن ئەتراپىنى ئىغىر ۋايساشلار قاپلاپ كەتكەن، خىتايچە پاسكىنا تىل-ئاھانەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بىر جازاخانىغا كىرگۈزۈپ شاراخشىتىپ زىنجىرلەپ باغلاپ ئېسىپ قويۇشتى. ئاندىن كىيىممنى بېشىمغا تەتۈر قايرىپ يۆگىۋېتىپ، دۈمبەمگە كەلسە-كەلمەس ئۇرغىلى تۇردى. نېمە بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ۋارقىرايمەن، جاقىرايمەن، تىللايمەن، يالۋۇرىمەن، بولمىدى. تېخىمۇ قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. دۈمبەم تاياقتىن تىتىلىپ

كەتكەنلىگى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئارىلاپ ئۇرۇشتىن توختاپ دۈمبەمدىكى يارا ئۈستىگە بىرنېمىلەرنى سەپكىلى تۇردى. دۈمبەم قورۇلۇپ ئوت بولۇپ يېنىپ، چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. ئىككى خىتاينىڭ قاھ-قاھلاپ كۈلىشى ئاڭلىناتتى. يەنە ئۇرۇش، يەنە ئاچچىق بىرنېمىلەرنى تۆكۈش، مىللىتىمىزنى ئېغىر ھاقارەت قىلىدىغان پەسكەش تىللاشلار بىلەن يۇكسەلگەن خىتايچىلاپ قاھ-قاھلاپ كۈلۈشلەر، ... بىر ۋاقىتلاردا ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. بېشىمنى ئېچىپ، شىلانكىدا سوغۇق سۇ چاچقىنىدىلا ئاندىن ھوشۇمغا كەلدىم. ئەتراپ غۇۋا قىزىل چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان، لىمغا ئېسىلغان بەش-ئوندەك ئۈستى-بېشى قانغا بويالغان ئۇيغۇر باللىرى، ئوتتۇرىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئونغا يېقىن تولا ئۇرۇپ تەرلەپ پىشىپ كەتكەن خىتاي قانخورلىرى، چىرايىدىن ئادەم رەڭگى كۆرۈنمەيدىغان بۇ قانخور جاللاتلار قاھ-قاھلاپ كۈلىشىۋاتقان، ئەڭ رەزىل تىل-ئاھانەتلەر بىلەن پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنى ھاقارەت قىلىپ تىللىشىۋاتقان، تۈرۈكلەرگە باغلاپ ئېسىۋېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە قامچىلاپ ئۇرىشىۋاتقان، ... خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىغا زادىلا ئىشەنمىگەن ئىكەنمەن. يەنە ئۇرۇشلار، يەنە ھوشۇمدىن كېتىشىم، ... بىرەر ھەپتىدەك شۇنداق سۇئال-سوراقسىز ئۇرۇپ قىيناشلاردىن كېيىن سۆرىشىپ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. سوراقلىرى مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز گەپلەر بولغاچقا، 'بىلمەيمەن' دەپ ئۇيغۇرچە جاۋاپ بەردىم. 'ھايۋانچە بىلجىرلىماي بىزنىڭچە گەپ قىل! ھايۋاننىڭ بالىسى!' دېگىنىچە كېلىپ بېشىمغا بىر توقماق سالدى. يەنە سۇئال-سوراقلار، 'غىڭ ' قىلمىدىم. بەربىر ئۆلتۈرىۋېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ بىر قېتىم بۇ خىتايلارغا يالۋۇرماي چىشىمنى چىڭ چىشلەپ غەيرەت قىلىپ تۇردۇم: 'ھېچ بولمىغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ جاسارىتىنى بولسىمۇ كۆرۈپ قويۇش كاپىرلار ' دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئىسىت دەيمەن، ھېلىقى كوچىدا بولىۋاتقان خىتاي ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى ئىزچىل يامانلاپ كەلگەنلەرنىڭ بىرسى مەن ئىدىم! كاشكى شۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بولسىمىغۇ قىلىپ قويغان بولسام. ... يەنە سۆرىشىپ ئېلىپ چىقىپ زىنجىرلەپ ئۇرۇشلار، يەنە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ... ھوشۇمغا كەلسەم، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يېتىپتىمەن. ئۇزۇن چاچلىرىم بار ئىدى. قاچانلاردا چۈشىرىۋەتكەنلىگىنىمۇ بىلەلمىدىم. ... - دېگىنىچە تاقىر بېشىنى

سىلاپ قويدى.

ھەسەن سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلۇغ-كىچىك بىر تىنىۋالدى. يانچۇقىدىن بىرنېمىلەرنى ئاختۇرغاندەك قىلدىيۇ، يەنە قۇرۇق قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ بېشىنى سىلاپ قويدى. ئارىلاپ يۈزىدىكى يارىلارنىمۇ تۇتۇپ قوياتتى.

'دېمەك بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىلادېگىدەك بىگۇناھ قولغا ئېلىنغانلار ئىكەن-دە!' دەپ ئويلىدى قاسىم. شۇنداقتىمۇ تۇردى بىلەن ھەسەننىڭ ھەر ئىككىسىلا ھېلىقى «ئىزچى مەن» نىڭ كىتابلىرىدىن ئېغىز ئاچقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

ــ ھېلىقى كىتاب نېمە توغرىلىق يېزىلغان ئىكەن؟ ــ دەپ سوراپ قويدى قاسىم.

ــ مەن نەدىن بىلەي. ــ دېدى ھەسەن دېگىنى تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ــ مەن ئۇ كىتابنى راستىنلا قارا تاشلىق رەڭگىدىنلا كۆرۈپ قالدىم-شۇ!

ــ ئۇ قارا تاشلىق كىتابنى مەن بىلىمەن! ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى تۇردى ئالدىراپ بىر بارمىقىنى يالىغىنىچە، ــ مەن چەتئەلدە ئوقىدىم دېگەن كىتابلار دەل شۇنداق رەڭلىك كىتابلاردىن ئىدى. ھېلىقى 'ئىزچى' دېگىنىنىڭ كىتابلىرى ھەقىچان، ... ــ قاسىم قولىنى شىلتىپ ئۇنى گەپتىن توختاتتى. قاسىم ئۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكىسىنى تۇردى دەپ كەتمىسىمۇ يادا دېگىدەك بىلەتتى. ئۇ كىتابلار بىر يىللىرى ئۇنىڭ ھاجەتخانىدىن تېپىۋالغان كىتابلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

قاسىم بۇ كىتابلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ...

بېنزىن پونكىتىنىڭ پارتىلىشىدىن كېيىن، خىتايلار ھەقىقەتەنمۇ ۋەھشىلىكتە چېكىدىن ئېشىپ كەتمەكتە ئىدى. شەھەر ئىچىدە باشقا يۇرتلۇق يەرلىكلەردىن بىرسىمۇ قالمىدى دېگىدەك ئىدى. ئاۋات بازار رەستىلىرىدىن ئەخلەت ئۇچۇپ تۇراتتى. كوچا-كوچىلاردا دىماقنى يارغىدەك مېزىك پۇراق چىقىرىپ تۇرىدىغان ھەرخىل كاۋاپلار، پولو-مانتىلار، لەغمەن-سۇيقائاشلار، سېرىقئاش-ئۆپكە ھەسىپلەر، ... بۇ تۇردىكى يېمەكلىكلەر گويا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئۇزۇن ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىدىكىدەك يوقاپلا كەتكەنىدى. ئارىلاپ ئېچىلىپ قالىدىغان ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرىدىمۇ چوكىدەك-بادىرىدەك

‘لەغمەن‘ لەر، پۇراپ قالغان قىلىن مانتىلار، نوپۇس دەپتىرىگە قاراپ سېتىلىدىغان گۆشلەرمۇ تامغا ئاتسا چاپلاشقىدەك لەش گۆشلەر ئىدى. بۇنىمۇ سائەتلەپ ئۆچىرەت تۇرغاندىن كېيىنلا ئاران ئالغىلى بولاتتى. كوچىلاردىمۇ بۇرۇنقىدەك خىتاي دەستىدىن قىستىلىپ ماڭغىلى بولمايدىغان ھالدىن خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇش-ماجىرالىق يىللىرىدىكىدەك قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالغانىدى. دېگەندەك، كوچىدا يۈرگەنلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىمۇ بەكلا كام ئۇچۇرۇتۇشقا بولاتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى گېرمانىيەدە تۇرىدىغان يەھۇدىيلارغا ئوخشاش مەيدىسىگە مەخسۇس لاتا چاپلاپ يۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا سەكسەن تامغىلىق تونۇشتۇرۇشلىرى بولغانلىرىلا ئىدى. ئەمما كوچا-كوچىدا، دوخمۇش-دوخمۇشتا، ھەر بىنانىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن قۇراللىق خىتايلار، ساقچىلار، ھەربىلەر، بىڭتۇەن ياۋايىلىرى، ... زادىلا كامايمىغانىدى. ئەندى ئۇلار يالغۇز ئۇيغۇر چىرايدىكىلەرنىلا ئەمەس، ئۆز خىتايلىرىنىمۇ قوشۇپ ئاختۇرۇشۇپ يۈرەتتى.

بۇنداق ئادەم شالاڭلىشىپ كەتكەن، قۇراللىق خىتاي چارلىغۇچىلىرى كۆپىيىپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە ھەرىكەت پىلانلاش تۇرماق، ھەتتا نورمال ھاياتلىق ئۈچۈنمۇ سىرتلارغا چىققىلى بولماي قالغانىدى. دوخمۇش-دوخمۇشتا توساپ چارلاشلار، تۇيۇقسىز ئۆي ئاختۇرۇشلار، سەۋەپسىز قولغا ئېلىنىشلار، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشلەر ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

ئەمما بۇنداق جىددىچىلىكتە يەرلىكلەرنىڭلا ئەمەس، ھەتتا خىتاي پۇخرالىرىنىڭمۇ كۆنى تەسلىشىپ بارماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە كىمدىن، نەدىن ۋە قاچان كېلىشى نامەلۇم بولىۋاتقان پاجىئەلىك ئۆلۈم ۋەھىمە ئاپىتى ئۇلارنى قورقۇتۇپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ھاكىمىيىتىدىن كېلىۋاتقان مەجبورلىنىشلارمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇراتتى. بۇ خىتايلار تا سەكسەنىنچى يىللىرىدىن تارتىپلا كۆنۈپ قېلىشقان تانسخانىلار، كافىخانىلار، جىيۇبالار، مېھمانخانىلار، قىشلىق-يازلىق ساياھەتلەر، كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان ھەشەمەتلىك كەيپى-ساپالىق تۇرمۇشلاردىن تۇيۇقسىزلا ئايرىلىپ قېلىپ، كوچىلارغا ئارامخۇدا چىقالمايدىغان؛ ئۆيىدىمۇ مانا پارتلايدۇ، ئەنە ئوت كېتىدۇ دېگەندەك قورقۇش ئىچىدە ئارامخۇدا ياتالماسلىق؛ ئىشىغىمۇ زېھنىنى يىغالماسلىق؛ شەخسى دۇكانلىرى، شەخسى كۆڭۈل ئېچىش-قىمار ئويناشلاردىن، تاپقان مال-

مۆلكىدىن ئايرىلىپ قېلىش؛ شەخسى شىركەت-دۇكانلىرىنى، زاۋۇت-كارخانىلىرىنى تاقاشقا مەجبورلىنىشلار؛ شەھەر ئىچىنى مىليونغا يېقىن ئىشسىز خىتاي قاپلاپ كەتكىنىنى ئاز دەپ، ئىشلىتىشكە بىرمۇ خىتاي تاپقىلى بولمايدىغان غەلىتى مەنزىرىلەر خىتايلارنى بۇ يۇرتتىن زىرىكتۈرمەكتە ئىدى. چەتئەللىكلەر ئاچقان شىركەت ياكى قۇرۇلۇشلار ئاساسەن ئىشنى توختۇتۇپ خىتايغا كېتىشكەن، بەزىلىرى ۋەزىيەتنىڭ قايتا مۇقىملىشىشىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشقانىدى. ئاز بىرقىسىم ئاچكۆز خىتايلار ھەرقانچە غەلىتىلىك ھېس قىلسىمۇ، يەرلىكلەرنى ئىشقا ئېلىش ئارقىلىق ئۆز جېنى ۋە مېلىنىڭ ساق قېلىشىغا كاپالەت يارىتىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. دېگەندەك، بۇنداق قىلغانلارنىڭ مەخپى زەربىگە، ئۇشتۇمتۇت بالاغا ئۇچرىشى ھەقىقەتەنمۇ يوقۇلۇپ، بىخەتەرلىكى كۆرۈنەرلىك كاپالەتلەندۈرۈلگەندەك قىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە قاتتىق توسىشىغا قارىماي، نۇرغۇن پارا تۆلەپ يول خېتى ھەل قىلىپ ئائىلىسىنى خىتايغا يولغا سېلىۋاتقانلارمۇ ئازىيىدىغاندەك قىلمايتتى. ھەتتا بىر قىسىم خىتايلار ئائىلىسىدىن يوشۇرۇنۇقچە يول خېتى چىقارتقۇزۇپ، ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىنى يىغىشتۇرۇپ، مۆلۈكلىرىنى ئەرزىنىغا سېتىۋېتىپ بالا-چاقىلىرىغىمۇ قارىماي بىر كېچىدىلا خىتايغا غىپلا قىلىپ تىكىۋېتىدىغان، ھېچنېمىسى قالمىغان بۇ ئائىلىدىكى خىتاي بالا-چاقىلار ئەتىسى ئويغانغانلىرىدا رەسمىي بىر تىلەمچى ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ يىغا-زار قىلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئادەتتىكىچە ۋەقەلەرگە ئ ايلىنىپ قالغان ئىدى. خىتايدىن كېلىشلەرمۇ ئاساسەن توختىغان بولۇپ، كېلىۋاتقان يولۇۋچىلار پويىزلىرىدا خىتايدىن قوغلانغان مىللىي كادىرلار، مىللىي ئوقۇغۇچىلار، ئېلىپ ساتارلار، كاۋاپچى-ئاشپەزلەر كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. خىتايدىكى ھەرقايسى ئالىي-ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ۋەزىپە قىلىپ ئاچتۇرۇلغان مىللىي سىنىپلار كەينى-كەيندىن تاقىلىپ، خىتاي يۇرتلىرىدا ‹ئۇيغۇر › نامى ‹ياۋايىلىق، قاتىل، تېرروررچى› دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆزگە ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خىتايدا ‹ئۇيغۇر › دېگەننى يىغىپ-يۆگەپ ‹كاۋاپچى-يانچۇقچى › دېيىشلەرگە خاتىمە بېرىلگەندەك قىلاتتى.

خىتايدىكى نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا شۇنچە يىلدىن بېرى زادىلا دىققەت قىلىشمىغان ‹ئۇيغۇر، غەربى دىيار› دېگەندەك

تەتقىقاتلارغا ئالاھىدە قىزىقىش ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە ئىدى. ‘‘كىم بۇ ئۇيغۇرلار؟ نەدىن كەلگەن؟ بۇرۇن نەدە قالغانىدى؟ بۇگۈن تۇيۇقسىز نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنىڭ بۇگۈنكى ھالىتى قانداق؟ ئۇلار نېمە تەلەپ قىلماقچى؟ نېمە ئۈچۈن خىتايغا شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ؟ ئۇلار نېمىسگە شۇنچە ئىشىنىپ يۈرىشىدۇ؟ بۇ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن خىتايلاشتۇرىۋەتەلمىدۇق؟ ...’’ خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە كېڭىيىشىشىگە ئەگىشىپ بىر-بىرىسگە زىت، ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئاجايىپ غەلىتە ‘ئىلمىي ماقالىلار’ نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىغىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بىر قىسىملار بىرەر مىڭ يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۈنكى موڭغۇللارنىڭ تۇرىۋاتقان يەرلىرىدىكى ھون-تۈرك ‘ۋەھشى ‘ لىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خىتايلارنى ئۆلگۈدەك قورقۇتۇپ تا كورىيە بوغۇزىدىن تارتىپ غەرپكە سوزۇلغان نەچچە مىڭ كېلومېتىرلىق مىللىي دۆلتىنىڭ شىمالى چېگرا بىخەتەرلىگى ئۈچۈن سېپىل سوقۇشىغا مەجبورلاتقان مىللەتنىڭ بۇگۈنكى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىپ چۆچۈپ كېتىشكەنىدى. يەنە بىر قىسىم خىتاي تەتقىقاتچىلىرى بۇ خىل شەرمەندىلەرچە خۇلاسىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى ‘‘ھىندىستاندىن كەلگەن، ... ئافغانىستاندىن كەلگەن، ...’’ دېگەندەك ماقالىلىرىنى يېزىش، يەنە بەزىلىرى بىراقلا ‘‘غەرپكە قاراپ قېچىۋاتقان تۈركلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە چىققان خىتايلار ئەسىر ئالغان تۈركلەرنىڭ بالا-چاقىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىپ، شۇ يەردە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىشىپ تۇرۇپ قېلىشقان، كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان، ...’’ دېگەندەك كۈلكىلىك رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىشقىچە بېرىپ يەتكەنىدى! شۇنداقتىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ‘غەربىي دىيار’ لىقلارنى پۈتۈنلەي كەمسىتىشىدىغان ياۋايىلىغىنى، ئەقلسىزلىگىنى، ئەخلاقسىزلىغىنى ‘ئىسپاتلاش’ قا ئۇرۇنۇشۇپ، ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىش چاقىرىغىنى چىقىرىشماقتا ئىدى. بۇ خىل تەتقىقاتلارغا خوڭكوڭلۇق، فورموزىلىق، ھەتتا غەرپكە قېچىپ كېتىشكەن سەرگەردان خىتايلارمۇ كۈچلۈك ئاۋاز قوشۇپ بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ غەرپتىكى خىتايلار ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنى بۇندىن بىرمۇنچە يىل ئىلگىرىكىسىدىكى نيۇ-يورك

قوشكىزەك بىناسى ۋەقەسىنى پەيدا قىلغانلار بىلەن تومۇرى بىر دېيىشىپ، دۇنيا جامائەتچىلىگىگە ئىككى مىڭ بىرىنچى يىلى ئون بىرىنچى سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئوتتۇرغا چىققان قاراشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ”ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى“ دەپ ئېلان قىلىشىپ، ئۇلاردىن داڭلىق جاسۇسلىرىنى ئەۋەرتىپ بۇ ئۇيغۇر توپلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشتا ختايغا ياردەمچى بولۇش چاقىرىقلىرىنى تارقىتىشىپ يۈرمەكتە ئىدى.

بۇ ئارىدا چەتئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن ”شەرقىي تۈركىستانچى“ ياكى ”ئۇيغۇرىستانچى“ دېگەندەك ناملاردىكى مۇھاجىر گۇرۇھلارمۇ بىر ئەسىرگە يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۇدۇملىرىنى قىلچە ئۆزگەرتىشمەي، ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالغۇدەك مەنتىقىسىز ’مۇجادىلە ئۇسۇللىرى‘ نى ئىزچىل تۈردە كۆككە كۆتۈرۈشۈپ، بىر-بىرىنى غاجىلىشىپ ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي پۇرسەتلىرىدىكى ئەۋزەللىكلىرىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا قۇرىۋالغان قايسى بىر قۇرۇلتاي-مەركەز ياكى ھۆكۈمەت مۇراسىملىرىدا ”مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇيۇق سىزىغىنى ياراتتۇق، بىز ھەقىقەتەنمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بىردىن-بىر تولۇق ھوقۇقلۇق، ئۈچۈنچى دۆلەت مىراسچىسى بولۇشقا تېگىشلىك مىللىي باش شتاب ئورگىنىمىز، بىزگە ھەقىقىي ئاپتونومىيىنىلا بەرسە كۇپايە، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش نىيىتىمىز يوق ” دېگەندەك بىر-بىرىگە زىت قۇرۇق پولارنى ئېتىش بىلەن بىرگە، ۋەتىنىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان ختاي قوغلاش يوشۇرۇن ھەرىكەت دولقۇنىنى ختاي مۇھاجىرلىرى، ھەتتا خەلقئارالىق ئورگانلارغا ”شەخسىي قىساس بىلەن شوغۇللانغۇچى بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر“ دەپ قارىلاپ كۆرسىتىشكە ھە-دەپ ئۇرۇنۇپ يۈرىشەتتى. نەتىجىدە، بۇنداق ”شەخسى ئۆچ ئالغۇچى لۈكچەكلەر“ گە قارىتا ختايلارنىڭ باستۇرۇش ئارزۇلىرىنى تەستىقلاپ بېرىشمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتىنىمىزدىكى جان پىدا قىلىۋاتقان پىدائىلىرىمىزنىڭ قان-جان بەدىلىگە كەلگەن ھەربىر ھەرىكەتتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان خەلقئارالىق قىزىقىش غۇلغۇلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تۇشمۇ-تۇشتىن سۆھبەتلەر، كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرى، باياناتلار ئېلان قىلىش يىغىنلىرى ئېچىش، ’قۇرۇلتاي-سايلام‘ قىلىش، ئىئانە توپلىشىش، ... دولقۇنىنى پەيدا قىلىپ تېرىسىگە پاتماي يۈرىشەتتى. شۇ باھانىدا يەنە بىرەر يىل پائالىيەت قىلىش دەسمايىسىنىمۇ يىغىۋېلىشاتتى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن دالاي

لاماچىلار ئىقمىدىكىلەرمۇ خىتايلارغا ئىچىندىغانلىقلىرىنى، تىبەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇر ئىلىدا كۆرۈلىۋاتقان بۇنداق چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن پاجىئەلەرگە ھەۋەسلىنىپ كەتمەي، دالاي لامانىڭ «ئىنسانىيەت ئورتاق سۆيگۈسى» تەلىماتىدا چىڭ تۇرۇپ، تىبەت خەلقى ئۆچۈن ئىككىنچى قېتىملىق ‹‹نوبېل تېنچلىق مۇكۆپاتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بېرىش›› چاقىرىقلىرىغا ئاتلانغاندى.

بۇنچە داغ-دۇغىلىق خەلقئارالىق ‹تېنچلىق › تەرغىباتلىرىغا قارىماي تىبەت ئىگىزلىكىدە، موڭغۇل دالالىرىدا، تۇڭگان بازارلىرىدىمۇ بىر قىسىم ‹قاپ يۈرەك لۈكچەكلەر › نىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ھەرىكەتلەردىن ئىلھام ئېلىپ پەيدا قىلغان ۋەھىملىك يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ كۆرۈلۈشكە باشلىماقتا ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەركەزى شەھەرلىرىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ۋەھىملىك يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى ئاستا-ئاستا باشقا خىتاي ئارىلاش كىچىك ۋە چەت شەھەر-ناھىيىلىرىمىزگىچە كېڭىيىپ، ئارىلاپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بوغۇزلىۋېتىش، ئۆيلىرى ۋە مال-مۈلكلىرىگە ئوت قويىۋېتىش، پارتلىتىۋېتىش قاتارىدىكى ھەرىكەتلەرمۇ پەيدا بولماقتا ئىدى. ئەندى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى نوقۇل مەركەزى شەھەرلىرىمىزدىلا ئەمەس، ئۇششاق شەھەرلەردە، يوللاردا، كان رايونلىرىدا، بەزى بىڭتۈەن مەيدان-فېرمىلىرىدىمۇ ۋەھىملىك ئۆلۈملەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ بىكاردىن-بىكارغىلا شەھەرلەردىن قوغلانغان يەرلىك خەلقلەر، يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار مىللىي ئۆچمەنلىك ئۈچۈن دىگەندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئۆچ ئېلىۋېلىش ھەۋىسىگە بېرىلىپ يوشۇرۇن ۋەھىمە يارىتىدىغانلارمۇ ئارىلىشىپ خىتايلارغا ۋەھىمە سېلىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا نۇرغۇنلىغان پەمسىز بىكارتەلەتلەر، تەجرىبىسىز ئالدىراقسانلار، ھاياجىنىغا ھاي بېرەلمەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا جازا بېرىش ھەرىكىتى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشىپ بىھۇدە تۇتۇلۇپ قالىدىغان ياكى ئەھمىيەتسىز قۇربان بولۇپ كېتىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۈنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇرى ئاستا بولسۇن، خىتايلارنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۆز

خەلقنى جىم يېتىشقا ئۈندىگۈچىلەرنى، خىتايلارغا مەلۇمات بەرگەنلەرنى، يوشۇرۇن پائالىيەت قىلغۇچى پىدائىلىرىمىزنىڭ پېيىغا چۈشىۋالغانلارنى ۋە ئۇلارنى جازالاشقا قاتناشقانلارنى ئۇچراتقان يەردە رەھىمسىزلەرچە جازالاش، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىن بولسىمۇ ۋاستىلىق قىساس ئېلىش، مال-مۈلۈكلىرىگە زىيان سېلىش ھەرىكەتلىرىمۇ كۆرۈلۈپ، خائىنلار تەبىقىسىنىمۇ ئېغىر پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى. دەرۋەقە، توپۇلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلايدىغانلارمۇ كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. بەزى يەرلەردە نوقۇل بايلىق تويلىۋېلىش ئۈچۈنلا خىتايلارنى، يەرلىك بايىۋەتچىلەرنى، دۇكانلارنى بۇلاش، خىتاي ياكى يەرلىك دەپ ئايرىماي شەخسىي ئۆچ ئېلىشنىلا مەخسەت قىلىدىغان، ھەتتا خىتايدىن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگىمۇ ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەرمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغانىدى.

بۇنداق ھادىسىلەردىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تېرروْرلۇق تۈسىنى ئالىدىغان زۇلۇم قىلىش بىلەنلا قالماي، مىللىي كادىرلار ئارىسىدا، شەھەر-يېزىلىقلار ئارىسىدا، ئىشچى-كادىرلار ئارىسىدا، يۇرتلار ئارىسىدا، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا، ... زىددىيەت، توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغان ۋاستىلىق تەشۋىقاتلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانماقتا ئىدى. ھەتتا يوشۇرۇن شەكىلدە سۈنئىي "ئۇيغۇر قوشۇنى"، "قازاق قوشۇنى"، "تۇڭگان قوشۇنى" ... دېگەندەك يالغان 'يەرئاستى قوشۇن ' تەشكىللەپ، ھەرقايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتەرگۈزۈشلەرگە ئۇتقويرۇغلۇق قىلىشماقتا ئىدى.

قاسىم، دەسلىۋىدە بۇ تۈردىكى قالايماقان چۈشىنىكسىز ھادىسىلەردىن بەكلا تېڭىرقىغان ئىدى. ئەمما كېيىنچە، بۇنداق ھادىسىلەرنى بىر تۇتاش تېزگىنلەش شارائىتىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىنىڭمۇ يوقلىغىنى ئويلاپ، ئۆز پىلانى بويىچە ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇش ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئەسلىدە، بۇنداق باش قۇماندانىسىز بىر ھەرىكەتتە، بۇ خىل نورمالسىز ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلىشى بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ، بىر ھېساپتا بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلىشى، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ قالايماقانلىشىشى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ بولاتتى. بۇنداق ھەرىكەتلەردىن قالايماقان بولىدىغانلار بىزنىڭ خەلقىمىز ئەمەس، كۆپۈنچە ھاللاردا ئەسلىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دەل

ئۆزلىرى بولاتتى. بىز ئەسلىدىنلا چېكىدىن ئاشقان ۋەيرانە ھالدا تۇرغىنىمىز ئۈچۈن، بىزگە نىسبەتەن قالايماقانلىشىپ كەتتۇق دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇنداق قالايماقانچىلىقتىن پايدىلىنىشنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىدى. چۈنكى ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكەتلىرى تەرتىپلىك ۋەزىيەتكە قارىغاندا قالايماققانچىلىق ۋەزىيەتتە تېخىمۇ كۆپ شارائىتقا ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيتتى.

شۇنداقتىمۇ قاسىم بۇ كۇنلەردە قايتىدىن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى ئۈچۈن تۈزۈۋگىرەك بىرەر چارە تاپالماي، بەكلا تىت-تىت بولماقتا ئىدى. ‘جاسارىتىم يېتىشمەيۋاتامدۇ-قانداق؟ ياكى ئەقلىمنى ئىشلىتەلمەيۋاتامدىم-يا؟’ قاسىم، ئۆزى ئۆستىدىمۇ ئويلاپ قالاتتى. ...

تۈرمىدىكىلەرنىڭ چىقارغان خورەكلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاچ، قاسىم يوشۇرۇن ھەرىكەت نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ھاياجانلىنىپ قاراڭغۇ شىپقا تىكىلگىنىچە يېرىم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ...

## سەككىزىنچى باب

# دېموكراتچى خىتاينىڭ ئەسلى غەرىزى

- ئاڭلىدىڭلارمۇ، قايسى كۈنىسى يېڭى مۇئاۋىن جۇشىيمىزنىڭ بىر نەۋرىسىنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ!
- يامان بوپتۇ-دە! نېمىلا دېگەن بىلەن نەۋرىسىدە گۇناھ يوق-تە!

—— مۇئەللىملارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن

قاسىمنىڭ جاراھەتلىرى يېڭىلا تىن قېتىشىپ، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق قىچىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا مىغىلداپ كەتكەن نىجىس پىتلارنىڭمۇ 'تۆھپە' سى قوشۇلۇپ، قاسىمنى تىنماي گارتىلدىتىپ تاتىلاشقا مەجبۇرلىماقتا، تاتىلغانسېرى تېخىمۇ قاتتىق قىچىشىپ، بىرقىسىم يەرلىرىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋالغىچە تاتىلاشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. قاسىمغا گويا بۇ پىتلار خىتايلار تەرىپىدىن مەخسۇس نەسىللەندۈرۈپ يېتىشتۈرۈلۈپ كامېرغا قويۇۋېتىلگەن قوشۇمچە جازالاش قۇراللىرىدەكلا بىلىنەتتى. دېمىسىمۇ بۇ پىتلار قاسىمنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى ئاچارچىلىق يىللىرىدا كۆرگەن پىتلارنىڭ سورتلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. يېڭىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا پىت دېگەننى ئۆمۈرىدە كۆرۈپ باقمىغان ياش باللار بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارمۇ ئالىلقاچان تۈرمىنىڭ پىتلىرىغا ئورتاق شېرىك بولۇپ كەتكەچكە، قاسىمنىڭ بۇنچە بېرىلىپ قانىغىچە گارتىلدىتىپ تاتىلاشلىرىغا ئىچى پۇشماق تۇرماق، ئەكسىچە ئۇلارمۇ بىرلىكتە تەڭكەش قىلىپ بېرىشمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ كامېردىكىلەر ئۈچۈن تاتىلاش ئىشى بىر قوشۇمچە خۇمار ھالىتىگە كەلمەكتە ئىدى.

چۈشكە يېقىن ئىككى گۇندىپاي كامېرنىڭ ئىشىكىنى شاراقشىتىپ ئېچىپ ۋارقىرىدى:

- فەنرېن كا شى مۇ، ما شاڭ چۇ لەي!

كامېردىكى لەززەتلىك قاشلاش ئاۋازلىرى دەرھال تىنجىپ ھەممە بىردەك قاسىمغا قاراشتى. قاسىم، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخى يېڭىلا گېپىستىن چىقىرىلغان پۇتىنى سۆرەپ دىگىپوسلاپ كامىردىن چىقتى. گۇندىپاي خىتايلاردىن

بىرسى قولىدىكى قاسمغا بەكلا تونۇش بولغان سایاھەت سومكىسىنى ئالدىغا تاشلاپ، ‘‘دەرھال مونچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ كىيىملىرىڭنى يەڭگەشلەپ چىق’’ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئالدىدىكى سەپەر سومكىسىنى كۆرگەن قاسىم، بىر تەرەپتىن ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرۇنقى تېنچ ھاياتىنى كۆزئالدىغا كەلتۈرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. بۇ سومكىسى بىلەن قاسىم نەلەرگە بارمىغان-ھە! پۈتۈن ۋەتىنىنىڭ بولۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، خىتايدا يۈرگۈزىلىۋاتقان سىياسەتلەرنى ئۆز يۇرتىدىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىش نىيىتىدە خىتاي يۇرتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان يېزا-كەنت ۋە ناھىيە-شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىققانىدى. ... ئۇ، سومكىسىنىڭ سىرتىمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى كىيىملىرىگە قارىدى. پاكىز يۇيۇلۇپ قاتلانغان ئىچ كىيىملىرىنىڭ يېنىدا يەنە، ھېيت-مۇراسىملارغا ئاتاپ تىكتۈرگەن، قۇرۇق تازىلاشقا بېرىپ پاكىزە تازىلاتقۇزۇپ قويغان ئېسىل سارجىدىن تىكىلگەن كۈلرەڭ كاستيۇم-بۇرۇلكىسىمۇ چىرايلىق قاتلاقلىق تۇراتتى. بۇ كىيىم، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېھماندارچىلىق كىيىمى ئىدى. قاسىم بۇ كىيىملەرنىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەنلىگىنى ئويلىغىنىدا، يەنىلا يۈرىكى 'جىغ' قىلىپ قالدى. ‘نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ئېلىپ كېلىشتى؟ نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بۇلارنى ماڭا كېيگۈزۈشمەكچى؟ ئاخىرقى مىنۇتلىرىم كېلىپ قالدىمۇ-يا؟’ قاسىم ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ گۇندىپايلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

‘‘پاھ، پاھ، پاھ! نېمە دېگەن راھەتلىك بۇ! ـ قاسىم، ئۈستىگە يامغۇردەك چېچىلىپ چۈشىۋاتقان ئىلمان سۇدىن راھەتلىنىپ باللارچە ئويناقشىپ كەتتى. گويا ئۇ ئۆمۈرىدە تۇنجى قېتىم بۇنداق راھەت بىر مۇنچىغا چۈشىۋاتقىنىدەك سۆيۈنۈپ كەتتى، ـ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ ئەرزىيدۇ!’’ دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. بەدىنىدىكى بىرقىسىم قۇرىغان قەقەشلەر يۇمشاپ تۆكۈلۈش بىلەن بىرگە، نەچچە ئايلىق يىغىلىپ كەتكەن كىرلىرى قوشۇلۇپ ئېرىپ چىقىپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالدى. سومكىسىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىتىپ كۆنگەن چاچ يۇيۇش سۈيى، بىرىتىۋالىرى بىلەن يۈز سوپۇنلىرىمۇ قويۇلغانىكەن. قاسىم خۇددى غۇلجىنىڭ كونا پار

مونچىسىغا چۈشۈپ چىققاندەك ئالاھىدە راھەت بىر قىياپەتتە پىتلىق قان دېغى كىيىملىرىنى يۆتكەپ قېتىۋالغان ھالدا مونچىدىن چىقتى. "شۇنچە نەرسەمنى بەرگەن بۇ كاپىرلار گالۇستۇكۇم بىلەن يېڭى ئايغىمنىمۇ بىرگە بەرگەن بولسىمۇغۇ كاشكى، ــ دەپ ئۆكۈنۈپ قويدى، ــ مەيلى، بۇمۇ يېتىدۇ" دەپ ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئىشىكتە ساقلاپ تۇرغان ئىككى گۇندىپاي ئۇنى ئالدىغا سېلىپ تۈرمە ئىشخانىسىغا ئوخشايدىغان بىر بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىشتى:

ــ دوكلات پولكوۋنىك ئەپەندىم، جىنايەتچى كا شى مۇنى يالاپ كەلدۇق! ــ دەپ ۋارقىرىغىنىچە چاس بېرىپ تىك تۇرۇشتى گۇندىپايلار.

ــ سىلەر چىقساڭلارمۇ بولىدۇ، جىنايەتچى بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىمەن. ــ دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئىككى گۇندىپاي، قايتا دىققەتتە تۇرۇپ چاس بېرىشىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشتى.

قاسىم، ئۇدۇلىدىكى يېزىق ئۈستىلىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قاسقان شەپكىلىك، ماشرەڭ سارجىدىن تىكىلگەن ھەربى ئەمەلدارلارغا خاس فورما كىيگەن، مۆرىسىدىكى پاگونلىرىدا بىر قانچە ئالتۇن يۇلتۇزلار پارىلداپ تۇرغان، مەيدىسىدە خىتايلاردا ئەمدىلا ئەمىلىلىشىۋاتقان، ئەمما قاسىمغا بەكلا ناتونۇش بولغان مىداللار تاقالغان بۇ خىتاي ھەربى ئوفىتسېرىنىڭ ئۇنۋان-ئەمەل دەرىجىسىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى خېلى يوقۇرى بىر ئەمەلدار بولسا كېرەك دەپ كۆزىتىپ چىقتى.

قاسىمنىڭ دەل ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بۇ خىتاي ئوفىتسېرىمۇ قاسىمغا باشتىن-ئۆيىقىغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى:

ــ مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، ــ دەپ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلدى خىتاي ئوفىتسېرى قاسىمغا. ئاندىن يېنىدىن قاسىمنىڭ چېكىپ ئادەتلىنىپ قالغان خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك تاماكىلىرىدىن بىرى بولغان 'جيا دې لې' ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ ئالدىرىماي ئاغزىنى بىر تەرىپىدىن سۆكۈپ ئېچىپ، قاسىمغا تاماكا ئۇزاتتى، ــ بىرتال ئېلىپ چېكىڭ، بەلكىم ئۇزۇندىن بېرى چەكتۈرمىسە كېرەك؟ مېنىڭ ئالدىمدا قىسىلماي بەھۇزۇر ئولتۇرالايسىز.

قاسىممۇ بۇ خىتاينىڭ ئالدىدا تارتىنىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ بېرىپ تاماكىدىن بىرتال سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ، قولىدىكى تاماكىسىنى بۇرنىغا ئاپىرىپ سۈركەپ تۇتىشىغا ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر

تۇيغۇلار نامايان بولۇشقا باشلاپ، تاماكىنىڭ تەبىئى پۇرىغىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىگە تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

تاماكىدىن ئۆزىگىمۇ بىرتال چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرغان خىتاي ئوفىتسېرى يېنىدىن چاقمىغىنى چىقىرىپ قاسىمغا تەڭلىدى. ئەمما دەرھال ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇرىۋېلىپ ئىچىگە تولدۇرۇپ بىرنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، چاقماقنى قاسىمغا قايتا ئۇزاتتى.

ــ كەچۈرۈڭ، ئۇزۇندىن بۇيان چەكمىگىنىم ئۈچۈن، بۇنىڭ قۇرۇق پۇرىغىلا ماڭا يېتىدۇ. ــ ئۇ چاقماق ئۈچۈن قايتا ئورنىدىن تۇرمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولى بۇرنىدىن چۈشمىگەنىدى.

ــ ئىختىيارىڭىز، ــ دېدى ئوفىتسېر خىتاي. ئۇ تۇيۇقسىزلا قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاراخشىپ ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى ئىككى گۇندىپاي توخماقلىرىنى تۇتقىنىچە ئالدىراپ كىرىپ كېلىشتى. ئوفىتسېر بىر تەرەپتىن يۆتەلگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن قولى بىلەن گۇندىپايلارغا ئىشارەت قىلىپ چىقىپ كېتىشلىرىنى بۇيرىدى. گۇندىپايلار خاتىرجەم بولۇپ چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ئوفىتسېر قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ دېدى، ــ سىلەر ئۇيغۇرلار يەنىلا كۈچلۈك تاماكىلارنى تېپىۋالىدىكەنسىلەر. مەن بۇنى ئۆيۈڭدىن ئالغاچ كەلگەنىدىم. يەنىلا ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىنىم دۇرۇستەك قىلىدۇ، ماڭا ئېغىر كەلدى. ــ ئۇ خىتاي ئۆپكىدەك قىزىرىپ ھىجايغىنىچە قولىدىكى تاماكا پاشكىسىنى قاسىمغا قارىتىپ چۆرۈپ بەردى. قاسىممۇ ئىستىخىيىلىك بىر چاققانلىق بىلەن تاماكا پاچكىسىنى ھاۋادىلا ‘ك اپ’ قىلىپ تۇتىۋالدى. خىتاي ئوفىتسېرى يانچۇقىدىن باشقا بىر ماركىلىق تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرىۋالدى، ــ مەن قايسى كۈنىسى بىر ئۇكاڭنى چاقىرىپ ئۆيۈڭگە ئاپارغانىدىم. ئەسلىدە ئۆيۈڭدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسادىرە قىلىشىغا يارىغۇدەك تۈزۈكرەك بىر نېمىمۇ يوق ئىكەن. مەن سېنىڭ كىتابلىرىڭغىلا قىزىققانىدىم. كىتابلىرىڭغا شۇنداقلا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، قالغان نەرسىلىرىڭگە چېقىلمىدىم. زادىلا چېقىلغۇدەك نەرسىلەرگە رازىۋېتچىكلىرىمىز ئاللىقاچان يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلەپ چېقىلىپ بولغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن. شۇڭا، رەسمىيەتلەرگە قول قويۇپ بولۇپ ئۆيۈڭنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇكاڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم. بۇ كىيىملىرىڭنى ئۇكاڭ ئۆزى تاللاپ بەرگەنىدى. ــ خىتاي ئوفىتسېرى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى ئاۋايلاپ

ئالدىدىكى كۆلدانغا چېكىپ چۈشىرىشكە كىرىشتى.
قاسىم، بۇ خىتايىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېخىچىلا مۆلچەرلىيەلمىدى.
خىتاي ئوفىتسېرى تاماكىسىنى چەككەچ گېپىنى داۋام قىلدى:
ــ راست، كىتابلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن بىر نەچچە پارچىسىنى ئۆزەمگە ئېلىۋالدىم. بۇ كىتابلارنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىستەپ تاپالماي يۈرەتتىم. فرېئۇدنىڭ بىرنەچچە كىتابى بىلەن ماسلوۋنىڭ بىر كىتابى. ئېچىگە قارىسام بۇ كىتابلارنى خېلى يىللاردىن بېرى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چىققان بولساڭ كېرەك؟ بىرمۇنچە يەرلىرى قايتىلاپ سىزىلغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىڭمۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇنلا ئېلان قىلىنغانىكەن. ئۇلارنىمۇ تاپتۇرۇپ خىتايچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ئالاھىدە تالانتىڭ بار ئىكەن. بولۇپمۇ ماسلوۋنىڭ ئېھتىياجنىڭ قاتلاملىق نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ  مىللىي ئەركىنلىك پرىنسىپلىرىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن خۇلاسىلاپ چىققانلىقىڭغا بەكلا قايىل بولدۇم. ئۇ يازغانلىرىڭغا ئۇيغۇرلار قانچىلىك دىققەت قىلىپ كىتەلەيدۇ، بىلمەيمەن. ئەمما ئۇ يازغانلىرىڭدا ۋاستىلىق شەكىلدە خۇلاسىلاپ چىقارغان ھۆكۈمەتنىڭ تىپىك جىنايەت مەنبەسى ئىكەنلىكى، ھەتتا بۈگۈنكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ تۈپكى ئاپەت مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغىدەك كەسكىن ھۆكۈملىرىڭ مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. بولۇپمۇ سېنىڭ تەھلىل قىلىش مىتودىڭ بەكلا مۇكەممەل ئىكەن. مەن ئەسلىدە بۇ تۈردىكى كىتابلارغا خېلىدىن بېرى قىزىقىپ يۈرگەنىدەك قىلسامۇ، سېنىڭ ئۇ ماقالىلىرىڭنى كۆرۈشتىن بۇرۇن بۇ كىتابلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرالىغىدەك بىر نەزىرىيىۋى ئاساس بولالايدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىمگە كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. دېمىسىمۇ، سەن بۇ كىتابلار ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىڭنى تەھرىرلىتىدىغان بىرەر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس تاپالماي، قايسىبىر مانجۇ پروفېسسورىغا خىتايچە ئوقۇپ بېرىپ تەھرىرلەتكەنلىكىڭنى ۋە ئۇنىڭدىن ئالاھىدە يوقۇرى باھالاشقا ئېرىشكەنلىكىڭدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. بولمىسا سېنىڭ بۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن يازغانلىرىڭغا قىزىقىپ نېمە قىلاتتىم دەيسەن.
خىتاي ئوفىتسېرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە باردى. ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ

سرتتا تۇرغان ھېلىقى ئىككى گۆندىپايغا:
ــ مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، بۇنچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرغىچىلىكىم بار. سىلەر بېرىپ بىرەر ئۇيغۇر ئاشخانىسى تېپىپ گۆشلۈك ئىككى تەخسە لەغمەن تەييارلىتىپ كېلىڭلار. ھە، ئاۋال ئۆزەڭلارغىمۇ بويرۇتۇپ يەپ ئاندىن كەلسەڭلارمۇ ئۈلگۈرىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار، پۇلى مەندىن. ــ دەپ بويرۇپ قويۇپ قايتا ئۇرنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ــ ھە، نېمە دېيىشىۋاتۇۋاتتۇق؟ بۇ گەپلەرنى دېيىشمىگە قاراپ، 'بۇ ئەسكەر مېنى ئالداشقا تىرىشىۋاتىدۇ' دەپ ئويلاپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسامىمۇ شۇنداق ئويلىغان بولاتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ ۋەزىپەممۇ باشقا رازۋېتچىكلارغا ئوخشاشلا ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارنى پاش قىلىش. ھۆكۈمەتنىڭ يوشۇرۇن سودىيەسى سېنى ئالىلقاچان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. ساڭا سىر بولمىسا كېرەك، بۇ ھۆكۈمەت بۇ يېقىنقى يىللاردا، بولۇپمۇ «ئون بىرىنچى سېنتەبىر ۋەقەسى» دېگەن نيۇ يورك ۋەقەسىدىن بۇيانقى يىللاردا سىلەردىن بىرەرسىنى 'تېرروررچى ' دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالغانلا بولسا، ئۇنداقلارنىڭ خاتا تۇتۇلغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ يەردىن تېرىك چىقالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنى پۇشايمان بىلەن ئېتىراپ قىلىمەنكى، بۇنداق ھۆكۈم قىلىنىشىڭدا مېنىڭمۇ ئالاھىدە چوڭ ھەسسەم بار ئىدى. سەن يېڭى قولغا ئېلىنغىنىڭدا، ئۆي ئاختۇرۇشقا مەنمۇ قاتناشقانىدىم. ئاقماق رازۋېتچىكلىرىمىز ھە دېگەندىلا پىچاق-توقماق، پارتلاتقۇچ-زەھەر ئاختۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. مەن سېنىڭ كىتابلىرىڭغا قاراپ كەسپىڭنى ۋە قايسى تارمىغىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىۋېلىشقا تىرىشقانىدىم. سەن، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز كەسپىڭگە ئالاھىدە قىزىقىدىغان بىرسى ئىكەنسەن. ھەتتا بۇ قىزىقىشىڭ ساڭا ئويۇن-تاماشالارغا ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىشىڭغىمۇ ئورۇن قالدۇرمىغىدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەنلىكىنى سەزدىم. ئەندى مەن، سېنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئىمكانىنى تېپىش پۇرسىتىگە يېقىنلاشتىم دەپ قاراپ، كەسپىڭدىن باشقا قىزىقىشلىرىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. دېگەندەك، كىتابلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۆز كەسپىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋېتى بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئېغىر سەۋىيىلىك ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر كىتابلىرىڭنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدىم. بىر ئېنجىنېرغا نىسبەتەن بۇنداق كىتابلارنىڭ نېمىگە كېرىكى بار؟ بولۇپمۇ نىتچىيگە مۇناسىۋەتلىك، پسىخوئانالىزغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇچۇنچى پسىخو-

ئەدىيۋى دولقۇنغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرگىمۇ ئالاھىدە زېھنىڭنى بېرىپ كەلگەنلىكىڭنى سەزدىم. سەندىكى بىر ئالاھىدىلىك، ئالغان كىتابلىرىڭغا ئاي-كۈننى يېزىپ قويۇشۇڭ بولۇپ، ئۇ چىسلالار ماڭا دەسلەپكى يىپ ئۇچىنى بەرگەن بولدى. پسىخولوگىيەگە دائىر كىتابلىرىڭنىڭ ئەڭ دەسلىۋىدە سېتىپ ئالغانلىرىڭنىڭ ئۈستىدە 'ئون ئىككىنچى دىكابىر' دېگەن رەقەملەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سېنىڭ بۇ كىتابلارنى نېمە ئۈچۈن سېتىپ ئالغانلىقىڭنى مۆلچەرلىگەن بولدۇم. ئۇ كۈنىسى تۈنجى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلغان كۈنگە توغرا كېلىشى ھەرگىزمۇ بىر تەساددىپىلىق بولالمايتتى. دېمەك سەن، شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن خەلقىڭنىڭ ئىچكى روھى ھالىتىنى ئۆگىنىش يولىغا قەدەم تاشلىغان ئىكەنسەن. قىزىق يېرى، بۇ نامايىشچىلارغا باشقىچە كۆز بىلەن سۇئال قويۇپ كىتابلارنىڭ بىر بۇرجىكىگە يېزىپ قويغان تەھلىلىڭ مېنى ھەيران قالدۇردۇ: راستىنلا سىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭلاردىن قايسى بىر رەھبىرىڭلار پايدىلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەمما مەن ئۇنداق قارىمايمەن. سىلەرنىڭ شۇ قېتىمقى ھەرىكىتىڭلار بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەرىكەت بولغان ئىدى. ... ھە، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى. كېيىن يەنە خەلقىڭنىڭ دىنىي نامايىشلىرىغا چىققان ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەن يىللاردا بىرقىسىم دىنىي تەتقىقات كىتابلىرىنى ئېلىشقا باشلاپسەن. بۇ ئارىدا يەنە تيەنئەنمېن ۋەقەلىرىگە توغرا كەلتۈرۈپ غەرپنىڭ يېڭىچە ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەركىنلىككە دائىر پسىخولوگىيە- پەلسەپە كىتابلىرىنى ئېلىپ ئوقۇشنىمۇ باشلىغان ئىكەنسەن. مەن ئەسلىدە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆركەش دېگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر مىليارد خىتايغا دېموكراتىيىدىن، كىشىلىك ھوقۇقتىن دەرس بېرىپ يۈرگىنىگە زادىلا ئەقلىم يەتمەي يۈرگەنىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ياش زىيالىيلىرى ئارىسىدا شۇ دەۋرلەردىلا بۇ ھەقتىكى يۈزلىنىشنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. مەن ئۇ ياش ئۇيغۇر بالىسىنى، ئوتتۇرىغا چىقىشتىن قورقمايدىغان ياۋايى تەلۋىلىكى ۋە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغان بىر تەۋەككۈلچى نادان بولغانلىقىدىن شۇنداق ئورۇنغا ئېرىشىپ قالغان دەپلا ئويلىغانىكەنمەن. — خىتاي ئوفىتسېرى ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ تۇرۇپ سىرتقا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ جايىغا ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

ــ بۇ يەردە شۇنىمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئويلانماي بولمايدۇكى، ــ ئۇ، يېنىدىن چاقمىغىنى چىقىرىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىرنى قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ شۇ ھېلىقى، بايا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، سەكسەن بەشىنچى يىلدىكى 'ئون ئىككىنچى دېكابىر' ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ستودېنتلىرى نامايىشىدىن بۇرۇن ھېچبىر سوتسىيالىستىك ئەلدە بۇنچىلىك ئومۇمىي يۈزلۈك، بۇنچە كەڭ دائىرىلىك، بۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان، بۇنچە تەرتىپلىك بىر دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، مىللىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان بىرەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈنلەردىكى سوغۇق قار-شىۋىرغاننى دېمەمدىغان! بۇ ھەرىكەتلەر ھەقىقەتەنمۇ جىم تۇرغان سوتسىيالىزم لاگىرى دېگەن بۇ بالا-قازا چوڭ كۆلنى تاش ئېتىپ شالاخشىتىۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. يەتمىش يىل جىم ياتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەل سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا چېگراداش بولغان، دۇنيادا ھېچكىم تونۇمايدىغان قازاقىستاندا، شۇندىن كېيىنكى يىلىسى، يەنە شۇ 'ئون ئىككىنچى دېكابىر' كۈنىسىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىسى دە 'قازاقىستان ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى' بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئەللەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى! سىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار نامايىشلار ئۈزۈلمەي دېگەندەك داۋام قىلدى. ماڭا خۇددى، سىلەرنىڭ شۇ ھەرىكەتلەردىن رىغبەتلىنىپ، ئەگەر ئۆركەشنى ئېتىراپ قىلغىنىمدا، گويا سىلەرنىڭ باشلاپ بەرگىنىڭلار بىلەن، ھەتتا سىلەرنىڭ قوزغۇشۇڭلار بىلەن تىيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى قوزغىلىپ، ئۆركەشنىڭ ياردىمى بىلەن يوقىرى دولقۇنغا ئېرىشەلىدىمىكىن دېگىم كېلىدۇ. بۇ ھەرىكەت، ئاخىرى ياۋروپا سوتسىيالىزم لاگىرىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل يىمىرىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى! بەلكىم بۇنداق باغلىۋېلىشىم سىلەردەك بىر ئۆلۈۋاتقان مىللەت ئۈچۈن بەكلا چوڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈش بولىشى مۇمكىن. ئەمما دۇنيادا سەۋەپسىز ئىش بولمايدىغانلىقىمۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت ئەمەسمۇ؟ ــ بۇ خىتاي ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ قولىدىكى تاماكىسىنى چېكىشنىمۇ ئۇنتۇپ قال غانىدى. شۇڭا ئۇ، قولىدىكى ئالىلقاچان كۆيۈپ تۈگەپ كەتكەن تاماكا قالدۇغىنى كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، قايتا بىر تال تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرىۋالدى. مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى ھوزۇر قىلىپ بىر قانچىنى تارتىۋالدى:

ــ كۆپ ئۆتمەي، ئۇيغۇرلاردا زوراۋانلىققا جاسارەت قىلىدىغان، يوشۇرۇن

ھەرىكەتلەرگە ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان ياشلارنىڭ كۆرۈلۈشىگە باشلىشى، مېنى
تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى: ئۆلۈۋاتقانلىقى مۇقەررەرلىشىپ بولغان بىر مىللەت
جان تالىشىۋاتامدۇ ياكى مەن بىلمەيدىغان بىرەر ئۈمىدلىرىمۇ بارمۇ بۇ مىللەتنىڭ؟
مېنىڭچە بولغاندا، بىرىنچى خىل ئېھتىماللىق كۈچلۈكتەك قىلىدۇ: يەنى
ئۆلۈۋاتقاندىكى جان تالىشىش! ئەمما مۇنداقمۇ بىر ھەقىقەت باركى، رەسمىي ئۆلۈم
يولىغا كىرىپ بولغان بىر مىللەت ئىجابىي كۈچىدىن مەھرۇم مىللەت بولىشى
كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا ‘ئون ئىككىنچى ژىلتولغان قازاق ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى ’،
‘ئۈچ بالتىق رېسپوبلىكىلىرى پايتەختىلىرىنىڭ قول بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇش
ۋەقەسى’ ۋە ‘تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى ’ دېگەنلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن
‘ئون ئىككىنچى دىكابىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى ’ نىڭ باشلامچىلىقىنى
قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ نېمىلا بولمىسۇن، بىر مىللەت، ئۆزىنىڭ زاۋاللىقا
يۈز تۇتقانلىقىنى پەرق قىلالىشىنىمۇ ئالاھىدە زور بىر ۋەقە دېيىش مۇمكىن.
قىسقىسى، سەن ئەنە شۇنداق مىللىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ۋەقەلىرى بولغان
يۇرتلىرىڭلارنى ۋاستىلىق باھانىلارنى يارىتىپ ئايلىنىپ چىقىش پۇرسىتىگە
ئېرىشكەنىكەنسەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېنىڭ تەتقىقاتىڭنىڭ نەتىجىلىرى
باشقا-باشقا نىقاپلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ: سەن
ماقالىلىرىڭدا خەلقىڭنىڭ قۇتۇلۇش يولىغا مېڭىشىنىڭ بىر تارىخىي ۋە ئىنسانىي
مەجبۇرىيەت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقاپلاپ كۆرسىتىشكە
تىرىشقانىكەنسەن. دېگەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىڭمۇ ياكى زېرىكتىڭمۇ
بىلمىدىم، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۈمىدسىزلىككە پېتىپمۇ قالغاندەك قىلىسەن.
بۇنى مەن يەنە شۇ كىتاب تەكچىلىرىڭدىن پەرق قىلدىم: سەن بۇ ئارىدا يېڭى
كىتاب ئېلىشنى توختاتقانىكەنسەن. قارىغاندا بۇنىڭ ئورنىغا ھاراق ئېلىشنى
ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇۋالغاندەك كۆرۈنىسەن. ياكى بۇمۇ بىر نىقاپلىنىشمۇ-
بىلمىدىم. كېيىن «ئىزچى مەن» دەيدىغان بىر كىتاب ئوتتۇرلۇقتا پەيدا بولۇپ
قالدى. بۇ كىتابتا، سېنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، نەتىجىگە ئېرىشىش ئىمكانىمۇ
ئېنىق بولمايدىغان، ھەتتا ختتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ غالىبىيىتى بولماي تۇرۇپ
ئەمەلگە ئىشىش ئىمكانىيىتىنى زادىلا قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ‘تېنچ
كىشىلىك ھوقۇق تالىشىش’ چاقىرىقلىرىڭنىڭ ئاداققىي مۇستەقىللىق مەخسىدىنى
ئالاھىدە تېزلەشتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئۇسۇل جەھەتتە سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە

تۆپتىن زىت كېلىدىغان يېڭىچە بىر زوراۋانلىق يوشۇرۇن ھەرىكەت چاقىرىقىنى ئالاھىدە جىددى تەكىتلىگەنىكەن. سېنىڭ ماقالىلىرىڭنىڭ يوشۇرۇن مەزمۇنى بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ھەر ئىككى خىلىنىڭ مۇددىئاسى ئوخشاش بولۇپ، ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىلا بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن، خالاس. ئادەم سېنىڭ تەرجىمەھالىڭغا قاراپ، ‘بۇ كىتابلارنى قاسىم يېزىپ چىققان بولمىسۇن-يەنە؟ ’ دېگەن گۇمانغىمۇ كەلمەي تۇرالمايدۇ كىشى. دېمىسىمۇ بۇ كىتابنىڭ تەھلىل قىلىش ئۇسلۇبىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش بەكلا تەس. بۇ كۈنلەردە ‘ئىزچىمەن ’ كىتابلىرىنىڭ يالغان ئاپتورلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك كۆپىيىپ كېتىپ، بىزنىڭ رازۋېتچىكلىرىمىزنىڭ بېشىنى قايدۇرىۋەتكىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. مېنىڭچە بولغاندا، سەن ھېچ بولمىغاندا شۇ ئاپتور بىلەن ئۇزۇن يىللىق پىكىرداش بىرى بولىشىڭدا قىلچە گۇمان قىلمايمەن. شۇنداقتىمۇ مېنى ئويغا سالغان يەنە بىر كىتاۋىڭ بولدى: يوشۇرۇن زەربە بېرىش تېرروررلۇق ھەرىكىتىڭلار تېخى سىستېمىلىق قوزغىلالماي تۇرغان يىللارغا توغرا كەلتۈرۈپ سېتىۋالغان كىتاۋىڭ، سېنىڭ ‘ئىزچى مەن’ بىلەن كېيىن تونۇشقانلىقىڭنىمۇ ۋاستىلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمما سەن بۇ ھەرىكەتنىڭ دولقۇن ھالىغا كېلىشىگە باش يېتەكچى بولغانلارنىڭ بىرى بولىشىڭدا قىلچە گۇمان قالمايدۇ. ئېلېكترونلۇق تورپىلماتوك يولىغا دائىر ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلەر توغرىسىدا يېزىلغان بۇ كىتابنى سېتىۋالغان ۋاقتىڭ دەل تۇنجى ‘كافىخانا-رېستۇران پاجىئەسى ’ دەۋرلىرىگە توغرا كەلمەكتە. شۇندىن ئېتىۋارەن، ئۇيغۇر تېرروررچىلىق ھەرىكەتلىرى بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان د ەۋرگە قەدەم قويغان بولدى. ئەمما سەن شۇنچە ماھىرلىق بىلەن نىقاپلىنىپ كەلگەنسەنكى، شۇنچە ئۇزۇن يىللىق ھەرىكىتىڭلاردا قىلچىمۇ ئىز قالدۇرماي بۈگۈنگىچە كېلەلىگەنسەن. ھەتتا سېنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىڭمۇ ھەرگىز بىزنىڭ پاش قىلىش سەۋىيىمىزنىڭ يۇقۇرىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئۆزەڭنىڭ سىرلىق بىخەستەلىگىڭدىن تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالدىڭ. بولمىسا كىم بىلىدۇ، يەنە قانچە يىللارغىچە يوشۇرۇنۇپ ئاپەت تېرىپ يۈرىدىغانلىقىڭنى! ۋەياكى كىم بىلىدۇ، يەنە تېخى بۇ تۇتۇلۇپ قېلىشىڭمۇ بىر يالغان تۇتۇلۇش بولۇپ، بۇمۇ سىلەرنىڭ قايسى بىر پاجىئە پىلانىڭلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنمىدى تېخى! ھەرھالدا، سېنىڭ تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قېلىشىڭ ئىچكى پېتىشماسلىق

زىددىيەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىدىن بولغاي. ئەندى سىنىڭ ئۇيغۇر تېررورچىلىرىغا ئەسقاتىدىغان يېرىڭمۇ قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى دېمەكچىمەنكى، ئەندى سەن بولمىساڭمۇ، بۇ پاجىئە يارىتىش ھەرىكەتچىلەر ئۆزلىگىدىن توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. گويا ھەممە ئۇيغۇرلار بىرەر خىتاي پاجىئەسى ياراتمىسا ئۇ كۈنىسى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغاندەك بىر خۇمار بولۇپ قالغاندەكلا قىلىدۇ. مەلۇم بىر مەنىدىن ئالغاندا، سەن ئۆزەڭنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى مىللىتىڭ ئۈچۈن ئادا قىلىپ بولغان ئادەمسەن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا سەن مەخسىدىڭگە يەتكەن ئادەم ھېساپلىنىسەن. سىلەر بۇ ھەرىكەتچىلەر ئارقىلىق كوممۇنىزم تۈزۈمىنىڭ نەق ئاجىز نوقتىسىنى تۇتىۋالغان ئىكەنسىلەر. بۇ جەھەتتە مەنمۇ سەندىن قىزغىنىمەن: سېنى خەلقىڭنىڭ بىۋاستە تونىشى لازىم ئەمەسكەن. ئەسلىدىنلا بۈگۈنكى شارائىتچىلاردا بۇنداق تونۇلۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. سەن مەڭگۈ تىلغا ئېلىنمايدىغان، ئەمما ھەممە ئۇنۇتمايدىغان ‘ئۇيغۇر قەھرىمانى’ بولۇپ قالىۋېرىسەن. بۇ ساڭا ئۆلسەڭمۇ يېتىپ ئاشىدىغان زور ئابروي. بىر ھېساپتا، ئەگەر ‘ئىزچى مەن’ ـ ئۇ سەن ئەمەس باشقا بىرسى بولغىنىدىمۇ، سىلەر ئىككىڭلارنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەۋر ياراتقۇچى ئىككى كۆرۈنمەس ئەپسانىۋى ئۇيغۇر قوماندانى دېسەم ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمەن. مانا بۇ دېگەنلىرىم، سېنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىڭغا مۇھىم ئاساس بولۇپ بەرگەچكە، مەيدەمدىكى مۇنۇ مېدالنى ئەنە شۇ خىزمىتىمگە مۇكۆپات قىلىپ بېرىشتى. ھەتتا پاگونىمغا بىر توچكا، مائاشىمغا ئىككى دەرىجە قوشۇلدى. ـ ئوفىسسېر خىتاي، قولى بىلەن مەيدىسىدىكى مىداللىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ قويدى، ـ بۇنداق بىرسىنىڭ سېنى يەنە ئالداشقا زادىلا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەتتا سېنى قايتىدىن كوچىلىشىم ماڭا زىيانلىق بولىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭدەك بىر قارىلىغۇچىغا نىسبەتەن ئالغاندا، قارىلانغۇچىنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلالىشى، ئۇنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن نەتىجىسى بولۇپ ھېساپلىنىشى كېرەك.

قاسىم، بۇ خىتايىنىڭ نېمە مەخسەتلەردە بۇنچىۋالا گەپلەرنى قىلىپ ئاۋارە بولىۋاتقانلىقىنى يەنىلا ئېنىق بىلەلمىگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزى تەھلىللىرىگە قىزىقىپ قالغان قاسىم، ئاستا-ئاستا ئۆز ھۇشيارلىقىنىمۇ يوقىتىپ ئۇنىڭ تەھلىللىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ خىتاي قاسىمدىن تۈيۈقسىز سوئال سورىمىدى ياكى ئۇنىمۇ تەھلىلىگە قوشىۋالمىدى.

ئەگەر تۇيۇقسىز گەپ سوراپ قالغان بولسا، قاسىممۇ بىلىپ-بىلمەيلا بەزى يىپ ئۇچى تۇتقۇزۇپ قويۇش خەۋپىدىن ساقلىنالمىغان بولار ئىدى. تولا كاپشىپ ئاغزىلىرى قۇرۇپ كەتكە ختاي ئوفتسېرىمۇ گېپىنى توختۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى. ياندىكى كەنتىر ئىشكاپلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى ئىستاكان قايناقسۇ قۇيۇپ بىرىنى قاسىمغا ئۇزاتتى. جايىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالغان ئوفتسېر، قايناقسۇيىنى ئۇتلاپ قويۇپ بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. ئاندىن قايناقسۇيىنى پۈدەپ تۇرۇپ ئىچىشكە كىرىشتى. بۇ ئارىدا قاسىممۇ قايناقسۇيىنى ئىچكەچ قولىدىكى تۇتاشتۇرۇلمىغان تاماكىسىنى پۇرىغىنىچە جىم ئولتۇرۇشنى داۋام قىلىۋەردى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭدىن گەپ سورىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى. قاسىم ئۇدۇلىدىكى ختاي ئوفتسېرىغا يەر تېگىدىن قاراپ، ئۇنىڭ باياتىدىن سۆزلەۋاتقانلىرىنىڭ تېگىدە ئۇچۇر ئېلىشنى مەخسەت قىلىش بارمۇ ياكى ئادەمگەرچىلىكى پەيدا بولۇپ قېلىپ قاسىمدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن كاپشىۋاتقانمۇدۇ؟ دەپ دەڭ سېلىشقا كىرىشتى. ئۇ يەنىلا ئېنىق بىر خۇلاسىغا كېلەلمىدى.

ــ ئەندى ئەسلى دېمەكچى بولغان گېپىمىزگە كېلەيلى. ــ ختاي ئوفتسېرى تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا پۈلگەچ قايتا گېپىگە كەلدى، ــ دېگەنلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا، بايىتىدىن دېگىنىمدەك، مېنىڭمۇ ھەسسەم بىلەن يوشۇرۇن سوت سېنى ئالىلقاچان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. مەنمۇ بىر خەنزۇ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيۈشتە ئەڭ كامىدا سەندىن كېيىن قالماسمەن. مەنمۇ خەلقىمنىڭ بالدۇرىراق بۇ ئاخماقانە ئىدىيىنىڭ قۇربانلىغى بولۇشىدىن قۇتۇلۇپ پاتىراق ئىلغار دېموكراتىك تۈزۈمگە، كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئېرىششىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتقانلارنىڭ بىرىمەن. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۈچۈن سىلەردەك تارىخي پۇرسىتىنى ئالىلقاچان يوقىتىپ بولغان نەچچە مىليونلۇق بىر ئۆلۈۋاتقان مىللەتنىڭ تەقدىرى قىلچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. مەن سېنى قاراشلىرىمغا قايىل بول دەپ سۆزلەۋاتقىنىم يوق. ئەسلىدىنلا سىلەرنىڭ يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى ئەجداتلىرىڭلار قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇش پۇرسەتلىرىنى كەينى-كەينىدىن قولدىن بېرىپ كەلگەن بىر مىللەتسىلەر. بۇ تارىخي ئېغىر خاتالىغىڭلار، توغرىسى مەغلۇبىيىتىڭلارنى سىلەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا تىمسقلاپ يۈرۈپ تۈزىتەلىشىڭلارغا مەن شەخسەن

زادىلا ئىشەنمەيمەن. بۈگۈن شىنجاڭدا سىلەردىن كۆپ خەنزۇ ياشىماقتا. ھەتتا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان شىنجاڭلىق بولۇپ كەتكەنلەر. ئۇلارنى ئەندى خىتاي دېمەستىن ئۇيغۇر دەۋەرسەڭلارمۇ خاتا بولمىغىدەك بىر ھالغا كېلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ بارىدىغانغا باشقا يېرىمۇ قالمىدى. ئىچكىرىسىنى بىلىسەن، ئۇ يەرلەرگە يېڭنە تاشلىساڭمۇ يەرگە چۈشمىگىدەك ئادەمگە توشۇپ كەتتى. ئۇلارنى مىڭ قوغلايمەن دېسەڭلارمۇ، ئۇلار بۇ يۇرتنى جان تىكىپ ساقلاشتا سىلەردىنمۇ پىداكار روھقا ئىگە. گەرچە بۇ يىللاردا بۇ يەرنى تاشلاپ قېچىۋاتقانلار كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ مۇمكىن. ئويلىمىغىنكى، ئۇلار بۇ يەرنى سېغىنمايدۇ دەپ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ قۇم-توپىسىنىڭلا پۇرىغىنى پۇرىۋېلىشقا بولسىمۇ جېنىنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى تېخى ئەمدىلا ھېس قىلىشماقتا. دېگەندەك، يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان، ھۆكۈمەتلىرىمىز سىلەرگە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. سىلەرنى پەس كۆرىدىغان، چەتكە قاقىدىغان، ھەتتا سىلەرگە ئېغىر زەربىلەرنى بېرىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىپ كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن، كەينىمىزدە قالغان ئىشلار. ھەرقانچە نارازى بولساڭلارمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ ھۆكۈمەتلىرىمىز سىلەر تۇرماق، بىز ئۆزىمىزگىمۇ نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىدى دەيسەن. چىرىگەن، نىيىتى قارا بولغان، نادان بولغان ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا ياشاشنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىلا ۋاقىت ھەممىلا يەردە ئوخشاش. ئۇنداق يەردە نە بىر ئىلگىرىلەش بار ياكى بىرەر پاراۋانلىق. — خىتاي ئوفىتسېرى قايناق سۈيىنى يېڭىلىغاچ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرىۋېلىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھە، نېمە دەۋاتاتتىم؟ شۇنداق، بۇ يەردىكى ئون ن ەچچە مىليونلۇق خەلقىمنى، نەچچە يۈز مىڭ مۇنتىزىم ھەربىيىمىزنى، نەچچە يۈز مىڭ ھەرخىل ساقچىلىرىمىزنى، بۇ زېمىننى بىزنىڭ قىلىمىز دەپ نەچچە ئەۋلادىنى بېغىشلىغان مىليونلىغان بىڭتۈەن ھەربىلىرىنى، قۇراللىق ساقچى، مىنبىڭلار، جاسۇس-ئىشپىيونلار، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار، مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇرى بولسىمۇ بىزنى ھىمايە قىلىدىغان، بىزدىن قورقىدىغان، بىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، پۇل، مال، مەنسەپ، ئۇنۋان، كەسىپ، ئابروي، شەخسى ئاداۋەتلىرىنى دەپ بولسىمۇ بىز بىلەن ھەمكارلىششنى تەرغىپ قىلىدىغان

يەرلىكلىرىڭلارنىڭ نەچچە مىليونلۇق سانىنى قوشۇپ سانايدىغان بولساق، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى دۈشمەننى ئون مىليون بىلەن ھېساپلاشقا مەجبورسىلەر. بۇ سانىغانلىرىمنى سىلەرگە جىم تۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىلەر ھەرھالدا. سىلەر ئۇلارنى ھەر قانچە قورقۇنچاق، ھەرقانچە نادان، ھەرقانچە نامرات دېگىنىڭلاردىمۇ، ئۇلار يەنىلا سىلەردىن ۋە سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغانلاردىن بىلىملىك، سىلەردىن باي، سىلەردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇرال ئىشلىتىشنى، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشنى سىلەر تەرەپنىڭ ئادەملىرىدىن ياخشى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا بارلىق سىياسەت، بارلىق قانۇن، بارلىق ئەسكەر، بارلىق زامانىۋى ئەسلەھەلەر بار. دۇنيادىن ھەرقانچە قالاق دېسەڭلارمۇ سىلەرگە نىسبەتەن يۈزلەرچە، ھەتتا مىڭلارچە ھەسسە ئىلغار ۋە كۈچلۈك قۇراللارغا ئىگە ــ ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكىنى قورال دېيىشكە توغرا كەلسە! ئەگەر بېيجىڭدىن دەرھال ياردەم ئالالمىغىدەك ھالغا كەلسە، ئەتراپىدىكى خالىغان بىر دۆلەتتىن دەرھال ياردەم ئالالايدۇ. ھەتتا سىلەر ئالاھىدە ئىشىنىپ يۈرگەن يىراقتىكى تۈركلەردىنمۇ ئاسانلا ياردەم ئالالايمىز. ئەنە شۇنداق بىر كۈچنى ھېلىغۇ قاراڭغۇلۇقتىكى ئۇرۇش بىلەن ئىش باشلاپسىلەر، بىرەر مىليونلۇق مۇنتىزىم قۇراللىق ئارمىيىڭلار بولغىنىدىمۇ يېڭىپ چىقالمايسىلەر. ھېچ ئامالىمىز قالمىغاندا بىر-بىرىمىزنىڭ گۆشىنى يەپ بولسىمۇ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا تىركىشەلەيمىز. سىلەر دېگەن قوي-ك الىدىن، بۇغداي-قوناقتىن باشقا بىرنېمە يېيەلمەيدىكەنسىلەر.

خىتاي ئوفتسېرى تاماكىسىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

ــ ھە دېگەندىلا تىركىشىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ يۈرمەيلى. بىز ئەندى بۇ ۋەتەننىڭ يېتىشتۈرگەن ئەۋلاتلىرىمىز. بىز ئۆز مىللىتىمىزنىلا ئەمەس، سىلەرنىمۇ بىرلىكتە ئەركىن ۋە پاراۋان ياشىتىشنىڭ چارىلىرىنى بىرلىكتە ئويلىنىشىمىز كېرەك. سەن بىزنىڭ دېموكراتچىلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق بىر جەمئىيەت يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقان بولۇشىڭ مۇمكىن. ياكى بولمىسا سەن ئوقۇغان شۇ ‹ئىزچى مەن › دېگەندەك كىتابلاردا ــ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇ كىتابلارنى سەن يازمىغان بولغىنىڭدىمۇ، سەن ئۇ كىتابلارنى چوقۇم ئوقۇدۇڭ ــ ئىزچىمەننىڭ كىتابلىرىدا مۇستەقىللىغىڭلارنىڭ چارىسى

سۈپىتىدە ئەنە شۇ خىل يولنى سىلەرگە مەسلىھەت قىلىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. سەن ياكى ساڭا ئوخشاش ئالىم دېيىشكە بولىدىغان كىشىلەر ئىچىمىزدىن ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان قارا نىيەت، نادان ياكى ياۋايى كىشىلىرىمىزنىڭ سىلەرگە سېلىۋاتقان ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئېغىر ئازاپلاشلارغا قاراپلا، بىزنىڭ ھەممىمىزگە بۇنداق پاجىئەلىك ئۆلۈملەرنى راۋا كۆرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. مەن سېنىڭ ئۆتكەندىكى خەلقىمىزگە قىلغان ۋەھشىلىكلىرىڭنى سۈرۈشتە قىلىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. بەلكىم سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسامۇ، مەنمۇ شۇ يولغا كىرىپ قالامدىم كىم بىلىدۇ؟ ھەتتا بىز سىلەردىنمۇ ئاشۇرىۋېتىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ياپونلار بېسىپ كىرىۋىدى، زامانىۋى نەچچە مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىمىز بار تۇرۇغلۇق، يەنە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق شەكىلدە قورال ۋە ماددىي ياردەم قىلىۋاتقىنىغا قارىماي ياپون باللىرىنى، ئاياللىرىنى، قېرىلىرىنى تۇتىۋالغىنىدا تېرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرىۋېلىپ قورۇپ يەۋەتكەنلەرمۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭلار نېمىدى! دېمەكچىمەنكى، سەن بۇرۇن بىزدىن قانچە كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭگە ئەندى قىزىقمايمەن. مەندىن سورىساڭ، ئۇ ئۆلگەنلەر پەقەت تەلىيى يوق يۇرتداشلىرىمىز ئىكەنلا دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان نەچچە ئون مىليون ئادىمىمىزدىن بىرنەچچە مىڭىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن ئادىمىمىز كامىيىپ قالامتى؟ بۇ يەردە ھېلىمۇ يېتىپ ئاشقىچە ئادىمىمىز تۇرۇپتۇ. مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىم، سەنمۇ بىر ئوقۇغان ئادەمسەن، بىزنىڭ بۇ يەردە بىرلىكتە تېنچ ياشاشتىن باشقا چىقىش يولىمىز يوق. ئىچىمىزدىكى نادانلارنىڭ ئەتىلا تۈگەپ كېتىدىغانلىقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايمىز. ئەمما شۇنىڭغا ئىشەنگىنىكى، سېنىڭدەك ئەقىللىق ئىنسانلار مەيلى سىلەردە بولسۇن ياكى بىزدە بولسۇن، چوقۇم كۈنسايىن كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنداقلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى ناھەقچىلىكلەرمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدىغانلىقىدا قىلچە گۇمان يوق. ــ گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ختاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ قاسىمغا بوينىنى ئۇزارتىپ تۇرۇپ دېدى، ــ سەن ئىشەنگىنىكى، ھەممە كىشى تەڭ باراۋەر ياشىيالايدىغان دېموكراتىك، ئىنسانىي ۋەزىيەت چوقۇم پات يېقىندا يارىتىلىدۇ. ئۇ كۈنلەرگە بارغاندا بۇرۇنقىدەك مىللىي ناھەقچىلىكلەرگە زادىلا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ! مەنمۇ شۇ يولنى تۇتقانلاردىن بىرىمەن. شۇڭا، يېقىندا سېنىڭ

دېلوينىڭ ھەققىدە يوشۇرۇن ھەيئىتىمىزدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار سېنىڭ يازغان پسىخولوگىيە توغرىسىدىكى ماقالىلىرىڭنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغانىدى، مەن ئاپىرىپ كۆرسەتتىم. ئۇلار سېنى قۇتۇلدۇرۇپ بىرەر دۆلەتكە قاچۇرىۋېتىشنى پىلانلىشىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بۈگۈنلا ئەمەس، ئەتىگىمۇ لازىم دېيىشىپ بۇ قارارنى ئېلىشتى. بەك كېچىكىپ قاپتىمىز، ئامال قانچە. شۇنداقتىمۇ، ئۇ دوستلىرىم يوقۇرىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، سېنىڭ ئۆلۈم جازايىڭنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى مۇددەتسىز كېچىكتۈرگۈزەلىدى. ئاڭغىچە قالغان چارىلار ئۈستىدە باش قاتۇرىشىۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن ئىككىمىز يەنە كۆرۈشەلەمدۇق- يوق، بىلمەيمەن. ھەرھالدا ...

—报告上校同志, 饭来了! — ئىشىكتە ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بىلەن ئوفىتسېرنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

—送进来! — دېيىشى بىلەن تەڭ، ئىككى خىتاي گۇندىپاي ئىككى تەخسە گۆشلۈك لەغمەننى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەنتىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، چاس بېرىپ چىقىشقا تەمشىلىۋىدى، ئوفىتسېر ئۇلارنى توختاتتى، — بۇ يېقىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پۇشۇرغان زىخ كاۋىپى تېپىلامدىكەن؟

ئوفىتسېر، گۇندىپايلارنىڭ بولىدۇ دېگەن جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسىگە كاۋاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. گۇندىپايلار قايتا چاس بېرىپ ماڭغىلىۋاتقىنىدا، ئوفىتسېر يەنە ئۇلارغا دېدى:

— بۇنىڭغا يېڭى تۇرمە كېيىملىرىدىن بىر قۇر تېپىپ كىرىڭلار، قېلىنراق بولسۇن. ئۇچىسىدىكىنى ياخشىلاپ بىر يەردە ساقلاپ قويۇڭلار. — دەپ جېكىلىگەن بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يوشۇرۇن دېموكراتچى خىتاي، قاسىمنى ‘ھەقىقىي توغرا يول’ غا قايتۇرغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىمۇ ئەيتەۋىر، يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

— خاتىرجەم بول، پات ئارىدا چوقۇم ھاكىمىيەتنى دېموكراتچىلار قولغا ئالىدۇ!

قاسىم تامىقىنى ئالاھىدە ئىشتەي بىلەن يېدى. زىخ كاۋاپتىنمۇ خېلىلا يېدى. ئۇنىڭدا قىلچىلىك تارتىنغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. تاماقتىن

كېيىن خىتاي ئوفىتسېرى قاسىمغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ خوشلىشىپ قالدى.

يېرىم يىلدىن بۇيان قاسىم تۇنجى قېتىم تاياق يېمەي، پاكىز تۈرمە كىيىملىرى بىلەن كامېرغا قايتۇرىلىۋاتاتتى. قولىدا پاختىلىق چاپاندىنمۇ بىرى بار ئىدى.

ئوڭغا! ... سولغا! ... ئۇدۇلغا! ... ـ دېگەندەك ۋارقىراشلار بىلەن كەينىدىن كېلىۋاتقان گۇندىپايلاردىن بىرسى ئاستا قاسىمغا پىچىرلاپ قويىدى:

ـ بۇ ئەمەلدار بەكلا ياخشى ئادەم.

بۇ قېتىم قاسىمنىڭ يەپ-يېڭى تۈرمە كىيىملىرى بىلەن پارقىراپ كۆلۈمسىرىگىنىچە تۇنجى قېتىم ئۆزى مېڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈرمىداشلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى.

ـ بۇنىمۇ ئىلمەككە ئىلىپتۇ-دەڭلا. ـ دەپ يېنىدىكىسگە پىچىرلىدى مۇھاجىر.

بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپايلار شاراخشىتىپ كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ۋارقىراشتى:

ـ 犯人吐尔地，马上出来！

ـ بايا ساڭا دېمىدىممۇ، ئۇ بىزنى سېتىپ بولغانگەپ. ـ تۇردى يېنىدىكىسگە پىچىرلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كامېردىن چىقتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپايلار مۇھاجىرنى دارقىرىتىپ سۆرىشىپ كامېرنىڭ ئىشىكىدىن ئىچىگە تاشلىۋېتىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قېلىشتى.

قاسىم يەردە ياتقان تۇردىنىڭ بېشىنى يۆلەپ قاراپ باقتى. ھوشسىز ياتقان تۇردى قىمىر قىلماي ياتاتتى. قاسىم ئۇنىڭ بېشىغا يېڭى پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ قاتلاپ ياستۇق قىلىپ قويۇپ بەردى. ئاندىن بىر بۇلۇڭدا دۈگدەيگىنىچە ئولتۇرۇپ ھېلىقى خىتاي ئوفىتسېرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ كۆردى. ئەمما ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچنېمە ئېسىدە قالمىغانىدى. پەقەت، بايا يىگەن مېزىك كاۋاپنىڭ تەمى تېخىچىلا ئاغزىدىن كەتمىگەنىدى: ‹بۇ تەم ئۈچۈنمۇ ئۆلۈشكە ئەرزىمدۇ- قانداق؟...›

قاسىمنىڭ خىيالىغا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاپىسى كېلىپ تۇرىۋالدى.

‹بىچارە ئاپام، تۆت بالىسىنى قاتارغا قوشىمەن دەپ نېمە جاپالارنى

تارتمىدى!' ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا باللىق چاغلىرى كېلىشكە باشلىدى. ...

بىچارە ئانا، بىر قولىدا قاسمنى يېتىلەپ، يەنە بىر قولىدا ئەسكى چېلەكنى كۆتۈرۈپ مەھەللىسىنىڭ كەينىدىكى پىنتوزاخانىنىڭ ئەخلەتخانىسىغا بېرىپ ئىلمەك تۆمۈر بىلەن ئەخلەت-كۆللەرنى چۇخچىلاپ بىرنېمىلەرنى ئاختۇراتتى. ئاربلاپ بالىسىنىڭ قولىنى قويىۋېتىپ بىرەر پارچە چالا كۆيگەن شاخار، ئوتۇن پارچىلىرىنى ئېلىپ چېلەكگە تاشلايتتى. ... نېرىقى مەھەللىنىڭ سۇ تۇربىسىغا ئەپكەش كۆتۈرۈپ بېرىپ سۇغا ئۆچرەت تۇتاتتى. تاكىراڭشىپ قاتار تىزىلغان چېلەكلەرنىڭ قول پومپىسىنى ھەر باسقاندا كولدۇرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇ تۇربىسىغا بىر-بىرلەپ يېقىنلىشىشنى كۆتۈشتىن زېرىكىشلىك بىر ئىش بۇ دۇنيادا بولمىسا كېرەك؟ مىڭ تەستە جۆمەككە يېقىنلاشقىنىدا سۇ توختاپ قېلىشىنىڭ ئازاۋىنى دېمەڭ تېخى! كۆكتاتخانىلاردىن تاشلانىدۇق كۆك پارچىلىرىنى يىغىپ كېلىپ ئۇماچىنىڭ يۈزىگە ئازراق بولسىمۇ رەڭ قوتۇش، بۇ ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ خوشال قىلاتتى. بىچارە ئانا بۆشۈكتىكى بالىسىنى ئېتىگگە ئولتۇرغىزىۋېلىپ، قازاندا توقۇروخشىپ قايناۋاتقان ئۇمىچىغا قاراپ بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ مۆلدۈرلەپ يىغلىغانلىغىنى قاسىم نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدى. بەزىدە دادىسى بىر يەرلەردىن بىرەر پارچە ئاق نان پارچىسى تېپىپ كىرسە، بىچارە ئانا خوشاللىغىدىن كىچىك بالىدەك ئويناقشىپ كېتەتتى-دە، ئۇنى دەرھال ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ سۇندۇرۇپ ئاقنانغا كۆزلىرىنى تىكىپ مۆلدۈرلىشىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىلىرىغا بۆلۈشتۈرۈپ بېرەتتى. ئۆزى ئالقىنىدا قالغان ئۇۋاقلىرىنى ئاغزىغا كاپ قىلىپ، ئاقنانى مەززە قىلىپ يېيىشىۋاتقان نارسىدە ئۇماق بالىلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يايراپ كېتەتتى. مانا بۇ، بۇ ياش ئايالنىڭ بىردىن-بىر خوشاللىغى ئىدى!

كىملەر تەرىپىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن تەكلىپ قىلغانلىغىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان قۇمدەك مىغىلداپ كېلىۋاتقان ئاچ-يالىڭاچ خىتايلارنى كۆتىۋالمىز دەپ ئۇ يىللىرى نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى بۇ ئەلنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىنسانلىرى-ھە؟! ئەنە شۇ خىتايلار مانا بۈگۈن شۇ مېھماندوست ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى ئۆز يېرىدە يوقىتىۋېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشىپ نېمە ۋەھشىلىكلەرنى قىلىشمىدى، يىلانغا رەھىم قىلساڭ كۆرىدىغىنىڭ شۇ-دە، ھەي

رەھىمسىز خىتايلار! ھېلىمۇ ياخشى، قاسىمنىڭ تۇرىۋاتقان شەھىرى ئەڭ باياشات يەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. نۇرغۇن يەرلەردە يەيدىغانغا قۇناق يىلتىزلىرىمۇ قالماي، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى قايىنتىپ ئىچىشلارمۇ ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىكەن! ھەتتا باي ناھىيىسىدە پۈتۈن ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقلارنى ئاپەت ئاستىدا قالغان خىتاي يۇرتداشلىرىغا ساقلايمىز د ەپ قارار ئېلىشىپ، يۇرتىنىڭ يېرىمىغا يېقىن ئادىمى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن! ... قاسىم كېيىن بىر ئىش بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات يۇرتىغا بارغىنىدا، ئاكادېمىيەنىڭ يىغىن زالىدا باي ناھىيىسىدە نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنى سۈنئىي ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە باش سەۋەبچى بولغان سابىق ناھىيىلىك پارتكوم سېكرىتارىنىڭ 'مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك ئۇسۇللىرى' دېگەن تېمىدا 'ئىلمىي دوكلات' قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ جاللات خىتاي، كېيىن مىللىي ھېسسىياتلارنى ۋە مىللىي نارازىلىقلارنى باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش پروگراممىسى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان مىللەتلەر تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى قىلىنغانىكەن! بۇلارنىڭ ھەممىسىلا شۇ بۈگۈنكى تېرىسگە پاتماي يەرلىكلەرنى دەسسەپ يۈرگەن خىتايلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تۈپكى مەخسەت قىلغان پىلانلىق ئىشلار ئىدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ياكى شۇنداق گۇمان قىلىنغان بىرەر مىليون يەرلىك، ھەرخىل بەدناملار بىلەن سانائەت رايونلىرىدىن ھەيدىلىپ چەت يېزىلارغا قوغلاندى ياكى تۈرمىلەرگە سولاندى. قاسىمنىڭ دادىسىمۇ بۇ تۈردىكى تەغدىردىن قىل كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندەك مىڭ تەستە ئۆتۈپ ئاران قۇتۇلۇپ شەھەردە ياشاش ھەققىگە ئېرىشەلىگەن ئاز ساندىكى 'تەلەيلىك' لەرنىڭ بىرى ئىدى. ...

قاسىم بۈگۈن ئولتۇرۇپ ئويلىغىنىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى: ئۇ يىللاردا، ۋەتىنىمىزگە خىتايدىن تېخى پويىز رەسمى قاتنىمىغان بولسىمۇ، بارلىق سىناق قىلىپ ماڭغۇزۇشلار ئاساسەن پۈتكەن بىر ۋاقىتلار ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە، «خىپ» يەرئاستى تەشكىلاتى سەلدەك ئەزا كۆپەيتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ پارتىيىنىڭ پائالىيىتىنى ئاساسەن ئاشكارە ھالەتكە كەلتۈرۈشكەنىدى. ئۇ يىللاردا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ سانائەت، مۇلازىمەت، قاتناش-ترانسپورت، بىناكارلىق، ئېنېرگىيە ۋە كان ئىشلىرى ساھەلىرى خىتايدىن كەلتۈرۈلىدىغان ماڭلۇر ئىشچىلار

بىلەن زادىلا تولۇقلاش ئىمكانىغا ئېرىشەلمەيۋاتقان بولغاچقا، ئاساسەن يەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «خىپ» ئىشچىلار سېپى ۋە شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئاشكارە دېگىدەك ئەزا كۆپەيتىش دولقۇنى يارىتىشتى. نەتىجىدە، يۈزمىڭلىغان يەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ تىزىملىتىلدى. ئاندىن بۇ تۈردىكى يەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر بارلىق سانائەت ۋە كان رايونلىرىدىن لاگىرلارغا يىغىۋېلىنىپ بىراقلا ئىشتىن ھەيدىلىپ يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەينى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان پويىزلاردا توشۇپ كېلىنگەن مىليون كىشىلىك خىتاي ماڭلۇرلىرى جايلاشتۇرۇلدى. 'ئاچارچىلىق ئاپىتى' مۇ دەل ئەنە شۇ پەيتتە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئەجىبا بۇ ھادىسىلەر «خىپ» نىڭ خاتا پىلانلىشىدىن ئوتتۇرغا چىققانمۇ ياكى ...

خەيرىيەت، قاسىم ئۇ يىللىرى دادىسىنىڭ كۆلگىنىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى. قاپىغى تۈرۈكلا يۈرىدىغان بۇ دادىدىن قاسىم قورقۇپلا يۈرەتتى. بۇ دادىنىڭ شۇنچە قېيىن كۈنلەردە، بالىلىرىم ئۈچۈن دەپ ئاچلا يۈرىدىغانلىقىنى، بالىلىرىم ئۈچۈن تىجەيمەن دەپ شۇنچە يىراقتىكى ئىشقا پىيادە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاچلىق، ھارغىنلىق، ھەرخىل سىياسىي، مىللىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىملار ئاستىدا قالغان بۇ دادىنىڭ يۈزىگە كۈلكە كەلمەسلىكىنى قاسىم ئۇ ياشلىرىدا قانداقمۇ چۈشىنىپ يېتەلىسۇن!

قاسىمنىڭ دادىسى ھېرىپ-ئېچىپ ئىشتىن قايتىشىدا، تاغار پارچىلىرىدىن ئۆزى تىكىۋالغان 'سومكىسى' نى 'تاراق!' قىلىپ تاشلاپلا ئۆيىدىن چىقىپ كېتەتتى. دادىسى ئىشكتىن ئۈزاقلىشا-ئۇزاقلاشمايلا قاسىم ئۇكىلىرى بىلەن بىرگە بۇ سىرلىق خالتىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. ئىچىدىن بىر-ئىككى پارچە ئوتۇن، ئەسكى كىتابلار، تەلەيلىرى كېلىپ قالسا بىرەر-ئىككى باش سەۋزە-ياكيو چىقىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار قۇشقاچتەك ۋىچىرلاشقىنىچە ساڭا جىق كەتتى، ماڭا ئاز تەگدى دېيىشىپ يۇرۇپ سەۋزىنى بۆلۈشۈپ مەززە قىلىشسا، ياگيونى دەرھال ئۇچاقنىڭ ئاستىدىكى كۈلگە كۆمۈشەتتى. كەچلىك ئۇماچ پىشقىچە بىر يېنى پىشىپ كۆيۈپ كەتكەن، يەنە بىر يېنى خام قالغان بۇ قومچامغۇرلىرىنى تولا كوچىلىشىپ پىششىقمۇ پۇرسەت بېرىشمەي دەرھال بۆلۈشۈپ غاجىلاشقا كىرىشەتتى. تاماق پىشقىچە ئارىلىقتا ھەممىنىڭ ئاغزى-بۇرنى قاپقارا بويىلىپ

بولاتتى. ...

ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان بۇ دادا، باللىرىنىڭ بۇ پاجىئەلىك قىياپىتىنى كۆرۈشكە چىدىماي سىرتقا قېچىپ كېتەمدىغاندۇ ياكى باللىرىنىڭ بۇ ئاچكۆزلىگىدىن نەپرەتلىنىپ يوقۇلۇپ كېتەمدىغاندۇ؟ راس دېگەندەك، ئۇ يىللىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. ... ئىشقىلىپ، ئۇ كۈنلەرنىڭ باللىرى ئاساسەن ئەنە شۇنداق كۈنلەرنى ياشاپ بالا بولغانىدى.

قاسىم ئوبدانلا ئېسىنى بىلىپ قالغان يىللىرى ئىدى. دادىسىنىڭ ئىدارىسى خىتايلار بىلەن لىق تولغان، ئاز قالغان ئۇيغۇرلارنىمۇ بىر يەرگە يىغىۋېلىشىپ يېرىم كېچىلەرگىچە بىرنېمىلەر دەپ سۆزلەتكۈزىدىغان، ئارىلاپ ئارىلىرىدىن بىر قانچىسىنى تاللاپ ئىنچىكە ئۇزۇن قەغەز قالپاقلارنى كەيگۈزۈشۈپ سازايى قىلىشىدىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. شۇ قاتاردا دادىسىنىمۇ يىغىپ سولىۋېلىشتى. ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، يوشۇرۇنچە ناماز ئوقۇغانلىقىدىن سولاپ قويۇشقانمىش. دادىسىنى باشقىلاردەك ئۇزۇن قالپاق كەيگۈزۈش، بوينىغا ئېغىر چويۈن مەشلەرنى ئېسىپ قويۇش ياكى دۈمبىسىگە خىتايچە يوغان خەت يېزىلغان لاتىنى تىكىپ كۈندە ئون بەش سائەتلەپ كوچا سۈپۈرتىشلەرگە مەجبورلىغان بولمىسىمۇ، قانداقتۇ بىر مەسلىلىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستىشىپ بىرنەچچە قېتىم سەھنىگە چىقىرىپ دوڭغايتىپ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى كۆرگەن قاسىم، دادامۇ ياخشى ئادەم بولمىسا كېرەك دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالغانىدى. "ئاپا، دادام نېمە گۇناھ قىلىپتىكەن؟" دەپ سورىغىنىدا، ئاپىسىدىن بىر تەستەك 'مۇكۆپات ' ئالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى يىغىۋېلىشتىن چىقىرىلىپ ئۆيدىن ئىشىغا بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى. 'جىن-شەيتاننىڭ پۇشتى، قارا بەش خىل ئائىلە پەرزەنتى ' دېگەن ئاتاققا قېلىش، قاسىم ئۈچۈن ساۋاغداشلىرى ئالدىدا بەكلا خورلىنىش بولۇپ بىلىنەتتى. دېمىسىمۇ سىنىپىدىكى ۋە مەكتىپىدىكى ساۋاغداشلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 'قىزىل بەش خىل ئائىلىلەر پەرزەنتى، ئوتتۇرا بەش خىل ئائىلىلەر پەرزەنتى، قارا بەش خىل ئائىلىلەر پەرزەنتى' دەپ تۈرلەرگە ئايرىپ بولغان، بۇ جەرياندا قاسىمنى 'قارا بەش خىل ئائىلە پەرزەنتلىرى' قاتارىغا قوشۇپ قويۇشقا قىل قالغانىدى. سىنىپىدىكى 'قارا' لارنىڭ دادىلىرىدىن خېلى كۆپ قىسمى ئېغىر قېيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي جان بەرگەن ياكى بۇ ئېغىر خورلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلتۈرىۋېلىشقانىدى.

ئۇنداقلارنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئازابلىنىپ ئۆلگەن ياكى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆلگەنلەر دەپ چۈشەندۈرۈشنى ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇ يىللاردا مىللىي زۇلۇم، مىللىي نارازىلىق دېگەن ئۇقۇملار يەتتى قات ئاسمانغا چۆرىۋېتىلگەندەك ئىدى. قاسىمدەكلەر ئۇ يېشىدا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل شەكلى ئۆزگەرگەن مۇستەملىكە قۇلى بولۇش روھىنى سىڭدۈرۈش ئويۇنلىرىنى قانداقمۇ پەرق قىلالىسۇن! مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرى نېمە دېسە، چوڭلىرى نېمە دېسە شۇنىڭغىلا ئىشىنەتتى. بۈگۈن قاسىم ئويلايدىكى، ئۇ يىللاردا چوڭلاردا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق، پەرزەنتلىرىنى ۋەتەن، مىللەت غۇرۇرى بىلەن يوشۇرۇن بولسىمۇ تەربىيەلەش دېگەنلەردىن زادىلا ئېغىز ئېچىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قاسىم ۋە تەڭتۇشلىرى ئۇ ياشلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلىقىنى ئۆزگىچە يېزىغى بولغانلىقىدىن تونۇيدىغان، مىللىي ھېسسىياتىنى لەغمەن-پولوسىدىن ھېس قىلىدىغان، دىنىنى توڭگۇز گۆشى يېمەسلىك دەپ بىلىدىغان ھالەتتە يېتىشتۈرۈلگەنىدى. ئەندى ئويلايدىكى، ئۇ يىللاردىكى خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللەتچى كۈچلەرمۇ مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەت چارىلىرىنىڭ بارغانسېرى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۆز ھەرىكەت پىلانلىرىنى تېخىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە سۆرەپ بارىدىغان پراگىراممىلىرى ئاساسىغا تۇرغۇزۇپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ئىرادىلىرىنىڭ تەدرىجى ھالدا مۇستەملىكە روھى ھالىتىدە يېتىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىش بىلەنلا شوغۇللانغىنىدەك تەسىراتنى قالدۇرغانىدى. يەنى، خەلقىمىز ئۇ يىللىرى، مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىمۋولى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزدىن قالغان يوقۇرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ پروگىراممىلىرىدىن تەدرىجى ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر پىرىنسىپال خاتالىقلارغا پېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي، يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ئۇرۇنىدىغان غەلىتى قۇللۇق روھى ھالىتىگە پېتىشماقتا ئىدى. ‘مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى‘ دېيىلىدىغان پۈتكۈل دەۋر ئىچىدە ياشلار ئارىسىدا خىتايلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مىللىي يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دېيدىغان ئارزۇلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خامخىيال

ئىكەنلىكىنى خىتايلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىلىرىدىن تولۇق ھېس قىلىش ئالامەتلىرى ئىجتىمائىي شامال ھالىتىگە ئايلىنىپ، خىتايلار بىلەن تىركىشىشنىڭ كلاسسىك يوللىرىنى ئاختۇرۇشۇپ يۈرگەندە، يەنە قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن ئىچكى كۈچلەر تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ خىتاي ۋاستىسى ئارقىلىق بىرمۇ-بىر باستۇرۇۋېتىلدى. ئەندى خەلق، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىشىپ چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىشكەن ياكى خىتاي تۈرمىلىرىدە قامىلىپ ياتقان كونا تېنچ پائالىيەت پروگراممىلىرىنى ھەرىكەت ئۇسۇلى قىلىپ تاللىۋېلىشقان مىللەتچى كۈچلىرىگە ئۈمىد باغلاشقا باشلىدى. قىزىق يېرى، ماۋ زەيدوڭنىڭ ئۆلۈمى بۇخىل 'پانچى، چىنچى' دېگەندەك خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ بىردىن-بىردىن تۈرمىلەردىن قويۇۋېتىلىشى بولۇپ، ئۇلار تۈرمىدىن چىقار-چىقماي دېگىدەك يەنە شۇ بۇرۇنقى مۇقاملىرىنى بىردىن-بىر قۇتۇلۇش يولى دېيىشىپ شەخسىي سورۇنلاردا، دەرسخانىلاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا ھاياتىنىڭ قايتا خەۋىپ ئاستىدا قېلىش ئېھتىمالىدىن قىلچە ئەنسىرەشمەي، پىداكارلىق بىلەن تەرغىپ قىلىشقا كېرىشتى.

ئۆز مىللىتىنىڭ كىملىگىنى، نەدىن قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە قايتا يىغىلىپ قالغانلىقى ياكى ئەزەلدىن ماكان قىلىپ كەلگەن بۇ يەرلەرگە چېكىنىپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ دەۋرلەرگىچە نېمىلەر قىلغانلىغىنى، قانداق قىلىپ بۈگۈنكى ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشكە تەشنا ياشلار ھونلارنىڭ، ئېگىز ھارۋىلىقلار دېيىلگەن قاڭقىللارنىڭ، تۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، قاراخانىلىقلارنىڭ، سەئىدىيىلىكلەرنىڭ، بەدەۋلەتىنىڭ، ... دېگەندەك دەب- دەبىلىك تارىخىي داستانلىرىنى ئاڭلىشىپ، دەسلىۋىدە قورقۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىشاتتى. بۇلارنى سۆزلەۋاتقانلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىشەتتى، سەل كۆنۈپ قالغىنىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ جاسارىتىدىن ئىلھام ئېلىشقا، ئۇيغۇنۇشقا باشلىدى. جەمئىيەتتە نۇرغۇن مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر ياش كۈچلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەۋەرسىز قالغان مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ، دىنىنىڭ شان-شۆھرىتىنى قورقماي سۆزلەۋاتقان بۇ ياشانغان پېشقەدەملەرگە قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇلتۇرمايلا سادىق مۇرىتلاردىن بولۇپ كېتىشتى.

قاسىم ئەنە شۇنداق بىر مۇھىتتا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى غىل-پاللا كۆرۈپ

بولۇپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بۇخىل مورتلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھىمايىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى بۇ تۆردىكى مىللەتچى ئېقىملارنىڭمۇ بىرخىل يېتەرسىزلىكلىرىنى، بىرتەرەپلىمىلىكلىرىنى، ھەتتا پىرىنسىپال خاتا جايلىرىنىڭ بارلىغىنىمۇ ھېس قىلغاندەك قىلىسىمۇ، 'قويرۇق تاپقىچە ئۆپكە يەپتۇر' دېگەندەك، ئۇزۇن يىللارغىچە بۇخىل تېنچ مىللەتچىلىك ئېقىمغا سادىق بولۇپ كېلىۋەرگەن ئىدى.

ئۇ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن ماركسىزم تەلىماتلىرى ئاساسىدا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۇنيانى، جەمىيەتنى، مىللەتنى كۆزەتمەكتە ئىدى. كېيىنچە ئۇ يەنە 'ئۈچ ئەپەندى پىكىر ئېقىمى' بويىچە پىكىر قىلىدىغان 'چوڭلار' ئارىسىغا قىسىلىۋېلىپ كۆزىتىشكىمۇ تىرىشىپ كۆردى. بۇنداق سورۇنلاردا قانداقتۇر بىر يېتەرسىزلىك، ياكى بىرتەرەپلىمىلىكلەرنى ھېس قىلغاندەك قىلىپ، 'ئوتتۇرا ياشلىقلار تېنچلىق تەبىقىسى' ئىچىگىمۇ كىرىپ بىرنېمىلەر ئۆگىنىشكە تىرىشتى. بۇ يەردىمۇ يەنە تولۇق قانماي، ئەسلىدە ئۆمىدىنى يوقىتىپ بولغان ‘جەڭگىۋار ئوتتۇرا ياشلىقلار تەبىقىسى          ‘ ئارىسىغا كىرىپ مىڭىسىنى يۇيۇشقا كىرىشىپ باقتى. بۇلارمۇ يەتمىگەندەك قىلغىنىدا، ھەرخىل خۇسۇسىي ياشلار سورۇنلىرىنىڭ پىلانسىز، نىشانسىز ‘مىللەتچى ‘ دەستىخانلىرىغا يىغىلغانلار ئارىسىغا قىسىلىپ يۈرۈپ، سىستېمىسىز بولسىمۇ ھەرخىل مىللىي مەسىلىلەرگە دائىر سۆھبەت تېمىلىرىنى قېتىقىنىپ ئاڭلاپ باقتى. بۇ يەرلەردىمۇ ئۇنىڭغا ئېنىق بىرەر ‘قۇتۇلۇش پروگراممىسى’ چېلىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ تۆردىكى سورۇنلاردىن ‘مىللىي قۇتۇلۇش يولى’ نى ئىزدىنىشتىن زادىلا زېرىكمىدى. قايىل بولغانلارنى ئۇچراتقىنىدا بىلىم ئالاتتى، سورايتتى، تەھلىل قىلىپ باقاتتى، تالاش-تارتىشمۇ قىلىپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق سورۇنلاردىن ئۇنىڭ بىلگىنى پەقەتلا ‘بىزمۇ تارىخىي ئاساسقا ئىگە بىر مىللەتمىز‘ دېگەنلەردىن نېرى كەتەلمىدى. ئۇ، بۇ خىل سۆھبەتلەردە ئاڭلىغان مىللىي تارىخى، مىللەتچىلىك ئاڭ-پىكىرلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىلىرى، كلاسسىك مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەت ئۇسۇللىرى، دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەقىدىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ... قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان چىققىلى بولمايدىغان، رېئال ئەھمىيىتىنى يوقىتىۋاتقان زىددىيەتلەر پاتقىغى ئىچىگە بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قالغانلىقىنى

هېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئاستا-ئاستا بۇخىل ئ ۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقان، ئەمەلىي رولى بولمايۋاتقان سۆھبەت سورۇنلىرىدىن زېرىكىشكە، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلايدۇ. ھەتتا بىر يەرلىرىگە كېلىپ، بىر ۋاقىتلاردا جەڭگىۋار ھەرىكەتلەرنى تەرغىپ قىلىپ جېنىنى تىكىپ مىللەتچىلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مەغلۇپ بولۇپ تۈرمىلەرگە چۈشۈپ چىققان كىشىلەر بىلەنمۇ ئۇچۇرۇشۇپ باقتى. ئۇلاردىنمۇ ئېنىق بىرەر مىللىي قۇتۇلۇش ئۇسۇل-چارىلىرىنى كۆرەلمىگەچكە، بۇ خىل كىشىلەردىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

قاسىم، ئۆزى مەنسۇپ بولۇپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، تۈرك دۇنياسىنىڭ، مۇسۇلمانلار ئالىمىنىڭ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدا، ھازىرقى زامان دۇنياقاراش ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدە قىلچە ئاۋازى چىقماي قېلىۋاتقانلىقىنى، يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۆز سەلتەنەتلىرىنى يوقۇتۇشۇپ، تەدرىجى شەكىلدە ئەتىراپىدىكى شىددەتلىك كۈچىيىپ كېتىۋاتقان رايون، قىتئە، دۇنيا زومىگەر كۈچلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە، بېقىندىلىرىغا، قۇللىرىغا ئۆيلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپكى سەۋەپلىرىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئىنتايىن ئېغىر بىر تەڭسىزلىك مەسىلىسى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ قالدى: ‘بۇ تەڭسىزلىك تەبىئىي ھادىسىمۇ ياكى ئادەملەرنىڭ خاتالىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟‘

ئەسلىدە، قاسىمنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ـ ماركسىزم پەلسەپەسى ئىدى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە ماركسىزم پەلسەپەسىدىن باشقا سىستېمىلىق بىرەر پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ يوق ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللاردا تەھلىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دىنىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە گەپ بولغىنىدا پەقەتلا ئۈمىدى قالمايتتى.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدە، جۈما ناماز خۇتبىلىرىدە، بەزى ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن ياكى نەزىر-چىراق مۇراسىملىرىدا، خۇسۇسىي دىنىي سۆھبەتلەردە ئاڭلىغان دىنىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىدا شۇنچىلىك غەلىتى سۆزلەرنى ئاڭلايتتىكى، گويا ‘ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز دۇنيادا قىل تەۋرىمەيدۇ ‘ دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان قۇدرەتلىك بىردىن-بىر ياراتقۇچى خۇدانى شۇنداق تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ تەرىپلىشەتتىكى، خۇددى ئۇلارنىڭ قارىشىچە «قۇرئان كەرىم» دە خۇدا ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى سېھىرىۋازلارغا ئوخشىتىپ تونۇشتۇرغىنىدەك مەنتىقىسىز، تۇراقسىز، قانۇنىيەتسىز

قىياپەتتە تەسۋىرلىشەتتى. بەزىدە ئۇ، بۇنداق تەسۋىرلەش بىزنىڭ ساۋاتسىز موللىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، مۇستەقىل دۆلىتى بولغان مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئۇلار خۇدانى ئۇنداق رىۋايەتلەردىكىدەك تەسۋىرلەشمەيدۇ دەپ ئۆزىنى ئاۋۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ شۇنچە قالاق ھالەتتە تۇرىۋاتقانلىغى پاكىتى ئالدىدا، بەلكىم بۇگۈنكى ئىسلام دۇنياسىمۇ «قۇرئان» نى تونۇشتا بىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، دېيىش بىلەن بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى. كېيىنكى يىللاردىلا، دىن ھەققىدە ئېنىقراق بىر چۈشەنچىگە ئېرىشكەندەك قىلدى. ئۇندىن بۇرۇن، قاسىم دىنني ئەقىدىلىرىنى بىرخىل مىللىي ئۆرپ-ئادەت شەكلى دەرىجىسىدىلا تونۇپ تۇرغانىدى.

قاسىم يەنىلا ئۆزى بىلگەن ئاساسلار بۇيىچە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى:

“دۇنيا ماددىدۇر. ... ئۇ ئەزەلدىن بار ئىدى ۋە مەڭگۇ بارلىغىنى ساقلاپ قالىدۇ. ... ئۇ مەڭگۇ يوقالمايدۇ ياكى يوقتىن بار بولالمايدۇ. ... بۇ ماددىلار بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرەلەيدۇ. ... ئەنە شۇنداق ئۆزلىگىدىن ئۆزگىرىش جەريانىدا ماددىلار تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ ئورگانىك ماددىلارنى پەيدا قىلالايدۇ. ... ئۇنىڭدىن تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈملۈكلەر، ئۇلاردىن كېيىن جانلىقلار، ... ئاخىرى ئادەملەرگە ئايلىنالايدۇ! ... ھاياتلىق ماددىي ئېھتىياجلارغا مۇھتاج. بۇ مۇھتاجلىق ئەمگەكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ... ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەخسىماتى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىپ تەڭ تەخسىم قىلىش ئىدى. ... ئەمما بۇ پرىنسىپ كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭدىن ئىقتىسادىي پەرقلەر، ئۇنىڭدىن تەڭسىز تەقسىماتلىق سىنىپلار، ... بۇلاردىن مىللىي گۇرۇھلار، ... ئوتتۇرغا چىقتى. ماركسىزمچىلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىمىغىچە تەڭسىزلىك يوقالمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ... بۇنداق سۇنئىي تەڭسىزلىك سىنىپلىرىنىڭ ۋاستىلىق كۆرۈنىشى بولغان مىللەت، دۆلەت، ۋەتەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇقتىغا توپلاش، بىر خىل ھالغا كەلتۈرۈش، ماركسىزمنىڭ تۈپكى مۇددىئاسىدۇر. ...”

“قايسى نۇقتىغا توپلايدۇ؟”

قاسىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەمدىلا كۆرىۋاتقاندەك قىلدى: بارلىق ئاجىز مىللەتلەرنى دارۋىننىڭ تۈرلەرنىڭ شاللىنىشى پرىنسىپى بويىچە رۇسسىيەنىڭ

ئەتىراپىغا، خىتايلارنىڭ ئەتىراپىغا، ئېنگىلىزلارنىڭ ئەتىراپىغا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەتىراپىغا، ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئەتىراپىغا، ... توپلايدۇ!

دېمەك، ماركسىزمنى ئۆزلىرىگە تۈپكى پرىنسىپ قىلىشقان خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى يېرىم ئەسىر مابەينىدە سۈنئىي شالىلىنىشقا تاشلاپ قويۇۋاتقانىكەندە! شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى يوقۇتىشۋاتقانىكەندە! رۇسلار باشقىلارنى رۇسلاشتۇرۇپ يوقۇتۇشقا ئۇرۇنغان بولسا، خىتايلار بىزدەكلەرنى سۈنئىي شالىلىنىپ يوقۇلىشمىزنى مەجبۇرى ئىلگىرى سۈرىۋاتقانىكەندە! بۇنداقمۇ 'تەبىئى قانۇنيەتلەرگە بوي سۇنۇش' بولىدىكەندە!

قاسىم بۇنداق بىر ئىدىيىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر پىكىر قىلىش قورالى قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ سۈنئىي ۋاستىلار بىلەن يوقۇتۇلىشىغا ياردەمچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى! "ياق، بۇنداق كېتىۋەرسەك قەتئىي بولمايدۇ! بىز بۇ خىتايلاردىن قەتئىي قۇتۇلىشىمىز شەرت ئىكەن!"

قاسىم يەنە ئويلىنىپ قالدى: يۇقۇرىقىدەك تۈرلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى بۆگۈنكى رېئاللىقنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ياكى بولمىسا چۈشەندۈرۈشنى چەكلەپ تۇراتتى. بۇنداق بىر پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت سىياسىتىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى قىلىۋېلىشقان بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئاجىز، ئاز سانلىق تۇرىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ شىددەتلىك مەجبورلىنىشلارغا دۇچ كېلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن يوقۇلۇپ، كۈچلۈك ياكى كۆپ سانغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى بىر ئىنكار قىلىنماس پاكىت ئىدى. گويا كۈچلۈك مىللەتلەر ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق تەبىئىي بايلىق ۋە مۇنبەت ئارتۇق زېمىنلەرنى ئىگىلەپ يېتىۋالغان "ئاز ساندىكى قالاق مىللەتلەرنى تېگىشلىك بولمىغان مۆلۈككە ناھەق ئېرىشىۋالغۇچى سىنىپىي دۈشمەن" دەپ قارىشىپ، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان مىراس قىلىپ كېلىۋاتقان تۇپراقلىرىنى، تەبىئىي بايلىقلىرىنى تارتىپ ئېلىۋېلىش، ئىگەللىۋېلىش، مۇسادىرە قىلىۋېتىش، 'ئورتاق مۆلۈك ' قىلىۋېتىشقا تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سەزگەنلىرى بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيتتى: گويا بۇ ئاجىز، ئاز ساندىكى مىللەتلەرنىڭ ئايرىم تەبىقە بولىۋېلىشىپ، باشقا بىر دىنغا ئېتىقات قىلىشى، باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىپ يۈرىشى، باشقا بىر يېزىقلارنى قوللىنىشلىرى، باشقا تۈردىكى تاماقلارنى يېيىشنى

ئادەت قىلىشىلىرى، باشقىچە كىيىم پاسونلىرىنى كىيىپ يۈرۈشلىرى، ... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بارلىق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇشىنىڭ ھەممىسىلا 'ئالاھىدە سىنىپ' بولىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ، 'ئوخشاش تىل، بىرخىل يېزىق، بىرخىل ئۆرپ-ئادەت، بىرخىل ئېتىقات، بىرخىل كىيىم، بىرخىل يىمەك، بىرخىل چىراي-شەكلى، بىرخىل ئىرق، ... قا كەلتۈرۈلىشى كوممۇنىزمنىڭ تەقەززاسى ' بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى، بۇنى قىلالمىغانلارنى ياكى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا بولمايدىغان بىزدەكلەرنى 'سىنىپى دۈشمەن ' دەپ ئېلان قىلىپ يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك! ــ دەپ ۋاستىلىق شەكىلدە ئېلان قىلىشماقتا ئىدى.

ماركسىزمنىڭ بۇ خىل مىللىي سىياستىنىڭ ئەمەلىلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى قاسىم ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ئاپ-ئاشكارە كۆرگەن ۋە كۆرمەكتە ئىدى: ئۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى قويۇپ، ئۆزى تەۋە بولىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 'كوممۇنىزم جەمىيىتىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ' دەپ ئاتالغان سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن كۈنىدىن بۇيان، ئاۋال ۋەتەن تۇپرىغىنىڭ خىتايغا ئورتاق مۈلك قىلىۋېلىنغانلىقىنى، ئاندىن تىل-يېزىغىنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇلىشىغا كۈچەپ ئۇرۇنغانلىقىنى، دىنىي ئېتىقات ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى مەجبۇرى تاشلاتقۇزۇپ، خىتايغا ئورتاق ئېتىقات ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئۆزگەرتىلىشكە مەجبۇر قىلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى چىققان، نارازى بولغان، تولۇق قوبۇل قىلىشقا رازى بولمىغانلارنى 'سىنىپى دۈشمەن ' دەپ ئېغىر جازالاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈپ يېتىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، 'ماركسىزم دۇنيا قارىشى' نىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇش تۇرماق، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، پۈتۈنلەي يوق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل يات مىللەت ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. تەبىئىيكى، تارىخىي بىر مىللەتنى ناھەق يوقىتىۋېتىشنى تەرغىپ قىلىدىغان بۇنداق ئىدىيىنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىمۇ قانچىلىك توغرا باھالاپ كېلىۋاتقانلىقىدىنمۇ گۇمان قىلىشقا باشلىدى.

بۇ مۇلاھىزىلىرىدىن كېيىن، قاسىم روھى جەھەتتىن بىر پىكىر بوشلۇقىغا ساڭگىلاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا كۆرۈلىۋاتقان بۇ روھىي بوشلۇق، ئۇنىڭ ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش تۇرماق، بۇ مۇھەببىتىنى

تېخىمۇ چىڭىتماقتا ئىدى.

خۇددى شۇنىڭدەك، يوشۇرۇن شەكىلدە ئاللىقاچان ئىشەنچىسىدىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان قاراشلىرى قايتىدىن ئاڭسىز بولسىمۇ قەلبىنى قوچۇشقا باشلىماقتا ئىدى. دەل بۇ پەيتلەردە «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ تۇنجى قېتىم بېسىلغانىدى. قاسىم، ئۇن يېشىغا كەلگىچە بوۋىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياتلاپ، كېيىن ئۇنتۇپ كەتكەن «قۇرئان» نىڭ ئايەت-سۈرىلىرىنى ئۇيغۇرچە تۇنجى تەرجىمىسىدىن ئۆز ئالدىغا ئوقۇشقا باشلىدى.

قاسىم، تۇنجى ئوقىغىنىدا خۇدانىڭ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كوچىدىكى ساۋاتسىز، بىلىمسىز، نادان، ئىپتىدائىي قاراشتىكى موللا-ئىماملارنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇنداق ئاددى، ئۇنداق ئاجىز، ئۇنداق مەنتىقسىز، ئۇنداق خىيالى، ئۇنداق روھانى شەكىلدە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دەل ئەكسىنچە شۇنچە مۇكەممەل، شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە ئەمەلىي، شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە مەنتىقىلىق، شۇنچە ئادىل ۋە شۇنچە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. “توۋۋا خۇدايىم، شۇنچە تەڭداشسىز بىر قۇدرەت ئىگىسىنى، شۇنچە مۇكەممەل بىر ياراتقۇچىنى قانداق قىلىپ شۇنچە ساۋاتسىز، شۇنچە خىيالپەرەس، شۇنچە بىلىمسىز كىشىلەردىن ئۆگىنىشكە مەجبۇر قالغان بولغىيدۇق؟ – دەپ ئۆكۈنۈپ كەتتى. – ياق! خۇدانى، ئىسلام دىنىنى بۇنداق بىلىمسىزلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، ئۆزىمىز قۇرئاندىن، ھەدىسلەردىن ئوقۇپ بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ.”

ئەپسۇسكى، قاسىمنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا ئوقۇپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يارىغۇدەك بىرەر كىتاب بولمىغاچقا، ئۆزى بىلگەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئاساسەن «قۇرئان» نى ئۆگىنىشكە تىرىشىپ كۆردى.

قاسىم، قايتىدىن ‘ئىمان’ يولىغا قەدەم بېسىشنى ئويلىماقتا ئىدى. ...

قاسىم ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كاللىسىغا خاسىيەتنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى كېلىپ تۇرىۋالدى. يېڭى تونۇشقىنىدا ھاراق ئىچىشنى باشلاۋاتقان خاسىيەت، تەدرىجى شەكىلدە ئىمانغا قايتىپ ناماز ئوقۇيدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىۋاتقىنىدا، ... قاسىم كامىر ئىچىدە خاسىيەتنىڭ

پاجىئەلىك ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىزلا كۆزىگە ياش ئالدى. ...

## توققۇزىنجى باب

# ‘يېڭى كىلىن’

> ـ خوتۇن-خەقنى قويغىنە، ئۇلار ئۆيدىن چىقماي بالا بېقىشتىن باشقا نېمىگە يارايتتى!
>
> ـــ چايخانىدىكى سۆھبەتلەردىن

خىتايلار قاسىمنى يەنە قايتىدىن تۇيۇقسىزلا سوراقسىز قاتتىق قىيناشلارغا ئېلىپ چىقىدىغان بولىۋالدى. گۇندىپايلار بۇگۈنمۇ ئەنە شۇ خىل سوراقسىز قىيناشلاردىن بىرىدە ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ قىيناپ، سېسىق گاز پۇراتسىمۇ قايتىدىن ھوشىغا كېلەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەن قاسىمنى پۇت-قولىدىن سۆرىگىنىچە كامېرىغا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ، شۇ يېتىشىدا ئەتىسى يېرىم كېچىدىلا ئاران ھوشىغا كېلەلىدى. ھوشىغا كەلگەن قاسىم، سۆڭەك-سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن تاياق ئازاۋىدىن بىر ھازا ئىڭراپ تولغىنىپ ياتتى. تۈرمىداشلىرىدىن بىر-ئىككىسى كېلىپ ئۇنىڭغا سۇ بەرگەندىن كېيىن ئاۋايلاپ يۆلىشىپ بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇشتى.

ئۇ، يېرىم كېچىدىن خېلى ئاشقاندىلا ئاغرىغىنىنىڭ سەل بېسىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. كامېر ئىچىدە ئۇ يەر-بۇ يەردىن يەڭگىل خورەك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاسىممۇ ئاغرىغىنى ئاز-تولا ئۇنتۇپ، ئاستا-ئاستا كونا ئەسلىمىلىرى قايىنىمى ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. ...

قاسىم، ھېلىقى ‘خىش پارچىسى’ ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر دەم ئېلىش كۈنىدە، كوچىدىكى كىتابپۇرۇشلارنىڭ سۇپىسىدا بىر ئاتكىرتكىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئاتكىرتكا ئېچىلغان ھامان ئالا-چىپار چىراقلىرىنى يېقىپ مۇزىكىلىق ئاھاڭ چىقىرىپ ‟تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن” مۇزىكىسىنى چېلىپ كېتەتتى. ئۇ دەرھال بۇ ئاتكىرتكىلاردىن بىرقانچە خىلىنى سېتىپ ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاتكىرتكىلاردىن بىرىنى سۆكۈپ ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق

قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە كىرىشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئاۋاز بېرىش قۇرۇلمىسى بىلەن سېگنال بېرىش قىسمىنى پىستان قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەشكە كىرىشتى. قايسى كۈنىسى يەنە ئىدارىسىدىن مىنبىگلار چۈشۈرۈپ قويغان مىلتىق ئوقىدىن بىرتال تېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پىستان ۋە مىشەك دورىلىرىنى ئايرىم- ئايرىم تۆكۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنى كۆچلۈك يانغۇچى خىمىيىلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن كومۇلاچ قىلىپ تەييارلىدى. كومۇلاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىكرو لامپۇچكا ۋولفىرام قىلىدىن تەييارلانغان پىستاننى پاتۇرۇپ، سىرتىغا پوجاڭزا- سەرەڭگە دورىلىرىنى ئوراپ ئالمىدەك چوڭلۇقتا پارتلاتقۇچ ھالىتىگە كەلتۈردى. ئۇنى ئاۋايلاپ بىر پىشقان موما ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، پىستان پىلىگىنى تەگسىلا پارتىلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ ئالدىغا قويۇپ بىرھازا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئۇ، ياسىغان بۇ مىناسىنىڭ شەكلىگە دېگەندەك قايىل بولمىدى. شۇڭا سەل قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرھال مىناسىنى بۇ موما ئىچىدىن سۆكۈپ چىقىرىۋالدى. ئۇ يەنىلا ھېلىقى كافىخانا ئۈچۈن لايىھىلىگەن مېۋە س ۇ قۇتىسى شەكلىنى لايىق كۆرگەنىدى. ئۇ دەرھال بىر كاردون قەغەزدە ياسالغان مېۋە سۇ قۇتىسىدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە پۇختا ئورالغان كومۇلاچ بومبىسىنى جايلاشتۇردى. ئۈستىگە يېرىمىغا كەلگىچە د د ۋ-ئىسپىرت ئارىلاشمىسىنى قويۇپ ئاغزىنى چانمىغىدەك قىلىپ پېچەتلىدى. پىستان سىمىنى بەش سائەتتىن كېيىن تەگسىلا ئۇلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، 'پارتلاش، كۆيدۈرۈش ۋە زەھەرلەش بىرلەشمىسى' تەييارلىدى. ئەندىكى گەپ، ئۇنى ئىشكىدىن سىرتقا ئاسان چىقمايدىغان مۇۋاپىق بىرەر 'مېھمان ' غا سوغات قىلىش ئىشىلا قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ ياسىغان بومبىسىدىن خېلى مەمنۇن بولدى.

ئۇ، جۇما كۈنىسى بىر ختاي ئېنجېنېرى بىلەن باشقا بىر شىركەتكە خىزمەتكە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوراسىدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەيلا ماشىنىلىق سىرتقا چىقىۋالدى. ئىدارىسىنىڭ ئىشىنى چۈشكىچىلا پۈتتۈرۈپ ئىدارىسىغا جىپ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يېنىدىكى ئېنجېنېر ختاي ئىشىم بار دەپ يولدا چۈشۈپ قالدى. شوپۇرمۇ بۇنى غېنىمەت بىلىپ، يول ئۈستىدىكى بىرەر ئاشخانىدا تاماق يېيىلىشنى مەسلىھەت قىلدى. دېمىسىمۇ ۋاقىت ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق يەيدىغان بولۇپ،

جېپىنى يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر بوش يەرگە توختۇتۇپ قويۇپ ئاشخانىغا قاراپ يولدىن ئۆتۈشتى. ئۇلار ئىككىسى يولدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، قاسىم تونۇشلا بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئاپتوۋۇز بېكىتىنى ساقلاۋاتقان قۇراللىق پاترۇللار ئارىسىغا بىر نېمىنى چۆرۈۋېتىپ غىپىلا قىلىپ ياندىكى ئۇلار كىرمەكچى بولغان ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ئەمدىلا يولنىڭ بۇ تەرىپىگە يېقىنلىشىۋىدى، يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان كۈچلۈك پارتلاش ئۇلار ئىككىسىنى ئۇچۇقتۇرۇپلا قويدى. ئۇلار ئىككىسى ھاپىلا-شاپىلا ئۆزلىرىنى يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە ئېتىپ يەرگە چىڭ چاپلىشىپ قالدى. قاسىم بۇ ئارىدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى نەپەر قۇراللىق خىتاي پاترۇلنىڭ ئۇچۇپ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چۈشكەن خىتايلاردىن بىرسىنىڭ يۈزى تىتىلىپ گويا شۈلۈۋېتىلگەن قوي بېشىدەك چىشلىرى سىرتقا كۆرۈنۈپ چىقىپ قالغان، پاناق بۇرنىمۇ ئورنىدىن ساكۈلۈپ بىر قۇلىقى تەرەپكە چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. قاسىم ئىتتىك يەنە بىر خىتايغا قارىۋىدى، ئۇنىڭمۇ بىر پۇتى پاقالچىقىدىن باشلاپلا ساكۈلۈپ قاياقلارغىدۇ بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ كەتكەن، چۇۋۇلۇپ كەتكەن سان گۆشلىرىدىن بۇلاقتەك قان جىرىلداپ ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان، گۆشلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىلىك ئۇستىخىنىنىڭ سۇنغان ئۇچىدىن ئىلىكلىرى قان بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تىتىلغان بۇ ئىككى گەۋدە ئاسپالت يولدا ئارىلاپ-ئارىلاپ ساق قالغان پۇتلىرى بىلەن تېپچەكلىشىپ جان تالىشىپ ياتاتتى. ئۇ يەنە بېشىنى بۇراپ ئاپتوۋۇز بېكىتى تەرەپكە قارىغانىدى، ئۇ يەردىمۇ يەنە بىر خىتاي پاترۇلنىڭ قۇرالىنى قۇچاغلىغان ئىككى بىلىكى ئارىسىدىن ئۈچەيلىرى سىرتىغا تۆكۈلۈپ قالغان بولۇپ، كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئاچقىنىچە يەردە تېپچەكلەپ جان تالىشىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. يەنە بىر خىتاي ئايالى بىر كۆزى بىلەن بىر قۇلىقى تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قولىمۇ جەينىكىدىنلا ئۈزۈلۈپ نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن، ساق قالغان يەنە بىر قولى بىلەن ئۈزۈلگەن بېلىكىنىڭ قالغان پارچىلىرىنى تۇتقىنىچە “ئەييا ۋادى مايا!” دەپ پەرياتلاپ يىغلاۋاتاتتى. تېخىمۇ نېرىراقتا يەنە بىر گەۋدە قىمىر قىلماي دۈم ياتقان بولۇپ، ئاستىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان قۇيۇق قان ئېرىققا ئېقىپ قان كۆلى ئۇيۇتماقتا ئىدى. ...

قاسىم بىلەن شوپۇر بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان پاجىئەلىك مەنزىرىدىن

چۈچۈپ، ئۆز بەدەنلىرىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى سىلىشىپ تىترەشكىنىچە ئۆملەپ ئېرىقتىن چىقىشتى.

قاسىم ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىغا قارا دېگەنىدەك شۇنداق بىر قارىۋىدى، دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزى چۈشتى. ‘‘ھوي بۇ ئاقماق قىز يەنە نېمشقا قاچماي جايىدا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدىغاندۇ!’’ دېگىنىچە ئورنىدىن ئۇچقاندەك چاچراپ تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ ئۇ قىزنى يېتىلىگىنىچە قىيپا-چىيپا بولۇپ كەتكەن خىتايلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يولنى كېسىپ ئۆتتۈر جېپنىڭ يېنىغا قاراپ چېپىشتى. يولدىكى ماشىنىلار توختاپ كەتكەچكە، ئۇلار يۈگۈرۈشكىنىچە يولدىن ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى جېپنىڭ ئىچىگە ئېتىشتى. بۇ قىزنى سۆرىگەنىدەك ئېلىپ كەلگەن قاسىم، ئۇنى مەجبۇرى جېپقا كىرگۈزۈپ دەرھال شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا چاپىنىنى سالغۇزۇپ سومكىسىغا سېلىۋالدى. ئاندىن تىترەپ قولاشماي كەتكەن قوللىرى بىلەن قىزنىڭ چىڭ تۈگىۋالغان قوڭۇر چاچلىرىنى يېشىۋەتتى. قىزنىڭ پارىلداپ تۇرغان يىپەكتەك قوڭۇر چاچلىرى خۇددى ساپ يىپەكتەك ئىككى مۆرىسىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ ئاق كوپتىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى كۆكسىگە كېلىپ يېيىلدى. ئەندى بۇ قىزنى ھېچكىم بايا ئاشخانىدا كۆرگەن قىزغا ئوخشىتالمايتتى.

سەل ئارام تاپقاندەك بولغان قاسىم يولغا قارىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردىن يامراپ كېلىشىۋاتقان ھەربى-ساقچىلار يولنىڭ ئۇ قېتىغا يىغىلىشماقتا، دەرھال ئەتىراپىدىكىلەرنى قورشاۋغا ئالماقتا ئىدى. قېرىشقاندەك شوپۇر ھېلىغىچىلا ئۆتتۈردا كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئارىدا سەل ئۆزىگە كەلگەن قىز، ئىختىيارسىزلا قاسىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ بۇغۇلۇپ-بۇغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. نازۇك زىلۋا بەدەن، ئەتىرگۈل پۇرىغى چېچىپ قاسىمنىڭ قۇچىغىدا يېنىك سىلكىنىپ تىترەيتتى. تەبىئىي دولقۇنلۇق قوڭۇر چاچلىرى قاسىمنىڭ ئىگەكلىرىگە يۇمۇران سۈركىلىپ سىيپىماقتا ئىدى. قاسىممۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قۇچىغىدا قېقىلىپ-قېقىلىپ يىغلاۋاتقان قىزنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ ئۇنى بەزلەشكە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنىڭغا قارىماي، قىزنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجەپ كېتىۋاتاتتى.

ھەسرەپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن خىتاي شوپۇر يۈز-كۆزىدە قان دىدارى يوق، سامانىدەك تاتارغان ھالدا قاسىمغا ۋارقىرىدى:

"نەدە قالدىڭ سەن! قورقۇپ جېنىم چىقتى مېنىڭ، بۇ يەردىن دەرھال قاچايلى! ... نەدىنمۇ يادىمغا كەلدى شۇ ئىت يېمەس تاماق ئىشى! ــ دېگىنىچە، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ زىۋىت قىلىشقا كىرىشتى. بىر چاغدا ماتور گۈلدۈرلەپ كەتتى، ئەمما ماشىنا سىلكىنىپ-سىلكىنىپ قويۇپ جايىدىن قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شوپۇر، ئۇيان-بۇيان سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ خىتايچىلاپ ۋارقىراپ كەتتى، - تامادى! قول تورمۇزىنى بوشاتماپتىمەن ئەمەسمۇ!" ــ دەپ ئۆزىنى ئۆزى تىللىغىنىچە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مىڭ تەستە قول تورمۇز سېپىنى تېپىپ بوشاتتى. ماشىنا كۈچلۈك سىلكىنىش بىلەن ئالدىغا چېپىپ كەتتى. چوڭ يول ئاپتوموبىللار بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ماڭغىدەك يولمۇ قالمىغانىدى. خىتاي شوپۇر دەرھال ماشىنىسىنى چەتكە قايرىپ ئادەم يولىغا سالدى. ئۇ يەردىن قايرىلىپلا تار كاچىدىن بىرىگە كىرىپ، يەنە بىر چوڭ كوچىغا چىقىۋالدى. قوللىرى تىترەشتىن قولاشماي كەتكەن خىتاي شوپۇر، جېپىنى بولىشىغا قويىۋېتىپ، "تەي كېپا، تەي كېپا!" دېگىنىچە ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ، بىردەمدىلا قاسىمنىڭ يېڭى قوراسىغا كىرىپ كېلىشتى. تېخى ئەمدىلا جايىغا چۈشۈۋاتقان شوپۇر قاسىمغا قاراپ:

"بىز نەگە كېلىپ قالدۇق؟ ئىدارىغا بارماي ئۆيىمىزدە نېمە ئىشىمىز بار ئىدى؟" ــ دېگىنىچە ھۈلۈقۈپ ماشىنىسىنى قورادىن چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

"توختا، مېنىڭ بۇ ئۇكام باياتىدىن بەكلا قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ سەل ئارام ئالغۇزمىسام جايىغا كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. مەنمۇ بۈگۈن ئىش قىلالايدىغاندەك ئەمەسمەن. شۇڭا ئىدارىغا سەن ئۆزەڭ كېتىۋەر." ــ دېدى قاسىم قىزنى ماشىنىدىن يېتىلەپ چۈشۈرۈۋېتىپ.

"راس دەيسەن، مەنمۇ بۇ ئەلپازىم بىلەن ئەندى رولغا چىقالمايمەن. ئەڭ ياخشىسى مەنمۇ كىرىپ ئارام ئالاي. ــ دېدى خىتاي شوپۇر، ــ ھوي توختىغىنە، سەن بۇ قىزنى قاچانلاردا ماشىنامغا سېلىۋالغانىدىڭ؟" ــ شوپۇر خىتاي، قاسىم يېتىلەپ كېتىۋاتقان قىزنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقانىدى.

قاسىم قىزنى يۆلىگىنىچە ئۆيگە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قىزنى مېھمانخانا ئۆيىدىكى كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ قولىغا بىر ئورام قەغەز لۆڭگە تۇتقازدى:

"ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ يۈز-كۆزىڭىزنى سوغۇق سۇدا چايقىۋېلىڭ. ئاڭغىچە

مەن سىزگە ئىسسىق چاي دەملەپ بىرەي، ئىسسىق چاي ئىچسىڭىز تېزلا ئوڭشىلىپ قالىسىز.» ــ دېدى.

قىز كىرىپ مۇزدەك تۇربا سۈيىدە يۈز-كۆزىنى بىردەم ھۆل قىلدى. قەغەز لۆڭگە بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ قۇرۇتقاچ مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى. تام ئىشكاپ ئەينىكىگە قاراپ دولقۇنلاپ تۇرغان چاچلىرىنى سەل-پەل تۈزەشتۈرگەندەك قىلدى ۋە كېلىپ كىرىسلوغا ئولتۇردى. قىز، تارتىنىپ ۋە ھاڭۋاققىنىچە ئەتىراپىغا قاراشقا باشلىدى. قاسىممۇ گاز ئۈچاققا چايغا سۇ قويۇپ بولۇپ قىزنىڭ يېنىغا چىقتى. بېرىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇندىغىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

«ئازراق ساقلىسىڭىز چاي قايناپدۇ. ــ قاسىمنىڭ پۇت-قوللىرى ھېلىغىچىلا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ بىرتال تۇتاشتۇرىۋالدى، ــ ھەقىقەتەنمۇ جەسسۇر قىز ئىكەنسىز. ئاپىرىن سىزگە!»

قاسىم بۇ قىزنى خېلى ئوبدانلا تونۇيدىغاندەك قىلاتتى. بۇ يېقىنقى يىللاردا بۇنچە ياش قىزلار كىرىدىغان بىرەر توي-تۆكۈن ياكى ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ باقمىغاچقا، شۇنچە ئەسلەپمۇ بۇ قىزنى نەدە كۆرگەنلىگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. قىز، ئۆياق-بۇياققا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

«مەن ھازىر نەگە كېلىپ قالدىم؟ ــ قىزنىڭ چىرايىغا دەرھال ئەنسىزچىلىك ئالامەتلىرى يامراشقا باشلىدى، ــ بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ سىز كىم بولىسىز؟»

قاسىم شۇ چاغدىلا بۇ قىزنى نەدە كۆرگەنلىگىنى ئېسىگە ئېلىشقا باشلىدى: بۇ قىز، ھېلىقى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن يىگىتنىڭ قانلىق يۈرىكىنى كۆكرەك قەپىزى ئىچىگە سېلىشقا ئۇرۇنۇپ يىگىتنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغان قىزنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ ۋەقەدىن كېيىن، قاسىم قىساس ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلىپ يۈرگەندە بۇ قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىۋالغانىدى. بۇ قىز، تويىدىن كېيىنكى تۇنجى سالىمىغا كېتىۋاتقىنىدا يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان خاسىيەت ئىسىملىك قىز ئىدى!

«مەن سىزنى تونىدىم، ــ دېدى قاسىم ھاياجانلانغان ھالدا قىزغا قاراپ، ــ سىز ھېلىقى يېڭى توي قىلىپ ئۆيىڭىزگە تۇنجى قېتىم جۇما قىلىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا يولدىشىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان خاسىيەت قىز شۇغۇ؟ ... خاتا تونۇۋالمىغاندىمەن؟ ــ قاسىم ئورۇندۇغىنى قىزغا تېخىمۇ يېقىن تارتىپ ئولتۇردى. قىزمۇ قايتىدىن دىۋانغا ئولتۇرۇپ قالدى، ــ سىزنىڭ قېينى ئۆكىڭىزمىدى ياكى

ساۋاغدىشىڭىزمىدى ئۇ باتۇر يىگىت، ئۇ جاللاتلاردىن قىساس ئېلىپ بىرلىكتە قۇربان بولغان؟ مانا بۈگۈن سىز يەنە بىر قېتىم بۇ خىتاي زوراۋانلىرىدىن قىساسىڭىزنى ئېلىۋالدىڭىز. ــ قاسىم ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قىزنىڭ ئىككى مۆرىسىدىن تۇتتى، ــ سىز بىلەن تونۇشالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەكلا بەختلىك ھېساپلايمەن، سىز ھەقىقەتەنمۇ جەسۇر قەھرىمانىمىز ئىكەنسىز!” ــ قىز ھۇلۇقۇپ قاسىمنىڭ قوللىرىنى مۆرىسىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

خاسىيەت قىز بايىقى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە بولغان مەنزىرىلەرنى تېخى ئەمدىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەپ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالماي، تىزلىرى ئېگىلىپ پۈكلىشىپ قېلىۋاتاتتى. خاسىيەت، لاسسىدە قىلىپ قايتىدىن كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ قالدى. قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كىرىسلوغا كېلىپ خاسىيەت قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ، ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا قىزنىڭ نازۇك تىترەپ تۇرغان زىلۋا بەدىنىنى مېھرىۋانلىق بىلەن قۇچاغلاپ باغرىغا باستى:

“مېنىڭ قەھرىمانىم، مېنىڭ نۈزۈگۈمۈم، ...” ــ قىزمۇ ئىختىيارسىزلا قاسىمغا چىڭ چاپلاشتى. گويا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن بىر-بىرسىگە ئىللىق بىرنېمىلەر ئۆتۈشۈۋاتقاندەك، بىر-بىرىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى. ياش قىزنىڭ گۈزەل كۆكسىلىرى قاسىمنىڭ مەيدىسىگە بېسىلىپ، ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز ھۇزۇرلۇق ھېسسىيات بەخش ئەتمەكتە ئىدى. قاسىم ئىختىيارسىز ھالدا قىزنىڭ كۆز ياش تامچىلىرىنى يۈزىگە سۈرتتى. قىزمۇ يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى. بىر-بىرىگە زادىلا ماس كەلمىگەن، بىرسى غۇنچىدەك كېلىشكەن ياش، يەنە بىرسى سەل قورۇق كىرگەن ئاق سانچىغان يىرىك ساقاللىق بۇ ئىككى مەڭىز ئاستا-ئاستا ھەرىكەت قىلىپ ئىككى قىزىق لەۋنى بىرلەشتۈردى. قىز ياشلىق ئوتى بىلەن، قاسىم مېھرىلىك قەلبى بىلەن بىر-بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا بېرىلىپ سۆيۈشتى. ...

ئۇلار شۇ ھالىتىدە خېلى ۋاقىت تۇرغىنىدىن كېيىن، خاسىيەت تۇيۇقسىزلا قاسىمدىن ئۆزىنى ئاجرىتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

“ۋىيەي، نېمە قىلغىنىم بۇ مېنىڭ؟ تووۋا قىلدىم خۇدايىم!” ــ قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى. قاسىممۇ ھوشىنى يىغىۋېلىپ قىزدىن

كەچۈرۈم سورىغىلى تۇردى:

"خاپا بولماڭ، مەنمۇ ئۆزەمنى تۇتۇپ ئالالمايلا قاپتىمەن. ئەمما ئىشىنىڭ، مېنىڭ ھەرگىزمۇ يامان نىيىتىم يوق ئىدى. ..."

"ياق، ياق، سىز ئەمەس مەن سىزدىن ئەپۇ سورىشىم كېرەك. نېمە بولدى ماڭا، سىزگە ئەدەپسىزلەرچە چاپلىشىپ قالغىنىم نېمىسى؟"

قىزنىڭ بۇ گەپلىرىدىن قاسىم خېلىلا يەڭگىللىك ھېس قىلغاندەك بولدى. كىرىسلودىن تۇرۇپ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرىۋالدى.

"مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن. سىزنىڭ شۇ كۈنىدىكى يولدىشىڭىز قوچىغىڭىزدا، ئەتىراپىڭىز قان كۆلى، ئولتۇرغان قىياپىتىڭىزنى ئاپتوۋۇزدا كۆرۈپ ئۆزەمگە قەسەم بەرگەنىدىم، ..."

"بۇ قىزنى چوقۇم بىر كۈنىسى قولغا چۈشۈرىمەن، دەپمۇ؟"

"ياقەي، نەدىكى گەپنى قىلىسىز، مېنى ئۈنچىلىكمۇ كۆرۈپ كەتمەڭ. مەن يىگىتىڭىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ھەسسىلەپ ئېلىپ بېرىمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم. ــ خاسىيەت دېرىزىدىن ئۆرۈلۈپ كەينىگە قارىدى. قاسىم تاماكىسىنى قايتا بىر شورىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ــ شۇ كۈنىسىدىن باشلاپ قاتىل خىتايلارنىڭ پېيىغا چۈشكەنىدىم. ئەمما ئۇ خىتايلارنىڭ ئادرىسىنى تاپقىنىمدا، ئۇوق چىقارغان قاتىلنى ھۆكۈمەت خىتايغا قاچۇرىۋەتكەنىكەن. ئىلاجىسىز يەنە بىر قاتىلنىڭ ئائىلىسىنى بولسىمۇ ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كويىغا چۈشكەنىدىم. كېيىن ئۇنىمۇ قاملاشتۇرالمىدىم. ئاڭغىچە بۇ قاتىلنىڭ ئائىلىسى بىراقلا خىتايغا قېچىپ قۇتۇلىۋالدى. ئەمما سىزنىڭ ھېلىقى تونۇشىڭىززە ھەقىقەتەنمۇ باتۇر بالا ئىكەندۇق. ئۇ قەھرىمانىمىز يالغۇز بېشىغا بىراقلا نەچچە ئون خىتاينى پارتلىتىپ پارچىلىۋەتەلىدى. ... ــ بۇ ئارىدا ئاشخانا ئۆي تەرەپتىن گاژىلدىغان بىر ئاۋاز كەلدى. قاسىم چايغا سۇ قويۇپ قويغانلىغىنى ئەمدىلا ئېسىگە ئېلىپ يۈگۈرۈپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قېنىق چاي دەملەپ چىقىپ، كەمپىت-پېچىنىلەر بىلەن دەستىخان راسلاپ قىزغا چاي قويدى، ــ رەنجىمەيسىز، بويتاق بولغاندىن كېيىن ئۆيدە باققالە-ماققالە دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بولمايدىكەن." ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاسىيەتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ قاسىمغا ئىتتىك بىر قارىۋالدى. بۇنى قاسىم سەزمىگەندى. قىز، بىر-ئىككى چىنە ئىسسىق چاي ئىچكەندىن كېيىن خېلىلا جايىغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ سەل ئېچىلغان ھالدا:

“سىز بايا نېمە ئۈچۈن مېنى كوچا ئاشخانىسىدىن سۆرەپ چىقىپ قاچۇرۇشنى ئويلاپ قالغانىدىڭىز؟ ئۆزىڭىزگە خەۋىپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟” ــ دەپ سىناق نەزىرىدە قاسىمغا قارىدى. قاسىممۇ قىزغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى:

“سىزنىڭ ئاپتوۋۇز بېكىتىگە بىر نېمىنى چۆرىۋېتىپلا غىپلا قىلىپ كوچا ئاشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قالغانىدىم. تېخى ئەمدىلا يولدىن ئۆتىۋاتاتتۇق. دەرھال گۇلدۇرلەپ پارتلاش يۈز بەردى. بۇ سىزنىڭ تاشلىۋەتكەن ھېلىقى پوڭزىكىڭىزدىن باشقا نېمە بولاتتى. كېيىن قارىسام سىز ئاشخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن بىر خىيالىڭىزدا يوق كوچىدىكى پات-پاراخشىلارغا قاراپ تۇرغىنىڭىزنى كۆردۈم. بەكلا خەتەرلىك ھالدا ئىدىڭىز. خىتايلار ئەتىراپنى قامال قىلىۋالسا سىزدىن دەرھال گۇمان قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تېخى ‘يېڭى كېلىن’ ۋەقەسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچۇرىغۇچىلىرىنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇ ۋاقىتتا بىلمەيتتىم. خىتايلار بۇنى بىلسە سىزگە ئېسىلىپلا قالاتتىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى ئاۋال كۆرگەنلەردىن مەنلا بولىشىم ناتايىن-دە. ئۇ چاغدا مېنىڭ خىيالىمغا كەلگەن پەقەت بىرلا نەرسە ئىدى: بۇ قىزنى نەق مەيداندىن دەرھال يىراقلاشتۇرىۋېتىش. كېيىن نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. بىر چاغدا قارىسام، سىز ماشىنىدا قۇچىقىمدا يىغلاپ ئولتۇرۇپسىز. بولغان ئەھۋال شۇ.”

“مېنى دەپ بىكاردىن-بىكارغىلا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقمىدىڭىزمۇ؟” ــ قىز يەنە سورىدى.

“سىزدەك بىر جەسسۇر قىزىمىز ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلسامىمۇ ئاز ئەمەسمۇ؟” ــ قاسىم ھاياجانلانغان ھالدا قىزغا قارىدى.

خاسىيەت سەل ئوڭايسىزلىنىپ جوزىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا قولىنى ئۇزارتىپ قاسىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىقىپ قويدى. قاسىمغا قىزنىڭ ئالقىنىدىن ئىسسىق ھارارەت ئۆتۈۋاتقاندەك، ئىككى قولى گويا زەرەتلەنگەندەك، ئىككى قولمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. قاسىم قىزنىڭ قولىنى سىققىنىچە ئۇنى ئاستا ئۈستەلدىن ئايلاندۇرۇپ يېنىغا تارتتى. قىزمۇ ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ ياناپ كېلىپ قاسىمغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. قاسىم تەلۋىلەرچە قىزنى ئۆزىگە

تارتىپ باغرىغا باسقىنىچە قېنىپ-قېنىپ سۆيۈشكە باشلىدى. قىزنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان لەۋلىرى قاسىمنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ھېسسىياتىنى ــ توغرىسى ئۇنىڭ شەھۋانە ھەۋىسىنى قايتىدىن ئويغاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشقىنىچە سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ بېرىپ دىۋانغا گۈپپىلا قىلىپ چۈشتى. ...

قاسىم گويا جەننەت لەززىتىنى تېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشى ھېس قىلماقتا ئىدى. كىشلىك ھاياتىنىڭ بۇنچە لەززەتلىك بولىشىنى قاسىم ئۇنتۇپلا كەتكەنىكەن. ...

كامپىردىكىلەرنىڭ خورەكلىرى خېلى ئوبدانلا كۈچەيگەن بولۇپ، قايسى بىر بولۇڭدىن جان تالىشىۋاتقان چالا بوغۇزلانغان قوينىڭكىدەك بۇغۇق خىقىرىغان خورەك ئاۋازىمۇ كەلمەكتە ئىدى. قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىقلارنى قىز بىلەن بىرگە بولغان ھېلىقى لەززەتلىك مىنۇتلارنىڭ ئەسلىمىسى ئوراپ ئالغانىدى. قاسىم بۇ شىرىن ئەسلىملىرى ئىچىدە تەبەسسۇم بىلەن مېيىغىدا كۈلگىنىچە ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. ...

مۇكەممەل بىر تۇرمۇش لەززىتى ئادەم بالىسىنى جەننەت لەززىتىگە ئوخشاش بەختلىك مىنۇتلارغا ئېرىشتۈرەلەيتتى. تەبىئىي سۆيگۈ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز بەختنىڭ ھۇلى بولالايتتى. ئىنسان سۆيگۈسى ئاتا-ئانا سۆيگۈسى، ئەر-خوتۇن سۆيگۈسى، ... ۋەتەن سۆيگۈسى، مۇۋەپپەقىيەت سۆيگۈسى، كەشپىيات لەززىتى، ... ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي سۆيگۈلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدى. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇلارنى بىلەلىگەن، ئۇلارغا قىزىقالىغان ئادەمگە ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز سۆيگۈ مەنبەسى، لەززەت مىسالى بولالايتتى. ‘‘ئاھ شۇ سۆيگۈ! ... خەلقىم بۇ سۆيگۈ ئامىللىرىدىن قايسى بىرسىگە ئېرىشەلىدى؟ ‘سۆيگۈسىز ئادەم قۇرىغان كۆتەك ‘ دېگىنى ھەقىقەتەنمۇ بىكار چىقمىغان سۆزدە! خەلقىم ئۆز ئانا تۇپرىقىدا تاجاۋۇزچى خىتايلار دەستىدىن كۈندىن-كۈنگە سۆيگۈلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ قۇرۇپ قاخشاللاشتۇرۇلماقتا. ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ جەننەت مىسالى سۆيگۈ ئامىللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىزگە بېغىشلىغان بۇ مۇجىزە ئەسرى بولغان مىڭىمىزنى قۇپ-قۇرۇق كۆتۈرۈپ بارساق، خۇدا بىزنى جازالىماسمۇ؟ بىز ئۇ ئالەمدە شۇنچە مۇكەممەل يارىتىلغان مېڭىمىزنى جايىدا ئىشلىتەلمەي، ‘سەن ئاتا قىلغان

بىزگە تەۋە سۆيگۈ ئامىللىرىنى دۈشمىنىمىزگە تارتقۇزۇپ قويدۇق، سەندىن كىچە-كۈندۈز تىلىگەن بولساقمۇ بولمىدى' دېيىشتىن نومۇس قىلمايمىزمۇ؟" ...

قاسىم قايتا ئويغۇنۇپ، ئولتۇرۇپ كامىر ئىچىدە ئويغا پاتقانىدى. ... بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ ئۇ قايتىدىن ھېلىقى لەززەتلىك كۈنلىرىنىڭ ئەسلىمىلەر قايىنىمى ئىچىگە غەرق بولدى. ...

شۇ كۈنىسى قاسىم سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، ئۆزىنى كىچىك بالىدەكلا ھېس قىلماقتا ئىدى. بىرىپ خاسىيەتنىڭ يېنىدا ئەكىلىگەندەك ئۇنىڭ پارىلداپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرىنى ئوينايتتى.

"مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قاراشتىنمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن. مېنى تۇتماڭ، مەندىن يىراق تۇرۇڭ! ـ خاسىيەت دېۋانغا كەينىچە يېتىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ھارغىن ئەمما يالقۇنلۇق بېقىشلىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قاسىمغا قارىدى، ـ مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغانسىز؟"

"بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇپ، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن. ـ دېدى قاسىم چاچلىرىنى لۆڭگىدە ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، ـ سۇ سىزنى ساقلاپ قالمىسۇن."

خاسىيەت خېلى ئۇبدانلا جانلىنىپ قالغانىدى. ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن، ئاشق ئوتى بىلەن يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرى ئالاھىدە پارىلداپ تۇراتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ مونچىغا كىرىپ كەتتى.

چاچلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ چىقىپ ئەينەككە قاراپ كوپتىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ياقىلىرىنى تۈزەشتۈردى. قۇرۇق لۆڭگە بىلەن پارىلداپ تۇرغان ھـ ۆل چاچلىرىنى بىرھازا ئۇۋۇلىدى. چېچى سەل قۇرۇشقاندىن كېيىن ئوڭغا-سولغا، ئالدى-كەينىگە تاراپ كەتتى. يىپەكتەك تۆكۈلۈپ تۇرغان چاچلىرى تېخىمۇ پارلاپ، كۆبجۈپ مۆرىسىنى قاپلىماقتا ئىدى. قاسىم، تاماكىسىنى چەككەچ قىزنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ھوزۇر ئىچىدە ئۇنى تاماشا قىلماقتا ئىدى.

خاسىيەت ئىتىك كەينىگە ئۆرۈلدى. قاسىمنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. بۇ قىز، شۇنچە چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىكى، گويا ئۇيغۇر چۆچەكلەردىكى پەرىزاتنىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن "دېمەك، بىزنىڭ قەدىمقى چۆچەكلىرىمىزدە تەسۋىرلەنگەن پەرىزاتلار ئەسلىدە راس بولغان ۋەقەلەردىن

ئۆرنەك ئېلىنغانىكەن-دە!" دېگەنلەر ئۇچۇپ ئۆتكەندەك قىلدى. تاقەت قىلالماي تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنى باغرىغا باستى. ئەندى خاسىيەتتە قىلچىلىك تارتىنىش دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. ئەركىلەپ قاسىمنىڭ ئوبدانلا ئاق سانچىغان چاچلىرىنى، بۇرۇنلىرىنى ئويناشقا باشلىدى.

قاسىم قىزنى كەينىگە داجىتىپ تۇتۇپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ كەتتى:

"خاسىيەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم."

خاسىيەت ۋىللىدە قىزىرىپ، خىجىل بولغاندەك تولغىنىپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككىسى بىرھازا ئۈن-تىنسىز چىڭ قۇچاغلىشىپ تۇرىۋېلىشتى:

"مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم." ــ خاسىيەت پىچىرلىغاندەك دېدى. قاسىم خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قىزنى قايتىدىن چىڭ قۇچاغلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. ...

"مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا كېرەك، ــ قاسىم قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىغاندەك دېدى، ــ ئاۋال ياخشى كۆرۈپ ئاندىن تونۇشىدىغان. ــ ئۇ، مۇزلاپ قالغان چېيىدىن بىرچىنە قويۇپ ئوتلىۋالدى، ــ دېگەندەك، ئىسمىمنى سورىمايسىزغۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم قاسىم. سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى خېلىدىن بېرى بىلىدىكەنمەن. سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما بىر مەسىلە بار: ئەڭ مۇھىمى سىز مەندىن بەكلا كىچىك كۆرۈنىسىز. بايىتىدىن خۇدۇمنى بىلەلمەي سىزگە ئېسىلغان بولسامۇ، ياش مەسىلىسى مېنى قىينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون ياشلىق بىر قىزىممۇ بار. راس، مەن خېلى يىللاردىن بېرى بويتاقمەن. قىزىممۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا. ئاڭلىسام پات يېقىندا بىرسى بىلەن توي قىلغىدەكمىش. قىزىمنى كۆرگىلى ئوغۇرلۇقچە مەكتىۋىگە بېرىپ تۇراتتىم. بولمىسا ئۇلار ماڭا كۆرسەتتىشمەيدۇ."

خاسىيەت ئەركىلەپ ئويناقشىپ بىردەم ئۆز چېچىنى، بىردەم قاسىمنىڭ چاچلىرىنى تاراپ ئوينايتتى:

"كېيىڭىز تۇگىدىمۇ؟ ــ قىز جىددى قىياپەت بىلەن قاسىمغا تىكىلدى. قاسىم بۇ ئۆتكۈر قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي دەرھال كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىشقا تىرىشتى، ــ ماڭا قاراڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ يېشىڭىزنى ياكى ئۆتمۈشىڭىزنى ئەمەس. ئۇلار مېنى قىزىقتۇرمايدۇ. ..."

"تاك-تاك-تاك!"

تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى. "بۇ ۋاقىتتا كەلگەن كىم بولۇشى كېرەك؟" دېگىنىچە قاسىم خاسىيەتنى دەرھال ياتاق ئۆيىگە كىرىۋېلىشنى ئىشارەت قىلىپ، بېرىپ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى:

"كىم؟"

"مەن، لاۋ كا ئىشىكىڭنى ئاچ، مەن شوپۇر. ــ دېگەن ئاۋاز كەلدى ئىشىكتىن. بۇ ھېلىقى جېپ ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئىدى، ــ ماشىنامدا كىتاب سومكاڭنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنسەن، شۇنى ئېلىۋال دەپ كىردىم."

قاسىم شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ چۆچۈپ كەتتى: ھەي شۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى، ئىچىدە پارتلاتقۇچىم بارىدى ئەمەسمۇ! دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ دەرھال ئىشىكنى ئاچتى.

خىتاي شوپۇر بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، ئىدارىسىغا بېرىشتىن يالتىيىپ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم يېتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى:

"تەي كېپىا، تەي كېپىا!" ــ دېگىنىچە قولىدىكى سومكىنى قاسىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، كەينىچە مېڭىپ ئۆيىگىمۇ كىرمەي كېتىپ قالدى. قاسىممۇ ئۇنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپلا خىتايغا خوشمۇ دېمەي ھاپىلا-شاپىلا ئىشىكنى تاقاپ مېھمانخانىغا كىرىپ سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

"كىمكەن ئۇ؟ ــ دېگىنىچە خاسىيەتمۇ ياتاق ئۆيىدىن چىقىپ ئۈستەلگە يېقىنلاشتى. قاسىمنىڭ سومكىدىن بىر مېۋە سۈيى قۇتىسىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خوشاللىقىدىن دەرھال ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى، ــ نەقلا مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋە سۈيىدىن ئىكەن."

"چېقىلماڭ! ئۇزاق تۇرۇڭ، ئۇ بىر بومبا!"

خاسىيەت، قاسىمنىڭ بۇنچە قوپال ۋارقىرىشىدىن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. قاسىم كاردون قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئاستىغا چاپلاپ قويغان باسماق پىستىنىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. بىخەتەرلىگى جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدىن كېيىنلا ئۇلۇغ بىر تىنىۋېلىپ ئۇ قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى كۆزىگە سېلىپ تاقاپ قويدى.

"خۇداغا شۈكرى، بىر بالادىن قۇتۇلدۇق." ــ قاسىم بۇرۇلۇپ خاسىيەتكە قارىدى.

"نېمە بومبا ئۇ؟" ــ خاسىيەت ھېچ نېمىنى ئۇقالماي قاسىمنىڭ يۈزىگە ئەنسىرەپ قارىدى. قاسىم ھەقىقەتەن جىددى كۆرۈنەتتى.

"ئەندى مېنىڭ بىر سىرىمنى ئۇققۇپ قالدىغان بولدىڭىز-دە. ــ دېدى قاسىم ئىككى مۆرىسىنى قىسىپ قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاندەك قىلىپ تۇرۇپ، ــ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىرەر ئىش قىلىپ باقايچۇ دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ياساپ چىقىپ كوچىدا قويىدىغانغا يەر ئاختۇرۇپ يۈرەتتىم. دەل شۇ پەيتتە سىزگە ئۇچرىدىم. ماشىنىدا ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامسىز، ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى شوپۇر سومكامنى ئاختۇرماپتۇ-دەك!"

خاسىيەت، قاسىمغا قايتىباشتىن ئېسىلىپ سۆيۈپ كەتتى. ...

"بۇ بەك ياخشى بولدى، ئۇنداق بولسا بىز ئەندى ئۈچ كىشى بولىدىغان بولدۇق! ــ دېدى خاسىيەت قاسىمنىڭ قۇچىغىدىن ئاجراپ تۇرۇپ، ــ مەن بىر دوستۇم بىلەن بىرلىشىپ «يېگى ئاي قوشۇنى» دېگەن بىر يوشۇرۇن پارتىزانلىق قوشۇنى قۇرىۋالغانىدۇق. ئەندى بۇ قوشۇنىمىزدا بىر ئەر كىشىمىز بولىدىغان بولدى. ھە راس، سىز بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزغا قېتىلىشنى خالامسىز؟"

قاسىم خاسىيەتتەك بىر تەنتەك قىزلارنىڭ قۇرۇپ چىققان قوشۇنىغا ئەمەس، ئۆزىنى يېتەكلىيەلەيدىغان رەسمى بىر يوشۇرۇن پارتىزانلىق ھەرىكەت قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن قۇرۇلىدىغان ھەرقانداق بىر قوشۇن مۇتلەق تۈردە ئۇلۇغ داھىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى بولىدىغان، مۇكەممەل تاكتىكا ۋە ستىراتىگىيىلەرنى تۈزۈپ چىقالايدىغان كامالەتكە يەتكەن ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە تايانچ كۈچى بار قوماندانلىق شتابى بولىدىغان بىر تارماق قوشۇن بولىشى، بۇ تۈردىكى قوشۇنلاردا ئايال جىنسى بولماسلىغى، ئەزالىرى ھەر جەھەتتىن پاكىز بولۇشى، ...

"خالىمامسىزيا؟ ــ خاسىيەت سەل كەيىنگە داجىپ قاسىمغا يانتۇ بىر شەكىلدە تىكىلدى، ــ ھە راس، ياكى سىزنىڭمۇ بىرەر يوشۇرۇن قوشۇنىڭىز بارمىدىيا؟"

"ياق، ياق. ــ قاسىم خاسىيەتنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈملىسىدىن تەمتىرەپ قالدى، ــ مەن ئويلاپتىكەنمەنكى، ... يەنى، ... ئويلىدىمكى، ... بۇنداق قوشۇنلارنى ئەرلەر قۇرۇشى كېرەك، بۇ ئىشلار ئەرلەرنىڭ ئىشى دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. ..."

"ھە ...، مۇنداق دەڭ، ــ دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ــ ياخشى

گەپكەن ئەمسە، شۇ دېگەن ئەرلەر قوشۇنغا بىزنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويمامسىز بولمىسا! ھەي سىلەر ئەرخەقلەرنى.” ــ خاسىيەتنىڭ بۇ گېپىدىن خىجىل بولغان قاسىم تەمترەپلا قالدى. ‘ئاھ بىز ئۇيغۇر ئەرلىرى! بىزلەر ھاراقكەشلىك، پو ئېتىش، قۇرۇق گەپ قىلىش قوشۇنى قۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىشقا يارىغاندۇق؟ بىز ئەرخەقلەر، شۇ قىزلارچىلىكمۇ بولالمىغاندىكىن!’ دەپ ئويلىغان قاسىم، خىجىل بولۇپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك پەسكە تىكىلىپ قالدى.

“كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر ئەرخەقلەردە بۇنداق بىر ئىش يوق. ــ خاسىيەت يەنە ئېغىز ئاچتى، ــ مېنىڭ دېيىشىم بىلەنلا سىزنى قوشۇنىمىزغا ئەزا قىلىۋالىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ يوق! مەن بېرىپ باشلىقىمغا دەپ بېقىشىم كېرەك. ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق قاسىم ئەپەندى!” ــ قاسىمدىن زۇۋان چىقماي يەرگە قارىغىنىچە جىمپلا كەتتى.

ئىككىسى بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ قولمۇ-قول ئۇزۇپ تاشلاپ سۇيۇقئاش قىلىشقا تۇتۇشتى.

“ھە راس، مەندە بەكلا مۇھىم ئىككى كىتاب بار. ــ دېدى خاسىيەت قازانغا خېمىر تاشلاۋېتىپ، ــ ئۇ ئىككى كىتابنى مەن دېگەن ھېلىقى قىز دوستۇم بىر يەردىن تېپىۋالغانىكەن. ئېغىر كۈنلەردە قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۇ دوستۇم شۇ كىتابلارنى بىر ئوقۇپ باق، بەلكى تۇزۇلۇپ قېلىشىڭغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ماڭا بەرگەنىدى. ئۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇپ پۈتتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ جەمئىيەت قارىشىمدا تۈپكى بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. مىجەزىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، خېلى ئۈمىدۋارلىشىپ قالغاندەك بولدۇم. بولمىسا ئۆلۈۋېلىشنىلا ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمدىن كېيىن، ئۇ دوستۇم بىلەن خېلى جىق نەرسىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر قىلىپ، بەزى مەسىلىلەرنى تالاش-تارتىش قىلىشتۇق. كېيىن بىر كۈنىسى ئۇ دوستۇم ماڭا مەسلىھەت قىلدى: ‘ئۆزىمىز ئۈچۈن، ھەم باشقىلار ئۈچۈن بۇ خىتايلاردىن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ئىككىمىز بىر يوشۇرۇن قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشساق، بۇ كاپىر خىتايلارغا مېنىڭمۇ ئىچىمدە يەتكىچە غەزىۋىم بار ئىدى، سېنىڭچە شۇنداق قىلساق قانداق بولار؟’ دېدى. بۇنداق خورلۇقتا ياشىغىچە قىساسىمنى ئېلىۋېلىپ بولسىمۇ ئۆلۈپ كەتسەم تېخى ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ

دوستۇمنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى كىتابلاردا بۇ ئىشنىڭ قىساس ئېلىش ئىشلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىمىز ۋە بىردىن-بىر چىقىش يولىمىز دەپ يازغانىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىر قوشۇن قۇرىۋالغان بولدۇق. دېسەم كۈلىسىز، باشقا نېمە قىلالايتتۇق؟ ئاۋال ئىككىمىز «قۇرئان» نى تۇتۇپ بۇ ئىش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، بىر-بىرىمىزگە ئۆلسەكمۇ خائىنلىق قىلمايمىز، دەپ قەسەم قىلىشتۇق. ئاندىن ئۇ دوستۇم بىر ۋىسكى دېگەن ھاراق شىشىسىنى ئېچىپ ئىككى رومكىغا تەڭشەپ قويدى. ئازراق تالاش-تارتىشتىن كېيىن قوشۇنىمىزغا ‘يېڭى ئاي قوشۇنى ‘ دەپ نام بېرىۋالغانىدۇق. شۇڭا رومكىلارنى ‘يېڭى ئاي قوشۇنى ‘ مىزنى تەبرىكلەپ سوقۇشتۇردۇق. ھەممە ئەرلەر غۇرتىلدىتىپ ئىچىپ يۈرۈشسە، شۇنچىلىكلا بىر نېمە ئوخشايدۇ دەپ، رومكىنى ئاغزىمغا تۇتۇپ بىراقلا كۆتۈرۈپ يۇتىۋەتمەسمەنمۇ، ئىچىمگە يېنىۋاتقان بىر چوغ كىرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ كەتتىم! ئۇ دوستۇم رەسملا ئىچىدىغان ھاراقكەش بىرسى ئىكەن. شۇڭا ئۇ، ئالدىرىماي ئىچكەن بولسىمۇ مىتمۇ قىلماي لەۋلىرىنى يالاپ بىرخىيالدا يوق يەنە بىرنى قويغىلى تۇردى. كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم. ئىككىمىز ھېلىقى شىشىنى خېلىلا يېرىمدىتىپ قويۇپتىمىز. رەسملا ئوڭ-تەتۈر سۆزلەشكە باشلاپتىمەن. ئەتىلا چىقىپ خىتايلارنى بوغۇزلايدىغاندەك ئەلپازدا بولۇپ قالدىم. ھە، دېمەكچىمەنكى،

... ــ خاسىيەت قاسىمغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ قويۇڭ بۇ گەپلەرنى، مېنى شاڭخو قىلماڭ. ھە، دېمەكچى بولغىنىم، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىر يوشۇرۇن قوشۇن قۇرىۋالدۇق. ئەسلىدە بۇ ئىشمۇ ئۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ ئەمەسكەن. ئىشنىڭ قىيىنى كەينىدە ئىكەن دەڭ. ئاۋال ھېلىقى ئىككى كىتابنى بىرقانچە ھەپتە تەھلىل قىلىشتۇق. ئاندىن ئۇ دوستۇم ئىككى قېتىم، مەن بۆگۈنكىسى قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولدۇق. ئەگەر سىزمۇ قوشۇلسىڭىز، ئىشلىرىمىز تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتىشىدە گەپ يوق دەپ ئويلايمەن. سىزچە قانداق، قوشۇلامسىز؟ ماقۇل دېسىڭىز ئەتە ھېلىقى كىتابلىرىمنى ئەكىلىپ بېرىمەن. ئاۋال بىر ئوقۇپ چىقىڭ. 'ئىزچى مەن' دەيدىغان بىرسىنىڭ كىتاپلىرى. بۇلامدۇ؟”

قاسىم 'ئىزچىمەن' دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ يۈرىكى 'جۇغ' قىلىپ ئويناپ كەتتى. ئۇ دەرھال گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىغان بولۇپ، ئارىدا مېھمانخانا ئۆيىگە

دەستىخان راسلاشقا كىرىپ كەتتى. قايسى كۈنىسى ئىدارىسىدا يېڭى ئىشكاپ ئالماشتۇرۇش ئىشى بولۇپ قېلىپ، ھېلىقى ئىككى كىتاۋىنى ئۆيگە ئەكىلىۋالغانىدى. قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ تىقىپ قويغان يېرىدىن ئۇ ئىككى كىتابنى چىقىرىپ دەستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويدى. ئاندىن چىقىپ ئۇسۇلغان سۇيقئاشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككىسى بىرگە دەستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

"ئالاھىدە مېزىڭ پۇرايدىغۇ، سۇيقئېشىڭىز تازىمۇ ئوخشىغان بولسا كېرەك-ھە؟" ــ قاسىم بېشىنى چۆكۈرۈپ ئاشقا كىرىشىپ كەتتى. خاسىيەتمۇ قاسىمدىن كىتابلار توغرىلىق زۇۋان چىقمىغاچقا، ئۇ گەپنى قويۇپ ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ چىنىسىغا لازا-سىركە قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئېشىنى ئىچىشكە تەمشەلدى. جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەكلىك ھېلىقى ئىككى كىتابنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

"ۋىيەي، بۇ كىتابلىرىمنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟ ــ خاسىيەت ئۇ كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويدى. ئاندىن بېرىپ قاسىمنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ كەتتى، ــ باياتىدىن نېمىشقا گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالدىكىن دېسەم، ئىش مۇنداقكەن دەڭا!"

قاسىم ئېشىدىن بېشىنى كۆتەرمەي كۈلۈپلا قويدى.

"ئەگەر قوبۇل قىلساڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلارغا قاتنىششنى تەلەپ قىلىمەن."

"دېگەندەك ئۆزىڭىزنىڭ بىرەر قوشۇنىغۇ يوقتۇ؟"

"بىز ئەرخەقلەرنىڭ ھەرۋاقىت سىلەر قىزلاردىن قاشاڭراق كېلىدىغانلىغىمىزدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ. مەن تېخى تۇنجى ھەرىكىتىمنى باشلىيالمىدىم." ــ قاسىم نېمىشقىدۇر بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىدىن ئېغىز ئېچىشنى خالىمىدى.

"كېرەك يوق! ــ دېدى خاسىيەت جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ــ ئەتىلىككە ئۈچىمىز بىر يەرگە يىغىلايلى. شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ئىشىڭىزنى مۇزاكىرە قىلىشارمىز. بايىقى 'مىۋە سۈيى قۇتىسى' نىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆرستەرسىز. قارىغاندا سىز بىر ئېنجىنېر بولسىڭىز كېرەك؟ كىتاب تەكچىلىرىڭىزگە قارىسام ساپلا تېخنىك كىتابلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، سىز بىزنى باشلاپ كىتەمسىز-

تېخى!"

ئۇلار بىر-بىرىگە ئاشىقلارچە قارىشىپ بىر ئەكىلىشىپ، بىر سەممىي دېگەندەك مۇڭداشقىنىچە تامغىنى پۈتتۈرۈشۈپ كۈنىنىڭ قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنلىكىگىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

"ئەندى كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە شەنبە، مەن سىزنى سەھەر ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي. ماقۇل دەڭ."

خاسىيەت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاسىمغا ئېسىلدى. ئۇلار قۇچاغلاشقىنىچە ئوچۇق تۇرغان تېلېۋىزورغىمۇ پەرۋا قىلىشماي، بىر-بىرسىگە تويماي قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. ...

قاسىمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر چەتكە قايرىپ قويغان جىنسىي ھەۋىسىنىڭ قوزغۇلۇپ ئارامىغا قويمايۋاتقانلىقىنى ئاز دەپ، خاسىيەتمۇ ئۇنىڭغا بارغانسېرى گۈزەللىشىپ ھەۋىسىنى قوزغىماقتا ئىدى.

ئۇلار ئېچىقاپ كەتكەن چىل بۆرىلەردەك بىر-بىرىگە تاشلىنىپ يومۇداقلىششقا باشلىدى. ...

كامېرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتارغان قاسىم، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاغزىدىن شالۋاقلىرىنى ئاققۇزغىنىچە ھىجىيىپ قاراڭغۇلۇقتا ئىككى تىزىنى قولتۇقلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ...

ئونىنجى باب

# ‘يېڭى ئاي قوشۇنى‘ دا

“يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.”
— ئۇيغۇر ماقالىلىرىدىن

بۇ كۆنلەردە قاسىمنىڭ كامېردىكى ‘جىنايى ئىناۋىتى‘ بارغانسېرى تۆكۆلۆپ، يالغۇز ‘بەھرىمەن ‘ بولىۋاتقان كامېرى يېڭى كەلگەن خوجايىنلار بىلەن لىق تولماقتا ئىدى. يېڭىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆزۆك ئېغىز ئاچمىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار ئاساسەن خىتايلار بىلەن ئاشكارە گەپ تالاشقاندەك ئىشلار سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغانلاردىن ئىدى. خىتاي گۇندىپايلارنىڭ كۆڭۆل ئېچىشىغا لازىملىق دۇمبالاپ ئوينايدىغان ئادىمى كۆپىيىپ كەتكەچكىمۇ قانداق، كونىراپ قالغانلارغا تاياق يېيىش نۆۋىتى ھەپتىدە بىرەر قېتىممۇ كەلمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ يېڭىلاردىن خۇدىنى يوقاتقىچە تاياققا نىسىپ بولىدىغانلار يەنىلا كۆپ ئىدى.

بۇ يېڭى كىرگەنلەر ئارىسىدا بىرەر چۆمۆلىنىمۇ دەسسەپ قويۇشتىن قورقىدىغان توخو يۆرەك نازۇكلار، ئادەمنىڭ يۆرىكىنى تېرىك تۇرغۇزۇپلا سۇغۇرۇپ ئېلىپ خام يېۋېتىدىغاندەك ئەلپازدىكى تەلۋىلەر، ‘ئانا، ئاپتوۋۇزغا تەپسىلى چىقىڭ ‘ دەيدىغاننى ئەمدىلا ئۆگۆنىۋالغان ‘ئىلمىي، ئەخلاقلىق ‘ مويسىپەتلەر، ئاغزى يەتمىشنچى يىللارنىڭ كوچا ھاجەتخانىسىدىنمۇ بەتتەر بىزەپلىشىپ كەتكەن ئاغزى سېسىپ تۇرىدىغان چىركىنلەر، ... ئىش قىلىپ ھەممە تەبىقىدىن دېگىدەك ئادەم ئۆلگىلىرى تېپىلىدىغان جامائەت گۇرۇپپىسى ھالىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا كامېر ئىچى بۇرۇنقىدەك كۆنلەرچە ئۆن-تېۋىش چىقمايدىغان جىمجىتلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، يەر تالىشىپ ئاغزىنى تىزىغىچە سېرىۋېتىپ تىللىشىدىغانلار ھەر كۆنى دېگىدەك نەچچە قېتىمدىن كۆرۆلۆپ تۇراتتى. بۇ تۆردىكى جىدەللەر كامېردىكىلەرنىڭ جىدەلخورلىغىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ قىستا-

قىستاق سىپىسقىچىلىقتا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ بىر مەلىكىسى بولۇپ قالغانلىقىنى قاسىم ياخشى بىلگەچكە، تاتلىق ئەسلىمىلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا پارتىلىغان جىبدەل-ماجىرالار بىلەن پات-پاتلا ئۈزۈلۈپ تۇرۇشلىرىغىمۇ كۆنمەكتە ئىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن، قاسىمنىڭ جان پىدا قىلىپ قوغدىماقچى بولغان دەپ يۈرگەن ئادەملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇ خىلدىكى ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەردىن-دە!

قاسىم بەزىدە كامېردىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزسە، يەنە بەزىدە جىدەلخور ئۆكتىچىلەرنىڭ تۆر تالىشىپ قىلغان جىبدەل-ماجىرالىرى سەۋەبىدىن كامېر ئىچىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتكىدەك ھالغا كەلتۈرۈۋېتىشلىرىنى تاماشا قىلىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى ئاغزى كىرلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان چەكسىز مول تىل-ئاھانەت سۆزلىرى قاسىمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق ئېغىر ئەدەپسىز سۆزلەر مارجاندەك تىزىلىپ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇراتتىكى، بۇنچە تىل-ئاھانەتلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلمەي چىقىشىغا ئاغزى ئېچىلغان ھالدا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالاتتى. ئۇنىڭچە بولغىنىدا، بۇنچە تىللاش سەۋىيىسىگە كېلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىللىق ئاھانەت پاكولتىتىدا كامىدا بىرەر يۈز پارچە ھاقارەت دەرسلىك كىتابلىرىنى لاياقەتلىك ئوقۇپ پۈتتۈرگەن بولۇشى شەرت ئىدى: ‹تووۋا خۇدايىم، بۇ بالا شۇنچە كۆپ پاسكىنا سۆزلەرنى قاچانلاردا شۇنچە راۋان ياتلاپ بولالىغاندۇ؟ تېخى كىچىكلا بالىدەك قىلىدۇ بۇ!› دەپ ئىچىدە ئويلاپ قالدى.

بۇ ئارىدا كامېردىكى ئەڭ ‹نوچى› ھېساپلىنىدىغان لۈكچەكلەرمۇ نېمىشقىدۇر قاسىمدىن ھېيىقىشنى ئۇنۇتمىغان ئىدى. بۇ ۋەھشى لۈكچەكلەر ئۇنىڭغا چېقىلمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنى 'تۆر' گە تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرىگە ‹ئىناۋەتلىك باش مەسلىھەتچى› قىلىشىۋالغانىدى. شۇڭا، قاسىم بۇ كامېردا ‹ئىچكى جىبدەل-ماجىرالار› دىن يىراقلا خالى ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۈندۈزدىكى ئۇر-قوپ ماجىرالار تۈپەيلىدىن شىرىن ئەسلىمىلىرىنى كېچىگە قالدۇرۇپ، كۈندۈزى ئاساسەن ئۈزۈك-ئۈزۈك مۆگدەشلەر بىلەنلا ۋاختىنى ئۆتكۈزەتتى.

قاسىم ئەنە شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ گالىۋاڭلىق قىسمىلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. ...

دېگەندەك، خاسىيەت بىلەن تۇيۇقسىز تونۇشۇپ قېلىشى قاسىمنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. قاسىم، بۇ كۆلەردە ئازىراقلا يالغۇز قالغىنىدا بىلگەن 'مۇھەببەت ناخشىلىرى' نى قاغا پۇتى غىڭشىپ قوياتتى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بالىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. مۇھەببەت ئادەمنى ئون يىل ياشارتىۋېتىدۇ دېگەن سۆز قاسىمغا سەل كاملىق قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ، ياشىرىپ گويا يىگىرمە ياشقا كېلىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى. سەكرەپ-سەكرەپ مېڭىپ كېتەتتى، يەنە بەزىدە ئاكورتلاشتۇرۇپ غىڭشىپ دەسسەپمۇ قوياتتى.

"تاك، ... تاك-تاك!"

ئىشىكنىڭ چېكىلىشىدىنلا بۇنىڭ خاسىيەت ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدى. ھاياجانلانغىنىدىن يۈرىكى 'جىغ' قىلىپ ئويناپ كەتتى. دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا تۇرغان خاسىيەت شۇنداق چىرايلىقلىشىپ كەتكەنكى، ئادەمنى جەننەتتىنمۇ ياندۇرۇپ چىقالايدىغاندەك شەيتاننىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى! ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالىغىدەك كۈچى قالمىغانىدى. ئەگەر كەينىدىلا كۆرۈنگەن يەنە بىر قىز دوستىنى دېمىسە ئىدى، قاسىم بېرىپ خاسىيەتنى قوچاغلاپلا كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىۋالغان بولاتتى. ئۇ، مىڭ تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يالغان سالاپەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ، قىزلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

خاسىيەت قىز ئۆيگە كىرە-كىرمەيلا خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك ئېچىلىپ-يايراپ بەكلا خوشال ھەرىكەتلەر بىلەن دەستىخان راسلىدى. بۇ ئارىدا قاسىممۇ گاز ئۇچاققا چايغا سۇ قويۇپ ئۈلگۈردى.

"بۇ دوستىمىز گۈلباھار بولىدۇ. ــ دېدى خاسىيەت سەل قىزغانچۇقلۇق بىلەن قىز دوستىغا قاراپ، ــ قالغىنىنى ئۆزەڭلار سۆزلىشىپ تونىشىۋالارسىلەر."

مېھمان قىز ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ تەبەسسۇم كۆرسىتىپ بېشىنى لىڭشىتقاچ قايتا سالام بەرگەندەك بولدى.

"ياخشىمۇسىز؟ ــ دېدى قاسىم گۈلباھارغا قاراپ، ــ مېنىڭ ئىسمىم قاسىم، بەلكىم خاسىيەتتىن ئاڭلىغانسىز. ئۆز ئۆيىڭىزدەك تارتىنماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭ."

"ئاۋارە بولماڭ!" ــ گۈلباھار تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋازدىن قاسىم چۆچۈپ كەتتى: بۇ قىزنىڭ ئاۋازى رەسمى ئەر كىشىنىڭكىدەكلا توم چىقىپ كەتكەنىدى. گۈلباھارنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ئىنتايىن ساغلام، ئۇستىخانلىق، كۆكسىلىرىمۇ

تولۇپ تاشقان بولۇپ، قاپ-قارا پارقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى مۆرىسىگە چۈشكىچە ئۆزارتىپ چىرايلىق بۆدرە قىلىشقا ئالغانىدى. ئەگەر بۇ قىزنىڭ چېچىنى، كۆكسىنى ۋە سەل-پەل تۈزەشتۈرىۋالغان ئۆزۈن قارا قاشلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، خۇدايىم بۇ قىزنى ئەسلىدە ئوغۇل قىلىپ ئاپىرىدە قىلىشنى لايىھىلەۋاتقىنىدا، نېمىشقىدۇر ۋاز كېچىپ قىز قىلىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

"شۇنچىلىك قارىغىنىڭىزمۇ يېتەر قاسىم، بۇنچە تىكىلىپ كۆزىگە كىرىۋالسىڭىز دوستۇمنى خىجىل قىلىپ قويىسىز. — دېدى خاسىيەت قاسىمنى يېڭىدىن تارتىپ ئۇلتارغۇزغاچ، — دوستۇمنى كۆرۈپ مەندىن يۈز ئۆرۈپمۇ يۈرمەكچى يەنە!" — دەپ چاخچاق قىلدى. گۈلباھارمۇ ئۇڭايسىزلانغان بولۇپ ئۇيان-بۇيان تولغىنىپ قويدى.

قاسىم بۇنداق چىرايلىق قىزلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ باقمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. بويتاق بولغىنى، شۇنىڭدەك يېشىمۇ خېلى ئوبدانلا ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بۇ يېقىنقى يىللاردا توي-تۆكۈن، ياشلار ئولتۇرۇشلىرىغا تەكلىپ قىلىشىدىغانلارمۇ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ يېقىنقى يىللاردا ئۇنىڭ قاتنىشالايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئولتۇرۇشى — ھېلىقى ئۈچ ئۆلپىتى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەرلەر ئولتۇرۇشىلا قالغانىدى.

راس، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن بىرەر ئايدىن بۇيان ئۇچرىشالمىغانىدى. ئۇلار نېمە قىلىپ يۈرىشىدىغاندۇ؟ دەپ كونا دوسلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

چاي-پىرەندىكلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەممە جىمىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن خاسىيەت، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ باشلىدى:

"بىز ئىككىمىز سىزدىمۇ بار بولغان ھېلىقى ئىككى كىتابىڭىز روھى بويىچە خىتايلار ئارىسىدا ۋەھىمە يارىتىش قوشۇنى قۇرغانىدۇق. — خاسىيەت گەپنى تۇلا ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي ئۇدۇللا قىلدى. ئۇ پۈتۈنلەي جىددى تۈسكە كىرگەنىدى، — بۇ قوشۇنىمىزنىڭ مەخسىدى ئاساسەن شۇ «ئىزچى مەن» نىڭ پروگىراممىسىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىش. — خاسىيەت دوستىغا قارىدى، — قېنى گۈلباھار، سەن مەندىنمۇ ياخشىراق ئۇختۇرالايسەن. پىلانلىرىمىزنى قاسىمغا دەپ بەرگىنە."

"سەن دەۋەرمەمسەن، — دەپ سەل تەكەللۇپ قىلدى گۈلباھار بەكلا تۇم بىر ئاۋاز بىلەن، — خاسىيەت ... خاسىيەت بولسا كومپيۇتېر كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر ستۇدېنت. قارىغاندا سىزمۇ ئالىي مەلۇماتلىقتەك كۆرۈنىسىز. مەن ئىختىسادىي

سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ باللىق بەگۋاشلىغىمدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ كومپيۇتېر ئىشلىتىش كورۇسىغا كىرىپ ئوقۇپ يۈرگىنىمدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. شۇڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مەن ئاتىكاچىلىق قىلىپ يۈرسەم بولماس. ...“

”مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچى تۇرۇغلۇق ئاتىكاچىلىق قىلسام تېخىمۇ بولمايتتى. ــ قاسىم گۈلباھارنىڭ گېپىنى بولۇپلا دېدى، ــ ئەمما، گۈلباھار قىز، ــ قاسىم تاماكىسىنى شورىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۈگۈن بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر پەن-تېخنىكا تەتقىقات مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا يىغىلمىدۇق. ئەسلىدىلا بىزگە ئوخشىغان يۈز مىڭلارچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئالغانلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق تۇرماق، بۇ ۋەتەننى تېخىمۇ تولۇق خىتاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلاردەكلا قىلىمىز. شۇڭا، بۇنداق جىددىي بىر ئىشنى ئوقىغان ئالىي بىلىملىكلەر ئەمەس، ۋىجدانلىق كىشلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىمىز. بۇ قوشۇنىمۇ ئارىمىزدىن سىزنىڭ چىقىپ قۇرۇشنى ئەقلىڭىزگە كەلتۈرگەنلىكىڭىزمۇ بۇنىڭ ئالدىمىزدىكىلا بىر جانلىق پاكىتى دېيىش كېرەك. دېمەكچىمەنكى، بىزدەك ئوقىغان ئالىي بىلىملىكلەر يېرىم ئەسىردىن بۇيان ۋەتەن-مىللەت مۇزاكىرىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇخىل زىيالىيلار مۇزاكىرىلىرىدە نە ئىلمىي مەسىلىلەردە، نە ۋەتەن-مىللەت تەغدىرىگە دائىر مەسىلىلەردە بىرەر ئىش چىقىرالىدى! ئەمما سىز بۇ ھەقتە بىر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغاندەك قىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە بوي سۇنۇشقا مەجبورمەن. بۇ ھەقتە قىلچىمۇ تارتىنماڭ.“

بۇ چاي سۆبىتى بەكلا ئۇزۇن داۋام قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا قاسىمنىڭ پۈتۈن ئەۋلادىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن تارتىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا دائىر بارلىق مەسىلىلەرگىچە يېپىدىن يىڭنىسىغىچە قاسىمنىڭ پىكرى ئېلىنىپ مۇزاكىرە قىلىندى. بولۇپمۇ يوشۇرۇن ھەرىكەت پرىنسىپلىرى، ۋەھىمە تۇغدۇرۇش قاراشلىرى ئۈستىدىكى دىققەتسىزلىكلەر ھەققىدە ئالاھىدە كۆپ تالاش-تارتىشلار بولۇپ ئۆتتى. بۇ جەھەتتە گۈلباھارنىڭ كەسكىنلىگى قاسىمنى ھەيران قالدۇردى.

“... سىلەر ئىككىڭلار نېمە ئانچە بالىلارچە قارايسىلەر بۇ ئىشلارغا! ــ گۈلباھار، رەسمىلا رەنجىپ گۈلدۈرمامىدەكلا ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى. دېمەك، بۇ قىزنىڭ بوم تارىدەك ئاۋازىنىڭمۇ پايدىسى بار ئىكەنلىكىنى قاسىم ھېس قىلىشقا باشلىدى، ــ مەن بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزگىنىمدە، بىر-بىرلەپ قولغا چۈشۈپ ئۆلۈپ تۈگىسۇن دەپ سىلەرنى ئەزا قىلغانمىدىم؟! بىز بۇ ئىشنى قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي قىلىۋاتقىنىمىز يوق! ئىككى مىليون كىلومېتر چاسا زېمىنىمىزگە يېيىلىپ كەتكەن ئون مىليونلۇق بىر دۈشمەن كۈچىگە قارشى جەڭ باشلاۋاتقانلىغىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇيا؟ يا بولمىسا شۇ ھېلىقى چەتئەللەردە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرگىنىگە قارىماي جاھاننى ئوڭ-تەتۈر قىلىۋېتىدىغاندەك قۇرۇق پو ئېتىپ يۈرۈشكەن مۇھاجىر تەنتەكلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ تۇتۇلۇپ قالساق بىزنى قۇتقۇزىدىغان دۇنيا جامائەتچىلىگى بار دەپ يۈرىدىغانلاردىنمۇ سىلەر يا بولمىسا؟ ئەگەر شۇنداق ئويۇڭلار بولسا، دەرھال بۇ قوشۇنمىدىن يىراق تۇرۇڭلار! بېرىپ شۇلار بىلەن گېزىت چىقىرىپ يىغىن ئېچىۋېلىڭلار! ... ــ گۈلباھار غەزىۋىگە ھاي بېرەلمەيلا قالغانىدى. دەرھال سومكىسىدىن ‘كامېل ’ ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى. قىز تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن قاسىمغا قاراپ دېدى، ــ كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم. تاماكا چېكىشىمنى ئەيىپكە بۇيرىماڭ. ــ قىز تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېلىپ ئېغىز-بۇرۇنلىرىدىن پۇرقۇرىتىپ ئىس چىقارغىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز، ئۇزۇن ياشاش بەدىلىگە تۇتۇلماي تېخىمۇ كۆپ ۋەھىمە پەيدا قىلىش! ئۇنۇتماڭلار، بۇ خىل ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە تېخى ئەمدىلا ھەرىكەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ۋە دەسلەپكى ئۈنۈمىنى بېرىشكە باشلىدى. چەتئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىمىز ئەللىك-ئاتمىش يىل يىغىن ئېچىپمۇ قاملاشتۇرالمىغان ئىشلارنى بۇ ھەرىكەتلىرىمىزگە تايىنىپ بىرەر يىل ئىچىدىلا ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدۇق. مانا بۈگۈن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان خىتاي كۆپىيىشتىن توختىدى دېيىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ۋەتىنىمىزدىن ئەڭ كامىدا يىلىغا سۇنئىي كۆپىيىپ بارىدىغان يېرىم مىليون خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقاردۇق دېگەنلىك! يېرىم مىليون! بىز ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەزىيەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن بولسىمۇ كۈچ

چىقىرىشىمىز شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردەك ئۇنداق تەنتەكلىك قىلىشنى قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك! قارىغاندا، بىز ئىنتىزام جازاسى تۈزۈپ چىقمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. دىققەتسىز ھەرىكەت قىلغانلارنى بۇندىن كېيىن ئېغىر جازالاش چارىلىرىنى بەلگىلىشىمىز لازىم. كۆپ-كۆندۈزدە مىغىلداپ تۇرغان خىتايلار ئارىسىدا بىرىڭلار بومبىنى تاشلىۋېتىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان، يەنە بىرىڭلار ياسىۋالغان بىخەتەرلىگى يوق بىر بومبىنى قولتۇقلاپ كوچا ئ ايلىنىپ يۈرگەن، بۇنداقمۇ پەرۋاسىزلىق بولامدۇ! ...“ ـ خاسىيەت بىلەن قاسىم كىچىك باللاردەك يەر تېگىدىن قارىشىپ تىرنىغىنى تاتىلىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. گۈلباھار رەسمىلا پارتلاپ كەتكەنىدى.

بۇ ئارىدا، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قاسىم قوشۇنغا ئالاھىدە ئەھۋالدا قايتا سىناق قىلىنمايلا رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدەك، گۈلباھارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىككى ئاشىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. خاسىيەتنىڭ مەرھۇم يولدىشى خىتايلار تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ، جەمىيەتكە يۈز كەتكەن بىر قىز. ئۇنىڭدەك بىرسى بىلەن بىر قوشۇن ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاشكارە قانۇنىي نىكا قىلىپ ئۆي تۇتىشىنىڭ قوشۇنغا پايدىسىدىن قارىغاندا خەتىرىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن تەڭ، ئۇلار ئىككىسى جىمىپلا قالدى.

“مېنىڭچە بولغاندا، سىلەر بەختلىك ھايات دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قوشۇنىمىزنىڭ بىخەتەرلىگى ئۈچۈن ئاشىنىلىق مۇناسىۋەت شەكلىدە ئارىلىشىپ ئۆتسەڭلار مەيلى. ئەگەر ئەخلاقىڭلار بەكلا ئېغىر بېسىپ چىديالماي قالساڭلار، بىرەر ئىمامنى تېپىپ دىنىي نىكا قىلدۇرىۋېلىڭلار. ـ گۈلباھارنىڭ بۇ تەكلىپى ئىككىسىنى تەمتىرىتىپلا قويغانىدى، ـ شۇنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، بىز بۇ قوشۇننى ئاغىنە تېپىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولغىنىدا ھېلىغۇ مۇھەببەت ياكى ئەخلاق ئىكەن، جېنىمىزنى تەلەپ قىلغىنىدىمۇ قىلچە تەمتىرىمەي پىدا قىلىشىمىز شەرت! مانا بۇ ‘يېڭى ئاي قوشۇنى‘ مىزنىڭ تۆپكى ئىنتىزام پىرىنسىپى!”

خاسىيەت بىلەن قاسىم، بىر-بىرىگە مۆڭلۈق قارىشىپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ قېلىشتى. گۈلباھار ھەقىقەتەنمۇ قىلنى قىرىق يارىدىغان ئېھتىياتچان بىر تەشكىلاتچى ئىدى. بولمىسا، ئۇمۇ ئائىلىسىنىڭ زورلىشى بىلەن توي قىلغان،

كېيىن چىقىشالماي ئاجرىشىپ كەتكەن ياش تۇل ئايالنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ يېقىنلاردا ئۇ بىر دوختۇر بالا بىلەن ‹مۇھەببەت     › لىشىپ يۈرگەندەك قىلىسمۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا شەھۋانىلىقتىن نېرى كېتەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئەتىراپىدىكىلەر گۈلباھارنى ئۇچىغا چىققان بىر شەھۋەتپەرەس دەپلا تونىشاتتى. خاسىيەت بۇ يەردە شۇنچىلىك شوخلۇق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەتىراپىدىكى تونۇش-بىلىشلىرى ئۇنى مەڭگۈلۈك قارىلىق تۇتقان شېھىت ئائىلىسىنىڭ جىمغۇر كېلىنى دەپلا بىلەتتى. قاسىمنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ ئۇنچىلىك شەرەپكە لايىق ئەمەس ئىدى: ‹ئۇچىغا چىققان بىر ھاراقكەش ئىنجىنېر!› بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا قاسىم بىلەن گۈلباھار ئىككىسىنىڭ جەمئىيەتتە پاش قىلىنىش ئېھتىمالى بەكلا تۆۋەن بولۇپ، بۇنداق ئادەملەردە ۋەتەن-مىللەت ھەققىدە بىرەر غۇرۇر ياكى ۋىجدانىنىڭ بولىشىنى ھېچكىم قىياس قىلىشالمايتتى. ...

ئەنە شۇنداق تاشقى قىياپەتتىكى بۇ يوشۇرۇن قوشۇن ئېھتىياتچان، ئەمما كەسكىن بىر يېتەكچىسىگە، ئېلېكترون مېڭە مۇتەخەسسىسى ۋە بىر بىناكارلىق ئىنجىنېرى بولغان خېلى مۇكەممەل ئىككى كەسىپى ئەزاسىغا ئىگە نىسبەتەن جەڭگىۋار، خىتايغا ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان يەرئاستى يوشۇرۇن قوشۇن ئىدى. شۇڭا كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشقا ھاجىتى قالمايلا قاسىمنىڭ ‹باسماق پارتلاتقۇچ› ئۈلگىسىنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ رەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ بىخەتەر دەپ قارالغان ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان مىنا لايىھە نۇسخىسى ئاساسىدا تېخىمۇ تەپسىلى ماتېرىيال توپلاش قارارى ئېلىنىدى. بۇ ۋەزىپە يەنىلا خاسىيەت بىلەن قاسىمغا تاپشۇرۇلدى. پارتلىتىش دورىسى تېپىش بىلەن مىنا قويۇش نوقتىسىنىڭ تاللىنىشىنى گۈلباھار ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى.

ۋاقىت ئاللىقاچان يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان بولغاچقا، قىزلار قونۇپ قېلىشقا رازى بولۇشۇپ، ھەممە بىرلىكتە تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. ...

تاماق يېيىلىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. زالدا تاقۇر-تۇقۇر بىرمۇنچە ئاياق تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

“لاۋ كا مەن، ئىشىكىڭنى ئاچ. ـ دەپ قاسىمنىڭ يان قوشنىسى توۋلىدى. قاسىم ئالدىراش-تىنەش ئىشكاپتىن بىر نەچچە پوتولكا داچۇي-قىزىل ھاراقلارنى چىقىرىپ جوزىغا تىزىۋېتىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ـ رەسمىيەت ئۈچۈن نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەنىكەن، خاتىرجەم ئولتۇرىۋېرىڭلار. ـ دېدى ئۇ خىتاي، ـ

مەن ئۇلارغا سەن توغرىلىق ئەنسىرىمىسمۇ بولىدىغان ئىشەنچلىك ئېنجىنېرىمىز دەپ تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. بۇ دوستلىرىڭنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلىرى تولۇقتۇ؟" ــ مېھمانخانىغا كىرگەن بۇ خىتاينىڭ كۆزلىرى چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئاستا قاسىمغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

بىرئازدىن كېيىن توت-بەش خىتاي ساقچىسى ۋە پۇخراچە كېيىنگەن بىرنېمىلەر كىرىپ ھەممىسىنىڭ قولىدىكى كىنىشكا-تونۇشتۇرۇشلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ گەپ-سۆز قىلماي چىقىپ كېتىشتى.

"ھېلىمۇ ياخشى، ئۆي ئاختۇرۇشمىدى بۇ خىتايلار." ــ دېدى خاسىيەت تاتارغان ھالدا. بۇ گەپ بىلەن گۈلباھارنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

"مانا بۇمۇ سىلەرنىڭ بىخەستەلىكىڭلارنىڭ بىر ئۈلگىسى. راس دېگەندەك، ئۆي ئاختۇرغان بولسا، كىتاب-بومبىلار بىلەن نەقلا قولغا چۈشكەن بولاتتۇق. باشلىق قوشنىڭىز تازىمۇ لەقۋا بىرنېمە ئوخشىمامدۇ؟ تالاغا چىقىپ پىچىرلىشىدىن قارىغاندا ئۇلار بىزنى رەسمىلا پاھىشىلەركەن دەپ ئويلىغاندەك قىلىدۇ. دېمەك، كىچىككىنە گىرىمنىڭ پايدىسى بۇ. ئەندى قېنى كېلىڭلار، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگىچە يەپ تۆلەيلى. سىز رەنجىمەڭ قاسىم، مەن شۇ ھاراقلىرىڭىزدىن قۇيىۋېرەي. ــ گۈلباھار رومكىلارغا ئاق-قىزىل ھاراقلارنى قۇيۇشقا باشلىدى، ــ سىز ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن ئېقىنى ئىچىڭ. بىز ئىككىمىز قىزىلىنى ئىچەيلى." ــ دېگىنىچە، گۈلباھار ئاق ھاراق قۇيۇلغان بىر رومكىنى قاسىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. خاسىيەت تولغىنىپ تۇرۇپ تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىدى:

"مەن مۇشۇ ھالىمدىمۇ رەسمىلا مەستەك بولۇپ قالدىم. سىلەر ئىككىڭلار ئىچىۋېرىڭلار، ماڭا قارىماڭلار."

قاسىممۇ ئىنتايىن ئۇڭايسىزلانغان ھالدا بىرنېمىلەر دەپ غۇدۇڭشۇپ يۈرۈپ، گۈلباھارنىڭ ئالدىدىكى قىزىل ھاراقنى ئۆزىگە تارتىپ، ئالدىدىكى ئاق ھاراق رومكىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

"زىيالىي دېگەنغۇ ساپلا مۇشۇنداق بىرنېمىلەر." ــ گۈلباھار ئالدىدىكى ئاق ھاراق رومكىنى قولغا ئېلىپ ئاغزىغا بىراقلا ئۆگتۈرۈپ غۇرتلا قىلىپ يۇتىۋەتتى. قاسىم بىلەن خاسىيەت نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر-بىرىسگە قارىشىپ قوللىرىغا قىزىل ھاراق رومكىلىرىنى ئېلىشتى. بۇ قىزنىڭ بايىتىنقى سالاپەتلىك ۋە ئۆزىنى تۇتىۋالغان قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بەدىنىگە چىڭ كېيىۋالغان

كۆلرەڭ چاپىنىنى سىلىقىتىپ، نېپىز قىزغۇچ كوپتىسىنىڭ ئالدىنى سەل بوشىتىپمۇ ئۆلگۈردى. بوينىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ساغلام ئىككى كۆكسى قىزغۇچ نېپىز كوپتىسنى يىرتىۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ كەتكەندى. ئىختىيارسىزلا بۇ تولغان كۆكسلەرگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قاسىمنى گۈلباھارنىڭ توم چىققان ئەركىشىنىڭكىدەك ئاۋازى چۆچىتىۋەتتى:

"ھە، قاسىم ئەپەندى، خاسىيەتىنىڭكى سىزگە يارىماي قېلىۋاتامدۇ-قانداق؟ بەكلا تىكىلىپ قاراپ كەتتىڭىزغۇ كۆكسلىرىمگە؟" ــ ئۇنىڭ شەھۋانە كۆزلىرى رەسمىلا يولدىن چىققان بۇزۇقلارنىڭكىدەك قاسىمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

'تۇۋۋا خۇدايىم، مۇشۇنداق قىياپەتتىكى بىرسىنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قىزىقىپ قالغىنى نېمىسى؟ ' دەپ ئويلىغان قاسىم، گۈلباھارنىڭ قىياپىتىگە ئەنسىرىگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ قىز ھېلىدىن ھېلىغا تاماكا تۇتاشتۇراتتى، ئارىلاپ رومكىنى قۇرۇغداپمۇ قوياتتى.

"ھەيران قالماڭ، بايىتىدىن سىزنىڭ تاماكا چېكىشىڭىزگە قاراپ چىديالماي تېپىرلاپلا قالغانىدىم. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە مەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سىز بىلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ ئۇلار ئىچىۋالغىنىدا ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىشقا رازى. ئۇلاردا نومۇس، ئەقىدە دېگەنلەر ئاللىقاچان ھاراقنىڭ ئىسپىرتى ئىچىدە ئېرىپ تۈگىگەن! رازى قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنداقلارغا خىتايلا ئەمەس، قاپقارا نېگىر بولسىمۇ پۈلەپ ئولتۇرمايدۇ. ــ گۈلباھار ئەلەڭ-سەلەڭ قوللىرىنى ھاۋاغا شىلتىپ قويدى، ــ مەنمۇ بۇ، ... بۇ ئىشنى تاپمىغان بولسام، ... ئۇلاردىن قېلىشمىغان بولاتتىم! ... ــ قاسىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كۆڭلىدە: 'سەن ئاللىقاچان ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىپسەن!' دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى، ــ سىز، ... سىز قارىغاندا مەندەكلەرنى كۆرمىگەنىكەنسىز. ... مەنمۇ ... مەنمۇ ئۇلاردىن قې ... قېلىشماي، ..." ــ گۈلباھار 'كامېل ' تاماكىسىدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تۇرۇپ قېپىدىن بىرتال چىقىرىپ ئاغزىغا چىشلىدى. ئاندىن قاپنى سىلكىپ تۇرۇپ قاسىمغا تەڭلىدى. قاسىم دەرھال بىرتال تاماكا چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرۇپ تۇردى. مەس قىز، قاسىمغا توغرىلاپ تۇمشۇغىنى تەڭلەپ ئېڭىشكىنىچە ساقلاپ تۇردى. "قېنى تۇتاشتۇرمامسىز" دېگىنىدىلا ھوشىغا

كەلگەن قاسىم، ئالدىراپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تارتتى.

"قانداق بالا بۇ! ــ گۈلباھار تىكىلىنىپ قاسىمغا ۋارقىرىدى، ــ مېنىڭكىنىچۇ؟

ــ قاسىم كەچۈرۈم سورىغىنىچە ھاپىلا-شاپىلا چاقمىغىنى چىقىرىپ قىزغا ئۇزاتتى،

ــ يا ... ق، ئۇنداق ئەمەس، ... سىز ئۆزىڭىز ..."

قاسىم ئۆمۈرىدە بىرەر ئايال كىشىگە تاماكا ئۇچۇن سەرەڭگە يېقىپ باقمىغاچقا سەل تۇرۇپ كېتىپ، گۈلباھارنىڭ تاماكىسىغا چاقمىغىنى چېقىپ تۇتتى.

"ھە، ... ما ... مانا شۇنداق."

"رەنجىمەيسىز، مەن بۇ كەمگە كەلگىچە تېخى بىرەر قىزنىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ..." ــ قاسىمنىڭ بۇ رەنجىگەنلىك سوزى قىزغا قىلچە تەسىر قىلمىدى بولغاي:

"قارىغاندا ئىككىڭلار ... بەكلا تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتىسىلەر ھە، ... شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ خاسىيەتكە خېلىلا زورلىنىپ بىر كۆزىنى قىسىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئىككىلا كۆزىنىڭ تەڭ قىسىلىپ كېتىشىنى توساپ قالالمىدى. بىر قولىنى ئېغىر شىلتىگىنىچە دېدى، ــ بېرىڭلار، سىلەر كىرىپ ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. مەن ... مەن يەنە ئازراق ئىچىپ ... مۇشۇ يەردىلا ... قىڭغىيىۋالسام يېتىدۇ. ..." ــ گۈلباھار بىر قولىدا تاماكىسى، ئاستا قىڭغىيىپ دىۋانغا يانچىلاپ يېتىۋالدى. بىردەمدىلا پۇشۇلداپ ئۇيقىغا غەرق بولدى. قاسىم ئاستا ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنى ئېلىپ كۈلدانغا بېسىۋەتتى.

خاسىيەت چىقىپ ئۇنىڭغا بىر ياستۇق بىلەن بىر ئەدىيال كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۈستىنى يېپىپ قويدى. قاسىم بۇ جەسسۇر قىزنىڭ ھازىرقى بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى.

"قېنى بۇ قىزلارغا ئىگە بولىدىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى؟ بۇلارنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى نېمە ئۇچۇن ئويلاشماي يۈرۈۋېرىمىز؟" دەپ ئويلىغان قاسىم، دىۋاندا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان گۈلباھارغا قاراپ تاماكىسىنى چېكىپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.

قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان خاسىيەت:

"جېنىم دوستۇم، سېنى مۇشۇ كۆنلەرگە قويغان بۇ جەمىيەتكە لەنەتلەر بولسۇن!" ــ دېگەچ ئاستا قاسىمغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاغلىغىنىچە ئۇمۇ

قوشۇلۇپ جىم بولۇپ دوستىنىڭ پۇشۇلدىشىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ...

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئۇلار چۈشكە يېقىن ئاران ئويغاندى. گۈلباھار خېلى بۇرۇنلا تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتى. ئۇ چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ياتاق ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى:

“شۇنچىلىك بولغىنى بۈگۈنچە يېتەر! ... چاققان چىقىڭلار، بولمىسا سۇ مۇزلاپ كېتىدۇ! ...”

سوغۇق تۈرمە كامېرىنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان قاسىم، بۇلارنى كۆزئالدىغا كەلتۈرگىنىچە چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. ...

# ئون بىرىنچى باپ

# گۈلباھار

"باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل"
— خەلق ناخشىسىدىن

بۇ ھەپتىدە قاسىمدىن باشقىلىرىنى بىرلەپ-ئىككىلەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۆلارنىڭ ئورنىغا يېڭى تۇتۇلغانلاردىن ئون نەچچە ئۇيغۇر-قازاقنى كامېرغا تىقىشتى. بۇ قامالغانلارنىڭ يارا ئىزلىرى تېخى يېڭى ئىكەنلىگىگە قاراپ، بۇ ياشلارنى تېخى يېڭى قولغا ئېلىنغانلار بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى. خىتاي جاللاتلىرى بەلكى يېڭىلارغا سۇر كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قاسىمنىمۇ ھەر كۈنىسى دېگۈدەك ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ پۈتۈن بەدىنىنى قىپقىزىل قانغا بويىشىپ كامېرغا سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلايدىغان بولۇۋېلىشتى. خىتايلار بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئۈنى سوئال-سوراققا تۇتقانلىرىدا بىرەر يېڭىلىق بولمىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۆلارنىڭ جازالاش قۇراللىرى ئايدىن-ئايغا سەرخىللىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇرۇلغان يەرلەردىن قان چىپىلداپ ئېقىپ، بەدەنلىرىنى بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بوياپ قورقۇنۇچلۇق ھالغا كەلتۈرىۋەتەتتى. كامېردىكى باللار بۇنچە ئېغىر ئازاپلىنىشلارغا چىداپ كېلىۋاتقان قاسىمنىڭ غەيرىتىدىن ھەيران قېلىشتى. كەينىدىنلا ئۆلارمۇ جازاغا تارتىلىپ، بەزىلىرى تولۇق ھوشىنى يوقاتقان ھالدا كامېرغا كەلتۈرۈلۈدىغان بولدى. بۇ ياش باللار كامېرغا كىرگەندىن كېيىن بەزىلەر ئولتۇرۇپ تىنماي يىغلاپ چىقسا، يەنە بەزىلەر كۈنلەرگىچە تىنۋش چىقارماي قاراڭغۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قاسىمنىڭ سوراققا ئېلىپ چىقىرىلىشى يەنە قايتىدىن ئازىيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يارىلار بۇ قېتىم يىرىڭداشقا، كەينىدىنلا مۆلدۈرلەپ قۇرتلاشقا باشلىدى. قاسىم قىزىرىپ كۆپتەك ئىششىپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ۋە ئەسلى مەخسىدىنى ئوچۇق كۆرگەن

ياشلار، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزىۋىنى يوشۇرالماي قېلىشاتتى.
شۇ ھالىدىمۇ قاسىم ھوشىغا كېلىپ سەل ئوڭشىلىۋالغىنىدىن كېيىنلا يەنە كونا ئەسلىمىلىرى قايىنىمىغا كىرىپ كېتەتتى. ...

قاسىم، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' غا ئەزا بولغىنىدىن كېيىن كۆڭلىرىنى ئالاھىدە خوشال ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئەندى ئۇنىڭ ئايالّلاردىن بولسىمۇ بىر تەشكىلى، بىر يېتەكچىسى بار ئىدى. ئىشلىرىمۇ ئۆزلىگىدىنلا پىلانلىق ۋە راۋانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا ھەرخىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى يېزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزسە، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى يېڭى پىستان، يېڭى مىنا لايىھىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزەتتى.
شۇنداق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قاسىمنىڭ ئۆيىگە ھېلىقى ئاغىنىلىرى يىغىلىشتى. ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىشىپ، كوچىدا پەيدا بولىۋاتقان ۋەھىمىلەردىن، باشقا شەھەر-ناھىيىلەردىكى تۆمۈريول-تاشيول بويلىرىدا بولغان ۋەقەلەردىن يېڭى خەۋەرلەرنى بىر-بىرىگە يەتكۈزىشەتتى.
ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى بۇ كۈنلەردە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىگە كېڭىيىپ رەسمىلىشىپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گەرچە خىتايدىن يېڭى كېلىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى ئاساسەن توختىغاندەك قىلسىمۇ، خىتايغا قاچىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋەھىمە تېرىش ھەرىكەتلىرىمۇ ئادەتتىكىدەك قارغۇلارچە پارتلىتىشلاردىن ئاستا-ئاستا ۋەتىنىمىز تەۋەسىگە تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كېتىۋاتقان خىتاي ئاپتوموبىل، پويىز ۋە ئاپتوۋۇزلارغا تەھدىت سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە، تېپىك جاللاتلىرىنىڭ باشلىرىنى، پۇت-قول ۋە قۇلاقلىرىنى ئۈزىۋېلىپ خىتاي مەھەللىلىرىگە تاشلىۋېتىش، ئۈچەي-باغرىلىرىنى تۆكۈپ ئەتراپقا چۇۋۇۋېتىش قاتارىدىكى قورقۇنۇچلۇق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىشلارغا يۈزلەنمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچى قاتىل كۆچمەنلىرى ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلىك بىنالارغا ئوت قويىۋېتىش، پارتلىتىۋېتىش، ئوغۇرلۇقچە ئۆيلىرىگە كىرىپ بوغۇزلاپ، ئىچى-باغرىنى تۆكۈۋېتىپ چىقىش ۋەقەلىرى ئالاھىدە كۆپەيمەكتە ئىدى. تۆمۈريول، تاشيول ئۈستىلىرىدىمۇ نوقۇل قۇرالسىز خىتاي قاتىل تاجاۋۇزچىلىرىغىلا زەربە بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە

قوشۇلۇپ ھەربى ۋاگونلار، ھەربى ئاپتوموبىللار، قۇراللىق ساقچى ماشىنىلىرى، مىنبىڭلار، خىتاي ئەمەلدار ئائىلىلىرى، بىڭتۇەن جاللاتلىرى، بېنزىن توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغىمۇ زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى پىلانلىق قانات يايدۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرمەكتە ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆتكەن ھەپتىدە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر ئۇيغۇر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئائىلىسى بالا-چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن. يەنە بىر ئىدارىنىڭ خىتايغا يالاقچىلىق قىلىشتا بەكلا خۇدىنى بىلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر نازىرى ئۆيىدىلا بوغۇزلىۋېتىلگەن بولۇپ، نەق مەيداندا ئۇنىڭ بېشى تېپىلماي، باشقا بىر مىللىي كادىرلار قوراسىنىڭ ئەخلەتخانىسىدىن تېپىلغان. يەنە بىر ئەنچۈەنتىڭ ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر باشقارما باشلىق دەرىجىلىك قورچاق ئەمەلدارىنىڭ قىزى يول بويىدىكى دەرەخقە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، خائىنلارغا جازا يۈرۈش قىلىش دولقۇنىمۇ ھەقىقى مەنىسى بىلەن كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. نۇرغۇن مەسچىتلەرنىڭ تەسلىمچى ئىماملىرىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش خېتى تاپشۇرۇپ ئېلىشقان بولۇپ، قورقۇنچاق مادارىچى موللىلار مەسچىتلىرىگە چىقىشتىنمۇ قورقۇپ، ئۆيلىرىدىن تالاغا چىقالماس بولۇپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان تېپىك خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ۋىجدانسىز خىتاي يالاقچىلىرىنىڭ ئادرىسلىرى، بالا-چاقا، نەۋرە-كېلىن ۋە كۈيوغۇللىرىنىڭ تەپسىلى ئادرىسلىرى، كۆپ بارىدىغان يەرلىرىنىڭ ئادرىسلىرى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلۇپ يوشۇرۇن تارقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، يوشۇرۇن قوشۇن ئەزالىرىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن بەكلا ئۇڭايلىق يارىتىلماقتا ئىدى.

قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بىرەر ۋاراق تەشۋىقات ۋارىقى، بىرەر قورقۇنۇچلۇق كىتابلارغا ھەيران قالماس بولۇپ كېتىشكەن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر-بىرىدىن ۋەھىمىلىك قورقۇنۇچلۇق ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

سۆھبەت تازا قىزىۋاتقان بىر ۋاقىتتا قاسىمنىڭ خىتاي قوشنىسى كىرىپ كەلدى.

بۇ خىتاي قوشنا، ساھىپخان ئۇزاتقان رومكى        دىكى ھاراق نى يىگىنە يۇتىۋاتقاندەك قىينىلىپ يۇتقاچ، قاسىمنى يوخلايدىغان چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئۈستىدىمۇ ئېغىز ئېچىپ كەتتى:

"ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولىشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇنداق

ئويۇنلاردىنمۇ ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ. سەن لاۋ كا، يامان ئادەم جۇمۇ. بىر-بىردىن چىرايلىق، بىر-بىردىن ياش قىزلار، ... بەك ياخشى، بەك ياخشى. — خىتاينىڭ ئاغزىدىن شالۋاقلىرى ئاققاندەك بولۇپ كەتتى. بىرتال كەمپىتنى ئاغزىغا سېلىپ، — سىلەر داۋام قىلىۋېرىڭلار، سىلەر ئىچىڭلار.'' — دېگىنىچە كەينىچە داجىپ چىقىپ كەتتى.

''توختىغىنە، نېمە دەيدۇ بۇ خىتىيىڭ؟ — 'ساقى' سورىدى قاسىمغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ بۇ خىتىيىڭ؟ سەن بىزدىن يوشۇرۇن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىسەن، ئاغىنە؟''

''ھە ...، ئۇنچىلىك بولسۇن! — دېدى بىر ئاغىنىسى، — بويتاقلىق يامان نېمە، ئاغىنىلەر.''

ئولتۇرۇش ئەھلى بىرھازا شاڭخو-چاخچاقلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، گەپنىڭ تېمىسى ئالىلمۇ قاچان جىنسىيەتكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھاراقنىڭ كۈچىمۇ رەسمى ئۆزىنى كۆرسىتىپ، سورۇندىكىلەرنى بىر-بىرلەپ قىڭغايتىشقا باشلىدى. ...

بۇنى پۈرسەت بىلگەن قاسىم، بايىتىدىن 'خەۋەرچى ' دوستى قويىنىدىن چىقىرىپ ئوقىماقچى بولغىنىدا، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماي قايتا يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بىر تەشۋىق ۋارىقىنى ئاستا سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ ۋاراق رەسمى بىر دورا رېتسىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا «شىخو رېتسىپى» دېگەن نام بېرىلگەنىدى. بۇ رېتسىپ مۇنداق بايان قىلىنغانىدى:

''«شىخو دورىسى» نىڭ ئاساسلىق تەركىۋى بىر تولول مالېكۇلاسىغا ئۈچ دانە نىترو رادىكالى باغلانغان بولۇپ، ئادەتتە 2-4-6- ترى نىترو تولول دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مالېكۇلا فورمۇلاسىدا يەتتى دانە كاربون ئاتومى، بەش دانە ھىدروگېن ئاتومى، ئۈچ دانە ئازوت ئاتومى ۋە ئالتى دانە ئوكسىگېن ئاتومى بار. رەڭگى ساغۇچقا مايىل بولۇپ، كىسلاتادىن تازىلانغىنىدا ئاقۇش سېرىق رەڭ ئالىدۇ. سەكسەن پۈتۈن يۈزدە ئالتى سېلىسىيە گرادۇس ئىسسىقلىقتا ئېرىيدۇ. مالېكۇلا ئېغىرلىقى ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتى پۈتۈن يۈزدە ئون ئۈچ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىر پۈتۈن يۈزدە ئەللىك تۆت، سېرىق ياپىراقسىمان ياكى يىڭنىسىمان كىرىستاللىق، ئىسپىرتتا ئىستىلغاندا، ئاستون، بېنزول، تولول، نىترات كىسلاتاسى، سولفات كىسلاتاسى قاتارلىقلاردا ئۆي تېمپېراتۇراسىدا ئېرىيدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ ۋە ئارلاشمايدۇ. سۇ يېغىدەك سېرىق سۈزۈك رەڭلىگى ئىنتايىن سەزگۈر. قاتتىق ئۇرۇپ ئەزسە پارتىلايدۇ. كۈن نۇرىدا تەدرىجى پاسسىپلىشىپ، دەسلەپ قارىداپ، ئاندىن كۈلرەڭگە ئۆزگىرەپ قالىدۇ. سەكسەن بىر سېلسىيە گرادۇستا ئېرىپ، تېنچ قويغاندا قايتا قېتىۋالىدۇ. شۇڭا بۇ گرادۇستا ئېرىتىپ

ھەرخىل شەكىللەرگە كەلتۈرىۋېلىش ياكى ئاغزى كىچىك خالىغان قاچىلارغا قۇيۇپ مىنا تەييارلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ بىر زەھەرلىك ماددا بولۇپ، پۇرىقىمۇ سالامەتلىككە زىيانلىق.

ئادەتتە ئىچىنى سۈردۈرۈش، تېرىسى ساغرىپ قېلىش، نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىش، قان بېسىمى تۆۋەنلەش، يارا چىقىش، باش ئاغرىتىش ياكى قايدۇرۇش تەسىرلىرىگە ئىگە.

زەھەرلەنگۈچى دەرھال بۇنىڭ پۇرىقىدىن بىرنەچچە كۈن يىراق تۇرۇشى، مۇمكىن بولغاندا ساپ ھاۋالىق يەردە دەم ئېلىشى، ئالما، تۇخۇم، گۆش، سۈت ۋە مول كۆكتات يېيىشى لازىم. بۇ دورىنى مېتىل بېنزول ياكى تولۇلنى ئۇدا ئۈچ قېتىم نىترولاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق نىترولىغاندا ئاتمىش پىرسەنتلىك نىترات كېسلاتاسىدىن ئون تۆت پۈتۈن ئوندا يەتتە مىللىي لىتىر، قويۇق سولفات كىسلاتاسىدىن يىگىرمە توققۇز پۈتۈن ئوندا تۆت مىللىلىتىر ۋە تولۇلدىن ئون مىللىلىتىر تەييارلايمىز. ئاۋال ئىسسىقلىقى ئوتتۇز سىلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولغان سۇ مونچىسى ياكى مۇز ۋاننىسى ئىچىدە تۇرغۇزۇلغان ئىستاكانغا نىترات كىسلاتىسىنى قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق سولپات كىسلاتاسىنى قوچۇپ تۇرۇپ تېمىتىپ قوشىمىز. دىققەت، چوقۇم سولپات كىسلاتاسىنى نىترات كىسلاتاسى ئۈستىگە تېمىتىپ قوشۇش شەرت! ئاندىن ئوتتۇز-قىرىق سىلسىيە گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقتا تولۇلنىڭ ئۈستىگە بايىقى كىسلاتالار ئارلاشمىسىنى تامچىلاپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كىسلاتا قوشۇش تاماملانغىنىدىن كېيىن، ئېرىتمە يۈزىگە نىتروتولۇلنىڭ كىرىستالى لەيلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. بىرەر سوتكىدىن كېيىن بۇ كىرىستالنى شورىغۇچ رېزىنكە شار بىلەن شورىتىپ ياكى مەخسۇس پىلتىر قەغىزى بىلەن سۈزۈپ ئايرىپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن بۇ ماددا ئىككىنچى قېتىملىق نىترولىنىشقا تەييار بولىدۇ. يۇقىرىدا ئايرىۋېلىنغان نىتروتولۇل ئەينەك ئىستاكانغا قويۇپ سۇ مونچىسىدا ئەللىك سىلسىيە گرادۇسقىچە ئىسسىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئون بىر مىللىلىتىر قۇيۇق سولپات كىسلاتاسى تېمىتىپ قوچۇپ بېرىلىدۇ. ئاۋال بېغىررەڭگە، ئاندىن قارامتۇل رەڭگە كىرىدۇ. ئاندىن بۇ ئىستاكان داۋاملىق قىزدۇرۇلۇپ توقسەن-يۈز سىلسىيە گرادۇسقا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئارىدا بەش پۈتۈن يۈزدە يىگىرمە بەش مىللىلىتىر قۇيۇق نىترات كىسلاتاسى ئۈستىگە يەنە بەش پۈتۈن يۈزدە يىگىرمە بەش مىللىلىتىر قۇيۇق سۇلپات كىسلاتاسىنى تامچىلاپ قوشۇپ ئارلاشتۇرۇپ تەييارلىۋالغان كىسلاتا ئارىلاشمىسى نەق بىر سائەتتە قوچۇپ تۇرۇپ تامچىلاپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ۋاقىتقا دىققەت قىلىنىشى شەرت.

نەق بىر سائەتتە! بۇ ماددا يەنە ئىككى سائەت تىنماي ئارىلاشتۇرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوخشاشلا ئېرىتمە يۈزىگە دى نىتروتولۇل لەيلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. سۈزۈپ ئېلىنىدىغان بۇ كىرىستال ماددا ئۈچىنچى قېتىملىق نىترولاشقا تەييار بولغان ھېساپلىنىدۇ. ئاۋال يەتتە پۈتۈن يۈزدە يىگىرمە بەش مىللىلىتىر قۇيۇق نىترات كىسلاتاسىغا يەنە شۇنچە مىللىلىتىر قۇيۇق سۇلپات كىسلاتاسىنى ئاستا تېمىتىپ قوچۇپ كىسلاتا ئارلاشمىسى تەييارلىنىلىدۇ. ئاندىن يۇقىرىدا ئايرىۋالغان دىنىتروتولۇلنى ئىستاكاندا سۇ مۇنچىسى ياردىمى بىلەن توقسەندىن يۇقۇرى گرادۇستا ئىسسىتىپ تۇرۇپ ئون تۆت پۈتۈن ئوندا بەش مىللىلىتىر قۇيۇق سۇلپات كىسلاتاسى تىنماي قوچۇپ تامچىلىتىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇنى سۇ مونچىسى ئىچىدە

(سۇمۇنچىسىنىڭ سۈيىگە ئاشتۇزى ياكى كالتسىي خلورىدتىن ئۈچ-بەش پىرسەنت  قوشۇپ، سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى ئۆستۈرۈلىنىدۇ.) يۈز-يۈز ئون بەش گرادۇسقىچە ئىسسىتىپ تۇرۇپ بايا تەييارلىۋالغان كىسلاتالار ئارىلاشمىسىنى قۇچۇپ تۇرۇپ نەق ئىككى سائەت تامچىلىتىپ قوشۇش لازىم. ئاندىن يەنە شۇ يۈز-يۈز ئون بەش گرادۇستا ئىسسىتىپ تۇرۇپ ئىككى سائەت

تىنماي قوچۇپ ئارلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بىر سوتكا ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا تېنچ تۇرغۇزۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئېرىتمە ئۈستىگە قىزغۇچ سېرىق ماددا قېتىپ قالغانلىقى كۆرۈنىدۇ. بۇ تازىلانمىغان «شىخو دورىسى» دېيىلىدۇ. بۇ ماددىنى ئېلىپ سۇندۇرۇپ پارچىلاپ سوغۇق سۇدا بىرقانچە قېتىم يۇيۇپ كىسلاتادىن تازىلىنىدۇ. ئاندىن يەنە ئىسسىق سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيىلىدۇ. بۇغداي-قوناق دانىچىسىدەك بۇ ماددىنى چىلاشقىدەك ئېتىل ئىسپىرتى قۇيۇپ ئاتمىش گرادۇسقىچە ئىسىتىپ، ئاندىن سوۋۇتۇپ، كىرىستال چۆكمىسى ھالىتىدىكى ساپ دورىغا ئېرىشىلىدۇ. ئۇنى پىلتىر قەغىزى بىلەن سۈزۈپ سالقىن يەردە قۇرۇتۇش كېرەك. ئەڭ ساپ بولغان ساغۇچ يىڭنىسىمان كىرىستاللىنىڭ پارتلاشتىكى تېزلىگى سېكونتىغا ئالتە مىڭ ئالتە يۈز مېتىرگە بارالايدۇ. بۇنى ئەڭ دەسلىۋىدە نوبېل ياساپ چىققان ئىكەن. بۇ دورىنى شىخو ئۇرۇشىدا دۈشمەن ئىستېھكاملىرىنى پارتلىتىش جەريانىدا قۇربان بولغان شېھىتلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «شىخو دورىسى» دەپ ئاتىدۇق.

— ‹ئويغانغان مۇھاجىرلار قوشۇنى› دىن.”

قاسىم بۇ رېتسېپنى شۇ كېچىسىلا بىر نۇسخا كۆچۈرىۋالدۇ.

ئەتىسى ئېگىز-پەس يېتىشقان دوسلار بىر-بىرىنى ئويغىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاندىن يۈز-كۆزلىرىنى چالا-بۇلا يۇيۇشقاندىن كېيىن، بەزىلىرى بىرەر پوتولكا پىۋا بىلەن، يەنە بەزىلىرى ئىسسىق چاي بىلەن ناشتا قىلىپ ئالدى-كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ ماڭغىنىچە خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى.

ئاغىنىلىرىنى دەرۋازىغىچە ئۇزۇتۇپ ئۆيىگە قايتىپ كىرگەن قاسىم، جوزىلارنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ خوشياقماي، كىرگەن پېتى ئۆزىنى كارىۋىتىغا ئاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كېلىش ئورنىغا خاسىيەت كېلىۋېلىپ ئارامىغا قويمايتتى. خاسىيەت قايسى كۈنىسى كېلىپ يېرىم كېچىگىچە بىرگە يېگى مىنا لايىھېسىنى تۈزۈش بىلەن بولۇپ، ئاندىن قونۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، شۇ كېچىنىڭ لەززىتىنى ئەسلەپ تولغىنىپ زادىلا ئارام تاپالماي قالدى. ‹ئۇ كىچە نىمە دېگەن لەززەتلىك بىر كىچە ئىدى-ھە!› — قاسىم باشقىلاتىنلا قۇرۇق ھاۋايى ھەۋەس دولقۇنى ئىچىگە غەرق بولىۋاتقىنىدا تويۇقسىزلا ئىشىكى ئۆزىگە تونۇش بىر ئاۋازدا يەڭگىل چېكىلدى:

“تاك، ... تاك-تاك!”

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن قاسىم ۋارقىرىۋەتتى:

“بۇ چەككەن خاسىيەت!” — ئۇ دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

“ياخشىمۇسىز؟” — بوم ئاۋاز بىلەن سالام قىلىپ گۈلباھار كىرىپ كەلدى! گۈلباھارنى كۆرۈپ ھوجۇقۇپ قالغان قاسىم، قىزغا تىكىلىپ قارىدى. بۈگۈن

بۇ قىز شۇنداق دىققەت بىلەن ياسىنىۋالغانىكى، يۈزلىرى چاخناپ تۇراتتى. قاپ-قارا چاچلىرىنىمۇ گويا تەبىئىي بۈدرەسى باردەك كېلىشتۈرۈپ ياساتقان بولۇپ، پارىلداپ تۇرغان چاچلىرى ئىككى قۇلىقىنى يېپىپ دولقۇنلاپ سىيرىلىپ چۈشۈپ مۈرىسىنى بويلاپ كۆكسىگە تاقالغانىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق يىگىتنى دەرھاللا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇرىۋالغىدەك چاقناپ تۇرغان شەھۋانىلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بوتا كۆزلىرى قاسىمنى دەرھاللا ئاز ئىلكىگە ئالغانىدى. ‘ئاھ، بۇ قاملاشقان كۆكسلەر!’ ــ قاسىمنىڭ كۆزىگە باشقا ھېچ نىمە كۆرۈنمەيتتى!

“قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئەمما مېنى شاڭخو قىلمىغايسىز، ئۆي ئىچى بەكلا رەتسىز ئىدى. ئۇلارنى، ... شۇ دوسلىرىمنى تېخى يېڭىلا ئۇزۇتۇپ تۇرىۋىدىم، يەنى، ... مەن، ...” ــ قاسىمنىڭ ئاغزى گەپكىمۇ قولاشماي قالدى.

قىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن ئۇتتۇر ياتاق ئۆيىگە كىرىپ نېپىز پەلتۇسىنى يېشىپ ئىشكاپقا ئىلىپ قويۇپ چىقتى. ھالرەڭ نېپىز كوپتىسىنىڭ ئىككى تۈگمىلىك ئورنى ئوچۇق قالغانىدى ــ توغرىسى ئالايىتەن ئەتمەيلا چىققانىدى. قاپقارا پارقىراپ تۇرغان دولقۇنلۇق قويۇق قارا چاچلىرىنى بىر يېنىغا تۆكۈپ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ شەھۋانە كۆزلىرى قاسىمدەك تولا ئىش كۆرمىگەن ئىرادىسى ئاجىز سۇيۇق ئەرلەرنىڭ قەلبىنى پارچىلىۋەتكىدەك ماگنىتلىق كۈچى بىلەن كۆزىگە تىكىلدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن گويا 'سۆيۈملۈك' ئوت يالقۇنجاپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ قەلبىنى پەرۋانىدەك ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغانىدى.

“كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، كلاسسىك يىگىرمىنچى ئەسىر پاسونىدىكى ئەرلەر ئولتۇرۇشى! يىگانە ئىچىش ئۈچۈنلا ئولتۇرۇش! ــ گۈلباھار ئاغزىنى سەل پۈرۈشتۈرگەندەك قىلىپ، ئەپچىل سومكىسىدىن ‘كامېل ’ ماركىلىق تاماكىسىنى چىقاردى، ــ كېلىڭ يېنىمغا. ــ قىزنىڭ بوم تارىدەك ئاۋازى قاسىمنى تىك تۇرغۇزىۋەتتى. ئاندىن دەرھال ئالدىغا سوزۇلۇپ كېلىپ دىۋاننىڭ بىر قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلباھار تاماكا پاشكىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئۆزىمۇ بىر تال چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرۇپ، چىرايلىق چاقماقنى چىقىرىپ ئاۋال قاسىمنىڭكىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇردى. قاسىمنى ئىچىگە تارتقان تاماكىسىنىڭ تەمى ئەمەس، بەلكى ئالدىغا ئېڭىشىپ چاقماق تۇتۇپ بېرىۋاتقان قىزنىڭ ئەتىر گۈلىدەك پۇراپ تۇرغان گەۋدىسى مەي قىلىۋەتكەنىدى. بۈگۈن بۇ قىزدا

قىلچىلىكمۇ تارتىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ــ سىز قىزلارغا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىشنى بىلمىگىنىڭىز بىلەن، مەن سىلەردەكلەرگە ئوت يېقىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. ــ قاسىمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىپ تۇرغان قىز پۈرىغى ئۇنىڭغا 'گۈپ' قىلىپ قايتىدىن ئۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى كەينىگە داجىتىشقا تىرىشقاندەك قىلىۋىدى، دىۋاننىڭ جەينىكىگە تاقىشىپ قېلىپ مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ ھاياجىنى قوزغىلىپ پۈتىنى ئالماشتۇرىۋېلىشقا تىرىشتى، ــ ئاۋارە بولماڭ، ئەرلەرنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىمەن.“ ــ گۈلباھار تاماكىسىنى شورىغاچ قاسىمنىڭ كۆزىگە چاقناپ تۇرغان يالقۇنلۇق شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن بىرھازا تىكىلىپ ئولتۇرىۋېلىپ، ئۇنىڭ تاقىتىنى قويمىدى. گۈلباھار ئۇنىڭ بوينىغا بېلىگىنى ئالمىدى. يەنە بىر قولىدىكى تاماكىسىنى ئىچىگە چوڭقۇر بىر تارتىۋېلىپ ئالدىدىكى ئۈستەلدە تۇرغان تەخسىگە ئەزدى. ئاندىن ئىچىدىن تۇرخۇندەك چىقىۋاتقان ئىسنى قاسىمنىڭ يۈزىگە قارىتىپ پۈۋلىگەچ، ئاستا ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنىمۇ ئېلىپ تەخسىگە تاشلىدى. ئەرنىڭ بوينىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئالدىغا تارتقىنىچە ئۇنى سۆيۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان قاسىم، قىزنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە دىۋانغا قىڭغايدى. ئىككىسىنىڭ قوللىرى بىر-بىرىنىڭ بەللىرىدە، ... ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان لەۋلەر، ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان بەدەنلەر، ...

تەخسىدىكى ئېزىلمىگەن تاماكا قالدۇغى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئىسنى چىقىرىپ ئاستا-ئاستا ئۆچمەكتە ئىدى.

قاچانلاردىدۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ يېتىپ بولغان ئىككى شەھۋانە ۋۇجۇت، بىر-بىرىسىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەندى يېتەر دەپ قاسىم قانچە قېتىم مونچىغا كىرىپ چىققانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. سۆڭەكى شۈلىۋېلىنغان گۆشتەك يۇمشاپلا كەتكەن قاسىم، ئاستا بىر يانغا ئۆرۈلدى. تويماس قىز، تۇغما بەدىنىنى مەيدىسىگىچە يوتقاندىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىغىنىچە، ئۇنىڭ ئاق كىرىپ قالغان چاچلىرىنى، سەل-پەل قاڭشالىق قېلىن بۇرۇنلىرىنى ئويناپ ياتاتتى. ئارىلاپ ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن سۆيۈپمۇ قويۇۋاتتى:

“ئەر كىشى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك. سىزدەكلەر، بىزدە بەكلا ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ... خاسىيەتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەلىيى بار قىز ئىكەن. قىزغىنىپ قالدىم ئۇ دوستۇمدىن.“ ــ قاسىم كۆزلىرىنى زورىغا ئېچىپ گۈلباھارغا

قاراپ  مۆڭلەرچە كۆلۈپ قويدى. قىزچاق ئۇنى قايتىدىن چىڭ بېسىپ قانغىچە سۆيگەنىدىن كېيىن، يوتقاندىن چىقىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى. قاسىم خۇمالاشقان كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ قىزنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ قاۋۇل ۋۇجۇدىغا قاراپ يېتىپ، نېمىشقىدۇر خاسىيەتنى ئېسىگە ئالدى. ئەندى قاسىمنىڭ كاللىسىدا بىرمۇنچە چىگىش پىكىرلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. گويا قاسىم ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندەكلا بولۇپ قالماقتا ئىدى: خاسىيەت، قوشۇن، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى، ئەخلاق، غايە، گۈلباھار، ئېتىقات، ...

ئۇ، شۇ يېتىشىدا قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئەنە شۇ خىل بىر-بىرسىدىن چىگىش خىياللار ئىچىگە پېتىپ چىقالماي، خىياللىرىنىڭ يا رىياللىق ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلالماي مۈگدەدەك ئىچىدە ياتقىنىدا، "قېنى، يېتىۋەرمەي تازىلىنىپ كىرىپ تاماققا كېلىڭ!" دېگەن بوم ئاۋازدىن كېيىنلا ھوشىغا كېلىپ ئىشىككە قارىدى. ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ كىيىملىرىنى كېيىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى. مۇزدەك سۇدا بىرھازا چايقالغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يۆتكەپ مېھمانخانىغا كىردى. گۈلباھار يېڭى قورۇشۇپ كۆبجۈپ تۇرغان قاپ-قارا بۇدرە چاچلىرى ئىچىدە تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

تەخسىدىكى لەغمەن مېزىك پۇراپ قاسىمنىڭ ئىشتىيىنى قوزغاشقا باشلىدى.

"قانداغىراق يېگىت؟ ھاردۇغىڭىز چىقىپ قالغاندەكمۇ؟" ــ گۈلباھار مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

قاسىم خىجىل بولغان قىياپەتتە يەرگە قاراپ ھېجايغىنىچە تاماققا ئولتۇردى. گۈلباھار تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ سورىدى:

"ئالدىنقى كۈنى خاسىيەت كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ــ ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ قاسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بىچارە قىز، مەن بولمىسام بەلكىم بۇ چاققىچە ئەقلىدىن ئېزىپ قالارمىدىكىن بىلمەيمەن، ھېلىمۇ غەيرىتى بار قىز ئىكەن. ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بالمىسەك بولمايدۇ. بىر ھېساپتا مېنىڭ بۇ قوشۇننى قۇرۇش خىيالىغا كېلىشىمگە خاسىيەت سەۋەپ بولدى دىسەممۇ بولىدۇ. شۇ ئاپتوۋۇز بىكەت ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنىدىكى پاجىئەلىك قىياپىتىنى ھازىر ئەسلىسەممۇ يۈرىكىم يېرىلغىدەك بولۇپ كېتىدۇ. بەكلا ئېچىنىشلىق ئىدى. ھە، سىلەرمۇ خېلى چىقىشىپ قالغاندەك قىلامسىلەر قانداق؟"

بۈگۈن بولغانلاردىن كېيىن، قاسىم ئەندى خاسىيەت توغرىسىدا گەپ

قىلغۇسى كەلمىدى. شۇڭا بېشىنى چۆكۈرۈپ تامغىنى يىگەن بولۇپ جىم ئولتۇرىۋەردى.

"ماڭا قاراڭ، مېنىڭ سىزگە قىلغانلىرىمغا قاراپلا مېنى رەسمىي بۇزۇق بىرسى ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ. مېنىڭ سىزنى خاسىيەتتىن تارتىۋېلىش نىيىتىم زادىلا يوق. سىلەردىن قىزغىنىپمۇ قويمايمەن. ئەكسىچە، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلاردىن خوشال بولىمەن. بۇ مېنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇندىن كېيىن مېنى سىز زورلىسىڭىزمۇ ئۇنىمايمەن. ... بۇ قېتىمقىسىدا يەنە شۇ خاسىيەتنىڭ ئۆزى مېنى قوزغاپ قويمامدۇ! – ئۇ ئاش سۈيىدىن ئىچىپ قويۇپ تەخسىسىنى نېرى ئىتتىرىپ ئاغزىنى قەغەز سالپىتكىدا سۈرتتى. ئاندىن بىرتال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرىۋالدى، – تونۇگۈن ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن، گۈلدەك ئېچىلىپلا كېتىپتۇ. سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ تۇرىۋالدى. ئازراق ئىچكۈزۈپ قويۇپ كوچىلىۋىدىم، بىر ۋاقىتلىرىدا سىزنىڭ ئالاھىدە ئەركەكلىگىڭىزدىن پىچىرلاپ سالدى. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمەي ... شەيتىنىم جىم قويمىدى. ئەتىگەن خاسىيەت كەتكەندىن كېيىن زادىلا چىداشلىق بېرەلمىدىم. 'نېمە بولاتتى؟ بىرەر قېتىمغا قاسىمنى يەۋېتەتتىممۇ!' دېدىم-دە، سەھەردىلا يېنىڭىزغا كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقتىم. ئەمما ئۆيىڭىزگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ... يەنە شۇ خاسىيەتنى ئويلاپ كەينىمگە ياندىم. ئاندىن ھېلىقى ئىلمان دوختۇر يىگىتىمنىڭ يېنىغىلا بارايچۇ دەپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇ لىمجان دوستۇمنى ھېسياتلاندۇرۇش ئۈچۈن گۈزەللەشتۈرۈشخانىسىغا كىرىپ ئىككى سائەت ئولتۇردۇم. ئەينەكتىكى چىرايىمغا قاراپ، بۇنچە گۈزەل بىر قىزنى نېمىشقا ئۇ لوملومگە تۇتقۇزۇپ قويىدىكەنمەن دەپ، ئۇدۇل سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم. ... – گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى، – ئەندى خاسىيەتتىن قىزغىنىۋاتىمەن راس گەپنى قىلسام، ... مەيلى، ... ئۇ دوستۇمنى بەختلىك قىلالىسىڭىزمۇ ماڭا يېتىدۇ. ... كىم بىلىدۇ تېخى، بىزنى ئالدىمىزدا قانداق پاجىئەلەر، قانداق ئۆلۈملەر كۈتىۋاتىدۇ، ... ئۇ بىچارىنىڭ بۇنداق خوشاللىنىۋالىدىغان كۈنلىرىگە مەن قوشۇق سېلىپ يۈرمەي. ..." – گۈلباھار قاسىمغا ئېڭىشىپ ئۇنىڭ يۈزىنى پۇرىغاندەك بىردەم تۇردى-دە، ئۇنىڭ مەڭىزىگە دوستلارچە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ جايىغا كەتتى. قاسىم بېشىنى چۆكۈرۈپ گەپ قىلماي تامغىنى يەپ ئولتۇرىۋەردى.

“مەن ئەسلىدە بۇنچىلىكمۇ ئەخلاقسىز قىزلاردىن ئەمەس ئىدىم. ــ گۈلباھار قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئەسلىدە خېلىلا قول ئىلىگىدە بار ئائىلىلەردىن بولسا كېرەك، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ھەر ئىككىسىلا سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەنىكەن. بوۋام بىلەن مومام غۇلجىدا مىللىي ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقانىكەندۇق. مومام ھەمشىرە، بوۋام كاپىتان بولغانىكەن. جىلىڭ ئۇرۇشىدىمۇ ياكى شىخو ئۇرۇشىدىمۇ ئەيتەۋىر، بوۋامنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىپ غۇلجىغا داۋالاشقا قايتۇرۇلغانىكەن. كېيىن ئۇرۇش توختاپ بىتوم بولغاندا بوۋاملار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بارغانىكەن. ئۇ يەردە قايسى بىر نازارەتنىڭ باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەپتۇ. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتتە بوۋامنى قاماققا ئاپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يىللاردا كەينى-كەينىدىن قوزغىتىلغان ھەرخىل سىياسىي ھەرىكەتلەردە بوۋامنى زادىلا ئارامىغا قويۇشمىغانىكەن. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا قوزغىتىلغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دېگەن ھەرىكەتتە بوۋامنى قايتىدىن بولشىچە كۆرەش قىلىپ سازايى قىلغاندىن كېيىن يەنە سولاپ قويۇشۇپتۇ. ‘بىزنى ئۆلتۈرۈپ قوغلاپ چىقىرىمىز دەپ تويلاڭغا قاتناشقىنىڭدا يارىلانغان پۇتۇڭ مۇشۇمىدى؟ ‘ دەپ ئۇرۇپ بوۋامنىڭ سول پۇتىنى كۆكۈم-تالغان قىلىۋېتىپتۇ. بىچارە مومام، بوۋامنى يېتىلەپ قۇمۇل يېزىلىرىدا سۈرگۈندە ئىشلەپتۇ. شۇنداق، ... شۇنداق قىلىپ بوۋامنىڭ پۇتى ۋاقتىدا داۋالانمىغاچقا، ئەھۋالى بەكلا ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئارىدا دادام بىلەن ئاپامنى ‘قارا بەش خىل ئائىلە پەرزەنتى، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر ‘ دېگەندەك قالپاقلارنى كەيگۈزۈشۈپ ئۇچتۇرپاننىڭ بىر يېزىسىغا سۈرگۈن قىلىۋېتىشكەنىكەن. كېيىن ئۇ يەردىن ‘دادامغا قارايمەن ‘ دەپ تۇلا يول مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى قۇمۇلغا ئالمىشىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بوۋام قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بوۋام ساكىراتتا ياتقىنىدا دادامنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىنى قالدۇرغانىكەن. جىلىڭ ئۇرۇشىغا كىرگىنىدە، بوۋامنىڭ باتالىيونى بىر تاغ كامىرىدا يۈزگە يېقىن خىتاي ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كورلىلىق قورچاق ئۇيغۇر ئەسكىرىمۇ بار ئىكەندۇق. ئۇ ئۇيغۇر ئەسىرى بىر كوماندىرغا 'بۇ خىتايلار بۆرتالادا بىر يېزىدىكى يەرلىك خەلقنى بۇشۇكتىكى بوۋاق باللىرى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلاپ قېچىپ كېلىۋالغانلار' دەپ پاش قىلىپتۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ قاتىل خىتاي

ئەسىرلىرىگە غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردىلا قىرىپ تاشلاشنى
تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغانىكەن. بوۋام ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ تەستە بۇ خىتاي
ئەسىرلىرىنى شىتاپقا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن ساقلاپ قالغانىكەن.
مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بوۋامنىڭ پۈتنى ئۈرۈپ سۈندۇرىۋەتكەن خىتاي لوخىنى
دەل شۇ ئەسىرگە چۈشكەن خىتايلارنىڭ بىرسى ئىكەن. بوۋام بۇنىڭ دەردىدە
ئىچى قاتتىق ئازابلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىساس ئېلىشقا زادىلا قارار قىلالماي
كەلگەنىكەن. بالا-چاقىلىرىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ كۆرىۋاتقان زۇلۇملىرى بوۋامنى ئاران
شۇ كۈنىسى قارار قىلىشقا مەجبورلىغان بولسا كېرەك، دادامنى چاقىرىپ بۇ ۋەقەنى
سۆزلەپ بولۇپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ: ‘ سەن ماڭا ، بۇ ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت
بولغانلارنىڭ، بىھۇدە جازالىنىپ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن، ناھەق خارلىنىۋاتقان
خەلقىمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بىر پۈرسىتىنى تېپىپ بىرەر يۈز خىتاي ماڭلۇرىنى
بولسىمۇ جەھەننەمگە يوللايمەن دەپ قەسەم قىلىپ بەر!’ ئەمما دادام، بوۋامنىڭ بۇ
ۋەسىيىتىنى بەك ۋەھشىلىك، ساكىراتقا چۈشۈپ قالغانلىكى قالايماقان جۆيلۈش
دەپ قاراپ، بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زادىلا خىيالىغا
كەلتۈرمىگەنىكەن. بۇ ئارىدا موماممۇ تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ تۈگەپ
كېتىپتۇ. بۇ ئىشلار دەردىدىنمىكىن ياكى تەقدىرى شۇنداق پۈتۈلگەنمىكىن
بىلمىدىم، داداممۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالاشقا پۇل
يوق، ئاخىرى ئۇمۇ تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئازراق بولسىمۇ ئېسىمنى بىلىپ
قالغۇدەك ياشقا كىرگەنىدىم. بىر كۈنىسى دادامنىڭ ئاپامغا قاراپ يېتىپ، بوۋامنىڭ
بايىقى ۋەسىيىتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. دادام شۇ چاغدا
ئاپامغا: ‘مەن دادام ساكىراتقا چۈشۈپ ياتقىنىدا قەتئىي ئىنجرا قىلىپ بېرىمەن دەپ
بەرگەن يالغان ۋەدەمنىڭ قىيامەت قاغىشىغا كەتتىم‘ دېگىنىنىمۇ ئاڭلىۋالغانىدىم.
ـ گۈلباھار سەل تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ،
بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ـ ئۇ چاغلاردا مەن دادامنىڭ بۇ گېپىنىڭ
مەنىسىنى دېگەندەك چۈشۈنمەيتتىم. ... شۇندىن كېيىن، ... ياشلا تۇل قالغان
ئاپام بىزنى چوڭىراق بىرەر شەھەرگە قايتۇرۇپ كېتىپ ئوقۇتۇش خىيالىدا، ئۆز
ۋاقتىدا چوڭ دادام بىلەن دادامنىڭ كېسىلى ئۈچۈن دورا ئوغۇرلاپ ياردەم
قىلىدىغان بىر يالغۇزاق دوختۇر بويتاق قالغىنىدا ئۇنىڭغا تېگىدۇ. بىرقانچە
يىلدىن كېيىن ئۇ كىشى بىزنى بۇ شەھەرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ چاققىچە مەن

تىنماي مەكتەپ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋېرەك ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، نەتىجەم بەكلا ناچار ئىدى. مىڭ بىر بالادا تولۇق ئوتتۇرانى تۈگەتەلىگەن بولسامۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىككى قېتىم قاتنىشىپمۇ بىرىنچى تاللاشتىنمۇ ئۆتەلمەي، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم. پۇل تۆلەپ ئوقۇشقا ياردەم قىلغىدەك ھېچكىمىمىز يوق، ئاخىرى كومپيۇتېر كورۇسلىرىغا قاتنىشىپ يۈرۈپ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىغا كاتىپ بولۇپ ئىشقا كىرىۋالدىم. ئۆگەي دادام مېنى زورلاپ يۈرۈپ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا چېتىپ قويدى. ئۇ بالا ھاراقكەشلا ئەمەس، ھەتتا رەسمىلا خروئىن چېكىدىغان بىرنېمە ئىكەن-دەڭا، ئۇ مېنىمۇ زورلاپ يۈرۈپ بۇ تاماكا بىلەن شۇ ھاراققا كاندۇرۇپ قويدى. ئەمما خروئىن چەكتۈرۈپ باققان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تۆلا قۇسۇپ قۇرسىغىمدىكى بالامۇ چۈشۈپ كەتتى. خروئىن دېگەن ئۇ نەرسە ماڭا پەقەتلا ياراشمىغانىدى. كېيىن قارىسام ئۇ ساراڭ دادىسىنىڭ نامىدا قەرز ئېلىپ خروئىن چېكىپ دادىسىنىمۇ بىرمۇنچە قەرزگە بوغىۋەتكەنىكەن. ئۆيىمىزدىمۇ پۇل، نەرسە-كېرەكنىڭ تايىنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنى ئالداپ پۇلنى خەجلەيتتى. بۇ ئارىدا يەنە ئاپام تۇيۇقسىزلا قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۈگەپ كەتتى. ...”

گۈلباھار گېپىنى توختۇتۇپ، كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى. قاسىم يېنىغا كېلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ بىردەم جىم ئولتۇردى. بىچارە قىز، تىترەپ يىغلاپ كەتتى. ...

“... مېنىڭ ئەندى بۇ ئائىلە بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى باھانە قىلغىدەك بىرەر باغىمۇ قالمىغانىدى. مەنمۇ ھېلىقى ئېرىمدىن تاماكا بىلەن ھاراقنى خاتىرە قالدۇرۇپ ئاجرىشىپ كەتتىم. ئۆگەي دادىمىز بىر سودىگەر ئايال بىلەن ئۆيلىنىپ بىزگە قارىماسلا بولىۋالدى. مەن سىڭلىم بىلەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، بىرمەزگىل رۇس بازىرىدا مال سېتىپ يۈردۈم. شۇ يەردە بىر سودىگەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئاشنا بولۇپ ئۆزبەكىستانغا چىقتىم. ئۇ يەردە دادامنىڭ بىر ساۋاقدىشى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا سىڭلىمنى چېتىپ قويدۇم. قارىسام ھېلىقى سودىگەرىمنىڭ ئايىغى چاققانلىشىپ، ئالمۇتىدا بىر، بىشكېكتە بىر دېگەندەك بىرمۇنچە ئاياللىرى پەيدا بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بوش تۇرماي، بىر كۈنىسى ئوتتۇزمىڭ دوللارلىق مېلىنى بىرسىگە يىگىرمە نەچچە مىڭ دوللارغا نەق پۇلغا سېتىۋېتىپ، پۇلنى ئېلىپلا بۇ ياققا يېنىپ كىرىۋالدىم. ئۇ

پۈلىنىڭ يېرىمىغا بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، ھەرخىل ھاراقلاردىن بىرمۇنچە ئېلىپ
ئۆيۈمدە بىر ھەپتىگىچە غىق مەس بولغىچە ئىچىپ ياتتىم. ــ گۈلباھار قاسىمنىڭ
قۇچىغىدىن چىقىپ بېرىپ دىۋاندا ئولتۇردى. بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ــ
بىر جۇما كۈنىسى، ھارىغىم تۈگەپ كېتىپ بازارغا ھاراق ئالغىلى چىقىپ
خاسىيەتلەرنىڭ پاجىئەسىگە دۈچ كېلىپ قالدىم. ئۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى كۆرۈپ
ئىختىيارسىزلا قولۇمدىكى ھاراق سومكام قولۇمدىن چۈشۈپ بىرقىسمىنىڭ
چېقىلىپ يولغا بىر كېلىپ كېتىشىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ قىزغا بەكلا ئىچىم
ئاغرىپ كەتتى. ئاخشىمى ئۆيۈمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كوچىدا كۆرگىنىمنى
ئەسلەيمەن: قىپقىزىل قانغا چىلىشىپ ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر قىزى؛ قۇچىغىدا
يۈرىكى ساڭگىلاپ چۈشكەن يىگىتى؛ يەنە بىر قولىدا ئۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىنى
تۇتقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغان ياش ئۇيغۇر قىزى، ... بوۋامنىڭ
رەھمەتلىك دادامغا قىلغان ۋەسىيىتى ئېسىمگە كېلىپ تۇرىۋالدى. ھېلىقى
بايىۋەتچى بىلەن بىرگە يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ ماللىرى ئارىسىدىن بىرى
زەڭگەر، يەنە بىرى قارا تاشلىق كىچىك ئىككى پارچە كىتاب چىقىپ قالغانىدى.
سودىگەر ئوينىشىم ئۇ كىتابلارغا قاراپمۇ قويماي ئەخلەت چېلەكگە
تاشلىۋەتكەنىدى. مەن دەرھال ئۇلارنى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن چىقىرىپ ئېلىپ
كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىغا قېتىپ قويغانىكەنمەن. ئۇ كىتابلار ئۆزەمنىڭ كىتابلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ ساقلىنىپ قالغانىكەن. ھېلىقى كىتابلاردا بۇنداق ئىشلار
توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلاتتى دەپ ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇلارنى تېپىپ
ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئوقۇدۇم، قايتا-قايتا ئوقۇدۇم. ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم-دە،
بوۋامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ھەمدە ھېلىقى قىزنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشكە
قەسەم قىلدىم. ئۆمرۈمدە خەلقىمگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ
بېرىش خىيالىدا ئىدىم. كومپيۇتېر كورۇسىغا قاتناشقىنىمدا ھېلىقى قىزنىڭ بىزگە
پراكتىكا قىلىپ مۇئەللىملىق قىلىپ بەرگەنلىكىدىن تونۇيتتىم. بىر-ئىككى ئايدىن
كېيىن سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ خاسىيەت مۇئەللىمنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ ئۆيىگە
باردىم. يولدىشى بىلەن قوشۇلۇپ بىر ساۋاقدىشىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىشى خاسىيەتنى
تۈگەشتۈرۈپلا قويغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېينى ئاتا-ئانىسى خاسىيەتنى
پىشكەللىكىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىشىپ بەكلا يامان كۆزى بىلەن قارىشىپ
يۈرگەنىكەن. بۇ ھالىتىدە خاسىيەت يا ئېلىشىپ قالىدىغاندەك، يا بولمىسا ئۆزىنى

ئۆلتۈرىۋالىدىغاندەكلا ھالغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۆيدىكىلەرگە مەسلىھەت قىلىپ
يۈرۈپ ئۇنى بىر قانچە كۈنگە ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش
ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە قىلىقلارنى قىلىپ باقتىم، ئېچىلاي دېمەيدۇ.
ئاخىرى ئۇنى قىزىل ھاراققا زورلىدىم. ئاستا-ئاستا ئېچىلىشقا، دەرد تۆكۈشكە، ماڭا
ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەتىسى ئويغىنىپ، ئاخشامقىلارنى ئەسلىيەلمىدى.
مەنمۇ كېيىنكى رومكىلىرىغا چاندۇرماي تۇرۇپ ۋىسكى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنىدىم.
پاتلا مەس بولۇپ قالغانىدى. ‘قارىغاندا خېلى راھەتلىنىپ قالغاندەك قىلىمەن،
ئاخشام ماڭا نېمە ئېچىرىۋەتتىڭىز؟‘ دەپ سورايتتى مەندىن. مەن ئۇنىڭغا قىساس
ئالايلى دېدىم. ھېلىقى كىتابلارنى كۆرسەتتىم. بىر ۋاقىتتا قارىسام، خاسىيەت ئۇ
كىتابلارغا كىرىشىپلا قاپتۇ: كىمكەن ئۇ 'ئىزچى مەن' دېگىنى؟ سەن تونۇمسەن؟
دەپ سوراپ قوياتتى. قانداق؟ شۇ ئىزچىمەنىنىڭ كىتابلىرىدا دېگىنى بويىچە ئىش
قىلىشقا قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىغىنىمدا، ‘قارىغاندا بۇ ئىشنى ئۆزىمىز
قىلمىساق، بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزدىن بىزنىڭ بۇ ۋەتەنگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار
چىقىدىغاندەك ئەمەس ‘ دەپ پاتلا ماقۇل كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز
ئولتۇرۇپ ‘ئىزچى مەن ‘ نىڭ ئىككى كىتاۋىنى بىرقانچە كۈن ئوقۇپ تالاش-
تارتىش قىلدۇق. ئاخىرى ئىككىمىز بىر يوشۇرۇن ھەرىكەت قوشۇنى قۇرۇپ
ئويۇشۇش قارارىغا كەلدۇق. تەشكىل قۇرۇش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىمىز كېرەك
ئىدى. قانداق قەسەم قىلايلى؟ دېيىشىپ خىيالىمىزغا «قۇرئان» كەلدى.
ئېچىۋالمىغان بىر كۈنىسى ئىككىمىزلا يۇيۇنۇپ تارىنىپ پاكىز بىر پارچە رەخنى
يەرگە سېلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىمىزغا ياغلىق چېگىپ بىلگىنىمىزچە قۇرئان
ئايەتلىرىدىن بىر قانچىنى ئوقىدۇق. ئاندىن دۇئا قىلىشتۇق. ئاخىرىدا ئىككىمىزلا
قۇرئانىنىڭ ئۈستىگە قولىمىزنى قويۇپ بىر-بىرىمىزگە قەسەم قىلىشتۇق. شۇنداق
قىلىپ قوشۇنىمىزنى قۇرىۋالغان بولدۇق. بۇنىڭغا بىرەر ئىسىم قويۇپ چىقايلى
دېيىشىپ، ‘ئىزچى مەن‘ نىڭ بىر كىتابىدا ۋەتىنىمىزنىڭ بايرىقى دەپ ئىنچىكە
ئاينىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر رەسىمنى سىزىپ قويغانىكەن. بىزمۇ شۇ بايراقنى
چوڭ مەيدانىنىڭ ئالدىدىن غەرپتىن شەرققە قاراپ پارات قىلىپ كۆتۈرۈپ
مېڭىشنىڭ كۈنلىرى ئۈچۈن دەپ، شۇ بايراقتىكى شەكىلنى قوشۇنىمىزغا ئات
قىلىپ قويىۋالدۇق.” ـ گۈلباھار گېپىنى توختىتىپ بىر چىنە چاي قۇيۇپ ئىچتى.
ئاندىن يەنە گېپىنى داۋام قىلدى:

“دەسلۋدە كىتابتىكىلەرگە ئوخشىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىپ يوشۇرۇن تارقاتقىلى تۇردۇق. بىر كۈنىسى قايسى بىر كافىخانىدا ئولتۇرغىنىمدا، ھە، قارايسىزغۇ، ئۇ چاغلاردا ئۇنداق يەرلەر مېنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكىدەكلا يەرلەر ئىدى. ئۇ كافىخانىدا پۇلدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئىككى خىتاينىڭ ئۆزئارا قىلىشۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپ قالدىم: “ھازىر قېرى ئۇيغۇر ئەپەندىلەر يوشۇرۇن پارتلىتىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت تېزگىنلەش بومبىسىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەنلىگى چوقۇم. ئەگەر كېلىشتۈرەلىسەك، بۇ ساراڭ ئۇيغۇرلارغا پارتلاتقۇچ ياكى گرانات سېتىپمۇ جىق پۇل تاپقىلى بولاتتى. مېنىڭ بۇ يېقىندىكى ھەربىي ئىسكىلاتىدا ئىشلەيدىغان بىر يۇرتلۇق تونۇشۇم بار. ئۇنىڭغا ئازىراقلا پۇل تۇتقۇزۇپ قويسام ئۇنداق بومبىدىن ئوغۇرلاپ چىقالايتتى دېگىنە. بىر قېتىم بۇ ھەقتە گەپ يورغىلىتىپ بېقىۋىدىم ئۇ يۇرتلۇغۇم ماڭا: ‘پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا بىر ئامالىنى قىلالايمەن’ دېدى. شۇنداق قىلىپ ‘بىر سىناپ باق’ دەپ قولىغا مىڭ يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ قويىۋىدىم، ئەتىسىلا ئىككى خىل قول بومبىسىدىن ئوندەكنى ئوغۇرلاپ ئەكىلىپ بەردى. ھازىر شۇنىڭغا بىرەر ساراڭ ئۇيغۇر خېرىدار تاپالىغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. سېنىڭ بىرمۇنچە ئۇيغۇر تونۇشلىرىڭ بولىدىغان. بىر ئامالىنى قىلالارسەنمۇ؟ ‘ دېگىنىنى ئاڭلىۋالدىم. مەن شۇ كۈنىسى چاندۇرماي ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرىۋالدىم. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، يېنىمغا ئىككى مىڭ سوم نەق پۇل، بىرتال يالغان ناگان بىلەن بىر تال نېپىز پايپاقنى سېلىۋېلىپ ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇ خىتايغا يالغاندىن بىرنېمىلەر دەپ ئىشىكىنى ئۇرىۋىدىم ئېچىپ بەردى. بۇ چاغدا ئاۋال تەۋەككۈل قىلىپ باقمەن، بولمىسا قورقىتىپ باقارمەن دەپ بېشىمغا قارا پايپاقنى كېيىۋېلىپ ناگاننى تەڭلەپ تۇرغانىدىم. ئەرەنچە ياسىنىۋالغىنىم ئۈچۈن ئۇ خىتاي ئاۋازىمدىن مېنى ئەر كىشى دەپلا بىلگەنىدى. ئۆيىگە كىرىپلا ئۇنىڭغا بوم ئاۋازىم بىلەن سىچۇەن شىۋىسىدا دېدىم: ‘ئاڭلىسام سەندە ئون تال قول بومبىسى بار ئىكەن. ئۇلارنى ھازىرلا ماڭا سېتىپ بېرىسەن ‘ دەپلا جوزىسىغا ئىككى مىڭ سومنى تاشلىدىم. دەسلەپتە قورقۇپ كەتكەن ئۇ خىتاي، ئاۋال قولۇمدىكى ‘تاپانچا’ غا، ئاندىن جوزىدىكى ئىككى باغلام پۇلغا قاراپ سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلىپ مۇغەمبەرلىك قىلىشقا باشلىدى: ‘سېنىڭ ھۆكۈمەت ئادىمى ئەمەسلىگىڭنى نەدىن بىلىمەن؟ ‘ دەپ تىركەشتى. ‘بۇنى

بىلىشلىك تەس ئەمەس. يا پۇلنى ئېلىپ گراناتلارنى ماڭا بېرىسەن، يا بولمىسا هازىرلا ئۆلىسەن!' دېدىم. 'داگې، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ئۆلتۈرمە، مەن ساڭا بومبىنى بىرەي' دېگىنىچە ياندىكى ئىشكاۋىنىڭ ئىچىدىن بىر ئېغىر سومكىنى چىقىرىپ ئالدىمغا قويدى. سېرىتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بومبىلارنى كۆرسەتتى. ئىچىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى سەل باشقىچە شەكىلدىكى بومبىلار ئىكەن. دەرھال ۋارقىرىدىم: 'پۇلۇڭنى سانا!' ئۇ خىتاي ھىجىيىپ تۇرۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يۈز يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك پۇللارنى ساناشقا كىرىشتى. 'بىر تېلىغا ئىككى يۈز يۈەندىن بەردىم. ئاغزىڭنى چىڭ تۇتالىساڭ، يەنە بولسا ئالىمەن. يەنە قانچىنى تېپىپ بېرەلەيسەن؟ ' دېدىم ئۇنىڭغا 'تاپانچا' منى تەڭلەپ تۇرۇپ. 'بۇ باھاغا تاپماق تەس. ئۆزەڭ بىلىسەن، بۇ دېگەن باش كېتىدىغان خەتەرلىك ئىش. ... بۇ قېتىم مەيلى، كېلەر قېتىمدا بىر تېلىنى بەش يۈزدىن ئالساڭ، يەنە بىر يەشىك تېپىپ بېرەلەيمەن. بىر يەشىكتە ئەللىك تال بولىدۇ. ھەممىسلا ئېلېكترونلۇق ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدۇ. مانا ماۋۇلاردەك ' دەپ سومكىدىن غەيرىرەك بىرتال بومبىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. خىتاي پۇلنى قاتلاپلا يانچۇقىغا سالدى. 'مەندىن خەۋەر كۈتكىن. پۇلنى تەييارلاپلا ساڭا خەۋەر كىرگۈزىمەن. سەنمۇ مالنى تەييارلاپ تۇرغىن ' دەپلا سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. تالاغا چىققىچە دەرھال بېشىمدىكى پايپاقنى چىقىرىۋېتىپ، خىتاينىڭ سومكىسىنى ئۆزەم ئالغاچ كەلگەن چىرايلىق ئوقۇغۇچىلار سومكىسىغا پۇرلاپ تىقىۋەتتىم. نېرىسىدىكى ئاپتوۋۇز بېكىتىگە كېلىشىمگە بىرمۇنچە ساقچى ماشىنىلىرى چىقىراشقىنىچە ھېلىقى خىتاي تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىرمۇنچە قۇراللىق ساقچىلار دەرھال بىنانىڭ ئەتىراپىنى قورشاشقا باشلىدى. ئاڭغىچە چېچىمنى بولىشىغا قويىۋېتىپ قايتىدىن قىز ھالىتىمگە كېلىۋالغانىدىم، كېتىۋاتقان بىر بولكىۋاي تاكسىچىنى توختۇتۇپلا ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتتىم. ئادەتتە تاكسىچىلار مېنىڭ كۆرۈنۈشۈمدىكى قىزلاردىن تۇلا بەك ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. يولدا يەنە ئىككى قېتىم تاكسى ئالمىشىپ مەھەللەمگە كېلىۋالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىدىن بالدۇر چىقىۋالغانىكەنمەن. بولمىسا كىم بىلىدۇ نېمە بولىدىغانلىقىنى. ئۆيگە كىرىپ پارقىراپ تۇرغان ئون تال بومبىنى جوزىغا تىزىپ قويۇپ قانغىچە تاماشا قىلدىم. 'ئىككى مىڭ سومغا ئون تال پارتلاتقۇچ!' ئەسلىدە مەن قول بومبىسى دېگەننى

كىنولاردا غىل-پاللا كۆرۈپ قالغىنىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئۆمۈرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن دەڭا. بۇ گراناتلار بەكلا ئەرزانغا توختىدى. خاسىيەت بىلەن ئىككىمىز نەچچە ھەپتىگىچە بۇ گراناتلارنىڭ قانداق ئېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالماي بەكلا گاڭگىراشتۇق. يا سىناق قىلغىلى بولمىغان، يا بىرەرسىدىن سورىغىلى، مىڭ تەستە ئاران بىلەلىدۇق. ئارىدىن بىرمەزگىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋېتىپ، ۋاقىت تېزگىنلىك پارتلاتقۇچ بىلەن مەن ئىككى قېتىم، خاسىيەت ئىككى قېتىم ھەرىكەت قىلدۇق. بەكلا ئاسانغا توختىدى. ئەمما قالغان بومبىلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەتتىكى سوقچاق قول بومبىلىرى ئىكەندۇق. سىز كۆرگەن كۈنىسى خاسىيەت ئۆلاردىن بىر تېلىنى مەندىن يوشۇرۇنچە ئوغۇرلاپ چىقىپ ئىشلەتكەنىكەن. ئاقماق قىزبالا، تۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلىمىغىنىنى قاراڭ. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئىشنى باشلىۋالغان بولدۇق.»

«نېمە دېگەن ئاددى ۋەقەلەر بۇ؟ ــ قاسىم ھەيران بولۇپ ئويلاپ قالدى ئىچىدە، ــ كىچىككىنە قىزلار، ھېچقانداق بىر تەربىيە كۆرمىگەن، قورقماستىنلا شۇنچە تەۋەككۈلچىلىك قىلالىغانلىقىغا قارىمامدىغان بۇ جىنلارنى!»

گۈلباھار رەسمىي بىر لۈكچەك بولۇپ كەتكەن ئايال ئىدى. ئەمما ئاز-تولا مىللىي غۇرۇرى ساقلىنىپ قالغان، ھېچ بولمىغاندا بوۋىسىنىڭ ۋاستىلىق ۋەسىيىتىگە بولسىمۇ ئىگە بىرسى ئىدى. قاسىم، بۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ «ئاپىرىن ساڭا!» دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويدى. قاسىمنىڭ بۇ قىلغىنى قىزنى بەكلا يايرىتىۋەتكەنىدى.

«بۇ گەپلەردىن كېيىن مەندىن يىرگىنەمدىكىن دەپ قالغانىدىم.» ــ دېدى قىزچاق ئەكىلىگەندەك قىلىپ.

«ئۇيغۇرلار بۈگۈن يىرگىنىشكە ئەمەس، دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇش يولىغا، بۇ يولدا ھەرىكەت ئۆلگىلىرىگە، باشلامچىلارغا مۇھتاج. ــ دېدى قاسىم، ــ سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز دەل شۇ ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ بىر باشلامچىسى، بۇ قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن مەندىن جېنىمنى سورىسىڭىزمۇ قىلچە ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي بېرىشىم كېرەك. يىرگىنىش دېگەن نېمە گەپ ئۇ! سىزنىڭ شەخسى مىجەزىڭىز ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگىلا تەۋە بىر ئىش. بىزگە كېرىگى سىزنىڭ مىجەزىڭىز ياكى ئەخلاقىڭىز ئەمەس، سىزنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇشقا قوشقان تۆھپىڭىز كېرەك قىزچاق!»

“ياق، مەن سىزنىڭ جېنىڭىزغا مۇھتاج ئەمەسمەن. سىز بىلىسىز، ... كونا خوۋي دەڭا، ... سىزنىڭ شۇ ئەرلىگىڭىزلا يېتەرلىك ماڭا!” ــ گۇلباھار توم قىلىپ بىرنى ھىجىيىپ قويىدى.

“تاك، ... تاك-تاك.”

“ۋىيەي! ئەندى مەن قانداق قىلارمەن؟ بۇ كەلگەن چوقۇم خاسيەت!”

قاسىم ئامالسىز قالدى. ئۇلار بايىتىدىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى بولىشىغا ئېچىۋەتكەچكە، ئاۋازى پۈتۈن زالغا دېگىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئىشىكنى ئۇ اچماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۇ قېتىم خاسيەتنى ئۆيگە كىرگۈزۈپلا قۇچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن جانلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئىككىسى قولتۇقلاشقىنىچە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى.

“ھە، مۇنداق ئىش دەڭا، سىز قاچانلاردا كېلىۋالغانىدىڭىز؟” ــ دەپ قىزغانغاندەك قىلىپ گۇلباھارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

“بايىتىنىياغى دوستىڭىز سىزنى كېلىدۇ دەپ ساقلاۋاتقانىدى.” ــ دەپ قاسىم گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى.

يېرىم قىزغىنىش، يېرىم چاخچاقلار بىلەن ئىككى قىز بىرى ئىنچىكە، يەنە بىرسى توم ئاۋازدا ۋىچىرلىشىپلا كېتىشتى. قاسىمۇ پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئورۇن-كۆرپىلىرىنى بىرقۇر رەتلەپ چانمىغىدەك قىلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇمۇ قىزلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ سۆھبەتكە قوشۇلۇپ كەتتى. ...

“مەن دەي، ئۇرماڭلار، مەن دەي! ...”

كامېرنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىن كەلگەن كىچىك بالىنىڭ بۇ تۇيۇقسىز جۆيلۈشى قاسىمنى شىرىن ئەسلىمىلىرى قايىنمىدىن چۆچۈتۈپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ دەرھال شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تىكتى.

ــ بۇ دىلشات قارىۋاي. ــ دېدى يېنىدا ياتقان بالىمۇ ئۇيغۇنۇپ كېتىپ، ــ بۇ ساۋاغدىشىمىز بېشىغا بالا تېپىۋالمىغىيدى دەپ قورقىمەن.

ــ ئۇنىڭغا نېمە بولغانتى؟ ــ دەپ سورىدى قاسىم.

ــ دىلشات ئارىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچاق بىرسى ئىدى. ــ دەپ پىچىرلىدى يېنىدىكى بالا ئۇنىڭغا، ــ ئۆتكەن ھەپتىدە دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتۇق. يان كوچىدا يول بويىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەم يېنىدىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر

ختاي بالىسنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ بىرگە قارىتىپ تۇرۇپلا ‹ئاللاۇ ئەكبەر!› دېگىنىچە قويىنىدىن ئۇزۇن بىر پىچاقنى چىقىرىپ ئۇ ختاي بالىسىنىڭ بويىنىنى شارتلا قىلىپ بوغۇزلىۋېتىپ يانىدىكى تامدىن ئارتىلىپ يوقاپ كەتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەھىمىدىن ھەممىمىزلا قورقۇپ كېتىپ قىييا-چىييا قىلىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پاترول ختايلار ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بۇ تار كوچىغا يېتىپ كېلىشتى. يەردە ھېلىغىچە جېنى چىقماي تېپىرلاپ قانغا چىلىشىپ ياتقان ختاي بالىسنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ھەممىمىزنى تۇتۇپ سولاپ قويۇشتى. ئاندىن بىر تۆمۈر قەپەزدەك ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ سولاشتى. ھەممىمىزنى ئۇرۇپ قىيناشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا دىلشات قارىۋاي ماڭا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى: ‹ئۇ ئادەم بىزنىڭ قوشنىمىز ساۋۇت قاسساپ دېگەن كىشى شۇ. ئۇ كىشىنىڭ بىر بالىسنى ئۆتكەن ئايلاردا ختاي پاتروللىرى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇرىۋەتكەن ‹ دېدى. مەن ئۇنىڭغا ‹سوراقتا ھېچنېمىنى كۆرمىدىم دەپلا تۇرىۋال. بولمىسا ئۆزەڭگە بالا تېپىۋالىسەن› دېگەنىدىم. ...

ـ بۇ دىلشات دېگىنىڭ قانداغىراق بالا؟ ـ قاسىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا سورىدى.

ـ ئۇ ئايىسغا ئۆگەي. ئۆگەي ئايىسى ئۇنى بەكلا ئۇراتتى. خەق بۇ ئايالنى بۇزۇق خوتۇن دېيىشىدۇ. دىلشاتنىڭ دادىسمۇ بەكلا ھاراقكەش بىرسى. كەچكىچىلا كوچىدا مەس بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. دىلشاتنى دادىسمۇ ئۇرىدۇ. دىلشات بۇلارغا چىدىماي نەچچە قېتىم ئۆيىدىن قېچىپ مەكتىۋىمىزنىڭ كۆمۈرخانىسىدا ئوغۇرلۇقچە يېتىپ يۈردى.

ـ ختاي بالىسنى ئۆلتۈرگەن ئۇ ئادەمنى سەن تونۇمسەن؟

ـ ياق. مەن دىلشاتلارنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرنى تونىمايمەن.

ـ ... ... ـ قاسىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ‹قانداق قېلىش كېرەك؟ بۇ دىلشات دېگىنى ئۆيىدىنمۇ سۇ ئىچمىگەن بالىدەك قىلىدۇ. ئۇنداق باللاردا ھەممە كىشىگە ئۆچمەنلىك بولىشى مۇمكىن. سوراقتا تاياققا چىدىماي بىرنىمە دەپ قويۇپ بالادا قالارمۇ؟› قاسىم ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندە يېنىدىكى بالىغا بۇرالدى. ـ بولمىسا دىلشاتنى ئاستا ئۇيغۇتۇپ باقامسەنيا؟ باشقىلار تۇيۇپ قالمىسۇن. ...

# ئون ئىككىنچى باب
# خاسىيەت

— دەۋەتمىسەم قۇرسىغىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىدۇ، چىدىيالمايلا قالدىم.
— ئۇنداق بولسا ئاۋال ماڭا دەپ باققىنە، ئىچىڭ بوشاپ قالامدۇ تېخى، كۆرۈپ باقايلى.
—— كامېردىكى سۆھبەتلەردىن

كامېرنىڭ سىرتىدا گۈندىپايلارنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرى يېقىنلىشىپ كەلدى.

— ئۆلگۈك كېلىشىۋاتامدۇ! ھايۋانلار! پىچىرلىشىپ تۇرماي ئۇخلاش!

ئەتىسى سوراق نۆۋىتى دىلشاتقا كەلگەنىدى. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئۇنى ئۆلۈكتەك قىلىپ كامېرغا سۆرەپ كىرىپ تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھېلىقى خىتاي بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى بۇ بالا ئ ۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ چىڭ تۇرۇۋالغان. ئەمما خىتايلار دىلشاتنىڭ ئادەم ئۆلتۈرەلىشىگە زادىلا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاھىللىقىغا غەزەپلىنىپ ئۈستىخانلىرىنى كۆكۈمتالغان قىلىۋەتكىچە ئۇرۇپ قىينىۋەتكەن.

بىچارە بالا ئىككى كۈن شۇ پېتىچە ھوشىغا كېلەلمەي يېتىپ، ئاخىرى كامېردا ياتقىنىچە جان ئۈزدى!

‘بىچارە بالا! — دەپ قاسىم ئۇ بالىنىڭ بىھۇدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. — بەلكىم ئۇ بالا بىلەن ياخشىراق سۆزلىشىپ دەردىنى ئاڭلاپ بەرگەن بولسام بۇنچە پاجىئەگە قالماس بولارىدى.’ دەپ ئويلىنىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە پوخ ياۋالغاندەكلا بولۇپ جىمىپ قالدى.

ئۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا ئاران بۇ بالا توغرىسىدىكى خىيالىدىن قۇتۇلۇپ، مىڭ تەستە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قايتالىدى. ...

گۈلباھار “شۇ، كونا خۇيۇم دەڭا، ياتلارغا كېتىپ قالغىنىمدىن سىزگە كەتسۇن دېدىم” دېگىنىچە قاسىمنىڭ ئۆيىگە پات-پاتلا كېلىدىغان بولىۋالدى.

خاسىيەتنىڭ كەلمەيدىغان كۈنلىرىنى بىلىۋېلىپ كېلىپ تۈنەپ كېتەتتى.
دەسلىۋىدە بۇ ئىشلار قاسىمغىمۇ غەلىتە تۇيۇلغاندەك قىلسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇمۇ بارغانسېرى بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا گۈلباھارنىڭ بۇ ئىشلاردىكى ماھارىتى قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇشىغىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، گۈلباھار شوخ ۋە ئەقىللىق بىزەڭلەردىن بولغاچقا، تۇرمۇش جەھەتتىكى بۇ ئەيىۋىنى خاسىيەت بىلەن قاسىم شۇنچە تىمسىقلىشىپ يۈرۈپمۇ تاپالمىغان رەسمىي پىستان دورىلىرىنى، ھەتتا تەييار ئاپتوماتىك مىنالارنىمۇ قايسى بىر خىتايىنى ئەپلەپ يۈرۈپ تېپىپ كېلىپ يۇيۇۋېتەتتى. ئۇ تېپىپ كەلگەن بومبىلىرىنى خاسىيەت بىلەن قاسىمغا قايتا ئۆزگەرتكۈزۈپ، يەنە ئۆزى بىر يەرلەرگە قويۇپ كېلەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ ئەتىسىگىلا، قايسى بىر خىتاي ئەمەلدارىنىڭ ياكى قايسى بىر خىتاي جاللاتنىڭ پاجىئەلىك پارتلاپ ئۆلگەنلىكى شەھەرگە پۇر كېتەتتى. بۇ بىرقانچە ئاي ئىچىدە گۈلباھار ئىككى خىتاي باشقارما باشلىقىنىڭ ئائىلىسىنى، بىر خىتاي نازىرىنىڭ پىكاۋىنى ۋە بىر خىتاي ئاشخانىسىنى پارتلىتىۋەتكەنىدى. بۇ قىز، ئىشقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىپ بېرىلىپ ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

گۈلباھار بىر كۈنىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە يوشۇرۇن ئىچكى ماتېرىيالىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەمدە قاسىمنىڭ پېيىغا چۈشكەن بىر خىتاي تەيتىيىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىپ، بۇنىڭ مۇكۆپاتى ئۈچۈن قاسىمنىڭ يېنىدا بىر كېچە قونۇۋېلىشقا رازىلىق ئېلىۋالدى. ئۇ، يۇغان بىر بوپىدەك تۈگۈك بىلەن بىرگە نەلەردىندۇ بىرىيەرلەردىن تېپىپ كەلگەن بورداق قوي گۆشى، يېڭى كۆكتاتلار ۋە ئېسىل ۋىسكى ھاراقلىرى بىلەن ئىككى بولاق 'كامېل' تاماكىسىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى:

“بۇندىن كېيىن سىزمۇ كەلسە-كەلمەس تاماكىلارنى چېكىپ يۈرمەي، مۇشۇ تاماكىغا كۆنىۋېلىڭ. پۇلىدىن غەم يېمەڭ.”

ئۇ، چەبدەسلىك بىلەن ئىككى خىل قورۇما تەييارلاپ، ئىككى كىشىلىكلا قىلىپ گۈرۈچ دەملىدى. قاسىمنى زورلاپ يۈرۈپ بىرنەچچە ئىستاكان ئۈزۈم ھارىقىنىمۇ ئىچىرىۋەتتى. ئۆزىمۇ بىرنەچچە قەدەھ ۋىسكىدىن كېيىن، ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئالاھىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ...

گۈلباھار مونچىدىن چىقىۋېتىپ چېچىنى لۆڭگىگە ئوراپ بولۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

“دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدىكەن. ئالدىنقى كۈنىسى بىر ھېساپتا مەن سىزنىڭ جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرىۋالغان بولدۇم.”

“قانداق قىلىپ؟” ــ دەپ چۈچۈپ سورىدى قاسىم.

“ئۆتكەن ھەپتىدە مەن سىزگە ئەكىلىپ بەرگەن تەشۋىقات ۋارىقىنى بىر ئاپتوۋۇزنىڭ كەينىگە چاپلاۋاتقىنىڭىزدا سىزنى بىر خىتاي تەيتىيى كۆرۈپ قالغانىكەن. بىرىپ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، دەل شۇ ۋاقىتتا ساقچىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان كىشى بىر تۇڭگان ساقچى ئىكەندۇق. ئۇ تۇڭگان ساقچى تەيتەيگە: ‘سەن دەرھال ئۆيىڭگە بىرىپ ساقلاپ تۇر، بىز ھازىرلا بۇ تېرروررچىنى تېپىپ قولغا ئالىمىز، سەن بۇ گەپنى باشقا ھېچكىمگە دېمەي تۇر، ئارىمىزدا ئىشپىيون كۆپىيىپ كەتتى، ھاياتىڭ خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن ‘ دەپ قورقۇتۇپ قويۇپ، بۇ گەپنى دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىپ قويدى: ‘بىر ئامال قىلىپ شۇ ئۇيغۇر گوڭچېڭشىنى يۇشۇرنۇپ يۈرۈشكە خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىلى بولماسمۇ؟ ‘ دېمەسمۇ! مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم: ‘بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمىسەڭ، ئاڭغىچە مەن ئۇنى قاچۇرىۋەتسەم ‘ دېگىنىمدە، ئۇ تۇڭگان ۋارقىراپ تۇرۇپ: ‘مەن سېنى كۆرمىدىم، مەن دېمىسەم ئۇ تەيتەي بەرىبىر دەيدۇ!’ دېدى-دە، ئالقىنىمغا كىچىك بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. قارىسام ئۇ خىتاي تەيتىيىنىڭ تەپسىلى ئادرىسى ئىكەن. قارىغاندا ئۇ خىتاي تەيتىيى ئۇ تۇڭگاننى ئۆزىنىڭ خىتايلىرىدىن دەپ بىلگەن بولسا كېرەك، ئادرىسىنى ئېلىپ ئۇ كاپىر ئۆلمەيدىغان قېرى تەيتەينىڭ ئۆيىگە بارسام ئۆيىدىن تالاغا چىقماي يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. ‘بالاڭنىڭ سەيپۇڭچىلىق كارخانىسىدىن مۇنچىلىك كىيىم بورۇتماقچى ئىدىم’ دەپ يالغان گەپ قىلىپ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئۇ كاپىر تەيتەينى لۆڭگىدە بوغۇپ تۇنجۇقتۇرىۋەتتىم. ــ دېگەچ، بىرىپ بايا ئېلىپ كىرگەن تۈگۈنىنىڭ ئىچىدىن ئېسىل بىر خورۇم پالىشوپكىنى چىقاردى. ــ بۇندىن كېيىن شۇ قارا پەلتويىڭىزنى يوقىتىۋېتىڭ.”

گۈلباھار بايىقى دەھشەتلىك گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ يەنە بىرخىيالىدا يوق قاسىمغا كەيگۈزگەن پالىشوپكىنىڭ ياراشقان-ياراشمىغانلىقىغا زەڭ سېلىپ قاراشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ يېقىندىن بۇيان گۈلباھار ‹يېڭى ئاي قوشۇنى › نىڭ قارارى دېگەندەك باھانىلار بىلەن قاسىمنىڭ ئۈچىسىنى پات-پاتلا يېڭىلاپ تۇرىدىغان بولىۋالدى. شۇنچە قىسچىلىق زامان بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە بورداق قوي گۆشلىرى، ئېسىل ھاراقلار، ئېسىل تاماكىلار، يېڭى كۆكتاتلارنى ئۆكسۈتمەي توشۇپ تۇرىدىغان بولىۋالدى. ھەتتا بەزىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن دېگەن باھانىلار بىلەن قاسىمنىڭ يېنىغا بىرنەچچە مىڭ سومدىن نەق پۇل سېلىپمۇ قوياتتى. دەرۋەقە، گۈلباھار، خاسىيەتنىمۇ بۇ جەھەتتە ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ سومكىسىغىمۇ ‹ۋەزىپە ئۈچۈن، قوشۇننىڭ قارارى› دېگەندەك ناملاردا مىڭ سوملاپ پۇل سېلىپ قوياتتى.

بۇنچە پۇل تۇرغان يەردە، قاسىممۇ ئاستا-ئاستا بۇنداق راھەت تۇرمۇشقا ياق دېمەس بولىۋاتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كېچىسى گۈلباھارنى قىستاپ تۇرىۋالدى:

“سېنىڭ ئىش ئورنۇڭ بولمىسا، ھېلىقى ئالمۇتىدىن ئېلىپ كەلگەن يۈزمىڭ سوم پۇلۇڭنى بۇنچە چېچىپ تارقىتىۋەتسەڭ پاتلا تۈگىتىپ قويىسەن. ئۇ كۈنلەرگە قالغىنىڭدا ساڭا مەيلى مەن بولاي، ياكى خاسىيەت بولسۇن ياردەم قىلغۇچىلىكىمىز يوقلىغىنى ياخشى بىلىسەن. ھەر قانچە بولسىمۇ تېجەشنى ئۆگۈنىشىڭ كېرەك-تە!”

گۈلباھار ئەركىشلەردەك بوم ئاۋازدا قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، چالا مەس خۇمار كۆزلىرىنى قاسىمغا تىكىپ دېدى:

“سەن تېخىچىلا شۇ يۈز مىڭ سومۇمنى ساناپ يۈرەمسەن؟ ئۇ پۇل ئاللىقاچان تۈگىدى. دېگەندەك، يېقىندا سىلەرگە مۇزاكىرىگە قويۇشنى ئويلاپ يۈرگەن بىر يېڭى نامزات بار ئىدى. ئۇ بالا ئىنتايىن چەبدەس يانچۇقچى بىرسى. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن. مەن ئۇ يانچۇقچىنى خېلى ئايلاردىن بېرى كۆزىتىپ يۈرىمەن. ئۇنىڭغا پارتلاتقۇچ پىستانلىرى، پارتلاتقۇچ دورا-بومبىلىرى، يوشۇرۇن ئۈچۈر، يۇمشاق دېتال تەخسىلىرىنى ئوغۇرلىتىش، خىتايلاردىن، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن پۇل-مال ئوغۇرلىتىش ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرغانىدىم. ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۆتكەندىكى خىتاي چۇجاڭنىڭ ئۆيىگە سائەتلىك مىنا قويۇپ چىقىشنىمۇ ئۇ قىلغانىدى. كومپيۇتېرنى ئۇيان

كوچىلاپ، بۇيان چۇخچىلاپ يۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى يوشۇرۇن ئارخىپلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ كەلدى. مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم پارتلىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇپ سىناپ باقماقچىمەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەلىسە، سىلەرگە تونۇشتۇرىمەن. ماقۇل دېسەڭلار ئۇنى قوشۇنىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەزالىقىغا كاندىدات قىلىپ قوبۇل قىلالىشىمىز مۇمكىن. دېگەندەك، مۇشۇ كۈنلەردە ئىشلىتىۋاتقان پۇللىرىمىزمۇ ئۇنىڭ بىر خىتاي بايۋەتچىسىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىپ ئولجا ئالغان ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلدىن كەلدى. ئۇ يانچۇقچىمىز شۇ پۇلنى ‘تەشكىلىمگە تاپشۇردۇم ‘ دەپ ماڭا بەرگەنىدى. مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭغا سېنى پاش قىلغان ھېلىقى قېرى تەيتەيىنىڭ ئوغلى ئاشقان سەيپۇڭچىلىق كارخانىسىنى پارتلىتىۋېتىشنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىمەن. قايسى كۈنىسى خاسيەت بىلەن ئىككىڭلار ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ بەرگەن مىنايىڭلارنىمۇ ئەنە شۇ ‘يانچۇقچى‘ غا بېرىمەن. ئۇ تۈلكىدەك قۇۋ، يامان چاققان نېمە!”

قاسىم ئويلىنىپ قالدى: ئۇ، مۇشۇ يېشىغا كەلگىچە ھېچقانداق بىر ئوغرى بىلەن دوستلىشىپ باقمىغانىدى. مانا ئەندى بىر ئوغرىنىڭ ئوغۇرلاپ بەرگەن پۇلىنى خەجلەپ يۈرگىنىنى بىلگىنىدىن كېيىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، بۇنى ئازدەپ ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئۇلۇغ بىر ئىش ئۈستىدە بىرلىكتە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال بۇنداق بىر تەشكىلاتتا قالالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە يانچۇقچى دېمەك، ۋىجدانسىز دېگەن بىلەن بىر مەنىدە كېلەتتى. ئۇ ئاستا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يۈيۈنۈشنى باھانە قىلىپ گۈلباھاردىن يىراقلىشىپ ئويغا پاتتى.

قاسىم بىر يىللىرى ئالاھىدە ھەۋەس قىلىپ كۆرگەن «گالىسىن پىدائىلار قوشۇنى» دېگەن چاتما تېلېۋىزىيە كىنوسىنى ئەسلىدى. ئۇ كىنودا تۈرمىدە ياتقان خەلقئارالىق داڭلىق بەش ئوغرىنىڭ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ نېمىسلار بىلەن يوشۇرۇن جەڭ قىلىش پائالىيىتىگە سېلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئوغرىلار ئادەتتىكى كىشىلەر قىلالمايدىغان مۇشەققەتلىك ھەرىكەتلەرنى بەكلا ئاسان پەيدا قىلالىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى. ‘ئەجەبا، بۇ ئىش بىزدىمۇ بولىدىغان ئىشلاردىن ئوخشىمامدۇ؟‘ قاسىم يەنە، قايتا تەربىيە ئالغان ئاچارچىلىق دەۋرلىرىدىكى بىر قىزىق ئىشنى ئېسىگە ئالدى: بىر كۈنىسى يىراق ئېتىزلىق

ئىشنى تۆگىتىپ كەتمەنلىرىنى مۆرىسىگە ئېلىشقىمۇ ماجالى يوق يەردە تاكىراڭلىتىپ سۆرۈشۈپ ھېرىپ-ئېچىپ يولدا ئاران كېلىۋاتقىنىدا، يول ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇتلا بىر كاناپ خالتىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بىرگە كېتىۋاتقان ساۋاغداشلىرى بىلەن بۇ خالتىنى ئېچىپ قارىغانىدى، ئىچىدىن بىرمۇنچە قۇرۇتۇلغان قوشۇق نان چىقىپ قالىدۇ. ئۇلار، 'بۇ بەلكىم قايسى بىر دېھقانىنىڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈپ قويغان نېنى بولسا كېرەك ' دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاچ-قورساقلىقتا پۈتلىرىنى ئارانلا سۆرىشىپ كېلىۋاتقان دوسلار ئىنساپ دېگەن ئۇقۇمنى مېڭىلىرىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغانىدى. ئۇلار دەرھال نېرىدىكى بىر كارىز ئاغزىغا بېرىپ ھېلىقى نانلاردىن بىرسى بىردىن قولىغا ئېلىشىپ، خۇددى خىتايلارغا ئوخشاش كەينىنى قىلىشىپ ئولتۇرغان ھالدا ناننى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ راسا مەززە قىلىشقانىدى. قورساقلىرىنى قۇرۇق ناندا تويغۇزۇشۇپ ماغدۇرغا كەلگەن بۇ دوسلار، خالتىدا ئېشىپ قالغان نانلارنىمۇ بىرەر- يېرىمدىن بۆلۈشۈپ قويۇنلىرىغا تىقىپ ياتىقىغا قايتىپ كېلىشىدۇ. ئۇلار مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىن بىرگە تەربىيە ئالغىلى كەلگەن قىز ساۋاغداشلىرىغىمۇ نان توغرىلىق ئېغىز ئېچىشماي، ئۇتتۇر ياتاقلىرىغا كىرىپ نانلىرىنى بىر يەرلەرگە تىقىپ قويۇشقانىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقان، ھەممە پۇشۇلداپ ئۇيقىغا كەتكەندە، بىر بۇلۇڭدىن ئات قوناق يىگەندەك گۇرۇسلىتىپ نان يىگەن ئاۋاز كېلىشكە باشلايدۇ. قاسىم بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا تىقىپ قويغان يېرىدىكى ھېلىقى نېنى يوق تۇرغان، شۇڭا ئۇ دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلىقى بۇلۇڭدىكى ساۋاغدىشىنىڭ گېلىغا ئېسىلىپ پومۇداقلىشىپ كەتكەنىدى. ... قاسىم بۇ ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنچىلىك پاكىز بىرسى ھېساپلانمايدىغانلىقىنى ئويلاپ سەل يۇمشىغاندەك قىلدى.

بۇ ۋەقەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىن، ئىككى چىنىغا چاي قۇيۇپ كىرىپ گۈلباھارغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

"ھە، قاسىم ئەپەندى، جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ؟ ـ گۈلباھارمۇ يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىقىپ چېچىنى قۇرىتىۋاتقانىدى. چايدىن بىرنى ئوتلاپ قويۇپ، قاسىمنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنى ئېلىپ قاتتىق بىرنى شورىۋالدى، ـ بىر يانچۇقچىنى بۇ ۋەتەنگە يۇخرا قىلغىڭىز كەلمەيۋاتامدۇ-قانداق؟ ئۇ بالىنى ھەرقانچە ئەسكى دېسىڭىزمۇ مەندىنغۇ ياخشىدۇ؟"

"ياق، ياق، ... مېنىڭ ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق، ..." ـ دەپ قاسىم يالغان تەبەسسۇم بىلەن كىكەشلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى.

"سىلەر ھەقىقەتەنمۇ سېسىق زىيالىيلار-دە! ـ دېدى گۈلباھار قولىدىكى تاماكىنى قاسىمغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ. ئۇنىڭ بېشىنى قاپلاپ كەتكەن قاپ-قارا بۇجۇغۇر چاچلىرى كوپۇپ ئالاھىدە پارقىراپ تۇراتتى، ـ ئۇ بالىنى مەن خېلى كۆپ سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئاساسەن مېنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ ۋاقىتىدىكى ئاپەتلىك يىللاردا ئۇ بالىنىڭ ئاكىسى ئوغۇرلۇق قىلىپ يۈرۈپ يىتىم قالغان ئۇكىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. ئۇ بالا بۇ خۇينى ئاكىسىدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك؟ ئەمما ھېچقاچان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا قول سېلىپ باقمىدىم دەيدۇ. ئۆزىمۇ بەكلا زىرەك، چاققان بالا. قارىمامسىز، شۇ ھالەتتە تۇرۇغلۇقمۇ ئۆچ يىللىق تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ ئۇستا بىر كومپيۇتېرچى بولۇۋالغان. ئۇ ھازىر رەسمى خىتايلارغىلا زىيان سالىدىغان زامانىۋى ئوغرىلارنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسى-يادى خىتايلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بەتلىرىگە كىرىپ ھېساۋاتلىرىنى قانداق قىلغاندا قالايماقانلاشتۇرىۋەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇ بىزگە ئوق-دورا جەھەتتىنمۇ خېلى كۆپ ياردىمى تېگىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنداق بىرسى تەشكىلاتىمىزغا بەكلا زۆرۈر ئىدى. مەيلى، بۇ گەپنى ھازىر تالاشمايلى، ئۇ ئىشنى كېيىن يەنە مۇزاكىرە قىلىشارمىز." ـ گۈلباھار كۆپۈپ كەتكەن چاچلىرى ئارىسىغا قاسىمنى كۆمۈۋەتكىدەك ئېڭىشىپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى.

قاسىم ھەقىقەتەن ئىككىلىنىپ قالغانىدى. مەيلى ئۆزى بولسۇن، ياكى خاسىيەت بولسۇن ئوڭلاپ بىرەر پارتلاتقۇچ قويۇشنىمۇ كېلىشتۈرەلمەي يۈرگەنلىگىمۇ راس ئىدى. ئەگەر گۈلباھارنىڭ ياردىمى بولمىغىنىدا، ئۇلار ئىككىسى بەكلا تەس كۈنگە قالغان بولاتتى. ئۇلار بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ تاماكىلىرىنى چېكىشكەندىن كېيىن، قايتىدىن يوتقانغا كىرىپ كېتىشتى. ...

قاسىم، قىستا-قىستاڭ كامېر ئىچىدە ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا پېتىپ قېلىپ پۇت-قولىنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىگىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى. شۇڭا ئۇ سەل قوزغىلىپ كامېرىنىڭ سوغۇق تېمىغا يۆلىنىپ ئوڭشىلىۋالدى. ئاندىن بىر

كامىردىشى تاشلاپ كەتكەن پاختىلىق چاپانغا ئۆزىنى پۈركەپ قايتىدىن ئەسلىملەر دۇنياسىغا غەرق بولدى. ...

قارىغاندا، خاسىيەتمۇ گۈلباھارنىڭ بۇ ئۆيگە ئوغۇرلۇقچە كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭغا قاسىمنىڭ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن دەيدىغان گۈلباھار ئۇنداق دېدى، گۈلباھار مۇنداق دېدى، ... دېگەندەك سۆزلىرىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بۇنداق گەپلەر تەكرارلانغىنىدا خاسىيەت تېرىكىپ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇناتتى، ياكى بولمىسا گېپىنى بۆلۈپلا باشقا ئىشلار بىلەن بولۇۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا خاسىيەت رەسمىلا قىزىرىپ-تاتىرىپ كېتەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنىلا قىزغىنىشنى ــ كۆنلەشنى تىلغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. خاسىيەت، گۈلباھارنىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان شوخ قىزلىغىنى، ھەرقانچە مەن-مەن دېگەن ئەرلەرنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئالقىنىدا ئوينىتالايدىغانلىغىنى ياخشى بىلگەچكە، قاسىمدەك ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئەرلەرنى گۈلباھار ئاللىقاچان بارمىغىدا ئوينىتىپ بولغانلىغىنى، قاسىمنىڭمۇ ئۇزۇن يىللىق بويتاقلىغىدىن كېيىن، بۇنداق بىر ئايالنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا مۆلچەرلەپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىنتايىن ئېغىر كۆڭگە قالغىنىدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان، يول كۆرسەتكەن ۋە يولدىشى ئۈچۈن قىساس ئېلىشىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ۋەتىنى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئادەم بولىشىغىمۇ ئاساسىي سەۋەبچى بولغانلىغى ئۈچۈن، گۈلباھارغا كۆندەشلىك قىلىمەن دەپ ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ بەزى كۆنلىرى قاسىمنىڭ بوشىشىپلا كېتىدىغانلىغى ھەمدە ئۆي ئىچىدىكى گۈلباھارغىلا خاس ئەتتىر پۇراقلىرىنىڭ سېزىلىشىدىن گۈلباھارنىڭ قاسىمنى ئالىلقاچان ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بولغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. خاسىيەتكە نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن تۇرمۇش پائالىيىتى بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن پائالىيەتلەر ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىشنى ياكى قاسىمنى تارتقۇزۇپ قويۇشنى زادىلا قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بىردىن-بىر تەسەللىسى يەنىلا قاسىمنىڭ كۆز قارچۇغىدا پارلاپ تۇرىدىغان پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان 'مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن' دېگەندەك ئوتلۇق نۇرلارنىڭ بارلىغى ئىدى.

ئەسلىدە خاسىيەتمۇ بۇ ئۆيگە يالغۇز كېلىشكە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىمەن دەپ كۆپ قېتىم ئۆزىگە ۋەدىلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىكى شۇ مۇھەببەتلىك نۇرلارنىڭ ئۆتكۈر چاقنىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىلغان ۋەدىلىرىنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۆرەتتى:

"ھەي سىزنى، قېرى شەيتان! نېمە قىلىۋەتسەم بولار سىزنى! قانداق قىلسام مەندىن باشقا بىرسىگە كۆز قىرىنى سالماس قىلىۋېتەرمەن؟" ــ دەپ ئەكىلىگىنىچە ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى چىمدىپ ئويناپ كېتەتتى. ئۇ بىرھازا ئەركىلەپ كۆزىنى تويغۇزىۋالغىنىدىن كېيىن، قاسىم بىلەن رەسمىي جىددى ئىشلار ئۈستىدە مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇلار ئىككىسى خىتايلارنىڭ كومپيۇتېرىدىن كۆچۈرىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىنىڭ يوشۇرۇن باستۇرۇشقا دائىر پىلانلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىچكى قىياپىتىگە دائىر خەۋەرلەر، قېچىۋاتقان خىتاي سانى، بۇندىن كېيىنكى يەرلىكلەرگە يۈرگۈزىدىغان جازالاش يوشۇرۇن پىلانلىرى قاتارىدىكى ئابزاسلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش جەھەتتە كۆپرەك باش قاتۇرۇشتى. بۇ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يەنە شۇ گۈلباھارنىڭ كومپيۇتېرىدا بېسىپ چىقىرىپ بېرىشكە مۇھتاج ئىدى.

ئاندىن ئۇلار ئۆتكەن ھەپتىدە شىمالدىكى بىر ۋىلايەت بىلەن تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر يېرىدە پەيدا قىلىنغان ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرىنى، ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان بۇ شەھەردىكى خىتاي جاللاتلىرىغا زەربە بېرىلگەنلىك ھەققىدىكى ئىككى خەۋەرنى، بىرقانچە خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ھەددىدىن ئاشقان ئىككى مۇناپىقنىڭ تەپسىلى ئادرېسىنى يېقىندا ئىشلىگەن جىنايىتى بىلەن قوشۇپ يېزىپ چىقىشتى.

قوشۇن ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مېزىك قىلىپ چۈچۈرە تۈگۈپ ئىچىشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە ئەكىلىشىپ سەل ئولتۇرۇشتى. بالىلىق ھىكايىلىرىنى ئېيتىشىپ تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلۈشۈالدى:

"باشلانغۇچ مەكتەپ يىللىرىمنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، ــ دەيتتى قاسىم، ــ بىر قىشلىقى بالىلار دەرستىن چۈشكىنىدە توپ ئوينايمىز دەپ قار قاپلاپ

كەتكەن قۇرۇق ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشتۇق. ئادەم سانى يەتمىگەچكە، ۋارتاغا ئادەم قويمىغانىدۇق. ئەمما ۋارتالىق تاش تاپالماي بىر تەرەپكە بىرسىنىڭ سومكىسىنى قويدۇق. يەنە بىر تەرەپكە قويىدىغانغا ھېچكىمدە سومكا يوق ئىدى. قاسىم ئاداش، دېدى شوخىراق بىر ساۋاغدىشىم، سەن بەربىر توپقا يېتىشىپ ئويناشنى بىلمەيسەن. شۇڭا سەن بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ ۋارتا تېشى بولۇپ بەرگىن دېدى. ئىلاجىسىز مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئۆستەڭ سىرتىدا بوش شىۋىرغانلىق قار ئۇچۇشۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆستەڭ ئىچى ئۇنچىلىك سوغۇق ئەمەس ئىدى. مەنمۇ ۋارتا تېشى بولۇپ تۈگۈلگىنىمچە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدىم. ئويۇن تازا قىزىغاندا بىر توپ كېلىپ نەق پېشانەمگە تەگمەسمۇ! قەھرىتان سوغوقتا بۇ مۇش تەككەندىنمۇ بەتتەر ئېغىر كەلگەنىدى. پۇلاڭگىدە كەينىمگە نەچچە مېتىر يەرگىچە ئۇچۇپ چۈشتۈم. دوملاپ يېتىپ راسا يىغلاشقا باشلىدىم. ئەمما دوسلىرىم مېنىڭ بىلەن كارى يوق، بىرسى توپ كىردى دېسە، يەنە بىرسى كىرمىدى دېيىشىپ بىر-بىرسى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتى دەڭا!“
بۇ ھىكايىدىنمۇ خاسىيەت راسا قاھ-قاھلاپ كۈلۈۋالدى.
خاسىيەت دادىسى بولغىدەك ياشتىكى بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ بەزىدە سەل تارتىنىپ قالغاندەك قىلىقلارنى قىلسىمۇ، بىرئازدىن كېيىن بۇلارنى ئۇنتۇپ، قاسىمنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى. ...
سىلىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەن قاسىمنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى يېقىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان خاسىيەت، بىر يەرلىرىدە نېمىشقىدۇر دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قالدى.
ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا سېلىسار ئىدى. خاسىيەت، دادىسىنىڭ ھەركۈنى ئاخشىمى كىيىملىرىدىن بېنزىن-ياغلارنى پۇرىتىپ ئىشتىن كېلىپ كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كىرىپ خاسىيەتنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ كېتىشلىرىنى تەبەسسۇم بىلەن مۇڭلىنىپ ئەسلەيتتى. دادىسى ئارىلاپ يانچۇقىدىن ئون بىر تىيىنلىق ئۇزۇنچاق سېغىزنى چىقىرىپ يېرىمىنى خاسىيەتكە، قالغان يېرىمىنى ئاپىسىغا چىشلىتىپ قويغىنىدا، خاسىيەت دادىسىغا نارازىلىق بىلدۈرۈشنى ھەرگىز ئۇنۇتمايتتى. ‘قارا، يەنە ئاپامغا چوڭ تەرىپىنى بېرىۋېتىپسىز!’ ئاپىسىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ئېرىنى مەڭزىدىن سۆيۈپ قويۇشى، خاسىيەتنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا خاسىيەتمۇ

دادىسىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىۋېلىپ ئەركىلەپ كېتەتتى. تاماق پىشقىچە دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋىچىرلاپ گەپكە تۇتۇتتى. دادىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئويۇنچاق ئىدى. پىشانىسىدىن سۆيۈپ قويسا خوشاللىقىدىن يايراپ، ئاپىسىغا قاراپ كېرىلىۋالاتتى. ...

بىر كۈنىسى شەپكىلىرىگە قىزىل بەششۇار تاقىغان بىرنەچچە خىتاي ھەربىلىرى بىلەن مىنبىگلار كىرىپ خاسىيەتنىڭ كۆز ئالدىدىلا دادىسىنى قولىغا كويزا سېلىپ سىلكىشلىگىنىچە ئېلىپ مېڭىشتى. ئاق ئۈن نورىمىسى ئالىقاچان تۈگەپ كېتىپ ئۈماچ قايىنىتىپ ئولتۇرغان ئاپىسى يىغلاپ ۋارقىرىغىنىچە ئىشنى تاشلاپ بىرىپ ئېرىگە يېپىشتى. خاسىيەتمۇ بىر تەرەپتىن دادىسىغا چاپلىشىۋالدى.

“...麞篪盦偬痳夔囨霒亾戱朤鼆! ...”

بىر خىتاي مىنبىك خاسىيەت زادىلا چۈشىنەلمەيدىغان يوقۇرقىدەك خىتايچە بىرنېمىلەرنى دەپ ئاپىسىغا ۋارقىراپ، مىلتىغىنىڭ پەيىنگى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. خاسىيەتنىمۇ سىلكىشلىگىنىچە دادىسىدىن تارتىپ ئاجرىتىپ كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. خاسىيەت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۈچاقنىڭ يېنىغا يىقىلىپ چۈشۈپ پىشانىسىنى يېرىۋالدى. دادىسى كەينىگە تولغىنىپ تۇرۇپ “خاسىيەت، جېنىم قىزىم!” دەپ ۋارقىرىغىنىچە سۆرۈلۈپ ئىشكتىن چىقىرىلدى. ئاپىسى بىر ئىشىككە، بىر خاسىيەتكە قاراپ يىغىزار قىلىشقا باشلىدى. بېرىپ قىزىنى تۇرغۇزۇپ پىشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قانلارنىڭ ئاق كوپتىسىنى بويىۋېتىشىگىمۇ پەرۋا قىلماي قۇچىقىغا ئالغىنىچە سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى. ماشرەڭ جىپ ماشىنىسى ئالللىمۇ قاچان يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. “ئاھ خۇدايىم، بىز نېمە گۇنا قىلغىنىمىزغا بۇ كۈنلەرنى كۆرىۋاتىمىز!” دەپ زارلانغىنىچە قىزىنى قولتۇقلاپ يامغۇردىن پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرگە پۈكلىشىپ چۈشتى. ...

ئانا-بالا ئىككىسى خېلى ئۇزۇنغىچە يىغلاپ ئولتۇرۇشتى. خاسىيەتمۇ پىشانىسى داكا بىلەن تېڭىلغان، داكىنىڭ ئۈستى تەپچىپ چىققان قان بىلەن قىزارغان، ئۈلۈغ-ئۈلۈغ ھەق تۇتقىنىچە ئانىسىغا يېپىشىپ ئولتۇراتتى. ھەربىر قاتتىق ھەق تۇتقىنىدا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇللىنىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سىلكىلىنىپ كېتەتتى. يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھېلىغىچە ياش مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. بىچارە ئانا قىزىنى باغرىغا باسقىنىچە شىپقا

قاراپ ناله قىلاتتى.

"دادام ... دادامنى ... خىتايلار نېمىشقا تۇ ... تۇتۇپ كېتىشتى ئا ... ئاپا؟ ئۇ ... ئۇ ... قاچان كېلىدۇ؟" ــ خاسىيەت ھەق تۇتقان ھالدا گېپىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قىلاتتى.

"داداڭنى بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپسەن دەپ تۇتۇپ كېتىشتى قىزىم." ــ قىزىنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى ئانا.

"دادام ئۇ ... ئۇ تەشكىلاتتا نېمە ... نېمە ياسايتتى؟" - بىچارە قىز ئاپىسىنىڭ يىغىسىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى. ... ئۇچاقتا ئوت ئالالىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، قازاندىكى ئۇماچ قېتىپ يېرىلىپ كەتكەنىدى.

يېرىم كېچىگە يېقىن ئىشكىنىڭ كەينىدە بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈنگەندەك قىلىپ يوقاپ كەتتى.

"خاسىيەت قىز، خاسىيەت قىز. ..." ــ ئىشكتىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئېتىلىپ چىققان خاسىيەت بېرىپ ئىشكنى ئاچتى. تالا قاپقاراڭغۇ، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دادىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. "دادا، دادا!" دەپ ۋارقىرىدى خاسىيەت قىز يىغلامسىراپ تۇرۇپ، بوسۇغىدا تۇرغان بىر تۈگۈنچەكنى كۆرۈپ ئۇنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى:

"ئاپا، بۇ نەرسە تالادا تۇرۇپتۇ، تېخىچە ئىسسىق ئىكەن."

ئاپىسى قىزىنىڭ قولىدىن تۈگۈنچەكنى ئېلىپ ئاچتى. ئىچىدىن ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق بولاق مانتا سېلىنغان بىر كورا چىقتى. خاسىيەتنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ...

خاسىيەت، ئاپىسى بىلەن ھېلىقى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە تۇردى. خاسىيەت دەسلىۋىدە 'دادام مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ' دېيىش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئاپىسى ئارىلاپ قىزىغا سېغىنز ئېلىپ بېرەتتى. بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن خاسىيەت دادىسىنى ئارىلاپ ئەسلەيدىغان بولدى. بىر يىللىرىغا كېلىپ ئۇ دادىسىنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمىگىدەك ھالغا كەلدى. ئۆيدىكى رەسىم جازىسىدا ئاپىسى بىلەن بىرگە چۈشكەن دادىسىنىڭ رەسىمگە قاراپ، گويا ئۇ كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمان قىلغىدەك يەرگە كەلگەنىدى. 'خاسىيەت بىر مىللەتچىنىڭ بالىسى ئىكەن، ئۇنىڭ دادىسى بىر ئەكسىيەتچى ئىكەن، ... ئۇنىڭ دادىسى بىر لوگەي ئىكەن، ...' ساۋاغداشلىرىنىڭ

بۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كېلەتتى. مەكتەپتىكى بارلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار چاچلىرىنى كەستۈرۈپ بۇدرە قىلىشقا باشلىغان يىللاردىمۇ، ئۇنىڭ ئاپىسى ھېلىغىچە چېچىنى ئۆرۈپ چىڭ تۈگىۋالاتتى. بېشىدىن يېشىل ياغلىقنى چۈشۈرمەيتتى. ئاپىسىنىڭ قوللىرى قېلىن قاپىرىپ كەتكەن، يۈزلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئاخشىمى ئۆيگە ھېرىپ ئارانلا كېلىۋالاتتى. خاسىيەت، ئاپىسىنىڭ سەھەر چىقىپ كەچ قايتىپ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىگەنىدى.

خاسىيەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭى كۆچكەن يىللىرى ئىدى. ئاپىسى ھېلىقى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە يۇيۇنۇپ تاراندى. ئەينەككە قاراپ ئۇزۇن-ئۇزۇنغا بىرنېمىلەر قىلىپ ئولتۇردى. ئاپىسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، خاسىيەت ئاپىسىنىڭ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن تونىيالماي قالغىلى تاسلا قالغانىدى. ئاپىسى خۇددى ياش قىزلاردەكلا ياسىنىۋالغانىدى.

“ھە، قارايسەنغۇ، ئاپاڭنى ياسىنىشنى بىلمەيدىغان ھۇرۇن خوتۇن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟”

خاسىيەت دەپتەرلىرىنى تاشلىۋېتىپ كېلىپ ئاپىسىنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. خاسىيەت ئاپىسىنىڭ بۇنچە خۇشال ۋە بۇنچە چىرايلىق ياسىنىشىنى تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقانىدى.

“بولدى قىل قىزىم، ئاران قىلغان گىرىملىرىمنى بۇزىۋېتىسەن! — ئاپىسى خاسىيەتنى قۇچىقىغا ئالدى. — قۇرۇلۇشتا خىش-كېسەك توشۇيدىغان ئىشىمدىن چىقىرىپ بۇرۇنقى ئىشىمگە قايتۇرۇشتى. — ئاپىسى خاسىيەتكە تۇنجى قېتىم ئىشى توغرىسىدا سەممىي گەپ قىلىۋاتاتتى. — ماڭا قارا قىزىم، يەنە بىر خۇشاللىق ئىش، داداڭنى ئازاد قىلىشتى. پات يېقىندا تۈرمىدىن چىقىدىكەن.” — خاسىيەتنىڭ ئانىسى مۆلدۈرلەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ باياتىدىن بېرى قىلغان ئەرزان پۇللۇق گىرىملىرى ئىسسىق كۆز ياشلىرى تەرىپىدىن خۇددى چاڭ-توزاڭلىق ئەينەككە ياققان يامغۇر سۈيىدەك ئىز قالدۇرۇپ يۈزىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى.

خاسىيەت، ‘دادا’ دېگەن بۇ سۆزدىن سەل-پەل يۈرىكى سوققاندەك قىلسىمۇ، شۇنچە بالالارغا، شۇنچە جاپالارغا قويغان بۇ ‘دادا’، ئۇنى ئۇنچىلىك بەك ھەيران قالدۇرمىغانىدى.

“قويغىنە شۇ ‘دادا’ دېگەننى، قارا، بىرچىرايلىق گىرىملىرىڭ پوخ بولدى.”

“نېمە دېدىڭ سەن؟ ــ ئاپا، خاسىيەتكە چەكچەيدى. ــ ئۇ دېگەن سېنىڭ داداڭ!”

“... ...” ــ خاسىيەت بېشىنى ساڭگىلىتىپ گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالدى. ...

دېگەندەك، خاسىيەتنىڭ دادىسى بىركۈنىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىغا ئاق كىرگەن، يۈز-كۆزىنى قورۇق بېسىپ قارىداپ كەتكەن يىرىك ساقاللىق بىرسى، ‹دادا› بولۇپ چىقىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ دادىسى ھېلىقى كۈنىسى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن دادىسىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. دادىسىنىڭ بەرگەن ئەرزان پۈللۈق سېغىزىنى زورلىنىپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى دادىسىغا كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئالقىنىدا مجىۋېتىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. تويۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ‹دادا› بەكلا جىمغۇر، ئولتۇرغان يېرىدە سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بىر ئادەم ئىدى. بۇنداق بىر ئادەمگە ئاپىسىنىڭ شۇنچە چىڭ چاپلىشىپ قېلىشىغا بەكلا ھەيران قالغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتى تەدرىجى ئائىلىسىدىن يىراقلىشىپ، ساۋاغداشلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

خاسىيەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىشى ئائىلىسىدە قىلچىمۇ ھاياجان يارىتالمىغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىر مەكتەپ ساۋاقدىشى بىلەن توي قىلىش قارارىغا كېلىشىمۇ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرالمىغانىدى. ئۇنىڭ توي كۈنىسىدىمۇ خۇددى سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلىرىدەكلا ئۆتكۈزگەن ‹دادا›، قىزىغا قارىغاندا مېھمانلار بىلەن كۆپرەك يېقىنلىشىپ يۈردى. پەقەت خاسىيەتنىڭ يولدىشى بىلەن كۈيوغلىنىڭ دوستى شېھىت بولغىنىدا قەۋرىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۈزۈنغىچە جىم-جىت ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئىچكى ھېسياتىنى ئەڭ ‹جانلىق› ئىپادىلىگىنى بولۇپ قالغانىدى. كۈيوغلىنىڭ قىرقى نەزىرىسى تارقالغىنىدىن كېيىن، دادا، قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۈن-تىنسىز كۆز يېشى تۆكتى. بىر ۋاقىتلاردا بۇ دادا:

“قىزىم، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئورنىدا مېنىڭ بولۇشۇم كېرەك ئىدى!” ــ دەپ نالە قىلدى.

دادىسى بۇ گېپى بىلەن نېمىنى كۆزدە تۇتىۋاتقانلىقىنى خاسىيەت دېگەندەك ئېنىق بىلىپ كېتەلمىدى: بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىدىغان مەن ئىدىم دېگىنىمۇ ياكى بۇ پەرزەنتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئادەم مەن ئىدىم دېگىنىمۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، خاسىيەت دادىسىغا تۇنجى قېتىم ئىسسىلىپ چىن

قەلبىدىن ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ خېلى ئۇزۇن يىغلىۋالدى.

شۇنىدىن ئېتىۋارەن، بۇ دادا خېلى يۇمشاپ، قىزىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەس بولىۋالدى. قىزىغا مېھرىۋانلىق بىلەن قارايتتى. بىرنېمىلەر دېيىشكە تەلمۈرەتتى-يۇ، يەنە ئۆزىنى چىقارماي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خاسىيەت ئىنتايىن قوپاللىشىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتەتتى. كۆنلەرچە ئۆزىنى چىقارماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ پات-پاتلا يولدىشىنىڭ قىپقىزىل قانلىق يۈرىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شىپقا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ...

مانا بۈگۈن، يېنىدا ياتقان سۆيگەن ئادىمى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرمەكتە. ئەگەر پەۋقۇلئاددە قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭمۇ قىپقىزىل يۈرىكى ...

ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە خاسىيەت تىترەپ شۈركىنىپ كەتتى! قاسىمغا چىڭ يېپىشقىنىچە ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سۆيۈپ كەتتى. خاسىيەتنىڭ بۇ ھەركىتىدىن ئويغىنىپ كەتكەن قاسىم، ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئويلاۋاتقانلىرىدىن بىخەۋەر، قىزنى باغرىغا بېسىپ چىڭ قۇچاغلىۋالدى. ...

ئىككىسى ناشتىلىق چايغا ئولتۇرۇشتى. بۇ ئارىدا قاسىم گەپ باشلىدى:

"راس، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، قايسى كۈنىسى گۈلباھار بىر يانچۇقچى ئوغرىنى قوشۇنىمىزغا ئەزا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالغانىدەك قىلىۋىدى. گېپىدىن قارىغاندا، ئۇ بالا خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى قوشۇنىمىزغا سىرتتىن ياردەم قىلىپ يۈرگەنمىش. ھەتتا بىرنەچچە قېتىملىق ھەرىكەتلەرگىمۇ قاتناشقانلىقىنى دەيدۇ. ئۇنداق بىرسىنى قوبۇل قىلساق سىزچە قانداق بولار؟ مەنغۇ دەسلىۋىدە قەتئىي يېقىن كەلتۈرمىگەنىدىم، ..."

"ھە، گۈلباھار ئۇ بالا توغرىسىدا ماڭىمۇ مەسلىھەت سالغانىدى. ـ خاسىيەت قاسىمنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈپ، ئىشكاپ ئەينىگىگە قاراپ گىرىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى، ـ ئەسلىدە بىزنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بىرسىمۇ بەكلا زۆرۈر ئىدى. ئۇنداقلار بىز ئىككىمىز كېلىشتۈرەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلا ئورۇندىيالايدۇ. ... ـ خاسىيەت كېلىپ ئولتۇردى، ـ ئۇ بالىنىڭ ئائىلىسىنى مەنمۇ سىرتتىن سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. بەك ئەنسىرىگىدەك ئىشمۇ يوقتەك قىلىدۇ. ئەمما گۈلباھار ئۇ بالىنى سىرتتىن ماڭا كۆرسەتكەنىدى. كېلىشكەن بەكلا

چىرايلىق بالا ئىكەن. تىۋۋا خۇدايىم، شۇنچە كېلىشكەن بىر بالا قانداقلارچە يانچۇقچى بولۇپ قالغان بولغىيدىكىن، زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. قارىغاندا گۈلباھار بۇرۇنقى سۆيگىنىنى تاشلىۋېتىپ بۇ كىچىك بالىنى قوشلاپ يۈرسە كېرەك؟ بىزنىڭ بۇ ئاغىنىمىز بەكلا بىشەم نېمە-دە!"

"دېمەك، سىزمۇ گۈلباھارنىڭ مەسىلىھەتىگە قوشۇلىدىكەنسىزدە؟"

"ھېچ بولمىغاندا سىز بولسىڭىزمۇ ماڭا قالغىدەكسىز ئەمەسمۇ!" ــ دەپ گەپنى چاخچاققا ئايلاندۇردى خاسىيەت. قاسىممۇ گۇناھكارلاردەك ھىجىيىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، 'يېڭى ئاي قوشۇنى        ' بىر قېتىملىق يىغىلىشىدا تۆت كىشىلىك بىر قوشۇن ھالىغا كەلگەنىدى. ئۇلار بۇ يىغىلىشتا ئۇزۇن تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ھېلىقى 'يانچۇقچى' نى كاندىدات ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىش قارارىنى ئېلىشتى؛ يەنە بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ئۇ بالىنى كۆزلىرىنى تېڭىپ يىغىلىشقا قاتناشتۇردى. قولىدىن يېتىلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن مىللەت، دىن، ۋەتەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، كەلگۈسى تەغدىرىمىز، قۇربان بولۇش، قولغا چۈشۈپ قېلىش، ھەرىكەت قىلىش شەكىللىرى، ئېچىنىشلىق خىتاي پاجىئەسى پەيدا قىلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ... قاتارىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللار سورالدى. ئۇنىڭ جاۋاپلىرى كەسكىن، قاراشلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۈچىسى نېرىقى ئۆيگە چىقىپ بىر مەزگىل پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن كىرىپ يېڭى ئەزاسىنى تەبرىكلەشتى. كۆزىنى ئېچىۋېتىپ قائىدىلىرى بويىچە قۇرئانغا قولىنى تۇتقۇزۇپ "ۋەتىنىمدە بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ تەسىرى قالمىغۇچە ئەڭ ئاخىرقى تېنىقىم قالغىچە قىلچە بەدەل تەلەپ قىلماستىن خىتاي قوغلاش يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىگە بارلىقىمنى بېغىشلايمەن. قوشۇن بويرۇقلىرىنى جان تىكىپ ئىجرا قىلىشقا تېرىشىمەن، قوشۇن مەخپىيەتلىكىنى جېنىم كەتسىمۇ پاش قىلمايمەن!" دەپ قەسەم قىلدى. ئۇ بالا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۈرۈغلۇققا كۆڭگىچە خېلى قىينالدى. ئاندىن ھەممىسى بىلەن بىر-بىرلەپ قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ رەخمەت ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار يېڭى تەشۋىقاتلار، يېڭى ۋەزىپىلەر، كېرەكلىك ماتېرىياللار قاتارىدىكى مەسىلىلەرنى بىرقۇر مۇزاكىرە قىلىشىپ، تەخمىنەن ۋەزىپە بەلگۈلىشىپ ئۆز ئىچىدە تەخسىم قىلىشىۋالدى. بۇ قېتىم، يېڭى ئەزا خېلى كۆپ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ...

قاسىمنى يېڭى قولغا ئېلىنغانلارغا سۇر كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتەۋىر يەنە پات-پاتلا سوراققا تارتىپ قىينايدىغان بولۇۋېلىشتى. خىتاي گۇندىپايلىرى بۇ كۈنلەردە قاسىمنى تاسما بىلەن بەدەنلىرىنى قىيما-چىيما قىلىۋەتكىدەك ئۇرۇپ قىيناشىسىمۇ، ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ نەچچە كۈندە بىر قىيناپ تۇرغاچقا، بەدەنلىرىدىكى يارىلار خېلى ۋاقىتلارغىچە قېتىشماي، جان ئالىدىغاندەك ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىدىن كەچكىچىلا ئىڭراپ چىقاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئەسلىۋېلىش پۇرسىتىمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى.

بىرەر ئايدىن كېيىن، قاسىمنىڭ سوراققا تارتىلىشى يەنە ئازىيىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يارىلار بىر تەرەپتىن قېتىشىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىرىڭداپ تولۇمدەك ئىششىقا باشلىدى. قاسىم بۇ ھالىتىگىمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ، قايتىدىن كونا ئىشلىرىنى ئەسلەشكە كىرىشىۋاتاتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# ‘يانچۇقچى’

— بىزنىڭ قوشنىنىڭ ئايالى كۆزۈمگە بەكلا چىرايلىق
كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېگىنە ئاغىنە.
نىيىتىمنى بىر بۇزۇپ باققىم بار ئۇ چوكانغا. ...
— ئىككى دوسنىڭ پارىڭىدىن

قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتلەر قايتىدىن قېتىشىشقا باشلاپ، تۇز سەپكەندەك ئاغرىشلارنىڭ ئورنىنى شىرىن قىچىشىشلار ئالماقتا ئىدى.
ئۇ، يەنىلا بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلەشكە غەرق بولماقتا ئىدى. ...

بۇ كۈنلەردە مۇھىم-مۇھىم ۋىلايەت شەھەرلىرىدە يوشۇرۇن ۋەھىمە پەيدا قىلىشلار ئىزچىل كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بارلىق شەھەرلەرنى قۇراللىق خىتاي ئەسكەر-ساقچىلىرى، بىڭتۈەنلىك پاتروللار ۋە مىنبىڭلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقىدەك كوچىلاردا لەلەڭشىپ يۈرىدىغان ئادەم كۆرگىلى بولمايتتى. خىتايلارمۇ شەھەردە تولۇق قۇراللانغان قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىشقا بېرىپ، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشەر-چۈشمەيلا ئۆيلىرىگە قاملىۋېلىپ تېلېۋىزوردىن نېرى كەتمەس ھالغا كېلىشكەنىدى. كوچىلار كېچە-كۈندۈز قۇراللىق خىتايلار تەرىپىدىن چارلىناتتى. ھەربىر بىناغا قۇراللىق نۆۋەتچىلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەنلىكى يەرلىكلەرنى خالىغانچە توختۇتۇپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىشاتتى. شۇڭا، يەرلىكلەرمۇ بۇ خىل ئاختۇرۇشلارنى خۇددى خىتاي سوتسىيالىزمىنى غىڭ قىلماي قوبۇل قىلغان ۋاقىتلىرىدەك ئادەتتىكى نورمال ئىشلار دەپ قارىشىدىغان، ھەربىر پوس قويۇلغان يەرگە دۈچ كەلگەنلىرىدە ئۆزلىگىدىنلا قولىنى كۆتۈرۈپ ئاختۇرۇشقا تەييار تۇرۇپ بېرىدىغان ئادەتلەرنى يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. مانا بۇلار ‘پادىشايىڭ قارغۇ بولسا، بىر كۆزۈڭنى قىسىپ ماڭ’، ‘ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ’ دېگەندەك سۆزلەملەرنىڭ كېلىش مەنبەلىرى بولسا كېرەك؟

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، پىروتوكول ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ يىرىمىدىن كۆپىرەكى خۇددى 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ' دەۋرلىرىدىكىدەك پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، خىتايدىن سانائەت ماللىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى كۈندۈلۈك يېمەك-ئىچمەك بويۇملىرىنىمۇ توشۇپ كېلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. شۇڭا يەرلىكلەرنىڭ ھالى بەكلا خاراپلىشىپ بارماقتا ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئاۋال جاننى ساقلاپ قېلىش ــ بەزى بىلىملىكلەرنىڭ دېيىشى بويىچە 'كۈچنى ساقلاپ قېلىش ' ئۈچۈن بىر مەزگىل خىتاي ۋەھىمىسى پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرىنى توختۇتۇپ تۇرۇش چاقىرىقلىرى بەكلا 'قىممەتلىك ' تەبىقىلىرىمىزنىڭ ئاساسى شوئارى بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ 'خەلقئارا سەھنىلەردە سۆزلىيەلەيدىغان ' چەتئەللىك مۇساپىر كاتىۋاشلىرىمىز بۆگۈنكى يوشۇرۇن پائالىيەت شەكىللىرىنى "تاشنى تۇخۇمغا ئۇرغانلىق، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى بىلمىگەنلىك، سىياسي جۇغراپىيە ساۋاتسىزلىغى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق ..." دېگەندەك سۆزلەر بىلەن يىدائىلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى دولقۇن ھالىتىگە كېلىشىدىن چەكلەيدىغان تەشۋىقاتلار بىلەن ھە دەپ شوغۇللىنىشقا كىرىشمەكتە ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ قالاتتى: ئەجەبا بۈگۈنكى ۋەزىيىتىمىز ھەقىقەتەن شۇنچە ئېغىرمۇدۇ؟ بىرمەزگىل ساقلاپ ياتقاندىن كېيىن ۋەزىيىتىمىز مىللىي ئازادلىق پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانمۇدۇ؟ بۈگۈنكىدەك جىددىچىلىك ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى 'ئىزچى مەن ' راستىنلا خاتا مۆلچەرلەپ قالغانمۇدۇ؟ قاسىم، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاپىتىدىكى ۋەزىيەتنى ئەسلىدى: ئۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىيەت بۈگۈنكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ دۆلەت تېررورلۇغى بۈگۈنكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇپ، ھەرخىل فاشىستىك زۇلۇملار بىز ئۇيغۇر يۇرتىدىكىلەرگىلا قىلىنىۋاتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى خىتاينىڭ بارلىق يۇرتلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەۋرلەردە ۋەتىنىمىزدىكى پالەچ ۋەزىيەتكە ياردەم بېرەلەيدىغان خىتاي يۇرتلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يىللاردا چەتئەل كۈچلىرىدىن خىتايغا دېپلوماتىك بېسىم بۈگۈنكىسىدىن مىڭ ھەسسە ئېغىر ئىدى. ئەمما شۇنچە ئېغىر قالايماقانچىلىق ۋەزىيەت ئىچىدە مىللىي ئازادلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پۇرسەتلىرىمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى: ھۆكۈمەت چېكىدىن ئاشقان

پالەچ ھالدا، ئىقتىسادى ھەددىدىن ئارتۇق نامرات، ئارمىيىسنى سەپەرۋەر قىلىش ئىمكانلىرىمۇ يوق دېيەرلىك، ھەتتا ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي قۇرۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا رۇشەن زىددىيەت مەۋجۇت، پۈتكۈل خەلق قوراللىنىش پۇرستىگە ئىگە، كوممونا تۈزۈمى سەۋەبىدىن بىر تۇتاش تەشكىللەش شارائىتى بار، دۈشمەن ئىچكى مۇداپىيىسى ئاساسەن پالەچ ھالدا ئىدى. شۇنداق بىر شارائىتتىمۇ «ئاخۇنوپ-مجىت سىلىك، قىزىل ئۈچىنچى روتا» يوشۇرۇن پائالىيەتلىرى داڭلىق كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن يۇقۇرىقىدەك تىللار بىلەن ئېغىر تەنقىتلەنگەن ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئىستىخپىلىك پايدىلىنىش يولىغا ئاتلانغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىلغار كۈچلىرىمىزنىڭ يوشۇرۇن تەشكىللىنىپ قوراللىنىشى، پەيزىۋات قاتارىدىكى ياشلارنىڭ قوراللىق ھەرىكەت تەييارلىقلىرى چەتئەل كۈچلىرىگە يالۋۇرغۇچىلارنىڭ قۇربانلىقى بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئۇ دەۋىرلەردىكى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئومۇمي نوپۇسىمۇ ‘ئاران’ لا ئۈچ مىليون ئەتىراپىدا، ساپ مىللىي يېزىلىرىمىزمۇ نەچچە مىڭلاپ دېگىدەك مەۋجۇت ئىدى. ‘تېنچلىق ’ تەرغىباتلىرى، ۋەزىيەت كۈتكۈچىلەرنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە شۇنچە شارائىتلارنى قولدىن بېرىپ بۈگۈنكىدەك ئون مىليونلۇق تېز كۈچلىنىۋاتقان تاجاۋۇزچىلارنىڭ قوللىرىغا ئايلىنىپ قالدۇق. بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ داۋام قىلماقتا ۋە ھەرگىزمۇ ئۆزلىگىدىن كەينىگە ياندىغان ئالامەتلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، يېقىنقى بىرەر يىل مابەينىدە خەلقىمىز ئارىسىدا قانات يېيىۋاتقان يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە داۋاملىق كۈچلىنىپ بېرىشى قىسمەنلىكتە بولسىمۇ چەكلىنىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇسى ئون مىليون ئەتىراپىدا تېزگىنلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. يەنى، ۋەتىنىمىزنىڭ دۈشمەن كۈچلىرىنى تەدرىجى ئازايتىپ بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرۈش يۈزلىنىشى كۆرۈلىۋاتماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ توسالغۇسىز ھالغا كېلىشنى مۆلچەرلەشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قايتىدىن ئۆز كىشلىرىمىزنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسى بىلەن بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلۇش يولىنى تاللاشقا مەجبورلىنىۋاتامدۇ-قانداق، يوقۇرقىدەك ‘تېنچلىق ’ تەرغىباتچىلىرىنىڭ سادالىرى خىتاي چېگرالىرىدىن ‘بۆسۈپ ’ ئۆتۈپ ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە خېلى

ئەركىن يامرايدىغان غەلىتى ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. قاسىممۇ بۇ تۈردىكى غەلىتىلىكلەرنى ھەيران بولغان ھالدا كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇنداق مۇجىمەللىكلەر يامراپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە، قاسىمنىڭ ھېلىقى 'ھاراقكەش ' ئاغىنىلىرىمۇ ئولتۇرۇشلىرىغا بىر-بىرسىدىن غەلىتى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشتىن زېرىكمىگەنىدى:

"ئۆتكەن ھەپتىدە قۇتۇبى يولىدا بىر ئاپتوۋۇز بىكىتۆەنلىك خىتاي پارتلاشتىن ئۆلۈپتىدەك. ..."

"پالانى شەھىرىمىزدە ئالدىنقى كۈنىسى كېچىدە بىرقانچە چارلىغۇچى خىتاي ئەسكىرى مىناغا دەسسەپ پارچىلىنىپ كېتىپتۇدەك. ..."

"قايسى كۈنىسى بىر خىتاي ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ قىرائەتخانىسى پارتلاپ كېتىپ، بەش-ئون خىتاي مۇئەللىمى نەق مەيداندا ئۆلۈپتىدەك. ..."

"قايسى كۈنىسى پالانى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر سىنىپ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرىنى بىراقلا قولغا ئاپتۇدەك. ..."

"پوكونى مەھەللىدىن مۇنچە نەپەر ئۇيغۇرنى خىتاي مىنبىگىلىرى قىرىپ تاشلاپتۇدەك. ..."

"... ..."

بۇ يېقىنلاردا بۇنداق خەۋەرلەر ئانچە يېڭىلىق بىلىنمەس بولۇپ قالماقتا ئىدى. شۇڭا، بەكلا ئېھتىيات بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قاسىمنىڭ دوسلار ئارا ئولتۇرۇشلىرىدا ئوغۇرلۇقچە چەتئەل رادىولىرىدىن ئاڭلىۋالغان «ئامېرىكا ئاۋازى ـ ر ف ئا رادىوسى»، «جىددە رادىوسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاۋازى»، ... دېگەندەك مەنبەلىرىدىن كەلگەن خەلقئارا خەۋەرلەر كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇ خەۋەرلەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، ھېسامنىڭ چاخچاقلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەنىكى، گويا ئامېرىكا پەقەتلا بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەرپتىكى قوشنىلىرىمىزنىڭ تۇپراقلىرىغا ئەسكەر يىغىۋاتقىدەكمىش، شۇڭىدەك پۈتۈن س ئى ئا جاسۇسلىرىنى خىتايغا ئىۋەرتىشىپ، ئۇيغۇر 'تېررورچىلىرى ' نى ئىنقىلاپ چىقىشقا جىددى تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇدەك، دېگەندەك بىر-بىرىگە زىت 'خەۋەرلەر'، پوكونى دۆلەت قارار قىلىشىپ ۋەتىنىمىزگە ھەربىي قوشۇن كىرگۈزۈپ خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىدىغان بوپتۇ، خىتاي دېموكراتچىلىرى خىتايغا بېسىم قىلىپ ئۇيغۇر مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بېيجىڭنى قىستاۋېتىپتۇدەك، ...

قاسىمنىڭ بۇ ئاغىنىلىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېزىپ-تېزىپ "مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن ئۇنى پىلانلاۋاتىمەن، بۇنى قىلماقچىمەن" دېگەنلەرنى دەپ سالمايتتى. بۇ ئاغىنىلەر چەتئەل كۆرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىزنىڭ چەتئەللەردىكى مۇھاجىر 'ئىنقىلاپچى' لىرىمىزگە ئوخشاش ئۆزىگە سۇمۇ يۇقتۇرماي، ۋەتەننى باشقىلار ئازاد قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئادەتلەنگەنلىكلىرىنى تولۇق ئىپادىلىشىپ تۇراتتى.

"ئاغىنىلەر، - دەيتتى پېشقەدەم 'ساقى'، - بۇگۈنكى بۇ بىر شىشە ئېسىل داچۇينى بەكلا تەستە تاپقانىدىم دەڭلا، ئاۋۇ سېسىق هاراقلارغا ئوخشاش كولدۇرلىتىپ ئىچىپ تۈگىتىۋەتمەي، چەتئەل كىنولىرىدىكىدەك ئالدىرىماي مەززە قىلىپ ئىچەيلى جۇمۇڭلار!" - دېگىنىچە قويىنىدىن بىرەر پوتۇلكا هاراق چىقىرىپمۇ قوياتتى.

"قويغىنە شۇ هاراق دېگەننى، مەندە رەسمى مەكتىنىڭ مېلىدىن ياخشاقتەك بار دېگىنە." - 'موخوركىچى' يانچۇقىدىن ئاۋايلاپ چىقارغان بىر تۈگۈكنى ئېچىپ كۆرسەتەتتى. دېگەندەك، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، رەڭگى روهىمۇ سۇلغۇنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

هەتتا 'خەۋەرچى ' مۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولۇپ، رەسمىلا كوچىغا قارايدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى: "ئەممائىزە، تۈنۈگۈن گۈلدەك بىر قىزنى قۇشلىۋالدىم دەڭلا، هېلىقى تال چېۋىقتەك تولغىنىپ كۈچۈمنى قويمىدى ئاغىنىلەر. ياش دېگەننىڭ پەيزى باشقىدە! ..."

قاسىم ئاغىنىلىرىگە قاراپ ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن يېڭى كوچا خەۋەرلىرىنى ئېلىش ئىمكانىمۇ قالمايۋاتاتتى. ئەسلىدىنلا قوشۇنغا ئەزا بولغىنىدىن كېيىن بۇنداق خەۋەرلەرگە هاجىتى قالمايۋاتاتتى. ئاغىنىلەر قاسىمنىڭ بۇخىل ئولتۇرۇشلارغا بارغانسېرى بەك قىزىقىپ كەتمەس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىشىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆكسىمەيدىغان بورداق قوي گۆشلىرى، بىر-ئىككى پوتولكا ئېسىل هاراقلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىگىدىن بۇ ئۆيگە يىغىلىشىغا يېتىپ ئاشماقتا ئىدى.

"قاسىم ئاغىنە، قوۋرۇما-پوۋرىملار بىلەن ئاۋارە بولماي، ياخشىسى گۆشۈڭنى پۇرلاپلا قازانغا سالغىنە!" دېيىشەتتى ئۇلار.

ئارىلاپ كىرىپ قالىدىغان هېلىقى خىتاي قوشنىسى بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا

توغرا كېلىپ قالغىنىدا، ‘ساقى’ نىڭ تۇتقان رومكى سى نى ئىچكىنىدە زەھەر يۇتىۋاتقىنىدەك پۈرلىشىپ كېتەتتى. ئولتۇرۇش ئەھلىمۇ كۆڭ ئولتۇرماستىنلا ئاغزى-بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈشۈپ تارقىلاتتى. بۈگۈنمۇ ئاغىنىلار لىگەندىكى گۆشنىڭ ۋە ئىككى پوتولكا هاراقنىڭ تۈگىشى بىلەن تەڭ قوزغۇلۇشقا باشلىدى:

‟كۆڭلۈڭگە رەخمەت ئاداش، شۇ كۇچىدىكى خىتاي پوسلىرىنى دېمىسەك تاڭ ئاتقۇزىۋەتكەن بۇلاردۇق. ئامال قانچە، ئۇنداق كۆڭلەر ئەندى كەلمەسكە كەتسە كېرەك. ...”

بۇ كۆڭلەردە قاسىمنىڭ قوشۇنىدا يېڭى-يېڭى ئىنتىزام قائىدىلىرى بەلگىلىنىپ، خالىغانچە بىر-بىرسى بىلەن ئۇچۇرۇشۇشنى قاتتىق چەكلەشكەنىدى. شۇڭا، هە دېگەندىلا قىزلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلىپ پەيزىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىشلار ئايدا بىرەر-ئىككى قېتىمدىن ئاشماس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. خاسىيەتمۇ بۇخىل ئىنتىزاملارغا رىئايە قىلىپ، ئالاهىدە جىددى بىرەر ئىشنى باهانە قىلمىسا، هەپتىلەپ دېگىدەك يالغۇز كەلگىلى ئۇنىمايتتى. ‘يانچۇقچى‘ نىڭ ئەزا بولغىنىدىن كېيىن گۈلباهارمۇ قاسىمنى يالغۇز ئىستىمەس بولىۋالغانىدى. خاسىيەت بۇ ئەهۋالنى سەزگەندىن كېيىن ئالاهىدە خوشال بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى:

‟قارىغاندا بىزنىڭ گۈلباهار ‘يانچۇقچى ‘ غا باغلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەندى سىزگىمۇ ئېشىنالماي يۈرسە كېرەك؟ شۇنداقتىمۇ پات-پات كېلىپ تۇرمىسام، ئەندى سىز ئۇ تەرەپلەرگە كېتىپ يۈرمەڭ يەنە.” ـ دەپ چاخچاق قىلىۋالاتتى.

بۇ گەپلەرگە قاسىم كۈلۈپلا قوياتتى.

‘ئادەم ئاجايىپ قىزىق بىر مەخلۇقتە! شۇنچە مۇهىم ۋە شۇنچە خەتەرلىك ئىشلار بىلەن هەپىلىشىپ يۈرگىنىدىمۇ هاۋايى هەۋەس، ئويۇن-چاخچاق، كۆڭدەشلىك، قىزغانچۇقلۇقلاردىن نېرى تۇرالمايدىكەندە ‘ دەپ ئويلاپ هەيران قالاتتى قاسىم.

ئاغىنىلىرىنى تېخى يېڭىلا ئۇزۇتۇپ دەرۋازىدىن كىرگەن قاسىم، ئاشخانا ئۆيىنى يىغىشتۇرىۋاتقىنىدا ئىشىكى ئۆزىگە تونۇش رېتىمدا چېكىلدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى خوشاللىقىدىن ئويناپ كەتتى. بۇخىل رېتىمدا چېكىلىش پەقەت خاسىيەتكىلا مەنسۈپ ئىدى. ئۇ دەرهال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. دېگەندەك،

ئىشىكتە كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان خاسىيەت تۇراتتى. قاسىم قىزنى ئىچىگە ئالار-ئالمايلا ئۇنى قۇچاغلاپ باغرىغا باستى. ئىككى يالغۇنلۇق لەۋلەر بىر-بىرسىگە چىڭ چاپلاشقانىدى. ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىر-بىرسىگە ئەكىلىشىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن بىر-بىرسىنى سېغىنغانىدى. دەستىخان تەييارلاپ چايغا ئولتۇرۇشتى. چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۆتكەندە گۈلباھارنىڭ ئۆيىدە قارار قىلىشقان ۋەزىپىلەر ئۈستىدە بىر ئاز پىكىرلىشىۋالدى.

بۇ يېقىندا كوچىلار كېچە-كۈندۈز دېمەي خىتاي قۇراللىق پاتروللىرى بىلەن تولۇپ كەتمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇلار كېچىدە خىتاي قۇراللىق پاتروللىرىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈش قارارىنىمۇ ئېلىشقانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرۇن مىنا قويۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق لايىھەلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرى لازىم ئىدى. كېچىدە كوچىغا چىقىش ئىمكانى بولمىغىنى بىلەن، كۈندۈزلىرى كېچە ئۈچۈن مىنا قويۇشنى ئويلىنىشقا بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى تەگسىمۇ پارتىلىمايدىغان، ئەمما كېچىلىرى تەگسىلا پارتلاپ كېتىدىغان قوش ۋاقىت تېزگىنلىگۈچى مىنا لايىھىسىنى تەييارلاش ئىشى قاسىم بىلەن خاسىيەتنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئاۋال قاسىمنىڭ بىلىملىرىگە ئاساسەن مىخانىك قۇرۇلمىلار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن نازۇك سېلىسارلىق ئىشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە مىنا ھەجىمىنىڭ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ جەھەتتە خاسىيەتنىڭ دادىسىنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ يەنىلا مەخپىيەتلىك يۈزىسىدىن ئىلاجىسىز بۇ ئۇسۇلدىن يېنىۋېلىشتى. ئاندىن يەنە خاسىيەتنىڭ يېرىم ئۆتكەزگۈچ بىلەن ئېلېكتر مېڭە ھەققىدىكى بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ بۇرۇنقىدەك ئېلېكترونلۇق قول سائەتنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. بۇ جەرياندا ئىككىسى ئولتۇرۇپ خاسىيەتنىڭ قولىدىكى ياپون قول سائەتنى چۇۋۇپ كۆزىتىشتى. ئۇلار بىرىنچى قەدەمدە بەلگىلىك ۋاقىتقىچە توك يولى ئۇلانمايدىغان، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توك ئۇلىنىپ، تەگسە پارتىلايدىغان ھالەتكە كېلىدىغان بىرخىل توك يولى لايىھىسىنى تۈزۈشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا، ئېچىلىشى بىلەن تەڭ مۇزىكا چېلىپ كېتىدىغان ئېلېكترونلۇق ئاتكىرتكا ۋە توپلانما توك يولى كىرىستال مونىگىدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى مۆلچەرلەشتى.

ئۇلار ئىككىسى قول سائەت پارچىلىرى ئىچىگە چۆكۈپ ئولتارغىنىدا، تۇيۇقسىزلا ئىشىك چېكىلدى. خاسىيەت دەرھال قاسىمغا تىكىلدى:

"سىلەر ھازىرغىچە ئوغۇرلۇقچە ئۇچرۇشۇپ يۈرگەن ئوخشىمامسىلەر؟" — خاسىيەتنىڭ چىرايى رەسمى ئۆڭۈشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، بۇ قېتىم ئىشىكنى چەككەن راستىنلا گۈلباھار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلىپ تېزلىكتە جوزىدىكى سائەت پارچىلىرىنى يىغىشتۇرىۋېتىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. چىرايلىق ياسانغان گۈلباھار شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن قاسىمنى يەۋىتىدىغاندەك قاراپ كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئالدىراش ئىشارەت قىلىپ يۈرۈپ ئۆيىدە خاسىيەتنىڭ بارلىقىنى ئارانلا ئۇقتۇرالىدى. بۇنى مىڭ تەستە پەرق قىلالىغان گۈلباھار، تالانتلىق بىر سەنئەتچىدەك دەرھال ئۆزىگە جىددى تۈس بېرىپ مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى:

"ئىككىڭلارنىڭلا بۇ يەردە بولغىنىڭلار بەك ياخشى بولدى. بىزنىڭ شاكىچىك يىگىتىمىز تېخى يېڭىراقتىلا بۇ پوتولكىنى ئېلىپ كەپتۇ. — ئۇ سومكىسىدىن ئىككى پوتولكا ئېسىل ۋىسكى ھارىقىنى چىقىرىپ جوزىغا قويدى، — مۇنۇسى مېنى پارتلىتىش ئۈچۈن لازىم. ماۋۇسى سۇيۇقلاندۇرۇلغان كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورىسى ئىكەن. ئەگەر سىلەر بۇ دورىغا مۇۋاپىق پىستان تەييارلىيالىغىنىڭلاردا، قالغان ئىشلارنى بىزنىڭ يېڭى ئەزايىمىز ئۆزى جۆندەيدىغان بولدى." — خاسىيەت سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئويلايتتى: 'ئەگەر بۈگۈن مەن بولمىغان بولسام، ...'

خاسىيەت، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ بايتىن پىلانلاشقان لايىھېسىنى قىسقىچە قىلىپ گۈلباھارغا سۆزلەپ بەردى.

"بۇ دورا، ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇۋېتىپ بېرىشى مۇمكىن." — قاسىممۇ گەپكە ئارىلاشتى.

"مېنىڭچە بۇ دورا بىزنىڭ ئىشىمىزغا مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن دەيمەن. چۈنكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان ..." — رۇشەنكى، خاسىيەتنىڭ بۇ گېپىدە سەل قىزغانچۇقلۇق پۇرىقى كېلىپ، دېگەندەك سەمىمىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئەمما گۈلباھار بۇنى ھېس قىلغاندەك، ئۇنىڭ گېپىگە ئېتىۋار قىلمىغان قىياپەتتە دېدى:

"ناھايىتى ياخشى، — گۈلباھار جوزىدىكى يېيىلىپ ياتقان چۇۋۇلغان قول سائەت زاپچاسلىرىغا قاراپ قويدى، — بىزنىڭ 'ئوغرى' رەسمى زاۋۇتتا ياسالغان

باسماق مىنا پىستانىدىن بىرنەچچىنى قولغا چۈشۈرگەنىكەن. ــ دەپ يانچۇقىدىن ‘كامېل‘ ماركىلىق تاماكا پاشكىسىنى چىقىرىپ ئىچىدىن بىرنەچچە تالنى تاللاپ چىقاردى، ــ بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن دېگەن پىستانلاردىن ئۈچ تېلى بار. كارغا كەلسە ئىشلىتەرسىلەر.” ــ گۈلباھار تاماكىلارنى بىردىن -بىردىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ بېقىپ ئۈچ تېلىنى بىر تەرەپكە ئايرىدى. قالغىنىدىن بىر تېلىنى قاسىمغا ئۇزاتتى. يەنە بىرسىنى ئاغزىغا قىڭغىر چىشلىدى. ئىككىسىنىڭلا ئېغىز-بۇرۇنلىرىدىن تۇرخۇندەك ئىس چىقىشقا باشلىدى.

ئۇلار ئۈچىسى ئولتۇرۇپ ئۇيان تالىشىپ، بۇيان تالىشىپ ئاخىرى يېرىم ۋاقىت تېزگىنلىك، يېرىم باسماقلىق پىستان لايىھىسىنى تۈزۈشكە كېلىشتى. ...

“ئەندى بۇ پىستان ئىشىنى پۈتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. خۇدايىم، دېگىنىمىزدەك ئىشلىگەي. ــ قاسىم قولىغا يالغان ۋىسكى پوتولكىسىنى ئېلىپ دېدى، ــ ئەندىكى مەسىلە بۇ دورىدىن قانداق پايدىلىنىشتا قالدى.”

“مېنىڭچە بۇ مىنايىمىزغا بۇ سۇيۇقلۇق دېگەندەك ئۇيغۇن ئەمەس. ــ خاسىيەت يەنىلا بۇرۇنقى گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇ يېڭى پىستاننى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ تۇرۇپ دېدى، ــ بۇ بومبىمىز چاچراپ زەربە بېرىدىغان بولىشى، ھەجىمى كىچىك بولىشى، ئاسان تۆكۈلمەيدىغان بولىشى كېرەك. شۇڭا بۇ مىنا ئۈچۈن يۇمشاق خېمىرسىمان دورا ياكى بولمىسا پاراشوك دورا مۇۋاپىق كېلەمدىكىن دەيمەن.”

“دېگىنىڭ توغرا، پوتولكىغا قاچىلىساق زەربە بېرىش كۈچى ئازىيىپ كېتىدۇ.” ــ گۈلباھار خاسىيەتنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان قىياپەتنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى.

“بۇ يەردە دورىنىڭ سۇيۇق-يۇمشاقلىقىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مۇھىم بولغىنى مىنانىڭ قېپى. كونا شارەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سىرتىغا ئوراشنى ئويلىنىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ سۇيۇق پارتلاتقۇچنى بىر نېمىلەر بىلەن يۇغۇرۇپ يۇمشاق پارتلاتقۇچ ھالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ بولار دەيمەن. ــ قاسىم قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا ئىزىپ ئۆچۈرىۋېتىپ جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە سۇيۇقلۇقتىن بىر تامچا تېمىتتى. ئاندىن گۈلباھارنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ يىراقتىن بۇ سۇيۇقلۇققا يېقىنلاشتۇردى. ‘پوف ف ف!’ قىلىپ كۈچلۈك يالغۇن چىقىرىپ يېنىپ كەتتى، ــ دېمەك بۇ دورا خېلى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ مىنا تەييارلاشقا

بولىدىغانىدەك قىلىدۇ. ھەجىمى كىچىك، ئاغزى كىچىك ھەرقانداق قۇتىنىڭ ئىچىگە قاچىلاشقا بولىدىغانىدەك قىلىدۇ.»

«بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. كىچىك بىر ئەينەك شىشە ئىچىگە قويۇپ، سىرتىغا شارەك-ساقىلارنى چاپلاپ تەييارلاشقا بولىدىغانىدەك قىلىدۇ. ــ گۈلباھار قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تۇشقۇزۇپ تارتىۋالغاندىن كېيىن دېدى، ــ سىلەرنىڭ قۇرسىغىڭلار ئاچمىدىمۇ؟ مەن بەكلا ئىچىقاپ كەتتىم. مۇشۇ تۇرقۇمدا بىر قازان تاماق بولسىمۇ يالغۇز يېۋېتىدىغاندەكلا قىلىمەن! قېنى ئەمسە، قولمۇ-قول تۇتىشايلى.»

ئۇلار تەڭ قول سېلىشىپ تاماق قىلىپ يېيىشتى. يەنە بىر پوتولكىدىكى ۋىسكىنىڭ جىم تۇرۇپ قېلىشىغا چىدىمىغان گۈلباھار، دەرھال رومكا ئالغۇزۇپ يالغۇز كۆتۈرۈشكە باشلىدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇنى تەبرىكلەش، بۇنى مۇبارەكلەش دېگەندەك ناملار بىلەن قۇرۇق رومكىلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ بېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىشىدىكى سامان يۇندىسى رەڭلىك ۋىسكى گۈلباھارنىڭ مىگىسىنى، ئەخلاق، غۇرۇر-ۋىجدانلىرىنى ئاستا-ئاستا يۇيۇپ تازىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋانىلارچە ئوت ئۇچقۇنلىرى پارلاشقا باشلىدى. ئۇ، خاسىيەتنىڭ ئالدىدىلا قاسىمغا قاشلىرىنى ئوينۇتۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى. ئارىلاپ ئۇنى قۇچاغلىۋېلىپ ئەسەبىلەرچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قاسىمنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكىدەك يېقىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا قوللىرىمۇ ئارىلاپ بولمىغۇر يەرلەرگە تېگىپمۇ كېتەتتى. ئاخىرى خاسىيەت چىداشلىق بېرەلمەي بىردىنلا پارتلاپ كەتتى:

«كۆزۈمگە قارىتىپ تۇرۇپلا نېمە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىسەن گۈلباھار، قويغىنە سېنى! ماڭا شۇ قاسىمنى بولسىمۇ ساق قويساڭ بولمامدۇ!» ــ خاسىيەت قىزىرىپ-تاتىرىپ رەسمىلا رەنجىگەنىدى.

قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن گۈلباھار، ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى:

«خاپا بولما دوستۇم، قاسىم ئەسلىدىنلا ساڭا تەۋە، مۇنداقلا چاخچاق قىلىپ قويدۇم. ...» ــ گۈلباھار بىچارە قىياپەتكە كىرىپ قالغاندەك، يەنە بىر رومكا تۇشقۇزۇپ گۈپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. تاماكىسىنى ئەسەبىلەرچە پۇرقۇرتۇپ

چەككىنچە جىمپلا قالدى. ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ...

"يىغلىۋالسۇن، گەپ قىلماڭ، ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن." ــ دېدى قاسىم قىزىنىڭ يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يىغىسى توختىغان گۈلباھار، قاسىمنىڭ يېنىدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇردى. خاسىيەتكە قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ بوم ئاۋازى بىلەن دېدى:

"قىزغانچۇق، سىلىغىراق گەپ قىلىشنى بولسىمۇ بىلمەسمىدىڭ." ــ ئۇ بېرىپ خاسىيەتنى ھەدىلەرچە باغرىغا باستى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى پاتلا يارىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭلا كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا بىر-بىرسىگە قارىشىپ كۈلۈشەتتى. ...

گۈلباھار قايتىدىن جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى.

"سىلەر ماڭا قارىماي گېپىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. مەن يەنە ئازراق ئىچىمەن." ــ دېگىنىچە رومكىنى ھاراققا تولدۇرۇپ يۇتۇملاپ ئىچىشكە كىرىشتى.

خاسىيەت بىلەن قاسىم، روھى جەھەتتىن ئېغىر ئازاپلانغان، ئەمما جەسسۇر بۇ دوستىغا ئېچىنىپ بىر دەم قاراپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، خاسىيەت گەپنى باشقا ياققا بۇراپ قاسىمغا قارىدى:

"ئۇزۇندىن بېرى بىر نەرسىنى سىلەردىن سوراۋالماقچى ئىدىم. قازاقىستاندا تۇرۇپ كەلگەن بىر تونۇشۇمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، چەتئەللەردە يۈرگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىمىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشقا بىر ئۇسلۇپ بىلەن خېلى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇپ يۈرۈشىدۇ دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. ــ خاسىيەت گۈلباھارغا قاراپ قويدى. ئۇ، ھېلى تاماكىسىنى شورىسا، ھېلى ۋىسكىسىنى ئىچىپ قۇياتتى. خاسىيەت گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ئۇلارنىڭ چەتئەلدە تارقىتىپ يۈرگەن ماتېرىياللىرىغا قارىغاندىمۇ، نۇرغۇن مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز بىزنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىمىزنى دېگەندەك تىلغا ئېلىپ قويۇشمايدىكەن. ئۇلار 'ب د ت' دەمدۇ، 'ئا ق ش' دەمدۇ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى دەمدۇ، 'ن ئا ت ئو' دەمدۇ، ئىش قىلىپ خېلى جىنى بار يەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خىتايلارغا بېسىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىپ يۈرگۈدەكمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىك خىتايلار بىلەنمۇ قايتىدىن زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئۇلارنى خېلىلا

قايىل قىلىشقانلىقى ھەققىدىمۇ گەپلەر بار دەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىمۇ مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنى ئوبدانلا قوللاۋاتقانلىقىنى دەپ يۈرگۈدەكمىش. بۇ گەپلەرگە قارىغاندا ئۇلار مۇستەقىللىق ئىشلىرىمىزنى خېلىلا يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگەندەك قىلامدۇ-قانداق؟ ئەگەر بۇ گەپلەر راس بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇخىل ھەرىكەتلىرىمىز ئۇلارغا پۈتلىكاشاڭ تۇغدۇرۇپ بەرمەسمۇ؟"

"قويغىنە ئۇلارنى، سەن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قاچاندىن بېرى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟" ــ گۈلباھار قولىنى پۇلاڭشىتىپ شىلتىپ قويدى.

"بۇ سورىغىنىڭىز بەكلا ياخشى بولدى خاسىيەت. ــ دېدى قاسىم گۈلباھارنىڭ كەينىدىنلا، ــ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ يازغانلىرىغا قارىسام، بىزنىڭ مۇستەقىللىق غايىمىزنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشىدا خەلقىمىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئىچىدە بۇنچە جاپالار بىلەن قانلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئاۋارە بولۇشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايلا قالماستىن، بۇنىڭ دەل تەتۈرسىچە قايسى بىر خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئەتىلا مۇستەقىل قىلىپ بېرىش پىلانلىرىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقىنىدەكلا كۆرۈلىدىكەن. بۇ گەپلەر قۇرۇق پو ئېتىشمۇ ياكى راس گەپلەرمۇدۇ، دەپ بەكلا ئىچىم پۇشقانىدى." ــ قاسىم تاماكىسىنى شورىغاچ گۈلباھار بىلەن خاسىيەتكە قارىدى.

"مەن بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلاردىن راستىنلا قايمۇقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى تونۇشۇم شۇنداق ھاياجانلانغان ۋە شۇنچە ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدىكى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز كۆزۈمگە قاپقارا جىنايەت بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى." ــ دېدى خاسىيەت سەل ھاياجانلانغان ھالدا.

"قېنى، ئۇلار شۇنچە داۋراڭ قىلىشىۋاتقان خەلقئارا كۈچلەر خىتايغا بېسىم قىلىپ بۈگۈنگىچە ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قانچە خىتاينى چېگرىمىزدىن قوغلىشىپ بېرىپتۇ؟ ــ گۈلباھار قولىدىكى رومكىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ياكى بولمىسا بۈگۈنكى قېچىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەسلىدە شۇلار قوغلاپ چىقىرىۋاتقانمىكەن-يا؟!" ــ ئۇ، رومكىنى ئاغزىغا تىرەپ تۇرۇپ ئىچىدىكى ۋىسكىنى 'گۈپ ' لا قىلىپ كۆتۈرىۋەتتى. خاسىيەت گۈلباھارغا قاراپ جىمپلا قالدى.

"مەن خېلى يىللار ئاۋاللا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن بىرمۇنچە گېزىت-

ژورناللارنى يىغىپ خېلى تەپسىلى ئوقۇپ چىققانىدىم. ــ دېدى قاسىم، ــ ئۇ ۋاقىتلاردا دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئىكەنمەن. راس دېگەندەك، ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ گېزىت-كىتابلارنى ئوقۇغىنىمدا مەن ئۇلارنىڭ ئىچكى جىدەلگە پېتىپ قېلىشلىرىغىلا ھەيران قالغانىكەنمەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىسىنى سۆكۈشۈپ ئىغىر ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاشقانلىقىغا دىققەت قىلغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ تۈپكى ھەرىكەت پرىنسىپلىرى ھەققىدە بۈگۈنكىدەك ئويلىنىپ كۆرمىگەنىكەنمەن. ئەندى ئويلىسام، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۇلار بىر-بىرىسىنى تىللىششى ئارىلىقلىرىدا خۇددى بۈگۈنكىدەك گەپلەرنىمۇ قىلىشىپ يۈرگەنىكەندۇق. مانا بۈگۈن ئۇ دېگەنلىرىدىن ئونبەش-يىگىرمە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا شۇ پو ئېتىشلىرىنى بۈگۈنكى خەلقئارالىق يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئوخشاش مەنىدىكى گەپلەرنى بازارغا سېلىپ يۈرگەندەكلا قىلىشىدۇ. ...” ــ قاسىم قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقان گۈلباھارغا قاراپ گېپىنى توختاتتى.

“مانا ئەندى ... ئەقلىڭلارنى تېپىۋاتسىلەر! ...” ــ گۈلباھار ئالدىغا ئېگىلىپ بېشىنى جەينىگىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرى بېشىنى پۈتۈنلەي پۈركىۋالغان بولۇپ، گويا دەستىخان ئۈستىگە يۇغان بىر قوزا تېرىسىنى تاشلاپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنى ھاراق رەسمىلا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

“مېنىڭ بىلىشىمچە، ــ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلىۋەردى، ــ خېلى كۆپ ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، بىزنىڭ بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرلىرىدىن باشلاپلا سوتسىيالىزم ياكى غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈملىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان ياش ئىلغار كۈچلىرىمىزدىن بەزىلىرى قۇمۇلدىن باشلىنىپ قەشقەرگە كېلىپ تۈنجى قېتىم قۇرۇلۇۋاتقان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ سىنىغىنى توغرا بولمىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىغا ئېسىلىۋالغانلىق دەپ قارىشىپ، ئۇنىڭدىن خىتاي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاللىۋالغان تۈزۈمنى ياكى موسكۋانىڭ تاللىۋالغان تۈزۈمنى ئالاھىدە ئىلغارلىق دەپ قارىشىپ، بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش سىنىقىغا زادىلا يېقىن يولاشمىغانىدى. ھەتتا بۇ تۈردىكى كۈچلەرنىڭ بىر قانتى ئايلىنىپ يۈرۈپ نەنجىڭگە يىغىلىشىپ جاڭ كەيشىگە يالۋۇرۇش يولىنى تۇتۇپ ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈشمەكتە ئىدى. ــ قاسىم تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ

گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بۇ تۈردىكى دېموكراتىك كۈچلەر ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى تېنچلىق يولىنى تۇتقانلاردىن باشقا ھەرقانداق يول تۇتقانلارنى، يەنى ئۇلار قۇراللىق يول تۇتقانلا بولىدىكەن، مەيلى دېموكراتچىلار بولسۇن ياكى سوتسىيالىستچىلار بولسۇن ئۇلارنى قەتئىي رەت قىلىشىپ ھېچ قاچان ئۇنداقلار بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈشكە يېقىن يولىماي، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە تاجاۋۇزچىلار بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ بىركۈنى بولمىسۇن-بىرىدە تېنچ دېموكراتىك مىللىي سايلام ۋەزىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشىنىپ، بۇ ئىشەنچىسىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئاسان بىر ھەرىكەت يولى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىپ كېلىشتى. بۇ جەرياندا ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجىدىن باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەرىكىتى بولىۋاتقان يىللاردىمۇ، ئۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىز يەنىلا بۇ مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرىكەت شەكلىگە قارشى چىقىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قورچاق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت تەرغىباتچىلىرى بولۇپ پائالىيەت قىلىشتى. ھەتتا خەلقىمىزنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىر كانايدا: 'رۇس كوممونىستلىرىنىڭ پىلانلىشى ۋە تېزگىنلىشى بىلەن پەيدا بولغان ھەرىكەت، ئۇيغۇرلار بۇنداق بىر ھەرىكەت قوزغاش نىيىتىگە ھەرگىز كېلىپ باقمىغان ۋە كەلمەسلىگى كېرەك' لىگىنى تا توقسەنىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىكەن. بۇنداق تەشۋىقاتلار ۋەتىنىمىز تارىخىدا ھەرۋاقىت كۆرۈلمەكتە ئىدى: ياقۇپبەگ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئەنگلىيە-چاررۇسسىيە جاھانگىرلىگىنىڭ پەيدا قىلغان ئويۇنى؛ بىرىنچى جۇمھۇرىيەت سىنىغى بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئويۇنى؛ ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئويۇنى، ... قىسقىسى، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغىغان ھەرقانداق بىر پائالىيىتى مۇتلەق تۈردە قايسى بىر چەتئەل كۈچلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى، كۈشكۈرتىشى، ياكى قايمۇقتۇرۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ، ئۇيغۇرلاردا خىتايدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېڭى مەۋجۇت ئەمەس دەيدىغان تاجاۋۇزچىلار مەنتىقىسى ھەر بىر مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىمىزنى تونۇشتۇرۇشتا بىزگە سىڭدۈرۈپ كېلىنمەكتە.” ــ قاسىم بىر يۈتۈم

سوغۇق چاي ئوتلىۋېلىپ، قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇردى.

ئۇستەلدىن يۆلەشتۇرۇپ كىرىسلوغا ياتقۇزۇلغان گۈلباھار پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتكەنىدەك قىلاتتى.

"قىزىق يېرى، بۇ ۋاقىتلاردا، تېنچلىق تەرەپتار لاگىرىدىكى ئابلىز مەخسۇم، ئۆتكۈر، ... قاتارىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر مىللىي ھۆكۈمەت تەرەپكە قېچىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلغىنى ئۈچۈنلا، تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇلارنى تېنچلىق ھەرىكەت تەرەپدارلىرى ھەققى قىزىلپاچاق، خىتاينىڭ جاسۇسى، ساراڭ دېگەنىدەك بوھتان-ھاقارەتلەر بىلەن قارىلاپ كەلگەن ئىكەن. يوقۇرقىلاردىن قارىغاندا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى خىتاي ئىلغار كۈچلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلغىلى ياكى خەلقئارا ئىلغار كۈچلەرگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەيدىغان يۇشۇرۇن ئېتىقاتلارنىڭ مەنبەسىنى ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كىرىشلىرى ئوتتۇرا ئاسيا تۈركلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ ھەرىكەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن گاسپىراللى ئەقىدىسىنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللاردا ۋەتىنىمىزگە كىرىپ بىخلىنىشقا باشلاپ، ئەللىگىنچى يىللارغىچە رەسمى ئەقىدە بولۇپ شەكىللەنگەن يىگانە تېنچلىق يوللىرى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەيدىغان تېنچلىق مەنتىقىسىنىڭ بۈگۈنكى داۋامى دېيىشكىلا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ھازىر بۇ بىر ئەقىدە ھالىغا ئايلىنىپ خەلقىمىزنىڭ خېلى مۇھىم تەركىبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ھەرىكەت ئېقىمى بولۇپ تۇرماقتا دېيىش مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەرنى بىراقلا خائىنلىق، تەسلىمچىلىك ياكى قانداقتۇر باشقا بىر دۈشمەنلىك ھەرىكەت ئېقىمى دېيىشكە بولمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ يولغا ئىشەنگەنلەرنىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ تاللىۋالغان يولىنى بىردىن-بىر توغرا يول دەپ ئىشىنىۋاتقان بىر تەبىقە دېيىش مۇمكىن.  ئەگەر ئىشنى بۇ تۈردە تەھلىل قىلىدىغانلا بولساق، ئۇلار بىلەن تولا ئېيتىشىپ ئۆزىمىزنى ئۇپۇرىتىپ يۈرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقتەكلا قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزمۇ ئۆز يولىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلاردەك ئەمىلىي رولى بولمايدىغان پانتازىيىلىك خىياللارغا ئېسىلىۋالماي، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولى بولغان ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلارنى

تولۇق ئىشقا سېلىپ ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل-تاكۇس قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەرىكەت قىلىش يولىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرالىساقلا بولىدۇ دەپ قارايمەن." — قاسىم، خاسىيەتكە 'بۇ دېگەنلىرىمگە قانداق قارايسىز' دېگەندەك سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.

"بىچارە مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى يوقلا قىلىۋەتتىڭىزغۇ."

دىۋاندىكى بىر دۆۋە چاچ ئارىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى:

"ئۇ، ... قاسىم ... توغرا دەيدۇ ..." — كەينىدىنلا يەڭگىل پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

"ئۇنداقتا، ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا بىرقىسىم مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇن قۇراللىق تەربىيە كۆرۈش تەييارلىغى بىلەن شوغۇللانغانلىقىغا قانداق قارىشىمىز كېرەك؟ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ۋەتەن ئازادلىقىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ھېساپلانماسمۇ؟ ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قولغا ئېلىش ياكى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش خەۋپى ئاستىدا قېلىپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە سەرگەردان بولۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئاڭلىغانلىرىمدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئافغانىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە سۈرگۈن قىلىنىش، قولغا ئېلىنىش، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش، ھەتتا قىرىپ تۈگىتىلىش پاجىئەلىرىگىمۇ دۇچ كەلگەنلىكىنى، يەنە بىرقىسىملارنىڭ ئامېرىكىنىڭ كۇبا يېقىنلىرىدىكى قايسى بىر ئارىلدا ئېغىر قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى دۇنيا بويىچە تېررورچىلار دەپ قارىلىنىشىغىمۇ سەۋەپ بولغانىكەن. ئۇلارمۇ مىللىي مۇستەقىللىغىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىز ئەمەسمىدى؟" — خاسىيەت قاسىمغا ئاخىرى تۈگىمەس سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدى.

"دېگىنىڭىز توغرا. — قاسىم بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرىۋېلىپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى، — بىرقىسىم مۇھاجىرلىرىمىز چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ مىللىي داۋا پائالىيىتى بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇدۇمىغا ئايلىنىپ كەتكەن 'تېنچلىق، دېموكراتىك، كىشىلىك ھوقۇق، دۇنيا تېنچلىق قانۇنلىرى ۋە دېپلوماتىك ئۇسۇللار ' بويىچە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىپ

بېرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مويىغىمۇ تەسىر قىلماي كەلگەن بۇنداق پائالىيەتلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا كېرەك، خەلقئارا سەھنىلەرگە تېخىمۇ كۆچلىگىرەك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر يېڭىچە ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش نىيىتىدە خىتايغا سىرتتىن ۋەھىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى پىلانلىشىپ بىرقىسىم ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغانلىقىمۇ راس ئىدى. بولۇپمۇ بۇ تۆردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، چەتئەللەردىكى قايسى بىر كۆچلەرنىڭ دىپلوماتىك ۋە ھەربى كۈچ جەھەتتىن ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سىرتتا بىرەر ئاساس تىكلەشنى مەقسەت قىلىش بولىشىدا گۇمان يوق. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىمۇ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ھېلىقى 'تاشقى كۈچلەرنىڭ ياردىمىدا ۋەتەن مۇستەقىللىغىنى تېنچلىق شەكلىدە قولغا كەلتۈرۈش'  پروگىرامىسى بويىچە پائالىيەت قىلىۋاتقانلارنىڭ باشقىچە بىر ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مىراسچىلىرى دېيىشلا مۇمكىن. يەنى، بۇ تۆردىكى كەسكىن ئۇسۇللار بىلەن پائالىيەت قىلىشنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى خەلق كۈچىگە تايىشنى ئەمەس، بەلكى چەتئەل ياردىمىنى ئاساس قىلىپ ۋەتەن مۇستەقىللىغىنى چەتئەل قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشنى خام خىيال قىلغۇچى قۇراللىق كۆرەشچىلەر دېيىش مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارمۇ باشقا تېنچلىق يولىنى تۇتقانلار بىلەن بىر قاتاردا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ۋەتەن ئىچىدە يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇش لايىھېسىنى ئوتتۇرىغا قويغان 'ئىزچى مەن' يولىغا قەتئىي قارشى چىققانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز ئىچىدىن ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئەقىدە ۋە ئىدىيىۋى قاراش پەرقلىرى جەھەتتە، ھەرىكەت قۇماندانلىغى، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش قاتارىدىكى جەھەتلەردە كەسكىن زىدىيەتلىرى بولغاچقىمىكىن، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقلىرى تېز ئارىدىلا پارچىلىنىپ، بىر-بىرىگە دۈشمەندەك بولۇپ كېتىشكەنىكەن. بۇنداق ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان تۆپكى غايىسىدىكى ئورتاق نوقتىلار بويىچە شەرتسىز بىرلىشىش كاپالىتىگە ئىگە بولمايدىغان ئىتتىپاقلىق، ئورتاق ھەرىكەت پىلانلىششلاردا كېڭىشىش ئىمكانىغا ئىگە بولمىغاچقا، ۋەتىنىمىز خەلقىگە سىڭىپ كەتكەن بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك پىسخىكىسىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن، بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىش، بىر-بىرىدىن ئەمەل، ئابروي، مەنپەئەت تالىشىش يولىغا كىرىپ كېتىپ، مەخپىيەتلىك دېگەن ئۇقۇمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشىدۇ. بۇمۇ

ئۇلارنىڭ كەينى-كەينىدىن پاش بولۇپ چۇۋۇلۇپ كېتىشىگە مۇھىم سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقى چوقۇم. ئىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، مېنىڭچە بولغاندا، شۇ ‹ئىزچى مەن› دېگىنى قاتتىق تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ۋەتىنىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ يېڭى شارائىتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ستىراتېگىيىلىك ھەرىكەت شەكلىگە يوشۇرۇن كۆندۈرۈلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىقى، نۆۋەتتىكى دۈشمەن ۋەزىيىتىنى ۋە دۈشمەن كۈچلىرىنى ئېتىۋارغا ئالماي، چەتئەل كۈچلىرىدىن بەكلا ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش، ئۆز ھالىغا باقماي بەكلا ئېغىر پىلانلارنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىۋېلىشى ئۇلارنىڭ مەخسەتكە يېتەلمىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. — قاسىم قولىدىكى تاماكا قالدۇغىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەمما شۇنى ئىنكار قىلماسلىغىمىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ شۇ يىللىرىدىكى ھەرىكىتى خەلقىمىزگە باشقا بىر نۇقتىدىن بىر چاقىرىق، ئىنتايىن كۈچلۈك بىر چاقىرىق بولۇپ تەسىر قىلدى: دۈشمەننى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن چەتئەل كۈچلىرىگە ئەمەس، ۋەتىنىمىز خەلقىگە تايىنىشىمىز، مۇتلەق تۈردە ۋەتەن ئىچىدە ئەڭ مۇۋاپىق قۇراللىق كۈرەش يولىغا ئاتلىنىشىمىز شەرتلىكىنى، ئىشنى ئاۋال ۋەتەن ئىچىدە ئاشكارە قارامىلىق قىلماي، ئەڭ يوشۇرۇن ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە قانات يايدۇرۇش شەرت بولىدىغانلىقىنى خەلقىمىزگە ۋاستىلىق ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەرگەن بولدى. يېرىم ئەسىردىن بويان قوزغالمىغان، ھەتتا قوزغۇلۇش يولىنى بىلەلمەي يۈرگەن بىر خەلققە بۇنداق بىر چاقىرىقنى ۋاستىلىق شەكىلدە بولسىمۇ چىقىرىشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ نەتىجە دېيىش كېرەك. شۇ سەۋەپتىن، بۇ مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ پائالىيىتىدىن كېيىن، نۇرغۇن تېنچلىق يولىنى تۇتقان ‹مۇجادىلىچىلەر› ئېقىمىغا ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇلۇش بولۇپ تەسىر قىلسا كېرەك، سۆز، يېزىق، ياكى شىكايەتلىرىدە بىزگە ئاپتونومىيە كېرەك، بىزگە خىتايلار بىلەن تەڭ باراۋەرلىك كېرەك، خەلقىمىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك — خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقىمىزنى سۇنئىي ياكى تەبئىي يوقۇتىۋېتىش پىلانى بويىچە ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقىنى ئۇ مۇھاجىرلىرىمىز نېمىشقا بىلمەيدىكىن-تاڭ؟ — ... دەيدىغاندەك خائىنلارچە چاقىرىقلىرى ئورنىغا ‹بىزگە مىللىي ئىستىقلال كېرەك› دەيدىغان شۇئارلار

دەسستىلىش، قايسى بىر گېزىتنىمۇ تېنچلىق شەكلىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ
سىمۋولى ھالىتىگە كەلتۈرىۋېلىشقان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسمدىن
ھەممە كىشى چۈشىنىدىغان مۇستەقىللىق دېگەن سۆزنىڭ تېنچلىقچىلار تېرمىنى
ھالىغا كەلتۈرۈلگەن «ئىستىقلال» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىشىگىمۇ سەۋەپ بولدى
دېيىش مۇمكىن.” ـ ئۇ گېپىنى توختىتىپ ئالدىرىماي بىرتال تاماكا
تۇتاشتۇرىۋالدى. ئۆي ئىچى ئۇنىڭ كەينى-كەينىدىن چەككەن تاماكىسىنىڭ
ئىسىدا ئاپپاق بۇلۇت بىلەن قاپلىنىپ خىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ـ بۇ يەردە يەنە
شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كىرەككى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرقانداق بىر ئات بىلەن
ئاتاپ يۈرگەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئافغانىستانغا مۇجاھىت بولۇپ كەتكەن
ئۇ ياشلىرىمىز ۋەتىنىمىز ئازادلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشىغا
پىدائىي بولۇپ قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەنلەر، ھەتتا كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە،
ئەرەب مىللەتچىلىگىنىڭ سىمۋولى ھالىتىگە كەلگەن ئامېرىكىغا قارشى ھەرىكەتكە
پىدائى بولۇپ كەتكەن، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ پىدائىي جەڭچىلىرى
بولۇشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى. ئەگەر پىدائىي ئۇيغۇرلاردا ئۇنداق ئوي يوق ئىدى
دېيىلگىنىدىمۇ، ئەڭ كامىدا، خۇددى ۋەتىنىمىزدىكى ئون ئىككىنچى دىكابىر
ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ئوخشاش، خەلقنىڭ غۇرۇرىنى خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى
بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان شەخسى ئىشلاردا ۋاستە قىلىپ
ئىشلەتكەنلىكتىن باشقىچە چۈشەندۈرەلمەيمىز.
“بولدى قىلىڭە شۇ ‘مۇھاجىر ’ دىكىلەرنىڭ گەپلىرىنى، ئادەمنى بەكلا
ئۈمىدسىزلەندۈرىۋېتىدىكەن. ـ خاسىيەت قاسىمغا يېقىن ئولتۇرىۋېلىپ دېدى، ـ
سىزدىن سورىۋالىدىغان يەنە بىر مۇھىم سۇئالىم باردى: بىزدە ئاياللار
مەسچىتلەرگە كىرىپ داموللا-ئىماملارنىڭ دىنىي ۋەز-نەسىيەتلىرىنى ئاڭلاپ
چىقىش ئىمكانىمىز يوقلىغىنى بىلىسىز. بۇ ھەقتە ئۆزىمىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ
ئوقۇغىدەك قۇرئاندىن باشقا ئۇيغۇرچە تۈزۈك كىتاۋىمىزمۇ يوق، ھەتتا قۇرئاننىمۇ
بەزى خۇراپىي ئەقىدىلەرنىڭ چەكلىشى بىلەن خالىغاندا قولىمىزغا ئېلىپ
ئوقۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمىز. شۇڭا بىز ئايالالار توي-تۆكۈن، نەزىر-
چىراقلاردىكى بىرەر بۇلۇڭدا بولۇپ قالىدىغان مەدداھ-قۇشنانچىلارنىڭ سۆزلىرىگە
قاراپلا دىنىمىزنى ئۆگىنىپ كەلمەكتىمىز. مەن بۇنداق يەرلەردىكى دىنىي
نۇتۇقلارغا قاراپ، دىنىمىزنى بەكلا تۇتامى يوق بىر نادانلىق، ياكى ئاساسسىز بىر

روھانىلىق دەپلا قاراپتىكەنمەن. كېيىنچە قۇرئان تەرجىمىسىنى ئوقۇپ باققىنىمدا، گەرچە ئۇنىڭدىكى گەپلەرنىڭ مەن كوچا-بۇلۇڭلاردا ئاڭلاپ ئۆگەنگەن گەپلەر بىلەن دېگەندەك ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلساممۇ، يەنىلا قۇرئاننى ئۇنچە بىلىپ كىتەلمىدىم. مەن خۇداغا ئىشىنىمەن. ئەمما تەبىئەت دۇنياسىنى دىنىمىز بىلەن قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. مەسىلەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىمىزنى نۇرغۇن قۇشناجىملار قەتئىي تۈردە كاپىرلىق دەپلا قارىلىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار ھەرقانداق بىر تەبىئەت بىلىملىرىنىمۇ كېسىپلا شەيتاننىڭ ئۇيۇنلىرى دېيىشىدىكەن. بۇنداق گەپلەرنى زادىلا قوبۇل قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇلارنى قوبۇل قىلىش، تەبىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ كېلىدىغانلىغى ئېنىق. ئۇنداقتا خۇدا ھەممىنى ياراتقان دەيدىكەنمىز-يۇ، خۇدا ياراتقان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەنمىز. بۇنى بىرخىل مەنتىقسىزلىك دەپ قارىغىم كېلىپلا تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك مىللەت، ۋەتەن، مىللىي ئازادلىق، ئىلىم-پەن، تېخنىكا دېگەنلەرنى خۇددى دىنىمىز زادىلا تونىمايدىغاندەك، ئۆگەنگەن تەبئى پەن بىلىملىرىمنى دىنىمىز ئېتىراپ قىلمايدىغاندەك بىلىنىپ، بەزىدە بۇ دىندىن گۇمانلىنىپمۇ قالىمەن. سىزنىڭچە بۇ تۈردىكى مەسىلىلەردە دىنىمىزنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟”

دىۋان ئۈستىدە يېيىلغان بىر دۆۋە چاچ سەل قىمىرلاپ قويدى.

“بۇ ئىشلار مېنىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆپ قىيناپ كەلگەنىدى. گەرچە بىز ئەرلەر سىلەر ئاياللارغا قارىغاندا دىنى تەلىماتلارنى بىۋاستە مولللىرىمىزدىن كۆپرەك ئۆگىنەلىگەندەك قىلساقمۇ، بۇ بىلگەنلىرىمىزگە قاراپلا پىكىر قىلساق، بۇ دىنگە ئىشىنىشنى بىرخىل نادانلىق دەپلا مولچەرلەشكە توغرا كېلىدۇ. ــ قاسىم تېخى يېڭىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئۆزلىگىدىنلا كۆلدانغا تاشلاپ ئەزدى، ــ دەسلىۋىدە، بىزنىڭ مولللىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا بىزگە دىنىمىزنى شۇنداق چۈچەكلەردىكىدەك ئاددى قىلىپ تونۇتۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك، ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئۆز مۇستەقىل دۆلىتى، دىنىي ئالىي مەكتەپلىرى بولغاچقا، ئۇلار دىنىمىزنى بىزنىڭ مولللىرىمىزدەك ئۇنداق ئاددى چۈشۈندۈرۈشمىسە كېرەك دەپ ئويلاشقا تىرىشاتتىم. كېيىنچە دۇنيا خەۋەرلىرىدە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك بىلىمسىز، ئاجىز، بوزەك بىر خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالاتتىم.

ياكى بىز ئوقۇغان بۇ ماتېرىياللار خىتايلار تەرىپىدىن تاللىنىپ چىقىرىلغان كەمسىتىش خەۋەرلىرىمىدۇ؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم. تېلېۋىزور خەۋەرلىرى ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنچىلىك گىرىم قىلىپ ئېلان قىلىنماس؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئىلمىي نەزىرىيىلىرىمدە بىرەرمۇ ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ تۆھپىسى بولماسلىغى مېنىڭ دىنىي ئېتىقاتىمنى خېلىلا لىڭشىتىپ قويغانىدى. يەنى، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى موللىلىرىمىز ھازىرقى زامان نەزىرىيىلىرىنىڭ ھېچ بىرسىنى بىلمەيدۇ، خالىمايدۇ، ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنى توغرا ھەقىقەت دەپ ئۆگۈنۈشنى تەمتىرىمەيلا كاپىرلىق دەپ ئېلان قىلىشىدۇ.
بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: ئەگەر، بۇخىل تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئىشىنىش كاپىرلىق بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن كاپىرلىقنى تاللايمەن دېگىم كېلىپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ماركسىزممۇ چاۋىسى چىتقا يېيىلغان بىر دۇنيا قاراش بولدى. ئاخىرى مەن غەرپلىكلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پسىخولوگىيە، سوتسىيالوگىيە، پەلسەپە نەزىرىيىلىرىنى ئۆگىنىپ باقتىم.
بۇ دۇنيانىڭ بىرسى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىغىنى ئىنكار قىلىشقا زادىلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشكە باشلىدىم. ئۇنداقتا، بۇ كائىناتنى ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى خۇدا بولالماسمۇ؟ دەپ شۇنچە ئويلىساممۇ، موللىلىرىمىزنىڭلا ئەمەس، ھەتتا يېڭى خىتايچە تەرجىمە قىلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر داڭلىق پروفېسورى يازغان ئىسلام تەتقىقات كىتاۋىغا قارىغاندا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئاساسەن خۇدانى بىزنىڭ موللىلىرىمىزدەك ئەنە شۇنداق بەكلا ئاددى چۈشۈندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، خۇدا ھەممىنى ياراتقان دېگىنىدەك قىلسىمۇ، ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا خۇادانىڭ پەقەت قۇرئانىنىلا ياراتقىنىدەك چۈشىنىدىغانلىغىنى، ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كەشپىيات-ئىجادىيەتلىرىنى ئەسلىدە ئادەم پەيدا قىلىۋالغان سېھىرگەرلىك ياكى يالغان كۆز بۇيامچىلىقلىرى دېگەندەك چۈشىنىدىغانلىغىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇنداقتا، بىزنىڭ خۇدانى تونىشىمىزدا بەكلا ئېغىر بىر خاتالىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كەلدىم.
بۇلارنى ئويلاپ، قۇرئاننى قايتىدىن ئەستايىدىل ئوقۇپ بېقىش قارارىغا كېلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تۈنجى تەرجىمىسىنى تۇڭگانلارنىڭ تەرجىمە قىلغان خىتايچە يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشقا كىرىشتىم.

“«جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا          غ ا خاستۇر».
قۇرئاننىڭ بۇ بىرىنچى سۆرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. سىز بىلىسىز، ھەرقانداق بىر پەلسەپەنىڭ ئەڭ باشتىكى تۈپكى پىرىنسىپى بۇ كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى مۇتلەق ئاكسىيومىلاردىن باشلىنىدۇ. قارىسام بۇ ئايەتمۇ ئەنە شۇنداق مۇتلەق ئاكسىيومىدەكلا بىلىندى: بۇ كائىناتنى يالغۇز بىر خۇدا ئۆزى ياراتقان بولۇپ، بۇ كائىناتنىڭ ئالاھىدىلىگىنى قانچىكى تولۇق بىلەلىسەڭ، بۇ ياراتقۇچىغا شۇنچە بەك ھەيران قالىسەن. ماددىي ئالەمنىڭ ئىچكى تۈزىلىشى، ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيەتلىرى، ... قاتارىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قانچىكى چوڭقۇر، قانچىكى كەڭ بىلەلىگەن بولساڭ، بۇ ماددىي دۇنيانى ياراتقۇچىغا شۇنچە قايىل بولۇپ، بۇ ياراتقۇچىنىڭ كارامەتلىرىگە چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇيسەن، مەڭگۈ مەدھىيە ئوقۇيسەن! دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىغىنى چۈشۈنگەندەك قىلدىم.
شۇنىڭدەك يەنە قۇرئاندا نۇرغۇن قېتىم دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىگە دىققەت قىلىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ھەممىسىدىلا خۇدانىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان مۇتلەق ياراتقۇچى، مۇتلەق ھاكىم بولىدىغانلىقىنى تونۇيسەن دەپ كۆرسەتكەن. دېمىسىمۇ، بىز بىلمەيدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئالاھىدىلىگىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ماددىلارنىڭ ئاتوم-مالېكۇللىرىغىلا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئېلېكترونلارنىڭ شۇنچە مۇرەككەپ، شۇنچە قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىدىنلا خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تولۇق كۆرسىتىپ بىرەلەيدىغانلىغىنى بىلەلەيمىز. نىسبىلىك نەزەرىيىسىدە، كۇۋانت نەزەرىيىسىدە خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە قانداق دەلىللەرنىڭ بارلىغىنى تېخى تولۇق بىلمەيمىز. بۇلارنى قانچىكى مۇكەممەل بىلەلىسەك، خۇدانى شۇنچە ئېنىق تونىيالايمىز. بۇ ھەقتە پاكىستانلىق يادرو فىزىكا ئالىمى، نوبېل تەبىئىي پەن مۇكۆپاتىغا ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى ئېرىشكەن مۇسۇلمان ئالىمى ئابدۇسالام ناھايىتى توغرا ئېيتقان: ‘مەن ئاتوم يادرو تەتقىقاتىغا قانچىلىك چوڭقۇرلاپ كىرسەم، ئۆزەمنى ئاللاغا شۇنچە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.’
بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىزگە دىنىمىزنى ئۆگۈتمەن دەپ يۈرگەن مولللىرىمىزنىڭ نېمە دېگەن قاراساۋات بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خۇدانى نېمە دېگەن

ئاددى تەسۋىرلىشىدىغانلىغىنى بىلەلەيمىز. ئەسلىدە بىز خۇدانى، ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىكى بارلىق زەررىچىلەرگىچە بولغان ماددىلارنى قىلچىمۇ قۇسۇر چىقارغىلى بولمايدىغان ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ياراتقانلىغىنى بىلىش ئارقىلىقلا ئۆگۈنەلەيمىز. ئەنە شۇ چاغدىلا ئاللانى بۆگۈنكى ئىلمى مەنىسىدە تونىيالايمىز. بۆگۈنكى ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئالەمنى تونۇشنىڭ تېخى بىسمىللاسىدا تۇرىۋاتقان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ خۇدانى تونۇشىمۇ تېخى باشلانغۇچ سەۋىيىدە دىسەك خاتا بولمايدۇ. قارىغاندا مۇسۇلمان ئالىملىرى خۇدا ئۆزى ياراتقان ماددىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ياراتقۇچىسىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش نوقتىسىغا تېخى يېتىپ كەلمىگەندەك قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئاللانىڭ ياراتقان ماددى دۇنياسىنى بىلمەي، كەينىدە سۆرىلىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايمەن."

"قۇرئاندا خۇدايىم شۇنچە ئېنىق قىلىپ تەلىماتلارنى بۇندىن مىڭ بەشيۈز يىل ئاۋاللا بىزگە بەرگەن تۇرۇغلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاۋانگارت بولۇش ئورنىغا شۇنچە كەينىدە قالدۇق؟" ـ خاسىيەت تېخىمۇ كوچلاپ سوراشقا باشلىدى.

"بۇ ھەقتە مەنمۇ بەكلا ھەيران قالىمەن. ـ قاسىم سوۋۇپ قالغان چېيىدىن بىرنى ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـ ئىسلام تارىخى، ئىلىم-پەن تارىخى، بولۇپمۇ تىبابەتچىلىك ۋە پەلسەپە تارىخىدىن قارىغاندا، مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىگىدە يوقتىن بار بولۇپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، رەسمي دىني ئەقىدە ھالىتىگە كېلىپ ئېتىقات قىلىش دەۋرىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ماددى دۇنيانى پالانى بۇت ياراتقان، پۈستانى سېھىرگەر پەيدا قىلغان دېگەندەك قاراشلار تاشلىنىپ، ئەينى ۋاقىتىدىكى ماددا تەتقىقاتىنىڭ سېھىرگەرلىك ياكى سىرلىقلىق ئۇسۇللىرى ئورنىغا ئىلغار ماددا تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان سادىدا 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنىكەن. ئۇلار ئەندى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ 'سۇ-كۆچ' قىلىش بىلەن پەيدا بولۇپ ياكى يوقۇلۇپ تۇرىدىغان بولماي، ئاللا ياراتقان سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوت قاتارىدىكى تۆت تۈرلۈك رىئال مەۋجۇدىيەتلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە خاس ئۇسۇللار بىلەن پىششىقلانغىنىدا بىر-بىرسىگە ئۆزگىرىدۇ ياكى يېڭى ماددىلار بارلىققا

كېلىدۇ دەيدىغان ساددا تەبىئەت كۆز قارىشىدىن ئىشنى باشلىغانىكەن. تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ‘تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى’ دەپ ئاتالغان بۇ ئېپتىدائىي ئۇسۇل، خۇدا ياراتقان ماددىي دۇنيانى تونۇشنىڭ، شۇ ئاساستا خۇدانى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىۋاتقانىكەن. ئىسلام ئالىملىرى ‘ئالخىمىيە’ ياكى ‘سىمياچى’ دېگەن بۇ ساددا تەبىئەت تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ماددا تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، ‘تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى’ نى قىسقىغىنە بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدىلا ئەڭ يۇكسەك نوقتىسىغا كۆتۈرەلىگەنىكەن. بۇ جەرياندا ‘ئالخىمىيە، سىمياگەرلىك’ دېگەن بۇ تەلىماتلار ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن شۇنداق مۇھىم بىر تەلىمات ھالىغا كەلتۈرۈلۈپتىلگەنكى، ئاخىرى بېرىپ بۇ تەلىمات ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ‘تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى’ دېمەك، ئىسلام تەلىماتى دېمەكتۇر دەيدىغانغا ئوخشايدىغان ئېتىقات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتىشكەنىكەن. بۇ تەلىماتنىڭ تەجرىبىدىكى تىپىك نۇسخىسى بولغان تىبابەتچىلىك، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تا بۈگۈنگىچە ئەڭ مۇھىم داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ھەتتا سۈننەت دەپ تونۇلىپ كېلىنمەكتە. ئەپسۇس، بۇ تەلىمات ــ ‘ئالخىمىيە، سىمياگەرلىك ياكى تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى’ ــ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەلىمات بولماي، تەبىئەت تەتقىقاتىنى بۈگۈن بىزگە مەلۇم بولىۋاتقان بەلگىلىك ئېلېمېنت ئاتوملىرى تەتقىقاتى بويىچە تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەيدىغان دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاچقۇچ دېيىشكە بولاتتى. ئەسلىدە، ‘ئالخىمىيە تەلىماتى’ نىڭ تەبىئەتنى چۈشەندۈرۈشى بەزى توغرا كېلىپ قېلىشلار نەتىجىسىدە قىسمەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇ تەلىماتنىڭ ھۆلى بولغان ئېلېمېنت تەلىماتى پۈتۈنلەي خىيالى پەرەزگە تايىناتتى. ماددا تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ تەلىماتنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتقانلىقى ياكى بۇ تەلىمات ئاساسىدا تەبىئەت تەتقىقاتىنىڭ تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىشقا باشلىغان ئۇلۇغ ‘ئالخىمىيە’ ئالىمى ئىبنى سىنا، ياۋرۇپالىقلار ئۇنى ئاۋىسىنا دەپ بەكلا چوڭ بىلىشىدىكەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تېبى ۋە ئادەتتىكى كۆپ تېپىلىدىغان مېتاللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلەرنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان خاتا ئەقىدىلەر ۋە خاتا تەتقىقات يوللىرى

ئىكەنلىكىنى شۇنچە تىرىشىپ ئىسپاتلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قېلىپلىشىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئەرەب ئالىملىرى تەرىپىدىن دىنسىزلىق دەپ قارىلىنىپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈلگەنىكەن. شۇنىدىن ئېتىۋارەن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى تەبىئەت تەتقىقاتىدا تۈيۈق يولغا ئېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىپ، ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى دىنىدىن چىقىش دەپ چەكلىۋېتىشكەنىكەن.
مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ چەكلىمىسى نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسى ھازىرقى زامان 'ئېلېمېنت نەزەرىيىسى ' نى بۇنىدىن ئون ئەسىر ئاۋاللا كەشىپ قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان دېيىش مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىدىن بەش-ئون ئەسىر ئاۋاللا ئەزھەرنى بۈگۈنكى كامبىرژ، بۇخارا مەدرىسىسىنى بۈگۈنكى ئوكسفورد، قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىنىمۇ بۈگۈنكى خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتى، ... دەپ قارىشىدىغان، بۇنىدىن بەش-ئون ئەسىر ئاۋاللا ئىسلام دۇنياسىنى مۇسۇلمان گالىلېيلار، مۇسۇلمان نيۇتونلار، مۇسۇلمان ئەيىنشتېيىنلەر، ... قاپلاپ كەتكەن مەنزىرىنى قىياس قىلغان بولار ئىدۇق دەڭ. شۇنداق قىلىپ بىز مۇسۇلمانلار بۈگۈن تانكا-زەمبىرەككە قارشى تاش-توقماق، خىش-كېسەك، ئۆيرۇپىلان- راكېتالارغا قارشى ئات-ئىشەكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولماقتىمىز! بۇنىدىن ئون ئەسىر ئاۋاللا خاتالىغى سېزىلىشكە باشلىغان بىر تەلىماتنى تا بۈگۈنگىچە مۇتلەق بىلىم دەپ چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، زامانىۋى بىلىملەرنى ئالدامچىلىق، سېھىرگەرلىك، شەيتاننىڭ ئىشى دېيىشىپ ياكى بولمىسا دۈشمىنىمىنىڭ ھەممە ئىشىدىن يىراق تۇرۇش كېرەك دېيىش بىلەن يېقىن يولىماي كەلمەكتىمىز. بۇلارمۇ ئازلىق قىلىۋاتقىنىدەك، شۇ تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى دەيدىغان چولتا تەلىمات بويىچە خۇدانى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تەسۋىرلىشىپ، تەڭداشسىز بىر ياراتقۇچىمىز بولغان خۇدانى، ئۇنىڭ كائىناتقا ئاپىرىدە قىلغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئاللىكىملەرنىڭ دۇئا قىلىپ تىلىشى بىلەنلا دەرھال ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان كىچىك گۆل بالا قىياپىتىگە چۈشۈرۈپ قويماقتىمىز. سىز ئويلاپ بېقىڭ، خۇدا ياراتقان شۇ تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن بارلىققا كەلگەن ئېلېكترونلارنىڭ ئاتوم ئوربىتالىرىنى دۇئا قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ياكى يوق قىلىۋېتىشكە بولارمۇ؟ ئەگەر ئاللا، بىردە-يېرىم كىشىلەرنىڭ تىلىگى بويىچە ئۆزى ياراتقان قانۇنىيەتلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان قايسى بىر ماددىنى ياكى قايسى بىر ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىپ بەرگىنىدە،

ئالالانىڭ مەڭگۈلۈكلىگى، ئىزچىللىغى، يىگانىلىغى نەگە كېتىدۇ؟ سىز بىلىدىغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىن ياكى تەبىئەتتىكى ئېلېمېنت ئاتوملىرىدىن قايسى بىرسى دۇئا-تىلەكلەر بىلەن يوقۇلۇپ-پەيدا بولۇپ، ھەرخىل ئۆزگىرىپ تۇرالايدۇ؟ ئۇ ئېلېمېنت ئاتوملىرى، ئۇلارنىڭ ئېلېكترون-يادرو زەررىچىلىرى بۇندىن بۇرۇن بىرخىل ھالدا، بۇگۈن باشقا بىر ھالدا، ئامېرىكىدا بىرخىل ھەرىكەت قىلسا، ئەرەبىستاندا يەنە باشقا بىر قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرامدىكەن-يا؟ ئۇچاغدا ئالالانىڭ قۇسۇرسۇز، يىگانە ۋە ئىزچىل ياراتقۇچىلىغى نەگە كېتىدۇ؟”

“ئادەمنى كۈلدۈرمەڭا، خۇدانىڭ ياراتقان كائىناتى ئۇنداق ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرامدىكى، مېنىڭچە بۇ ماددىلار بىلەن ئۇلار بوي سۇنىدىغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغىنىدىن بۇيانقى ئون نەچچە مىليارد يىلدىن بۇيان پەقەتلا ئۇلۇغ خۇدانىڭ پۈتىۋەتكەن تەقدىرى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىغى چوقۇم. بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، يامان بولمىسۇن يەنە.” ــ خاسىيەت ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىپ، كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

قاچانلاردىدۇ ئۇيغۇنۇپ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ياتقان گۈلباھار، ئۆزىنى سەل-پەل سەگەكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىمۇ قانداق، ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ قاسىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىغانىدى. گۈلباھار ھاراق بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن مىڭىسىنى ئىشقا سېلىپ قاسىمنىڭ دېگەنلىرىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن نېمىشقىدۇر يىغا قايناپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تۇتىۋېلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان بىر دەرد، ئازاپ دولقۇنى يىغا بىلەن پۈركىنىپ ئاخىرى تۇيۇقسىزلا پارتلاپ چىقىپ، قاسىم بىلەن خاسىيەت ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى! ...

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە گۈلباھار يالغۇز قالغىنىدا ھاراققا قول ئۇزارتىشتىن ئۆزىنى چەكلەپلا قالماي، ھەتتا تاماكىسىنىمۇ تارتىنىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ چېكىدىغان قىلىقنى چىقىرىۋالدى.

ھەپتە ئاخىرىدا گۈلباھار ئەزالىرىنى ئۆيىگە يىغدى. ئاندىن ‘يېڭى ئاي قوشۇنى’ نىڭ بۇ يېقىندىكى ئىشلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بەردى. بۇ ھەپتىدە

‘يانچۇقچى‘ بىر نازارەتتىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر قوغداش باشقارما باشلىغىنىڭ ئۆيىنى پارتلىتىۋېتىپ كۆكۆم. تالقان قىلىۋەتكەنىدى: بۇ خىتاي چۇجاڭى قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ ئولتۇرۇش تۈزۈپ بەرگەنىكەن. تازا مېھمان كۈتىۋاتقىنىدا، خېلى داڭلىق بىرسىنىڭ نامىدا سوغات قىلىنغان ئالاھىدە بېزەلگەن سىۋەت گۈلى ئىچىگە يوشۇرۇنۇلغان رەسمى مىنا پارتلاپ كېتىپ، بۇ خىتاينىڭ چىرايلىق ئەكە ناياناق قىزىنى تىتما-تىتما قىلىۋەتكەنىكەن. چۇجاڭ خىتاينىڭمۇ باش-كۆزى تىتىلىپ ساق يېرى قالمىغان. سورۇندىكى مېھمانلاردىن يەنە تۆت نەپىرى نەق مەيداندا، ئىككىسى دوختۇرخانىدا ئۆلگەن بولۇپ، يىگىرمىگە يېقىن خىتاي يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ...

گۈلباھار ئەزالىرىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، كېيىنكى قىلىدىغان ۋەزىپىلىرىنى تالاش-تارتىش قىلىپ تاللىشىپ، ئەزالىرىغا يوشۇرۇن شەكىلدە ۋەزىپە تەخسىم قىلىپ بەردى. بۈگۈنكى يىغىلىش ھاراقسىزلا ئۆتتى. ...

“ئاللانىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەجەپمۇ كېچىكىپ تونىيالىغانىكەنمەن.” قاسىم كامېرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ...

## ئون تۆتىنجى باب
# ئەلۋىدا

‘‘پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا’’
—— ئۇيغۇر ماقاللىرىدىن

قاسىمنى ئىككى ھەپتىدىن بېرى سوراققا ئېلىپ چىقشمىدى. بەدىنىدىكى يارىلار قېتىشىپ چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۇيقىچىلىقتا ياكى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قالغانلىرىدا بىلمەستىنلا تاتىلاپ سېلىپ، خۇددى يېڭىلا جازا ئۆيىدىن چىققاندەك بەدىنىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋالاتتى.

بىر كۈنى قاسىم كونا ئەسلىمىلىرىنى ئەمدىلا باشلاي دەپ ئولتۇرۇشىغا، گۈلدۈرلىشىپ كىرىپ كەلگەن بىرمۇنچە خىتاي قۇراللىق ھەربىلىرى بىرەر ئايدىن بېرى يېتىشقان باللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ كېچىنى قاسىم كامېردا يالغۇز ئۆتكەزدى. ئۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ، جېدەل-ماجىرالارغا خېلى كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، بۇ جىمجىت كېچىنى بەكلا تەستە ئۆتكەزدى.

ئۇ، ئەتىسى سەھەردە يەنە قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشلىرىدىن ئۇيغىنىپ كەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئوندەك ياش بالىنى سۆرۈشۈپ كېلىپ كامېرغا سولاشتى. بۇ ياش ئۇيغۇر باللىرىنىڭ يۈز-كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ يىرتىلغان كۆڭلەكلىرىدىن قىپقىزىل قان تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر بولۇڭغا كىرىۋېلىپ يىغلىشاتتى. بەزىلىرى ۋايساپ ياتاتتى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئىككى گۇندىپاي كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قاسىمنى چاقىرىشتى. قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىدىكى تېخى تونۇشۇپ ئۈلگۈرەلمىگەن ياش باللارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن كامېردىن چىقىپ گۇندىپايلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. گۇندىپايلار قاسىمنى يالاپ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئىككى قۇراللىق ھەربى بىرنەچچە ۋاراق قەغەزگە بىرنېمىلەرنى جىجىلاپ بېرىپ، قاسىمنى تۈرمە قوراسىغا ئېلىپ چىقتى.

قاسىم تۇرمىگە قامالغىنىدىن بۇيانقى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆن نۇرىنى كۆرىۋاتقىنى ئۈچۈن، قىشنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئاپتىۋىدا كۆزلىرىنى زادىلا ئاچالماي قالدى. ئەمما ئۇ سىرتتىكى مۇزدەك ھاۋانى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىچىگە تارتتى. بۇ نەپەس، ئۇنىڭغا گويا پۈتۈن ئۆمۈر بويىچە يىگەن ئەڭ مېزىلىك تاماقتىنمۇ لەززەتلىكرەك سېزىلدى:

"پاھ، يېڭى ھاۋا نېمە دېگەن ئېسىل نەرسە-ھە!"

قاسىم ئۆزىنى خېلىلا راھەتلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

بىرنەچچە قۇراللىق خىتاي ھەربىسى ئۇنى ئىتتىرىپ دۆشكەللەپ يۈرۈپ بىر جىپ ماشىنىسىغا چىقىرىشتى. ئۇنىڭ بىر قولىنى ئورۇندۇقنىڭ ھالقىسىغا كويزا بىلەن چېتىپ قويۇشتى. ئاندىن ياش ئۈچ خىتاي ئەسكىرى جىپقا ئولتۇرۇشۇپ يولغا چىقتى. 'بېيجىڭ' ماركىلىق جىپ تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقتى. دەرۋازىنىڭ ئالدى ئاپپاق قارغا پۈركەلگەن چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىق ئىدى. جىپ ماشىنا ئىككى تەرىپى ئېگىز يالىڭاچ تېرەكلەر بىلەن ئىھاتىلەنگەن تۈپ-تۈز يولدا بىر-ئىككى سائەت ماڭغىنىدىن كېيىن بىر شەھەرگە يېقىنلاشتى. يول بويىدا ئارىلاپ ئۆيلەر، دۇكانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئارىلاپ دۇگدەيگەن بىرنەچچە خىتايمۇ ئۇچۇراپ قالاتتى. قاسىم يول بويىدىكى بىر كونا دەرۋازىغا ئېسىلغان ئۆڭۈپ كەتكەن لوزۇنكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا "شىخەنزە شەھەرلىك ... زاۋۇتى ..." دېگەندەك ئۆڭۈپ كەتكەن خىتايچە خەتلەرنى كۆرۈپ قالدى. شۇ چاغدىلا قاسىم شۇنچە ئايدىن بېرى شىخەنزە ئەتراپىدىكى بىرەر بىڭتۈەن تۈرمىسىگە قامىلىپ ياتقانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىدى.

قاسىم ھەيران قالاتتى: بۇ تارىخنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا ئويناۋاتقان چاخچىقىمۇ قانداق؟ بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ئەسلىدە ۋەتىنىمىزنى يۇتىۋېلىش قارا نىيىتىگە كەلگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدىغان ئون مىڭلىغان پىدائىلىرىمىزنىڭ چۈشكۈن قىلغان، زەپەر مارشى ياڭرىتىشنى ساقلاپ تۇرغان "ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى" دەپ تىللاردا داستان قىلىنىدىغان شەرەپلىك ماكان ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ ماكان ۋەتىنىمىزگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان مىليون كىشىلىك تولۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تولغان دۈشمەن ئۇۋىسى ھالىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى!

راس دېگەندەك، يىراقتىن ئورماندەك زىچ تىكلىنىپ كەتكەن نەچچە ئون

قەۋەتلىك ئېگىز بىنالىرى بىلەن شىخەنزە شەھىرى يېقىنلاپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.
جىپ ماشىنا شەھەرگە كېتىۋاتقان يولدىن جەنۇپقا بۇرۇلۇپ تەڭرى تاغلىرىغا قاراپ يولىنى داۋام قىلدى. يولدىكى قارلار ئېرىلاپ تۆكۈلگەن كۆمۈر پارچىلىرى بىلەن قارىداپ قالغانىدى. قاسىم بۇ يولنىڭ بىرەر كۆمۈر كانىغا كېتىدىغانلىغىنى پەرەز قىلدى. جىپ ماشىنا خېلى ماڭغاندىن كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كىردى. تاغ بويلىرى ياپ-يېشىل قارىغايلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بەزى قارىغايلارنىڭ ئۈستى تۈرۈپ قالغان قارنىڭ ئېغىرلىغىدا بىريانغا ئىگىلىپ تۇراتتى.
قاسىمنى ئېلىپ ماڭغان جىپ ماشىنا، ئورمانلىق ئارىسىدىكى بىر بوشلۇقتا، تاشلىۋېتىلگەن كونا كۆمۈر كانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. خىتاي ھەربىلىرى جىپنى بىر تاشلاندۇق كۆمۈر قۇدۇغىنىڭ ئاغزىغا يېقىن بىر يەردە توختىتىشىپ، قاسىمنى كويزىدىن بوشىتىپ جىپتىن تارتىپ چۈشۈرۈشتى. قاسىم يەرگە چۈشۈپ بىر كېرىلىۋېلىپ ئورماننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن چوڭقۇر تارتىپ مەيدىسىگە توشقازدى. ساپ ھاۋانىڭ قىممىتىنى قاسىمدەك ياخشى بىلىدىغان باشقا بىرسى بولمىسا كېرەك؟
‘بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆلۈشكە ئەرزىيدىكەن!’ قاسىمنىڭ خىيالىدىن بۇ سۆزلەر تىزىلىپ ئۆتكەندەك قىلدى.
كان قۇدۇغىنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە قارغا-قۇزغۇنلار غاقىلدىشىپ ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.
“ھايۋان! ... باندىت! ... ئالۋاستى! ...”
خىتاي ھەربىلىرى قاسىمنى تىللاشقىنىچە نۆۋەتلىشىپ مۇشلاشقا باشلىدى. ئۇلار گويا بۇ ئەلنىڭ ئىگىلىرىنى قانداق ئۇرۇپ قىيناش كېرەكلىكىنى مەشىق قىلىۋاتقىنىدەك ئۇنى ئۇرۇپ تېپىشەتتى.
“پۈتۈن لاۋۇيلىرىڭنى ئاخىرى بىركۈنىسى مانا مۇشۇنداق جازالاپ، بۇ كان قۇدۇقىغا تىرىك كۆمۈپ تۈگىتىۋېتىمىز! ...”
ئۇلار ھەسرىشىپ ئاغزى-بۇرنىدىن قۇيۇق ھور چىقىرىشقىنىچە بىر-بىرسىگە قارىشىپ يىرگىنىشلىك كۈلۈشەتتى. بۇ خىتاي ياش باللىرىدا ئۇيغۇرلاردىن بىرەر قېتىم دەرد كۆرگەنلىگىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت سېزىلمەيتتى. گويا ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنى جازالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلەنگەندەكلا قىلاتتى. بۇ جاللاتلارنىڭ چىرايىدىن قاسىمنىڭ ۋەتىنىنى بېسىپ ياتقان خىتايلارنىڭ ھەقىقى

ئەپتى-بەشرىسى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنمەكتە ئىدى!

‘مانا مۇشۇنداق بىر تاجاۋۇزچىلار بىلەن قانداق قىلىپ سۆزلىشىپ مىللىي ئەركىنلىكنى ئالغىلى بولار؟ بۇنداق بىر فاشىست مىللەتنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ بېرىدىغانغا بىرەر چەتئەللىك دوس تېپىلارمۇ؟ ’ قاسىم ئەڭ ئاخىرقى تېنىقلىرىدا يوقۇرقىلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

“بۇ مەلئۇننى بىر پاي ئوق بىلەن ئۇ دۇنياغا يوللىۋەتمەيلىمۇ!” — دەپ بىرسى مىلتىغىنىڭ زاتورىنى شاراخشىتىپ بەتلەشكە كىرىشتى.

“سارڭ بولما! بۇنىڭغا زايا قىلىدىغان ئوقتا بىرەر تال توشقان بولسىمۇ ئوۋلاپ يەيمىز. شۇ قۇدۇقتا ئىتتەر-پۇتسۇن بۇ ئىش!”

ئالدى يىگىرمە بەش ياشقىمۇ بارمىغان بۇ خىتاي جاللاتلىرى قاسىمنى تارتىپ سۆرەشكىنىچە كان قۇدۇغىنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ، تېگى كۆرۈنمەس قۇدۇققا ئىتتىرىپ چۈشىرىۋېتىشتى!

قاسىم قۇدۇق ئىچىدە قۇيۇندەك شۇڭغۇپ پەسكە چۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پەسكە چۈششى بارغانسېرى تېزلىشىپ نەپسى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ...

ئۇ، راكىتا بىلەن كائىنات بوشلۇقىغا ئۇچۇپ چىقىشنى نەقەدەر خام خىيال قىلاتتى-هە! مانا ئەندى خىتايلارنىڭ 'مەرھەمىتى' بىلەن تېگى يوق ھاڭدا بايىتىدىن بېرى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ تۆۋەنگە چۈشمەكتە! ئۇ، شۇنچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ۋەتىنى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى ئاززۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلىگە بىرلا نەرسە كېلىۋالدى:

“لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممىدىن رەسۇلىللاھ!” ...

بىر جانغا زامىن بولغان بايىقى ئۈچ خىتاي، بىرخىيالىدا يوق كۈلۈشىپ چاقچاق قىلىشقىنىچە مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قۇيۇق قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولۇشتى.

قۇدۇق ئاغزىدا بىرنەچچە تولق قاغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرىشەتتى. ...

ۋەتەن ئۈچۈن ئالتى يىل جان تىكىپ يوشۇرۇن جەڭ قىلغان بىر ئۇيغۇر پىدائىسى ئەنە شۇنداق جىم-جىتلا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى ئەندى ھېچكىممۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇپ غەيۋەت-شىكايەت قىلىشقانلارمۇ ئۇنى ئەندى تىللىيالمايتتى. ئۇنى ھېچكىم

ئەسلەپمۇ قويمايدۇ. ئۇ ئەقلىنى تاپقىنىدىن باشلاپ ئىنتايىن ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى خام خىيال قىلاتتى. ئۆمىدىنى يوقاتقىنىدا تۇيۇق يوللارغىمۇ كىرىپ قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنى ئەسلەيدىغانلار، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلار، ئۇنى ئىستەپ كېلىدىغانلار ئاز-تولا بار ئىدى. ئۇ ۋەتىنىم، مىللىتىم دەپ ھەرىكەت باشلىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەردىن باشقا، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ جەرياندا خۇدانى قايتا تونۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى پىشقەدەملەردىن گۈلباھار، ئەخلاق جەھەتتىن ئەمدىلا تۈزۈلۈش يولىغا كىرىۋاتقىنىدا، تۆت يۈلتۈزلۈق بىر مېھمانخانىغا پارتلاتقۇچ قويۇپ چىقمەن دەپ كىرىپ دەھشەتلىك پارتلاش بىلەن تەڭ ئۆلۈك-تىرىكىمۇ تېپىلماي يوقاپ كەتتى. نەچچە ئونلىغان خىتاي شىركەت باشلىقلىرىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغان ئۇ يىغىن زالىدىن چىقالماي قالدىمۇ نامەلۇم، ئۈچ يىلدىن بېرىسى ئۇ يوق ئىدى.

‘يانچۇقچى ’ ـ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى شۇ گۈلباھاردىن باشقىسى زادىلا بىلەلمىدى ـ ئۇمۇ بىر قېتىم قاسىم بىلەن گۈلباھارغا: ‘مەن نەدە، قاچان ۋە قانداق ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۇ چاققىچە بىر نەچچە ھېيت نامىزىدىن باشقا نامازمۇ ئۇتەپ باقمايتىمەن. ئەمما سىلەردىن خۇدانى تونۇغاندەك بولدۇم. ئەگەر ناۋادا ئۆلۈپ تارتىپ كەتسەم، ئۆلۈگۈمنى ئاللامساڭلارمۇ، ئاپامنىڭ قەۋرىسى يېنىغا بىر ئىسمىسىز تاش تىكىپ، ئىككىڭلار بىرەر ئىمامنى باشلاپ چىقىپ دۇئا ئوقۇتۇپ نامىزىمنى چۈشۈرۈپ قويساڭلار‘ دېگەنىدى. ئۇمۇ گۈلباھاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر پويىز خىتاي ئەسكىرىنى پارتلىتىمەن دەپ نەچچە ئونلىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تەڭ پارتلاپ شېھىت بولغانىدى. ئۇنىڭمۇ جەسىدى زادىلا تېپىلمىدى. ‘يانچۇقچى ’ نىڭ ۋەسىيىتىنى قاسىم بىلەن ئىمىن دېگەن كونا ساۋاقدىشى ئىككىسى بىر ئىمامنى چاقىرىپ ئاپىرىپ ئورۇنداپ كەلگەنىدى.

خاسىيەت، ئۇمۇ رەسمى نامىزىنى باشلىۋالغان ئايلىرىدا، ۋاقىت تېزگىنىنى خاتا تەڭشەپ قويغان مىنا بىلەن ئاپتوۋۇزدا بىرمۇنچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىرگە پارتلاپ تىتىلىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ دەردىدە قاسىم نەچچە ئايغىچە يوشۇرۇن قارىلىق تۇتۇپ يۈردى.

ئۇلاردىن باشقا ‘يانچۇقچى‘ نىڭ شەخسى قوشۇنىدىن ‘‘شەيتان ‘، ‘پەرۋانە‘،

‘يولۋاس ‘ قاتارلىقلار؛ قاسىمنىڭ قوشۇنىدىن ‘بىرىنچى نومۇر ‘، ‘نۆل يەتتى ‘، ‘سەكسەنبىر‘ قاتارىدىكى يوشۇرۇن ھەرىكەتچى پىدائىلار، ... بۇنچە ياش ئوغۇل-قىزلار بۇ ئالەمدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى زار-زار قاخشىتىۋېتىپ نام-نىشانسىزلا ئايرىلىشتى. ئۇلارنى ھېچكىم خاتىرلەشمەيدۇ، كېيىن ئۇلارغا ئاتاپ ھېچكىم ھەيكەل قاتۇرۇشمايدۇ، ... ئەمما تا بۈگۈنگىچە قايسى بىر ئۇيغۇر مۇئاۋىن نازىرىنىڭ كىملەرنىڭدۇ نەزىرىدىكى ‘تەسىرلىك‘ بىرەر ئېغىز نۇتقى ئۈچۈن، يەنە قايسى بىر ئۇيغۇر باشقارما باشلىقىنىڭ قايسى بىر ئۇيغۇر بالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىدەك ‘قالتىس جاسارەتلىك ۋىجدانى ‘ ئۈچۈن، ۋە ياكى چەتئەللەردىكى قايسى بىر مەدداھ مۇھاجىر داھىيچاقنىڭ قانداقتۇ بىرەر ئىنتېرنېت-گېزىتكە يېزىپ بەرگەن ماقالىسى ئۈچۈن ئۇلارنى مىللىي قەھرىمان دەپ ماختىشىپ، كەلگۈسىدە ئۇلار ئۈچۈن ھەيكەل قاتۇرۇش پىلانلىرىنى ھېلىتىدىن باشلاپلا تۈزۈشكە كىرىشمەكتە!

مانا بۈگۈن، قاسىممۇ ئەنە شۇ نامسىز قەھرىمان سەبداشلىرىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئۇ، يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن بۇ ھاياتىدا مىللىتى ئۈچۈن زىيانلىق بىرەر ئىش قىلغىنىنى ئەسلىيەلمىسىمۇ، ئەمما شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا نۇرغۇن قېتىم يېڭىلىپ كەلگەنىدى. گەرچە بۇندىن ئالتى-يەتتى يىل بۇرۇن مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ خەلقنى قۇتقۇزۇشتا قانچىلىك ئەمەلىي رولى بولىدىغانلىقىنى، ياكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ خۇدا ئالدىدا توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەلمىگەنىدى. ئەمما ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەتەننىڭ خىتايلارغا تەۋە ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ زېمىننىڭ ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە بولسىمۇ قەتئىي ئىشىنەتتى. قاسىم، بۇنچىلىكىگىمۇ رازى ئىدى. ئۇندىن كېيىنكىسى كېيىنكى ياش ئەۋلاتلارغا باغلىق ئىشلار ئىدى.

چوڭقۇر ھاڭ تېگىدىن “ئاللاۇئەكبەر!” دېگەن بىر سادا كەلگەندەك قىلدى. ئەمما يەنىلا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى.

ھاڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن توڭ قاغىلار كان قۇدۇغى يېنىغا توختۇتۇپ قويۇلغان بايىقى ‘بېيجىڭ‘ ماركىلىق ھەربى جىپ ماشىنىسىنىڭ ئۈستىنى ئەگىپ

ئۇچۇشماقتا ئىدى. ...

ئەندى قاسىمنىڭ ئاخىرقى بەش-ئالتى يىللىق ھاياتىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئەسلىشىپ بېرەلەيدىغانغا ھېچ كىم يوق ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆرۈلگەن بىر-بىرىدىن چىگىش مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈشلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغانغىمۇ بىرسى قالمىغانىدى.

قىزىق، قاسىم ئۆز پىكىرلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇ دۇنياغا تولۇق ئېلىپ كېتەلمىگەن ئىكەن. ئەسلىدىنلا ئۇ دۇنياغا بۇنداق پىكىرلەر ئەسقاتمىسا كېرەك؟ ئۇنىڭ پىكىرلىرى تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىدەك ياكى ئەتتىرگۈلنىڭ مېز لىك پۇرىقىدەك بۇ ئالەمدە بوشلۇقتا ئېسىلىپ لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن!

قاسىم ئۇ دۇنياغا پەقەت، ۋە پەقەت ئاللانى تونۇش روھىنىلا ئېلىپ كېتەلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆگەنگەن شۇنچە كۆپ نەرسىلىرىدىن قايسىلىرى ئۇ دۇنياغا ئەسقاتاتتى، بۇ ھەقتە قاسىم ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوي-خىياللىرى بۇ دۇنيادا قالغاندەكلا قىلاتتى. ...

بۇ قەلەمگە، بۇ قەلەمنىڭ ئىگىسى – خالىس ئىختىيارى يازغۇچى ‘قۇمدىكى بوۋاق’ قا بۇ ئالەمدە لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاسىمنىڭ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى بارغانسېرى رۇشەن كۆرۈنۈشكە باشلىماقتا.

قىزىق ئىش، ھېچكىمنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدىغان قىزىق ئىش بۇ. ئەمما بىرسىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ئىشەندۈرۈلىشى شەرتمىدى؟ بىرسى كۆرگەن چۈشنى ھېچكىمگە كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن چۈشىگە نۇرغۇن كىشىلەر ئىشىنىدىكەنغۇ؟ قاسىمنىڭ ئۆتمۈش ھاياتىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك ...

گۈلباھارنىڭ شۇ قېتىمقى مەستلىكتە ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كېتىشىدىن كېيىن، قاسىم غۇرۇر، ۋىجدان، ئەدەپ-ئەخلاق، جاسارەت، مىجەز-خۇلق، ئەقىدە، ئېتىقات، ... دېگەندەك چىگىش مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ شۇنچە جاسارەتلىك گۈلباھارنىڭ ئەخلاقي بۇزۇلۇشىدىن بەكلا ئىچى سىرىلەتتى. ئۇ، ھەرقانچە باھانە كۆرسەتكىنى بىلەن، گۈلباھار بىلەن تونۇشقىنىدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تۈزىتىشكە ئەمەس، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە

تېخىمۇ بۇزۇلۇشىغا ياردەملەشكەندەك ئىشلارنىمۇ قىلغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، يوقۇرىقىدەك چىگىش مەسىلىلەر گۈلباھار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم چۈشەنچىلەر ھېساپلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. يەنى، قاسىمنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ رەسمىي كوچىغا قاراپ قالغاندەك ھالغا يەتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېتىپ ئاشقىچە ئەخلاقسىزلىقلارغا پېتىپ قالغانىدى.

ئۇ بەزىدە ئويلىنىپ كېتەتتى: دىنىي ئېتىقاتى كۈچلۈك بولغان بىرسىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ساپ بولىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە ئىسلام دىنىنىڭ بەش شەرتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشقان بوۋىسى بىلەن مومىسىنى تىپىك مىسال قىلىپ كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ھەركۈنى تاڭ ئاتمايلا ئورنىلىرىدىن تۇرۇپ تاراھەت ئېلىپ جىن چىراق بېشىدا بىرەر پارىدىن «قۇرئان» ئوقۇپ چىقىشاتتى. ئاندىن بامدات نامىزىنى ئۆتىشەتتى. كۈندىلىك ئىشلىرى ھەرقانچە كۆپىيىپ كەتكىنىدىمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا قارشى ھەرىكەتلىرى ھەرقانچە كۈچىيىپ كەتكىنىدىمۇ، بىر ئامالىنى قىلىپ بەش ۋاقىت نامازلىرىنى بىرەر ئارىلىقلاردا بولسىمۇ قازا قىلىپ ئۆتىۋېلىشاتتى. ھەتتا 'مەدەنىيەت ئىنقىلابى' نىڭ شۇنچە قاراڭغۇلۇق كۈنلىرىدىمۇ بوۋىسى كىچىك «قۇرئان كەرىم» نى ۋاراقلىرى بويىچە پارچىلاپ، ماۋ زېدوڭنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى ئىچىگە قىستۇرىۋېلىپ قۇناقلىقلاردا، ئۆستەڭ بويلىرىدا، ھەتتا بىرەر تاشلاندۇق كونا كارىزنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىۋېلىپ بولسىمۇ قىرائەت قىلىشنى تاشلىمىغانىدى. ئادەم كېلىپ قالسا ئەسەر يادىلاپ، ئادەم يوق ۋاقىتلاردا «قۇرئان» يادىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى «قۇرئان كەرىم» نى ياتلاپ بولۇپلا قالماي، شۇنچە قېلىن ماۋ زېدوڭ تاللانمىلىرىدىن ئىككىسىنىمۇ ئاساسەن ياتلاپ بولغان. شۇڭا، مەھەللىسى بويىچىلا ئەمەس، ھەتتا ناھىيە بويىچىمۇ 'توم ياتلاشتا نەمونىچى ' بولۇپ شاھادەتنامىغا ئېرىشكەنىكەن. ئۇ يىللىرى بۇ ئىككى قېرى ئۈچۈن ھەپتىدە بىرەر چىشلەم ئاق نان، ئايدا بىرەر توغرام گۆش تېپىلمايدىغان قاتتىقچىلىق بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇماچ-زاغرىلار بىلەن ئوتتۇز كۈنلۈك روزىسىنى بىر-ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ دېگىدەك تۇتۇشنىمۇ داۋام قىلدۇرالىغانىدى. شۇنچە ئېغىر كۈنلەردە قالغىنىغا قارىماي، بازاردىن ئارىلاپ بىرەر تىلەمچىنى باشلاپ كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى ياكى ئۈچىسىغا بىرەر قۇر كونا بولسىمۇ كىيىم كەيگۈزۈپ يولغا سېلىپ قوياتتى. ھەر

ھېيتتا پۈتۈن بالا-چاقا، نەۋرە-كېلىنلىرى نامىدا ۋە يوق دېگەندەك بولسىمۇ 'ماللىرى' ئۈچۈن پىتىر، ھۆشرا-زاكات بېرىشنى ئۇنۇتمايتتى. ئۇلار پەقەت بىرلا شەرت ئۈچۈن ھەسرەتتە قالغانىدى: مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ بىر قېتىم بولسىمۇ ھاجى قىلىنىۋېلىشنى بىر ئۆمۈر تىلىگەنىدى.

قاسىم، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر قېتىممۇ بولمىغۇر تىل-ئاھانەت ئاڭلاپ باقمىدى. ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ بىر قېتىممۇ يامان گېپىنى تۇيمىدى. بىرەر قېتىممۇ يالغان گەپ قىلىشقانلىقى ياكى بىرسىنى ئالدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولاتتى.

ئەمما ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ئاساسەن ساۋاتسىز، بىلىمسىز كىشىلەردىن ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان بىلىملىرىدىن زادىلا خەۋىرى يوق كىشىلەردىن ئىدى. خەۋىرى يوقلا ئەمەس، ھەتتا نەۋرىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا زادىلا رازىلىق بېرىشمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھازىرقىي زامان بىلىمى دېمەك، دىنسىزلىك، خۇداسىزلىق، دىنغا قارشى چىقىش دېگەنلىك بولاتتى. شۇڭا ئۇلار بىر ئۆمۈر ئاجىز ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەنلا ياشىغانىدى. ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ تونۇلغان باشقا يۇرتداشلارمۇ ئاساسەن ئۇلاردىن كۆپ پەرق قىلمايتتى. ھەتتا ھەر قانداق بىر سەممىي ئىمام-ئاخۇنۇملارمۇ ئاساسەن ئەنە شۇ تۈرگە مەنسۇپ كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە خۇداغا ئىشىنىش، مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى تولۇق ئەخلاقلىق بولۇش، بەش پەرزنى تولۇق ئادا قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئىلىم-پەن بىلىملىرى، ۋەتەن-مىللەت تەقدىرى، خىتاينىڭ سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىغا قارشى چىقىش دېگەندەكلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى ياكى مۇسۇلمانچىلىققا زىيانلىق خىياللار ھېساپلىنىشى كېرەك ئىدى.

قاسىم، بىر كۈنلىرى خاسىيەت بىلەن دىن توغرىسىدا قىلىشقان گەپلىرىنى قايتىدىن ئەسلەپ قالدى: ئەجىبا بىز ئۇيغۇرلار، ھەتتا مۇسۇلمانلار دۇنياسى راستىنلا «قۇرئان كەرىم» نى خاتا چۈشىنىۋېلىپ يۈرەمدۇق-يا؟ قاسىم ئىسلام دىنىغە دائىر ئوقۇغان ھەرخىل كىتابلىرىنى ئۆزى بىلگەن ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، قانچىكى كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە تىڭىرقاپ

قالاتتى؛ قانچە كۆپ سىلىشتۇرسا شۇنچە كۆپ ھەيران قالاتتى؛ ئۇ قانچىكى كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە، شۇنچە رۇشەن مەسىلە سەزگەندەك قىلاتتى.

ئاخىرى قاسىم ئۆزىچە خۇلاسە چىقاردى: بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» نى، كائىناتتىكى ھەرخىل تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئىنتايىن تۇتۇق بىر كۆزئەينەك بىلەن كارۋۋاتقانلىقى مۇقەررەر!

ئۇ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان» نۇسخىلىرىنى بىر-ئىككى قېتىم ئوقۇش جەريانىدا، بۇخىل مودىلاشقان ئىسلام قاراشلىرىنىڭ «قۇرئان» غا قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە ئۇيغۇن كەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. كېيىن ئۇ خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ داڭلىق پروفسورلىرى ۋە باشقا داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ يازغان ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلەسەپە تارىخى، بەزى ھەدىسلەر ۋە «قۇرئان» تەپسىرلىرى قاتارىدىكى كىتابلارنى تاپالىغىنىچە تېپىپ ئوقۇپ باقتى. ئۇلاردىمۇ ئاساسەن ئورتاق بىر قاراشقا كېلىشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام پەلەسەپەسىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى دەپ ھېساپلاشقا بولىدىغان ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ـ تەسەۋۋۇف بايانلىرى ئۇنى بەكلا تېڭىرقاتقانىدى.

"ياق، بىزدە پىرىنسىپال بىر خاتالىق بار. بۇ خاتالىق زادى نەدە؟"

قاسىم بۇ جەھەتتە بۇرۇنمۇ كۆپ قېتىم باش قاتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى تۈيۈق يولغا ياكى قورقۇنۇچلۇق خۇلاسىلارغا باشلاپ كېتىدىغان پىكىر قىلىش دەرىجىسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، قورقۇپ بۇ خىياللىرى ئورنىغا ئۆزىنى گۇناھ ئىچىگە تاشلىۋېتىشنى تاللاپ ئالاتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇ، بۇ پىكىرنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ بېقىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. خاتا كەتسە خۇدايىم كېچۈرەر دەپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى.

ئۇنىڭ ئوقۇغان-بىلگەنلىرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دۇنياسى يەتتىنچى ئەسىر قاراڭغۇلۇقلىرىدىن تۈيۈقسىز ئۇيغۇنۇپ، ئونىنچى ئەسىرگە كەلگىچە دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار يېتەكچىلىرى ھالىغا كېلىپ بولغانىدى. شۇندىن كېيىن، گەرچە تېپىك ئىلمىي يۈكسىلىش مەيدانىغا كەلمىگەندەك قىلسىمۇ، تا ئون يەتتىنچى ئەسىرلەرگە كەلگىچە بۇرۇنقى ئۈستۈنلۈك ئورنىنى ئاساسەن يوقاتماي كېلەلىگەنىكەن. يەنى، ئىنسانلارنىڭ خۇدا ياراتقان كائىناتنى تونۇش ئۇسۇلىنىڭ يەپ-يېڭى بىر يولغا كىرىش بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان ئون بىرىنچى

ئەسىرلەردىن باشلاپ تا ئون يەتتىنچى ئەسىرلەرگە كەلگىچە بۇخىل تۆپكى بۇرۇلۇش يولىغا قەدەم قويۇشنى قوبۇل قىلماي بىر ئىزدا توختاپ تۇرۇۋالغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە 'ئالخىمىيە تەلىماتى' نى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقى ئېلېمېنت تەلىماتىنى ئوتتۇرغا قويمىغاچقا، كلاسسىك 'تۆت ئېلېمېنت ' تەلىماتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە چىقىپ بولغان مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن رىقابەتلىشەلىگىدەك باشقا بىر كۈچمۇ بولمىغاچقا، مۇسۇلمانلار دۇنياسى دۇنياۋىي كۈچ ھالىتىدىن قالماي ئۆزىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما، خىرىستىيانلار دۇنياسى ئېغىر ئەقىدە كىرىزىسىگە كىرىپ قالغان ئون بىرىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ، بىرقىسىم ياۋرۇپالىق ئەقىل ئىگىلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدەك قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەندۈلۈسنى مۇسۇلمانلار قولىدىن تارتىپ ئالغان ياۋرۇپالىقلار ئارىسىدىكى ئۆز دىنىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ئالىملار، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يوقۇرى چېكى بولغان، شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقات ئۇسۇلىدىن گۇمانلىنىش ئۈندۈرمىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىش ھارپىسىدىكى ئىلمي تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن ئەركىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمان ئالىملىرىدەك ئۇنداق كەسكىن مۇتەئەسسىپ 'دىنىي چەكلىمە' دېگەننى تونىمىغاچقا، ئىبنى سىنا قاتارىدىكىلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى بەش-ئالتى ئەسىر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ماددا قاراشلىرىنىڭ تەتقىقات يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى بىرمۇنچە كلاسسىك پەن ئالىملىرىنى يارىتىدۇ. ئۇلار ۋە شاگىرتلىرى بۇرۇنقى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى تونۇشقا باشلاپ ئاران دېگەندە ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقاندىلا ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقاتىغا يۈرۈش قىلىش ئۇسۇلىنى پەرق قىلىشقا باشلايدۇ. بىر يولنىڭ خاتالىغى پەرق قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ بۇ جەرياندا توغرا تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ پەرق قىلىنىشى بىلەن، كونا خاتالىقلاردىن قۇتۇلۇش قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئەسىرلەر بويى ئەقىل يەتكۈزگىلى بولمايدىغان يېڭى قاراشلار بىرقانچە ئون يىل، ھەتتا بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. خىرىستىيان ئەقىدىلىرىدىن گۇمانلانغان بىرقىسىم ياۋرۇپالىقلار كوپېرنىك، گالېلى، نيۇتون، دالتون، ئەينىشتېين قاتارىدىكى شەخسلەرنىڭ ئاۋانگارتچىلىغىدا ئىسلام دۇنياسى بۇندىن ئون ئەسىر ئاۋالدىن باشلاپلا قىلىشقا

تىگىشلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. رۇشەنكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش جەريانىمۇ دەل ئىبنى سىنا دەۋرلىرىدىن باشلاپلا تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىشكە باشلاپ، ياۋروپالىقلار يېڭىچە تەتقىقات يولىنى كەشىپ قىلىۋاتقان ئون يەتتىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ تېز سۈرئەتتە كەينىدە قېلىشقا باشلىدى. يەنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش ئېڭىنى تا بۈگۈنگىچە ئىبنى سىنا دەۋرىدە قالغان دېسەك خاتا بولمايدۇ. تەبىئەتنى تونۇش مەسىلىسىنى يىگانە تەبىئىي پەن تەتقىقات مەسىلىسى دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ روھى پائالىيەتلىرىنى يېتەكلەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم تەپەككۇر قورالى. بۇ قۇرالدىن ئايرىلغاندا، ئادەم، يىگانە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىلا مۇجىمەللىككە پېتىپ قالماي، باشقا بارلىق ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىدە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر ئادەم، ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشتا باشقىلاردىن كەينىدە قېلىشقا، باشقىلارغا بوزەك بولۇشقا، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان قۇل بولۇشقا مەھكۇم. يېڭىچە تەبىئەت كۆز قارىشىغا ئېرىشەلمىگەن ئىسلام دۇنياسى، بۇنداق ئاڭغا بالدۇر ئېرىشۋالغان ياۋروپا دىنسىزلىرىدىن ھەر جەھەتتە كەينىدە قېلىشقا باشلاپ، ئون يەتتىنچى ئەسىردىن باشلاپ تەبىئەتنى پايدىلىنىشنى بىلەلىگەن دىنسىز ياۋروپالىقلارنىڭ قۇللىرى، مۇستەملىكىسى، بېقىندىسى ھالىغا چۈشۈشكە باشلىدى دېسەك خاتا بولمايدۇ. مانا بۈگۈن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى ياۋروپالىقلارنىڭ بارمىقىدا ئوينىتىدىغان ئويۇنچۇق، خالىغان ۋاقىتدا كېلىپ بوزەك قىلىدىغان ئانى ھالىغا كېلىپ بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۆزىنىڭ بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تا بۈگۈنگىچە تونۇپ يېتەلىدى دېيەلمەيمىز: پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ تانكىغا قارشى تاش-كېسەك بىلەن قارشى چىقىشقا مەجبۇر بولىشى، بوشناق، كوسوۋا ئالبانلىرى، ئافغان، كەشمىر، چېچەن، ئىراق پاجىئەلىرى، ... ئەلۋەتتە بىزمۇ بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرسى بولماقتىمىز! دېمەك، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مۇدداسى ھەرگىزمۇ يىگانە ئاللا غ ا سەجدە قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ يارىتىش قانۇنلىرىنى ئىگەللەش ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ ساۋاپلىق شەكىلدە پايدىلىنىشنى بىلىش.

قاسىم، بۇ ھادىسىلەرنى باشقىلار دەپ يۈرگىنىدەك نوقۇل ھالدا 'مەدەنىي دۇنيا كۈچلىرى ' نىڭ زومىگەرلىگى، يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلىگەرلىگى ياكى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى تۈپەيلىدىنلا روي بېرىۋاتقانلىقىغا گۇمان قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ مەنبەسى، مۇسۇلمانلار ئاڭ-پىكرىدىكى، بولۇپمۇ 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' ئاساسىغا تىكلەنگەن ھەرخىل تەسەۋۋۇف نەزەرىيىلىرىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولسىمۇ چىڭ چاپلىشىۋالغىنىدەك تىپىك بىر پىرىنسىپال خاتالىقنىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئەجەللىك بىر يېتەرسىزلىكنىڭ ئاساسىي سەۋەبچى بولىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنداقتا، ئىسلام چۈشەنچىلىرىدىكى بۇ تىپىك خاتا قاراش ياكى ئەجەللىك يېتەرسىزلىك نېمە؟

بۇ سوئاللار قاسىم ئۈچۈن بەكلا ئېغىر سوئاللار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن بەكلا ھالقىغان مەسىلىلەر ئىچىگە پېتىپ قالماقتا ئىدى. ئەمما بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ مىللىي ئەركىنلىك يولىغا ئاتلىنىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەر ئىدى. دەرۋەقە، كلاسسىك ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق تەلىماتىنىڭ كۈچىيىشى نۇرغۇنلىغان يولدىن ئازغان ياشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، مىللىي سۆيگۈسىنى ئويغۇتۇش، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەنسىرىتىش رولىنى ئويناۋاتقانلىقىمۇ ئىنكار قىلىنماس بىر پاكىت ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەلقىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۈچۈپ كېتىۋاتقان مىللىي جاسارىتى قايتىدىن جانلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ مىللەتنىڭ جەۋھىرى ھېساپلىنىشقا تېگىشلىك زىيالىيلار قاتلىمىدا دىنىي چۈشەنچىلەردىكى سەلبىي قاتماللىقنى ھەل قىلىشقا دىنىي تەپەككۇرلەر پەقەتلا يەتمەي كەلمەكتە ئىدى. بىزنىڭ زىيالىي قاتلىمىمىز بىلىم بىلەن دىنىي قاراشلارنى ياراشتۇرالىغىدەك قىلچە ئاساسقا ئېرىشەلمەي، گويا دىنىي ئەقىدىلەرنى يىگانە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرسى ياكى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىزنىڭ ئۆلچەم تارازىسى دەپلا تونۇشقا مەجبۇر بولۇشماقتا ئىدى. شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىش لازىمكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىدىن ـ ئىسلام ئېتىقادىدىن ھەرگىزمۇ يېنىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ باققان ئەمەس. ھەتتا ماركسىزم بىلەن ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئەقىدە بىلەن ئۆزىنى بۇلغىۋالغان كىشىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئۇچۇق-ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىمام نىكاسىنى، باللىرىنىڭ سۈننەت قىلىنىشىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسىملىرىنى رەت قىلىشىدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپالمايمىز دېسەك مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولمايمىز. يەنى، ئىسلام ئەقىدىسى مەيلى كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن، بارلىق

ئۇيغۇر قاتلاملىرى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر تەلپۈنۈش بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك تەغدىرىمىزنى خۇدا پىشانىمىزگە پۈتتۈەتكەن، بىزدىكى ئېتىقات مۇناپىقلىقىغا بەرگەن جازاسى دەيدىغان خۇراپىي تەغدىرچىلىكلەرگە ھەرگىزمۇ ماقۇل دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىسى بىر ھەقىقەتكى، ئىلىم-پەن بىلەن قانچىكى يېقىنلاشسا، ئۇ كىشى بىزنىڭ موللىلىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما قاسىمنىڭ ئۆگەنگەن يۈزەكى تارىخ بىلىملىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ نوقۇل ئەخلاقىي كۈچىگىلا ئىگە بولۇپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى قۇدرەتلىك پەننىي ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشماقتا ئىدى. ھال بۈگۈن، ئىنسانىيەت ئالىمى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭ، ئىسلام چۈشەنچىلىرىنى بىلىشىمىزدە قانداقتۇ بىر ئەجەللىك يېتەرسىزلىك كۆرۈلگەندەك قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەجىبا «قۇرئان» يېتەرسىزلىكىمۇ ياكى بۈگۈنكى زاماندا «قۇرئان كەرىم» چۈشەنچىلىرىنى ئېنىق بىلمەي قالغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

بۇنداق دېيىش بىلەن، مۇقەررەر ھالدا، ئىسلام كلاسسىك ئالىملىرىنىڭ ھەممىسىلا خاتالاشقانمىدى، دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

بۇ نۇقتىغا كەلگەندە، قاسىم ئۆگەنگەن تەبىئىي پەن تارىخىي بىلىملىرىنى ئەسلەپ قالدى: ئىپتىدائىي يونان پەن بىلىملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى چېكىدىن ئاشقان ياۋايىلىق، توتىمچىلىق دۇنيا قاراشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئىنسانىيەتنى رېئال دۇنياغا قايتۇرۇشنىڭ بىرقاتار ئېلېمېنتار ئىلمىي ئاساسلىرىغا ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلەپ بەرگەنىدى. يەنى، دۇنيانى نوقۇل روھانىي قىياپەتتە 'سۇپ-كۆچ' چىلەر كۆزى بىلەن قاراشتىن قۇتقۇزۇپ، رېئاللىققا باشلاپ مېڭىشنىڭ تۇنجى ئۇرۇنۇشلىرىدىن بولغان 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نىڭ دەسلەپكى ھۇلنى بەرپا قىلىشقانىدى. بۇ ئۇرۇنۇش، دىنىي قاراشلار ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئۇ دەۋرلەردە گويا ئاتىزىم تۈسىنى ئالغاندەك ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا كۆزى ئېنىق كۆرەلمىگەن ئادەمگە مۇۋاپىق گرادۇسلۇق كۆزئەينەك تاقاپ قويغاندەك رول ئويناپ، ئىنسانلارنى بۇرۇن كۆزلىرى بىلەن ئىنتايىن تۇتۇق كۆرۈپ يۈرگەن سىھىرلىك دۇنيانى ئاز-تولا ئۈچۈق كۆرەلىگىدەك شارائىتقا

ئېرىشتۈرەلەيتتى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ‹تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى › پەۋقۇلئاددە بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بۇخىل ‹كۆزئەينەك› نى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ كۆزىگە ماس كېلىدىغان ‹لېنزا › ھالىتىگە يۈكسەلتىپ، ماددىي دۇنيانى تېخىمۇ رۇشەن كۆرەلەيدىغان پەللىگە ئېلىپ چىقتى. يەنى، ئىسلام ئالىمى ‹تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى› نى ‹ئالخىمىيە› ياكى ‹سىمياگەرچىلىك › دېگەن مەخسۇس ئىپتىدائىي ئىلىم تارماقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي دۇنيانى كۆزۈتۈشنىڭ ئىلمىي يولىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقانلاردىن ئەل رازى، فارابى ۋە ئىبنى سىنالارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ھەتتا ئىبنى سىنا دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ تەلىمات ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان ‹ئالخىمىيە › دېيىلگەن بۇ ئەڭ مۇكەممەل ‹لېنزا كۆزئەينەك› نىڭمۇ رىئاللىقنى چوڭقۇرلاپ كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۆتكەن ئۈچ-تۆت ئەسىرلىك ئالخىمىيە تەتقىقاتى ئۆزىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە چېكىگە يەتكەن بىلىم دەپ قاراش بىلەنلا قالماي، ئىسلام دىنى بىلەنمۇ شۇنچە چەمبەرچەس يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنكى، گويا ‹ئالخىمىيە تەلىماتلىرى› ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن تەڭ مەنىدىكى ئەقىدىلەر ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇ جەھەتتە ئىسلام پەلەسەپەچىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇن تۇتاتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تەلىماتنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىش دېمەك، ئىسلامنى ئىنكار قىلىش بىلەن تەڭ مەنىدە بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولغانىكەن، بۇ تەلىماتقا گۇمان قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەسلىدە ئىسلام دۇنياسى تازا رۇناق تېپىۋاتقان ئونىنچى ئەسىرلەردە ياۋرۇپالىقلار تېخى ئەمدىلا ‹ياۋايىلىق’ تىن قۇتۇلۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇنداق بىر دەۋىردە، بۇرۇنقى ئىسپانىيە ــ ئەندۈلۈسنىڭ مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمان ياۋرۇپالىقلارنى ئىلىم-پەن سەۋدالىرىغا ئايلاندۇرىۋەتكەنىدى. ئۇ يەردە ‹ئالخىمىيە › تەتقىقاتلىرى كەڭ قانات يېيىپ، ئىلمىي كىتابلار تۇشمۇ-تۇشتىن ياۋرۇپاچىقا تەرجىمە قىلىناتتى. يەنى، ئۇ دەۋرلەردە، دۇنيانىڭ مەركەزى مەككە، دۇنيانىڭ ئەيىنشتېيىنى فارابى ۋە ئىبنى سىنالار ئىدى.

كېيىن ئەندۈلۈسنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدىن كېتىپ قېلىشى بىلەن، مۇسۇلمان بولمىغان ياۋرۇپالىقلار ‹بىلىم’ دەپ ئىسپانىيىگە يۈرۈش قىلىشتى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تونۇمايدىغان ياۋرۇپالىق ‹ئالخىمىك’ مەستانىلىرى ئۈچۈن

ئېيتقاندا، ‘تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى ‘ نىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن گۇمانلىنىشنىڭ قىلچە ‘گۇناھى‘ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاۋىسىنا تەلىماتلىرىدىكى ‘تۆت ئېلېمېنت ‘ تىن گۇمانلىنىش ئۈندۈرمىلىرىدىن ئىلھام ئېلىشىپ، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ بۇ خىيالدىكى ‘تۆت ئېلېمېنت ‘ تىن شەكىللەنگەنلىكىدىن گۇمان قىلىشىپ، ياۋروپادا ئىلمىي يۈكسىلىشنىڭ يېڭى بىر دەۋرى ئۈچۈن ھۇل ھازىرلاشقا باشلىدى. دېگەندەك سەككىز-ئون ئەسىرلىك ئىزدىنىشلار جەريانىدا كوپېرنىك، گالىلى، نيۇتون، داروىن، دالتون، ماكسۋېل، مېندېلېيېۋ، ... قاتارىدىكى ھازىرقى زامان ئىلىم- پەنلىرىنىڭ كىلاسسىك بىلىملىرىنىڭ ئاساسچىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ۋاستىلىق سەۋەبچى بولۇپ بەردى. يەنى، ئۇ دەۋرلەردە ‘ئالخىمىيە‘ ئاساسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلار قانات يېيىپ، ئىلىم-پەننىڭ ‘ئاددى لېنزىلىق كۆزئەينەك ‘ بىلەن ماددىي دۇنيانى كۈزىتىش دەۋرى ئورنىغا ‘ئوپتىك مىكروسكوپ’ نى دەسسىتىپ، تەبىئەتتە مەۋجۇت بولغان ھەرخىل قانۇنىيەتلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆزىتىشكە باشلىدى. رۇشەنكى، مىكروسكوپنى كۆزئەينەك بىلەن سېلىشتۇرغاندا مىڭلارچە ھەسسە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ياۋروپا ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدا ئىسلام ئالىمىدىن مىڭ قەدەم تېز يۈرىدىغان قۇرالغا ئېرىشكىنىدە، مۇسۇلمانلار ‘ئاتىزم’ پۈرىغى چىقىپ تۇرغان دەۋر بۆلگۈچ بۇ يېڭى پەن بىلىملىرىگە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا مەيدانغا كەلگەن نىسپىلىك-كۋانت نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ياۋروپالىقلارنى ‘ئىسپېكتىر-ئېلېكترون مىكروسكوپ ‘ بىلەن ماددىي دۇنيانى كۆزىتىش قۇرالىغا ئېرىشتۈرۈپ، تېخىچە ‘ئاددى كۆزئەينەك ‘ بىلەن يول ئاختۇرۇپ يۈرگەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن مىليونلىغان ھەسسە تېز قەدەم باسالايدىغان قۇراللارغا ئېرىشىپ ئاسماندا ئۇچماقتا ئىدى. مۇسۇلمانلار تا بۈگۈنگىچە شۇ ئاددى ‘كۆزئەينەك‘ دەۋرىدىكى تەلىماتلار بىلەن ماددىي دۇنيانى، كائىناتنى، ھەتتا «قۇرئان كەرىم» نى چۈشۈندۈرۈشكە تىرىشىپ يۈرگەن موللا-داموللىرىمىزنى ئىمام قىلىشىپ، خەلقىمىزگە نادانلىقنى ئاللانىڭ تەلىماتى قىلىپ كۆرسىتىپ ۋەز ئېيتىشلىرىغا ئىشىنىپ يۈرمەكتە. ھەتتا بۈگۈنكى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى ئاددى كۆزئەينەكتە كۆرگەن ھادىسىلەر بىلەن توغرىلىۋېلىشقا ھە دەپ ئۇرۇنۇشۇپ، مىليونلىغان ھەسسە كۈچلۈك بولغان ئىسپىكتىر مىكروسكوپ بىلەن ئاددى كۆز ئەينەكنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا تىرىشماقتا!

بىز ئەسلىدە بۈگۈنكى ئىلىم- پەن ــ ‹ئېلېكترون مىكرۇسكوپ› ــ بىلىملىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئۆگۈنىپ، كائىناتتىكى ماددىلارنى نېترون-پروتون، ئېلېكترون-فوتون، ... نازۇكلىقىدا، مىلياردلىغان نۇر يىلى بۇرۇنلىرىدا كۆرۈلۈپ بولغان ماددا ھەرىكەتلىرىنى كۈزىتىش ئارقىلىق، بۇ كائىناتنىڭ يوقتىن يارىتىلغانلا ئەمەس، بەلكى قىلچە نوخسان تاپقىلى بولمايدىغان ئەڭ مۇكەممەل تەبىئەت قانۇنلىرىغا بويي سۇنىدىغان بىر شەكىلدە يارىتىلغانلىقىنى، بۇنىڭغا قاراپ ياراتقۇچى ئاللانىڭ نېمە دېگەن مۇكەممەل بىر ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئاندىن تونۇپ ئالالايمىز. ئاللانىڭ بۇ كائىناتتىكى ماددىلارنى زەررىچە-ئېنېرگىيە ئوتتۇرىسىدا سېكونتىغا يۈزمىڭلىغان كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان سانسىزمېتىرنىڭ مىلياردلارچە كىچىك ئۆلۈشىدىكى ئەڭ كىچىك زەررىلەردىن تارتىپ، قىياس قىلىنماس چوڭلىقتىكى ھەردەرىجىلىك يۇلتۇز سىستېمىلىرى گۇرۇپپىلىرىغىچە بولغان ماددىي دۇنيانى قىلچە قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان مۇكەممەللىكتە قانۇنىيەتلەر بىلەن، يەنى ‹تەقدىر› لەر بىلەن ساقلاپ تۇرىۋاتقانلىقىنى تونىماسلىق، ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قىزىقماسلىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللانىڭ ۋەھيىسى بولغان «قۇرئان» نى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن بىرەر پەرقى بارمۇدۇ؟ ئاللا ياراتقان كائىناتنىڭ ھەممە نۇسخىسىدا مېنىڭ ئايەتلىرىم، مېنىڭ ئەمرلىرىم، مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمنىڭ ئىسپاتى بار دەپ كۆرسەتكەن كائىناتنى، ئۇنىڭ تەركىۋى بولغان ماددىلارنى، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەت ــ تەقدىر ــ لىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ... قاسىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۈچۈپ كەتتى! ئاللانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى بىلمەيدىغان بىرسى، ئۇنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان ياكى ئۇنى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا چىدىمايدىغان، ئوقۇشنىڭ جاپاسىدىن قورقىدىغان بىرسى ئاللانى قانداق تونىيالايدۇ؟ رۇشەنكى، بۇنداق بىرسى تەبىئەتتىكى ئۆز رىسقىدىن پايدىلىنىشنىمۇ تەلەيگە، سۈف-كۆشكە باغلاپ قويۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ!

قاسىم مانا ئەمدىلا ئاللانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تونۇش ئاچقۇچىنى كۆرگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەندى ئۇ، مولللىرىمىزنىڭ ئاغزىغا رەم بولۇپ كەتكەن "پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، رىسقى كەلمىگەن، تەقدىر-پىشانە، خۇدا بويرىمىغان، غايىپ، ..." دېگەندەك سۆزلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشكە

بولمايدىغانلىغىنى، ئىبادەت، پەرز، ئەخلاق، جاسارەت، غۇرۇر، ۋىجدان، ساۋاپ، گۇناھ، رىسق، تەقدىر، دۇئا، بىلىم، تېخنىكا، كەشپىيات، تېنچلىق، ناماز، جىھاد، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ... دېگەنلەر ھەققىدىكى بۇرۇنقى باھالارنى قايتىدىن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تىگىشلىك ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇ يەنىلا ھەيران قالاتتى: ئەجىبا بۇنچە مۇقەررەرلىك بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرىۋاتقان ئون بەش ئەسىرلىك بىر ئىسلام ئەقىدىسىگە دۇنيادىكى ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى يەتمەي قېلىپ، يالغۇز ئۆزىلا شۇنچە ئەقىللىق بولۇپ كەتكەنمۇدۇ؟

قاسىم، ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە قورقۇپ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئەڭ ياخشىسى، بۇخىل چوڭ ئىشلارنى يەنىلا ھازىرچە ئويلىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئەمما ئۇ، ئاللانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە شەكسىز ئىشەنگەنىدى. ...

ئون بەشىنچى باب

# ئۆزگىرىش

— ‘قېلىنلىق يېرىم دۇنيا’ دەپتىكەن، ئاغىنە!
—— بىر بىچارىنىڭ غۇدۇڭشۇشلىرىدىن

قاسىم ئۆزىنىڭ ئىسلام دۇنيا قارىشى جەھەتتە ئويلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۆيىگە خاسىيەت كىرىپ كەلدى. بۇ يېقىندا پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت ئۈچۈن دەپ قاسىم بىلەن گۈلباھارنىڭ ئۆي ئاچقۇچلىرى كۆپەيتىلىپ، ھەربىر ئەزاغا بىردىن تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم خاسىيەت ئىشىكنى چەكمەيلا ئۆزى ئېچىپ كىرىپ كەلگەنىدى.

خاسىيەت، قايسى بىر يېڭى پىلاننى جىددىي مۇزاكىرە قىلىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلى نىيىتى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يالقۇنلۇق ئاشق ئوتى بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بۈگۈنكى ياسىنىشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، يۈز-كۆزلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن گىرىم قىلغان، چاچلىرىنى پارقىرىتىپ كۆپتۈرۈپ تارىغان، ئۇچىسىغىمۇ بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان شوخ رەڭلىك كىيىملىرىنى كېيىۋالغان ئىدى. ئۆيىگە كىرىپلا نېپىز كۈزلۈك پەلتۇسىنى سېلىپ ئېسىپ قويدى. چاچلىرىنى دولقۇنلىتىپ ئۇچۇرۇپ ئۇياق-بۇياققا تاراپ قويدى. قىزنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن قاسىم، خۇددى مومدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. خاسىيەتنىڭ نېپىز، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان قىزغۇچ مايكىسىدىن ئۇنىڭ جانىۋاردەك چاققان ئىككى كۆكسى تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاسىم ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ھالدا بېرىپ خاسىيەتنى قۇچاغلاپ باغرىغا باستى. ئۇلار ئىككىسى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چاپلىشىپ سۆيۈشتى. خاسىيەتنىڭ لەۋلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن قاپقارا چاقناپ تۇرغان شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن قاسىمغا تەشنالىق بىلەن تىكىلگەن ھالدا قاراشقا باشلىدى.

“بۈگۈن نېمىشقىدۇر سىزنى بەكلا سېغىندىم، بەكلا كۆرگۈم كەلدى. بۇ

سەھەردە كۆرگەن چۈشۈمدىن قورقۇپ قالدىم. خۇدايىم ساقلىسۇن. بىز بۇ ئىشلارغا «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىپ كىرىشكەنتۇق. ۋەتەن ئازادلىقى، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز، قوشۇنىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۈچۈن جېنىم پىدا دەپ قەسەم قىلىشقانتۇق. ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ئارمىنىمىز يوقلىقىنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا قورقۇۋاتىمەن. نېمىشقىدۇر سىزنىڭ يېنىڭىزدا كۆپرەك قالغىملا كېلىپ تۇرىدۇ. سىز مېنى راستىنلا چىن قەلبىڭىزدىن ياخشى كۆرىسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر مەن سىزدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىزدىن تىلەيدىغىنىم، مېنىڭ ئۈچۈن بىر ھەپتە قارىلىق تۇتۇشقا ۋەدە بېرىڭ، بولامدۇ؟” ــ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ ھەيران بولۇپ تىكىلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ‘بۇ قىزغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ شۇنچە كېلىشتۈرۈپ ياسىنىپ كېلىپ تۇرۇۋاتقان، بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى نېمىشقا خىيالىغا كەلتۈرىدىغاندۇ؟’ دەپ ئويلاپ ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. ‘ھەي ئۇيغۇر ئەرلىرى، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ئەمەسمىدى؟ بۇ بىچارە قىزلارنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلايدىغانغا قىلچە ھەققىڭلار يوق ئىدىغۇ؟ بۇ ۋەتەننى سىلەر بالدۇرىراق ھەرىكەت قىلىپ قۇتقۇزۇش جېڭىگە ئاتلانغان بولساڭلار، بۇ قىزلارغا بۇنچە خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايتتىغۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئانىلىق ۋەزىپىسى سىلەرگە ئازلىق قىلىۋاتامدۇ-يا؟’

قاسىم ئىچىدىن زارلىنىپ، قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

“گەپ قىلمايسىزغۇ؟ ياكى سىز مېنى ياخشى كۆرمەمسىزيا؟”

“جېنىم خاسىيەت، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ بۇ گەپلەرنى نەدىن خىيالىڭىزغا كەلتۈردىڭىز؟ ــ ئۇ، رۇسلىنىپ ئولتۇرىۋېلىپ خاسىيەتنى ئۆزىگە قاراتتى، ــ ماڭا قاراڭ خاسىيەت، بىز ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان خەتەرلىك ئىشلارغا كىرىشىپ قالدۇق. راس دېگەندەك بىزنىڭ بېشىمىزغا بىرەر پىشكەللىك كېلىپ قالغۇدەك بولسا، خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار راستىنلا بىزنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ چىقىرالمايدۇ. كىم بىلىدۇ تېخى، تېنچلىقىمىزنى بۇزغانلار دېيىشىپ، قەۋرىمىزنى چۈشۈۋېتىدىغانلارنىمۇ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ھەقىچان. ئۇنىمۇ قويۇپ تۇرۇڭ. خاسىيەت، بىز ئۆلمەيمىز. بىز ھەرگىزمۇ ئۆلمەيمىز. ئىشىنىڭ، بىز شېھىت بولىمىز! شېھىتلىك ئۆلۈم ئەمەس. ئۇ، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى. بۇ يولغا كېتىۋاتقان بىرسى قارىماققا قىينالغاندەك

كۆرۈنسمۇ، ئەسلىدە ئۇ قىينالغىنى ئەمەس. بەختلىك مىنۇتلار ئادەمنى كۆلدۈرمەي يىغلىتىدىغانلىغىنى بىلمەمسىز؟ ئادەم ھەددىدىن ئارتۇق بەختلىك بولغىنىدا يىغلايدۇ. بىز بەختلىك ئۆلىمىز. بۇنداق ئۆلۈم، ھەرگىزمۇ ئۆلۈم ئەمەس! بىز مەڭگۈ بىرلىكتە بولىمىز، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.»

«بىلمەن، سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، ــ خاسىيەت قاسىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەنلا بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ــ سىز مېنىڭ جېنىم، سىز مېنىڭ ھاياتىم، ...» ــ قىز بىر نېمىلەر دەپ غۇڭشىغىنىچە ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ تۇرىۋالدى. قاسىم ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئىچ-ئىچىدىن بېرىلىپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇمۇ ھەقىقەتەن سۆيگۈدىن پەۋقۇلئاددە ھۇزۇرلىناتتى. سۆيگۈ لەززىتىدىن پۈتۈن غەم-ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

'ئىنسان سۆيگۈگە نېمە دېگەن ئېھتىياجلىق؟ ــ قاسىم ئويلايتتى قىزنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ــ بۇ بىچارىغا دىنىي ئەخلاقلار ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىش پىلانىنى تۈزىۋاتقانىدىم. ئەندى بۇ قىزغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟'

ئۇلار شۇ ھالىتىدە بىر-بىرىنى چىڭ قۇچاغلىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈن-تىنسىز جىم تۇرۇشتى.

خاسىيەتنىڭ خېلى تۈزۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قاسىم، ئۇنى ئاستا قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ يېنىلىگىنىچە دىۋانغا ئەكىلىپ ئولتارغۇزدى. ئاندىن ئۇنى ئەكىلىتىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چاي قايىنىتىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيىگە كىردى. ئۇ چاي دەملىگەچ، ئەندى ئۇنىڭغا گەپنى نەدىن باشلاش كېرەكلىگى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. خاسىيەتمۇ بۇ ئارىدا ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ، يۇيۇقسىز قالغان قاچا-قۇمۇچلارنى يۇدى. ئۇلار ئىككىسى بۇ يېقىندا قوشۇنىدىن ۋەزىپە قىلىپ بېرىلگەن يېڭى مىنا لايىھېسى ھەققىدە گەپلەشكەچ مېھمانخانا ئۆيىگە چىقتى.

«ماڭا قاراڭ خاسىيەت، ــ قاسىم چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ گەپكە كىرىشتى. ــ بىز بۈگۈنگە كەلگىچە ئاساسەن ئالغاندا ھەۋەس بىلەنلا ھەرىكەت پىلانلىشىپ كەلمەكتىمىز. مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۇندىن كېيىن سەل پىلانلىق، تاكتىكىلىق شەكىلدە ھەرىكەت پىلانلاپ ئىشلەشكە كىرىشسەك دەيمەن. دېمىسىمۇ بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە خىتايلار راستىنلا ھەددىدىن ئارتۇق چىچاڭشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەندى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك دىققەتسىزلىكلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا. ھەرقانچە

چىقىم تارتىشتىن قەتئىي نەزەر، بارلىق ئىچكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىنى قايتىدىن رەتكە سېلىشقا باشلاپ، ھەـدېسلا ۋەھشىلىككە تايىنىپ پىدائىلىرىمىزنى پاش قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ياكى خەلقنى باستۇرۇپ قورقۇتۇش بىلەنلا بۇ ئىشلىرىمىزغا چەك قويۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلىشتى ئەتىمالىم، ئۇلار خەلقىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىستېمىلىق ھالدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ، يالغان قوشۇن قۇراشتۇرۇپ بىر-بىرىمىزگە سېلىش، پەۋقۇلئاددە يوقۇرى پۇل بېرىش ئارقىلىق قوشۇنلاردىكى مەيدانى ئاجىزلارنى سېتىۋېلىش، ئۇنداقلارغا جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىپ چەتئەلگە چىقىش پاسپورتى ھەل قىلىپ بېرىش، نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ياكى چەتئەل ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆزىنى، بالا-چاقىسىنى ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇتۇپ بېرىش، ئەمەل، مائاش ئۆستۈرۈش دېگەندەك ھىلىگەرلىك بىلەن بولسىمۇ سېتىۋېلىپ قوشۇنلىرىمىزنىڭ ياكى خەلقنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىش، شۇ ئارقىلىق پىدائىي قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈش يولىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشكەنلىكى مەلۇم. خىتايلار ئەندى ھە دېگەندىلا شەھەرلەرنى قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن توشقۇزىۋېتىشىنىڭ ئورنىغا، ئىدارىمۇ-ئىدارە، زاۋۇتمۇ-زاۋۇت، مەھەللىمۇ-مەھەللە بايىقىدەك رەزىللىكلەردىن پايدىلىنىپ يەرلىكلەرنى نوقتىلىق نازارەت قىلىشقا ئاتلانماقتا. ... گەپنىڭ قىسقىسى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەندى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارزۇلىرىنىڭ ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىكىدەك ئۇنداق ئېغىزىدا دەپ قويىدىغانلا ئىش ئەمەس، رەسمىي بىر ھەرىكەت ھالىتىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى دېيىش مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى رەسمىي قولغا ئېلىپ ئىلمىي بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىش ھەرىكىتىمىزنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە دائىر بەزى قانۇنىيەتلەرنى ھەمدە بىزنىڭمۇ يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قانۇنىيەتلەرنى بىلىپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بىزمۇ ھەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ پۇختا پىلانلاپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاش ھەرىكەتلىرىمىزنى ھېسسىياتقا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئۇسۇللارغا تايىنىپ پىلانلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، يوشۇرۇن ھەرىكەت دولقۇنىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرۇشقا تىرىششىمىز كېرەك دەپ قارايمەن. ـ قاسىم چىيىنى ئوتلىغاچ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ـ ئەمما بۇنىڭغا ئەگىشىپ يوشۇرۇن

زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بىرنەچچىلا چوڭ شەھەرلىرىمىزگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇش ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئۇششاق ناھىيە-بازارلاردىن تارتىپ بەزى قاتناش تۈگۈنلىرى، كان رايونلىرى، نېفىت رايونلىرى، بىڭتۈەن بازارلىرىغىمۇ كېڭەيتىپ بېرىشنى ئىزچىل ھەرىكەت ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز بۈگۈنكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ تۇرماقتا. شۇ ئارقىلىق، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكىتىمىزنى نوقۇل ھالدا مۇتلەق يوشۇرۇن يەرئاستى قوشۇن ھەرىكىتى شەكلىدىن تەدرىجى ھالدا قىسمەن يوشۇرۇن ۋە تۇراقسىز بولسىمۇ پارتىزانلىق ھەرىكەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىشىمىز مۇمكىن. دەرۋەقە، بۇنداق پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بەزى كەنت-مەھەللىلىرىمىزنى قىرغىن قىلىش، بىراقلا كۆچۈرۈپ تۈزلىۋېتىش ھەرىكەتلىرىگە ئاتلانمايدۇ دەپمۇ ئېيتالمايمىز. ئەمما شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، بۇ تۈردىكى پاجىئەلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، بىرقىسىم كىشىلىرىمىزنى جېنىنى تىكىپ دۈشمەن بىلەن بىرگە پارتلاپ شېھىت بولۇشقا مەجبورلاپ، ۋەتەن، مىللىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغانلارنىڭمۇ سانىنى خېلى كۆپ ئاشۇرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ تۈردىكى پاراكەندىچىلىكلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلىتىگە قاراپ قېچىشىغىمۇ تۈرتكە بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلار نوپۇسىنىڭ كامىيىشىغىمۇ ۋاستىلىق سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ، ھەرىكىتىمىزنىڭ دائىرىسىنى شەھەرلەردىكى قىسىلىپ قېلىشتىن شەھەر ئەتراپى يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋاقىتلىق تەشكىللىنىدىغان نىسپى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكە بولالايدىغان پىلانلارنى كۆن تەرتىپكە قويۇپ ئويلىنىشنى ئۆزىمىزگە بىر قوشۇمچە ۋەزىپە قىلىش ۋاقتى كەلدى دەپ ھېساپلايمەن."

"دېگەنلىرىڭىزنى تازا دېگەندەك چۈشىنەلمىدىم. ـ خاسىيەت قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان كەمپىت قەغىزىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا پۇرلەشتۈرۈپ تاشلاپ تۇرۇپ دېدى، ـ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ... يەنى سىز دېمەكچىسىزكى، بىزگە ئەندى شەھەرلەردىن چىقىپ شەھەر سىرتىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى كەلدى دېمەيدىغانسىز ھەرھالدا؟"

"ئۇنداقمۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما كېيىن بۇ جەھەتتە يەنە ئالدىراپ

قىلىپ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئىشلار بولمىسۇن دەپ قورقىمەن. يەنە كېلىپ، كەچكىچىلا بۇ تۆردىكى مۇتلەق يوشۇرۇن يەرئاستى قوشۇن پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كېتىۋەرگىنىمىزدە، خەلقىمىز ئارىسىدا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقىپ، شۇنچە قۇربانلار بەدىلىگە كەلگەن بۇ پائالىيىتىمىزنىڭ ئاخىرى چىقماي يېرىم يولدا يوقۇلۇپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن.”

“سىزنىڭچە بولغاندا، بۇ جەھەتتە بىز نېمىلەر قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايسىز؟” ــ خاسىيەت يەنە سورىدى.

“بۇ توغرىلىق، ... بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە تېخى ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ جەھەتتىمۇ ئالدىنئالا تەييارلىنىپ تۇرساق دېمەكچىمەن. يەنى، ... ياكى بولمىسا، ... ــ قاسىم تاماكىسىنى چەككەش ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ سىرتقا قارىدى. بىر زامانلاردا ھەرخىل يايمىچىلار بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بۇ ئارقا كوچىدا ئادەم بەكلا شالاڭ بولۇپ، ئۇياق-بۇياققا كېتىۋاتقانلار ئاساسەن قۇراللىق كوچا پاترۇللىرى بىلەن قۇراللىق پايلاقچىلار دېگىدەك ئىدى. ئارىلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان پۇخرالار كۆزگە چېلىقىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاي ئەرلىرى بولۇپ، تەيتەي-لوخەنلىرى بىلەن ئايال-بالىلار زادىلا كۆرۈنمەيتتى. يەرلىكلەردىن بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى. شەھەر ئىچىدىكى ۋەزىيەتمۇ بۇ كۆرۈنگەن مەنزىرىدىن تولا بەك پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، خىتاي پاترۇللىرى يولدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى، يانلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرىشەتتى. شەھەر ئىچى رەسمىلا چۆلدەرەپ قالغانىدى. قاسىم كەينىگە بۇرۇلۇپ خاسىيەتكە قارىدى، ــ خىتايلارنىڭ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىۋېتىشى بىزنىڭ ئەركىنرەك يۈرۈشىمىزنىمۇ قاتتىق چەكلەپ تۇرماقتا. پۈتۈن يول ئېغىزلىرى، بارلىق قورا-بىنالار تونۇشتۇرۇش تەكشۈرەيدىغان خىتاي پايلاقچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھەرقايسىمىزنى يوخلاپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى تونۇش-بىلىشلىرىمىزنىڭ بېرىش-كېلىشلىرىنىمۇ بەكلا ئازايتىۋەتتى. گۈلباھارنىڭ ئۆيى بىلەن بۇ ئۆيگە كېلىدىغانلار ئاساسەن بىز تۆتىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. قورا-بىنالارغا كىرىپ-چىقىشلاردا تىزىملىتىۋاتقانلار ئاساسەن بىزلا بولۇپ قالدۇق. خۇدا ساقلىسۇن، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بىزدىن بەكلا ئاسان

گۇمانلىنىشى مۇمكىن. ...”
“بۇ دېگەنلىرىڭىزدىن يەنىلا بىرنېمە ئۇقالمىدىم. ــ خاسىيەت ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى، ــ گېپىڭىزنى ئايلاندۇرماي ئۇدۇللا دەڭا، بۇندىن كېيىن بىز بىر-بىرىمىز بىلەن بىر يەردە ئۇچۇراشايلى دېمەكچىمۇسىز؟”
“ياق، مەن دېمەكچىمەنكى، يەنى، ... ــ قاسىم گېپىنى تاپالماي تاماكىسىنى بىر تارتىپ قويۇپ گەپكە كىرىشتى، ــ دېمەكچىمەنكى، ... بىز تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلالىشىمىز ۋە تېخىمۇ بىخەتەر يۈرەلىشىمىز ئۈچۈن باشقىچە بىر چارە ئويلىشىپ باقساقمىكىن دەيمەن. يەنى، دېمەكچىمەنكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، يوشۇرۇن كوچىغا چىقىش، يوشۇرۇن پېيىغا چۈشۈش چارىلىرىنى ئويلىشىپ باقساق، ئاندىن ئۆز بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن ئۇچۇرۇشۇش يەرلىرىمىزنى كۆپەيتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ باقساق دېمەكچىمەن. قانداق دەيسىز؟”
“كۈزىتىش، پېيىغا چۈشۈش دېگەنلىرىڭىزگە ھازىرچە ئەقلىمگە بىرەر نەرسە كېلىدىغاندەك ئەمەس. ــ دېدى خاسىيەت بېرىپ بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرىۋېلىپ تۇرۇپ، ــ ئەمما ئۇچۇرۇشۇش يەرلىرى ھەققىدە دېسىڭىز، مېنىڭ ئۆيۈمدە بۇنداق بىر ئىمكانىيەت يوق دېسەممۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ‘يانچۇقچى’ شوركىنىڭمۇ ئۆيىدە يىغىلىشىمىز ناتايىن، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە ئەقلىمگە كېلىدىغاندەك ئەمەس. سىزنىڭچە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ــ خاسىيەت دەرھال قەلەمدەك قاشلىرىنى تۈرۈپ قاسىمغا باشقىلاتىن تىكىلىپ قارىدى، ــ توختاڭ، سىز ئەسلى نېمە دېمەكچى بولىۋاتىسىز؟ ‘شەھەر ئىچىدىكى يوشۇرۇن پائالىيەت شارائىتلىرى تۈگىدى، ئەندى بۇ ئىشلارنى شەھەر سىرتىدىكىلەر داۋاملاشتۇرسۇن؛ دۈشمەن رازىۋېتكىسى بەكلا چىڭىپ كەتتى، شۇڭا بىزمۇ ئەندى ئاستا جىمىپ قالايلى’ دېمەيدىغانسىز ھەرھالدا؟”
“ياق-ياق، دېگەنلىرىمدىن نېمىلەرنى چىقىرىپ يۈرىسىز، بۇ دېگەنلىرىم مېنىڭ ئويلىرىم. تېخى بۇ ھەقتە بىرەر چارە ئويلىغىدەك بولالمىدىم. دېمەكچىمەنكى، ... يەنى ... قالغان ئىككىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىزنىڭمۇ قىلىشىمىز شەرت بولىشىنى ئويلىساق، ئۆزەمنى بەكلا خىجىللىق ھېس قىلىمەن. راستىنلا بىز ئۇ ئىككىسىگە بەكلا يۆلىنىۋالدۇق. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلارنى بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالماس ئىدۇق. ئەمما ئۇلار ئىككىسى بىزنىڭ

ئەقلىمىزگە كەلمىگەن، ھەتتا بىز زادىلا قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىشلارنى پىلانلىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، بىز ئىككىمىزمۇ بۇنداق پاسسىپ بولۇپ ئۇلارغا يۆلىنىۋالماي، يىغىلىشىمىزغا بىزمۇ بىرەر ئەپلىك پىلان-مەسلىھەتلەرنى بولسىمۇ كۆتۈرۈپ بارالىساق دەيمەن. مېنىڭدە ھەرىكەتنى يېرىم يولدا تاشلىۋېتىدىغان خىيال ھەرگىزمۇ يوق. مەن قولۇمدىن ئىش كەلمىگەنلىگىدىنلا جىلى بولۇپ يۈرمەكتىمەن."

"مۇنداق دېمەمسىز، مەن تېخى ... ـ خاسىيەتنىڭ يۈزىگە قايتىدىن تەبەسسۇم يۈگۈردى، ـ ھە، مەيلى، باياتىدىن دېگەنلىرىڭىزنىڭمۇ بىرەر ياخشى مەسلىھەت بولۇپ قېلىشى ئەجەپ ئەمەس. قېنى ئۇلار بىلەن ئالدىمىزدىكى يىغىلىشتا مەسلىھەت قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ... راستىنى دېسەم، مەنمۇ دەل سىزدەك ئويلارغا كېلىپ ئۆزەمدىن رەنجىپ قالاتتىم. بىز ھەقىقەتەن ئۇلارغا بەكلا يۆلىنىۋالدۇق. ..." ـ ئۇلار ئىككىسى ئۇدۇلغا قاراشقىنىچە ئۇزۇنغىچە گەپ-سۆز قىلىشماي جىم-جىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

"بولمىسا مۇنداق قىلايلى، بىز ئىككىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارىدىغانغا تۈزۈگرەك بىرەر ئىشىمىز بولمىغاندىن كېيىن، ئاۋال بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئىككىمىز بىرمەزگىل چارە ئىزدەپ باقايلى. پەقەت بىرنېمە چىقىرالمىغىدەك قىلساق ئاندىن ئۇلارغا مەسلىھەت سالساقمۇ كېچىكمەيمىز، ماقۇلمۇ؟" ـ قاسىم بېرىپ خاسىيەتنىڭ ئىگىنى نوقۇپ ئەكىلىتىپ قويدى.

"ھە راس، قۇرسىغىڭىز قانداغىراق؟ مەن بىرنەچچە قاپ ئېسىل تەييار چۆپ تاپقاچ كەلگەنىدىم. ئازراق قوۋرۇما قورۇپ چۆپ سېلىپ بېرەيمۇ؟" ـ دېگىنىچە خاسىيەتمۇ ئورنىدىن تۇردى. بۇ گەپ قاسىمغا دورىدەك ياقتى:

"ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، بايىتىدىن بېرى مەنمۇ نېمە قىلىپ يېسەك ياخشى بولاركىن دەپ غەمدە قالغانىدىم."

ئۇلار ئىككىسى تەڭلا ئاشخانىغا كىرىپ قولمۇ-قول تاماق ئېتىشكە كىرىشىپ كەتتى.

"گۈلدۈۈۈر!!!"

چوڭ يول تەرەپتىن ئادەمنى چۆچۈتكىدەك قاتتىق پارتلاش ئاۋازى كېلىپ، بىنالار تىترەپ تەۋرىنىپ كەتتى! قاسىم بىلەن خاسىيەتنىڭ يۈرەكلىرى ئاغزىغا كەپلەشكىدەك بولۇپ، بىر-بىرىگە چاپلىشىپ قالدى. ئۇلار سەل ھوشىغا كېلىپ

يۈگۈرگىنىچە مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يېرىپ سىرتقا قاراشتى. چوڭ كوچا بويىدىكى ئالتە قەۋەتلىك ساقچى بىناسىنىڭ بىر يېنى توپا-چاڭ توزۇتۇپ يەرگە كۆمۈلمەكتە ئىكەن! چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان يان يولدا چوڭ كۈچىدىن قېچىپ كېلىشىۋاتقانلار، بىرمۇنچە قۇراللىق خىتايلارنىڭ چوڭ كوچىغا قاراپ يۈگۈرىشىپ كېتىۋاتقان پات-پاراخشىغان مەنزىرە ئىككىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنانىڭ قالغان قىسمىدىن قويۇق ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلمەكتە، چوڭ كوچا بىردەمدىلا ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى بىلەن تولۇپ، كەينىدىنلا چىقىرىشىپ كەلگەن پاۋارنىڭ، ساقچى ماشىنىلىرى ۋە قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ چىقارغان ئاۋازلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قىيىا-چىيىا بولۇپ كەتتى.

قاسىم بىلەن خاسىيەت، كۈچىدا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىردەم تىڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ بىر-بىرىسىگە ئەنسىرىگەن ھالدا قاراشتى:

"ھەرھالدا سومكىڭىزدا گۇمان پەيدا قىلغىدەك بىرەر نەرسىغۇ يوقتۇ-ھە؟" ــ سورىدى قاسىم.

"ياق، بۈگۈن سومكامدا قۇرۇق چ      ۋېتىن باشقا بىرنېمە يوق ئىدى. ئۆيىڭىزدىمۇ ئۇنداق نەرسىلەردىن قالمىغاندۇ؟" ــ خاسىيەتمۇ ئەنسىرەپ قاسىمدىن سورىدى.

"مەنمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا بۇزۇق سائەت پارچىلىرى، دورا-پىستان قالدۇقلىرى، تەشۋىقات ۋاراق نۇسخىلىرى قاتارىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەخلەت ماشىنىسىغا تاشلىۋەتكەنىدىم. كۆڭلۈم تۇيغاندەكلا بىر ئىش بولدى بۇ-دەڭا."

ئۇلار سىرتتا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي سەل تۇرغاندىن كېيىن قايتا ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى.

خاسىيەت تاماقنى ئىككى تەخسىگە ئۇسۇپ ئەمدىلا مېھمانخانىغا كىرىپ تۇرۇشىدى، زالدىن دوكۇرلىغان نۇرغۇن ئاياق تاۋۇشلىرى كېلىشكە باشلىدى. بەزى ئاياق تاۋۇشلىرى پەلەمپەيدىن يۇقۇرى قەۋەتلەرگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. زالدىن كەينى-كەينىدىن ئىشىك ئۇرۇلغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. بەزى ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلغان، يەنە بەزى قەۋەتلەردە ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. نۆۋەت قاسىمنىڭ ئىشىكىگىمۇ كېلىشتى. قاسىم تامىقنى

قويۇپ، بىرىپ ئىشىكنى ئاچتى. رەسمىي قۇراللانغان تۆت-بەش خىتاي ساقچى-ئەسكەرلەر گۈلدۈرلىشىپ ئۆيگە باستۇرغاندەك كىرىپ كېلىشتى. غىچ-غاچ چىقىرىشىدىغان ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋاپلىرى بىلەن ئىشكاپ-دىۋانلارنىڭ ئىچى-تېشى بىلەن ئاستى-ئۈستىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرسى گاردىروپ ئىشكاپتا لىق تىزىلغان كىتابلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارايتتى. ئارىلاپ بەزى كىتابلارنى ئېلىپ دەستىخان ئۈستىگە تىزىشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا ياشانغانىراق بىر ساقچى خاسىيەت بىلەن قاسىمنىڭ تونۇشتۇرۇش-كېنىشكىلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئارىلاپ ئىككىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ قوياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، قاسىم ئۆتكەن ھەپتىدە ھېلىقى 'ئىزچى مەن ' نىڭ ئىككى كىتاۋىنى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغانىكەن. كىتاب ئىشكاپلىرىدا بىر «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىرنەچچە كىلاسسىك چەتئەل رومانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، بىرنەچچە ئۇيغۇرچە ژورنالدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىلا خىتايچە كىتابلار ئىدى. كىتابلارغا قاراۋاتقان خىتاي ئەسكىرى ئۇيغۇرچە كىتابلار بىلەن بىرقاتاردا بىرمۇنچە خىتايچە پسىخولوگىيە-سوتسىيالوگىيە كىتابلىرىنىمۇ يىغىپ جوزىنى تولدۇرىۋەتكەندى.

"سەن نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇيەردە؟" ـ قولىدىكى قەغەزلەردىن بېشىنى كۆتەرگەن ياشانغان ساقچى كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ساقچىغا قارىدى.

"بۇ يەردە بىرمۇنچە گۇمانلىق كىتابلار بار ئىكەن. ـ دېدى ھېلىقى ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ، ـ بۇلارنى ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىش كېرەك دەيمەن."

"ئۇ كىتابلارنىڭ بېسىلغان يەرلىرى ئېنىقمىكەن؟"

ئالدىراش كىتابلارنىڭ كەينىگە قاراشقا باشلىغان ياش خىتاي، بىر-بىرلەپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

"بېيجىڭ، تيەنجىن، ئۈرۈمچى، ..."

"بولدى قوي، تەكشۈرەيدىغان ئۆيلىرىمىز تېخى جىق، بۇ كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق! ـ ئاشخانا-ياتاق ئۆيلەرنى ئاختۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى، ـ گۇمانلىق بىرەر نېمە ئۇچۇرىدىمۇ؟" ـ ئەسكەرلەر مېھمانخانا ئۆيگە يىغىلىشىپ، بىر نېمە يوقلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

"ئەمما بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ياۋايىچە يېزىقتا بىرنېمىلەرنى يېزىپ كېتىپتۇ، ..." ـ ياش خىتاي ساقچى، قېرى ساقچىغا قاراپ دېدى نارازى بولغان

ھالدا.
قېرى ساقچى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن قاسىمغا قارىدى:
"بۇ نوپۇس دەپتىرىدە بىرلا كىشىنىڭ تىزىمى تۇرىدۇ. بۇ ئايال نېمەڭ بولىدۇ؟"
"ئۇ مېنىڭ ئوبېكتىۋىم. يېقىندا توي قىلماقچىمىز. ..." ـ بۇ گەپتىن خاسىيەت ۋىلىلدە قىزىرىپ، قاسىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى. ساقچى ئىككىسىگە قاراپ قويۇپ دېدى:
"بولدى ئەندى، باشقا ئۆيلەرگە كەتتۇق!"
ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ قولىدىكى كىتابلارنى تاشلىغىسى كەلمىگەن ياش خىتاي ساقچى ئىلاجىسىز كۆزى كىتابلاردا، قاسىم بىلەن خاسىيەتكە ۋەھشىلەرچە ھۈمىيىپ قويۇپ ئۆيدىن زورلىغاندەك ئاران چىقىپ كەتتى.
"ئۇف ف ف!" دەپ چوڭقۇر بىرنى تېنىۋالغان خاسىيەت:
"ھېلىقى ياش خىتاي ھەجەپمۇ بۇدۇشقاق بىرنېمىكەنغۇ! پۇتاق چىقىرىمەنلا دەپ قاپتۇ كاپىر. ... ـ دېدى جوزىدىكى مۇزلاپ كەتكەن تاماققا قاراپ، ـ ئىسست، تامىغىمىزنىمۇ سوۋۇتىۋېتىشتى بۇ خىتايلار! بۇنى ئەندى قانداق يەرمىز؟"
"ئاسان گەپ. ھەممىنى يىغىپ-يۈگەپلا قوۋۇرۇما چۆپ قىلايلى. تەييار چۆپ قوۋۇرمىسى قانداق بولىدىكىن تېتىپ باقمايمىزمۇ." ـ دېدى قاسىم. خاسىيەت تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ...
تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى تېلېۋىزورمۇ كۆرمەي كىرىپ بالدۇرلا يېتىۋېلىشتى. ...
"ماڭا قاراڭ خاسىيەت، ـ دېدى قاسىم قاراڭغۇلۇقتا يوتقاندىن بەدىنىنى يېرىم چىقىرىپ تۇرۇپ، ـ بۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان كاللامغا بىر خىيال كىرىۋېلىپ مېنى ئارامىدا قويمايۋاتىدۇ. ئىككىمىز رەسمىي توي قىلىۋالساق قانداق؟ بۇنداق كېتىۋەرسەك سىزگىمۇ، رەھمەتلىك يولدىشىڭىزغىمۇ ياخشى بولمايدىغاندەك، بولۇپمۇ بۇنداق يۈرىۋېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى. قانداق قارايسىز؟ ـ قاسىم ئۇچىسىغا بىر كىرلىكنى ئوراپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تاماكىسىنى ئېلىپ بىرتال تۇتاشتۇردى. چاقماق چېقىشى بىلەن تەڭ، خاسىيەت دەرھال بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى

دۆپۆلدەپ سوقماقتا ئىدى، ـ ئاڭلاۋاتامسىز گېپىمنى؟”

“ھەھە. ... ـ دەپ ئارانلا دېدى خاسىيەت. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى يوتقان ئىچىدىن ئاڭلاندى، ـ سىز مەن بىلەن ئەخلاق ئۆلچۈنلا توي قىلىشۋالاي دەمسىز؟”

“ئاقماق قىز! ... ياخشى كۆرمىسەم سىزنى ئۆيۈمگىمۇ كىرگۈزمەسمەن؟ ئەمما بۇگۈنكىدەك ۋاقىتلاردا تېخىمۇ بىخەتەر بولاتتى. قارىمامسىز ھېلىقى خىتاينىڭ گىجىڭلىغىنى، پۇتاق چىقىرىشقا ئارانلا تۇرىدۇ. ... مېنى ئويلاندۇرۇپ قويغىنى، بۇ ئىشلارلا ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، دىنىي جەھەتتىنمۇ بۇنداق يۈرىۋەرسەك، ... يامان بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.” ـ قاسىم تېخى يېڭىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، قىزنى باغرىغا باستى.

“سىزنىڭ بېشىڭىزغا بىرەر ئىش كەلمىسۇن دەپ بەكلا ئەنسىرەيمەن. ـ دېدى خاسىيەت قاسىمغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ، ـ سىزدىن ئايرىلىپ قالسام زادىلا چىدىمايمەن.”

“ياق، سىز ئەمەس، ئەگەر مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام زادىلا چىدىماسمەن؟ ـ قاسىم يانچە يېتىپ قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، ـ بىز ئىككىمىزلا ئوخشاش، ئىككىمىزنىڭلا بېشىمىز قولتۇغىمىزدا. ئۇنداق كۆنلەرنى ئويلىساق، ۋەتەن سۆيۈشكە چەكلىمە قويىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنچە نۇرغۇن كىشلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن: ئۆي تۇتۇپ پەرزەنتلىرىنى تۈزۈك بېقىپ ئاسراشنى بىلمىگەن ئادەمدىن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ دېيىشىپ، ۋەتەن سۆيۈشكە چەكلىمە قويۇپ يۈرگىنىمۇ يېتەر. خەق نېمە دېسە دېسۇن، بىز ھازىر رەسمىي مىللىي ئازادلىق جەڭچىسى ھېساپلىنىمىز. ئەگەر بىز نىكا قىلىشۋالساق، شېھىتلىككە تېخىمۇ يېقىنلىشالايمىز دەپ قارايمەن. ساق قالساقمۇ غازىلىققا شەرتىمىز توشقان بولىدۇ.”

“سىز بۇ يېقىندا بارغانسېرى موللا بولۇپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ! ـ خاسىيەت ئەركىلەپ قاسىمغا يېپىشتى، ـ مەن سىزنى يېڭى تونىغىنىمدا ھاراقتىن باش كۆتۈرەلمىگەن بىرسى ئىدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسمى بىر ئېنجىنېرنىڭ بۇنچە تەقۋادارلىشىش يولىغا كىرىپ كېتىشىنى ...”

“ھە؟ ئېنجىنېرلار خۇداغا ئىشىنەلمەسمىدى؟ ياكى سىزمۇ دىنغا ئىشەنمەمسىزيا؟”

“مەنغۇ ئىشىنىمەن. ... ـ خاسىيەت سەل تۇرىۋالدى. ۋۇجۇدىنى ئاستا-ئاستا قاسىمدىن قاچۇرۇشقا تىرىشتى، ـ بۇرۇنقى دىنىي قارىشىم بەكلا تۇتۇق ئىدى. ئۆتكەندە سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزدىن ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۇنچىلىك نادان ئېتىقات ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولغاندىمۇ بۇ قىلىپ يۈرگەنلىرىمىز راستىنلا گۇنا بولىدىكەن. بۇرۇن مەن چېچىمنى كېسىۋېلىپ يالاڭپاشتاق يۈرۈشۈم، شوخ ياسىنىپ يۈرۈشۈم، گىرىم قىلىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى گۇناھ ئىشلار دەپ قارايتتىم. ھەتتا بەزىدە نېمە ئۈچۈن بۇنچە چىرايلىق يارىتىلغاندىمەن دەپ ئويلاپمۇ كىتەتتىم. ئەندى ئويلىسام، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس تۇرمۇش كۆچۈرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى تونىدىم. شۇنداقتىمۇ، شۇنچە كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق ئويلىماسلىقى، سىزنىڭ قايسى كۈنلىرى دېگەنلىرىڭىزدىكى مۇسۇلمانلىق قارىشىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويىدۇ.”

“سىز «قۇرئان» نى ئەستايىدىل ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ـ قاسىم سورىدى قاراڭغۇدا، ـ ئۇيغۇرچىسى بولسىمۇ مەيلى.”

“ئەستايىدىل ئوقۇپقۇ باقمىدىم. ئەمما شۇ بالا تەككەن يىللاردا يولدىشىمغا ئاتاپ بىرنەچچە پارە ئوقۇغانىدىم. ئوقۇشنىغۇ ئوقۇدۇم. ئەمما مەنىمۇ بىلگەن-ئاڭلىغان دىنىي قاراشلىرىمغا «قۇرئان» تەلىماتلىرىنىڭ دېگەندەك ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلدىم.”

“«قۇرئان» دىن ئوقۇپ بىلگەنلىرىڭىز موللىلارنىڭكىدىن توغرا بولىشى چوقۇم. موللىلىرىمىز «قۇرئان» نى ئەرەپچە ئوقۇشنى بىلگىنى بىلەن، باشقىلارغا بىلدۈرگىنىدە بەرىبىر ئۇيغۇرچە مەنىسىنى دېيىشىدىكەنغۇ؟ ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ، مەھەممەت سالىھنىڭ تەرجىمە قىلغىنى خاتا بولامدىكەن؟ بىزنىڭ موللىلىرىمىزنىڭ دېگەنلىرى «قۇرئان» چۈشەنچىلىرى ئەمەس، ئۇلار «قۇرئان» دىن چۈشەنگەنلىرىنى بىزگە سۆزلىمەمدىكەن؟ ئەلىپبەدىن باشقا ساۋادى بولمىغان ئۇنداق موللىلار كۇۋانتلاشقان، ئېنېرگىيە-زەررىچە ئوتتۇرىسىدا نۇر تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ماددىلاردىن تۈزۈلگەن كائىناتنى ياراتقان ئاللانى قانداق ئۇختۇرالىسۇن! ئۆزىڭىز ئوقۇپ ئۆگىنىڭ. ئەڭ توغرىسى شۇ!”

“تازا بولمىغان ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىكەنسىز!” ـ خاسىيەت قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ

كىيىملىرىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ كېيىشكە باشلىدى. ئاندىن چىقىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى.

"ئۈنچىلىك ھولۇقۇپمۇ كەتمەڭ. مەن سىزنى ھازىرلا نىكا قىلىشقا ئاپىرىمەن دەپ زورلىمىدىمغۇ!"

ئىككىسى يۇيۇنۇپ تازىلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. ئەندى ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇ بىر-بىرسىدىن يىراقلىشىپ ئولتۇرىشاتتى.

"ھازىرچە ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇنىمىزدىكىلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئالمساق بولماس ھەقچان. ــ دېدى قاسىم، ــ مەن ئاساسەن گۈلباھارغا بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىر ئوبدانلا ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەندۇق، قانداقلارچە بۇنداق كوچىغا چىقىپ كەتكەن بولغىيدىكىن؟ ھېلىمۇ ياخشى بۇ ھەرىكەت ئېسىگە كەلگەنىكەن. بولمىسا يەنە نېمە بولۇپ كېتەردىكىن؟ سىزمۇ دىققەت قىلغانسىز، يېڭى تونۇشقان ۋاقىتلىرىمىزغا قارىغاندا خېلىلا ئوڭشىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە مەس بولۇپ يىغلىۋالغىنىدىن كېيىن بىزنىڭكىگە كەلگىنىدە ھاراقنى ئىچمەس بولدى. ئۆيىگە بارغىنىمىزدىمۇ 'يانچۇقچى' بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىچىپ ئولتۇرۇشمىدى. قارىغاندا كۆزىگە تىكىلگەنلا كىشىلەر بىلەن يېتىپ-قوپۇشنى تاشلىسا كېرەك؟ سىز بىلىسىز، ئۆيدە يەنە بۇرۇنقىدەك ئىچەمدۇ؟"

"دەسلەپكى چاغلاردا راستىنلا بەك ئىچەتتى. ھەتتا بۇ ھەرىكەتنى باشلاشقا سەۋەپ بولغان ئامىللارنىڭمۇ ھاراق ئىكەنلىكىنى تولا ماختىنىپ سۆزلەيتتى. شۇنداق دەپ يۈرۈپ مېنىمۇ نۇرغۇن قېتىم مەس قىلىۋەتكەنىدى. ھازىر يالغۇز قالغىنىدا ئېسىل ھاراق پوتولكىلىرىنى پات-پات تۇتۇپ قويىسىمۇ، يەنىلا بىرەر ئىستاكان قىزىلىنى ئىچىپ قويۇپ بولدى قىلىدۇ. مەنمۇ ئىشىنەلمەي، ھاراق پوتولكىسىغا يوشۇرۇن بەلگە سېلىپ قويۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن قارىسام، ھېلىقى ھاراقنىڭ ئۆزپىتى تۇرغانلىغىنى كۆردۈم. قارىغاندا يالغۇز قالسىمۇ ھاراق ئىچمىسە كېرەك؟ ــ خاسىيەت قاسىمغا قارىدى، ــ راس دېگەندەك، سىز قاچانلاردىن بېرى ئىچمەس بولىۋالغانتىڭىز؟"

"سىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن مەنمۇ بىر كۈن ئىچمىسە تىترەپ تۇرالمايدىغان رەسمىلا بىر زابوي ئىدىم. ھەتتا ھاراقنى ئايالارغىمۇ تېگىشمىگىدەك ھالدا ئىدىم. ــ قاسىم كۈلۈپ كەتتى، ــ بىر كۈنىسى، مەلۇم بىر

ۋەقە مېنى بۇ نەرسىدىن تۇيۇقسىزلا يىرگەندۈردى. شۇندىن بېرى زادىلا ئىچەلمىدىم. ئىچكىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. ... ھە راس، سىز ھازىرمۇ ئىچىشىپ بېرىۋاتامسىز؟"

"دېدىمغۇ بايا، مەن تۇرماق گۈلباھارمۇ تۈزۈك ئىچمەس بولىۋالدى. مېنىڭچە، شۇ يىغلىغان كۈنىسى ئۇ مەستەك قىلغىنى بىلەن، ھۇشى جايىدا ئىكەندۇق. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدى تايىنلىق، شۇنىڭغا چىدىماي، يەنى ئۆتكەزگەن گۇناھلىرىغا چىدىماي يىغلاپ كەتتىمكىن دەيمەن. شۇندىن بۇيان ئۇمۇ غەلىتىلا جىمىپ قالدى. ئۇ، 'يانچۇقچى ' غا رەسمىلا ئاشقتەك قىلىدۇ. 'يانچۇقچى' مۇ ئۇنىڭغا شۇنداقتەك. ..."

"بولمىسا ئۇلارنىمۇ نىكالىتىپ قويايلىمۇيا؟" ــ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ كۆزنى قىسىپ قويدى.

"گەپ قىلمىسام، سىلەر ئىككىڭلارمۇ خېلى كۆپ بىرگە بولىۋالدىڭلارغۇ دەيمەن. ھەرقېتىمقىسىدا بىرگە بولغىنىڭلاردا، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن كۆنلەرگىچە مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى ئۇ كۆنلەردە. ئۆزىڭىزمۇ مۇزدەكلا بولۇپ كېتەتتىڭىز." ــ خاسىيەت باتىنغاندەك كەينىگە قارىۋالدى.

قاسىم ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇچاغلاپ سۆيۈشكە ئۇرۇندى. خاسىيەتمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتۇق بەرمەي باتىنغىنىچە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلار بىرھازا قوغلاشماق ئويىنغاندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ھەرئىككىسىلا ھەسرەپ كەتكەنىدى.

ھە، ... بېشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ بىچارىلارنىڭ بۇنچىلىك بەڭۋاشلىق قىلىۋېلىشىغىمۇ يول قويۇش كېرەك-تە! ــ ئۇلار قايتىدىن يارىشىپ قالغانىدى.

"ماڭا قاراڭ خاسىيەت، بىز ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ يولىنى ئاختۇرۇپ يۈرىمىزغۇ؟ يەنە كېلىپ رەسمى نىكا قىلىۋالايلى دەپ يۈرگىنىمىزدە، بىر-بىرىمىزگە ئېغىر كېلىدىغان گەپ-سۆزلەردىن نېرى تۇرغىنىمىز ياخشى. ــ قاسىم ھىجايغىنىچە خاسىيەتكە قارىدى. ــ سىزمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ تۇرىۋالدىكەنسىز. مەن سىزگە گۈلباھارنى يولغا سېلىۋالايلىمۇ دەپ مەسلىھەت بېرىۋاتسام، ... ــ خاسىيەت ئەكىلىگىنىچە كېلىپ قاسىمنىڭ قۇچىقىغا چىققىۋالدى. قاسىم گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ئۇ قىزنىڭ روھىي دۇنياسى

بەكلا بوشاپ كېتىپتىكەن. بىز ھەر قېتىمدا دىن ھەققىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت دېگەندەك مەسىلىلەرنىمۇ بىرگە قوشۇپ مۇڭدىشىپ ماڭساق، بەلكىم ئۇ قىزنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەيمەن. ئۇ چاققىچە بىزمۇ يولغا چۈشۈپ قالارمىز بەلكىم.'' ـ قاسىم خاسىيەتنى يەڭگىل نوقۇپ قويدى. ...

بىرەر ھەپتىدىن كېيىن، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' دىكىلەر گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە ئەتىگەندىلا يىغىلىشتى. گۈلباھار جىددى قىياپەتتە ئۆتكەندىكى يىغىلىشتىن بۇيانقى ھەرىكەتلەرنى بىرقۇر تونۇشتۇرۇپ چىقىپ خۇلاسىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ توختالدى. ئاندىن بۇ يېقىنقى ۋەزىيەت ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

ئۆتكەن ھەپتىدە قاسىمنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ساقچى بىناسىنىڭ پارتلاپ كېتىشىمۇ، نامەلۇم بىر پىدائىيىمىزنىڭ ساقچى مەركەزىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئوق-دورا ئىسكىلاتىغا توغۇرلاپ تۇرۇپ بىر بولكىۋايغا قاچىلانغان كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورىسى بىلەن ھەيدەپ كىرىپ كەتكەنلىكىدىن بارلىققا كەلگەنىكەن. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، پۈتۈن بىنانىڭ پارتىلىشىدا ئاران ئون نەچچە خىتاي تاجاۋۇزچى دىژورنىسى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە يوشۇرۇن جايلاشقان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پېيىغا چۈشۈپ تۇپلىغان نۇرغۇن ئارخىپلارنى ساقلايدىغان 'ئەنچۈەنتىڭ ' ئىشخانىسى كۆيۈپ كۇل بولغانىكەن. بولكىۋايمۇ ئىچىگە بېنزىن بىلەن پارتلاتقۇچنى بولۇشىغا قاچىلاپ كەلگەن بولغاچقا، ھەمدە بىنانىڭ قۇرال ئىسكىلاتىغا توغرا كەلگەچكە قوش پارتلاش يۈز بېرىپ تىتما-تىتما بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ھەيد ىگەن كىشىنىڭ ئىز-دېرىكىمۇ قالمىغانىكەن.

سۆزىنى تۈگەتكەن گۈلباھار، ئەزالىرىدىن باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر سورىدى. قاسىم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆتكەندە خاسىيەت بىلەن دېيىشكەن پىكىرلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتتى. بىرمۇنچە تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، پارتىزانلىق ھەرىكەت تەشۋىقاتى ئۈچۈن تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىگىنى مۇقىملاشتۇرۇشتى. ئاندىن كېچىدە كوچىغا چىقىپ ۋەقە پەيدا قىلىش مەسىلىسىدە ئاۋال 'يانچۇقچى' نىڭ رازىۋېتكا قىلىپ بېقىشىدىن كېيىن بىرنېمە دېيىش قارارى ئېلىندى.

''سىلەر زىيالىيلار ئوغۇرلۇق قىلىپ باقمىغىنىڭلار ئۈچۈن، بۇ ئىشنى

كېلىشتۈرەلمەيسىلەر. بۇنىڭغا يەنىلا بىزنىڭ ‹يانچۇقچى › مىز لايىق.» ــ گۈلباھار يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ ئاغزىغا بىر تال قىستۇرماقچى بولدى-يۇ، قاسىمنىڭ كۆزىگە يەر تېگىدىن بىر قارىۋېلىپ تاماكىسىنى قايتىدىن قېپىغا سېلىپ قويدى.

قاسىم نىكا ھەققىدە گەپ باشلىۋىدى، گۈلباھار دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىۋەتتى:

«بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. مېنىڭ ‹يانچۇقچى › يىممۇ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلماي، رەسمى نىكا قىلىپ توي قىلىشقا رازى بولدى. ئەمما توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيمىز. ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان پۇلغا پارتلاتقۇچ سېتىۋالىدىغان بولدۇق. سىلەرگىمۇ شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ــ گۈلباھار ئالدىدىكى چېينى بىر ئوتلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ھە، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا كەلسەك، سىلەرنىڭ رەسمى نىكا مۇراسىمى قىلىشىڭلارنى ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇ يەردە تەشكىلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا مەجبورمىز. يەنى، خاسىيەتنىڭ ئەھۋالى سەل باشقىچە، گەرچە ئۇنىڭ يولدىشى ئۆلۈپ كەتكىنىگە يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە تېخى تۇنۇگۇنكى ۋەقەدەك يېزىقلىق تۇرغانلىقى چوقۇم. شۇڭا، خاسىيەتنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر شەپە خىتايلار ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۇمانلىق يىپ ئۇچى بولۇپ تۇيۇلىشى مۇقەررەر. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا بىزنىڭمۇ قانۇنى نىكا قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايمەن. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ قالغاندا، بۇ قانۇنى نىكا مەسىلىسى بىر-بىرىمىزنى چېتىۋېلىشىمىزغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. يۇرتداشلىرىمىز بىزنى نېمە دىسە دەۋەرسۇن، ئەسلىدىلا دەيدىغىنىنى دەپ بولغاندۇ بۇ چاققىچە! بىز جېنىمىزنى غايىمىز ئۈچۈن ئاتىغان پىدائىلارمىز. قاچان، نەدە ۋە قانداق شەكىلدە ئۆلۈپ كېتىشىمىزنىمۇ بىلمەيمىز. ھەتتا قايسى بىرىمىز خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىدا ياكى كۆز ئالدىمىزدا ئۆلتۈرۈلگىنىدە بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزىۋېلىش ھەرىكىتىمىزنىمۇ قەتئىي چەكلەيمىز. بىز ئۇنداق ئەھۋالدا گويا تونىمىغان كىشى بولۇپ كېتىپ قېلىشىمىز شەرت. بۇنى بىز نىكا قىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن قىلالمايمىز. ئەگەر رەسمي نىكا بىلەن توي قىلىۋالساق، قايسى بىرىمىز قۇربان بولۇپ كەتسەك ياكى تۇتۇلۇپ قالساق، قالغانلىرىمىزنىڭمۇ

پائالىيىتى خەتەرگە دۇچ كەلگەن بولىدۇ. بەلكىم ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭمۇ ئايرىم-ئايرىم يوشۇرۇن قوشۇنلىرىمىز قۇرۇلىدىغان كۈنلەر كېلەر. ئۇ چاغدا بىر-بىرىمىزنى چىشلەپ تارتىدىغان ئىشلارنىڭ بولمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ئاددىغىنە بىر نىكا ئىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىشلارنىڭ چۇۋۇلۇپ چىقىشىغا ياكى پائالىيەتلىرىمىزگە توسالغۇ بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك. يەنە كېلىپ، بىزنىڭ دىنىمىز مۇللىلىرىمىزغا رەھ بولۇپ كەتكىنىدەك يالغۇز ئەخلاق دىنىلا ئەمەسكەنغۇ؟ «قۇرئان» كېرىمنى ئوقۇپ، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىزنى يالغۇز ئەخلاقنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەڭ مۇھىمى ئاللا ياراتقان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئۆگىنىپ، قولىمىز يېتىدىغان ياخشىلىق قىلىشقا بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلىشىمىز، ئىشلىتەلەيدىغان بولىشىمىز، ياسىيالايدىغان بولىشىمىزنى ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى قىلىپ بىزگە ۋەزىپە قىلغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم. شۇڭا، كوچىدا تارقىلىپ يۈرگەن دىن توغرىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە ئۈيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئېتىۋارغا ئېلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بىز يەنىلا ساۋاپلىق ئىشلارغا جېنىمىزنى پىدا قىلىش يولىدا چىڭ تۇرىشىمىز كېرەك. ھە، بىز شېھىت بولغىنىمىزدا مۇللىلىرىمىز نامىزىمىزنى چۈشۈرمەي قالارمىكىن دەپ قورقامدۇقيا؟ ياق! ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيلى. بورھان شەھىدىي، سەيپىدىن ئەزىزىي، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بىزنىڭ نامىزىمىزنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمايدىغان ئۇنداق مۇللىلارنىڭ نامىزىمىزنى بۇلغاپ يۈرۈشىگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ! بىز بۇنىدىن كېيىن يېڭى ئەزا قوبۇل قىلغىنىمىزدا ياكى نىكاغا بارغىنىمىزدا يوشۇرۇن شەكىلدە نامىزىمىزنىمۇ قوشۇپ چۈشەرتىپ ئېلىشقا تىرىشايلى. ــ ئۇ قاسىمغا ئىتتىك بىر قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ بىز بىر يەرگە يىغىلغىنىمىزدا، چىرىكلىك قىلىشىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىمىزنى كۈچلۈك ھاراق بىلەن چايقاپ، ئۇچىمىزغىمۇ تۆكىۋېلىشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. گۇلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ تېچۈي ھارىغىدىن بىر پوتولكا ئېلىپ رومكىلارغا توشقازدى. ئاندىن ئۆزى باشلاپ ھاراقتا ئاغزىنى چايقىدى. ئەمما دىققەتسىزلىكتىن ئاغزىدىكى ھاراقنى يۇتىۋېتىپ قالدى. ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ توم قىلىپ بىرنى ھىجىيىپ قويۇپ، ــ ئۇنداق قىلىش نىيىتىم يوقتى، ئۆلگۈرەلمەي قالدىم، ــ دەپ يەنە بىر رومكا قۇيۇپ ئۇچىسىغا سېپىۋالدى.

باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى رەسمى قاۋاقخانىلاردەك سېسىق هاراق پۇرىغى بىلەن تولدى. گۈلباهار كېلىپ جايىغا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـ بىز بۈندىن كېيىن يەنىلا هاراق ئىچىمىز، تاماكا چېكىمىز. ئەمما بىز بۇرۇن بۇلارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلغان بولساق، بۈندىن كېيىن ۋەتەن، خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىمىز. بۇلا ئەمەس، هەتتا خىتاينىڭ كۆزىنى بوياشقا ئەسقاتىدىغانلا بولىدىكەن، ئەخلاقسىزلىقلارنىمۇ كۆرسىتىشتىن باش تارتماسلىغىمىز كېرەك! ـ گۈلباهار گەپ ئارىسىدا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستۈنكى تۈگمىلىرىنى ئوبدانلا ئېچىۋېتىپ، يومپايغان ئىككى كۆكسىنىڭ يېرىمىنى دىگىدەكلا چىقىرىپ قويدى. ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىغا قىستۇردى، ـ مانا مۇشۇنداق. شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، خىتايلارلا ئەمەس، هەرقانداق بىرسى پاهىشىلەردىن، قىمارۋاز-ئوغرىلاردىن، هاراقكەش-نەشكەشلەردىن، خرويىنچىلاردىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، دىندارلىق چىقمايدۇ دەپ كېسىپ هۆكۈم قىلالايدۇ. بۈنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك. بۈنىڭدىنمۇ ئەپلىك نىقاپ بارمۇ يەنە؟ ئەمما شۇنى ئالاهىدە ئاگاهلاندۇرىمەنكى، ئارىمىزدا خرويىن چېكىدىغانلارغا زادىلا ئورۇن يوق! ئەگەر كىمىكى خرويىن چېكىپ قوشۇنىمىزنىڭ هەرقانداق بىر تەشكىلاتىغا ئەزا بولىۋالغانلىغى سىزىلىدىكەن، ئۇنداقلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي يوشۇرۇن ئۇجۇقتۇرىۋېتىشىمىز شەرت! بۇنى ئارىلاپ هەرىكەت ئوبىكتىپلىرى قىلىپ تاللىۋېلىشىمىزنىڭمۇ زىيىنى يوق. خرويىنغا باغلىنىپ قالغان ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر بولۇش لاياقىتى يوق! دېمەكچىمەنكى، سىلەر قانچىكى ئەخلاقسىز، قانچىكى دىندار قىياپەتكە كىرىۋالساڭلار، خىتايلار سىلەردىن شۇنچە بەك گۇمان قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ئىشقا رەسمىي پۇشقاق تۈرگەن ئىكەنمىز، خەلقىمىزنىڭ، يېقىنلىرىمىزنىڭ، قوشنىلىرىمىزنىڭ هاقارىتىگە، يامان كۆز بىلەن قاراشلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلماسلىغىمىز، هەتتا مۇمكىن بولسا ‘بۇزۇق ‘لىغىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ـ گۈلباهار تاماكىسىنى رەسملا ئىچىگە تارتىپ شورىۋالدى. ئاندىن ئاغزى-بۇرنىدىن تۇرخۇندەك ئىس چىقارغان هالدا گېپىنى داۋام قىلدى، ـ بىز يەنە شۇنىمۇ ئىسىمىزدىن چىقارماسلىغىمىز كېرەككى، بىزنى كەلگۈسىدە قانداق بىر تەقدىر كۈتىۋاتقانلىغىنىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا، ئىمكان بار تېز، ئىمكان بار كۆپ، ئىمكان بار ئېغىر ۋەھىمە يارىتىشقا تىرىشىشىمىز، بولسا تېزلىكتە ھەممىمىزنىڭ ئايرىم شەخسى

قوشۇنلىرىمىز بولىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بىز ئايرىلساق، ئورنىمىزغا يېتىشتۈرۈلگەن ئادىمىمىز بولسۇن.»

گۈلباھار تىنماي سۆزلەيتتى. ھەتتا كەلگۈسىدە ئېلېكترونلۇق، ئاۋاتسىيە، ئۇچۇر ۋەھىمىلىرىنىمۇ يارىتالىغىدەك ئەزالىرىمىز بولغان تۇغۇندا قوشۇنلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە رىغبەتلەندۈرۈشنىمۇ ئويلىنىپ قويۇشقىچە توختالدى:

«ئۇنۇتمايلىكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشتا بۇندىن ئەللىك-ئاتمىش يىل بۇرۇنلا داھىيلىرىمىز ئولتۇرغان ئۆيرۈپىلانىنى پارتىلىتىۋېتىش ياكى يوشۇرۇن ئوجۇقتۇرۇش، سۇنئىي داۋالاش خاتالىغى ياكى خەستەڭگە قاتناش ۋەقەسى پەيدا قىلىشتەك تېررورلۇق ھەركىتى بىلەن ئىشنى باشلىغانىكەن! ئەندى نۆۋەت بىزگە كەلگەندە بىز تېررورچى بولۇپ قالغىدەكمىزمۇ؟!» — گۈلباھار نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىنتايىن ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ ھەل قىلىۋەتەتتى.

يىغىلىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بەزى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى، نۆۋەتتىكى بىر ئايلىق پىلانلار مۇزاكىرە قىلىنىپ قارارلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسىسىغا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر يوشۇرۇن كانىۋىرت ئىچىدە تەخسىم قىلىندى. مۇزاكىرە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەرگىچە داۋام قىلدى. جوزىدا پىچىنە-پىرەندىكتىن باشقا يەيدىغان بىرنېمە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبدانلا ئېچىقاپ كەتكەنىدى. خاسىيەت بىلەن قاسىم بىنادىن بىرلىكتە چىقىشتى.

يول بويىچە خىتاي رازۋېتچىكلىرى ئۇلارنى دوخمۇشتا بىر توختۇتۇپ تەكشۈرىشەتتى.

ئۇلار يولدىن سەۋزە ئالغاچ كىرىپ ئوخشىتىپ گۆشلۈك پولو دەملەشتى. خاسىيەتنىڭ تۇرمۇشتىكى خاملىغى بىلىنىپ قالدى: ئۇ، ئىككىسىگە قانچىلىك گۈرۈش دەملىنىشنىمۇ مۆلچەرلىيەلمىگەن بولۇپ، تاماقنى خېلىلا كۆپ قىلىۋەتكەنىدى.

پولو دەم يىگەندىن كېيىن لىگەنگە ئۇسۇپ كىرىپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا ئاشقا قۇشۇق سېلىشىۋاتقىنىدا، ئىشىكنى بىرسى چەكتى. قاسىم خاسىيەتكە قاراپ قوزغالماي ئولتۇرۇپ يەۋىرىڭ دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بارمۇ سەن بۇ دۇنيادا؟ سېنى بىز ئىستەپ يوقلىمساق، سەن بېرىپ بىزنى يوقلاپ قويىدىغاندەك ئەمەسسەن. — ‹ساقى› ئاۋال كىرىپ كەلدى، — پاھ، پاھ، پاھ! ئۆيىڭدە تازىمۇ ئوخشىغان پولو پۇرىغى كېلىپ تۇرىدىغۇ؟

بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بۇنداق ئۆيلەرنى تاپماق بەكلا تەسلىشىپ كەتتى. خەقلەرمۇ ئۆزۈندىن بېرى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقلىرىدا ئاش تارتمايدىغان بولىۋېلىشتى دېگىنە، ھەجەپمۇ سېغىنغانىدىم بۇ پولو دېگەننى. نەق ئۈستىگىلا كەلگىنىمىزنى دېمەمدىغان! ‘ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە ’ دېگەن مۇشۇ-دە! كېلىڭلار ئاغىنىلەر! ــ ئۇلار تورۇكىلىشىپ بىردىن-بىردىن كىرىپ كېلىشتى. ‘ساقى’ مېھمانخانىغا كىرىۋېتىپ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى، ــ دېسەڭ بولمامدۇ ئاغىنە، ئۆيۈڭدە مېھمىنىڭ بارىكەن ئەمەسمۇ، رەنجىمەيسەن، بىز ... بىز باشقىدىن كېلەرمىز. بىز ئاستا قايتىپ قالايلى. ... ھە، سىلەر قوزغالماي ئولتۇرىۋېرىڭلار. ...” ــ ‘ساقى’ يالغان تەكەللۇپ قىلغىنىچە سىرتقا قاراپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

“كىرىۋېرىڭلار، ھېچقىسى يوق. مېھمىنىم يات ئادەم ئەمەس. ئەسلىدە مەنمۇ سىلەرگە تونۇشتۇراي دەپ يۈرەتتىم. ــ قاسىم ئۇلارنىڭ يولىنى توستى، ــ قېنى ئىچكىرى كىرىڭلار. راس دېگەندەك سىلەر ھەققەتەنمۇ تەلەيلىك مېھمانكەنسىلەر. بۈگۈن ئاشنى بەكلا جىق دەملىۋېتىپتىكەنمىز، قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي ئولتۇراتتۇق.” ــ قاسىم بۇ ئارىدا خاسىيەتكە ئىشارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. خاسىيەت دەرھال قايتىدىن دەستىخان راسلىدى. ئاندىن لىگەنلەرگە قالغان ئاشنى ئۇسۇپ چىقتى. چاي قويۇلغاندىن كېيىن، قاسىم ئاغىنىلىرىگە قىزنى راس-يالغانى ئارىلاشتۇرۇپ ئاددىلا قىلىپ تونۇشتۇردى. ئاندىن ئاغىنىلىرىنىمۇ خاسىيەتكە تونۇشتۇردى. رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، خاسىيەت تەخسىسىنى ئېلىپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھەممە ئاشقا تۇتۇشتى. قارىغاندا مېھمانلار راستىنلا خېلى ئايلاردىن بېرى پولوغا ئولتۇرمىغاندەك قىلاتتى. ئىشتەي بىلەن يېيىلگەن پولو، لىگەنلەرنىڭ پاك-پاكىزە سىرىپ سۈپۈرلىشىگىچە داۋام قىلدى. دوستلارنىڭ چىرايىغا خېلى ئوبدانلا رەڭ كىرىپ قالغانىدى. قايتىدىن چايلار تارتىلغاندىن كېيىن، ھەممىنىڭ ئاغزىغا تاماكىلار قىسىلدى. ئۆي ئىچى پاتلا قويۇق ئىس-تۈتەك بىلەن تولۇشقا باشلىدى.

‘ساقى ’ نېرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ، قاسىمغا پىچىرلىغاندەك دېدى:

“يامان نېمە جۇمۇ سەن، تىرناقتا ئويناتقىدەك بىرسىنى تېپىۋاپسەندە!”

“گۈلدەك قىزكەن دەڭلا.”

“نەق پەرىنىڭ ئۆزى دېگىنە.”

"... ..."

"يېقىندا ئىككى قىلىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن." ــ دېدى قاسىم.

"ئاداش، ئەندى بۇ گالنى ھۆل قىلغىدەك بىرنىمەڭغۇ باردۇ؟" ــ قاسىمنىڭ ئاخىرقى گېپىگە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن 'ساقى' دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئۇزۇندىن بېرى ھاراق ئىچەلمىگەن 'ساقى' نىڭ تاقىتى قالمىغانىدى.

قاسىم بۇ گەپتىن كېيىن بېرىپ ئىشكاپتىن ئۇزۇندىن بېرى توپا-چاڭ بېسىپ تۇرۇپ قالغان ھاراق-رومكىلارنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تىزدى. ئاشخانا ئۆيىدىن بىر تەخسە چىلىغان كۆك ئېلىپ چىقتى. تاقىتى قالمىغان 'ساقى'، ھاراقنى رومكىلارغا بېلىق كۆزى تولدۇرۇپ تارقاتتى:

"بەختىڭلار ئۈچۈن!" ــ دەپ ھەممە رومكىلىرىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى پۈرلىشىپ بۇرۇنقىدەكلا ئوتتا قورۇلۇپ قالغان تېرىدىنمۇ بەتتەر قورۇقلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ھاراق ئۇلارنىڭ چىرايىغا پاتلا چىققانىدى. بۇ ئاغىنىلەر شۇ ھالىتىدە بىردەمدىلا بىر پوتولكىنى بوشىتىپ، ئىككىنچىسىنى باشلىۋېتىشتى. بۇ ئارىدا خاسىيەتمۇ ئاشخانا ئۆيىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ ئىشكىنى ئېتىۋالدى.

ئاغىنىلەر خاتىرجەم بولۇپ، قائىدىسى بويىچە ئېچىلىۋېلىش ئۈچۈن بىرئاز بىر-بىرىنى شاڭخو قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، كۈچىدىكى ۋەقەلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سۆزلىششكە كىرىشتى. بۇ ئارىدا يېقىندا يۈزبەرگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ پارتلىشى ئۈستىدىمۇ ئاجايىپ-غارايىپ مۇبالىغىلەرنى قىلىشتى. ئەمما يەنىلا قاسىمنىڭ بىلگەنلىرىدىن نېرى كىتەلمىدى. ئىككىنچى پوتولكىنىڭ يېرىمدىشىغا ئەگىشىپ پو ئېتىشلار، مۇبالىغىلەر، ھەتتا پانتازىيىلىك خامخىياللارمۇ ئوتتۇرىغا تۆكۈلدى.

قانداق قىلسۇن بۇ بىچارىلار، ئۆزلىرى بىرەر ئىش قىلغىدەك جاسارەتكە ئىگە بولمىغاچقا، ئەنە شۇنداق خامخىياللار بىلەن بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيىدىغانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتىن باشقا نېمە ئىش قوللىرىدىن كېلەتتى؟ ئەسلىدىلا بۇ يىللاردا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى ئېغىزدىكى جەسۇرلۇق بولۇپ قارىلىپ كېلىۋاتامتى؟ قاراڭغۇلۇقتىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقانلارنى كۆپچىلىك يەنىلا تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق دەپ قاراشماقتا.

“ئاغىنىلەر، دەسلىۋىدە راس گەپنى قىلسام، بۇ تۆردىكى ۋەھشىلىكلەرگە ئىچىمدىن قوشۇلماي كېلىۋاتاتتىم. ـ ‘خەۋەرچى‘ سۆزگە كىرىشتى، ـ بىرەر يېرىم خىتاينىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن ئارامخۇدا بىرىيەرگە بېرىپ كېلەلمەيدىغان، بىرەر ئۆيگە يىغىلالمايدىغان، ھەتتا يېنىمىزدا ئىدارىمىزنىڭ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ، زوراۋانلىق ئىشخانىسىنىڭ يېزىپ بەرگەن بىر توقۇم تونۇشتۇرۇش قەغىزى بولماي تۇرۇپ ئەركىن يۆرەلمەس بولۇپ كەتكىنىمىزگە قاراپ، بۇ ئىشلارنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرەتتىم. دېمىسىمۇ شەھەر-يېزىلار ئارىسى، مەھەللىلەر ئارىسى، ئىدارىلار ئارىسى، ھەتتا قوشنىلار ئارىسى بېرىش-كېلىشلەرمۇ ئاساسەن قامال قىلىنىپ بولدى. ھە دېسىلا بىگۇناھ تۇتقۇنلار، بىھۇدە ئۆلۈملەر، ... مانا بۈگۈن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردىكى مىللىي سىنىپلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئىچكىرىسىگە بېرىپ بىلىم ئېلىشلار پۈتۈنلەي توختىدى. نامراتچىلىق، قەھەتچىلىك، بىزدىن گۇمان قىلىشلار، بىزنى بوزەك قىلىشلار تېخىمۇ ئەۋجەپ كەتتى. ـ ‘خەۋەرچى ‘ بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـ ئەندى ئويلاپ باقسام، بىز ئىشنىڭ پەقەت مۇشۇنداق تەرەپلىرىنىلا كۆرىۋالغاندەك قىلىمىز. ئەسلىدە بۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرىشىنىڭمۇ تولا بەك زىيىنى يوقتەك كۆرىنىدۇ. قايسى كۈنىسى بىر ئىچكى ماتېرىيالنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇنىڭدا ئىچكىرىسىگە قاچقان خىتايلارنىڭ سانى ئىككى مىليونغا يېقىنلىشىپ، يېڭىدىن كېلىدىغانلارنىڭ سانى يىلىغا بىرەر يۈز مىڭدىنمۇ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ. بۇرۇن شىنجاڭ دېسە، بىلىملىكلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ماڭلۇر-تىلەمچىلىرىمۇ جان دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتىكەن. مانا ئەندى ھەتتا قۇرۇللىق ھەربىلىرىمۇ ‘شىنجاڭغا بارىسەن ‘ دېسە قورقۇپ يېرىم يولدا قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار خىتايدا ئادەتتىكى جىنايەتلەر ھالىغا چۈشۈپ قالغانمىش. نۇرغۇنلىغان خىتايلار بالا تۇغۇشنى باھانە قىلىپ بولسىمۇ يۇرتىغا قېچىپ كېتىشمەكتە ئىكەن. مۇشۇنداق بىرنەچچە يىل داۋام قىلىپ بەرسە، بۇ يەردىكى خىتايلار ئون مىليوندىن زادىلا ئاشالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردە يوشۇرۇن پارتلىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلاپ ھۆكۈمەت كادىرلىرى، ساقچىلار، ھەربىلەرگە زەربە بېرىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا دېيىشىدۇ. ئاغىنىلەر، شۇنداق ئويلايمەنكى، بۇ ئىشلارنى پىلانلىق، تەشكىللىك، ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرالىغاندا، ئۇزۇنغا قالماي

خىتايلارنىڭ سانى رەسمىي ئازىيىشقا قاراپ يۈزلىنىدىغاندەكلا قىلىدۇ. ھەرقانچە ۋەھشىلىك قىلىشتى دېگەن بىلەنمۇ، بۇگۈنكى بىگتۇەن نوپۇسىمۇ ئازىيىپ بۇرۇنقىسىنىڭ يېرىمىغا كېلىپ قالغانمىش. قارىغاندا بۇ ئىشلار بولىدىغان ئىشتەكمۇ قىلىدۇ. ھەي ئىست، شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەننىڭ ئالدى-كەينىدە خىتايلار نېمە دېگەن ئاز ئىدى-ھە؟ ئەندى ئۇ دەۋرگە يېنىشىمىز خېلى مۈشكۈلگە توختايدىغان ئوخشايدۇ دەڭلا ئاغىنىلەر. ...‟

‟ھەرىبلەر، ھەرىبلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس! ــ ‛ساقى’، ‛خەۋەرچى ’ نىڭ سۆزىنى بۆلدى، ــ خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھەربى قىسىملىرى شىنجاڭدا دەڭلا، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ تانكىسى، نەچچە مىڭ ئۇرۇش ئۆيىروپىلانلىرى، نەچچە مىڭ زەمبىرىگى، ...‟

‟بولدى قوي بىزنى تۇلا قورقۇتماي، ئۇنىڭغىمۇ ئامال قىلغىلى بولىدۇ. ــ بۇ قېتىم ‛موخوركىچى’، ‛ساقى’ نىڭ گېپىنى بولۇۋەتتى، ــ ئەگەر ‛سۇلايمان قالپاق’ تىن بىرسى بولىدىغان بولسا، ئۇنى كېيىۋېلىپ خالىغان خىتاي قىسىملىرىنىڭ ئىچىگە كىرەتتۇق، ئۆيىروپىلان-تانكىلىرىنىڭ، ئىسكىلاتلىرىنىڭ تۇرغان يېرىگە مىنا كۆمۈپ چىقاتتۇق. ھەركۈنى بىر پولكنى پارتلىتىپ يوقاتقىلى بولاتتى دەڭلا، بىر يىلغا قالماي ھېچ نېمىسى قالمىغان بولاتتى بۇ گويلارنىڭ. ...‟ ــ ئۇ مەغرۇر ھالدا يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ نەشە ئوراشقا كىرىشتى.

‟مىكروپ دېگىنە مىكروپ. ــ دېدى ‛ساقى’ مۇ رومكىنى قولىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ، ــ بىرىنچى نومۇرلۇق كېسەللىك مىكروپىدىن تېپىۋالسام نەدە خىتاي ئەسكىرى يىغىلسا شۇ يەرگە چېچىۋېتەتتىم!‟ ــ ئەندى ئۇلار باش قاتۇرۇش ئورنىغا خامخىيالغا كىرىشىپ كەتتى.

‟ھازىر بىراقلا نەچچە مىڭ ئادەمنى تەڭ ئۇخلىتىۋېتىدىغان بىرخىل دورىلارمۇ بار دەيدۇ. ئۇنى چېچىۋېتىپ ئارقىدىنلا ھەممىسىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالاتتۇق دەڭلا!‟

ئولتۇرۇشتىكىلەر ئەندى زامانىۋى خۇراپاتلار ئىچىگە پېتىشقا باشلىغانىدى. خاتا چۈشۈنۈپ قالماڭ، خۇراپاتقا بىلىمسىزلەرلا پېتىپ قالماي، بۇ تۈردىكى ئېنجىنېرلىرىمىزمۇ پېتىپ قالالايدىكەن. ئەنە شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇن ئاقىللىرىمىز ھېلى خىتاي ئاق كۆڭۈللۈكلىرىگە، ھېلى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىغا، ھېلى خىتايلارنىڭ دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى تىكلىشىگە، ھېلى دۇنيا

جامائەتچىلىكىنىڭ ياردىمىگە، ... دېگەندەك خامخىياللارغا بېرىلىپ خەلقىمىزنى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان پەيلەپ كەلمىدىمۇ؟ مانا بۈگۈن خەلقىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چەتئەللەردە جېنىنى ئاران بېقىپ يۈرگەن مۇھاجىرلىرىمىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ يۈرمەمدۇ؟ بۇ ئولتۇرۇشتىكى 'ۋەتەنپەرۋەر' لەرمۇ ئەنە شۇنداق خام خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ خام خىياللىرىغا ياغاچئات دەمدۇ، خاسىيەتلىك گىلەم دەمدۇ، سېھىرلىك چەينەك دەمدۇ، ئىشقىلىپ چۆچەكلەردىكى نەرسىلەرمۇ ئارىلىشىپ ئوتتۇرىغا تۆكۈلمەكتە ئىدى. ...

"ئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر! ـ 'خەۋەرچى' دوستلىرىنىڭ گېپىنى ئاران توختاتتى، ـ ئاغىنىلەر، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇپ بولىدىغانىراق گەپنى قىلساڭلارچۇ!"

"دېگىنە ئەمسە، نېمىكەن ئۇ بولىدىغان ئىشلار؟"

"چەتئەللىك، شۇ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىز! ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىۋېتىپتۇ. مەن ئۆتكەن يىللاردا ئالمۇتىغا بارغىنىمدا بۇ توغرىسىدا قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرىنى گېزىتلىرىدىن ئوقۇغانىدىم. رەسىملىرى بىلەن بېسىلغان ئاجايىپ ئىشەنچىلىك خەۋەرلەر دەڭلا! ھەتتا ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت قۇرۇلتىيىغىمۇ كىرىپ لايىھىلىرىنى سۇنالىغانلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلىرى بۇ كۈنلەردىمۇ تازا ئەۋجىگە چىقىپ راۋاجلانماقتىكەن. تېخى يېقىندىلا بىر لايىھەنى ئۇلارنىڭ پارلامېنتىغا سۇنغانىكەن، ئاران بىر ئاۋاز كاملىق قىلىپ تەستىقلانماي قاپتۇ دەڭلا، بولمىسا قالتىس ئىشلار بولۇپ كېتەركەندۇق. شۇ پىرىزدېنت سايلىمى بەكلا تاقىشىپ قالغان گەپ. مانا شۇلارنىڭ ئىشلىرى چوقۇم بىزنى ئازاد قىلدۇرالايدىغاندەك قىلىدۇ. ..."

"ئاڭلىسام پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىمۇ بىزگە ياردەم بېرىشنى پىلانلاپ ..."

"تۈركلەرچۇ تۈركلەر، ئۇلارمۇ جىم تۇرماي..."

"... ..."

بۇخىل تالاش-تارتىشلار تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قاسىم بىرچەتتە ئولتۇرۇپ، مىيىغىدا كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. پات-پاتلا 'ساقى' نىڭ ئالدىدىكى پوتولكىغا قاراپ قويياتتى. پوتولكىدىكى بۇ

هاراقمۇ قىرىشقاندەك زادىلا تۆگەيدىغاندەك ئەمەس. تالادا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قىلىۋاتاتتى. دوستلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى ئاجايىپ ئاتوم بومبىسى، كائىناتتىن كەلگەن مەخسۇس ئۇيغۇرلارغىلا ياردەم قىلىدىغان خاسىيەتلىك ئادەم، بىر شەھەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتەلەيدىغان قالتىس بومبىلار، يولدىن تېپىۋالىدىغان بىر تاغار نەق پۇل، ئەڭ چىرايلىق قىزلار، ئامېرىكىنىڭ مىڭلىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ خىتاي ھەربىي بازىلىرىغا بومبا ياغدۇرىۋېتىشى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ھۇجۇم قىلىشى، دېموكراتىك خىتايلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى، موڭغۇللارنىڭ، مانجۇرلارنىڭ ياكى تىبەتلىكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇپ خىتاينىڭ بۇ تەرەپلەرگە كېلىش يولىنى توساپ قويۇشى، ھىندىستاننىڭ تىبەت دۆلىتى قۇرۇپ بېرىمىز، مېكماخۇن سىزىغىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دەپ خىتايلارنى جەلپ قىلىۋېلىشى، ... ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئىسمى، دۆلەت بايرىقىمىزنىڭ يېڭى لايىھىسى، دۆلەت شېرىمىز، ھۆكۈمەت شەكلى، دۆلەت تۈزۈمىمىز، ... ئىش قىلىپ ئۇلار ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھېلى ئازادلىق كۆنلىرىمىزگە، ھېلى دۇنياغا، ھېلى جەڭ مەيدانلىرىغا، ھېلى پاھىشىخانىلارغا، ... دېگەندەك ئارىلاشتۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋەتىنىمىزنى ئەتىلا ئازاد قىلىۋېتىدىغاندەك ھالغا كەلتۈرۈشۈپ ئاندىن ئولتۇرۇشتىن تارقاشتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خوشال، مەغرۇر قىياپەتتە ئۆيدىن چىقتى.

ئەندى ئۇلارنى تالادا تۆگىمەس تەكشۈرۈشلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ‘ئۇلار ئۆيلىرىگە ساق-سالامەت يېتىپ بارالارمۇ؟’ قاسىمنىڭ غېمى شۇنىڭدىلا قالغانىدى.

“ئۇھ خۇدايىم، بېشىم پارتلاپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كەتتى بۇ مەسلەرنىڭ گېپىدىن. بۇ ئاغىنىلىرىڭىز نېمە دېگەن لاۋزا كىشىلەر بۇ؟”

“جېنىم خاسىيەت، سىز تېخى بىلمەي يۈرەمتىڭىز؟ مانا مۇشۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى. بىز ئەنە شۇنداق ئادەملىرىمىزنى قۇتقۇزالارمىزمىكىن دەپ جېنىمىزنى قولتۇغىمىزغا قىستۇرۇپ يۈرىمىز. جەمئىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ خاراپ ئادەملىرىمىز كۆرمىگىلارچە يېتىپتۇ! ــ قاسىم كېلىپ خاسىيەتنى قۇچاغلىدى، ــ جېنىم خاسىيەت، بۇلار بۈگۈن سىزنى بار دەپ خېلى تۈزۈلۈپ قالغىنى، مەنمۇ سىزلەر بىلەن تونۇشۇشتىن ئاۋال شۇلاردىن پەرقىم يوق بىرسى ئىدىم. سىزلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن كېيىنلا ئاندىن ھاياتىمنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم.” ــ ئۇلار ئىككىسى خېلى كۆنلەردىن بېرى بىر-بىرىنى

كۆرمىگەچكە، چىلىك چاپلىشىپ ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇشتى. ...

شۇندىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' نىڭ بارلىق ئەزالىرى يەنە گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى.

"بۈگۈن بىز نۆۋەتتىكى ھەرىكەت پىلانلىرىمىز ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىمىز. ـ دېدى گۈلباھار ئەتىراپىدىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاۋنىڭ تەكچىسىدىن بىر قاپ 'كامېل ' ماركىلىق تاماكا ئېلىپ ئاغزىنى قوپاللىق بىلەن يىرتىپ ئاچتى. ئاۋال ئۆزىگە بىرتال چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرغىنىدىن كېيىن، قاسىم بىلەن 'يانچۇقچى ' غىمۇ بىرتالدىن چىقىرىپ ئۇزاتتى. گۈلباھارنىڭ نازۇك بۇرنىدىن قىزلارغا خاس بولمىغان بىر شەكىلدە ئاپپاق تاماكا ئىسى پۇرقىراپ چىقماقتا ئىدى. بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان قاسىم، قولىدىكى تاماكىسىنى تۈتاشتۇرمايلا ئاستا كۈلدانغا تىكلەپ قويدى. گۈلباھار قاسىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سەزمىدى ئەتىمالىم، پەرۋاسىزلارچە ئۆز گېپىگە كىرىشىپ كەتتى. ـ بىزنىڭ بۇ شوركا ئۆتكەن ھەپتىدە كېچىلىك رازۋېتكىغا چىقىپ، خىتاي قۇراللىق پاتىرولىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى كۈزىتىپ باققان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئاجىز نوقتىلىرىنىمۇ سېزىپ كەپتۇ. قارىغاندا پىلانلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىنىدىغان بولسا، خىتاي پاتىرولىرىغا كېچىلىك زەربە بېرىش پۇرسىتىنىمۇ يارىتىشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا قاراڭغۇ كوچىلاردا ئىككى گۇرۇپ خىتاي پاتىرولىرىنى بىر-بىرسىگە سېلىپ قويۇپ قېچىپ كېتىشكىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ـ گۈلباھار كۈلداندا تۇرغان تېخى تۈتاشتۇرۇلمىغان تاماكىنى كۆردى بولغاي ئەتىمالىم، قاسىمغا يەر تىگىدىن قاراپ قويۇپ قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن تېخى يېرىمىغىمۇ كەلمىگەن تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سىلەر ئىككىڭلار زايا كېتىسىلەر. ـ ئۇ خاسىيەت بىلەن قاسىمغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـ يەنى دېمەكچىمەنكى، سىلەر زىيالىيلارنىڭ كالاڭپايلىغىڭلاردىن بۇنداق جىددى ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايسىلەر، ئاسانلا بىلىندۈرۈپ قويۇپ، ھېچ نېمە قىلمايلا بىكاردىن-بىكارغا تۈتۇلۇپ ياكى ئۆلۈپ كېتىسىلەر. بۇ ئىشلارغا مۇۋاپىق ئەزا تېپىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھازىرچە بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ 'يانچۇقچى' شوركىمىز ھۆددىگە ئېلىپ ئىختىيارىچە مىدىرلاپ تۇرسۇن. ياكى سىلەرنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئەسقاتقىدەك بىرەر

ئەزالىرىڭلار بارمىدى؟"

"قايسى كۈنىسى كېچىلىك رازىۋېتكىغا چىققىنىمدا، ـ دەپ سۆز ئالدى 'يانچۇقچى '، ـ كېچە قاراڭغۇلۇغىدا بىرسىنىڭ يېنىمدىكى بىر بىنانىڭ بالىكونىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. كوچا بېشىدىن كېلىۋاتقان گۈڭگا يورۇغلۇقتا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ قالغانىدىم. ـ قاسىمنىڭ ئېچىدىن 'كىمدۇ ئۇ؟' دەپ سورىغىسى كېلىپ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. بۇمۇ بىر ئىللەتتە! 'يانچۇقچى ' تاماكىسىنى كۈلدانغا قېقىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـ ئۇ بالىنى مەن خېلى ئوبدانلا تونۇيمەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئويلايدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئەتىسى ئاخشامدا، ھېلىقى بىنادا ئولتۇرۇشلۇق بىر خىتاي چۇجاڭنى ئايالى ۋە يالغۇز ئوغلى بىلەن بىرلىكتە بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. يەنە كېلىپ ئۇ خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا قولاقلىرى كېسىۋېلىنغانمىش. ئۇ چۇجاڭنىڭ ئىچى-باغرىنىمۇ بوشىتىۋەتكەنمىش. شۇڭا، بۇ ۋەقەنى بۇ يىلقى كۆرۈلگەن ئەڭ پاجىئەلىك قاتىللىق ۋەقەسى دېيىشىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ بالا بۇنداق ئىشلارغا تازا ماس كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئىلاھىم بىرەر يەرئاستى قوشۇنغا ئەزا بولىۋالمىغاندۇ."

"مەيلى، ئىشەنچ قىلالىساڭ، شۇ ب الىدىن باشلاپ ئۆزەڭنىڭ تۇغۇندا قوشۇنىڭنى قۇرۇپ ئىش باشلىۋېتەرسەن." ـ دېدى گۈلباھار.

"بۈگۈنگىچە بىز رەسمى بىر شەكىلدە خىتاي ئەمەلدارلىرى تەۋەسىدىن گۆرۈگە ئادەم قاچۇرۇپ باقمىغاندۇق. ـ دېدى خاسىيەت، ـ گۆرۈگە ئادەم بۇلاش شەكىللىرى بىلەن خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۈندۈرىۋېلىشقا بولماسمۇدۇ؟"

"راس دېگەندەك، بۇ يېقىندا بەزى خىتاي جاللاتلىرى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇنداق ۋەھشىلىكلەرگە بىرقىسىم يەرلىك مىللىي مۇناپىقلارمۇ ئالاھىدە ياردەمچى بولىۋاتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭمۇ نوخولىسىنى تارتىپ قويۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشلارمۇ خۇددى خاسىيەت دېگىنىدەك ئادەم قاچۇرۇش، ۋاستىلىق زەربە بېرىش شەكىللىرىدە مەخسۇس قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار. مەن بۇ ھەقتە بىرمۇنچە جاللات-مۇناپىقلارنىڭ تەپسىلى ئادرىسلىرىنى تېپىپ قويغانىدىم." ـ دېدى قاسىم يانچۇقىدىن بىر كىچىك قەغەز

پارچىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپ.

“توغرا دەيسىلەر، بىز بۇ جەھەتتىمۇ ۋەزىپە بەلگۈلەپ ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ــ گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزالىرىغا كۆز يۈگۈرتكەچ دېدى، ــ بولۇپمۇ خەلقىمىزنى ناھەق جازالاشقا پىلان تۈزۈشۈپ بېرىۋاتقانلار، جازالاشقا قاتناشقانلارنى مىللىتى، جىنسى، ۋەزىپىسى، بىلىمى، يېشى، ئىختىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەرگىزمۇ رەھىم قىلماستىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق چارىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى، ئەتراپىدىكىلەرنى ياكى يېقىنلىرىنى قىساس ئېلىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇتلەق تۈردە جازالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كەلمەكتە. بۇنداقلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىغا، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە تېنىم تاپماي ئېغىر زىيانلارنى سېلىشىمىز لازىم! قاسىم، سىز قولىڭىزدىكى تىزىملىك ئاساسىدا تېزلىكتە بىر تەپسىلى جازالىنىدىغان نامزاتلار تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ كېلەر قېتىملىق يىغىلىشىمىزغا قالماي ماڭا بېرىڭ.”

“مېنىڭچە، ــ دەپ گەپ قىستۇردى خاسىيەت، ــ بىز ھازىرچە مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىپ، ئۆزىمىزنى كوچا ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشقا چېنىقتۇرۇپ، ئاندىن كېچىلىك ھەرىكەتلەرگە ئۆتسەكمىكىن دەيمەن. بولۇپمۇ كېچىلىك ھەرىكەتلەردە قۇراللىق بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قېلىشلاردىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، تىزىملىك چىقارغىنىمىزدا شۇ پاتىروللارنىڭ بىر قانچىسىنى تىزىملاپ چىقىشقا تىرىشسىڭىز قانداق قاسىم؟”

“بىزنىڭ خاسىيەتمۇ ياخشى پىكىرلەرنى قىلالايدىكەن-ھە! ــ گۈلباھار خاسىيەتكە قاراپ بوم ھىجىيىپ قويدى، ــ شۇنداق قىلىڭ ئەمىسە قاسىم، كۆچىمىز يەتمەيدىغان ياكى بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئوبىكتىپلارنى كېلەر قېتىملىق مۇزاكىرىدە تاللاپ چىقىپ خەلقىمىز ئارىسىغا تارقىتىۋەتەرمىز بولمىسا. ئۇندا قلارنىڭ جازاسىنى باشقىلار بەرسۇن.” ــ دەپ يىغىننى خۇلاسىلاپ، بەزىلەرگە يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى بېرىپ يىغىنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

سورۇندىكىلەر بىرقۇر يەڭگىل نەپەس ئېلىشىپ، چۇقۇرۇشۇپ يۈرۈپ تاماققا تۇتۇش قىلىپ كېتىشتى.

بۈگۈنكى سورۇندا ھاراق ئىچىلمىدى. ئەمما جوزىدا بىرقانچە شىشە ئېسىل

ۋىسكى-تاتلىق ھاراقلار ئاغزى ئېچىلغان، رومكىلارغا ئاز-تولا قويۇلغان ھالدا تۇردى. ئۈستى بېشلىرىغا ئەتتىردەك سېپىپمۇ ئېلىشقاچقا، ئۆي ئىچى سېسىق ھاراق پۇرۇقى بىلەن تولغانىدى. جوزىدىكى ھاراق پوتولكىلىرىغا گۈلباھاردىن باشقىلىرى زادىلا دىققەت قىلىشمىدى. پەقەت، بىچارە گۈلباھار ئۇياق-بۇياققا ئۆتكىنىدە باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە ھاراق پوتولكىلىرىغا مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ، ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ قوياتتى. ...

مەلۇم بىر دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرى خېلى ئايلاردىن بېرى ئۇنى يوقلاشمىغانىدى. ئۇ، يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇ بىرقانچە ئ ايدىن بېرى توپلاپ يۈرگەن يېقىنلاشقىلى بولمايۋاتقان ياكى ئېنىق ئادرىسلىرىنى تاپالماي كېلىۋاتقان قانخور جاللاتلار ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنى خەلقى ئارىسىغا تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن تىزىملىكتىكىلەرنىڭ تەپسىلى ئادرىس ۋە قىسقىچە جىنايەتلىرىنى رەتلەپ يېزىپ ئولتۇراتتى.

كونا ئۆلپەتلىرى بىر بېسىپ، ئىككى دەسسەپ كىرىپ كېلىشتى. ئەڭ ئاۋال كىرگىنى پېشقەدەم 'ساقى' بولدى.

"نېمە دېگەن زىرىكىشلىك كۈنلەر بۇ! ئادەم ئەتىدىن كەچكىچىلا قورقۇپ يۈرگەن. يا بىر يەرگە ئەركىن بارالمىغان، بىرەرسىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ بىرەر رومكا ئىچەلمىگەن." ـ 'ساقى' رەسمىلا غۇدۇڭشۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئىشتان يانچۇقىدىن بىر پوتولكا ناچار بىر ھاراقنى چىقىرىپ، دوسلىرى كەلگىچە بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شىشىنىڭ ئاغزىنى مىڭ تەستە ئېچىپ رومكىغا سېسىق ھاراقنى تولدۇرۇپ گۈپپىلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق ھاراقنى يۇتقاندىكى بۇ تۇرقىنى قاسىم ئەمەس، ئالۋاستى كۆرسىمۇ قورقۇپ يەتتى قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە قېچىپ كەتكەن بولاتتى! 'ساقى' نىڭ چىرايىدا ئادەم سىياقى قالمىغانىدى.

"ئۇ پوتولكاڭنى ماڭا تاشلاپ قوي ئاداش. ـ قاسىم دوستىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا چىدىمىدى، ـ ئىشكاۋىمدا خېلى ياخشى بىر داچۈي باردەك قىلىۋاتاتتى. شۇنى ئېلىپ بېرەي ساڭا." ـ دېگەچ بېرىپ ئىشكاپتىن ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر پوتولكىنى چىقىرىپ 'ساقى' نىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويدى.

"پاھ، پاھ، پاھ! بۇ ھاراقنى بىرەر يىلدىن بۇيان كۆرمىگەنىدىم دېگىنە! ـ

‹ساقى› تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالدىراش شىشىنى ئېلىپ ئاغزىنى چىشلەپلا ئېچىۋەتتى. پوتولكىنىڭ ئاغزىنى ئىتتىك بۇرنىغا تۇتۇپ چوڭقۇر بىر تىنىپ پۇرىۋالدى، ـ جىڭ هاراق دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ دېگىنە ئاداش. ـ ئۇ رومكىنى تۇشقۇزۇپ گۈپپلا قىلىپ بىرنى كۆتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بۇ ‹ئېسىل هاراق› تىمۇ ئاخشاشلا بايىقىدەك پۈرلىشىپ كەتتى، ـ تازىمۇ ياخشى كەلدى بۇ بىر رومكا. قارىمامسەن، تۈزۈلۈپلا قالدىم دېگىنە! ـ قاسىم دوستىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئۆلگەن چىرايى تېخىمۇ ياخشىراقمىكىن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ‹ساقى› تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ دېدى، ـ ئاغىنىلىرىمىز هازىر كېلىدۇ ھەقىچان. تۈنۈگۈن سېنىڭكىگە يىغىلىشنى دېيىشىۋالغانىدۇق. قارىمامسەن ئاداش، بىزنىڭ ‹موخوركىچى› دوستىمىز نەشە دېگەن شۇ تىزەكتىن تۈگۈشۈپلا كەتتى دېمەمسەن. يامان بولدى ئۇنىڭغا، قانداق قىلساق بولاركىن ئۇ ئاغىنىمىزنى؟› ـ ‹ساقى› ئۆزىنىڭ ھالىمۇ ئۇنچىلىك ۋاي دېگۈچىلىكى قالمىغانىدى. يۈز-كۆزى ئىششىپ، قارىداپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. قاسىم بۇ ئاغىنىلىرىدىن پات يېقىندا ئايرىلىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. بۇ ئارىدا، قالغان ئىككىسىمۇ كىرىپ كېلىشتى.

"دېمىدىممۇ، بۇ ‹ساقى› دا ئاغىنىدارچىلىق دېگەن نەرسە تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنى ساقلىمايلا ئىشنى باشلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!" ـ ئالاهىدە يوسۇن چىقىرىپ كىيىنىۋالغان ‹خەۋەرچى› سۆزلىگەچ كىرىپ پالشوپكىسىنى سېلىپ بىر يانغا قويدى. راس دېگەندەك، ‹موخوركىچى› ئاغىنىسىنىڭ كىيىملىرى مايلىشىپ پارقىراپ تۇراتتى. چىرايىمۇ سۇپ-سۇر بولۇپ غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى چوڭقۇرلاپ ئوغرىنىڭكىدەكلا خۇنۈك پارىلدايتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئىچىشكە تەييارلاندى. بۇ ئارىدا ‹موخوركىچى› يانچۇقىدىن كىچىك بىر تۈگۈنى چىقىرىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يېشىپ، يېشىل رەڭلىك ياغاقتەك بىر كومۇلاچنى چىقىرىپ بۇغدايدەك-قۇناقتەك ئۈزۈپ ئالقىنىدا ئۇۋىلاشقا باشلىدى. ئاندىن ‹تارانچى› قىلىپ گېزىت قەغىزىدە ئورىۋالغان نەيچە ئىچىگە كۆك تاماكىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بىرقات تاماكا، بىرقات كومۇلاچ قىلىپ تىزىپ توشقازدى. ئاندىن نەچچە تال سەرەڭگە بىلەن لاپىلدىتىپ يالقۇن چىقىرىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىچىگە تارتىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ بەتتەر ساغرىپ قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىرىۋاتۆتتى.

“نەدىنمۇ تاپتىڭ شۇ پاسكىنا نەرسىنى! ـ دېدى ‘ساقى’ دوستىنىڭ سامانداەك ساغرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، ـ ئۆزەڭگە هاي بەرمىسەڭ تۉگۉشۉپلا كېتىسەن ئاداش. هېلىمۇ چىرايلىرىڭ هەلىمە قورۇقنىڭكىدەك قورقۇنۇچلۇق تۉسكە كىرىپ قاپتۇ دوستۇم. بۇ نەرسە ساڭا ياراشمىدى.”

“بۇ كۉنلەردە تۉگەشمىگەن يەنە كىم بار دەيسەن؟ ـ ‘موخوركىچى’ پەلىگىنى قايتىدىن چوڭقۇر بىر نەچچىنى تارتىۋېلىپ، ئاغزىدىن تۇتاشمايۋاتقان مەشنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئىستەك ئاپپاق ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ، ـ سەن ماڭا دېگىچە ئاۋال ئۆزەڭنىڭ چىرايىغا بىر قارىغىنە، خاڭدىن چىققاندەكلا قارىداپ كېتىپسەن. سەنمۇ رەسمىلا زابوي بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ! مۇشۇ مېڭىشىڭدا پات-يېقىندا بىز بويتاقلار قوشۇنىغا ئەزا بولىشىڭدا گەپ يوق.”

“دېمىسەڭمۇ بىزنىڭ ‘ساقى’ بىرنەچچە هەپتىدىن بېرى ئۆيىدە بويتاق يالغۇز تۇرىۋاتىدۇ. ـ دېدى ‘خەۋەرچى’ ئاشخانا ئۆيىدىن چەينەك-چىنىلارنى كۆتۉرۉپ كىرىۋاتقان قاسىمغا قاراپ، ـ ئۇنىڭغا خوتۇن-بالىلىرىدىن مۇشۇ هاراقنىڭ تەمى بەكرەك مۇهىم بولۇپ قالدى.”

“سەن قالدىڭ ئەندى ماڭا تەربىيە قىلمىغان، ـ دېدى ‘ساقى’ قولىدىكى هاراق رومكىنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ـ دېمىسەڭلارمۇ زېرىكىشتىن جېنىم چىقايلا دەپ تۇراتتى... ـ ‘ساقى’ دەرهال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، ـ ئاغىنىلەر، ئەسلىدە شۇ تېرروررچىلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ خېلى تۉزۉكتەك قېلىدۇ. بۇ كۉنلەردە ئادەم يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يۉرگىچە، بىرەر خىتاينىڭ مېڭىسىنى چېچىۋېتىپ بولسىمۇ راهەت ئۆلگەن ياخشىمىكىن دەيمەن!”

“نېمە بولدى ساڭا بۇ يېقىنلاردا؟ ـ قاسىم چاي قۇيغاچ دېدى، ـ پۉشقاقتىن چىققاندەكلا ئۇ پاراكەندىچىلەرنى ماختىغىلى تۇردۇڭغۇ؟ بۇ هالىڭ بىلەن بىرەر تۉكى يوق بالاغا قېلىپ يۉرمىگىن يەنە. ئۇلارنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتىڭ.”

“بۇرۇنقى گەپلەر كىمنىڭمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ دەيسەن، ـ ‘ساقى’ قولىدىكى رومكىنى كۆتۉرىۋېتىپ ئاغزىنى قولىنىڭ تەتۉرسى بىلەنلا سۉرتكەچ دېدى، ـ بۉگۉن، بۉگۉننىڭ گېپىنى قىلىسەن. ئوقۇمىدىڭمۇ هېلىقى كىتابلارنى؟ هە، راس، ئۇ كىتابلارنى ساڭا بېرىمەن دەپ بەرمىگەنىمىدىم؟ ئۇ كىتابتا بىزدەكلەرنى قورقۇنچاق خائىنلار دەپ كېسىپلا هۆكۉم قىلىنىۋەتكىنىنى دېسەڭ، ئەسلىدە بۇ

قالپاقمۇ بىزدەكلەرگە خېلى دۇرۇس كەيگۈزۈلگەن قالپاقتەك قىلىدۇ. دېمىسىمۇ بىز راستىنلا خىتايغا تەخسكەشلىك قىلىپ قۇرسىغىمىزنى بېقىپ يۈرگەن مىللىي پارازىتلاردىن بولماي نېمە؟ راس، ئاخشام ئىدارىدىكى خىتايلارنىڭ بىر-بىرسىگە پىچىرلىشىپ تۇرۇپ دېيىشكەن گەپلىرىدىن قارىغاندا، خىتايلارنى بوغۇزلاپ، پارتلىتىپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭمۇ بارلىقىدىن گۇمان قىلىشىدىكەن. بىزدەك شۇنچە كۆپ ئەرلەر تۇرغان يەردە، بۇنچە خەتەرلىك ئىشلىرىمىزغا خۇتۇن خەقلىرىمىزنىمۇ سېلىپ قويغان بولساق، بۇ جاننىڭ تازىمۇ قىممىتى قالمىدى دەڭلا. خىتايلارنىڭ دېگىنى راس بولغىنىدا، ئۇ قىزلارنىڭ يۈرىكى بىز ئەر خەقلەرنىڭكىدىن خېلىلا يوغان بولسا كېرەك؟ ... تووۋا دېمەي بولمايدۇ بۇ ئىشلارغا.“

”نېمىگە تووۋا دېمەكچىسەن؟“

”يا دەيمەندە، نېمە دېگەن قورقماس يۈرەكلىك قىزلاردۇ ئۇلار، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.“

”يەتتى قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، رىزىۋانگۇل دېگەنلەرگىمۇ ئىشەنمەمتىڭيا؟“ ــ ‘موخوركىچى’ ئۇنىڭغا قاراپ دېدى.

”ئاغىنىلەر، قۇرۇق گەپنى قويۇپ جىم تۇرۇڭلارچۇ بىردەم. مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغانغا بىرنەرسە تېپىپ كەلگەنىدىم.“ ــ دېگىنىچە، ‘خەۋەرچى’ يېنىدىن بىرۋاراق نەرسىنى چىقىرىپ ئەمدىلا ئوقۇشقا كىرىشۋىدى، ‘ساقى’ ئۇنى ئوقۇشتىن توختاتتى:

”قوي، بولدى ئوقۇما ئۇنى. ئالدىمىزغا ھاراقنى ئىتكلەپ قويۇپ دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشساق يامان بولىدۇ. بايا دېگىنىڭدەك چەتئەللىكلىرىمىز توغرىسىدىكى نەرسەڭ بولسا يەنە ئوقۇغىنە، شۇنى ئېنىق بىلگىم بار ئىدى.“

”ئۇنچىلىك خۇدادىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتىكەنمەن. بولمىسا ئالدىڭدىكى پوتولكىنى ئېلىۋەتەيمۇ-يا؟“

”بولدى، بولدى. شۇنداق دەپ قويسام بىر دوملاپلا قارىم بولىۋالماڭلار يەنە. بايا مەن سورىغانغا بىرنېمە دەپ باقامسىلەر قېنى. ــ ‘ساقى’ شۇنداق دېگەندەك قىلسىمۇ يەنىلا ئالدىدىكى پوتولكىنى ئاستا جوزىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى، ــ شۇ تەشۋىقات ۋارىقىدا چەتئەل كۆچلىرىنىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ بىزنىڭ

ئىشلىرىمىزنى ھەل قىلغۇزۇپ بېرىش دېگەندەك مەسىلىگە بەكلا ئۈمىدۋار قارىغاندەك قىلىشامدۇ نېمە؟ دېمىسىمۇ بۇ خىتايلارنى شۇنداق بىر كۈچ كېلىپ قوغلاپ بەرمىسە، بىز خەق بۇنى زادىلا كېلىشتۈرەلمەيمىز. شۇڭا، ئۇ ماقالىدە يېزىلغان سىياسىي جوغراپىيىنى ئالاھىدە مۇھىم دېيىشىنى ئېنىق بىلگىم كېلىدۇ. بۇ مەسىلە بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنىڭ جان يېرى ئەمەسمۇ؟"

نەشكەش دوستى، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇراتقان ئىككىنچى پەلەك موخوركىسىغا سالغان يېشىل دانچىلىرىنى تەكشىلەپ تىزىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى.

"مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ۋاراقتا يېزىلغانلار چەتئەل كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. دېمىسىمۇ قايسى بىر يىللىرىدا نيۇ يورك‌تىكى 'قوشكېزەك بىنا پاجىئەسى' دىن ئۆچ ئالىمىز دەپ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغانىستان بىلەن ئىراققا كىرىپ خىتايلارنى بەكلا ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ جەنۇبىي قوشنىمىز بولغان پاكىستاننى خىتاي تەسىرىدىن ئايرىۋېتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقى خىتايلارنى بەكلا ھولۇقتۇرىۋەتكەنىدى. ئۇندىن كېيىن يەنە تۈركىيىنىڭ ئافغانىستانغا ئەسكەر كىرگۈزىشى، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا ئۇرۇنۇشلىرى، شىمالى ئاتلانتىك ئەھدىت تەشكىلاتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى پائالىيەت نىشانىسىنى شەرققە قاراپ كېڭەيتىۋاتقانلىقى خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى يولدىن چىقىرىپ قويۇش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزگە جىددى شەكىلدە ھەربى يۆتكەشكە مەجبۇر بولۇشقانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈركىيەدە، ياۋروپادا، ئامېرىكىدا تۇرىۋاتقان مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز قانات يايدۇرىۋاتقان خەلقئارالىق تەشۋىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن ئىكەن. دېمەكچىمەنكى، بىز بۇ يەردە بىكاردىن-بىكارغىلا ئۆلۈپ بېرىپ، بىرمۇنچە تونۇش-بىلىشلىرىمىزنىڭ بېشىغا بالا تېرىپ يۈرگىنىمىزدىن، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقىنىدەك چەتئەل كۈچلىرىنى كۈشكۈرتۈپ خىتايلارنى قورقۇتۇپ بۇ يەردىن قاچۇرۇش مەخسىدىگە يېتەلەيدىغاندەك قىلىمىز. شۇنداق بولغىنىدا بىزدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، خىتايلار چەتئەللىك بىلەن ھەپىلىشىمەن دەپ بىزگە چولىسى تەگمەي قالىدۇ." —

‘خەۋەرچى‘ مەغرۇر قىياپەتتە ئەتىراپىدىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ‘ساقى’ غا ئىشارەت قىلىپ بىر رومكا قۇيدۇرۇپ كۆتۈرىۋەتتى.

“ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ تۇرايلى دېگىنە! ــ دېدى ‘موخوركىچى’ يەنە يېرتىق پۇشقاقتىن چىققاندەكلا گەپ قىلىپ، ئاندىن ئۇ قولىدىكى موخوركىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ دېگەندەك، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرى توغرا بولغىنىدا، خىتايلار قورقۇپ قېچىش ئورنىغا يۇرتىمىزدىكى ئەسكەر سانىنى بۇرۇنقىسىنىڭ بىر ھەسسىسىگە يېقىن كۆپەيتىپ نېمە قىلاتتى؟ مانا بۈگۈن نەگىلا قارىساڭ قۇراللىق خىتاي.”

“توغرا دەيسەن. سېنىڭ مېڭىلىرىڭنى نەشىدىن بۇلغۇنۇپ پىكىر قىلالماس بولۇپ كەتتىمىكىن دېسەم، ئازراق قالغاندەكمۇ- قانداق؟”

“بولدى قىلىڭلار بۇ بولمىغۇر گەپلەرنى. ــ قاسىم گەپكە ئارىلاشتى، ــ بايىقى شۇ دىن توغرىسىدا يېزىلغانلىرىنىمۇ بىر ئوقۇپ باقامسەن؟ ھەرقانچە دېگەن بىلەن، بىز بەرىبىر مۇسۇلمان باللىرىغۇ.”

قولىدىكى رومكىنى بوشىتىپ تۇرغان ‘ساقى’، رومكىنى قويۇپ ئالدىدىن يىراغاراق ئىتتىرىپ قويدى:

“مۇسۇلمان باللىرىمىش تېخى! بىزنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟ ئىچىشىمىز ھاراق، چېكىشىمىز نەشە، قىلىۋاتقىنىمىز پاشىۋازلىق! مۇسۇلمان دېگەن بەش ۋاقىت نامىزىنى تاشلىمايدىغان تەقۋادار، يالغان سۆزلىمەيدىغان، مۆلايىم، رەھىمدىل، ھارامغا يېقىن يولىمايدىغان كىشىلەردىن بولىشى كېرەك. بىزچۇ؟ بىز دېگەن خىتايلاردىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتكەنلەرمىز! ھە، شۇ تېررورچىلارنى دېمەمسەن، بوغۇزلاۋاتقان، ئۈچەي باغرىلىرىنى چۇۋۇۋېتىپ بارغان، بۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىشلار يەنە شۇ بىزدىن چىقمىدىمۇ؟ بىز خەقنى دېمەيلا قوي. دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى بىرسى بىزدىن تۈزۈكرەك؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپالىقلارنىڭ، ھەتتا رۇس، ياپون، خىتايلارنىڭ قولىغا قارىشىپ يۈرمەمدۇ؟ سىلەردىن قايسى بىرىڭلار كۆردۈڭلار قېنى، ‘ما دې ئىن مۇسۇلمان دۆلىتى ‘ دەپ يېزىلغان بىرەر نەرسىنى سېتىۋالغىنىڭلار ياكى كۆرگىنىڭلار بارمۇ؟ ...”

“مەن كۆردۈم، ــ دەپ ‘ساقى’ نىڭ گېپىنى بۆلدى ‘خەۋەرچى ‘، ــ خۇرما، ...”

“مەنمۇ كۆردۈم، ما دې ئىن تۈركىيە دېگەن پېچىنە بار ئىكەن. ...”

“چاخچاقنى قويۇڭلار، ــ ‹ساقى› قايتا گېپىنى تارتىۋالدى، ــ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسىغا خۇدايىم قارامايىنى بەرگەنىكەن. بولمىسا نېمە قىلار بولغىيدىكىن. تېخىمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ! مۇسۇلمانلار، ... بىز خەق ئۆلگەندە نامىزىمىزنى چۈشەرتىش ئۈچۈنلا مۇسۇلمان بولىۋالىمىز ھەقىچان!”

“راس دەيسەن، ــ دېدى ‹خەۋەرچى› ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ بىز پەقەت ئۆلۈم ئۈچۈنلا مۇسۇلمان بولىۋالىمىز. گويا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلۈشلا بولىدىغاندەك گەپ قىلىشىمىز. ئەگەر مۇسۇلماندارچىلىق ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئەسقاتىدىغان بولسا، خۇدايىم بۇ دۇنيانى نېمىشقا شۇنچە مۇرەككەپ قىلىپ يارىتىپ بىزگە ئامانەت قىلدىم دەيدۇ؟ شۇنچە كۆپ پەيغەمبەرلەرنى نېمىشقا ئېۋەرتىپ تۇردى؟ «قۇرئان» نى نېمىشقا چۈشۈردى؟ ھېچ نېمە قىلماي جەننەتزدا ئولتۇرۇپ بۇ دۇنيالىق ئىمتىھانغا قاتنىشىۋاتىمەن دەيدىغان مۇسۇلمانچىلىقنى خۇدايىممۇ ياخشى كۆرمىسە كېرەك؟ مېنىڭچە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا بىر مەسىلە باردەكلا قىلىدۇ.”

“ئاغىنىلەر، سىلەر بۈگۈن ئىشنى بۇزدۇڭلار جۇمۇ! ئەندى بۇ رومكىلارنى يىغىشتۇرماي بولمىدى. ھېچنېمە قىلالمىساقمۇ، دىن ئۈستىدە پاراڭ بولغاندا بولسىمۇ ئالدىمىزدىن ھاراقنى ئېلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك.” ــ ‹ساقى› ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ يۈرۈپ پوتولكا-رومكىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئىشكاپقا تىقىشقا باشلىدى.

“دېگىنىڭنىڭ يولى بار. ــ دېدى قاسىم ‹خەۋەرچى› ئاغىنىسىگە قاراپ، ــ خۇدايىم بىزنى بۇ دۇنياغا نېمىشقا ئېۋەتتى؟ ...”

“ھە، ئەندى ئەقلىڭنى تاپتىڭ قاسىم. ئارىمىزدا ئىچمىگەن سەن بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگىنىدىمۇ سەن قىلىشىڭ كېرەك. قېنى دېگىنە، بۇ ھەقتە سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ باقايلى.” ــ ‹ساقى› جوزىدىكى تاتلىق تۈرۈملاردىن يىگەچ قاسىمغا قارىدى.

“راس دېگەندەك، بۈگۈنكى ئىسلام قاراشلىرىدا قانداقتۇر بىر چاتاق بار دېگەننى مەنمۇ پات-پاتلا ئويلاپ قالىمەن. بۇرۇنقى ئىسلام قاراشلىرى ئىلمىي تەرەقىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارغانىكەن. ئەمما ئون-ئون ئىككىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى يېڭى ئىزدىنىش

باسقۇچىغا مۇھتاج بولىۋاتقىنىدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى توختاپ قېلىش، ھەتتا چېكىنىش باسقۇچىغا كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كۆزقارشلىرىمۇ بىرخىل قاتماللىققا كىرىپ قېلىپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىگىنى سەزدىم. بايىقى سوئاللارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى مانا مۇشۇ جەھەتتە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. يەنى، بۇ دۇنياغا بىزنى نېمىشقا ياراتتى؟ بۇ مۇرەككەپ ئەمما تولۇق قانۇنىيەتلىك بىر دۇنيانى بىزگە نېمىشقا رىسق قىلىپ ئامانەت قىلىپ بەردى؟ بىزنىڭ بۇ مېڭىمىزنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇرەككەپ ھۈجەيرىلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ بەرگەن؟ بۇ ئالەمدىكى ماددىلارنى نېمە ئۈچۈن ئېنېرگىيەلەر ھالىتىدە، جىسىملار ھالىتىدە، مالېكۇلا، ئاتوم، يادرو زەررىچىلىرى، فوتون، ... لاردىن ياراتتى؟ خۇدا كائىناتقا بۇ ماتېرىياللارنى پەيدا قىلىپ، بىزنى ئۇلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىشقا، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇشقا بويرۇق قىلمىدىمۇ؟ شۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ بىردىن-بىر ئەڭ مۇكەممەل كائىناتنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپېلىشىمىز، شۇ ئاساستا ئىرادىمىزنى، ئېتىقاتىمىزنى سىناشقا بويرۇق قىلغىنى مۇقەررەر. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا بىزگە ئامانەت قىلغان بۇ بايلىقلارنى بىلىشىمىز، پايدىلىنىشىمىز ۋە ئىشلىتىش قانۇنلىرىنى، بىلىملىرىنى، تېخنىكىلىرىنى بوشاشماي، يېنىۋالماي، جاپاسىدىن قورقماي ئۆگۈنۈش، بىلىۋېلىش، كەشىپ قىلىش ۋە پايدىلىنىشلارنى ۋەزىپە قىلدى. بولمىسا خۇدايىم قىلىدىغانغا ئىشى يوق بۇخىل ئېنېرگىيىلەرنى، سېكونتىغا ئۈچ يۈز مىڭ كېلومېتردىن ئۇچۇپ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىدىغان ئاتوم يادروسى، ئېلېكترونلار، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئوربىتالىرى، فوتونلارنى ياراتقان بولمىغىيدى؟ ۋەياكى ئۇلارنى دىنسىزلار پايدىلىنىپ خۇداغا ئىشىنىدىغان بىز مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلىپ ئوينىسۇن دەپ بەرمىگەندۇ؟ بۇ دېگەنلىك ماددىي دۇنيانى، كائىناتنى ئۆگەن، كەشىپ قىل ۋە ئىشلەت دېگەن گەپ. دېمىسىمۇ خۇدايىم بىزگە بۇ مىليونلىغان كىتابلارغا يېزىلىدىغان بىلىملەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلىگىدەك مۇكەممەل ئىشلەيدىغان مېڭىمىزنى بېشىمىزغا سېلىپ بىر ئۆمۈر كاۋىدەك كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمىزگە بەرمىگەندۇ؟ ياكى بۇ مېڭىمىزنى پۇل، مال، ئويۇن-كۈلكە، ... دېگەندەكلەر بىلەن تولدۇرۇپ كېلىڭلار دەپ بەرمىگەن بولغىيدى؟ ئۇنى قۇرۇق كۆتۈرۈپ بارساق، ئاخىرەتتە چوقۇم ئۇنىڭ سورىقىغا قالىمىز. ھەتتا ئەڭ چوڭ

سورىغىدا قالىمىز! ئويلاپ كۆرۈڭلار، دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكىدەك بىلىملەرنى كەشپ قىلغان ئەيىنىشتېيىنىنىڭ مېڭىسىمۇ ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئارانلا ئۈچ-بەش پىرسەنتى ئىشلىتىلگەنىكەن. ئەگەر ئۇنىڭدەك مېڭە ئىشلىتەلەيدىغان ئادەمدىن بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئون كىشى بولغىنىدا يەنە قانچىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەمسىلەر؟ ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئون-يىگىرمە مىليوندىن شۇنداق زاپاس مېڭىمىز بار! بىز ئۇنچىلىك كەشپىيات تۇرماق، شۇ ئۆلۈمتۈك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۈچۈنمۇ بۇ مېڭىنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز. بۇنىڭ ئاخىرەتتىكى سورىغىنى ئەندى ھېساپلاپ بېقىڭلارچۇ؟"

"دېگىنىڭىزنىڭ خېلى جېنى بار گەپلەر ئاداش. ئەسلىدە سورۇلىدىغان ھېساپ شۇ بولسا كېرەك. ـ دېدى 'ساقى' گەپ قىستۇرۇپ، ـ خۇدايىم سەندىن پۇل-مېلىڭنى سورىمايدۇ. مېڭەڭگە قاچىلىغان خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىلىمىڭنى، ئۇ بىلىمدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشىلىقلىرىڭنىلا سورايدۇ. بۇنىسى ئېنىق!"

"ئۇنداق بولسا، خۇدا بىزدىن تاپشۇرغان بۇ ئالەمنى تونۇش، ئۇنى كەشپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلاردا پايدىلىنىشنى بىزگە ئىمتىھان قىلىپ بەرگەن بولسا، بىز بۇنداق بىلىم، بۇنداق تېخنىكىنى ئۆگىنىش، كەشپ قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مۇھىتىنى يارىتىشىمىز، ئۆزىمىزگە بۇنداق مۇھىتنى يارىتالمىساقمۇ ئەۋلاتلىرىمىزغا يارىتىپ بېرىشنى بۈگۈنكى ۋەزىپىمىز قىلىشىمىز كېرەك دېسەك توغرا بولامدۇ؟"

"سەن يەنە گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ۋەتەننى دۈشمەنىڭدىن تارتىپ ئېلىش ئىشى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ئورۇندىكى ۋەزىپىمىز دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلمەكچىمۇسەن؟ ـ 'ساقى' تاماكىسىنى چەككەش گەپ قىلدى، ـ قارىغىنا شۇ ھالىمىزغا، بىزدىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا لايىق بىرەر سۈپەت كۆرەلەمسەن؟"

"ھاراقنى، نەشىنى، تاماكىنى ۋەتەندىن ئۈستۈن كۆرسەك، نۇرغۇن كىشىلەردەك پۇل-مالنى، ھاۋايى ھەۋەسنى، ئابرۇينى، ئويۇن-تاماشىنى ۋەتەننىڭ ئالدىغا قويىۋالساق، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش لاياقىتىگە ھەرگىزمۇ ئىگە بولالمايمىز. بۇ دېگەنلىك ئويىنمايلى، پۇل-مال دېمەيلى، ئۆي، خوتۇن-بالا دېمەيلى، ئابرويىم

دېمەيلى دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بىز ‘ئۆزەمنىڭ ۋەتىنىدە ئوينايمەن، باي بولىمەن، ئابرويلۇق بولىمەن ’ دەيدىغان غايىگە كېلەلىسەكمۇ ھازىرچە يېتەتتى. بۇ غايىلارنىڭ ھەممىسىلا ۋەتەننى ئالدىنقى شەرت قىلماقتا. ــ قاسىم بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بۇنداق بىر ۋەتەننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ۋەتەننى بىزدىن تارتىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاۋال دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىش باشلاشقا مەجبۇر ھالغا كېلىپ قالدۇق، ...”

“گېپىڭنى ئۈزارتماي ‘ئىزچى مەن’ نىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقان يولىنى تۈتايلى دېگىنە. سەن نەلەردە يۈرۈپ ئۇ كىتابلارنى بۇنچىلىك پۇختا ئوقۇۋالدىڭ؟ ــ ‘ساقى’ گەپنى بۆلدى، ــ سېنىڭچە بولغاندا، بۈگۈنكى تېررورچىلىقنىڭ ...”

“تېررورچىلىق ئەمەس، ۋەتەنپەرۋەر پىدائىيلار ھەرىكىتى دېمەمسەن! ئۆزەڭنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپ سىرتتىن كەلگەن يات زومىگەرلەرنى قوغلاش ھەرىكىتىنى ...”

“بىلىمەن! ــ ‘ساقى’ لوقما سالغان ‘موخوركىچى’ غا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ دېدى، ــ بۇنداق ئىشلارنى ‘ئىزچى مەن ’ دېگىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى دەيدۇ، خىتايلار بولسا تېررورچىلىق دەيدۇ. دەپ بېقىڭلارچۇ، شۇ ‘تېررورلۇق ’ دېگىنى زادى قانداق گەپ؟”

“تېررور، تېررورلۇق، ... ــ ‘خەۋەرچى ’ ئەتىراپىدىكىلەرگە قاراپ دېدى، ــ قۇرالسىز ئادەملەرنى ئۆلتەرگەنلەر، ياكى بولمىسا قۇرال تۇتۇش ھوقۇقى بولمىغان پۇخرالارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشىغا دەمدىكىن ھەقىچان. مەن بىر ئىنتېرنېت بېتىدە مۇنداق بىر گەپنىمۇ كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، ئۇنىڭدا ‘تېررورچى دېگەن ئاتاققا قالماسلىق ئۈچۈن پۇخرالاردىن پەرق قىلىدىغان كىيىم كىيىپ ئۇرۇش قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا يىراقتىن پەرق قىلىشقا بولىدىغان يەڭ بەلگىلىرى، ئىزنەك-پاگونغا ئوخشايدىغان بەلگىلەرنى تاقىۋالغان بولۇشى كېرەك’ دەپ يېزىپتۇ.”

‘ساقى ’ ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىغا ئىككى قولىنى تىرەپ تۇرۇپ ئەتىراپىدىكىلەرگە بىرقۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن كەينى ئۈزۈلمەس سۇئاللارنى قويۇشقا باشلىدى:

“نەدىكى قۇرۇق گەپلەرنى تاپىدىكەنسەن ئاداش. ئۇنداق بولسا، بۈگۈنگىچە

بولىۋاتقان ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلەرنى بومباردىمان قىلىپ سانىسىزلىغان قۇرالسىز پۇخرالارنى، ھەتتا نارسىدىلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە نېمە دەيسلەر؟ پارتىزانلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھوقۇقىنى كىم بېرىدۇ؟ ھۆكۈمەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ پۇخرالىرى مەخپى تەشكىللىنىپ يەرئاستى زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىدىن ئىش باشلىغانلارنى نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟ ھەممە كۆرەلەيدىغان، يىراقتىن پەرق قىلغىلى بولىدىغان، ئاشكارە تونىغىلى بولىدىغانمىش! ھېچنىمە قىلمايلا دۈشمەنگە ئۆزۈڭنى تونۇتۇش، كەينىدىنلا قولغا چۈشۈپ بېرىش دېگەنلا گەپنى ئايلاندۇرماي. ياق! ھاراقتىن ھەرقانچە بۇلغىنىپ كەتكەن بولسامۇ بۇنداق پەتىۋالىرىڭغا قوشۇلالمايمەن. ياق، ياق، شۇ ئىزچىمەننىڭ دېگىنى پۈتۈنلەي توغرا. ئۇنىڭ دېگىنىدىن باشقا قۇتۇلۇش چارىمىز قالمىدى بىزنىڭ! بىز راستىنلا تۈگىشىپ كېتىۋېتىپتىمىز ئاغىنىلەر. قارىغاندا كالللىمىزنى سىلكىۋېتىدىغان ۋاقىت كەلگەندەك قىلىدۇ بىزنىڭ!" ــ ئۇ رەسمىلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ھەممە جىمىپ قالدى.

'ساقى' قولىدىكى يېرىمى تۈگىمىگەن تاماكىسىنى كۈلدانغا پاتۇرۇپ ئەزدى. ئەندى ئۇنىڭ قوللىرى تىترىمىگەندەك قىلاتتى. ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپىدىكىلەرگە بىرمۇ-بىر تىكىلىپ قاراپ چىقتى. ئاستا بېرىپ ئىشكاپقا سېلىپ قويغان پوتولكىلارنى چىقاردى. ئۇلارنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا كىردى. ئالدىرىماي تۇرۇپ پوتولكىدىكى ھاراقنى بۇلدۇقلىتىپ تۆكۈپ بوشاتتى. قايتىپ كىرىپ قۇرۇق پوتۇلكىلارنى جوزىغا تىكلەپ قويدى. ئۇ، دوسلىرىغا مەغرۇر قارىغىنىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

نەشكەشمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى يېڭى ئورىغان پەلىگىنى كۈلدانغا يىمرىپ ئەزدى. يانچۇقىدىن قاقتەك قىلىپ ئورىۋالغان يېشىل بىر نېمىنى چىقىرىپ كۈلدانغا ئۇۋۇتۇپ ئەزدى. ئۇمۇ مىت قىلماي بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا ئىدى.

'خەۋەرچى' مۇ جىم تۇرماي، قولىدىكى تاماكىسىنىڭ تازا ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى كۈلدانغا يىمرىپ ئەزدى. ئەپچىلللىك بىلەن يانچۇقىدىن تېخى يېڭىلا ئېچىلغان تاماكا پاشكىسىنى چىقىرىپ ئېزىپ-پۇرلاپ بۇلۇڭدىكى ئەخلەت خالتىسىغا تاشلىدى. ئۇنىڭمۇ ئاغزىنى تىغ ئاچماس ئىدى.

ھەممىسلا چاقماقلىرىنى چىقىرىشىپ ئەخلەت خالتىسىغا تاشلاشتى.
‹ساقى› سالماقلىق بىلەن ئورنىغا كېلىپ تۇردى:
"ئاغىنىلەر! ــ ئۇنىڭ چىرايى رەسمى جىددى تۇسكە كىرگەنىدى. ئاۋازىمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى. ــ ئاغىنىلەر، بۈگۈندىن باشلاپ ئولتۇرۇشىمىزدا ھاراق يوق. نەشە يوق. تاماكا يوق. ئائىلىمىزدىن يامانلاشلار يوق. مۇمكىن بولسا بۇرۇنقى ئايالىڭلار بىلەن يارىشىۋېلىڭلار. بولمىسا ئۆيلىنىۋېلىڭلار. ... دىن ھەققىدە تالاش-تارتىشلار بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. ئۇنىڭغا يەتكىدەك بىلىمىمىزمۇ يوق. ئەمما مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان دىنىي ئىبادەت قائىدىلىرىنى يوشۇرۇن ئىجرا قىلىشقا تىرىشىمىز! ... بۇلار بۇندىن كېيىن بىزنىڭ دوسلۇغىمىزنىڭ، بۇنداق ئولتۇرۇشلىرىمىزنىڭ شەرتى بولىدۇ. بۇندىن كېيىنكى ئولتۇرۇشلىرىمىزدا چاي-تاماقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. سۆھبەتلىرىمىزمۇ دىن، ۋەتەن، مىللەت ھەققىدە بولىدۇ. ئەمما مۇتلەق يوشۇرۇن بولسۇن. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟"
ھەممە بىردەك ئۆرە تۇرۇپ قوللىرىنى ئۇزارتتى. تۆت قول بىر-بىرىسىنىڭ ئۈستىگە قاتلاندى. قاتاردا قاسىم دەرھال مونچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ بىر ئاق خەسىنى جەينماز قىلىپ بىرنەچچە رەكەت ناماز ئوقۇپ چىقتى.
"ئاغىنە، ھازىر ئۆتىگىنىڭ قايسى ۋاقتىنىڭ نامىزىدى؟" ــ بايىتىدىن بېرىقى جىمجىتچىلىقنى ‹خەۋەرچى› بۇزدى.
"مەن نەدىن بىلەي، يېڭىدىن ئادەم بولىشىمىزنى تەبرىكلەپ ئۆتىگەن نامىزىم، شۇ. سىلەر ھازىر ھاراقتىن ‹جۇنۇپ› بولغىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە تاھارەت تۇتمايدۇ. كېيىن تولۇقلىۋېتەرسىلەر."
قاسىم خوشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ ئاغىنىلىرى ئۈچۈن قايتىدىن دەستىخان راسلىدى. خېلى بۇرۇنلا قازانغا سېلىپ قويغان گۆشى پىشىپ تازا مەي بولۇپ كەتكەنىكەن. لېگەنگە سېلىپ چىقتى. قاسىم يالغۇز دۇئا قىلدى. ھەممىسگە ئاتاپ بىسمىللا دەپ دوستلىرىنى دەستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ھەممىسىنىڭلا كاللىسى سەگەكلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پېتىشمايتتى. خۇددى چوڭ ھېيت-بايرام كۈنلىرىدىكىدەك خوشال ئىدى. ئۇلار تەكەللۇپلەر بىلەن، يېرىم چاخچاقلىشىپ گۆشكە قول ئۇزۇتۇشتى. ...

ئون ئالتىنجى باب

# يېڭى ئىشلار

"ۋەتەن سۆيۈش ــ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر."

ـــ ھەدىسلەردىن

بۈگۈن 'يېڭى ئاي قوشۇنى ' دېگىلەر 'يانچۇقچى ' نىڭ تەييارلىغان بىر يوشۇرۇن ئۆيىدە يىغىلىشتى.

"يىغىنىمىز ئۇچۇق، ــ دېدى گۈلباھار، ئالدىدىكى كۈلدانغا تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ تۇرۇپ، ــ بىز بۇ ئۈچ ھەپتىدىن بېرى يىغىلالمىدۇق. بۇ جەرياندا قوشۇنىمىز تۆت قېتىملىق يوشۇرۇن ۋەھىمە ھەرىكىتىنى پەيدا قىلدى. يەنى، ئېنىقراق دېسەم ئۆتكەن ھەپتىدە سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوغداش باشقارما خىتاي باشلىقى ئائىلىسىنىڭ ئۈچ نەپەر ئادىمى بىلەن بىرگە ئۆيىدە پارتلاپ تىتما-تىتما بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆتكەن يىلى بىرمۇنچە سودىگەرلىرىمىزنىڭ نەچچە مىليون سوم پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان داڭلىق ئالدامچىلار شىركىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ كوڭباۋ ياتقان ئۆيىدە ئىككى پاھىشە بىلەن بىرگە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئالىي تېخنىكومدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن گۇمان قىلىپ پېيىغا چۈشكەن بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ جاسۇسلىرىدىن جاڭ خۇلۇنىڭ ئۆيى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان مىللىي مۇناپىق ئادىلىنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزى قاچۇرۇلۇپ ھازىرغىچە يوشۇرۇن بىر يەردە گۆرۈدە تۇتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گېيولوگىيە نازارىتىنىڭ ئالىي ئېنجېنېرى ئائىلىسىگە خەت كىرگۈزۈپ يۈز تال ئاپتوماتىك پىستان تەييارلاپ بېرىشى ۋە يېڭى پارتلاتقۇچ دورىسى تەييارلاشنىڭ خامئەشيالىرىنى تېپىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. بۇنىڭ تېخى جاۋابى يوق. يەنە بىرمەزگىل ساقلاپ باقىمىز. ئەگەر يەنىلا بىر جاۋاپ ئالالمىساق، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك. خىتاي زىيالىيلىرىغا بىر ئىبرەت بولسۇن بۇ ئۆلۈم. شۇنىڭدەك يەنە بەش

پارچە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدى. ـ گۈلباھار تاماكىسىنىڭ قالدۇغىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـ ئەمما ئۆتكەن ئايدا بىگۇناھ يىگىرمە نەپەر ياش ئىشچىمىزنى قولغا ئېلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ساقچى فىلىك لىن دېگەن بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگەن مۇناپىق ساقچى ئابدىرىيىم نىياز ئائىلىسىنى پارتلىتىۋېتىش پىلانىمىزنى تولۇق ئىجرا قىلالمىدۇق. بۇنىڭغا مەن ئۆزەم سەۋەبچى بولدۇم. ئەسلىدە بۇ مۇناپىقنىڭ ئايالى تېخى بىر ئاي ئاۋاللا تۇغۇتتىن قوپۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ ئىشقا ھەرقانچە غەيرەت قىلساممۇ قولۇم بارمىدى. بولمىسا، قولغا ئېلىنغان شۇ ياشلارنىڭ بىرنەچچىسى قىلچە كىرىمى بولمىغان بالا-چاقىلىرى ئۆيىدە ئىگە-چاقىسىز قالغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئىشسىز ئايالى بىلەن ئىككى ئايلىق بوۋىقى ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغانىكەن. ... مەن بىر ئايال كىشى بولغىنىم ئۈچۈنمۇ بىلمىدىم. يەنىلا ئۇ مۇناپىقنىڭ ئائىلىسىنى پارتلىتىۋېتىشقا كۆڭلۈم چىدىماي تۇرىدۇ. ... پەقەت بولمىغاندا، ... بولمىسا بۇ ۋەقەنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ خەلقىمىز ئارىسىغا تارقىتىۋەتەرمىز. ئۇنى قانداق قىلىش ئىشىنى باشقىلار قارار قىلىشسۇنمىكىن دەيمەن. ھازىرقى مەسىلە، مىللىي مۇناپىق ئادىل دېگەننىڭ ئۈچ ياشلىق قىزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۆيىدە بۇ قىز زېرىكىپ يىغلاپ ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. قارىغاندا ئادىل دېگەنمۇ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش غېمىدا يۈرگەن ئوخشايدۇ. ئىشەنچلىك بەزى يېقىنلىرىنىڭ دېيىشىچە، قىزىنى ساق-سالامەت قايتۇرۇپ ئېلىش ھېساۋىغا ئەنچۈەنتىڭنىڭ يېقىنقى ھەرىكەت پىلانلىرىدىن بىرقىسمىنى ئوغۇرلاپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتقانمىش. شۇنداقتىمۇ، بۇ تۈردىكى ئادەم قاچۇرۇش ئىشى بەكلا ئاۋارىچىلىق ۋە خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەن. ... قارىغاندا بىز ھازىرچە بۇنداق ئىشلارغا تەييار ئەمەستەك قىلىمىز. ...”

گۈلباھار يەنە بىرقانچە ناھىيەدە يۈز بەرگەن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋەقەلىرىدىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. كوچىلاردا قازاقىستاندىن، خىتايدىن كەلگەن بىرقىسىم يېڭىچە ئاددى مىنا لايىھەلىرى بىلەن پارتلىتىش دورا رېتسىپلىرى يوشۇرۇن تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇلاردىن ئىككىسىنى ‘يانچۇقچى ‘ قولغا چۈشۈرۈپ كەلگەنىكەن. ئۇنى قاسىمغا ئۇزاتتى. خاسىيەتمۇ خىتايدا تونۇشۇپ قالغان بىر خىتاي كومپيۇتېر ئالىي ئىنجېنېرىدىن ئالغان يوشۇرۇن

بەتلەرگە كىرىش پروگىراما يۇمشاق دىسكىسىنى بەردى.
گۈلباھار بەزى قىيىن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش چارىلىرى ئۈستىدە بىر ئاز مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، كانۋېرت ئىچىگە سېلىنغان بىر ئايلىق ۋەزىپىلەرنى بىردى. بىردىن تارقىتىپ بەردى:
"ئوقۇپ بولۇپلا دەرھال مەشكە سېلىپ كۆيدۈرىۋېتىڭلار."
قاسىم كونۋېرتنى ئېچىپ قارىۋىدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئاق قەغەز چىققانىدى. يەنى، ئۇنىڭغا بۇ ئايلىق ئۇچۇن يېڭى ۋەزىپە بېرىلمىگەنىدى.
بۇ ئارىدا، بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشلىرى، ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ خىتايچە ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. كەينى-كەينىدىن غىچىرلاپ ئېچىلىۋاتقان ئىشىكلەرنىڭ ئاۋازىمۇ كەلمەكتە ئىدى.
"بۇ يەردىمۇ بارىكەندە بۇ ئۆي ئاختۇرىدىغانلار! ـ دېدى گۈلباھار ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ـ دەرھال يىرتىدىغاننى يىرتىپ مەشكە تاشلاڭلار! ـ ھېلىمۇ ياخشى، 'يانچۇقچى' ئۆيدىكى پار ياخشى ئىستالمىدى دەپ نېرىقى ئۆيگە بىر مەش قويۇپ ئەتىگەندىن بېرى ئوت يېقىغلىق تۇرغانىكەن. بايىتىدىن بېرى بۇ مەشتە ئوت گۈلدۈرلەپ يېنىپ تۇراتتى. مەشكە سېلىنغان قەغەز پارچىلىرى گۈرۈلدەپ كۆيۈپ بىردەمدىلا ئىزنىمۇ قويمىدى. ھەممە بىردەك رومكىلارنى قولىغا ئېلىپ ھاراق بىلەن ئېغىزلىرىنى چايقاشتى. بۇ ئارىدا گۈلباھار ئاغزىدىكى ھاراقنى يەنە يۇتىۋالدى، ـ ھەستا، بۇ ئىشنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىمغۇ تاڭ. قېنى ئەمىسە، ھەممىڭلار بىرەر رومكىدىن قويۇپ دەرھال ئۇچاڭلارغا چاندۇرماي پۈركىۋېلىڭلار، دەرھال، چاققان!"
ئاياق تاۋۇشلىرى بۇ ئىشىككىمۇ يېتىپ كەلدى. گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلغان ئىشىكنى 'يانچۇقچى' بېرىپ ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى ھامان ئۆيگە ئالتى-يەتتە خىتاي ۋە بىر ئۇيغۇر بىلەن بىر نەچچە ساقچى-جاسۇسلار كىرىپ كېلىشتى. ...
قاسىم بىلەن خاسىيەت قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرمۇنچە تەكشۈرۈش نوقتىلىرىدىن ئۆتۈپ مىڭبىر بالالاردا ئاران ئۆيگە كېلىۋېلىشتى. دېگەندەك، ئۇلار يېقىندا ئۆيى شەھەر سىرتىدىراق بىر يەردە تۇرىدىغان، خاسىيەتنىڭ دادىسى بىلەن بىر تۇرمىدە ياتقان بىر ئىمامغا نىكا قىلدۇرىۋېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يېقىندىن بېرى بىرگە تۇرىۋاتقانىدى. بىنادىكىلەرنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك ئۇلار ئىككىسىنى تونىغاچقا، ئۇلارغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەس بولۇپ

قالغانىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا تامباللىرىنىڭ ئىچىگە يۇشۇرۇپ قويغان چېرتيوژ-رېتسىپلارنى چىقىرىشىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

(رېتسىپ ئورنى)

"... ... ... ... ... ... ..."

قاسىمنىڭ خىيالى بۇ رېتسىپتا يېزىلغان دورا ماتېرىياللىرىنى قانداق تېپىشتا قالغانىدى. ...

ئەتىسى چۈشكە يېقىن قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىرلەپ- ئىككىلەپ كىرىپ كېلىشتى.

'ساقى' پات-پاتلا يانچۇغىنى كولاپ بىرنېمىلەرنى ئاغزىغا ئېتىپ قۇياتتى. 'موخوركىچى' نىڭ ئېغىزىدا لىق سېغىز، 'خەۋەرچى' نىڭ بولسا ئاغزىدا كەمپۈت، ئۇلار ئەندى تاماكا ئورنىغا خۇمارنى باشقا نەرسىلەردىن چىقىرىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئالاھىدە تۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئوبدانلا پارقىراپ تۇرىشاتتى.

"ئاغىنىلەر، ــ دېدى 'ساقى'، ــ بىزنىڭ ئادەم بولمىغىمىز بەكلا تەسكە توختىدى جۇمۇ، قېنى قاسىم سەن نېمىدە تاماكا خۇمارىڭنى باستۇرۇپ يۈرىيسەن؟"

"چاي ئاداش چاي، ئاتىنىڭ قېنىدەك چاي بىلەن باستۇرۇپ يۈرىمەن دېگىنە، راستىنلا تەس ئىش ئىكەن بۇ." ــ ئۇ كۈلۈپ قويدى.

ئائىلىچە خاسىيەت راسا ئوخشىتىپ سۈتلۈك چاي دەملەپ كىردى. ھەممە ئولتۇرۇپ بىرقۇر ناشتا قىلغانىدەك ئىچىشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى سىلىق سىپايە، ئەمما ھېلىغىچىلا بەكلا ياسالما قىياپەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدى. بىر-بىرىگە ماسلاشمايدىغان، قولاشمىغان سۆھبەتلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە يولىغا كىرەلمەي، ھەممىنى قىينىماقتا ئىدى.

"ئاغىنىلەر، توختىساڭلارچۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە قىينىلىپ كەتمەيلىلا. ھەي شۇ ھاراق دېگەننى، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ قۇشقاچ تىللىرىمىزنىمۇ

سۆزلەتكۈزۈۋېتەتتىكەن-دە! ــ ‹ساقى› نىڭ ئىچى سىقىلىپ چىدىمايلا قالغانىدى.
ــ ھەرقانچە بولسىمۇ ئەركىنرەك بولمايلىمۇ، قىسىلىپ ئىچىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كەتتىم. گەپ-سۆزلەردە بولسىمۇ ئازادىرەك بولمايلىمۇ؟"
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ‹ساقى› نىڭ گېپىدىن كۈلۈپ كېتىشتى.
"ھېلىقى ئىچىۋالغان كۈنىڭدىكى قىياپىتىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ خۇددى دوزاقتىن يېڭى چىققاندەكلا كۆرۈنگەنىدىڭ."
"مۇنۇنى دېمەمسەن تېخى، چېكىۋالغاندىن كېيىن چىنىدىكى چايغا قاراپ سۇغا چامۇلەيلى دەپ تۇرۇۋېلىشچۇ."
"... ..."
ئۇلار بۇرۇنقى چۈشكۈنلۈكتە قالغان كۈنلىرىدىكى كۈلكىلىك ھېكايىلىرىنى ئەسلىشىپ بىر-بىرىنى شاخخو قىلىشقا كىرىشىشى بىلەن، سۆھبەتلىرىمۇ ئاستا-ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى.
‹خەۋەرچى› نىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ يېقىنلاردا بېلگە پارتلاتقۇچ بومبىسىنى تېگىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى زىچ يەرلەرگە كىرىپ بىرلىكتە پارتلاپ شېھىد بولۇش ھادىسىلىرىنىڭ سانىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيمەكتە ئىدى. ئالدىنقى كۈنىسىلا بىر شەھەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن بىر چوڭ ماگىزىننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر پارتلاش يۈز بېرىپ، ئوتتۇز نەچچە خىتاي كۆچمىنى نەق مەيداندا تىتىلىپ قىيمىدەك توزۇپ كەتكەنىكەن، ياردار بولغان خىتايلارنىڭ سانىمۇ ئەللىكتىن كام ئەمەسمىش.
بۇ ئارىدا ‹خەۋەرچى› نىڭ بەرگەن بىر ئۇچۇرى قاسىمنى بەكلا قىزىقتۇردى: ‹خەۋەرچى› قايسى كۈنى ئاخشىمى ئۇيقىسى قېچىپ دېرىزىسىدىن تالاغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىدا، قاراڭغۇلۇقتا بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ بىر ئىستولبا بىلەن بىر بىنانىڭ تېمىغا بىرنېمىلەرنى چاپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ سايە ياندىكى بىنالارنىڭ ئارىسىغا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ بىنالارنىڭ بىرسىدىكى ئۆيدىن تۇيۇقسىز يېنىپ ئاچكەن چىراقنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىنى تونۇپ قالغانىكەن. كېيىن ‹خەۋەرچى› نامازغا تاھارەت ئېلىپ چىقىۋاتقىنىدا قاسىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ دېدى:
"ھېلىقى تەشۋىقات ۋارىقىنى چاپلاۋاتقاننىڭ كىملىگىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭدىكى يېقىن ئاغىنەڭ ئىمىن ئىدى."

قاسمنىڭ يۈرىكى ‘جىغ’ قىلىپ ئويناپ كەتتى. ئۇ دەرھال ‘خەۋەرچى ’ گە ‘بۇنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما’ دەپ قاتتىق جىكىلەپ قويدى.

قاسىم بالىلىق ۋاقتلىرىدىكى بۇ دوستىنى سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن يىللىرىدىن بۇيان تۆزۈك ئۇچراتمىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ھەرىكەت باشلىشى ئەنە شۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشتىن باشلانغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ ئاغىنىسىغا قانداقتۇ بىر يېقىنلىق ھېس قىلاتتى.

بۇگۈنكى ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ھاراق-تاماكىسىز ئۆتكەنىدى. ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ناماز ئۆتەشنى ئۇنۇتمىدى. قارىغاندا ‘موخوركىچى’ دوستى دائىملىق بەش ۋاخ نامازلىق، قالغان ئىككىسى كامىدا كۈندە بىرەر ۋاق ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان بولغانىكەن. ئۇلار كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاساسەن نامازنى مەسچىتكە بارماي ئۆيلىرىدىلا ئۆتىشىدىكەن. بۇ كۈنلەردە دوستلىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ خېلىلا تەرتىپكە چۈشۈپ، قىممىتىمۇ ئارتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ...

شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن، قاسىم چاندۇرماي سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ دوستى ئىمىننىڭ مەھەللىسىنى بىلىۋالدى. ئاندىن ئۇ، ئىشتىن بالدۇر چۈشكەنلىرىدە شۇ مەھەللىگە بېرىپ ئايلىنىدىغان بولىۋالدى. ئۇ، بىركۈنىسى نېرىقى كوچا دوخمۇشىدىن لىق تاۋۇز تىزىلغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئۇنىڭ ئىمىن ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىپ چاندۇرماي يېنىغا باردى. بىچارە دوستىنىڭ چىرايلىرى قورۇق بېسىپ رەسىملا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قاسىم ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ ھارۋىسىدىكى تاۋۇزدىن بىرنى تاللىدى. ئىمىن خېرىدارىنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلمىغان ھالدا تاۋۇزنى بىر خالتىغا سېلىپ قاسىمغا ئۇزاتتى. قاسىممۇ چاندۇرماي يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئىمىنگە تۇتقۇزۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولىۋالدى.

“توختاپ تۇرۇڭ، مېنىڭدە بۇنچە چوڭ پۇلنى پارچىلىغىدەك پارچە پۇل يوق. بىردەم ھارۋۋامغا قاراپ تۇرسىڭىز شۇ ئۇدۇلدىكى دۇكانغا كىرىپ پارچىلىتىپ ...”

— ئۇ گېپىنىڭ قالغىنىنى يۇتىۋېتىپ ئورنىدا تۇرغىنىچە قېتىپلا قالدى. ئۇمۇ باللىق دەۋرىدىكى دوستىنى تونۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرسى بىلەن سىلىق سالاملىشىپ قىسقىچە ھال-ئەھۋال سوراشتى. قاسىم ئۇنى تاپالماي ئىستەپ يۈرگەنلىكىنى دېدى. شۇنداق قىلىپ ئىمىنمۇ دوستىنى زورلىنىپ بولسىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى:

"ئەگەر بولمىسا، ... بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئارانلا بەش تال تاۋۇز ساتالىدىم. بەربىر ئىش يوق. ئەگەر ۋاقتىڭ بولسا ئۆيۈمگە كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىق. ئۆيۈم شۇ ئالدىمىزدىلا."

قاسىممۇ دەل بۇ گەپنى كۈتىۋاتقانىدى. شۇڭا ئۇمۇ قىلچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئىمىنگە ئەگەشتى.

ئۇلار يولدىكى بىر دۇكانغا كىرىپ ئاز-تولا بىرنەرسىلەر ئالغاندىن كېيىن ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىمىننىڭ ئۆيى بەكلا ناچار ئىدى. كىچىك ئىككى ئېغىزلىق بۇ ئۆيدە ئىككى تاختاي سۇپا، بىر تاماق جوزىسى، تۆت دانە غىچىرلاپ تۇرىدىغان تۈز ئورۇندۇق، بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر كونا ماركىلىق رەڭسىز تېلېۋىزوردىن باشقا 'ئۆي جابدۇق' لىرى كۆرۈنمەيتتى. يەنە بىر بۇلۇڭدا ئىككى قەغەز ساندۇقتا لىق كىتاب تۇراتتى. ئەمما ئىمىننىڭ ئىككىلا بالىسى تېخى كىچىك بولۇپ، بۇنچە كۆپ قېلىن كىتابلارنى ئوقۇيالىغىدەك ياشتا ئەمەس ئىدى. ئايالىنىڭمۇ رەسمىلا بىر يېزا ئايالى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئىمىننىڭ ساۋادىنى قاسىم ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قىزىققىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ يەشىكتىكى كىتابلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك خىتايچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈرلىشىپ كەتكەن بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى فرېئۇدنىڭ، ئادلېرنىڭ، جيۇڭنىڭ، فرومنىڭ، ماسلوۋنىڭ، نىتچېينىڭ، ئارۇبېتنىنىڭ كىتابلىرى ئىدى. بۇنداق كىتابلارنى قاسىممۇ بەكلا تەستە چۈشىنەلەيتتى. بۇلارنى ئىمىننىڭ ئوقۇيالىشى، ھەرقانچە دوستى دېگىنىدىمۇ، بىر تاۋۇزچىنىڭ چۈشىنەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 'بەلكىم ئارىلاپ ئەسكى-تۈسكە نەرسە يىغىپ ساتىدىغان ئىشىمۇ بولسا كېرەك ' دەپ ئويلىغاچ، كىتابلار ئارىسىدىن قېلىن بىرسىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ باقتى: «ئىجادىيەتنىڭ سىرى». كىتابنىڭ ئىچىدىكى بەزى بەتلىرىنىڭ يانلىرىغا يېزىلغان ئۇنىڭغا غىل-پال تونۇش پوچۇركىدىكى يېڭى يېزىق خەتلەر ئۇنى چۆچىتىۋەتتى! بۇ يېزىقلار ئىمىننىڭ قەلىمىدىن چىققان خەتلەر ئىدى! كىتاب ئىنتايىن ئەستايىدىل

ئوقۇلغانلىغى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. يېزىلغان ئىزاھاتلار بۇنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى. دېمەك، بوگونكى ئىمىن، قاسىم تونۇيدىغان ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىچىك ۋاقتىدىكى دوستى ئىمىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ تاۋۇزچى، ئىمىن بولماستىن ئالاھىدە سىرلىق بىرسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئىمىننىڭ بايىتىدىن بېرى بالا-چاقىلىرىغا دېگەن سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن رەسمى كېسەك قويۇپ، قۇم تاسقاپ يۈرىدىغان مەدىكارلاردىن قىلچە پەرقى يوقتەكلا قىلاتتى.

ئۇلار ئىككىسى تاماق يېگەچ ۋە تاماقتىن كېيىن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاساسەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر-يېنىك ۋەقەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، رەسمى ماۋزۇغا كىرىشمىگەنىدى.

"سەن بىلىسەن، دادامنى ئىشتىن قوغلاپ چىقىرىپ يېزىغا سۈرگۈن قىلىنىۋەتكىنىدىن كېيىن، كامىنادا تېرىقچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن كۈنۈم ئۆتتى. دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمەن دەپ، زادىلا ئۆيلىنىش پۇرسىتىم بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىتايىنى ئۇرۇپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ ئون يىلدەك يېتىپ چىقتىم. تۈرمىدىن چىقسام، دادام بىلەن ئانام شۇ يېزىدا تۈگەپ كېتىپتۇ. يېزىدىكىلەر مېنى بۇ ئايالىم بىلەن نىكالاپ قويۇپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇشتى. قېرىغاندا ئىككى باللىق بولۇپ قالدىم. دەسلىۋىدە ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرەتتىم. كېيىن، ... ـ ئىمىن سەل تۇرۇۋېلىپ موخوركىسىدىن ئورىدى. ئاندىن تۇتاشتۇرۇپ چەككەش گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، ـ ھېلىقى شۇ، ... شۇ دادامنى ئۇرۇپ ناكار قىلىۋەتكەن خىتاينىڭ مىگىسىنى بىرسى چۇۋۇۋەتكەندىن كېيىن جاھان بارغانسېرى قالايماقانلىشىپ كەتتى. مىڭ تەستە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ قايتا سۈرگۈن بولۇشتىن قۇتۇلىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ تاپالىسام مەدىكارچىلىق، تاپالمىسام باققالچىلىق قىلىپ يۈرۈپ كۈنۈمنى ئېلىپ يۈرىمەن. كېيىن يەنە نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. تەقدىر-پىشانە دەپ يۈرىۋاتىمەن." ـ ئىمىن رەسمىلا ئېغىرېسىق دېھقان تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

قاسىممۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇياقتىن-بۇياقتىن گەپ يورغىلىتىپ يۈرۈپ ئىمىننىڭ دادىسىنى ناكار قىلىۋەتكەن خىتاينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا شۇنچە گەپ كوچىلىغان بولسىمۇ، ئىمىن

بۇ گەپلەرگە زادىلا يېقىن يولىماي، ئىنتايىن نادان قىياپىتىنى بۇزماي ئولتىرىۋەردى. ئەڭ ئاخىرىدا بولمىدى. ئىمىنىنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقىپ كەتتى:

“كاشكى شۇ ئىشنى قىلالىغىدەك جاسارىتىم بولسىمىغۇ!”

قاسىم، بۇ گەپنى ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن، قىلچە چاندۇرمىغان ھالدا، بىرخىيالىدا يوق قىياپەت بىلەن يېنىدىن بىرۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئىچىدە ئوقۇغان بولۇپ جىم بولىۋالدى. بىر ۋاقىتتا ئىمىن ئۇ قەغەزنى كۆرۈپ قېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

“بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ ئەسلىدە سەن نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟!” ـ ئىمىن بۇ قەغەزنى تونۇپ قالغانىدى. بۇ تەشۋىقات ۋارىقى، قاسىمنىڭ ‘خەۋەرچى ‘ لەقەملىك ئاغىنىسىنىڭ ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئىمىنىنىڭ كەينىدىن چىقىپ تامدىن ساكىرىۋالغان قەغىزى ئىدى.

“نېمە بولدى، نېمانچىۋالا ھۇلۇقۇپ كېتىسەن؟ بايا يولدىن تېپىۋالغانىدىم. نېمىكىن دەپ مانا ھازىر ئوقۇپ بېقىۋاتىمەن، شۇ. ـ قاسىم مىيىغىدا كۈلۈپ ئىمىنگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئىمىن رەسمىلا چېچىلغىلى تۇردى، ـ ئولتۇر ئاغىنە ئولتۇر، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ـ دېدى قاسىم دوستىنىڭ مۆرىسىدىن تۇتۇپ، ـ ئەندى مەن ساڭا سېنى نېمشقا ئىستەپ كەلگەنلىگىم توغرىلىق ئۇچىغىنى ئېيتىمەن. ـ ئۇ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ سەممىي بىر شەكىلدە سۆزلىدى، ـ قايسى كۈنى بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ، ئۇيقۇم كەلمەي كېچە قاراڭغۇلۇغىدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغىنىمدا، سەن بۇ قەغەزلەرنى تام-تۈرۈكلەرگە چاپلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالدىم. كەينىڭدىن چىقىپ بۇنى سويۇپ ئېلىۋالغانىدىم. ئەسلىدە بىرەر يىلدىن بېرى مەنمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتىم. يالغۇزلۇقتا بەكلا ئىچىم پۇشۇپ يۈرگىنىمدە سېنى كۆرۈپ قالدىم. ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭ، ئىككىمىز بىر قوشۇن بولۇپ ھەرىكەت قىلساق، دەپ سېنى ئىستەپ يۈرگىنىم ئىدى. گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇ ئاغىنە. ئەندىكى گەپ سەندە.”

ئىمىنىنىڭ ھۇلۇقىشى سەل پەسەيگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغانىدى:

“ماڭا قارا قاسىم، سەن مېنى تونىمايسەن. مەن، كىچىگىمىزدە سەن

بىلىدىغان ھېلىقى بالا ئىمىن ئەمەسمەن. مەن ھازىر بۇ ئىككى بالامنى سالامەت قاتارغا قوشۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان ئادەممەن. دېگەنلىرىڭگە قارىسام سەنمۇ بىر ئوبدانلا ئىشىڭ باردەك قىلىدۇ. سەنمۇ بۇنداق خىياللارنى قىلىپ يۈرمەي چىرايلىق كۈنۈڭنى ئالغىنىڭ ياخشى. ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا، مېنىڭ گېپىمنى يەردە قويمايمەن دىسەڭ، بۇنداق بولمىغۇر خىياللىرىڭنى تاشلا!"

قاسىم ئىمىنغا شۇنچە تەۋەككۈل قىلىپ راست گېپىنى قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەندۈرەلمىگەنىدى. ئىمىن، ھەتتا بۇ باللىق دوستىنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ بۇنداق خەتەرلىك گەپلەرنى قورقمايلا دېيىشىدىن بەكلا گۇمان قىلىۋاتسا كېرەك؟

شۇنداقتىمۇ ئىمىن يەنىلا نېمە ئۈچۈندۇ بۇ كونا دوستىنى دەرھال ساقچىلارغا تۇتۇپ بېرىپ بالادىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلمىگەنىدى. ئىمىن ئويغا پاتتى: 'ئەگەر دېگەنلىرى راست بولۇپ قالسىچۇ؟ مېنى كۆرگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىكەن. شۇ ۋاقىتقىچە تۇتۇپ بەرمىگىنىگە قارىغاندا راست گەپ قىلىۋاتقانمۇدۇ قانداق؟' ئېمىنىنىڭ كاللىسىدا ھەرخىل گۇمانلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. دەرۋەقە، ئىمىنمۇ بۇ يېقىنلاردا بۇ ئىشلار بىلەن ئۆز ئالدىغا پىلانسىز پائالىيەت قىلىپ بەكلا ئىچى سىقىلىپ يۈرگەنىدى. راست دېگەندە، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق بىر ھەمرا بەكلا لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دوستىنىڭ چىرايىدىن قارىغاندىمۇ سەممىي گەپ قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئېھتىيات ئۈچۈن رەسمى بىر نادان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ يېقىن يولاتماي ئولتۇرىۋالدى.

"ئىمىن، گېپىمنى ئاڭلا، مېنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ بۇ گەپلەرنى قىلىشىمدىن گۇمانلىنىشقا ھەققىڭ بار. ئەگەر بۇنداق گۇمان قىلمىغان بولسا ئىدىڭ، بەلكىم مەنمۇ ساڭا ئىشەنمىگەن بولاتتىم. قارىغاندا مەن سېنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن پاكىت كۆرسەتمىسەم بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن يالغۇزلۇقتا، ساڭا ئىشىنىشكە مەجبۇرمەن. تەۋەككۈل قىلدىم ئەمىسە، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر ئادىمى ئۆچۈقتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، پات يېقىندا سەنمۇ تونۇيدىغان بىر مۇناپىقمۇ جايلىۋېتىلىدۇ. قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز بولمىسا. ــ قاسىم بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋېلىپ ئىمىندىن سورىدى، ــ بۇ گەپلەرنى ھازىرچە ئۇنتۇپ كەت.

راست، مەن سېنىڭ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. بۇنچە خىتايچىنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغانىدىڭ؟”

“راس دەيسەن، ... مەن سېنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغان شۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن باشقا بىرەر مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىم بولمىدى. — ئىمىن سەل جىمىپ قالدى، — ... يىگىرمە يىل ئاۋۋال بىر بىھۇدە ئىش بىلەن سولانغىنىمدا، تۈرمىدە بىر خىتاي مۇئەللىمى بىلەن بىر كامېردا ئۈچ يىل بىرگە ياتقانىدىم. خىتايچىنى شۇ خىتاي مۇئەللىمدىن ئۆگەندىم.”

“مۇنداق دېگىنە، — دېدى قاسىم، — راستىنى دېسەم، مەن سېنى سۈرگۈن قىلىنغىنىڭلاردىن بېرى زادىلا ئىستىمىدىم. ئەسلىدە، قايسى كۈنىسى كېچىدە سېنى تونۇپ قالمىغان بولسام، بەلكىم سېنى بىر ئۆمۈر ئىستىمىگەن بولار ئىدىم. ئەمما مېنى ئۇنتۇپ قاپتۇ دەپ قالمىغىن يەنە. ئەگەر مەن سېنى ئۇنتۇپ قالغان بولسام ھەرگىزمۇ شۇ چولاق خىتاي ... شۇ چولاق خىتاي ۋەقەسىدىن ... قويغىنە بۇ گەپلەرنى، قارىغاندا سەن ماڭا ئاسانلىقچە ئىشىنىدىغاندەك قىلمايسەن. شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا چاپلاشقىنىم چاپلاشقان. ئەسلىدە مەن سېنى شەخسى قىساسىڭنى ئېلىۋېلىشقا بىۋاستە قاتنىششىڭنى ئۈمىد قىلىپ ساڭا بۇ تەكلىپنى قىلىشقا كەلگەنتىم. ئەندى سېنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىڭغا قاراپ پىكرىمنى ئۆزگەرتتىم. ...”

“خىتايپەرەس بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قالمىغانسەن ئەندى؟”

“ياقەي، بۇنىڭ دەل تەتۈرسىچە بىر تەكلىپنى تەييارلىدىم. ئەندى مەن، ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتكە قاتناشساڭ دېيىش ئۈچۈن كەلدىم.”

“سەن بۇ خىياللارنى نەدىن يۇقتۇرىۋالغانتىڭ؟” — ئىمىن خېلىلا مۇلايىملىشىپ قالغانىدى.

“قۇرۇق پودا بولسىمۇ ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى خېلى بۇرۇندىنلا بار دېسەم بولار. ئەمما ھەرىكەت يوق ئىدى. بىركۈنىسى كوچىدا بىر ھاجەتخانىغا كىرگىنىمدە ‘ئىنجىل مەن ’ دېگەن بىرسىنىڭ يازغان ئىككى كىتاۋىنى تېپىۋالغانىدىم. شۇ كىتابلارنى تولا ئوقۇپ مۇشۇ خىيالغا كىرىپ قالدىم ھەقىچان. ئەلۋەتتە سىلەردەك كىشلىرىمىزنىڭ تارتقان جاپالىرىمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەپچىسى.” — دېدى قاسىم كۈلۈپ قويۇپ.

ئىمىن تاماكىسىنى شورىغىنىچە خېلى ئۈزۈنغىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ، تۈيۈقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا قارىدى:

‹‹ئىشەنمەيدىغان بولسام، پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ نېمە پايدىسى بولاتتى؟ تۇتۇپ بېرىدىغان بىرسى بولساڭ بەرىبىر تۇتۇپ بېرىسەن. ... سېنىڭ قوشۇنىڭ بارمۇ؟››

قاسىم، تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن رەسمىلا تەمتىرەپ قالدى:

‹‹مېنىڭچە، ... مېنىڭچە بۇنى سۈرۈشتۈرمەيلى. مېنىڭ سەندىن سورايدىغىنىم، ئەگەر سەنمۇ بىرەر قوشۇنغا كىرمىگەن بولساڭ ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر قوشۇن قۇرۇپ چىقالماسمىزمۇ؟›› ـ ئۇلار ئىككىسى خېلى ئۈزۈنغىچە جىمىپ قېلىشتى.

‹‹قېنى ئەمىسە، ـ دېدى ئىمىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ـ ئاۋال سەن ماڭا بىر ۋەزىپە بېرىپ باققىن. مەنمۇ ئۆزەمنى بىر سىناپ باقاي. شۇ قاتاردا سەنمۇ مېنى سىنىغان بولارسەن. ـ ئىمىن يېڭىدىن بىرتال موخوركا يۆگەپ چەكتى، ـ مەنمۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سەن دېگەن شۇ كىتابلارنى ئوقۇپ باققاندىم. ئەسلىدە مەنمۇ شۇ خىياللاردا بولۇپ يۈرەتتىم.››

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قاسىم خوشاللىغىدىن ئىمىننىڭ قوللىرىنى سىقىپ كەتتى:

‹‹مەندە رەسمى ئاپتوماتىك پىستاندىن بىرسى بار. ئۇنىڭغا ئازراق پارتلاتقۇچ دورىسى تاپساقلا ئاپتوماتىك ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان بىر مىناغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتلاتقۇچ دورىسى ...››

‹‹دورىنىڭ غېمىنى قىلما، مەندىمۇ بىرقانچە تال ئاپتوماتىك ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان پىستان باردەك قىلىۋاتاتتى. دورىمۇ يەتكىدەك بار. مىنا ياساشنىمۇ ئۆگىنىپ قويغان ئىدىم. سەن ئاۋال ئۇنى نەگە كۆمۈشۈمنىلا دېسەڭ يېتىدۇ.››

‹‹ئەنچۈەنتىڭنىڭ تېررورچىلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسى دەيدىغان يوشۇرۇن باشقارمىسىدىن بىرسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ باشلىقى بىڭتۈەن ساقچى قىسمىدا باشلىق بولۇپ چۆچەكتە تۇرغان چېغىدىن ئاشقان مىللەتچى، يەرلىك مىللەتلەرگە ئەشەددى ئۆچمەنلىكى بولغان، جاسۇسلۇق قىسقا كورۇس بىلمى بار ۋەھشى، ھىلىگەر بىرسى ئىكەندۇق. ئۇ خىتاي جالىلتى ئۆزىنى ئالاھىدە پۇختا مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىۋاستە يېقىنلىشىش يولىنى زادىلا

تاپالمىدىم. ئاڭلىسام ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى، بۇ خىتاينىڭ بىر بالىسى بىلەن سانجىدىكى بىر كوچىدا ئۆزلىرى سېلىۋالغان ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنادا تۇرىدىكەن. ...»

«گەپنى ئۇزارتماي دېگىنە، شۇلارنى پارتلىتىۋېتىش كېرەكمىدى؟ ــ ئىمىن ئاغىنىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېلا دېدى، ــ ماڭا ئۇ يەرنىڭ تەپسىلى ئادرېسىنى بەرگىن. ئاۋال بېرىپ كۆزىتىپ باقاي.» ــ ئىمىن قاسىمغا قولىنى ئۇزاتتى. ...

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ھېلىقى ئەنچۈەنتىڭ چۇجاڭى، سانجىدىكى ئۆيىدە ئانىسى، بالىسى، ئايالى ۋە ئىككى نەپەر خىتاي خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە پارتلاپ تىتما-تىتما بولۇپ ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. قاسىم بۇ خەۋەرنى گۈلباھارنىڭ ئايلىق ھەرىكەت دوكلاتىدىن ئاڭلاپ، ئەتىسىلا ئىمىننى ئىستەپ باردى.

ئىمىن، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك پېتىنى بۇزماي قاپىغى تۈرۈك ھالدا، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

«مۇبارەك بولسۇن ئىمىن دوستۇم، سېنى تەبرىكلەيمەن!» ــ دەپ دوستىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆيىگە كىردى. ئىمىن يەنە شۇ سەھرالىق قىياپىتىنى بۇزماي بىرخىيالىدا يوق، غىچىرلاپ تۇرغان ئۇستەلگە ئۇنىڭغا دەستىخان راسلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ھاياجىنىنى باسالماي كېتىۋاتقان قاسىم ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى:

«بۇ ئىشنى بەكلا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدىڭ. بۇ پاجىئە، خىتاي جاللاتلىرىنى بەكلا ھۇلۇقتۇرۇپ قويىدۇ. نۇرغۇن جاللاتلار ئائىلىسىنى ئالدىراپ خىتايغا يولغا سېلىۋېتىش دولقۇنىنى قوزغاشماقتا ئىكەن. ئۇ خىتاينىڭ سانجىغا بارىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىۋالغانىدىڭ؟»

«مەن نەدىن بىلەي، شۇنداق توغرا كېلىپ قاپتۇغۇ تاڭ؟» ــ ئىمىن نېرىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ يېپىپ قويۇپ پېتىنى بۇزماي چېيىنى ئىچىپ ئولتىرىۋەردى.

«بۇگۇنگىچە سانجى تەۋەسىدە بۇنچىلىك ئېغىر ۋەھىملىك ھەرىكەت بولۇپ باقمىغانىدى. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، ئۇ خىتاي جاللاتنىڭ دادىسى شۇ بىناسىنى سالغىچە قوشنىسى بولغان بىر تۇڭگاننىڭ ئېغىلىنى زورمۇ-زور قوشۇۋېلىپ بىناسىنى سېلىۋالغانىكەن. ھازىر بۇ تۇڭگاندىن گۇمان قىلىشىپ ئۇنى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قاماپ قېيىن-قىستاققا ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر

تاپقان سانجىدىكى، ھەتتا ئۇرۇمچىدىكى تۇڭگانلارمۇ ئەگەر قولغا ئېلىنغان قېرىنداشلىرىنى قويۇپ بەرمەيدىكەن، سانجىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىمىز دېيىشىپ، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىشىپ يۈرگۈدەكمىش. بۇ تەھدىتتىن قورقۇپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىكىلەر بىلەن ئەنچۈەنتىڭدىكىلەر ئارىسىدا جىددىيچىلىك پەيدا بولماقتا ئىكەن. ئەمما يەنىلا ئېھتىيات ئۈچۈن سانجىغا ئىككى پولك ئەسكەر كۆپەيتىپ، كوچا-كويچىلارنى قوراللىق خىتاي ھەربىلىرى بىلەن توشقۇزۇپ يۈرگۈدەكمىش."

ئىمىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇغلۇق 'مىت' مۇ قىلماي قويماي بىرخىيالىدا يوق چېپىنى ئىچىپ ئولتىرىۋەردى. ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ھاياجان ياكى ھولۇقۇش دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى. 'نەق بىر يەر ئاستى پارتىيىگە لايىق يېتىشىپتۇ بۇ ئىمىن.' قاسىم ئۇنىڭغا قارىغىنىچە قايىل بولغان قىياپەتتە ئىچىدە ئويلايتتى. چېپىنى ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، ئىمىن زۇۋانىغا كىردى:

"يەنە نېمە ۋەزىپە ئېلىپ كەلدىڭ؟"

قاسىم يەنە تەمتىرەپ قالدى. ئۇ، ئىمىنگە قاراپ دېدى:

"مۇشۇنچىلىكى بۇ ئايغا يېتەر. ئەندى بىز ئىككىمىز بىرلىشىپ پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قىلىمىز. ئىككىمىزنى بىر قوشۇن دەپ ھېساپلىساق بولىدىغاندۇ؟"

"شۇنچىلىكلا بىر ئىشمىدى بۇ 'قوشۇن' دېگىنىڭ، مېنى يەنە سىنىمامسەن؟ ـ ئىمىن سەل ھەيران بولغاندەك پارقىراپ تۇرغان بادام كۆزلىرىگە زادىلا ماس كەلمىگەن بەكلا قويۇق قېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ـ مانا قارا."

"ئەندى ئىككىمىز قوشۇن رەسمىيەتلىرىنى بىجىرىپ قويايلى، ئىككىمىز بىرلىكتە «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىپ قوشۇنىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىشەيلى بولمىسا، قانداق دەيسەن؟"

ئۇلار قايتا تاھارەت ئېلىپ بىرنەچچە رەكەت ناماز ئۆتەشتى. ئاندىن «قۇرئان كەرىم» نى جەينىمازنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئىككىسى بىرلىكتە «قۇرئان» نى تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا تەييار بولدى. ...

ئۇزۇن ئۆتمەيلا كوچىلاردا 'ت ن ت قوشۇنى ' دېگەن نامدا بىر يوشۇرۇن يەرئاستى خىتاي ۋەھىمىسى يارىتىش قوشۇنىنىڭ تەشۋىقات ۋاراقلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ...

## ئون يەتتىنچى باب

# ئىمىن ھەرىكەتتە

— ئۇنىڭ قولىدىن قالتىس ئىش كېلىدىغان نېمە جۈمۇ. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ يەنە بىر شېرى گېزىتتا بېسىلىپتۇ دېگىنە!

— ئىككى ئاغىنىنىڭ سۆھبىتىدىن

ئىمىن، دادىسى كېسەل ۋە ناكار بولغىنى ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپلا بۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بولۇپمۇ بەكلا نامرات يىراق يېزىغا پالانغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يېزىدىكى دېھقانلار قايتا نامراتلىشىش ئىمكانىمۇ قالمىغان ئەڭ چېكىگە يەتكەن كەمبەغەللىك چېگىرىسىدا ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، بۇ شەھەرلىكلەرنى قولىدىن كېلىشىچە ھىمايە قىلىشقانىدى. ئىمىنمۇ بۇ يېزىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەتىرەتنىڭ غوللۇق ئەمگەك كۈچلىرى قاتارىغا كىرگەنىدى. ئۇ، يېزىدا كۆپرەك نومۇر بېرىدىغان ئېغىر ئىشلارنى تاللاپ قىلىشقا تىرىشاتتى. بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا، ئىمىن بۇ يېزىنىڭ كونا ئەزالىرىدىن بىرىگە ئوخشاش رەسمىي دېھقان قىياپىتىگە كىرگەنىدى. بۇ يېزا، خىتايلاردىن يىراق بىر يېزا بولغاچقىمىكىن، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن سىياسەتلىرىمۇ دېگەندەك ئىجرا قىلىنىپ كەتمەيتتى. ئەسلىدە، بۇ يېزا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلۈمگە تاشلىۋېتىلگەن بىر يەر بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قىلچىلىك بىر دىققىتىنى تارتماي كەلگەن كىچىك بىر كەنت ئىدى. ئىمىنمۇ بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى يېرىگە ئاز-تولا كۆكتات، مېۋە-چېۋە ياكى كۆك تاماكا قاتارلىقلارنى نەرسىلەرنى تېرىپ ئۆينىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى ئازراق بولسىمۇ ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يېزىمۇ كوممۇنا تارقىتىش دولقۇنىغا ئۇچراپ، يەرلەرنى ئازئائىلدىغا كۆتۈرە ئېلىپ تېرىيدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ئىمىن، نەچچە يىلدىن بېرى قاغجىراپ ياتقان بىرقانچە مو يەرنى

چاغلاپ تۈزەشتۈرۈپ قوغۇن-تاۋۇز تېرىدى. ئۇستا قوغۇنچىلاردىن سوراپ يۈرۈپ تۈجۈپىلەپ ئىشلىگەچكە، شۇ يىلىسى ياخشى ھوسۇل ئالدى. ئىمىن ئىشەك ھارۋىسىغا قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى يۈكلەپ يېقىن ئەتراپتىكى بىڭتۇەن تۈز زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ساتتى. كېيىن يەنە ئۇ يەردىن بىر-ئىككى ماشىنا باشلاپ كېلىپ ئېتىزىدىكى قالغان قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى بىراقلا توپ ئۆتكۈزىۋەتتى. ئىمىن پۇلنى ئالسا خېلىلا ئوڭشىلىپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال يۈرەتتى. ئەمما تۈز زاۋۇتىنىڭ كاسسىرى ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. قىش كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ، قولىدا بارىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېلىقى بىڭتۇەنلىك كاسسىرنى ئىستەپ باردى. شۇنچە يالۋۇرۇپ دېگىنىگە قارىماي، پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئىمىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بېرىپ ھېلىقى خىتاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ... ئاقىۋەتتە، بىڭتۇەن سوتچىلىرى ئىمىننى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان دەپ، ئون بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىۋەتتى. ئىمىن تۈرمىدە ئون يىلغا يېقىن ياتتى. كېيىن ‘ئىپادىسى ياخشى، ئۆزگىرىش نىيىتى بار’ دېگەن ‘مۇكۆپات ’قا ئېرىشىپ تۈرمىدىن 'بالدۇر' چىقىرىلدى. ئۇ يېزىسىغا بارغىنىدا، ئۆيىدە ھېچكىمى يوق، ئۆيىمۇ بىر تاشلاندۇق سامانلىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. يېزىسىدىكىلەر ئىمىننى باشلاپ يېزا قەۋرىستانلىقىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ مازار بېشىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. يېزىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىپ، شۇ يەردىن بىر يېتىم قىزغا ئۆيلەندۈرۈپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇشتى. ...

ئىمىن، رەسمىي بىر تاش يۈرەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدا نە ھېسسىيات، نە سۆيگۈ دېگەنلەر قالغانىدى. ئارتۇق گەپمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بىرەر يېقىن دوستىنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىردىن بىر دوستى — تۈرمىدە بىر خىتاي پسىخولوگىيە لېكتورىدىن ئۆگىنىۋالغان يېڭىچە پسىخولوگىيىگە دائىر خىتايچە كىتابلىرى ئىدى. ئۇ، بۇ بەش-ئون يىل ئىچىدە نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدى. بولۇپمۇ پسىخولوگىيە، سوتسىيالوگىيە ۋە مىللىي تارىخىغا دائىر كىتابلارغا بەكلا قىزىققانىدى. بۇ جەھەتتە ھېلىقى تۈرمىدىشى خىتاي مۇئالىمى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىلمىگەن يەرلىرىنى بېرىپ شۇ خىتاي تۈرمىدىشىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. ئۇ خىتاي ھازىر بىر ئېنىستىتۇتتا دوتسېنت ئىدى. بىر ھېساپتا، ئىمىننىڭ قايتا سۈرگۈنگە ئۇۋەرتىلىشىدىنمۇ شۇ خىتاي مۇئالىم يول مېڭىپ يۈرۈپ

ساقلاپ قالغانىدى.

بىر كۈنىسى ئىمىن بىر ئۇيغۇر خېرىدارىنىڭ ئۆيىنى ئاقارتىۋاتقىنىدا بىر بۇلۇڭدا تۇرغان كىتابلار ئارىسىدىن ‘ئىزچى مەن ’ نىڭ كۆك تاشلىق كىتاۋىنى تېپىۋېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ. ئۇنى ئوقۇپ يۈرۈپ يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشقا كىرىشىپ قالغانىدى. مانا ئەندى كونا دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەسمى بىر يوشۇرۇن ھەرىكەت قوشۇن جەڭچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ، قاسىمنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ بۇرۇنقى مەدىكارچىلىقتا تونۇشۇپ قالغان كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ يۈرۈپ ئۈچ كىشىلىك ئۆزىگە تەۋە يوشۇرۇن قوشۇنىنىمۇ قۇرىۋالدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئالاھىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان تەلۋە پىدائىلار بولۇپ، خىتاينى كۆرسە خام يەۋەتكىدەكلا كىشىلەردىن ئىدى. بىر-ئىككى يىلغا قالمايلا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇغۇندا قوشۇن ئەزالىرىنىڭ سانى ئوننەچچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ھېچ بولمىغاندا ئايدا بىرەر قېتىم ھەرىكەت پەيدا قىلماي قالسا كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيدىغانلاردىن ئىدى. ...

قاسىم ئۆتكەن يىلى ‘يېڭى ئاي قوشۇنى ’ نىڭ باشلىقى بولغانىدى. بۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە، ‘يېڭى ئاي قوشۇنى ’ ئاۋال گۈلباھاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ‘يانچۇقچى ’ دىنمۇ ئايرىلدى. كەينىدىنلا خاسىيەتمۇ قۇربان بولدى. بىر ھېساپتا، يېڭى ئاي قوشۇنىنىڭ ئەزالىرىدىن يالغۇز قاسىمدىن باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى يېڭىلار بولۇپ، تۆۋەندىكى تۇغۇندا قوشۇنلاردىن بىرنەچچە قېتىم ئەزا تولۇقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۇ كۈنلەردە قاسىم، قول ئاستىدىكى تۇغۇندا قوشۇنلاردا جەمئى قانچە نەپەر ئەزا بارلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەيتتى. ئىش قىلىپ يۈزدىن كام بولمىسا كېرەك دەپ گۇمان قىلاتتى. بۇ ئارىدا نەچچە ئون ئادىمىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئوندىن ئارتۇق ئادىمى تۇتۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە تۇغۇندا قوشۇندا ئىككى جاسۇس ۋە بىر خائىن چىقىپ قېلىپ، ئۇنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنى باش قوشۇنغا مەجبۇرى چىقىرىۋالغان ئىمىن پاش قىلىپ تېپىپ چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى تېخىمۇ قىيىن ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئىمىنگە كۆپ رەخمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى. ئۇ بولمىسا ئىدى، بۇ قوشۇنلارنىڭ پىلانلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇنچە ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرالىشىنى ھەرگىزمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى.

قاسىم بۇلارنى كۆزئالدىغا كەلتۈرگەچ، ئىمىنگە ئاپىرىپ بېرىدىغان بىرقانچە تال ئاپتوماتىك پىستاننى يانچۇقىغا سېلىپ يولغا چىققان ئىدى. ئۇ، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىپ، ئالدىدىكى كوچا دوقمۇشىدا كىشىلەرنى توختۇتۇپ يانلىرىنى ئاختۇرىشىۋاتقان خىتاي پاتىروللىرىنى كۆرمەي قالىدۇ. ...

يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان «ئەجەم» مۇقامىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ قۇلاقنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلاۋاتقاندەك، بۇ مۇقامنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى قان-تومۇرلارنى جوشتۇرىۋاتقان سېزىم بەرمەكتە.

"ياق، ئۇيغۇر ئېلى ئۇخلىمىدى، ئۇ يېقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن تېخى يېڭىلا تۇرۇپ قايتىدىن ئۇچۇشقا باقماقتا!"

ئون سەككىزىنچى باب

# يوشۇرۇن ئارخىپ

– *پالانچى ئادىمىمىز پوكونچىنى رەسمىي پاكىتلار بىلەن خائىن* دەپ پاش قىلىۋاتىدۇ، بۇ قانداق گەپ؟
– ئۇنى دىيسەڭ پوكونچىمۇ بىر ۋاقىتلاردا پالانچىنى جاسۇس دەپ ئىسپاتلىغانىدىغۇ؟
– قويساڭلار شۇ گەپلەرنى، ھەممە ئىشىمىزنى دۇنياغا ئاشكارە جاكالاپ قىلىشنى ئەڭ توغرا يول دەيدىغان، يوشۇرۇن ئىشىمىز يوق، ھەممىنى ئاشكارلىۋېتىدىغان يەردە جاسۇس. خائىنىنىڭ نىمە ئىشى بار!
—— ساۋاغداشلار ئوتتۇرسىدىكى سۆھبەتلەردىن

**گۈلباھار** : مىھمانخانا پارتلىتىشتا بىرلىكتە پارتلاپ ئۆلدى. ئۇنىڭ جەستىدىن ھىچ نىمە تېپىلمىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى جەمىيەتتىكىلەردىن ياكى خىتاي دائىرىلىرىدىن ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلمىدى. ئەمما ئۇ، قوشۇن ئىنتىزامىغا خىلاپ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يوشۇرۇن قوشۇنى 'شەپقەت ھەمشرىسى' نى قۇرۇپ ساپلا يولدىن ئازغان قىزلاردىن ئۈچ ئەزا قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلارمۇ زەنجىرسىمان كېڭىيىپ بىرقانچە تۈغۈندا قوشۇن ھالىغا كېلىپ تا ھازىرغىچە 'قىزلار روتىسى' قوماندانلىق شتابى نامى بىلەن يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىكەن.

**خاسىيەت**: بومبىسىنىڭ ۋاقىت تەڭشىگۈچىنى خاتا تەڭشەپ قويۇپ، جايىغا بارماي تۇرۇپلا ئاپتوۋۇزدا پارتلاپ تىتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ جەسىدى تېپىلمىدى. ئەمما ئۇنى تونىيدىغانلار خاسىيەت چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغان ئالىي مەكتەپلەر ئارا يوشۇرۇن زەربە بېرىش قوشۇنلىرى 'بىلىم ـ كۈچ' شتابى ئاستىدا زەنجىرسىمان كېڭىيىپ تا بۈگۈنگىچە ئاپتوماتىك تېزگىنلىنىدىغان پارتلاتقۇچ ئۈچۈرى تەييارلاش پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە دېيىشىدۇ.

**'يانچۇقچى'** : ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. بىر ۋاگون خىتاي ئەسكىرى بىلەن بىرگە پارتلاپ كۆيۈپ كەتتى. جەسىدىنىڭ كۈلىمۇ قالمىدى.

كىشىلەر ئۇنى خىتايدا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يانچۇقچىلىق قىلىپ ھازىرغىچە ياشاۋاتىدۇ دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغان يوشۇرۇن قوشۇنىنىڭ زەنجىرسىمان ئۇزانتىسى ساپلا ئىنتېرنەت بىلەن خىتاينى قالايماقانلاشتۇرۇش، خىتاي ئەمەلدارلىرىغا زەربە بېرىش ۋە يوشۇرۇن قۇرال رېتسىپلىرى تەييارلاپ تارقىتىش بىلەن بوگۆنگىچە ھەپىلىشىپ كەلمەكتىكەن.

**قاسىم**: بەزى كوچا خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، ھېلىقى قۇدۇق ئىچىگە مىللىي جىنايەتچىلەرنى تىرىك تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بىر قازاق مالچى بىلەن بىر موڭغۇل قۇدۇق ئىچىگە قېلىن تور باغلىۋېتىپ، قۇدۇققا ئېتىلغانلاردىن يەتتى كىشىنى قۇتقۇزۇپ چىقىرىۋالغانىمىش. ئۇلارنىڭ بىرسى قاسىم ئىكەنمىش. ئۇ قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تەڭرى تاغلىرى ئىچىدىكى ئورمانلاردا يوشۇرۇن پارتىزانلىق بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرىيدۇ دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرمەكتە. يەنە بەزىلەر چېگرادىن ئوغۇرلۇقچە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ يوشۇرۇن قۇرال سودىسى قىلىپ يۈرىدۇ دەپ گۇمانمۇ قىلىشىدىكەن.

**ئىمىن** : چوڭ شەھەرلەر ئەتراپىدا زەنجىرسىمان يوشۇرۇن پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللەپ، بېنزىن-سەلەركە توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا زەربە بېرىپ پائالىيەت قىلىۋاتقانمىش.

**'ساقى'**: كېيىنكى كۈنلەردە بەش كىشىلىك مۇستەقىل بىر يوشۇرۇن قوشۇن تەشكىللەپ، مەخسۇس مىللىي مۇناپىقلارغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرىدۇ دېگەن گەپلەر بار.

**'خەۋەرچى** ': ھازىرغىچە ئۆزى يالغۇز تەشۋىقات، رېتسىپ-چېرتيوژ ۋاراقلىرىنى كۆپەيتىپ يوشۇرۇن تارقىتىش بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرەرمىش.

**'موخوركىچى'**: قايسى بىر دىنىي تەرىقەتكە قول بېرىپ، يوشۇرۇن شەكىلدە شۇ تەرىقەتكە ئەزا تەربىيەلەپ يۈرگۈدەكمىش.

**دېموكراتچى خىتاي**: قاسىمنى سوراق قىلغاندىن ئۈچ ھەپتە كېيىن، تاماق توشۇپ بەرگەن گۇندىپايلاردىن بىرسىنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن خىتاي ھەربى سوتى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دەرھال ئېتىپ تاشلانغان. قارىغا ئالغۇچى ئەسكەرلەر يېڭى بولغاچقا، نىشانغا دەل تەككۈزەلمەي ئالتى پاي ئوقتا ئاران جېنى چىققان دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرەرمىش.

**خاسىيەتىنىڭ دادىسى**: ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەرئاستى سېلىسارلىق ئۆستىخانىسىدا يوشۇرۇن قۇرال ياساپ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرەرمىش. بەزىلەر تۇتۇلۇپ تۈرمىدە ياتىدۇ دېيىشىدۇ. ئېنىق ئەمەس.

**تۈرمىدىكى ياشلار**: ئۇلارنىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكىدىن تا بۈگۈنگىچە ھېچكىم خەۋەر ئالالمىدى. ئۆتكەن ئايلاردا، بەزىلەر تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغانىدى. ئاقىۋىتى مەلۇم ئەمەس.

## ئون توققۇزىنجى باب

# ئاخىرقى سۆز ئورنىدا

ــ قېنى دەپباقە، شۇ پۇۋىستا سېنى ئەڭ بەك
تەسىرلەندۈرگەن بىر جۈملە قايسى؟
ــ'مېنىڭ نېسىۋەم قېنى؟!' دېگەن جۈملىسى.
—— ئاپتورلار ئولتۇرىشىدىن

“... دۈشمەن ئوفىتسېرى ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. مەنمۇ دەرھال ئېپىنى تېپىپ چىشلىرىمنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا پاتۇرىۋالدىم. يۈز-كۆزلىرىمدىن ئۇنىڭ گېلىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان قانلار ئېقىپ تۇرسىمۇ قويۇۋەتمىدىم. جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشمەكتە ئىدىم. ئۇمۇ مەندىن ئاجراپ چىقىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغۇناتتى. ئەمما مەن، گويا غانجوراپ قالغان قاۋان ئىتتەك چىشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە چىڭ چاپلىشىپ قالغانىدىم. ئاغزىمنىڭ ئىچى ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىققان قان بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇزۇن داۋام قىلغان بىر جان تالاشقان خىقىراشتىن كېيىن، قورقۇنۇچلۇق بىر تىترەك باسقانىدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى. ئۇنىڭ بوغۇزىنى چىشلەپ سۆكىۋالغانىكەنمەن. قۇرتتەك بىرلا دوملاپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇرالىنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. بۇ قۇرالنى ئېلىپ ئۇدۇلۇمدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە تەڭلەپ تۇرۇپ تەپكىسىنى بېسىۋەتتىم. ئەمما بۇ قۇرالدا ئوق تۈگىگەنىكەن. قۇرالنىڭ پەيىنگىدە ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۇردۇم. كۈچلۈك بىر چىقىراش بىلەن تەڭ گۈپپىلا قىلىپ ئالدىمغا مۆكچۈيۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى تىتىلىپ قانغا بويۇلۇپ ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ... ياق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. جەڭ تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتقانىدى. ...

**—— سۋېن ھاسسەل”**

بۇغۇلغان بوۋاق

# مېنىڭ نېسۋەم قېنى؟

(شۇ ناملىق رومانىدىن تاللانمىلار)

*سايۋاغ* نەشرىياتى — ئۈرۈمچى

یىگىرمىنجى باب

# چوڭچىڭدىكى يوشۇرۇن پىلان

... ...

پۈتۈن ئەتىراپنى قويۇق تۇمان بېسىپ كەتكەن بولۇپ، بەش مېتىر نېرىسىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي ھەممە كىشى ئالدىراش، بەزىلىرىنىڭ قولىدا خورۇمدىن، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولىدا چىغدىن ئىشلەنگەن چامادانلار، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولىدا بولسا يوتقان ئەستىرىگە تۈگۈۋالغان بوپىلار، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىر تەرىپى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر قولىدا قومۇش ياكى مايلىق كىلىيونكىدىن ياسالغان كۆنلۈك كۆتۈرىشۋالغانىدى. كىشىلەر ئىگىزلىكتە گويا بۇلۇت ئىچىدىن چىقىپ كېلىپ، يەنە تۆۋەندىكى بۇلۇت ئىچىگە كېتىشىۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈپ قويۇپلا يەنە غايىپ بولاتتى. پەسكە قاراپ سوزۇلغان ئىتتىنىڭ ئۆچىيىدەك ئىنچىكە تاش پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ يەنە تۇمان ئىچىگە چۆكۈپ غايىپ بولىۋاتقان بۇ ئادەملەر، نېمىدىنىدۇر بىر نەرسىدىن قېچىشىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى نەگىدۇر بىر يەرگە ئالدىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن تىك ۋە تار تاش پەلەمپەي ئاغزىنىڭ سەل يوقۇرىسىدىكى تۈزلۈكتە لىق چامادان، يۈك-تاقلار بىلەن تولغان، بەزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېسىل كېيىنگەن خېنىم-قىزلار ئولتۇرۇشقان پىكاپلار، قول ھارۋۋىلىرى، رىكشىكلار، ئەپكەشلىك ھامماللار، ئېگىز-پەس پىيادىلەر يولغا پېتىشماي كېلىشمەكتە ئىدى. ئادەملەر پەلەمپەينىڭ ئاغزىغا يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ يەنە ئالدىراش تاش پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇمان ئىچىدە غايىپ بولىشاتتى. كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ كەينى ئۈزۈلىدىغاندەك قىلمايتتى. بوشىغان ماشىنا-ھارۋۋىلار دۆڭدىكى مىغىلداپ ئادەم قايناپ تۇرغان قىستا-قىستاڭچىلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ تۇمانلىق تار كوچىلار ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولىشاتتى.

بۇ شەھەر گويا خىتاي رىۋايەتلىرىدىكى سوك ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشىگە

چىققىنىدەك مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ھەممە ئەتىراپ قويۇق تۇمان ئىچىدە، بۇلۇت ئىچىدە كۆرۈنۈپ قويۇپلا يەنە يوقۇلۇپ كېتىۋاتقان مىغىلداپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى، ئەجەبا بۇنچە نۇرغۇن ئادەم تار بىر پەلەمپەي ئاغزىغا قىستىلىشىپ نەگە قاراپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ ئادەملەرنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ھەرخىل، شىۋىلىرىمۇ بىر-بىرسىدىن پەرقلىق، ... تۆۋەندە، چوڭقۇر بىر يەرلەردىن بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان ئېغىر گۈدۈك ئاۋازلىرى سوزۇلۇپ ھۆكىرەشمەكتە، دېمەك بەزى پاراخوتلار يولغا چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ياكى يېڭىدىن پورتقا قاراپ كىرىۋاتامدىغاندۇ؟ ھېچ نېمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىتايلار قاچقۇن پايتەختتى چوڭچىڭنى بوشۇتۇپ، كۆپ چىقىش تەرەپلەرگە قاراپ ئېقىن قىلىشماقتا. ...

مىغىلداپ تۇرغان بۇ ئاچ-يالىڭاچ ئادەملەر، ...

ئورمانلىق ئىچىدىكى ئەگرى-توقاي يولدا كېتىۋاتقان پوق قوڭغۇزىغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان قارا رەڭلىك مەرسەدەس بېنىچ، تۇمانلىق يوللاردا ھېلى كۆرۈنۈپ، ھېلى غايىپ بولۇپ دېگەندەك غۇيۇلداپ مېڭىپ، ئەتىراپىغا زىچ پوس قويۇلغان چىرايلىق بىر داچىنىڭ دەرۋازىسىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. يول بويىدىكى تېرەكتەك قاتار تۇرغان پوسلار پىكاپنى كۆرۈشى ھامان تىك تۇرۇپ چاس بەرگىنىچە قېتىپلا قالدى. ...

ــ ھە، قېرىنىدىشىم جىڭ شيوڭ، ياخشى كەلدىڭ. سېنى تەبرىكلەيمەن، تەبرىكلەيمەن. بۇ، بۇ، ... ئاڭلىدىم، بۈگۈن يەنە باندىت ماۋنى تازا باپلاپسەن. شۇنداق قىلىش كېرەك بۇ باندىتلارنى، ئاغزىنىمۇ ئاچتۇرماسلىق كېرەك! ــ ياندىن توپچىلانغان ئۈشۈقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان خىتايچە ئۇزۇن قارا يىپەك پەرىجە كىيىۋالغان ئۇرۇق تاقىرباش جاڭ كەيشى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن گېنېرال جاڭ جىڭجوڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئاتىلارچە سىلاپ قويدى. ــ نېمە كۈنلەر بۇ بىزگە، بۇ، بۇ، ... ئەندى بىز تېنچلىق ئۈچۈن دەپ سۆزلەشمىگەن شۇ كوممۇنىست باندىتلىرى قالغانىدى!

ــ چېچىلما جاڭزوڭ، قارىغاندا ئىشلىرىمىز بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. سەن سالامەتلىكىڭنى ئاسراشقا دىققەت قىل، سەن بىزنىڭ باش پانايىمىزسەن. سەن بولمىساڭ بۇ بۈيۈك خىتاي ئېلىمىز پارچىمۇ-پارچە بولۇپ،

قىزىل ياكى قارا رەڭلىك باندىتلارنىڭ قولىدا قالدىغاندەك تۇردۇ. ــ جاڭ جىژجوڭ بېشىدىن گېنېراللىق قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا كۆزەينىگىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن ئىككىسى بىرىپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قويۇلغان كىرىسلودا يان قارىشىپ ئولتۇرۇشتى.

جاڭ كەيشىنىڭ چىرايى بەكلا پاراكەندە كۆرۈنەتتى. ھېلىدىن ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك ئالدىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ــ قېنى دېگىنە، بۇ، بۇ، ... تۈگىمەيدىغان يەنە نېمە ئىشلار بار ئىدى؟ ماۋزەيدوڭنىڭ راسا جاجىسىنى بەرگەندەكلا قىلىشىدىڭ، يەنە نېمە گەپ بولدى؟ ــ جاڭ كەيشى تاقىر بېشىنى بارماقلىرى بىلەن سىلاپ قويۇپ گېنېرالغا تەلمۈردى.

ــ ھە، شۇنداق، ئەسلىدىغۇ تىلغا ئالغۇچىلىغى يوق كىچىككىنىلا بىر ئىش دىسەكمۇ بولىدۇ. ــ جاڭ جىژجوڭ كۆزئەينىگىنى قولىغا ئېلىپ قول ياغلىغىنى چىقىرىپ سۈرتۈشكە كىرىشتى. ــ شۇ رۇس ئېيىقلىرى ئىشنى بۇزۇپ يۈرمىسۇن دەيمەن-دە، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرىمەن.ــ ئۇ كۆزئەينىگىنى قايتا تاقىۋېلىپ زوڭتۇڭغا قارىدى.

ــ ئىچىمنى پۈشۈرماي ئوچۇقلا دېگىنە، نېمىكەن ئۇ قېرى رۇس ياۋايىلىرى قول سېلىۋالغىدەك يەنە؟

جاڭ جىژجوڭ يەرگە قارىغىنىچە سەل جىم تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ جاڭ كەيشىگە قاراپ دېدى:

ــ ئەسلىدە كىچىك ئىش، ... ـ ئۇ سەل ھىجىيىشقا تىرىشقاندەك قىلىسىمۇ، يۈزىگە تەبەسسۇم كەلتۈرەلمىدى. ــ شۇ ھېلىقى، زو زوڭتاڭ ھەزرەتلىرىمىز بىزگە ئېلىپ بەرگەن غەربى دىيار يېڭى چىگرايىمىزدا يەرلىك ياۋايىلار توپىلاڭ چىقىرىشقانىكەن. شۇ ئىشلار، ...

ــ دېمىدىمۇ، بۇ، بۇ، ... شۇ يىسا (ئەيسا بەگنى دېمەكچى ــ ئا) لار، يەنە بىرسىنىڭ ئېتى نېمىدى؟ ھە، يىمىڭ (مەمتىمىن ھەزرەتنى دېمەكچى ــ ئا) دېگىنى، كۆزۈمگە بەكلا تۈرى يامان كۆرۈنگەنىدى ئۇنىڭ. ــ جاڭ كەيشى، گېنېرالنىڭ گېپىنى كېسىپ غۇدۇرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى-كەينىگە ماڭغىلى تۇردى.

ــ ياق، ياق. بۇ قېتىمقىسى، ... ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ــ جاڭ جىژجوڭ يەنە كۆزئەينىگىنى تۈزەشتۈرىۋالدى. ــ بۇلارنىڭ ئىشى بولسىغۇ ئاسان گەپ

ئىدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، بۇلارنى ئۇ يەردىكى باندىتلارنىڭ ھېچقايسى خالىمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇلارمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك. شۇڭلاقتىمۇ ئۇلارغا تازا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇلار يۇرتىغا بېرىپلا ئالسا بىرلىشىۋېلىشى تۇرغان گەپ. ئەسلىدىنلا ئۇلارنى بۇ ئەترىاپلارغا قامال قىلىپ يۇرتلىرىغا قايتىشىغا زادىلا رۇخسەت قىلماي كېلىۋاتىمىز. ئەمما ئۇ يەردىكى ئىشلار باشقا بىر ئىشتەكمۇ قىلىدۇ. شىنجاڭغا يېڭىدىن ئېۋەرتىلگەن گېنېرال ۋۇنىڭ تېلېگراممىسىدىن قارىغاندا، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆزۈم بىر بېرىپ كەلمىسەم زو ھەزرىتىمىزنىڭ روھى ئالدىدا يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن مۇداپىئە كۆرۈشىمىزدە زادىلا كام بولسا بولمايدىغان بەكلا مۇھىم بىر يەر. يەنە كېلىپ ئىشلىرىمىز تەييار بولۇپ قالغىنىدا، ج ك پ باندىتلىرىنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە قېچىپ بېرىۋېلىپ رۇسلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋېلىپ، خۇددى جىڭگاڭشەنگە قېچىپ بېرىۋالغىنىدەك باشقىلاتىن كۈچلىنىۋېلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاشمىساق بولماسمىكىن دەيمەن.

ــ بۇ، بۇ، ... سەن كەتسەڭ بولمايدۇ، بۇ يەردە سەن بولمىساڭ ماۋ ئوغرىلىرى بىلەن كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ... ياق، ياق. باشقا بىرسىنى ئەۋەرتەيلى. بۇ، بۇ، ... تېخى ھېلىقى جۇ ئىنلەي دېگىنىچۇ تېخى، تۈلكىنىڭ نەق ئۆزى! مەن ئۇنى تا خۇاڭپۇدىكى ۋاقتىدىن تارتىپلا ياخشى بىلىمەن.

ــ مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۇگۈن يەنئەن باندىتلىرىغا بەرگەن تەكلىپلىرىمىزنى ئۇلار قايتىپ كېتىپ بىرمەزگىل غاجىلاشماي قويمايدۇ. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا بىر بېرىپ كەلسەم دەيمەن. شۇ باھانىدا، ئۇ يەرنىڭ كەلگۈسىدە بىزگە قانچىلىك ئەسقاتىدىغانلىغى، پالاكەت ئاستىدىكى ئۆلكىلىرىمىزدىن ئۇيەرگە بەش-ئون مىليون بولسىمۇ كۆچمەن يۆتكىگىلى بولامدۇ-يوق، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگىممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردىكى ئىشلار بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. مەن بارمىسام، ئۇ يەردىكى بىرنەچچە تەرسا گېنېراللىرىمىز ئىشنى بۇزۇپ، زو ھەزرىتىمىزدىن مىراس قالغان غەربىي دىيارىمىزنى رۇسلارغا يەم بولۇشقا تەييارلاپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ــ بۇ، بۇ ...، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللار شۇنچىلىك ئېغىرمىكەن؟ ــ جاڭ كەيشى تۇرۇپ كېتىپ تاقىر بېشىنى قاشلىغانىدەك سىلاشتۇرۇپ قويدى. ــ مەيلى جىرجوڭ

قېرىنىدىشىم، بۇ كۆنلەردە سەنمۇ تازا چارچاپ كەتتىڭ. بولمىسا بۇ سەپەر ئىشى ساڭا بىر دەم ئېلىپ ساياھەت قىلىپ زېھنىڭنى ئېچىپ كېلىدىغان پۇرسەت بولۇپ قالار. بۇنىڭغا ئاللىقاچان ۋاقىت كەلگەنىدى، بۇنىڭغا ھەققىڭ بار جىژ شيوڭ. بېرىپ دەم ئېلىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن ماۋچېلارغا تېخىمۇ كۆچلۈك زەربە بېرەلەيدىغان بولۇپ كۆچلىنىپ كېلەرسەن. ــ ئۇ كېلىپ جاڭ جىژجوڭنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويىدى. ــ ھە، ئىشنى سىلىغلاشتۇرىمەن دەپ ياۋايى باندىتلارغا تولىمۇ رەھىمدىللىق قىلىپ كەتمە! بۇ، بۇ، ... ئىشنى تېز تۈگەت ۋە تېز قايتىپ كەل!

قاسقان شەپكىسىنى كېيىپ ئۆلگۆرگەن جاڭ جىژجوڭ، تىك تۇرۇپ سالام بەرگەچ، ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا دېدى:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، دۆلەت ئاتىمىز، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!

تۇمانلىق پايتەخت رەسمىلا بىكار قىلىنماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ ئېگىز-پەس تاش پەلەمپەيلىك كوچىلىرى ئۇرۇش ۋەيران قىلىۋەتكەندەك خانىۋەيران بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى داچىدا، بۇ قېتىم ساراي ئىچىدە ئەمەس، ئورمانلىق تاغدىكى چىغىر يولدا جاڭ كەيشى بىلەن جاڭ جىژجوڭ، ھەر ئىككىسىلا سۇرلۇك گېنېراللار قىياپىتىنى كېيىشكەن ھالدا بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە يوقۇرى ئۆرلىگەچ سۆزلىشىۋاتۇتتى. جاڭ كەيشىنىڭ كۆرۈنىشى بەكلا خاپا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بامبۇكلۇق ۋە پاكار ئورمان بىلەن پۈركەلگەن تار چىغىر يولدا بىر تۇرۇپ، بىر مېڭىپ دېگەندەك خېلى سۆزلەشتى.

- ... جاڭ زوڭ، بۇنىڭغا رەنجىمە، شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت راستىنلا مەن ئويلىغىنىمدەك ئۇنداق سەل قاراشقا بولىدىغان كىچىك ئىشلاردىن ئەمەس ئىكەن. بىر ھېساپتا ئۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمىز دېسەكمۇ بولغىدەك. قىلچىمۇ چارە قىلغىدەك يېرى قالماپتىكەن. شۇڭا رۇسلارنى ئارىغا سېلىشقا مەجبورلاندىم. مېنىڭچە، نەنجىڭگە بارا-بارمايلا بىزمۇ رۇسلار بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە خېلى جىددى سۆزلىشىپ باقمىساق بولماسمىكىن دەيمەن. ... يالتا قارارلىرىنى باھانە قىلىپ بولسىمۇ چىڭىراق تۇرۇپ تەلەپ قىلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن. بولمىغاندا،

موڭغۇل مەسلىسنى، هەتتا يەنئەن بىلەن بولغان سۆهبەت مەسلىلرىنىمۇ سۆرەپ چىقىپ رۇسلارغا بېسىم قىلىپ باقساقمىكىن. هازىرچىغۇ غەيرى-رەسمىي يوللار بىلەن دىخۋا رۇس كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇرۇشنى توختۇتۇپ تۇرۇشقا ۋەدە ئالغاندەك قىلدىم. هېلىمۇ ياخشى تەلىيىمىزگە يامغۇر پەسلىگە توغرا كېلىپ قېلىپ، باندىتلارنىڭ يولىنى سەل تاشقىنى توسىۋالغانىكەن. ئەمما بۇ سەلنىڭ يەنە قانچە كۈن داۋام قىلىپ بېرەلىشىنى كىم بېلىدۇ. ئۇ يەرلەر بەكلا قۇرغاق يەرلەركەن. پات يېقىندىلا سەل توختاپ يوللىرى ئېچىلىپ كېتىپ قالسا ئىشىمىز بەكلا چاتاق بولىدىغاندەك قىلىدۇ. رۇس كونسۇلىمۇ دۇدۇقلاپ كېسىپ بىرنېمە دېگىلى ئۇنىماي تۇرىۋاتىدۇ. مېنىڭ گۇمانىمچە، بۇ رۇسلار بۇ مالىماتاڭچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئارزۇلىرى ئۈچۈن كوزۇر قىلىپ ئىشلىتىپ بىزگە بېسىم قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندەكلا بىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر تېز قارار قىلمىساق، جوڭخۋا مىنگونىڭ شىنجاڭ دەيدىغان بىر يېرى قالمىغىدەك! ــ جاڭ جىژجوڭ، ئورنىدا سەل تۇرۇۋېلىپ ئاۋازىنى كۈچەيتىپ قوشۇپ قويدى، ــ شىنجاڭ دېگەن بەكلا كەڭرى بىر زېمىن ئىكەن. ئۇ يەرنى يالغۇز هەربى ستىراتېگىيلىك ئورۇن دەپلا قالماسلىغىمىزنى هېس قىلدىم. ئەگەر ئۇ يەرلەرنى تەرەققى قىلدۇرالىساق، سېپىل ئىچىدىكى پېتىشماي كېتىۋاتقان بىرەر يۈز مىليون ئىشلەمچىمىزنى ئۇ يەرگە ئاپارساق ئەركىن سىغدۇرغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. دەرهال ئامالىنى قىلمىساق زىيان بەكلا چوڭ، بەكلا ئېغىر بولۇپ كەتكىدەك. ــ ئاخىرى ئۇ دۆڭگە چىقىشتىن توختاپ، جاڭ كەيشىدىن بىرقانچە قەدەم تۆۋەن بىر يەردە تۇرۇپ قولىدىكى پەلىيىنى چىقىرىشقا كىرىشتى.

دۆڭنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بارغان جاڭ كەيشى، بۇلۇت بىلەن قاپلانغان بۇ قاچقۇن پايتەختنىگە ئاخىرقى قېتىم بىر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ شۇنچە جاپالىق كۈنلىرىمىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى-هە! ــ ئاندىن ئۆزىدىن سەل پەس تەرەپتە تۇرغان جاڭ جىژجوڭغا مەغرۇر قىياپەت بىلەن قارىدى، ــ بۇ، بۇ، ... مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن ئەمسە!

ئەسلىدە جاڭ كەيشىنىڭ بۇ گەپنى نېمىگە قارىتىپ دېگەنلىگىنىمۇ تازا ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. ...

... ...

## يىگىرمە بىرىنجى باب

# 7995- مىللىي قىسمىدا

... ...

ئىشىككە تاقاشقىدەكلا ئىگىز بويىلۇق پولك كوماندىرى ئەرشىدىن تۇرپان، توخسۇن ۋە پىچان تەرەپلەرگە 'سولچىلارنى قوللاش' باھانىسىدا تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى بىرىيەرگە يىغىپ بولالماي، ئىچى تىت-تىت بولۇپلا يۈرەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، پولكىنىڭ مەجبۇرى كۆچۈرتىشۈتىلگەن كونا ئورنى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ جەنوبىي تاغ ئېتىگىدىكى ئورنىدىمۇ بىرمۇنچە پولك ماللىرى چىرىپ ياتاتتى. بۇ يەردىكى ئەھۋالمۇ ئۇنىڭدىن پەرقى يوق بولۇپ، پولك بىنالىرى تېخى تولۇق سۈۋالمىغان، نەرسە-كېرەكلەر ھەر تەرەپتە چېچىلىپ ياتقان، بۇ بەش-ئون يىلدىن بۇيان ئەسكەرلىرىگە تۈزۈگىرەك ھەربى تەلىم-تەربىيە بېرىش پۇرسىتىمۇ بولماي‌ۋاتاتتى.

"نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارغا، ... يا شۇ سەۋەپىدىن ئەزىزىمۇ بىزنىڭ بۇ پولكىمىز بىلەن چاتىغى يوقلا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بولمىسا بۇلارنىڭ باشقىچە غەرەزلىرى بارمۇ-يا؟"

پولك كوماندىرى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئويغا پېتىپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە ئايالىنىڭمۇ زادىلا خوشلۇغى يوق ئىدى. ئۆزىچىلا چېچىلىپ قالىدىغان، بىر بۇلۇڭغا تىكىلىپ ئۇزۇنغىچە جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇۋالغانىدى.

"شۇ بىچارىغىمۇ نېمە كۈنلەر بۇ. مېنىڭ كەينىمدىن پالاخشىپ تاغمۇ-تاغ ئايلىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن، بىرەر تۇرمۇشنىڭ ئىسسىغىنى كۆرمەي مۇشۇ ياشقا كەلدى-دە، ئىسىت ئۇ بىچارىغا!"

شۇنچە يەرلەرنى ئايلىنىپ مىڭ تەستە ئۈرۈمچىنىڭ جەنوبىي تاغ ئېتىگىدىن يەر ئېلىپ جايلىشىپ، كۆرمىگەن مۈشكۈلاتلارنى تارتىپ، دۆلەتتىن تۈزۈگىرەكمۇ پۇل ئالالماي جەڭچىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا دېگەندەك مىڭ تەستە قورۇلۇش سېلىۋاتقىنىدا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن ئىشنى چىقىرىشىپ، بىر تال خىشنىمۇ

تاپقىلى بولمايدىغان قىلىۋەتتى. ئاخىرى بولماي جەڭچىلەر ئۆزلىرى خۇمدان سېلىپ خىش قۇيۇپ پۇشۇرۇپ يۇرۇپ دېگەندەك پولكنى تېخى ئەمدىلا بىر چىرايلىق ھالغا كەلتۈرگىنىدى. بىچارە جەڭچىلەر كۆكتاتتىن تارتىپ ئاشلىققىچە ئۆزلىرى تېرىپ يېتىشتۇرىۋاتقان، ھەتتا گۆشنىمۇ ئۆزى قوي بېقىپ تەييارلاۋاتقان، ئۇنداق قىلمىسا قەھەتچىلىك يىللىرىدىكىدەك ئايلارغىچە ئاشلىق بەرمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىۋاتقان، ... بۇنداق بىر ھەربى قىسمنى ئەڭ ياخشىسى
دېھقانچىلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى دېگەنلا دۇرۇس! مانا ئەندى ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ، جەڭچىلەرنى يېڭى پولك بىنالىرىدا تۇرغۇزۇش، باشقا خىتاي
قىسىملىرىدىكىدەك يېڭى قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش ۋاقتى كەلگىنىدە، يەنە نەدىن پەيدا قىلدى شۇ 'ئارمىيە سولچىلارنى قوللاش خىزمىتى' دېگەننى! بۇ ھەربىلەرگە ئوڭ-سول سىياسەتنىڭ نېمە ئىشىدىكى؟ ئۇلار تەشۋىق قىلىش دېگەن باھانە بىلەن يېزىلارغا تارقىلىپ كەتكىنىدە، تۇيۇقسىزلا پولك شتاۋىنى پۇكاڭغا ي ۋتكەڭلار دېگەن بويرۇق كەلدى. ئۇ يەرگە خىتايدىن كەلتۈرگەن قىسملارنى جايلاشتۇرغىلى تۇردى. بۇ بىزنىڭ قانچىنچى قېتىملىق يۆتكىلىشىمىز ئىدى؟ تۆتىنچىسىمۇ ياكى بەشىنچىسىدى؟ جەڭچىلەر مانا يەنە قاقاسلىقتا قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردىكى تەشۋىقات ۋەزىپىسىدىن قايتۇرۇلۇپ كېلىنمىگەن، يۇك-تاقىلارنى توشۇش، يېڭى قۇرۇلۇش باشلاش دېگەنلەرگە ئادەم كېرەك-تە. مانا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۇرۇپ بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشنىمۇ پۈتتۈرىۋالغىدەك قىلغىنىمىزدا، دۆلەتتىن زادىلا پۇل كەلمەس بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ شۇ لوڭ شۈجېن دېگىنىنىڭ بەكلا پەيلى بۇزۇق كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مىللىي پولكىمىزنىڭ پۇكاڭدا تۇرالىشىمۇ ئۇزۇنغا بارمىسا كېرەك؟"

پولكوۋنىك، دېرىزىسىدىن يىراقتا قەت كۆتىرۈپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بوغدا چوققىسىغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى.

تەڭرى تېغىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك چوققىسى بولغان بوغدا چوققىسى، گويا ئۆزىگە ئىگە چىقالمايۋاتقان بۇ يۇرتنىڭ ئىنسانلىرىدىن رەنجىگەندەك بۇلۇت بىلەن ئۆزىنى پەردە قىلىپ توسىۋالغاندەك خىرەلىشىپ كۆرۈنمەكتە ئىدى.

"ھەرنېمە دېگەن بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىغىلىپ بولدى. ئەندى قىش كىرگىچە شۇ تاشقى سوۋاقلارنى بولسىمۇ پۈتتۈرىۋالالىغان

بولساق، ...“

پولك كوماندىرى تازا خىيالغا پېتىپ تۇرغىنىدا، ئىشىكتە بىر خەۋەرچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىپ پولكوۋنىكقە ئىككى ئىلىك كىلىدىغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇزاتتى. ئەرشىدىن ئۇنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى:

ــ شاھادەت، چاققان بول، كىيىملىرىمنى تەييارلا، كونا قوماندانىم كېلىپ قالدى! ــ ئۇ سەل ھەيران بولغاندەك قىلدى: ”نېمىشقا بۇنداق، ئالدىن خەۋەر بەرمەيلا كەلگەندۇ؟ ياكى شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكىدەك بىرەر ئىش بولغانمۇدۇ-يا؟“

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكى يىللىرى، سەيپىدىن ئەزىز، پارتىكوم ياكى ھۆكۈمەت تەۋەسىدە بىرەر شەخسى توسالغۇغا ئۇچرىغان ياكى ئۆز مەنپەتىگە زىت بىرەر قارار ئېلىشقا مەجبورلىنىپ قالغىنىدا دەرھال ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ غىپلا قىلىپ مىللىي پولكقا كېلىپ يېتىۋالاتتى. ئەرشىدىنمۇ بۇنى باھانە قىلىپ پۈتۈن قىسىمنى ئىچكى جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىلىك، سىرتقا قارىتا بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكۈزۈپ تۇتىۋالاتتى-دە، بۇ مىللىي پولكقا ھېچكىم يېقىن يولىيالمايتتى. بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت-پارتىكوملاردىن ئەلچىلەر كېلىپ كەچۈرۈم سورۇشۇپ، سەيپىدىننىڭ دېگىنى بويىچە قارار چىقىرىلغانلىقى، بۇندىن كېيىن بۇ تۈردىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بولمايدىغانلىقىغا كاپالەتلەر بېرىشىپ ھىلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىشىپ كېتىشەتتى.

”ياق، ياق، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە سەيپىدىندە ئۇنچىلىك جاسارەت قالمىدى“ دەپ ئويلىغان ئەرشىدىن، قولىغا شتاپنىڭ مەخسۇس تېلېفونىنى ئالدى. قولىدىكى قەغەزگە يەنە بىر كۆز يۈگۈرۈپ چىقتى: ”پۈتۈن جەڭچىلەر قۇرالسىز كېلىپ چوڭ زالغا يىغىلسۇن، ئۇلارغا قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر ئۇختۇرۇش بار. س. ئەزىزى“ دېگەندەكلەر يېزىلغانىدى. ئەرشىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە قولىدىكى بۇ ئىككى ئىلىك قەغەزگە قارايتتى. قۇرالسىز يىغىلسۇن، ... مۇھىم ئۇختۇرۇش، ... مېنىڭ بىلەنمۇ ئۇدۇل زالغا بېرىپ كۆرشمەكچى، ... يەنە كېلىپ بۇ يېقىنلاردا سەيپىدىننىڭ تۆمۈر داۋامئەت بىلەن بولغان جېدىلىمۇ ئۇنى ئەنسىرەتمەي قويمايتتى. ھەرقانچە ياراتمىغىنى بىلەن، بەرىبىر ئەرشىدىنمۇ

تۆمۈرنىڭ بىر يۈرتلىغى-دە!

كۆتىۋېلىش يىغىنى بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىلا زالغا قۇرالسىز يىغىلىشقانىدى. پەقەت زالنىڭ كىرىش ئىشىكىگىلا رەسمىيەت ئۈچۈن ئىككى نەپەر قۇراللىق پوس قويۇلغان بولۇپ، سەيپىدىننىڭ ئېلىپ كەلگەن خىتاي مۇھاپىزەتچىلىرى بۇ ئىككىسىنى ئاز كۆردى ئەتىمالىم، دەرھال ئاپتوماتلىق سەككىز خىتاي ئەسكىرىمۇ قاتارغا كىرىپ پوسقا تۇردى. مانا ئەمدىلا بىر ھەربى قىسىم يېرىگە ئوخشىغانىدى. ھەممە مىللىي جەڭچىلەر يىغىن زالىغا كىرىپ بولۇپ، زال ئىچى جىمجىت بولغىنىدىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىدىكى ھېلىقى سەككىز نەپەر خىتاي ئەسكىرىدىن ئىككىسى بېرىپ زالنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن تاقىۋەتتى. قالغان ئالتى خىتاي ئەسكىرى دەرھال تۆت قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ ئالدىدىكى ئىككى ئۇيغۇر جەڭچىسىگە قورالىرىنى بەتلەپ ۋارقىراشتى:

- بويرۇق! سىلەر ئىككىڭلار دەرھال قۇرالىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار!

نېمە ۋەقە بولۇپ كەتكەنلىگىنىمۇ ئاڭقىرالماي خىرامان تۇرۇشقان ئىككى ئۇيغۇر جەڭچىسى، ئەتراپىدىكى بىنالاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان پىلىموت، مىنامىيوت، تانكائاتارلارنىڭ قاتار ئۈچىنى كۆرۈشتى. ئاستا-ئاستا قۇراللىرىنىڭ تاسمىلىرىنى بوينىلىرىدىن چىقىرىپ ئەسلىدىنلا ئوقى يوق قوراللىرىنى ئالدىغا تاشلاشتى. بۇ ئارىدا يان كوچىلاردىن نەچچە يۈزلىگەن تولۇق قۇراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى زالنىڭ سىرتىنى قورشاشقا باشلىدى. يەنە بىرمۇنچىلىرى ئىسكىلات، ئاشخانا، ياتاق بىنالىرى ئەتراپىغا چېپىپ كېتىشتى. يىغىن زالىنىڭ ئەتراپى رەسمىي ھەربىي ھالەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، مىدىر قىلغاننى ئېتىشقا تەييار ھالغا كەلگەنىدى. ...

يىغىن زالىنىڭ ئىچىدىكىلەر سىرتتا بولىۋاتقانلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، جەڭچىلەر ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇپ جىم-جىت بولۇپ ساقلاۋاتقان، مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان سەيپىدىن ئەزىز تېخىچىلا ئورنىغا ئەپلىشىپ جايلىشىۋېلىش، ئاندىن چېچىنى ھەۋەس بىلەن ئالدىرىماي تارىۋېلىش، ئالدىدىكى چېيىدىن بىر-ئىككىنى ئوتلىۋېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئاندىن ئاستا يانغا ئېگىلىپ پولك كوماندىرى ئەرشىدىنگە قىسقىلا قىلىپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئەرشىدىن سەل تۇرۇپ قالدى. چۆچىگەندەك ئەتراپىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، مىكرافوننى قوپاللىق بىلەن قولىغىلا ئالدى:

ـ كوماندىر-جەڭچىلەر دىققەت! رەھبىرىمىز سەيپىدىن بۈگۈن سىلەرگە ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ. ـ دەپلا مىكرافوننى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئالدىغا سەل ھۆرمەتسىزلىك بىلەن دوققىدە قىلىپ قويۇپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالدى.

ئەندى مىكرافون، ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دىۋىزىيە-دىۋىزىيە قوشۇنلىرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان بۇ بىردىن-بىر مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى.

ئۆزىنى ئالاھىدە ياخشى كۆتۈشنى بىلىدىغانلىغى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك، ئىنچىكە قاڭشارلىق ئادەم، ئالدىدىكى مىللىي قوشۇننىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن بەك ياخشى بىلىدىغان سابىق ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز مىنىستىرلىرىدىن بىرسى، ھەتتا ئەخمەتجان قاسىم قاتارىدىكى مۇھىم رەھبەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان كۈندىن ئېتىۋارەن، بۇ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باش مىراسچىسى، ئەينى ۋاقىتىدا بىزنىڭ قان بىلەن كەلگەن جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلىرىنى قىلچە تەمتىرىمەي خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن باش جىنايەتچى، ئالدىدىكى قارا سومكىسىدىن بىرۋاراق قەغەزنى ئالدىرىماي چىقىرىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

ـ يولداشلار! مەن سىلەرگە مەركەزى ھەربى كوممۇتىتىنىڭ باش قوماندانى يولداش لىن بياۋ تەستىقلاپ تارقاتقان بۇيرۇغىنى ئېلان قىلىمەن. ـ زال ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈنمەيتتى. ـ 'بۇيرۇق! بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ... يەتتىمىڭ توققۇز يۈز توقسەن بەشىنچى قىسىم ئەندىن ئۈچۈرۈلۈپ تارقىتىۋېتىلدى. ... ئەگەر ...

زال ئىچىدە سېكونتلۇق بىر تېڭىرقاش ھۆكۈم سۈرگىنىدىن كېيىن، بىر يەرلەردىن ھۆڭگىرىگەن يىغا ئاۋازى باشلىنىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن زالدىكى مىڭدەك مىللىي ئەسكەر زالنى كۆتۈرىۋەتكىدەك قاتتىق گۈرۈلدەپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـ ياق! ياق! ئۇنداق ئىش يوق! ...

بۇيرۇقنىڭ ئاخىرىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. تۆۋەندە غەزەپتىن چاچلىرىنى

يۇلىۋاتقانلار، غۇلاشلاپ مەيدىسىگە مۇشلاۋاتقانلار، چاپانلىرىنى يىرتىپ مەيدىسىنى ئېچىپ 'مېنى ئېتىۋېتىڭلار! پولكىم قالسۇن! مېنى ئات، مېنى! پولكىم ساقلىنىپ قالسۇن!' دېگەن سادالار، ...

يىغىن زالىنىڭ ئۈستىدىكى پەنجىرىلەرنى ئالىلقاچان ئىگىلەپ بولغان خىتاي ھەربىلىرى بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇراللىق قورچاق پولكىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ يىرگىنىشلىك كۈلۈشەتتى، ئەمما بۇ قوشۇننى قاچاندىن بېرى ئۆزلىرىگە دوس دەپ ھېساپلاپ كېلىۋاتقانلىغىنىمۇ زادىلا ئەسلىرىگە ئالالمىدى-دە، دەرھال قوللىرىدىكى پىلىموتلىرىغا چىڭ چاپلىششتى.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەيپىدىن بۇ بويرۇقنى ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ، كۆزىدىن بىر تامچە ياش تۆككەنمىش! ھەر نېمە بولسا، شۇنچە زور تارىخىي خاتىمە ئۈچۈن بىرەر تامچە ياش تۆكىدىغان ۋىجدانى بولسىمۇ قالغانىكەن! ...

ئەرشىدىنىنىڭ ئايالى بۇ پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەي دەرھال ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ ئايال، مىللىي پولكىنىڭ پۈتۈن قارارلىق ئەسكەرلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن ئانىلىق قىلىپ يېتىشىپ كەلگەن بۇ ئايال، بىر ئۆمۈرنى مىللىي ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ 'شەپقەتلىك پولك ئانىسى'، ئەڭ ئاخىرقى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ يوقۇتۇلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر مەزگىل شۇنداق جىمغۇرلىشىپ كەتتىكى، كۈندىن كۈنگە روھى يىمىرىلىپ، ئاخىرى ئەقلىنى ئۆزىنىڭ ئېتىكاپىغا قاماپ، قالغان ئۆمۈرىنى ئۆزىنىڭ يارىلانغان روھىي دۇنياسىغا بېغىشلىدى – بۇ ھەقىقى ئەسكەر ئانا ئەقلىنى زادىلا قايتۇرۇپ كېلەلمىدى ياكى قايتۇرۇپ كېلىشنى زادىلا خالىمىسا كېرەك؟ بۇ مىللىي پولكىنىڭ سابىق پولك كوماندىرى قۇمۇل، كورلا ۋە سانجى قاتارلىق جايلاردىكى تارماق ھەربى رايونلاردا بەش-ئون يىل سۆرۈلۈپ يۈرگىنىدىن كېيىن، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىنى قايسى بىر ھەربى رايوننىڭ ئاتاقتىكى پىنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن باش قوماندانى بولۇپ تاماملىغان بولدى. ...

ئىسست بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە! قېنى، شۇ ئايالچىلىكمۇ بولسا بولالىدۇقمۇ؟!

بىزنىڭ قورچاق بولسىمۇ قالغان ئەڭ ئاخىرقى مىللىي پولكىمىز – يەتتىمىڭ

توققۇزيۈز توقسەن بەشىنچى قىسىم تارقىتىۋېتىلىپ يېرىم يىل ئۆتكەنىدى.

پولكتا جەنوپىنىڭ يىراق بىر ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر ئەسكەر بار ئىدى. ئىنتايىن نامرات بىر يېزىدا ئاتمىشىنچى يىللاردىكى سۈنئىي ئاچارچىلىق يىللىرىدا ئاتا-ئانىسى بالىسىغا ئەڭ ئاخىرقى نان ئۇۋاقلىرىنىمۇ يىدۈرۈپ بولۇپ ئۆزلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلاردىن يېتىم قالغان بۇ بالا ملللىي پولكقا ئەسكەر بولۇپ كەلگىنىگە تېخى ئەمدىلا بىرەر يىل بولغىنىدا سۆيۈملۈك پولكىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، شىخودىكى بىر خىتاي دىۋىزىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىغا تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ، ملللىي پولكقا كەلگەندىن كېيىن، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بولىدىغان شىۋىڭ-شىۋىڭ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئاز-تولا كۆزى ئېچىلىشقا باشلىغان، قىسىمدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ۋىجىك تۇرقىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىشىپ، ئۇنى پولك ئاشخانىسىغا تەقسىم قىلىپ قويغانىكەن. كېيىن خىتاي دېۋىزىيىسىگە تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ملللىي ۋوزىۋوت ھالىدا ساقلىنىپ قالغانلار ئۇچۇن ئېچىلغان پولكنىڭ ملللىي ئاشخانىسىدا كونا ئىشىنى داۋام قىلدۇرىۋەرگەنىكەن. بۇ يىگىت، بەكلا جىمغۇر، ھېچكىمگە بىر تېنىق گەپمۇ قىلمايتتى. ئىشىنى بەكلا ساداقەت بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ ‘لى فېڭ، ۋاڭ جيې ’ چە جەڭچى ئىدى.

بۇ يېڭى قىسىمدا ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ زالدا كىنو قويۇپ بېرەتتى. ئادەتتە ئەسكەرلەر كىنوغا رەتلىك تىزىلىپ كىرىپ، كىنو تۈگىگەندە زال ئالدىدا تىزىلىپ قىسىم كوماندىرلىرىنىڭ يوقلىمىسىدىن ئۆتۈپ بولۇپ ئاندىن پەيلەر بويىچە رەتلىك تىزىلىپ چوڭ يول بويلاپ ياتاققا ئايلىنىپ كىرىپ كېتىشەتتى. بۇ ئارىدا ياتاق يېنىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقىدىغانلارمۇ كۆپ بولاتتى.

ئۇ كۈنىسى ئۇيغۇر جەڭچىلەر توي مۇناسىۋىتى بىلەن شىخوغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىسىمدا ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن يالغۇز ھېلىقى بالىلا قالغانىدى. ئۇ يىگىت شۇ كۈنىسى 'قىزىل چىراق' دېگەن ياڭبەننى قويۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خىتايچە ئوپىرانى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئاشخانىنى تازىلايمەن دەپ كىنوغا كىرمەي ياتاقتا يالغۇز قالىدۇ.

ھەممە خىتاي جەڭچىلەر كىنوغا كىرىپ كەتكىنىدىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇر جەڭچى قۇيۇندەك يۈگۈرگىنىچە روتىسىنىڭ قۇرال تىزىلغان زالىغا قاراپ چاپىدۇ. ئۇ يەردىن بىر تاغارغا گىرانات-مىنالاردىن بىرمۇنچە قاچىلايدۇ. قولتۇقىغىمۇ

بىرقانچە يەڭگىل پۇتلۇق پىلموت ۋە ئاپتوماتلارنى قىستۇرۇپ ھەسرەپ-ھامۇدىگىنىچە كلوبنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ يول بويىغا كېلىدۇ. ئۇ، يانچۇقىدىن ئىنچىكە تارىدەك يىپلارنى چىقىرىپ مىنا-بومبىلارنىڭ پىلىكلىرىگە باغلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن پارتلاتقۇچ-مىنالارنى يول بويىدىكى قۇرۇق ئوتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ چىقىپ، پىلىكلەرگە باغلانغان يىپلارنى يولغا تارتىپ باغلىۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن، قالغان بىرنەچچە پارتلاتقۇچ بىلەن قوراللارنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە بىرمۇنچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، پىلموتلارنىڭ تەپكىلىرىنى يىپ بىلەن باغلاپ ئىشىككە چېتىپ چىقىدۇ. ئاۋايلاپ ئىشىكنى يېپىپ تەپكە يىپلىرىنى ئىشىككە تەڭشەپ چىڭ باغلايدۇ. ...

ۋەزىيەت بەكلا ۋەھىملىك ئىدى: يولدىن قاراڭغۇدا مەشىكە دەسسەپ كېلىۋاتقانلار يىپلارغا پۇتلىشۇپ ئىككى تەرەپتىكى مىنالارنى پارتلىتىپ تىتما-تىتما بولۇپ كېتىشى، يول بويىدىكى ھاجەتخانىغا كىرگەنلەرمۇ ئىشىكنى ئاچار-ئاچمايلا پىلموت ئوقىدا تىتىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. قىسقىسى، بۇ كېچە ئەڭ كامىدا بىرەر روتا ختاي ئەسكىرى جەھەننەمگە يوللىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بىر ۋاقىتلاردا كىنو تۈگەپ كلوبنىڭ ئېكران سەھنىسىگە بىر باتالىيون كوماندىرى چىقىپ ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلدۇرمايلا ئىختىيارى تارقىتىۋېتىدۇ. ئەسلىدە، بۈگۈن قىسىم ئەمەلدارلىرى باش قوماندانلىق شتاۋىغا يىغىنغا كەتكەنىكەن. ئەسكەرلەر ياتاقلىرىغا چوڭ يولدىن ئايلىنىپ مېڭىش ئورنىغا، ئۇدۇل ئېتىزلىقتىن يۈگۈرۈشۈپ ياتاقلىرىغا تارقىلىشقان. ھەتتا ھاجەتخانىغىمۇ كىرىشمەي، يول بويىغا قويۇۋېتىپلا كېتىشكەن.

دىجۈرنىلىك قىلىدىغان بىر ئەسكەر قورال تىزىلغان يەردىكى قوراللارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىشى بىلەن، جىددى سىگنال چېلىنىپ تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن. ...

بۇ ئارىدا ياتاق تەرەپتىن بۇغۇق بىر دىسكا ئاپتومات ئوقىنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. دەرھال تەكشۈرگۈچىلەر يېتىپ بېرىپ قارىسا، يوتقان ئىچىدە بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى قارنىغا بىر دىسكا ئوقنى سىرىۋېلىپ قان ئىچىدە ياتقىدەك.

كېيىن مەلۇم بولىشچە، بىچارە بالا پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى سېزىپ دەرھال ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانىكەن.

بۇ ۋەقە، ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا، ئەڭ ئاخىرقى مىللىي پولكنىڭ

تارقىتىۋېتىلىشىگە بىر ئاشپەز ئەسكەردىن كەلگەن نارازىلىق ساداسى بولۇپ شۇ يەردىلا تىنجىپ قالدى. ...

... ...

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ئابلىز مەخسۇم ئۆز ئالدىغا

... ...

مەخسۇم، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تۈرمىدىن چىققىنىدىن بۇيان، زادىلا ئۆزىنىڭ زېھنىگە ئىگە بولالماي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى پات-پاتلا بۇرۇنقى كۈنلىرىگە كېتىپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خىيالىغا ئەخمەتجان قاسىمنى تۇنجى قېتىم سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرغان ۋاقتى كېلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى:

مەخسۇم، بۇ يىگىتنىڭ ئەقلى-ھۇشى جايىدا زىرەك بىر ياش ئىكەنلىكىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۆ ھبەتنى بەكلا غەلىتى بىر 'ئىلىخو چاخچىغى' بىلەن باشلىماقچى بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن قوراسىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئىچىگە ئارىلىقلىرىنى تەڭشەپ تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە ئىككى قاۋان ئىتنى زەنجىرلەپ باغلايدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈك بىرنېمە يېمىگەچكە، بۇ ئىتلار قويۇۋېتىلسە ئادەم تۇرماق دېۋىنى كۆرسىمۇ تالاپ يەۋەتكىدەك ئېچىقاپ كېتىشكەنىدى.

ئەپەندىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن، خىتاي تۈرمىلىرىنى ئۆمۈرلۈك ماكان قىلىۋالغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئۆيىگە ئۆزىلا تېپىپ كەلگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىم خادىكتىن چاققانلىق بىلەن ئاتلاپ چۈشۈپ، بېرىپ ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئىشىكنى قاقمايلا ئۆزى ئېچىپ كىرىشى بىلەن تەڭ، ئىشىكنىڭ ئىككى قاسىنىغىدىن ئېيىقتەك كېلىدىغان بىرى سېرىق، يەنە بىرسى قارا ئىككى قاۋان ئىت ۋەھشىلەرچە ئېتىلىپ كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى بولدى! ھەرقانچە دېگەن بىلەنمۇ، بۇنچە يوغان قاۋانلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئەپەندىمۇ نېمە كۆرگەنلىگىنى پەرق قىلىپ بولغىچە، يۈز-كۆزى تاتىرىپ ساغرىپ بولغانىدى. يۈرىكىمۇ كۆكرىكىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. تۇرۇپ قالغان يېرىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇدۇلىغا قارىغانىدى، تار ۋە ئۇزۇن قورۇنىڭ تا ئۇ بېشىدا تۇرۇۋالغان مەخسۇم، ئەپەندىمگە قاراپ كۈلۈپ قول

ئىشارىتى قىلدى:

– ئەخمەت ئەپەندىم، سىرىق ئىتقىمۇ قارىماي، قارا ئىتتىنىمۇ قورقماي ئۇدۇل ئۆز يولىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ!

ئەخمەتجان قاسىم شۇ چاغدىلا ھوشىنى يىغىۋېلىپ مەخسۇمغا قاراپ زورلىنىۋاراق بولسىمۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە تەمتىرىمەستىن ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ يۈردى:

– ئۇستازىم، بۈگۈنكى سۆبىتىمىزنىڭ تېمىسىنى ناھايىتى ياخشى تاللاپ، ئەڭ جانلىق جاۋابىنى تەييارلىغانىكەنسىز. ئەندى بىزنىڭ سىياسى سۆبىتىمىزنى تاماملىدۇق دېسەكمۇ بولغىدەك. ھەرقانچە سۆزلەشتۇق دېگىنىمىزدىمۇ مەخسىدىمىزنى بۇنچىلىك ئېنىق ئۇختۇرالىشىمىز ناتايىن. مەن ئەندى سىزدىن باشقا تېمىلار ئۈستىدە دەرس ئالماقچىمەن. ...

ياق، ئەخمەتجان قاسىم بەزىلەرنىڭ دېيىشكىنىدەك ئۇنچىلىك كوممۇنىستپەرەس بولغىنىدا ئىدى، سەيپىدىن ئەزىزدەك كوممۇنىستلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ياشاشنى بىلەلمىگىدەك بىر ئادەممىدى؟ ئۇ، تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەنە شۇ پەلسەپەلىك مەنتىقە قائىدىسى بويىچە دۈشمەننى تەھلىل قىلىش يولىنى مەخسۇمدەك كىشىلەردىن ئۆگەنگەن، بۇ غايىسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلالىغىدەك كۆز قاراشلىرى ئېنىق بىرسى ئىدى. ئۇ، مەيلى گومىنداڭ خىتايلىرى بولسۇن، مەيلى كوممۇنىست خىتايلىرى بولسۇن، ياكى رۇس كوممۇنىستلىرى بولسۇن ۋەتىنى ئۈچۈن دۈشمەنلىك نىيىتىدىكىلەرنى، ۋەتىنىمىز خەلق ئىنقىلابىنى كوزۇر قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولغانلارنى ياخشى پەرىقلەندۈرەلىگەن بىرسى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاللىقاچان سېزىپ بولغان كوممۇنىستلار ئۇنى ئەڭ زامانىۋى، ئەڭ پاجىئەلىك ۋە ئەڭ پەسكەش تېررورلۇق چارىسىنى ئىشقا سېلىپ مەخسۇس ئۇجۇقتۇرىۋېتىشكەنىدى. – زومىگەر دۆلەتلەر بىزگە ئاللىقاچان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنى بۈگۈن بىزگە تۆھمەت قىلىپ تېڭىشقا ئۇرۇنىۋاتقان تېررورچىلىق ئۇسۇلىنى، بۇندىن يېرىم ئەسىر ئاۋاللا ئۆزلىرى بىزگە ئىشلىتىپ بىزنىڭ ئەڭ ئالى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنى ئايرۇپىلانغا پارتلاتقۇچ قويۇپ پارتلىتىپ ياكى يوشۇرۇن قەست قىلىپ ئۆلتۈرىۋېتىپ ۋەتىنىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئاچقانىدى! ئەندى بىز نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇن قارشىلىق

كۆرستىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىز ئىچىگە كىرىۋالغان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشتىن خۇددى ئۈجۈيدىن قورققاندەك قورقۇپ كېتىمىز؟ بىزگە باشقىلار تېررورلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنى قولغا كىرگۈزۈشكە باشلىغان ۋە هازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قىلغىنى يوللۇق، ئەمما بىز ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزدە بۇنىڭغا قارشى قولىمىزدىن كېلىدىغان قارشىلىق كۆرستىش چارىلىرىدىن پايدىلىنىمىز دېسەك بىزنىڭ هەرىكىتىمىز نېمىشقا ناهەق بولۇپ قالىدىكەن؟ ياكى بولمىسا بىز راستىنلا قورقۇۋاتامدۇق ياكى بىرسىلىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا بوي سۇنۇشنى تەرغىپ قىلىۋاتىمىزمۇ؟

“ئەقىللىق يىگىت!” دەپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى مەخسۇم. ئۇ، تېخىچىلا ئۆزىنى يوخلاپ كەلگەن مېهمانلىرىغا دىققەت قىلماي، بايىقىدەك خىياللار ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى ـ توغرىسى، مەخسۇم يوخلاپ كېلىپ ئالدىدا ئولتۇرغانلارنى تېخى كۆرمىگەنىدى ـ ئۇنى يوخلاپ كەلگەنلەر، مەخسۇمنىڭ هازىرچە ئىچىدىن چىققىلى بولمايدىغان تارىخىي خىياللار ئىچىگە پېتىپ كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر، ئۇنىڭ ئىت ۋەقەسىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىشلىرىگە قاراپ، 'تووۋا' دېيىشكىنىچە ياقىلىرىنى چىشلىشىپ چىقىپ كېتىشەتتى. مەخسۇم، ئەخمەتجان قاسىم قاتارىدىكى بۇ ياش ئەزىمەتلەرنىڭ قاپقانغا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئېچىنىپ ئىچى ئۆرتىنەتتى. بەزىدە چىدىماي يىغلاپ كەتسە، يەنە بەزىدە دۈشمىنىگە غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتەتتى. بۇمۇ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنلەرگە غەلىتى تەسىر قالدۇرۇشقا سەۋەپ بولۇپ قالاتتى.

مەخسۇم، بىر ئۆمۈر خىتاي تۈرمىسىدە جىسمانىي جەهەتتىن قامىلىپ ياتقانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق رىۋايەتلەرمۇ چىققانىدى: ئابلىز مەخسۇم، جىلىك شۇرىنىنىڭ تۈرمىسىدىن چىقىپ قارىسا يەنىلا ئوخشاش شېلىك دېگەن خىتاي بۇ يۇرتنى سوراۋاتقىدەك، 'ياق، مەن يەنە كىرىپ كەتكىنىم تۈزۈككەن' دەپ شېلىك شىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە قامىلىپ يېتىپتۇ. كېيىن يەنە تۈرمىدىن چىقىپ قارىسا، گومىنداڭ دېگەن خىتايلارنىڭ بۇ يۇرتنى سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. 'ياق، مەن يەنە كىرىپ كەتسەم بولغىدەك' دەپ قايتا تۈرمىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئاخىرىدا يەنە تۈرمىدىن چىققىنىدا قارىسا كوممۇنىست دېگەن ئوخشاشلا بىر خىتاي بۇ يۇرتنى سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە 'كىرىپ كېتىمەن' دەپ تۈرمىگە كىرىپ يېتىۋالغانىكەن. ئەگەر بۇ قېتىم ئۆز زېهنىگە ئىگە

بولالىسا ئىدى، بۇ قېتىممۇ يەنە قايتا تۇرمىگە كىرىپ يېتىۋالاركەندۇق.
بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىن قالغان ئاددى دېھقان تەسۋىرى شۇنى ئۇچۇق كۆرستىپ بېرىدۇكى، مەخسۇم بىر ئۆمۈر ھەرقانداق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىزچىل ۋە كەسكىن پىكىرىنى سۆزلەپ قاملىپ كەلگەن. نېمشقىدۇر، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تېنچلىق يولى بىلەن ۋەتەننى ئازاد قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئېتىقات قىلىدىغان كىشلىرىمىزنىڭ داھىي سۈپەت ئادەملىرى مەخسۇمنى قۇراللىق كۈرەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشلىرىمىز قاتارىدا ھەر ۋاقىت كەمسىتىشكە تەييار تۇرىشىدىكەن. مانا ئەندى ئۇ، روھىي جەھەتتىمۇ دۈشمەن تۈرمىسىدە قاملىپ ياتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى قاماق ئىچىدە دۈشمىنى بىلەن، مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سىرتقا ئاشكارىلىنىشى چەكلەنگەن روھى تۈرمىسى ئىچىدىمۇ يەنىلا تىنىم تاپماي جەڭ قىلىشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماي كەلمەكتە ئىدى. پەقەتلا بىزدەك دۆتلەر ئۇنى سەزمەي، 'ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، ساراڭ' دەپ كەلمەكتىمىز!
نۇرغۇن كىشلىرىمىز بۇنداق تۈرمىگە كىرىپ قېلىشسا، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئالا قويماي دۈشمىنى ئالدىدا ئېچىۋېتىپ، ياكى غايىسى ئۈچۈن ئەمىلىي پائالىيەت قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، 'مانا مەن تۈرمىدىن ساق-سالامەت چىقالىدىم' دەپ مەغرورلىنىپ كېتىشىدىكەن. شۇمىدى ئۇنداقلارنىڭ روھىي ساقلىغى؟!
مۇھەببەت سۆيگۈسى دىگەن نەرسە ئۇنداق سۆيگۈ دۈشمەنلىرى بىلەن خالىغان ۋاقتىدا خالىغانچە كوپىيۇراتسىيە قۇرالايدىغان ماركسنىڭ چۈپرەندە ئەخلىتى ئەمەس-تە! سۆيگۈ تىكلىيەلىگەن ئادەم، بۇ سۆيگۈسى ئۈچۈن ھەممىنى پىدا قىلالايدۇ. ئۇنداق ئادەم، بۇ سۆيگۈسى ئۈچۈن بارلىق ماددىي نەرسىلىرىنىلا پىدا قىلىپ قالماي، ھەتتا ئەقلىنى، زېھنىنى ۋە جېنىنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي پىدا قىلالايدۇ. يېتەركى بۇ كىشىدە ئەنە شۇنداق ھەقىقىي بىر سۆيگۈ بولسۇن! بۇ ھەقتە بۈيۈك ئالىمىمىز ئەلىشىر ناۋايى بۇندىن بەش ئەسىر ئاۋاللا شۇنداق دانا بىر سۆزنى قىلغان: «سۆيگۈ، ئۇنداق خالىغان بىرىلىرى ئېرىشەلەيدىغان ئاددى نەرسە ئەمەس. سۆيگۈ ـ بەكلا ئاز كىشلەرگە نېسىپ بولىدىغان بىر گۆھەر.» خۇددى شۇنىڭدەك، سۆيگۈ ـ ئەڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى، يەنى كىشلىك ھوقۇق ئاساسلىرىدىن بېرى.

كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراق، ئەنە شۇنداق پىداكارلىقلارغا ئەرزىيدىغان سۆيگۈ مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرىدىن بىرسىدۇر! ئۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىن بۇيان نى-نى بايلار پۈتۈن مال-دۇنياسىنى ئايىمىغان، نى-نى ئالىملار زېھنىلىرىنى پىدا قىلىشقان، نى-نى باتۇرلىرىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ۋە سۆيگەن خوتۇن-بالىلىرىدىنمۇ ۋاز كېچەلىگەن، نى-نى ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز قىممەتلىك جېنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن! شۇڭا، بۇ تۇپراقلار بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزغا ۋەتەن بولالىغان! ھەتتا بۇ ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىۋاتقانلار ھازىرمۇ كۆرۈلمەكتە: بىرقىسىم تىجارەتچىلىرىمىز بىر تېيىن-بىر تېيىندىن يىغىپ توپلىغان بايلىقلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ۋەتەن يولىدا جېنىنى پىدا قىلىۋاتىمەن دېگەنلەرگە ئاتاشماقتا. ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالغانلارمىدى؟ شۇنچە نۇرغۇن باتۇرلىرىمىز بۇ ۋەتەن سۆيگۈسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشمەكتە. ئۇلار ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانلارمىدى؟ يەنە نۇرغۇن ئوغلانلار زېھنىنى پىدا قىلماقتا. ئۇلارنىمۇ ساراڭ دېيىش كېرەكمىدى؟!

بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى، ئۈرۈمچىنىڭ دوستلۇق يولى بويىدىكى ئاپتوۋۇز بېكىتىگە كۆزلىرى غەلىتىلا پارقىراپ تۇرىدىغان بىرسى ئاپتوۋۇزغا قىستىلىپمۇ بۇ خىتايلارنىڭ دەردىدە چىقالماي چەتتە قاراپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى نوقۇدى: "سىز مىكرۇسكوپتا كۆرۈپ باققانمىدىڭىز؟" — دەپ غەيرىلا سورىدى. يولدا تۇرغان ياش يىگىت، بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سۇئالدىن دەسلىۋىدە ھودۇقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ زورۇقىۋاراق دەيدۇ: "ھە، كۆرۈپ باققانمەن." غەلىتە كۆزلۈك يەنە ئاپتوۋۇزغا ئېسىلىشىۋاتقان مىغ-مىغ خىتايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەيدۇ: "قاراڭ، بۇ ئاپتوۋۇزغا ئېسىلىۋاتقانلارنى، مىغ- مىغ-مىغ، نەق مىكروپنىڭ ئۆزى!" — دەپلا بۇرۇلۇپ يولىغا راۋان بولىدۇ. بۇنداق مۇكەممەل ئوخشۇتۇش قايسى ساق قالغانلارنىڭ ئەقلىگە كەلگەن بولغىيدى؟

بۇ ۋەقەمۇ شۇ يىللىرىغا توغرا كەلسە كېرەك: قۇشخانىنىڭ مال يۆتكەش پونكىتىنىڭ بىر بۇغالتىرى 'ئەقلىدىن ئېزىپ' قالىدۇ. ئۇ كىشى تاغ بويىدىكى كونا بىر ئېغىزلىق يالغۇز ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاسانلىقچە چىقىپمۇ قويمايتتى. ئەمما سەھەر سائەت يەتتىدىن سەككىزگىچە ، چۈش ۋاقتى سائەت ئون ئىككىدىن بىرگىچە ۋە ئاخشىمى سائەت بەشتىن ئالتىغىچە بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىنى ئېرى-بېرى قىلىۋەتمەي

دەل ۋاقتىدا ھەركۈنىسى ئۆيىدىن چىقىپ، زىرىكمەي شۇتىسنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىسگە تىرەپ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇلۇغ قولىغا ئىنچىكە بىر تىۋىلغا تايىغىنى ئېلىۋېلىپ يولدا ئىشقا بېرىپ كېلىۋاتقانلارغا تىنماي نۇتۇق سۆزلەپ چىقىدۇ:

"خالايىق، قاراڭلار شۇ پەستىكى شەھىرىمىزنىڭ ھالىغا، بۇ كاپىرلار ھەممىلا يەرنى بۇلغاپ پاسكىنا قىلىپ بولدى! بۇلاپ-تالاپ بولدى! ... ئاچ كۆزۈڭنى ھەي خالايىق! ..."

ئۇنى نۇرغۇن قېتىم قامىدى. ئۇرۇپ قىيناشتى؛ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا — تۆتىنچى دوختۇرخانىغا — ئاپىرىپ سولاپ كارىۋاتقا باغلىۋېتىشتى. يېنىپ چىقىپلا قىلىدىغىنى يەنە شۇ ھېلىقى نۇتۇق سۆزلەش ئىشى! ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق 'قانۇنسىز ئەكسىيەتچى نۇتۇق سۆزلەش' بىلەنلا ئۆتكۈزدى. قاراڭ ئۇنىڭ ۋاقتىغا دىققەت قىلىشنى. ئۇ ۋاقىتلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىشىغا بېرىپ-كېلىشىگە توغرا كەلتۈرۈلگەن. بۇ كىشىنى قانداقمۇ ساراڭلاردىن دىيەلەيمىز؟

ئابلىز مەخسۇم، ئۇمۇ ئەنە شۇ يىگىرمە يىللار ئاۋال ئەنە شۇنداق روھىي تۈرمە ئىچىدە ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. بولمىدى، بۇنداق تەدبىر قوللانماي جىم يېتىۋېرىش ئۇنىڭ غايىسى ۋە خاراكتېرىگە زادىلا توغرا كەلمەيتتى. تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇنداق جىم يېتىشقا زادىلا يول قويمىدى. بۇ خەلق، ۋەتىنىدە مىغىلداپ كۆپىيىپ كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى زادىلا ھەرىكەت باشلايدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ، ھامىنى بىر ئۆلۈم دېگەن قارارغا كەلدى. سەھەر ئۆيىدىن ئوغۇرلۇقچە چىقىپ، سەندۇقىدىن سەنپەڭكودىكى كونا سەنئەت مەكتىۋى، ھازىرقى ئون ئىككىنچى خىتاي ئوتتۇرا مەكتىۋى ئالدىدىكى تۆمۈريول كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ، بۇ يەرنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان يولۇۋچىلار پويىزىنىڭ ئۆتىدىغان بىردىن-بىر يول ئېغىزى ئىكەنلىكىنى قاچانلاردىن بېرى بىلىپ بولغان؟ ئۇ رەھمەتلىك بوۋاي خەلقىگە ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى — ۋەتەن ئازادلىقىنىڭ بىردىن-بىر باشلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلىشقا قارار قىلىپ بولغانىدى!

سەھەرلىك سالقىن ھاۋادىن باشلاپ تۇمۇز ئىسسىق باشلانغىچە كۆپ ساقلىدى. سەكسەن ياشلىق بىر سۇنماس ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرىمىز ئۆزىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە مېڭىپ يۈرۈپ، يىمەي، ئىچمەي تۆمۈريول كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ساقلىدى. نېمىنى ساقلىدى؟

ئۇ، ختايدىن ۋەتىنىمىزنى يۇتىۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يولۋۇچىلار پويىزىنى ساقلىماقتا ئىدى. ئۇ بوۋاي، بۇ يېڭى ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسى پايتەختى بولغان ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆز گەۋدىسى بىلەن بولسىمۇ پويىزنىڭ يولىنى توساپ، خەلقىگە يول كۆرسىتىش قارارىغا كەلگەنىدى! چۈنكى بۇ پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەرىمىزگە مەلۇم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەندى بۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىگە ئاتىيالىغىدەك شۇ زەئىپلىشىپ كەتكەن سەكسەن يىللىق جىسمانىيىتىدىن باشقا قورالى قالمىغانىدى! ...

ھەي خالايىق! جاۋاپ بېرىڭلارچۇ، بۇمۇ ساراڭلىقمۇ؟!

بۇ، ئۆمۈرىنى ۋەتەن ئازادلىقىغا بېغىشلىغان بىر روھىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىرادىسىنى تەشۋىق قىلىشى، دۈشمەنىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك سۇنئىي كۆپىيىش ئاپىتىنى خەلقىغە تونۇتىشى، بۇنىڭغا قارشى بۇندىن يىگىرمە يىل ئاۋاللا ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلىپ ھەرىكەت ئۈلگىسى يارىتىپ بېرىشى ئىدىغۇ!!!

ماقۇلە، بۇنداقلارنىمۇ ساراڭ، ئەقلىدىن ئازغان دەپ تۇرايلى. ئەمما بۇنداق بەكلا كۆپ ئۇچۇرايدىغان ئەقلىدىن ئازغان مىساللاردىن شۇنى خۇلاسىلاشقا قەتئىي ھەققىمىز باركى، ئانا ۋەتەن ئىشقى، ئىنسانغا ھەممىنى پىدا قىلدۇرغۇزغىدەك سۆيگۈ ۋەسلىسى بولالىغانىكەن، دېمەك ئۇ بىر ئىنساننىڭ ئەڭ تېپىك ۋە ئەڭ تۈپكى ئادىمىي ھەقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق بىر كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىرتتىن كەلگەن يات تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىشى، شۇ ۋەتەننىڭ ھەربىر پەرزەنتىنى بۇ ھوقۇقنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلاردىن پايدىلىنىپ، چوقۇم قايتۇرۇپ ئالغۇچە، بىرى يېقىلسا يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ جان تىكىپ كۈرەش قىلىشنى مەجبۇرى ۋە ھەققانى ۋەزىپە قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغىنىدا يا ساراڭ بولۇپ تېرىك ۋىدالىشىدۇ، يا بولمىسا مەنىسىز ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. چۈنكى ۋەتەن ئىشقى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ھاۋا، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي، جىنسى تەلەپ، بىخەتەرلىگى، ئىجتىمائىي تەلەپلىرى، بىلىم ئېلىش ئىشقى، ئەركىنلىك ئىشقى، ... قاتارىدىكى ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىدۇر. بېلىقنى سۇدىن ئاجرىتىپ دەرختە ياشىتىشقا ئۇرۇنۇش قانچىلىك مەنتىقسىز بولسا، ئادەمنىمۇ يوقۇرىدىكى تۈپكى ئېھتىياجلىرىدىن ئايرىپ ئادەم بولۇشقا مەجبورلاشمۇ شۇنداق مەنتىقسىزلىكتۇر. بۇنداق ئادەم بولۇشنىڭ تۈپكى ئېھتىياجلىرىدىن ئايرىۋېتىشقا

ئۇرۇنۇشلار ئەقەللى ئادەم بولۇپ ياشاشقا يول قويمىغانلىق دىمەكتۇر. ئادەم بولۇش ئۈچۈن ياشاتقۇزمايمەن دېگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ ياكى سۇدىن چىقىرىلىپ دەرەخقە ئېلىپ قويۇلغان بېلىقتەك تېپىرلاپ-تېپىرلاپ جىمىپ قېلىش كېرەكمۇ؟

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئادەم بولۇپ ياشاتقۇزماسلىق ھەرىكىتى دېگەنلىك، بولۇپمۇ بىر ئىنسانلىق جەمئىيىتىنى ياشاتقۇزماسلىق ھەرىكىتى ـ بۈگۈنكى تېررورىزىمچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ئېنىقلىما بولىشى كېرەك. شۇنداق ئىكەن، خەلقىمىزنىڭ ئادەمدەك ياشىشىغا يول قويماي‌ۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇتلەق تۈردە سىپپى ئۆزىدىن تېررورچىلاردىندۇر! بۇنداق بىر تېررورچىلارغا سۈكۈت قىلىش، ئۇلار بىلەن يارىشىۋېلىش ياكى ئۇلاردىن مەنپەتدار بولۇشنى تەرغىپ قىلىش دېگەنلىك، تېررورچىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەنە كېلىپ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئىنسانىيەتكە قارشى چىقىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەجىبا بىز ئۇيغۇرلاردا ئىنسانلارنى قوغدايمەن دەيدىغان بىر غۇرۇر يوقمىدۇ؟ قېنى جاۋاپ بېرىپ باقايلى، ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ تېررورچىلار بىلەن كىلىشىپ بىرگە ياشايمەن دېيىشنى تاللايمىزمۇ ياكى ئۇلارغا ئۇزۇل-كېسىل زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئەل قىلدۇرۇش يولىنى تاللايمىزمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى بىزنىڭ ئابلىز مەخسۇمدەك ئەجداتلىرىمىز تارىختىن بېرى ئەمىلى مىساللار بىلەن بېرىپ كەلمەكتە. قېنى شۇ ئەجداتلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بۈگۈن بارمۇ؟ بار دىيەلىگەنلەر قېنى شۇ ئابلىز مەخسۇمدەك، ئاخۇنوپتەك، زەينىدىن يۈسۈپتەك، بارىن قەھرىمانلىرىدەك، غۇلجا پىدائىلىرىدەك، يوشۇرۇن پىدائىلىرىمىزدەك، ... ئەمما بۈگۈنكى دۈشمەن كۈچلىرىگە ئەڭ مۇۋاپىق زەربە يارىتالايدىغان ئۇسۇل-تاكتىكىلار بىلەن ئوتتۇرغا چىقالامسىلەر؟ ئابلىز مەخسۇمدەك شېھىتلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بۇنى تەلەپ قىلىدۇ!

ھالبۇكى، نۇرغۇن 'مويسىپىت-بىلەرمەن' لىرىمىز، بۇ تۈردىكى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك بۇ تۈردىكى پىداكارلىقلىرىنى نومۇس قىلىشماستىن 'ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، پۇتلىكاشاڭلىق قىلدى، خەلققە زىيان سالدى، ئارامخۇدا ياشىشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلدى، ...'

دېيىشىپ چالۋاقاشماقتا! مانا قاراڭلار بىزنىڭ بۇ 'ئەقلىدىن ئازمىغان' ئەقلىلىقلىرىمىزنىڭ ھالىغا!

بىز بۇنداق بىكارتەلەتلەرنىڭ ئالدىدا، ئۇستازلىرىمىزغا ۋەدە بېرىمىزكى، ‘‘ئەي ئۇستازىمىز ئابلىز مەخسۇم ئەپەندىمىز، سىزدەكلەرنىڭ چاچقان ئۇرۇغلىرىڭىز چوقۇم كۆكلەپ ياشنايدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئاخىرى چوقۇم مېيۋىسىنى بېرىدۇ! ئۇستازلار، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار! ...’’

‘‘تاپىدۇ بۇ ئىزنى بىركۈنى نەۋرىمىز ياكى ئەۋرىمىز!’’

... ...

يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پاجىئەلىرى

... ...

بۇ گەپلەر ئېچىلغانىكەن، سورۇندىكى بوۋايمۇ شۇ ھىندىستان چېگرا ئۆرۈشىغا قاتناشقانلىقىنى تىلغا ئالدى، گەپلىرىنى قىسقا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ... كېيىنچە ئاڭلىسام، ھە، شۇ ھېلىقى بىزنىڭ مەلىدىكى تۇرسۇن دېگەن بىر ئەقىللىق بالا بولىدىغان. ئۇ تۇرسۇن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا يەرئاستى «خەلق بىرنېمە پارتىيىسى» دېگەننىڭ ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقانىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغاچقا، دادىسىنىڭ كۆزىگە تۇپا چېچىپ يۈرۈپ بىر مەھەللىدىن بىر قورانى ئىشلىتىشكە ئېلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيلەرنى نېمە قىلىدى دېمەيسىلەر، ئۇلار بۇ ئۆيلەرگە ئونبەش توننا كۈزلۈك ئۈزۈم، ئەللىك خالتا ئاق ئۇن، بىرمۇنچە كىيىم-كېچەك ۋە دورا-دارمانلارنى يىغىپ يوشۇرۇن ساقلاپتۇ. نېمە قىلىشقا دەمسىلەر؟ ئۇ ئاخماقلار «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» نىڭ خامخىيال قىلىشىغا ئاساسەن ھىندىستانلىقلار بىزنى ئازاد قىلىشقا كېلىۋاتىدۇ دەپ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىپ كەلگىنىدە ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتقانمىش، ۋاي دۆتلىرەي! شۇنچە ئەقىللىق بىرنېمىدەك كۆرۈنگەن بۇ بالا قانداقلارچىسىغا بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغانىكىن تاڭ؟ مەن ئەسكەرلىكتىن بوشاپ كەلگىنىمدە ئۇ بالا تۈيۈقسىزلا يوقاپ كېتىپتۇ. نەق ئون بەش يىلدىن كېيىن پەيدا بولدى. قارىسام ئۇ بىچارە ساراڭقېتىش بولۇپ قاپتۇ! شۇنداق ئېسىل باللارنى ئاقماق قىلىپ تاينى يوق گەپلەرگە قىزىقتۇرۇپ يۈرگەن ھېلىقى «خەلق پارتىيىسى» دېگەنلەر نۇرغۇن ۋەيرانچىلىققا سەۋەپ بولدى دەڭلا. ئۇلارنىڭغۇ بىرەر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق چىققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. كېيىن قەيەردىدۇ بىر يەرلەردە يۈرگەن بىرلىرى بۇ پارتىيىنىڭ كۈرەش شەجەرىلىرى دېگەندەك بىر كىتاب يازغانىكەن. بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ قېلىپ ھېلىقى كىتابنى ئوغۇرلۇقچە باشتىن-بوي

بىرقۇر كۆرۈپ چىققانىدىم. راسلا شۇنداق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ پارتىيە دېگىنى مېنىڭچە ھەربىر قىلىدىغان ئىشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەيلى دەپ ئەمەس، مەخسۇسلا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ بولايلى دەپلا پىلانلىشىپ قوزغاپ يۈرگەندەكلا بىلىندى ماڭا. ئۇنى قىلدۇق، مەغلۇپ بولدۇق، بۇنى قىلغانىدۇق، تۇتۇلۇپ قالدۇق، بۇنى پىلانلىشىۋاتۇتتۇق، ئىچىمىزدىن خائىن چىقىپ قالدى، ... ياخاللا، بۇ دۇنيادىكى ھەممىلا پىشكەللىكلەر شۇلارنىڭلا ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەنمۇ قانداق، ساپلا شۇنداق گەپلەر. ــ بوۋاي گېپىنى توختۇتۇپ يېنىدىكىنى نوقۇدى، ــ قېنى چىقارسىنا ھېلىقى تاماكاڭدىن، خېلىلا تېتىغاندەك قىلدىغۇ. ــ ئۇ، تاماكىنى تۇتاشتۇرىۋېلىپ قاتتىق بىر نەچچىنى شورىۋالدى. ــ شۇنداق، ... ھە، ... شۇنداق قىلىپ، ... ھوي، بىرنېمە دىسەڭلارچۇ، بايا نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە راس، شۇنداق قىلىپ بەكلا قىيىپ كېتىپتۇق دەڭلا، گەپ مەيەردە ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئالتايدا چېگرا قوغداش مىللىي پولكىدا ئەسكەر بولۇپ تۇرىۋاتقانىدىم. بىزنىڭ پولكتا يېرىممىزدىن جىقىراقى ئۇيغۇردۇق. قالغانلىرى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان، يەنە ئازراق شىۋە-داغۇر دېگەنلەرمۇ بارمىدى قانداق، پەرق قىلالمىدىم. مەن تۇرغان روتىنىڭ كوماندىرى بىر قازاقتى. مېنى ئۇ، 'بەكلا كىچىكنىتايكەنسەن' دەپ، يېنىغا يۈگۈر-يېتىمچىلىككە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ قازاق مېنى ئىسمىم بىلەن چاقىرماي، 'ھەي سارت' دەپلا چاقىراتتى. مەيلى ئەمەسمۇ، نېملا دېسە دېمەمدۇ، ئۇ بەكلا بولىدىغان قازاقتى. بىچارە، ئاڭلىسام كېيىن دۆربىلجىن دەمدۇ، چۆچەك دەمدۇ ئەيتەۋىر بىر يەرلەردە رەسمىلا زابوي بولۇپ، كوچىلاردا يېقىلىپ-دومۇلاپ يۈرگىدەك دەپ ئاڭلىدىم. ئىسست، ئىسست! رەسمىلا قۇماندان بولغىدەك بىرنېمە ئىدى-دە! ... ھە، كۆلىسەنغۇ، يەنە قىيىپ كېتىۋاتامدىم؟ ئالدىرىماي تۇر تېخى، ئۇزۇنغا قالماي مەندىنمۇ بەتتەر بىرنېمە بولىسەن سەنمۇ! ... شۇنداق قىلىپ، بىزنى بىركۈنىسى يىغىشتۇرۇپلا ئېلىپ ماڭغىلى تۇردى. نەگە دەمسىلەر؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇيان ئايلاندۇرۇپ، بۇيان چۆگۈلتىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇرۇنقى پولكىمىزمۇ ئۆزىچىلا يوقاپ كەتتى. ... مەن نەدىن بىلەي؟ شۇنداق، يوقاپ كېتىدىكەنغۇ-تاڭ؟ ... يەنە بىرمۇنچە يەرلەردىن مىللىي ئەسكەرلەرنى يىغىپ كېلىشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تازا سوغۇق كۈنلەردە بىزنى ئالتىشەھەرگە ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ يەردە يەنە كېيىن قۇرۇلغان پولكىمىزمۇ يوقۇلۇپ كېتىپ، يەنە بىرمۇنچە ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ بىرنېمە قىسىم بولۇپ ئۆزگەرتىلدۇق. بۇ ئارىدا

بىزنىڭ قازاق كوماندىرىمىزمۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ياقىسىغا بىر توشكا جىققايتىۋالدى. ئۆزىمۇ باتالىيون كوماندىرى بولۇپ قالدى. بىر كۈنلىرى كېچىدىلا يولغا چىقتۇق. توختىماي مېڭىپ قاغىلىقتىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتىمىز. خوتەنلىك باللار بىلىشىدىكەن، بىز ھىندىستانغا قاراپ مېڭىپتىمىز. ــ ئۇ سۆزىنى توختۇتۇپ بىر چاي ئوتلىۋالدى. قولىدىكى تاماكىنىڭ تازا ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى راسا بېرىلىپ تارتىۋالغاندىن كېيىن، قالدۇغىنى يەرگە دەسسەپ ئەزدى. ــ ھاي باللار، چېيىڭلار مۇزلاپ كېتىپتۇ. گەپنىڭ تازا مۇزلايدىغان يېرىگە كەلگەندە، چاينى بولسىمۇ ئىسسىق-ئىسسىق ئىچمەيلىمۇ. ... ھە شۇنداق قىلىپ، قېلىن ھەربى جۇۋىلارغا يۈركۈنۈپ قارا ماشىنىلاردا ئولتۇرىمىز، كېتىۋاتىمىز، زادىلا ئويمانغا ماڭغىنىمىزنى ئەسلىيەلمەيمەن. ساپلا دۆڭگە قاراپ ياماشقاندەكلا قىلاتتۇق. ساپلا ئېگىز تاغلار، ئەسلىدە تاغ دېگەن مۇشۇ يەردىكەن دەڭلا باللار، ئالتايدىكى تاغلارنى بۇلارنىڭ ئالدىدا تاغ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلارنى ئەسلىدە بىر دۆڭ دېيىشلا توغرىكەن. يەيدىغىنىمىز ساپلا ھەربى پېچىنىسى، كونسىرۋا. ئاخىرى بىر كۈنلىرى ئۇرۇش قىلىدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالدۇق. ساپلا تاغ، جىم-جىتچىلىق. نە دۈشمەن بار، نە ئادەم كۆرۈنىدۇ. ئەمدىلا ئۇخلاۋاتساق تۇرۇڭلار دەيدۇ. بىر يەرلەرگە قاراپ مېڭىپ كېتىمىز. قارا تاغلىقتا ئايلىنىپ يۈرىۋەردۇق. شۇنداق ئايلارنىڭ بىرىدە بىزنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇف ف! ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئارىلاپ توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغىدەك بولدۇق دەڭلا، ئۇرۇش بار يەرنى كۆرمەيلا كېتىپ قالارمىزمۇ دەپ بەكلا غەمدە قالغانىدۇق. توۋۋا دەيمەن، ئادەم دېگەن راستىنلا قىزىق نېمىكەنغۇ تاڭ. ئۇرۇشنى خۇددى كىنولاردىكىدەك قىزىق ئويۇن دەپ بىلسەك كېرەك؟ ھەممە ئەسكەرلەر خوشال، ساراڭلار، كىنوغا كېتىۋاتىمىز دەمدېكىن تاڭ؟ بىر ۋاقتىدا بىزنىڭ قازاق روتا كوماندىرىمىز، ياقەي، توغرا، ئۇ ھازىر بىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىمىز بولۇپ قالغانىدى، بىر ۋاقىتلاردا ئۇ شىتاپتىن ئالدىراپ يېنىپ كەلدى. 'ئاتلىنىڭلار!' دەپ بويرۇق قىلىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز يولغا چىقتۇق. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ھە، دېگەندەك ئۇ يەردە ھەرقانچە ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق دېسەڭمۇ يەنىلا باشقا ئېگىز تاغلارنىڭ تۈۋىدە قالىدىكەنسەن. ئارىلاپ يېقىنلاردا توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىزدىمۇ ئىككى دانە ئېغىر پىلىموت بارىدى. بىر تاش قىيانىڭ كەينىگە

تىكلەشتى. بىرنەچچە ئەسكىرىمىز، ئۇلارنى مەن تونۇيتتىم، ئۇ تاشنىڭ ئارقىسىدىن بۇ تاشنىڭ كەينىگە مېڭىپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىزلا نېرىقى تاغنىڭ يامزىلىدىن بىر يەردىن پىلىموت تاراقشىپ قويۇۋەتمەسمۇ ئەيۇھەنناس! ئىككى بالىمىز ۋايجان دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي شۇ يەرگىلا تىك-موللاق چۈشتى، مانا ساڭا ئۇرۇش! ئالدىغىراق چۈشكىنىگە ھېلىغىچىلا پىلىموت ئوقى يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار قان ئىچىدە تولغىنىپ ياتاتتى. ئىككى ئەسكىرىمىز ئۇلارغا چىدىماي يېنىغا ئۆمۈلەپ بارماقچى بولىۋىدى، بىزنىڭ قازاق باتالىيون كوماندىرىمىز ۋارقىراپ تىللىغىنىچە توختىتىۋالدى: ئەكېڭىنىڭ ... سارتىنىڭ بالىسى! ... دەپ بەكلا خاپا بولدى. ئۇ ئىككى ئەسكىرىمىز شۇ تۆت قەدەم نېرىسىدىلا تولغىنىپ جان تالىشىۋاتتۆتتى. ھېچكىم يېنىغا بارالمايتتى. تەرەپ-تەرەپتىن پىلىموتلار تاراخشىپ قۇناق قورىغاندەك قايناپ كەتتى. ئوقلار قۇلىغىمىزنىڭ تۈۋىلىرىدىنلا ۋىڭىلداپ ئۆچۈپ تۇراتتى. بۇ ھىندىلارنىڭ ئوقلىرى بىكارغا كېلەمدۇ-قانداق، قۇرۇق تاغلارغا قارىتىپ ئېتىۋېرىشىدىكەن. ئارىلاپ مىنامىيوتلارمۇ كېلىپ پارتلاشقا باشلىدى. رەسمىلا بىر ئاپەتنىڭ ئىچىدە قالدۇق دېدىم. مانا ئۇرۇش دېگەن، تېخى بىرەر ھىندىنى بولسىمۇ كۆرمىدۇق. ئىككى ئادىمىمىز ئالدىمىزدىلا تولغىنىپ جان تالىشىپ ياتىدۇ، ھېچ نېمە قىلالمىغان ئادەم. بىرچاغدا ئۇدۇلۇمدىكى بىر قىيا تاشنىڭ يامزىلىغا كىرىۋېلىپ ئۇدۇلدىكى تاغنى دۇربۇنىدا كۆزىتىپ تۇرغان كوماندىرىم، دۇربۇنىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپلا ماڭا ۋارقىرىدى: 'ھەي سارت، بېرى كەل!' ـ مەنمۇ ئالدىراپ كېتىپ تاشنىڭ كەينىدىن شۇنداقلا چىقاي دېۋىدىم، ماڭا قاراپ ئۇدۇلدىن ئوق يېغىشقا باشلىماسمۇ، دەرھال ئۆزەمنى يەرگە ئاتتىم. يۇڭقۇزلانغاندەك بىرنېمىلەر پۇرىغاندەكلا قىلاتتى.

چاندۇرمىغان بولۇپ بەدىنىمنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى سىلاپ باقتىم. ھەممە يېرىم پۈتۈندەك قىلاتتى. سەل تـۋەنلەپ تۇرۇپ ئـمىلگىنىمچە كوماندىرىمنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىم. 'ھەي سارت، ئېلىك ئوۋلاشقا چىققان بولساڭمۇ ئىگىلىپ مېڭىشنى بىلمەمتىڭ!' ـ دەپ قۇلاقچامنى بېشىمدىن ئېلىپ ئىس چىقىۋاتقان يەرلىرىنى ئېزىپ ئۆچۈرۈشكە كىرىشتى. راس دېگەندەك، قۇلاقچامنىڭ سول قۇلىقى تۈۋىدىنلا پىلىموت ئوقىدا تېتىلىپ كەتكەنىكەن ئەمەسمۇ! قىل قاپتىكەنمەن دەڭلا كېتىپ قالغىلى. كوماندىرىم قۇلىغىمغا ۋارقىراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ، بىر قۇلىقى يوق قۇلاقچامنى بېشىمغا چۆكۈرۈپ قويدى. مەنمۇ 'خوپ، كوماندىرىم!'

دەپ تىك تۇرۇپ چاس بېرىشكە تەمشىلىۋىدىم، 'سارت، ئېگىش، قۇلاقسىز چاس يوق!' دەپ چېكەمگە كۆتۈرۈلگەن قولۇمنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. مەنمۇ دەرھال پەسكە چۈشۈپ، كوماندىرىمنىڭ كۆزىنى قىسىشىنى دورىغىنىمچە تاشتىن-تاشقا سەكرەپ يۈرۈپ ئاۋال يېنىمىزدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئۈچۈنچى روتا كوماندىرىغا بويرۇقنى يەتكۈزدۈم. ئاندىن تۆۋەندىن تاغ ئايلىنىپ يۈرۈپ باش شتاپقا بېرىپ شتاپ كومىسسارىغا كوماندىرىمنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدۈم. شتاپ كومىسسارى ماڭا بىرخەرىتىنى يۆگەپ تۇتقۇزدى. مەنمۇ بايىقىدەك قولۇمنى قۇلىقى يوق قۇلاقچامنىڭ چېكىسىگە تىرەپ تۇرۇپ چاس بېرىۋىدىم، كومۇسسارىمىز مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. بېشىمدىن قۇلاقچامنى ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن، سىرتتا تۇرغان ئۈچ بالداقلىق بىرسىنى چاقىردى. ئۇنىڭ قۇلاقچىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ماڭا كەيگۈزۈپ قويۇپ دېدى: 'ماڭ بېرىپ كوماندىرىڭغا دېگىن، دېگىنىدەك قىلىسۇن. ھە، ئۇنىڭغا دېگىن، ساڭا يەنە ئىككى بالداق قوشۇپ بەرسۇن.' مەنمۇ خوشاللىقىمدا قايتىدىن تىك تۇرۇپ چاس بېرىپ شتاپتىن يېنىپ چىقتىم. راس دېگەندەك، ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ مىللىي پولكىنىڭ روتا-باتالىيونلىرىدا نېمىشقا تېلېفون يوقلىغىنى بىلەلمىدىم. مەيلى، شۇنداق قىلىپ بىزمۇ ئۈچ سىزىقلىق بولۇپ قالدۇق دەڭلا، خوشاللىقىمدا ئۇيناقشىپ يۈگۈرۈپ كوماندىرىمنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، يانلىرىغا بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە يېزىقلار يېزىلغان خەرىتىنى تاپشۇردۇم: 'شتاپ كومىسسارى سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن دېدى كوماندىرىم!' ئەمما ئۇنىۋانىم توغرىسىدا بىرنېمە دېگىم كەلمىدى. كوماندىرىم قولۇمدىن خەرىتىنى ئېلىۋېتىپ بېشىمدىكى يېڭى پەيجاڭلارغا تەۋە قۇلاقچامغا قاراپ دېدى: 'ھوي سارت، مەن بەش يىلدا ئاران كەيگەن بۇ قۇلاقچىنى سەن قانداق قىلىپ بىردەمدىلا كېيىۋالدىڭ؟' دەپ قۇلاقچامغا ئۇرۇپ قويدى. خەرىتىگە بىردەم قارىغاندىن كېيىن، يېنىدىكى باشقا روتىلارنىڭ خەۋەرچىلىرىگە بۇيرۇقلارنى بېرىپ يولغا سالدى. ئاندىن بۇ دۆڭگە بىر ۋوزنۇۋوتچە ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، كەينىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە بىر تاغنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاندىن سائەتىگە قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىككى روتا ئەسكەرنى تاغنىڭ نېرىقى يېنىدىن، يەنە بىر روتا ئەسكەرنى بۇ تەرىپىدىن تىك تاغقا يامىشىشقا بويرۇق قىلدى: 'ئاۋاز چىقارماي ئالغا!' دېيىشى بىلەن تەڭ، ھەممىمىز ياماشقىلى تۇردۇق. ھەسرەپ ھۆمۈدەپ تاغ چوققىسىغا

ئارانلا يېتىپ چىقتۇق: ئاللا-خۇدايىم! بايىتىدىن بىزگە ئوق ئېتىۋاتقان دۈشمەننىڭ كەينىدىنلا بىر يەردىن چىقىپ قالغانىكەنمىز دەڭلا، ئۇلار كەينىگە قارىماي ھە-دەپ بايىتىدىن بىز كەلگەن دۆڭگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. پىلىموت- مىلتىقلىرىمىزدىن تەڭلا ئوق ياغدۇرۇپ دۈشمەن دېگەننى خامانىدەك سورىۋەتتۇق! بىر ۋاقىتتا 'تا-تىرى!' قىلىپ ئۇدۇلىمىزدىن بىر يەردىن بىزنىڭكىلەرنىڭ ھۇجۇم كانىيى چېلىنىشى بىلەن تەڭ، ھەممىمىز ئالدىغا قاراپ ئېتىلدۇق. ۋاڭ- ۋۇڭ، تاڭ-تۇڭ ئېتىشىشلار بىلەن بىردەمدىلا بىرەر يۈزدەك قاپقارا ھىندىلارنى ئەسىرگە ئېلىۋالدۇق. تووۋا، ئەل بولۇپ تۇرغانلاردىن بىر نەچچىسى تىترەپ تۇرۇپ بىرنېمىلەر دېگىلى تۇردى. قۇلاق سالسام، 'ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان' دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانىكەن ئەمەسمۇ! يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ 'ھىندى، ھىندى' دەپ كەتتى. سەل نېرى تەرەپتىكى پەسلىكتە ئېغىر پىلىموتلار، مىناميوتلار بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ئوننەچچە ھەربى جىپلار ئۇيەر-بۇيەردە چېچىلىپ تۇرغانىكەن. ئۇلجىمىز خېلىلا جىق ئىدى. ئەممازە، بۇ شەرمەندىچىلىكنى دېمەمدىغان! بىرەر مىڭدەك مىللىي ئەسكەر ئىچىدىن بۇ ئۇلجا ئېلىنغان پىكاپلارنى ھەيدىيەلەيدىغانغا بىرسىمۇ چىقمىدى! ئەسىرلەرنى بۇرۇنلا يالاپ كېتىشكەندى ختاي چارلىغۇچىلار. بۇ جىپلار يەرگە چاپلىۋېتىلگەندەكلا قىمىرمۇ قىلمايدۇ. مانا ئەندى ئويلىسام، ئەسلىدە ئۇ جىپلارنىڭ قول تورمۇزلىرى تارتىلغانىكەندە. ئامال يوق، ھە-ھۇ دېيىشىپ ئون-يىگىرمىدىن ئەسكەرلەر بىرلىشىپ بۇ جىپلارنى ئورنىدىن مىڭ تەستە كۆتەرگىنىمىزچە بىريەرگە قاتار قىلىپ تىزىپ، ئۇلجىلىرىمىزنى مانىۋېر قىلىپ كۆرسىتىشكە بولسىمۇ تەييارلىغان بولدۇق. نېمە دېگەن شەرمەندىچىلىك! ... كېيىن يەنە بىر يەردە جەڭگە تەييارلاندۇق. ئەمما بۇ قېتىم دۈشمەن ئۆيىرۇپىلانلىرى بېشىمىزدا ئۆيلىنىپ ئوق ئېتىپ بومبا تاشلاپ ۋەتۋەرىگىمىزنى چىقىرىۋەتتى دەڭلا، قازاق كوماندىرىمىز دەرھال ئېغىر پىلىموتلارنى تىكلىتىپ ئاسمانغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئاندىن ۋارقىرىغىلى تۇردى: 'ئۆيىرۇپىلان ئېتىش ئوقى، ئۆيىرۇپىلان ئېتىش ئوقىنى كەلتۈر!' پىلىموتچىلار يەنە بىر يەشىكنى ئېچىپ ئوق سالدى. 'كوماندىر، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆيىرۇپىلان ئېتىش ئوقى دەپ يېزىپتۇ!' نەدىكىنى، ئوق ئېتىلغانسىرى ئۆيىروپىلانلار تېخىمۇ ۋەھشىلەشكىلى تۇردى. ئۇ قازاقنىڭ كۆزى بەكلا ئۆتكۈر نېمە دەڭلا، 'بىرسىگە ئوق تەگدى!' دەپ

ۋارقىراپ كەتتى. ئەمما نەدىكىنى، ئۆيرووپىلانلار ئۇخشاشلا ئەگىپ كېلىپ بىزنى ئوققا تۇتقىنى تۇتقان. كوماندىرىمىز ئۆزى كېلىپ يەشكىتىكى ئوقلارنى يەرگە تۆكۈشكە باشلىدى. يەنە ئىككى يەشىكنىمۇ ئاچتۇرۇپ تۆكۈپ بولۇپ يەرگە تۆكەرگىلى تۇردى: 'ياپتۇۋايمات قىتايلار! ئۆيرووپىلان ئېتىش ئوقى دەپ بىزگە ساپلا ئادەتتىكى ئوقنى قاچىلاپ بەرگەنىكەن ئەمەسمۇ، بۇ ئالدامچى كاپىر قىتايلار!' كوماندىرىمىز تازا جىلى بولۇپ تۇرغىنىدا يەنە بىر ئەسكەر يېڭى ئېچىلغان بىر ساندۇق ئوقنى كۆرسىتىپ كوماندىرىمىزغا ۋارقىرىدى: 'كوماندىرىم، بۇ ئوقلارنىڭ ئۇچى يوق تۇرىدۇ، ھەممىسىلا مەشىق ئوقلىرىكەن!' ... شۇ ھېلىقى مەمەتىمىدى ئۇنىڭ ئېتى؟ يەنە بىر خىتاي شىتابىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە كېتىۋېتىپ تۇمانلىقتا يولدىن ئېزىپ دۈشمەن تەرەپكىمۇ ئۆتۈپ ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ماڭغىدەكمۇ ماجالى قالماي ئۆملەپ يۈرۈپ بولسىمۇ مېڭىپ، يول بويى ئۇ يەرگە بىر موخوركا قەغىزىنى، بۇ يەرگە بىر مىشەكىنى، يەنە بىر يەرگە تاماكا قۇتىسىنى بەلگە قىلىپ دېگەندەك كەينىدىن ئىستەپ كېلىدىغانلارغا ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاخىرى بولالماي بىريەرلەرگە كەلگەندە ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالىدۇ. چارلاشقا چىققان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىۋېلىپ، ھىندىستانغا قېچىش نىيىتى بولغان بىر ئۇيغۇر ئەسكەرنى تېپىۋالدۇق، بۇ ئەسكەر يول بويى ھىندىلارغا بەلگە قويۇپ مېڭىپتۇ دەپ، ئۇرۇپ دۇمبالىغىنىچە ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرىشىپ شتاپقا تاپشۇرىشىدۇ. شتاپتىكىلەرمۇ ئۇنى قايتا قىيىن-قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان خىتاي نەدە! ۋاي بىزنىڭ ئاقماق ئۇيغۇرلىرىمىز، نەدىلا بولساق بىز بوزەك دەڭلا! شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا بىز مىللىي قىسىملارنى تاشلىۋەتكەندەكلا قىلىشتى دەڭلا. شۇ بىر ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن خىتايلار بىزلەردىن ئۈركىدىمۇ قانداق، بىلمىدىم. بىر تاغنىڭ يامزىلىغا ئاپىرىۋەتتى. بىز ئۇ يەردە ھېچنىمىدىن- ھېچنىمە يوق تۇرۇپ كەتتۇق. ھاۋا سوغۇق، ياقىدىغانغا ئازراق بېنزىنىمىزدىن باشقا بىرنېمە يوق. قۇمغا بېنزىن تۆكۈپ يېقىپ، قىزىق قۇمغا پۇتىمىزنى سېپىپ ئورىنىۋالىمىز. بۇمۇ بىردەملىك ئىش دەڭلا. مۇز بولۇپ قېتىپ قالىمىز. بىچارە باللارنىڭ پۇت- قوللىرى ئۇششۇپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ بارماق-ئاياقلىرى چۈشۈپ قالدى. يەيدىغانغىمۇ بىرنېمە قالمىدى. ئامال يوق، ياۋا ئېشەك ئوۋلاپ يېيىشكە باشلىدۇق. ئۇ تاغلاردا، قازان ھەرقانچە قاينىغاندەك قىلسىمۇ،

تۇخۇممۇ پىشمايدىغان گەپكەن-دە، ئىشەك گۆشىنىڭ قېنىمۇ كەتمەيدىكەن. ئامال قانچە، قىپقىزىل قان گۆشلەرنى تارتىپ سوزۇپ، پىچاق-شىتىكلىرىمىز بىلەن كېسىپ پارچىلاپ غۇرتلا قىلىپ يۇتىدىغان گەپ. چايناش دېگەن نەدە! ... ئۇ كۈنلەرنىمۇ ساق ئۆتك$ۈزىۋالدۇق. ئۇرۇشمۇ تۈگىدى قارىغاندا. ئاخىرى قايتۇرۇلدۇق. يەكەن-قەشقەر كوچىلىرىغا ئەكىلىپ بىزنى تۆكىۋەتتى. دەسلىۋىدە جېنىمىز ساق قالغانلىقىدىن خوشال بولۇشۇپ تازا ئوينىۋالغانىكەنمىز. قارىساق بۇنداق كۈنلەر تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، بىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىمىزمۇ ھە نېمە دېگەن بىلەن بىر ئۇرۇش مىدالىغا ئىگە بولدى دەپ يۈرگەنتۇق، قانداق قىلىشتى بىلمەيلا قالدۇق، بىرمۇنچە خىتاي تەكشۈرۈش ئۆمۈگىدىكىلەر كېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، قەشقەردە بىر كۈنىسى غەرق مەس، تىللايدۇ، ۋارقىرايدۇ. قارىسام پاگونىدىكى توچكىلىرى كامىيىپ قالغاندەكلا. ئەسلىدە ئۇنى يەنە بۇرۇنقى ئۈنىۋانىغا چۈشۈرۈپ قويۇشقانىكەن. ئەمىلىنىمۇ بۇرۇنقى روتا كوماندىرلىقىغا چۈشۈرۈپ قويۇشۇپتۇ. كېتىمەنلا دەيدۇ. تاغدا قوي باقسامىمۇ بۇنىڭدىن جاخسى دەپ بىرسىلىرىنى تىللايدۇ. شۇنداق ئايلىنىپ بىكارچىلىقتا بىرىمىز زابوي، بىرىمىز نەشىكەش، يەنە بىرىمىز قىمارۋاز-پاشىۋاز بولۇپ دېگەندەك يېرىم يىلنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق. قارىساق بىزگە ھېچكىم ئىگە بولىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى بەزىلەر  ئۆيۈمگە يېقىن كېلىپ قاپتىمەن، بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دېيىشىپ يولغا چىقىسىمۇ غىلىڭ قىلىدىغان بىرسى يوق. گازارمىدىن چىقىپ ھەپتىلەپ يوقاپ كەتسەكمۇ سۈرۈشتە قىلىدىغان بىرسى يوق. ئاخىرى گازارمىلار بىر-بىرلەپ ئۆزلىگىدىنلا بوشىغىلى تۇردى. ئۈچ مىللىي پولكتىن يىغىلغان بۇ قىسىم تۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. كېيىن بىركۈنلىرى 'خالىساڭلار ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ يېڭى تەخسىماتنى كۈتۈڭلار، خالىساڭلار ساقلاپ تۇرۇڭلار' دېگەن خەۋەر كەلدى. گۈرۈلدىشىپ بەكلا كۆپ ئەسكەر كېتىشتى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا پەيجاڭ بولىۋالغىنىم ئۈچۈن، ساقلاپ تۇراي دېدىم. تولا تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغىنىمدىن كېيىن، بىر ناھىيىگە 'توتنى ئېنقلاش' كادىرى قىلىپ يەرلىك خىزمەتلەرگە ياردەمچى قىلىپ ئەۋەرتىلدىم. ئۇ يەردە نەق ئىككى يىل قالدىم. قارىسام يېڭى ھەربى كىيىملەر چىققىلى تۇردى. مەنمۇ بېرىپ يۆتكىتىۋالاي دەپ ۋىلايەتتىكى ھەربى قۇراللىق باشقارمىسىغا كىرسەم، يېرىم كۈنگىچە ئارخىپ ئاختۇرۇپ مېنىڭ تىزىمىمنى تاپالمايدۇ بۇ خىتايلار. دېمەك شۇنچە يىلدىن بېرى ھەربى كىيىمنى كىيىپ

يۈرگىنىم بىلەن ئىگىچاقسىز، ئۆزەمچە پەيجاڭمەن دەپ يۈرىۋەرگەنىكەنمەن دەڭلا! بۇ ئىش بولمىدى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەربى رايونغا كىردىم. ئۇ يەردىمۇ تىزىمىم چىقمىدى. قانداق ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ دەيمەن. خىتايلار مازاق قىلىشقاندەك كۈلىشەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بىر يەرلەردىن ھەربىلىككە تىزىملاتقان ئېتىم چىقىپ قالدى دەڭلا، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ مېنى ئاغزىمدىن چىققىنى بويىچە مۇئاۋىن روتا كوماندىرى دەرىجىسىدىكى كادىر ھېساۋىدا يەرلىككە بېرىۋېتىدىغان بولۇشتى. ئىسىت دەيمەن، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى دەپ باققان بولسامۇغۇ. مەيلى ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ، ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىگە باردىم. نېمە ئىش قىلىسەن دەپ سورىدى. شۇ پىكاپلارنى مىدىرلىتالمىغىنىمىز ئېسىمگە كېلىپ ماشىنا بار يەرگە ئىشلەشنى خالايدىغانلىقىمنى دېدىم. شۇنداق قىلىپ بىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتىغا كۆرۈپ كېلىشكە باردىم. ئۇ يەرگە قىزىقىپ قېلىپ، ماتور سېخىغا كىرىپلا ئىشلەپ كېتىپتىمەن. رەسمىيەتلىرىگىنى كەينىگىدىن ئىشلەرتىپ بېرىمىز دېگەن شەھەرلىك كادىرلار بۆلۈمىدىكىلەر، رەسمىيەتلىرىمنى مانا ئۆتەيمىز، ئەنە ئىشلەرتىمىز دەپ يۈرۈپمۇ بىرەر يىلنى ئۆتكۈزىۋېتىشتى. ھېلىمۇ ياخشى ھەربى رايوندىن خېلىلا ئوبدان چىكىنىش پۇلى ئېلىۋالغانىكەنمەن. بۇ زاۋۇتتىمۇ دەرىجەڭ نېمە دەپ سورىغىنىدا پارچىلاپ ئولتۇرمايلا روتا كوماندىرى دەپ قويغانىدىم. ئۇ يەردىمۇ كوجاڭلىق مائاشىنى بېرىۋەردى. غىڭ قىلماي ئىشلەپ يۈرىۋەردىم. بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن نېمە بولۇپ كەتتى. ئاڭغىچە ئوبدانلا ماتور ئۇستىسى بولۇپ قېلىۋاتقانىدىم. مائاشىم كادىر، ئىشىم ئىشچى، كېيىن بىر گەپ بولار دەپ يۈرىۋەردىم. بىر يىللىرىغا كېلىپ ئىنقىلابى كوممۇنىستلار قۇرۇلۇپ، ئۆزىچىلا مېنىمۇ قاتارغا كىرگۈزۈپ، سېخ مۇدىرى دەپ ئىككى يۈز ئىشچىنىڭ بېشىمۇ قىلىپ قويۇشتى. بىركۈنى زاۋۇتنىڭ باشلىقى چاقىرىدۇ، 'سەن بۇ كوجاڭلىق مائاشىڭنى نەدىن تەستىقلىتىپ ئالدىڭ؟ دەپ سورىغىلى تۇردى. 'ۋاھ! ـ دېدىم ئىچىمدە، ـ يەنە يوقاپ كەتكەن ئوخشىمامدىم' دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. تەخىر قىلمايلا ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىگە بېرىپ ئىشخانىمۇ ئىشخانا سۈرۈشتە قىلىپ يەنىلا كىم ئىكەنلىگىمنى تاپتۇرالماي كەلدىم. ئاجايىپ ئىشلاردە بۇ، ھەتتا مەن قاتناشقان قىسىملارنىڭمۇ تىزىملىگىنى تېپىشالمىدى. ھەممىلا يەردە ئۇنداق بىر قىسىم بولۇپ باقمىغان، ئارخىپلاردا كۆرۈنمەيدۇ لا دېيىشىدۇ بۇ خىتايلار. ...

مانا قاراڭ! بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى نېمە دېگەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سېرىۋىتىدۇ ھە! ئەسلىدىنلا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي قىسىملاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاجايىپ غەلىتە ھىلىگەرلىكلىرى ئىدى. مىللىي قوراللىق قوشۇنىمىزنىڭ مۇھىملىگىنى خىتايلار بىزنىڭ دۆت ئەمەلدارلىرىمىزدىن بەكرەك ياخشى بىلەتتى. يەنى ئۇنىڭدىن بەكلا قورقۇشاتتى! ...

... ...

ئىخ، بىز ئۇيغۇرلار! مانا بۇلار بىزنىڭ يېقىن ئۆتمۈشىمىزدىكى 'تېنچ كۆرەش قىلىش' يولىنى تۇتۇشقان 'چوڭ' لىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە قوشقان ئەللىك يىللىق چوڭ تۆھپىلىرى! مانا شۇ 'چوڭ' لىرىمىزنىڭ تەربىيىسىدە بىزنىڭ خەلقىمىز قورالنى كۆرسە تېررورلۇق خىيالىغا كېلىدىغان، مىللىي قىسىمنىڭ گېپى چىقسىلا فاشىستلىق دەپ قورقۇپ كېتىشىدىغان غەيرى نورمال ھالغا كەلتۈرۈلدۇق! ...

... ...

## يىگىرمە تۆتىنجى باب

# ئابدۇرېھىمغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە

... ...

ــ ئاغىنىلار، مېنىڭمۇ بىر گېپىمگە قۇلاق سېلىپ باقامسىلەر. ئاندىن نېمە دېسەڭلار دەڭلار. ــ ئۇ قولىدىكى چىنىسىدىن بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋېلىپ ئەتىراپىدىكىلەرگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سۆزگە كىرىشتى. ــ ھەربىي كۈچىمىزدىن مۇتلەق ئېغىز ئېچىشقا بولمايدىغان بۇ شارائىتتا، ۋەتىنىمىز خەلقىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە يېتەكلەيمەن دەيدىكەنمىز، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىمۇ چوقۇم ئويلانمىساڭلار بولمايدۇ. ھەتتا مەندىن سورىساڭلار، بۈنى تەشكىلاتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپكى ھەرىكەت ستىراتېگىيىسى قىلىشىمىز شەرت دەپ قارايمەن. يەنى، بىزنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ۋەزىپىمىز ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇس سانىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلىيەلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى پىلانلاشتا ئورتاق پىكىرگە كەلگەن بولالىساق، مۇتلەق تۈردە تۆۋەندىكىچە تاكتىكا بەلگىلىشىمىز شەرت بولىدۇ:

ــ بۇ تاكتىكىلارنى بەلگۈلەشتىن ئاۋال شۇلارنى بىر ئىزاھلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار: بىز بۇ يەردە مىللىي مۇستەقىللىق جېڭى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانىكەنمىز، جەڭ دېگەننىمۇ ئېنىق بىلىشىمىز لازىم. بۇرۇنلاردا ئۇرۇشلار بىۋاستە دۈشمەن بىلەن سەپتە ئۇچۇرۇشۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلەتتى. بولۇپمۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئۇرۇشلار ئاساسەن شۇخىل شەكىلدىكى ئۇرۇشلار بىلەن دېگىدەكلا يىگىرمىنچى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەندى. بۈگۈنكى ئۇرۇشلارنىڭ ئۇچۇرۇشۇش ئارىلىغى شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كەتتىكى، نۇرغۇن ئۇرۇشلار توپ-زەمبىرەك، ئۇرۇش ئۈيروپىلانلىرى بىلەنلا پۈتۈپ كېتىپ، ئەسكەرلەر دۈشمەننى زادىلا كۆرمەي تۇرۇپ يا ئۆلۈپ بولىدۇ، يا غەلىبە قىلىشىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر مەسىلىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتۈش غايە قىلىنامدۇ ياكى دۈشمەننى بوي سۇندۇرۇش غايە قىلىنامدۇ؟ رۇشەنكى، ئەسلىدە بويسۇندۇرۇش، كۈچسىزلەشتۈرۈش، تەسلىم قىلدۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش،

چېكىندۈرۈش، قورقۇتۇش، پاراكەندە قىلىش، ناماقۇل قىلىش، چىقىمنى تۆلىتىۋېلىش دېگەندەكلەردىن بىر ياكى بىرقانچىسىنى مەخسەت قىلىدىغانلىغى مۇقەررەر. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۈشمەننى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئەڭ ئاخىرقى مەخسىدىمىز بولىشى، بۇ نۇقتىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋال قورقۇتۇش، پاراكەندە قىلىش، ئاندىن كۈچىنى خورىتىش، شۇ جەرياندا بىز ئۆزىمىزمۇ كۈچىمىزنى ئاسراش، كۈچلىنىش ۋە بىرقەدەر مۇقىم ئازاد رايونلارغا ئېرىشىشىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بولىشى لازىم. ئادەتتە سەپ تارتىپ تىغمۇ-تىغ جەڭ قىلىشتا ھەر ئىككىلا سەپنىڭ ئەسكەرلىرى ھەرخىل باشقۇرۇش ياكى كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلىنىپ جەڭگىۋارلىشش ياكى ئۈمىتسىزلىنىش ھالەتلىرىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما يوشۇرۇن ھەرىكەتلەردە كۆپۈنچە ھاللاردا تەشەببۇسكارلىق يوشۇرۇن پائالىيەت قىلغان تەرەپتە بولىدىغانلىقى، ئاشكارە تۇرغان تەرەپ كۆپۈنچە ھاللاردا پسىخولوگىيىلىك پاراكەندىچىلىك ئىچىگە پېتىپ قالىدىغانلىقى، بۇ خىل پاراكەندىچىلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان قورقۇش ئاشكارە تۇرغان شەخسلەرگە بىر نەچچە ئايغىچە چېلىشىپ قالىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇنداقتا بىز قۇرقۇتۇپ پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن نېملەرنى قىلىش ئىمكانىغا ئىگىمىز؟ تۆۋەندە مېنىڭ ئاساسلىق توختىلىدىغىنىم ئەنە شۇ مەسىلىلەردۇر.

– بىز ئاۋال ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئورتاق قورقۇتۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. يەنى مۇنداق ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىدە خىتايلار ئارىسىدا ئورتاق قورقۇتۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. بۇنداق قورقۇتۇش مەخپىي ھەرىكىتىنىڭ ئاشكارە دۈشمەن تەرەپكە كۆرسىتىدىغان روھى تەسىرى ئادەتتە ئۈچ ئايغا يېقىن ئۆزلىگىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان تەبىي ئالاھىدىلىككە ئاساسلانغىنىمىزدا، بۇنداق مەخپىي قورقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە كامىدا ئۈچ ئايدا بىر داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئارىلىق بىر ئايغا، بىر ھەپتىگە ھەتتا ھەر كۈنى بىر ھەرىكەت پەيدا قىلىشقىچە قىسقارتىلغىنىدا، ئاشكارە دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكىنى كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇرالىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئورتاق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قورقۇشىنى يارىتالايدىغان ئوبىكتىپلاردىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىنتايىن پۇختا قوغدۇنۇپ تۇرىۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، قۇرۇلتاي، پارتىيە، ئارمىيە ۋە قانۇن ئورگانلىرىدىكى مۇھىم

كىشىلەرگە تەھدىت يارىتىش شارائىتىغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇنداق شارائىتقا ئىگىمىز دېيىلگەن تەغدىردىمۇ، پەقەتلا ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان قىسقا ۋاقىتلىق چوڭ قورقۇتۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىمىز. بەلكىم، شۇ بىرىنچى قېتىملىقىدىن كېيىن بۇنداق شارائىتقا زادىلا ئېرىشەلمەي ئۆتۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇنىدىن قالسا زەربە بېرىپ قورقۇتۇش پەيدا قىلغىلى بولىدىغان ئىككىنچى ئورۇندىكى ئوبىكتىپلىرىمىزدىن نازىر-ۋالى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە قانۇن ئورگانلىرىدىكى ئوبىكتىپلارنى تاللىۋېلىشىمىزمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا بىرەر قېتىملىق بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشى، ھەتتا ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەڭگۈ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قېلىشىمۇ تۇرغانلا گەپ. ئۇنىدىن كېيىنكى ھاكىم-باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك يۇقۇرىقىدەك تۆت خىل تەركىپتىكى ئوبىكتىۋلارغا بېرىلىدىغان زەربىلەر ئاساسەن ئالغاندا مەملىكىتىمىز خاراكتېرىدىكى قورقۇش يارىتالايدىغان ئوبىكتىۋلاردىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ تۈردىكى ئوبىكتىۋلارمۇ كۆپىنچە ساھەلەردە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان مۇداپىيىلىنىش ھالىتىگە ئاتىۋالىلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەربى، قانۇن ۋە ناھىيە ھاكىملىرى يەنىلا ئاسان يېقىنلاشقىلى بولىدىغان ئوبىكتىۋلاردىن ئەمەس. ئاخىرقى بىر ئوبىكتىۋ بولغان بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بولۇپ، بۇ تۈردىكىلەرنىڭ يىمىرىلمەس مۇداپىيىگە ئۆتىۋالىلىشى بەكلا تەسكە توختايدۇ. بولۇپمۇ چوڭىراق شەھەرلىرىمىزدىكى بۇتۈردىكى ئوبىكتىۋلارنىڭ كۆنى تېخىمۇ تەس. پەقەتلا ھەربى ۋە قانۇن ئورۇنلىرىدىكى قۇرالغا يېقىن تۇرىدىغان بۇ تۈرگە مەنسۇپ ئوبىكتىۋلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىشى ئېھتىمال. ئەمما ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بۇنداق ئوبىكتىۋلارغا بىرلا يەردە  زەربە بېرىش ئارقىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك خىتاي قورقۇش ۋەزىيىتىنى يارىتالىشىمىز ئىنتايىن كام كۆرۈلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئوبىكتىۋلارغا بىۋاستە تەھدىت قىلىش سانىنى ئالاھىدە ئۆستۈن تۇتۇشقا مەجبورلىنىمىز. بۇمۇ ئۇنداقلارنىڭ مۇداپىيىگە ئۆتىۋېلىش ئېھتىمالىنى ئاشۇرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ھەرنېمە دېگىنىمىز بىلەن، يۇقۇرىقىدەك تۆت تۈرلۈك ئوبېكىتلارنىڭ بىرىنچىلىرىگە تەلەيگە قاراپ زەربە بېرىش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچى تۈردىكىلەرگە ھەردائىم پايلاپ يۈرۈپ، ئالاھىدە پىلان تۈزۈپ ئالدىن تەييارلىق قىلىپ زەربە بېرىش پۇرسەتلىرى قولغا كەلگەن ھامان

ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەسلىك، ئۆچۈنچى تۈردىكى ئوبىكتىۋلارنى تاللاپ پېيىگە چۈشۈپ زەربە بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنۇتماي، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش، تۆتىنچى تۈردىكىلەرگە مەخسۇس قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىشكە تىرىشىش پۇرسىتىگە ئىگىمىز. شۇنداقتىمۇ، بۇ تۈردىكى زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى يەنىلا ئالاھىدە تەجرىبىلىك، پىشقان مەخسۇس پىدائىلىرىمىزغا تايىنىپلا ئاندىن قانات يايدۇرالىشىمىز مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ، ھەرىكەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشىدا بۇ تۈردىكى ئوبىكتىۋلارغا زەربە بېرىشتىن ئىشنى باشلاش يەنىلا نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە سەۋەپ بولىشى، ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىزچىللىقى بەكلا دولقۇنسىمانلىقتا ئىگە بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما بۇ يەردە شۇنداقمۇ بىر ئېھتىماللىق بارلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك: بىز دۈشمەنىنىڭ قورقۇش دائىرىسىنىڭ ئىمكانقەدەر كەڭرەك يېيىلىشىنى قولغا كەلتۈرەيلى دەيدىكەنمىز، زەربە بېرىلىدىغان ئوبىكتىۋلىرىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئوبىكتىۋلارغا بىۋاستە چېتىلىدىغان ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى ئوبىكتىۋلار ئارىسىدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە بولىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا، باشتىكى ئوبىكتىۋلارنىڭ بالا-چاقىلىرى، ئاتا-ئانىلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرى، كېلىن-كۈيئوغۇللىرى، يېقىن تۇغقانلىرى، بىۋاستە خىزمەتداشلىرى، يېقىن دوس-يارەنلىرى، يېقىن يۇرتلۇق ۋە ساۋاغداشلىرى قاتارلىقلار ئارىسىغا ئېغىر ۋەھىمە يارىتىش ئارقىلىقمۇ ۋاستىلىق ئومۇمي يۈزلۈك ۋەھىمە يارىتىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلالىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيىتىنى كېيىنكى ئوبىكتىپلار ئۈچۈن، تىپىك جاللاتلىرى ئۈچۈن، تىپىك رازۋېتچىكلىرى ئۈچۈن، تىپىك مۇناپىق، جاسۇس ۋە خائىنلار ئۈچۈنمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق زەربە بېرىشلەرگىچە كېڭەيتىش ئارقىلىق شەھەر-ناھىيە دەرىجىدىكى ئالاھىدە جىددى ۋەزىيەت يارىتالىشىمىز تەبئىي.

– بىز شۇنىمۇ ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، دۈشمەنىنى كۆرمەي تۇرۇپ جەڭگە ئاتلىنىش، مۇتلەق تۈردە ئۇچۇقچىلىقتا تۇرغانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئېغىر دەرىجىدە سۇندۇرىدىغان بىر پسىخولوگىيىلىك قانۇنىيەت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىز ئۇلارغا قارىغاندا سەل تەلەيلىكرەك دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما جەڭ قىلىش دېمەك، يۇقۇرىدا دېگىنىمدەك، دۈشمەننى بىۋاستە تونۇپ، ھەتتا بىۋاستە كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر. بىۋاستە تونىمىغان، ياكى بىۋاستە كۆرمىگەن

خىتاي تاجاۋۇزچى قۇراللىق قوشۇنلىرىنىڭ دىۋىزىيە-پولكلىرىنى قۇشۇمچە دېھقانچىلىق ياكى باشقا ئىگىلىكلەر بىلەن شوغۇللاندۇرۇپ، تەدرىجى ھەربىلەشكەن ساپ خىتاي سانائەت ۋە زامانىۋى يېزائىگىلىك رايونلىرىنى قۇرۇشقا يوشۇرۇن كىرىشتى. بۇنداق ھەربى ئىشلەپچىقىرىش رايونلار ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنى تولۇق نابوت قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەندەك تەرەققىي قىلىۋالغىنىدىن كېيىن، مۇتلەق يوشۇرۇن ھەربى بازا قىلىنغان ساپ خىتاي ئىشلەپچىقىرىش كورپۇس، دىۋىزىيە ۋە پولكلىرىنى 'ئىككىنچى شاڭخەي، ئۈچىنچى تيەنجىن، …' دېگەندەك دەب-دەبىلىك ناملار بىلەن سۇنئى خىتايلاشتۇرۇلغان ۋە ھەربىلەشكەن شەھەرلەر قاتارىدا ئاشكارىلاشقا باشلىدى. ئەينى يىللاردا 'ئىككىنچى شاڭخەي ' دەپ داۋراڭ قىلىشقا باشلىغان بۈگۈنكى 'شىخەنزە ' يېرىم ھەربىي شەھىرىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ كىشىلىرىمىز ئاتالمىش 'خىتاينىڭ قۇدرىتى' دىن ئاغزى ئېچىلىپلا كېلىشكەندى. ئەسلىدە بۇ ئاتالمىش 'شەھەر ' مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زەپەر مارشىنى ياڭرىتىش ئۈچۈن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا چۈشكەن قىلىپ نەچچە ئون مىڭ مىللىي ئەسكەرلىرىمىز يىغىلغان شەرەپلىك تارىخىي ماكان ئىدى!!! مانا بۈگۈن ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ماكانلىرىمىزدا ئاتالمىش 'شىخەنزە ' دەيدىغان تولۇق خىتايلاشتۇرۇلغان مىليون كىشىلىك ئەڭ زامانىۋى ۋە يېرىم ھەربىي 'سۇنئى خىتاي دۆلىتى' نىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرمەكتىمىز!

بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللاردىن غۇلجا دىۋىزىيە-كۆرە-ھەرەمباغ، جىڭ دىۋىزىيە ئورنى، شىخو 'كۇيتۇڭ '، ئۈرۈمچى 'ئۇجاچۇي '، ئۈرۈمچى 'چىغانلىق خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى '، تۇرپان 'داخيەن '، كورلا ئۇششاقتال، ئاقسۇ بىڭتۈەن دىۋىزىيىلىرى، … قاتارلىقلارنى كۆرستىشىمىز مۇمكىن. ئەڭ ئەقەللىسى، قەشقەردىكى دېۋىزىيمۇ ھەرگىز قەشقەرنىڭ ئىگىلىگىنى يۈكسەلتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەكسىنىنچى يىللارنىڭ بېشىدىكى 'ئۆكتەبىر خەلق نامايىشى ' دىن ئەنسىرىشىپ كەلتۈرۈلگەن تاجاۋۇزچىلار ئورگىنىدۇر! بۇلارغا ئوخشايدىغان يەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسلا خىتايلارنىڭ تارىختا ئەڭ ئېغىر مەغلۇپ بولغان ياكى ئەڭ ئەنسىرىگەن مىللىي ئازادلىق جەڭ مەيدانلىرى، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى، مۇھىم بايلىق مەنبەلىرى، جەڭگىۋارلىغى كۈچلۈك يۇرتلىرىمىز ياكى يەرلىك ئاھالە زىچ يەرلەر ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىغىمىز كېرەك!

ئەڭ مۇھىمى، بۇ خىتايلاشتۇرۇلغان يېرىم ھەربىي ياكى تولۇق قۇراللىق ھەربىي سانائەت بازىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقىمىزنى باستۇرۇش ئۈچۈنلا مۆكتۈرۈلگەن ھەربىي بازىلار ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئەۋلادىمىزنىڭ مېڭىسىگە قويىۋېتىشىمىز شەرت ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز بۇنداق يەرلەر ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا رەخمەت ئېيتىدىغان، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قالىدىغان مىسال شەكلىدە تەربىيەلەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزدىن ئەنسىرەپ كېتىدىغان يېرى قالمىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكىنىدىن كېيىن، بۇخىل ساپ 'خىتاي بىگتۈەن يېڭى شەھەر' لىرىنى كەينى-كەينىدىن ئاشكارلىشىپ، يەرلىك شەھەرلەرنى ئاشكارە خىتايلاشتۇرۇش بازىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈرۈمچى، سانجى، ئالتاي، چۆچەك، بۆرتالا، غۇلجا، گوچۇڭ، پوكاڭ، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، پوسكام، ... قاتارىدىكى شەھەرلىرىمىزنىمۇ ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېلىشتى. ھەتتا شىمالدىكى نۇرغۇن ناھىيە-يېزىلىرىمىزنىمۇ كەنت-مەھەللىلەر بويىچە ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بولۇشتى. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىزكېرەككى، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىلا كونا مىللىي ئازاد رايونلىرىمىز ياكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېغىر زەربە يېگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىمىزدۇر! ئۇ يەرلەر قانداقتۇر بىكار قالغان بوش يەر ياكى خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئاھالە زىچ يەرلەردىن قېچىپ ئورۇنلاشقان يەرلەر ئەمەس. ئۇ يەرلەر پەقەتلا يەرلىك مىللەتلەرگە قۇراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشىنلا مەقسەت قىلىپ كېيىن ئىگەللەنگەن ھەربىي لاگىرلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن شەكىللەنگەن، خالاس! دېمىسىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئەتىراپلاردا كۆرۈلگەن ئۇششاق-چۈششەك مىللىي نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرۇشلاردا ئەنە شۇ تېرروررچى بىگتۈەن باندىتلىرىدىن ياكى ئۇلارنىڭ شاگىرت-ئەۋلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە! مانا ئەندىلىكتە، ئەنە شۇ باندىتلار ئارمىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسلىق خىتاي ئاھالىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىتايسىز قالغان بارلىق شەھەر-يېزىلىرىمىزمۇ مۇتلەق ئۈستۈن خىتايلاشقان ھالغا كەلتۈرۈلۈش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىنماقتا.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان غەرب ئەللىرىدىكى مۇھاجىرلىرىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن يىغلاپ-

قاخشاپ دەرد تۆككەنلىرىدە سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا ئوخشىتىپ، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 'مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى' ھەققىدە بەكلا كۆپ داۋراڭ قىلىشىدىكەن. شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز خەلقىگە تەخمىنەن ئاتمىشىنچى يىللىرىدىن باشلاپلا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى بىۋاستە، ۋاستىلىق ياكى تەبىئى چارىلەر بىلەن مىللەت سۈپىتىدە يەر يۈزىدىن تەدرىجى يوقۇتۇش، ئاخىرىدا قالغانلىرىنى ياۋايى مىللەتلەر قاتارىدا نادان، نامرات قالدۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. تولۇق مۇستەملىكە ھالىغا كەلتۈرۈلگەن خەلقىمىزنى خىتايغا سىڭدۈرۈش ھەرىكەت پىلانى مانا ئەندىلا باشلانماقتا. 'ئاسسىمىلاتسىيە' دېگەننى كۆتۈرۈپ چىققانلار بۇ سۆزنىڭ ئەقەللىي لوغەت مەنىسىنىمۇ بىلمەيدىغان ۋە ئانا ۋەتىنىنىڭ پاجىئەلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ياكى ئۇنى مازاق قىلىدىغان مۇھاجىرلار بولسا كېرەك؟

بۇ جەرياندا ئەنە شۇ يوشۇرۇن ھەربى بازىلار، بىڭتۇەنلەر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى زاۋۇت-كانلار، سودا-مۇلازىمەت يەرلىرى، مەمۇرىي ئورۇنلار، چېگرا بويلىرى خەلقىمىزدىن مۇتلەق يوشۇرۇن تۇتۇلغان ۋە مىللىي قۇراللىق قوشۇنىمىز بار يىللاردا ئىنتايىن مەخپى شەكىلدە ئۈستۈن خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر نوپۇسى يارىتىش يوشۇرۇن بازىلىرى قىلىپ پايدىلىنىلغان ئىدى. ھەتتا مەخپى تۈرمىلەرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر نوپۇسى يارىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقانىدى. مانا بۈگۈن ھەرقانداق 'سۈلھچى ئەۋلىيا' قۇرۇق گەپ بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش دولقۇنىنى قەتئىي توسىيالماس ھالەت شەكىللىنىپ بولدى. ئۇلارنى توسىيالىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقىمىزنىڭ شەھەر نوپۇسى كىرەكسىزلەر دېگەنناملار بىلەن ئاشكارە ئىشتىن قوغلىنىپ، چەت يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىنماقتا!

قىسقىسى، بۈگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يېرىم ئەسىر ئاۋالقى جاڭ جىرجوڭ پىلانلاپ چىققان ۋەتىنىمىزنى تولۇق خىتايلاشتۇرۇش لايىھىسىنى ھەقىقى تۈردە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش باسقۇچىدا تۇرماقتا! ئۇلار بۇ ھالەتكە 'دۈشمەن قالدۇقلىرىنى تازىلىشىپ بېرىپ چىقىپ كېتىمىز، ... سىلەرنىڭ گۈللىنىشىڭلارغا ياردەم بېرىمىز، ... بايلىغىڭلارنى ئېچىشقا ياردەم بېرىمىز، ...' دېگەندەك ئالدامچىلىقلار بىلەن

ئېرىشتى. بىز، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى ئالدامچىلىقلىرىغا ئويلانماستىنلا ئىشەنگەنىدۇق! بەلكىم ھازىرمۇ ئىشىنىپ ئولتۇرماقتىمىز! ھالبۇكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى 'تارىختىن بۇيان خىتايلار گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان تېپىك خىتاي يۇرتىدۇر ' دەپ ئاللىقاچان دۇنياغا جاكارلاپ بولدى! بۈگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزگە ئوتتۇز مىليون، ئەللىك مىليون، ھەتتا يۈز مىليون خىتاي تاجاۋۇزچى تىلەمچىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈستىدە جىددى باش قاتۇرۇشماقتا!

ئەگەر ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇسى خەلقىمىز نوپۇسىدىن بىر-ئىككى ھەسسە ئارتىپلا كېتىدىكەن، خىتايلار ۋەتىنىمىزنىڭ 'پالانى جۇمھۇرىيەت، پوكۇنى دۆلەت، ...' ناملىرىدا مۇستەقىل بولىشىنىمۇ ھەرگىز رەت قىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ۋەتىنىمىزدە مۇتلەق ئۈستۈن خىتاي نوپۇسىغا ئېرىشىۋالغان، ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق سانائەت، مەمۇرىي ھوقۇق، قۇراللىق كۈچلىرى، تېخنىكا كۈچلىرى ۋە شەھەرلىرىمىزنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ 'سۇنئى خىتاي دۆلىتى ' شەكلىدە مەڭگۈ ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ، بىزنىڭ يوقۇتۇلۇشىمىزنى 'ئىچكى ئىشلار' ھالىتىگە كەلتۈرىۋالىدىغان رەسمىي خىتاي دۆلىتى ھالىغا كېلىۋېلىشى مۇقەررەر. ئەينى ۋاقىتدا ئەللىك مىڭ كىشىلىك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا تەڭ كېلەلمەي ۋاستىلىق تەسلىم بولغان خەلقىمىز، ئەللىك مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا زادىلا تەڭ كېلەلمەيدۇ. رۇشەنكى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭىدا بۇ خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ ئەللىك مىليون كىشىلىك بىر تاجاۋۇزچىنى قوغلىشىپ بېرەلەيدىغان بىرمۇ كۈچ تېپىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ 'كىچىك خىتاي دۆلىتى' نىڭ ئارقىسىدا بىر-ئىككى مىليارد نوپۇسقا ئىگە چوڭ بىر خىتاي دۆلىتى ئۇلارغا ئارقا تىرەك بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان خەلقىمىز سەرگەردان سىگانلار ياكى ئامېرىكا ھىندىئانلىرىدەك بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەممە مەسخىرە قىلىشىدىغان ۋە پەس كۆرۈشىدىغان ئىنسانىيەت سۈپىرەندىلىرىگە ئۆيلىنىپ قالىدۇ! بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھېلىتىنلا سىگانلار بىلەن ھىندىئانلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلار دەپ قارىشىدىغان غەلىتى 'تەتقىقات مۇلاھىزىلىرى ' خېلى داڭلىق دەپ قارالغان ئېتنوگرافچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىماقتا ۋە ئىچىمىزدىكى بىر

قىسىم سادىدا ئاقىللىرىمىز بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ، ئەسلىدە ئامېرىكىنى بىز كەشىپ قىلغان ئىكەنمىز دەپ ماختىنىماقتا.

مانا بۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان سۈنئىي نوپۇس ئۈستۈنلۈكى يارىتىش ئارقىلىق ئىشغال قىلىش سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى مەخسىدى!

رۇسسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشى، ئېنگىلىزلارنىڭ شەرقىي جەنوبىي ئاسىيانى بېسىۋېلىشى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ياۋرۇپالىقلارنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتى ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بايلىق، ھەربىي بازا ۋە بازار ئامىللىرى ئورنىدا پايدىلىنىشنى مەخسەت قىلغان بولسا، بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى يۇرتىغا پېتىشماي كېتىۋاتقان خىتايلىرى ئۈچۈن ھاياتلىق ماكانى دەپ بېسىپ ياتماقتا! شۇڭا، بېرتانىيە ئىمپېرىيىسى ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلغىنىدا، رۇسسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قالغىنىدا خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللىك ھېس قىلىشقانىدى. بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىمۇ بۇرۇنقىسىدىن پەرق قىلغان ھالدا بېقىندىلار خام ئەشيانى ئۆزلىرى ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىش، ماللىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىش شەكلىگە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقان بولغاچقا، بۇرۇنقىدەك ئۇنداق كەسكىن مۇستەملىكچى باشقۇرۇش شەكلىگە ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەمما خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى مىللىي تەغدىرىنىڭ زاۋالى دەپ چۈشەنمەكتە. شۇنداق ئىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن ھەرگىزمۇ قايسى بىر داھىيمىزنىڭ، قايسى بىر نامايىشىمىزنىڭ، قايسى بىر ئەلنىڭ قۇرۇق سۆزلىرىدىن ياكى بولمىسا نوپۇس سانىمىزدىن قورقۇپ ئۆزلىگىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ! بۇنداق بىر تاجاۋۇزچىنى نوپۇس سانىمىزنى داۋراڭ قىلىپلا ئەمەس، ھەتتا ۋەتىنىمىزدىن يىگىرمە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا تۇرىۋاتقان ئا ق ش نىڭ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قاچۇرۇپ قويۇشلىرىدىن قورقۇپ چېكىنىشكە مەجبورلىغى بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ، خەلقىمىزنىمۇ بۇنداق بەڭگىنىڭ خىياللىرىغا ئىشەندۈرۈشكە مەجبورلاۋاتقان ‘مەدەنى زىيالىي’ لىرىمىزغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پەقەتلا بىۋاستە زەربە بەرگىلى بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئەملىي قۇراللىق

كۇرەشلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ ۋەتىنىمىزدىن چېكىنىدۇ. بۇ يەردە قۇراللىرىمىزنىڭ دۈشمەنىنىڭكىدىن كۈچلۈك-ئاجىز بولىشى، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىمىزنىڭ دۈشمەنىنىڭكىدىن يۇقۇرى-تۆۋەن بولىشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى _ ۋەتىنىمىز ئىچىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئەڭ مۇۋاپىق تاكتىكا شەكلىنى ئالغان ئىزچىل زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىشتۇر. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ھەقىقەتنى بىزدىن بالدۇر بىلىۋالغانلىغى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز خەلقىگە بىرمۇ مىللىي پولك ساقلىشىغا يول قويمىدى. شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەنلىگىنى تونۇتىدىغان، قايتا كۈچلىنىشكە سەۋەپ بولۇپ قالىدىغان قىلچىلىك ئىمكانىيەتلەرنىمۇ قالدۇرماي يوقىتىپ كەلمەكتە. بۇنداق بىر دۈشمەنگە نوپۇس سانىمىزنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاش، قىلچىمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان بىر دۆتلۈكتۇر!

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرىمىز ئارىسىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر خەلقىمىزنى نوپۇس ئويۇنىغا ئوخشاش ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئەتىراپىغا جەلىپ قىلىۋېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ بىخەتەر يوشۇرۇن زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىگە ئاتلىنىش قىزغىنلىغىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەشەببۇسلىرىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن بۇرۇن باستۇرۇش، چەكلەش، ئۇجۇقتۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل بولماقتا. بۇ جەھەتتە ‘مەدەنىي غەرب ئەللىرى ’ گە يېقىندىن بېرى بېرىپ جايلىشىۋالغان ‘زامانىمىزنىڭ بىلەرمەنلىرى ’ تاجىنى كېيگەنلەر ئالاھىدە تۆرتكىلىك روللارنى ئوينىماقتا. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئەربابلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، خەلقىمىز ئارىسىدا ئىدىيىۋى زىدىيەتلەرنى كۈچەيتىدىغان ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ئىچكى قالايماقانچىلىقلارغا زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىشىپ، يوقۇرقىدەك پىكىردىكى كىشىلىرىمىز ۋاستىسىدا خەلقىمىزنى تېزگىنلەشكە تىرىشماقتا. ئۇنىڭ بەدىلىگە ۋەتىنىمىزگە قوش رېلىسلىق تۆمۈريول تارتىپ كېلىشتى، نېفىت تەبىئى گاز تۇربا يوللىرى ياتقۇزۇشنى بىخەتەر ئىشقا ئاشۇرماقتا، ۋەتىنىمىزدىكى تاجاۋۇزچى خىتاي نوپۇسىنىڭ سۈنئى كۆپىيىشىنى تارىختىكى ئەڭ يوقۇرى سەۋىيىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇرىۋېتىشماقتا!

ئەندى بىر قىسىم نوپۇس ئويۇنچىلىرىمىز يەپ-يېڭى بىر قورقۇتۇش سۆزىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى: “ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى

ئالىۋاتقان ئوتتۇز مىليوندىن ئېشىپ كەتتى! ھەتتا ئەللىك مىليونغا يېقىنلاشتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ!"

بۇلار ئەندى نېمە دېمەكچى؟ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالىمۇ قاچان قوغلاپ چىقارغىلى بولىدىغان سان چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەندى ئۇلار بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈش يولىمىزلا قالدى دېمەكچىمۇ؟ بۇنداق ئەمەلىي قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەڭگىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە قىلىنغان ھېساپ ئەلۋەتتە ئارتۇق چىقىدۇ! بۇمۇ بىرخىل يوشۇرۇن ياكى ۋاستىلىق مىللىي مۇناپىقلىق بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بىز بۇنداق زىيانلىق مۇبالىغە يارانقۇچىلارنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىتىۋاتقان ۋەھىمىلىرىگە قىلچە قۇلاق سالماسلىقىمىز لازىم! ئەمەلىيەت شۇكى، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ بىردىن-بىر ئالدىنقى شەرتى — ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلار سانىنى ئەللىك مىڭنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈش! بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ دۈشمەن خەۋپى — يىلىغا بىر مىليونغا يېقىن سۈرئەت بىلەن ئارتىپ كېتىۋاتقان — سۈنئىي ۋە تەبىئىي ئارتىپ كېتىۋاتقان ئون مىليوندىن ئارتۇق خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىدىن كەلمەكتە.

بىزنىڭ نوپۇس تەرغىباتچىلىرىمىز ئەجەبا بۇ دۈشمەن نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەمەلىي چەكلىمە قويىدىغان قايسى بىر پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشتى؟ 'تېنچلىق!' ئۇلار خەلقىمىزنى تاجاۋۇزچى دۈشمىنىگە قارشى چىقماي تېنچ تۇرغۇزۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ھەرىكەتكە يېتەكلەپ باققىنى يوق! دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، تۈركىيەدىكى، ياۋروپادىكى، ئامېرىكىدىكى، ئاۋۇستىرالىيىدىكى، ياپونىيىدىكى، ... داڭلىق يېتەكچىلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز، بايۋەتچىلىرىمىز، بىلەرمەنلىرىمىز، ... نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىدا خەلقىمىزگە 'تېنچ تۇر ' دىن باشقا ھېچقانداق بىر ھەرىكەت پروگىراممىسىنى تۈزۈپ بەرمىگەن. ھەتتا ئۇدۇل بېرىپ سورىغىنىڭىزدىمۇ ئەۋلىياسى ئوتتۇرىغا چىقىپ 'ۋەتەن ئازادلىقىنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەت پىلانى، ياكى ھەرىكەت پروگىراممىسى' دەپ بىرەر ۋاراق بولسىمۇ بىرنېمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ. 'تېنچ تۇرۇش ' نىڭ پروگىراممىسىنى بولسىمۇ يېزىپ كۆرسىتەلىگەن بولسىمغۇ كاشكى! دەرۋەقە، 'تېنچ يېتىش ' نىڭ پروگىراممىسى يوق-تە!

## 1.2§ قۇراللىق دۈشمىنىمىز

ئەڭ بولمىغاندا، بۈگۈنكى دۇنيادا بىرەر مىللەتنى ئۆز ئانا ۋەتىنىدە بىراقلا ئاشكارە قىرىپ تۈگىتىۋېتىشكە پېتىنالايدىغان ئېھتىماللىق بۈگۈنچە يوق دېيەرلىك بولغىنى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇنتىزىم قۇراللىق قوشۇنىغا تايىنىپ قۇرالسىز تۇرغان ۋەتىنىمىز خەلقىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ بىراقلا قىرىپ تۈگىتىۋېتىشكە مەڭگۈ پېتىنالمايدۇ دەپ ئىشىنىشىمىز مۇمكىن. شۇنىسى باركى، بۇ خەلق تولۇق يوقۇتۇلمىغىچە ياكى ئەڭ بوزەك ھالغا كەلتۈرۈلمىگىچە ۋەتىنىمىزنى خاتىرجەم ھالدا خىتاي يېرى ھالىتىگە كەلتۈرىۋېلىش ئىمكانىمۇ بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇستەملىكىلىكنى يوۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار قىلىنغان خەلقىمىزنى تېنچ يوقۇتۇشنىڭ ياكى باھانە ئۇيدۇرۇپ پەيدىن-پەي يوقۇتۇشنىڭ چارىسىنى كەشىپ قىلىشتى: خەلقىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخي ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىدىن قوغلاپ چىقىرالىغىدەك باشقا يەرمۇ تاپالمىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، خەلقىمىزنى ئۆز يېرىدە قىيىن-قىستاقلار، بوھتان-تۆھمەتلەر، ئىچكى زىددىيەتلەر، چىرىكلەشتۈرۈپ بىھوشلاشتۇرۇش ياكى ئۇيدۇرما 'تەشكىلات ' لار، ئۇيدۇرما 'قوزغىلاڭ ' لارنى باھانە قىلىپ يوقۇتۇش، نادان ۋە نامىرات قالدۇرۇش چارىسىنى تېپىپ خەلقىمىزنى قىرغىن قىلىپ يوقۇتۇشقا ئاتلانماقتا. مەسىلەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاشكارە ھالدا "تۈركىيەدە، قازاغىستاندا، ئافغانىستاندا ھەربى مەشىق لاگېرلىرىنى قۇرغان، پۈتكۈل مۇھاجىردىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەنگە زوراۋانلىق كۈچى بىلەن قايتىشنى مەخسەت قىلىدىغان نەچچە ئونلىغان يۇرتىغا قايتىش قۇراللىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان، بۇلارنى نەچچە ئون بۆلگۈنچى پارتىيىسى يېتەكلەپ كەلمەكتە، بۇ تەشكىلات ۋە پارتىيىلەرنىڭ گۇماشتىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرماقتا، ... بۇلارغا قىلچە رەھىم قىلماستىن، مىڭى خاتا ئۆلتۈرۈلسە مەيلىكى، بىرسى توردىن چۈشۈپ قالمىسۇن دەيدىغان پرىنسىپ بويىچە قەتئىي تۈردە كۈچلۈك زەربە بېرىشىمىز لازىم! ..." دەپ ھىتلېر فاشىستلىرىدىنمۇ ۋەھشىلىك بىلەن قىرغىن قىلماقتا؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يالغان-ياۋداق داۋراڭلارنى تارقىتىپ، چەتئەللەردىكى مۇتلەق تېنچ ئۇسۇللار بىلەن

ۋەتەن قۇتقۇزىمىز دەپ يۈرگەن تەشكىلاتلارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ۋەتىنىمىزدىكى مىللىي كۈچلىرىمىزنى جازالاشقا باھانە قىلىشماقتا.

ھالبۇكى، چەتئەلدىكى ھەرقانداق بىر مۇھاجىرىمىز بىرەر پارتىيە ياكى لاگېر قۇرماق تۇگۇل، بېشىنى تىققۇدەك يەرمۇ تاپالماي يۈرگەن بىچارە سەرگەردانلار پادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! زېرىككەنلىرىدە يىغىلىپ مۇڭداشقىلى ياكى تۇرىۋاتقان ئەللەردىكى چەتئەل سىياسىي تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتايدىكى ئەھۋاللارغا قىزىقىشى ياكى خىتايغا كوزۇر قىلىپ كۆرستىشى ئۈچۈن قۇرۇپ چىقىشقان جەمئىيەت، ۋەخپە، مەركەز، قۇرۇلتاي، ئىتتىپاق، يىغىلىش ئورنى دېگەندەكلىرىمۇ بىر-بىرسىنى خائىن-ئىشپىيون دېيىشىپ، غەيۋەت قىلىدىغانغا ئادەم تېپىشالماي قالغانلىرىدا دادىسىنىڭ بولسىمۇ غەيۋىتىنى قىلىشىدىغان ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنچە يىللاردىن بېرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەنە شۇلارنىڭ گېپىنى قىلىشتىڭ دەپ باھانە قىلىشىپ ۋەتىنىمىزدە نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىزنى قولغا ئېلىشتى، جازالاشتى، سۈرگۈن قىلىشتى ياكى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشتى!

يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۆز مىللىي ئىگىلىگى، ئۆز مىللىي ھاكىمىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىدىن بىخەۋەر قالغان، قۇراللىق كۈچىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئۇزۇنغا قالماي يەر يۈزىدىكى ئۆزىنىڭ مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇش شارائىتلىرىنى يوقاتقان بولىدۇ-دە، يوقىلىشقا يۈز تۇتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزنى زامانىۋى ئۇچۇر ۋە پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن مەڭگۈ ئۇچۇرىشالماس ھالغا كەلتۈرىۋېتىش، يېزىلاردا ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ئارقىلىق ئۇنۇمى تۆۋەن، جاپاسى كۆپ، ۋاقىت ئىسراپچىلىغى تولا قول ئەمگىگىگە باغلاپ قويۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇشتىن باشقىنى ئويلىيالماس قىلىۋېتىشكە، شۇ ئاساستا سىگانلار ياكى ھىندىئانلاردەك مەڭگۈ يۈكسىلەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تىرىشماقتا. خەلقىمىزنىڭ شەھەرلەردىن تازىلىنىشى، ئىشچىلىققا، ھەربىلىككە، مەمۇرىي خىزمەتلەرگە، سانائەت رايونلىرىغا كىرىشىنى چەكلەپ تۇرۇشى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ خەلقىمىزنى يوقۇتۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمونلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ۋەتىنىمىزدىكى قۇراللىق خىتاي

باندىتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەنە شۇنداق يوقۇتۇلۇشقا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئېھتىمالى بولىدىغان كىشىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى ئاساسلىق ۋەزىپە قىلغان. شۇنىڭدەك يەنە شەھەرلەر ختايلارغا داغدام ئوچۇق ھالغا كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۈنئى كۆپىيىشىنى دەخلىسىز ھالغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بۇلاڭ-تالاڭچىلىقى، خاتىرجەم كەيپى-ساپالىق ياشىشى ئۈچۈن ئۇلارنى خەلقىمىزدىن قوغداشقا مەجبۇر بولىشىدۇ. ۋەتىنىمىزدىكى مىليونلارغا يېقىن ھەرخىل رەسمىي قۇراللىق ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى شەھەر، سانائەت رايونلىرى، بايلىق مەنبەلىرىدە شىددەت بىلەن سۈنئى كۆپۈيۈپ كېتىۋاتقان ختاي كۆچمەن تاجاۋۇزچىلىرىنى يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت مەقسەتنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىشتى. بۇ قۇراللىق تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى، مۇنتىزىم ئارمىيە، چېگرا قىسىملىرى، قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى، يېڭىدىن پەيدا بولىۋاتقان 'زوراۋانلىققا قارشى قوغدىنىش ئەترەت' لىرى، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارە جاسۇس-ساقچىلىرى، مىنبىڭلار بولۇپ بىرەر مىليونلۇق قۇراللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ قوشۇنلار ئادەتتىكى ئۇرۇش قۇراللىرىدىن تارتىپ تا ئاتوم بومبىسى، بىئ و-خىمىيىلىك ئۇرۇش قۇراللىرىغىچە قۇراللانغان. بۇ قوشۇنلار ھەر مىنۇت خەلقىمىزنى باستۇرۇشقا تەييار تۇرماقتا. بۇنى ئاز دەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق مۇھىم ستىراتىگىيىلىك يەرلىرىنى ئىگىلەپ ياتقان 'بىڭتۇەن قىسىملىرى' نامىدىكى يېرىم مۇنتىزىم قۇراللىق فاشىستلار قوشۇنىمۇ ئىككى مىليوندىن ئاشقان ئادەم كۈچى بىلەن خەلقىمىزگە خىرىس قىلىپ قورشاپ تۇرىۋاتقان قۇراللىق دۈشمەنلىرىمىزدۇر.

يوقۇرقىدەك ھەرخىل قۇراللىق تاجاۋۇزچى كۈچلەر ۋەتىنىمىز مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى توساپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق دۈشمەن كۈچلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ دۈشمەن كۈچلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇن شەكىلدە سۈنئى ختاي نوپۇسىنى كۆپەيتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ختايدا ئەسكەر بولۇپ ۋەتىنىمىزدە كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ختايدا ھەربىلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ۋەتىنىمىزدە بىڭتۇەن قىسىملىرىدا ئىشقا جايلىشىش، ئۇ يەرلەردىن 'قىسقارتىلىش' دېگەندەك باھانىلار بىلەن شەھەرلىرىمىزنى ئىگەللەش ئارقىلىق، شەھەرلىرىمىزدە ئاھالە ئارىسىغا سىڭىپ زاپاس ئەسكەرلىك رولىنى ئوينايدىغان دۈشمەن كۈچلىرى

ھالغا كەلمەكتە. بۇ كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە بىرقىسىم جىددى تۈرمۇش ئېھتىياجلىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش شەكلىنى ئالغاچقا، بۇ قوشۇنلارغا ئىقتىسادىي قامال قىلىش شەكىللىرىدىكى تېنچ زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى تەسىر كۆرسىتەلمەس ھالغا كېلىپ بولغان. مۇنتىزىم ھەربى قوشۇنلىرىمۇ خىتايلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلىرىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ ئالغان. شۇ سەۋەپتىن بۇ دۈشمەنلەرگىمۇ ھەرقانداق بىر تېنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى سىياسى-ئىقتىسادىي قامال قىلىش چارىلىرى تولۇق ئۈنۈم بەرمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەن.

بۇخىل قۇراللىق قوشۇنلاردىن يەرلىككە ئالمىشىپ زاۋۇت، كان، شىركەت ياكى مەمۇرىي ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان تاجاۋۇزچى باندىت خىتايلار زاپاس قوشۇنلۇق رول ئوينايدىغان، قۇراللىق تەربىيە كۆرۈپ تۇرىدىغان مىنىبىلىك دېگەن ناملاردىكى فاشىستلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلماقتا.

خەلقىمىز ھەرقانداق بىر شەھەردە، ھەرقانداق بىر سانائەت رايونىدا مۇكەممەل تەشكىللاتلىنالىغىدەك، ئىش تاشلاش، نامايىش قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى پالەچ ھالغا كەلتۈرەلىگىدەك نىسبەتكە ئىگە ھالىتىنى ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ كىرىشلىرىدىلا قولدىن بېرىپ قويغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ نىسبەت كۈنسايىن ئازىيىپ بىر پىرسەنگىمۇ يەتمەس ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلىرىمىزدىكى قورچاق مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ ھەرقانداق شەكىلدىكى تېنچ قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرالىشىمىز ياكى تارىختىكىدەك ئۇنداق دۈشمەن قۇراللىق كۈچلىرىگە جىددى تەييارلىق قىلىپ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پارتلاش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇم قىلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىراقلا غەلىبىگە ئېرىشەلىشىمىزنىڭ قىلچىمۇ ئېھتىمالى قالمىدى. بۇ ئېھتىماللىقنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرىدا قولدىن بېرىپ قويغىنىمىز ئۈچۈن، ئەنە شۇ ۋاقىتنى قايتىدىن ئامال قىلىپ كەينىگە ياندۇرۇشقا مەجبۇرمىز.

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندە دۈشمەن قۇراللىق كۈچلىرىگە، دۈشمەن سانائەت رايونلىرىغا، شەھەرلەرگە ئاشكارە قۇراللىق ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىمىز پەقەتلا يوق.

بۇلارغا قوشۇلۇپ، ئالاھىدە مۇھىم قۇراللىق كۈچلىرىنى تەشكىل قىلىۋاتقان يەنە بىر كۈچ -ھەربىي خىتاي ساقچىلىرىدۇر. بۇ دۈشمەن كۈچلىرىمۇ خەلقىمىزنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىۋاتقان ئۇچىغا چىققان شوۋىنىست ۋە تېررورچىلار ئەترىتىدۇر. ئەمما ئۇلار قىسمەنلىكتە بولسىمۇ پۇخرالار ئارىسىدا ئارىلىشىپ ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا يوشۇرۇن زەربە پەيدا قىلىش ئېھتىمالىنى يەنىلا يوق دېيىشكە بولمايدۇ. شۇ قاتاردا مىنىبىك كۈچلىرىگىمۇ ئىختىيارى شەكىلدە مەخپى زەربە بېرىش پۇرسەتلىرىمۇ مەۋجۇت.

ئەمما بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە تۇرغۇزۇلغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي قۇراللىق كۈچلىرى مۇتلەق تۈردە يەرلىك خەلقتىن مۇداپىيىلىنىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى بىردىن-بىر مەخسەت قىلىپ قۇرال تۇتۇپ تۇرماقتا. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇلار قولىدىكى بۇ قوراللىرىنى ھەرگىزمۇ بىزگە ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھاسىيا قىلىش ئۈچۈن، توشقان ئوۋلاش ئۈچۈن ئەمەس، قولغا كەلگەن تۇنجى پۇرسىتىدىلا بىزگە قارشى ئوق چىقىرىشقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈنلا كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. يەنى، بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچى قۇراللىق كۈچلىرى مەخسۇس ۋەتىنىمىز خەلقىنى قىرغىن قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈش ئۈچۈنلا تۇرىۋاتقان فاشىست كۈچلەردۇر!

خۇلاسىلىغىنىمىزدا، مۇنتىزىم ياكى يېرىم مۇنتىزىم قۇراللىق دۈشمەن كۈچلىرىگە قارشى خەلقىمىزدە بۈگۈن ھېچقانداق ئۈنۈملۈك چارە ۋە پايدىلىق پۇرسەتلىرى يوق ھالەتتە تۇرماقتا. شۇڭا، يوقۇرقىدەك دۈشمەن كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى شارائىت يار بەرگىنىدە ياكى شارائىت يارىتىۋالغىنىمىزدىن كېيىن ئاندىن مەخسۇس ئويلىنىشقا بولىدۇ. ھازىرچە ئاساسلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتىۋلىرى ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ تېخىمۇ ئاجىز نوقتىلىرىنى تاللاپ تۇرۇشقا مەجبورمىز.

## 1.3§ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى

ۋەتىنىمىزنى ئىگىلەپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز مىللىي دۈشمىنىمىز قاتارىدا تىلغا ئالغۇسى كەلمەيدۇ. ھەتتا بىر قىسىم زامانىمىزنىڭ ‹بىلەرمەنلىرى› خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنى

ئەتىۋارلىشىپ ياكى سەل قارىشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۇغقان-قازاق، ھەتتا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، تۇرپانلىق، ... دېگەندەك ۋەتەنداشلىرىمىزنى بىر-بىرىسگە دۈشمەن قىلىپ كۆرستىشكە جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەپ ئۇرۇنماقتا! بۇ كىشلىرىمىزنىڭ قارىشچە، گويا ۋەتىنىمىزگە خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىشىنى ‘دوستانە ياردەم، قېرىنداشلارچە ياردەم، يېقىن قوشنىدارچىلىق، ھەتتا گۇناھسىز ئاقكۆڭۈل ئىشلەمچىلەر’ قاتارىدا كۆرسە كېرەك؟

ئەگەر خىتاي كۆچمەن تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى ۋەتىنىمىزگە ئۆز خەلقىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە نورمال تەرەققىياتىغا دەخلى كۆرسەتمەي نوقۇل جان ساقلاش ئۈچۈن ياكى خەلقىمىز يېتىشىپ بولالمايۋاتقان ئىشلاردا بىزگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە يىگانە بىتەرەپ ئىقتىسادىي پائالىيەت كۆرستىش ئۈچۈنلا ئېقىن قىلغىنىدا، بەلكىم بۇ كىشلەرنى ‘دۈشمەن ’ دەپ قارىماسلىققا ھەقلىق بولىشىمىز ئېھتىمال ئىدى. دىققەت قىلىڭ: شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر ئېھتىماللىقلا بولالىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى ۋەتىنىمىزگە قۇرۇتتەك يامراپ كىرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى ھەرگىزمۇ قەھەتچىلىكتىن، ئاچارچىلىقتىن، ئۇرۇش بالالىرىدىن ياكى سىياسىي زۇلۇملاردىن قېچىپ ۋەتىنىمىزگە پانالىق تىلەپ مىللىي دىپلوماتىيە قانۇنىمىزغا بوي سۇنۇپ كېلىۋاتقان جان ساقلىغۇچى غېرىپ مۇساپىرلاردىن ئەمەس. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، بۇ كەلگىندىلەر ۋەتىنىمىزنى ‘ئايرىلماس خىتاي يېرى، بۇ يەرنى بىز تارىختىن بۇيان گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتىكەنمىز ’ دەپ ئاشكارە ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان تاجاۋۇزچى دۈشمەن مىللەتتۇر! بۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى پۈتۈنلەي ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى، ئۆز مىللىي مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇراللىق ھىمايىسى ئاستىدا ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنى پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا قەدەممۇ-قەدەم ئىگەللەشكە ئېۋەرتىلگەن بولۇپ، بۇ تاجاۋۇزچى خىتاي كەلگىندىلىرى ئۆز پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدە، تاجاۋۇزچى مۇستەبىت مىللىي مۇستەملىكچى ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىپ خەلقىمىزنى قەدەممۇ-قەدەم يوقۇتۇشقا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا، نادان ۋە نامرات قالدۇرۇشقا، بارلىق ساھەلەردىن سىقىپ چىقىرىپ چەتكە قېقىشقا، بوزەك قىلىشقا، خورلاشقا، نازارەت قىلىشقا، سۈرگۈن قىلىشقا، ئۇرۇپ قىيناشقا ۋە ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈشلەرگە ئاكتىپ قاتناشماقتا ياكى

ۋاستىلىق كۈچ چىقىرىشماقتا! يەنى، ۋەتىنىمىزگە چىكەتكىدەك يامراپ كېلىۋاتقان بۇ قۇرالسىز خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى ۋەتىنىمىزنى خىتاي يېرىگە ئايلاندۇرۇشنى، مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئالدىنقى مەقسەت قىلىپ كېلىۋاتقانلار بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى جەھەتتە نۆۋەتتىكى قۇراللىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ خەۋپلىك بولىۋاتقان يات مىللەت تاجاۋۇزچى دۈشمىنىمىزدۇر! چۈنكى دۈشمەن ئارمىيىسى ئەنە شۇ تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى بولغىنى ئۈچۈنلا كۈچ-قۇدرەتكە، ئارقا تىرەككە، ياردەمچىسگە ئىگە. ئەنە شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن خەلقىمىز شەھەرلەردىن، بايلىق مەنبەلىرىدىن، ستىراتىگىيىلىك ئورۇنلىرىدىن، ھەتتا ئۆي-ۋاقلىرىدىن، تىگىشلىك پەرزەنتلىرىدىن مەجبۇرى ئايرىلىپ سىقىپ چىقىرىلماقتا! شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىمۇ كام-كۈستىسىز تاجاۋۇزچى مىللىي دۈشمەنلىرىمىزدۇر! ھەتتا ئۇلار ۋەتىنىمىز خەلقىنى ۋەھشىلەرچە باستۇرۇشتا تاجاۋۇزچى باندىت قوشۇنىنىڭ ياردەمچىسى ۋە ئۇلارنىڭ زاپاس ئەسكىرىدۇر!

ۋەتىنىمىزدە تارقىلىپ يۈرگەن خىتاي كاسىپلىرى، مەدىكارلىرى، تىلەمچىلىرى، يايمىچىلىرى، سودىگەرلىرى، ... قاتارىدىكىلەر قارىماققا ۋەتىنىمىزگە تەشكىلسىز ھالدا ئۆزلىرى ئېقىپ كەلگەندەك كۆرۈنىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارمۇ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىغى، قىزىقتۇرۇشى، تەشۋىقاتى، ياكى ئىلگىرى كېلىپ جايلىشىۋالغان يۇرتداشلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى تۈپەيلى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى كۈتۈشكە تاقەت قىلالماستىنلا ئالدىراپ كېلىۋالغان تاجاۋۇزچىلاردۇر. ئۇلارمۇ ۋەتىنىمىزدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ 'غوجايىن' لىغىنى تونۇيدۇ، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىنىڭ يار-يۆلىگى بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ئەسلى تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە ئاشكارىلىماقتا!

شەرقىي تۈركىستان ـ بىر مىللىي دۆلەتتۇر. ئۇ ـ بىر تارىخىي ئاساسقا ئىگە مىللىي دۆلەتتۇر. بۇ تۇپراقلار گەرچە ھازىر ياتلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا خىتاي يېرى قىلىپ كۆرسىتىلگەندەك قىلسىمۇ، بۇ ۋەتەنىنىڭ ھەقىقىي قانۇنىي ئىگىلىرى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارمىز! بۇ ۋەتەنگە ھەرقانداق بىر باھانە بىلەن كىرىش ئۈچۈن شۇ تۇپراق ئىگىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇستەقىل قانۇنى ئورگانلىرىنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ قانۇنىي رەۋىشتە كىرىشى كېرەك. بۇنىڭسىز كىرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تاجاۋۇزچى، ھەممىسى مىللىي دۈشمەن ھېساپلىنىشى

ئەقەللىي مۇقەررەرلىك! ھالبۇكى، بۇ دۆشمەنلەر ئاۋال يەرلىك خەلقنىڭ قانۇنىي تېررىتورىيە ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىپ، قانۇنىي مىللىي مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئاندىن باستۇرۇپ كىرىۋاتقان تاجاۋۇزچىلار بولغاچقا، بۇ تاجاۋۇزچى كەلگىندىلەرنىڭ ھەممىسىگە قەتئىي تۈردە تاجاۋۇزچى دۆشمەن مىللەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز، ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئىنسانى ھەققىلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچىدۇر!!!

بۇ يەردە تېمىدىن ھالقىپ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆزىمىزگە مۇھىم بىر ۋەزىپە دەپ قارايمىز: چەتئەللەردە تۇرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن ئورتا ئاسىيادىكىلەر بىلەن تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەردە تۇرىۋاتقان كىشىلىرىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى بىر تۇتاش قانات يايدۇرۇش مەقسىدىدە ۋاقىتلىق بىرىيەرگە كەلگىنىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىدىيىۋى زىددىيىتى قايتىدىن ئاشكارىلىنىپ، بىر-بىرسىدىن پەرقلىق ھالدا بىرقانچە خىل نام ۋە بايراقلار بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇش جېدىلى ئوتتۇرىغا چىققانىدى. نەتىجىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىسىملىرىدىن بولغان «شەرقىي تۈركىستان» ۋە «ئۇيغۇرىستان» دېگەن ئاتالغۇلار ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىدىن بىتەرەپ دۆلەت نامى بولۇشتىن كۆرە، ئىدىيىۋى ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سىياسىي نام ھالىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئەسلىدە ۋەتىنىمىزنىڭ نامى، بايرىقى، گىربى، دۆلەت شېرى، ئاساسىي قانۇنى قاتارلىقلارنى ھەرقانداق بىر شەخس ياكى تەشكىلاتنىڭ قارار قىلىش، تۈزۈتۈش، ئۆزگەرتىۋېتىش، ئالماشتۇرىۋېتىشقا ھەققى يوق بولىشى شەرت ئىدى. بۇ تۈردىكى نەرسىلەر خۇددى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، دۆلەت قۇرىۋاتقان قۇرۇلتاي ياكى ئۇلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن قارار قىلىنىشى شەرت ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان دۆلەت بايرىغىمىزنىڭ شەكلى خۇددى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىغى شەكلى بىلەن ئوخشاش ئۆلچەملەردىكى ئاي-يۇلتۇزلۇق بولۇپ، پەقەتلا رەڭگى شوخ زەڭگەر ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان دۆلەت بايرىغىمىزمۇ يۇقۇرىقىدەك ئاي- يۇلتۇزلۇق بولۇپ، ئەمما رەڭگى شوخ يېشىل رەڭدە ئىدى. تۈركىيىنى ئاساس قىلىپ تۇرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز ئىككىنچى

جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئېقىمغا مەنسۇپ كىشىلىرىمىزدىن تەشكىل تاپقىنى ئۈچۈن، گەرچە بۇ كىشىلىرىمىز بىرىنچى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئېقىمىدىن پەرقلەندۈرگەن ھالدا بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز قوبۇل قىلغان ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ۋەتىنىمىزنىڭ بايرىقى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلەردىن مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەر ئاساسەن سابىق س س س ر تەۋەسىدە قالغىنى ئۈچۈن، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دۆلەت بايرىغىنى خەلقئارادا تونۇشتۇرۇش تۇگۇل، ھەتتا ئۆز ئىچىدىمۇ تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، ئاي-يۇلتۇزلۇق يېشىل بايرىغىمىز ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇھاجىرلىرىمىز بىردەك بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي دۆلەت بايرىقى دەپ تونۇپ كەلمەكتە. ئەمما بايرىغىمىزنىڭ مۇتلەق ئېنىق ئۆلچەملەر بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بىلمىگەچكە، بەزىدە ئاجايىپ-غارايىپ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار ئۇچۇراپ قالماقتا. شۇ سەۋەپتىن بۇ يەردە بايرىغىمىزنىڭ ئېنىق ئۆلچىمىنى تەرىپلەپ بېرىشنى توغرا تاپتۇق: ئەگەر بايرىغىمىزنىڭ كەڭلىكى، يەنى ئېنىنى بىر مېتىر دەپ قوبۇل قىلغىنىمىزدا، بايرىغىمىزنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم مېتىر نىسبىتىدە بولىدۇ. شۇ ئاساستا ھىلال ئاي شەكلىنىڭ بايراق ئوتتۇرا سىزىقىدا تۇرغان سىرتقى چەمبەر مەركەزى بىلەن بايراق سېپى تەرەپ ئارىلىقىمۇ ئەللىك سانتىمېتىرگە تەڭ كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ھىلال ئاينىڭ سىرتقى چەمبەر دىئامېتىرىنىڭ ئۇزۇنلىقىمۇ ئەللىك سانتىمېتىرگە تەڭ كېلىدۇ. ھىلال ئاينىڭ ئىچكى-تاشقى چەمبەر مەركەزىنىڭ ئورنى بايراق بويىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدىن (بايراق ئېنىنىڭ نەق يېرىمىغا تەڭ يەردىن) ئۆتىدىغان ئوتتۇر سىزىغى ئۈستىدە بولىدۇ. ھىلال ئاي شەكلىنىڭ ئىچكى چەمبەر مەركەزى بايراق ئوتتۇرا سىزىغىدا تاشقى چەمبەر مەركىزىدىن ئاتمىش ئىككى يېرىم مىللىمېتىر ئارىلىق تاشلاپ جايلىشىدۇ. ھىلال ئاينىڭ ئىچكى چەمبەر دىئامېتىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى قىرىق سانتىمېتىر بولىدۇ. ھىلال ئاي ئىچكى چەبىرىنىڭ بايراق سېپى تەرەپتىن ئاي ئۇچلىرى شەكىللەنگەن ئارىلىقچە بولغان ئۇزۇنلىقى (يەنى ئىچكى ئاي

چەمبىرىنىڭ ساپ تەرەپ نۇقتىسىدىن ئاي ئىچىگە قارىغان يۇلتۇز چەمبىرى قىرىغىچە) ئۆچتەن بىر بايراق ئېنى ئۇزۇنلىقىغا (يەنى ئۆچيۈز ئوتتۇز ئۈچ ملللىمېتىر ئەتىراپىغا) تەڭ كېلىدۇ. يۇلتۇز ئۆچۈنمۇ بىر كىچىك چەمبەر سىزىش مۇمكىن. بۇ چەمبەرنىڭ مەركەزىنىمۇ خۇددى ھىلال ئاي چەمبەرلىرىدىكىدەك بايراق ئېنىنى تەڭ ئىككىگە بولگەن نۇقتىدىن ئۆتىدىغان بايراق ئۇزۇنلۇغى ئوتتۇرا سىزىغىدا دەپ مۆلچەرلەيمىز. يۇلتۇز چەمبىرىنىڭ دىئامېتىر ئۇزۇنلۇغى تۆتتەن بىر بايراق ئېنى (يەنى يىگىرمە بەش سانتىمېتىر) ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ كېلىدۇ. يۇلتۇز چەمبىرى ئىچىگە جايلاشتۇرۇلىدىغان بەشىۋارنىڭ ئاي ئىچىگە يۈزلەنگەن ئۈچى نەق بايراق ئوتتۇرا سىزىقى ئۈستىدە ۋە ئاي ئۈچلىرى بويىغا تاقاشقان بولىدۇ. قالغان ئۈچلىرى شۇ ئاساستا سىزىلىدۇ. بايراقنىڭ ساپ تاقىلىدىغان ئاق لاتىسىنىڭ كەڭلىگى ئوتتۇزدەن بىر بايراق ئېنىگە (يەنى ئوتتۇز تۆت ملللىمېتىر ئەتىراپى) تەڭ بولۇپ، بۇ ئارىلىق بايراق ئۇزۇنلۇقىغا قېتىلمايدۇ. بايراق تىگى شوخ زەڭگەر (قېنىق ھاۋارەڭ)، ئاي-يۇلتۇز ئىچى ۋە ساپ ئورنى ئاق رەڭدە بولىدۇ. بۇ نىسبەتلەر بويىچە خالىغان چوڭلۇقتىكى ۋە خالىغان شەكىلدىكى بايراق-ئىزنەكلەرنى سىزىپ ياساشقا بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتاۋىمىزدا ئاتىلىۋاتقان "شەرقي تۈركىستان" دېگەن ئىسىم بىلەن بۇ بايراقمۇ نوقۇل ۋەتىنىمىزنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قىلچە سىياسىي بىرتەرەپلىمىلىككە ئىگە ئەمەس.

بىز ئەندى ئۆز گېپىمىزگە كېلىپ، بۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى بۈگۈنكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تاجاۋۇزچىلىق قىياپىتىگە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى:

ئۆزلىرىنىڭ شوۋىنىستىك ۋە فاشىستىك ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ ۋەتىنىمىزگە باستۇرۇپ كىرىۋاتقان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى ۋەتىنىمىزدە مۇتلەق ئۈستۈن مەمۇرىي ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزىۋېلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۈچقاقلىرىدا ئۆز مىللىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىشماقتا. ئۇلار تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي يادرۇسى، يېتەكچى كۈچى ھېساپلانغان خىتاي كومپارتىيە ئورگانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ، تاجاۋۇزچى فاشىست ھۆكۈمىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە باش نازارەتچىلىك قىلىشماقتا. بۇ فاشىست پارتىيە ھەرقانداق بىر خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت خادىمىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە

تەكشۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانلىرىغا قىلچىلىك پۇتلىكاشاڭلىق قىلمايدىغانلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆز مۇددالىرى ئۈچۈن جان تىكىپ ساداقەتنى كۆرسىتىدىغان خىتايلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشقا بولىدىغان نامزاتلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ فاشىست پارتىيىسى تەرىپىدىن تاللاپ كۆرسىتىلگەن سادىق نامزاتلار يەنىلا شۇ پارتىيە تەرىپىدىن تاللانغان، ھەتتا شۇ فاشىست پارتىيە ئورگانلىرىدا قوشۇمچە ۋەزىپىسى بولغان كاتىۋاشلار گۇرۇپپىسى ئىچىدە قايتىدىن تاللىنىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەكتە. بۇ شەكىلدە تۈگۈمەس غالۋىرلاردا تاسقىلىپ تاللانغان خىتاي مەمۇرىي كادىرلىرى، تەيىنلەنگەن ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇتلەق تۈردە بۇ پارتىيىنىڭ ياكى بۇ تاجاۋۇزچى فاشىست ھۆكۈمەتنىڭ شەرتسىز سادىق غالچىلىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

بۇخىل شەكىلدە تەشكىللەنگەن تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان بارلىق خىتاي مەمۇرىي چاپارمەنلىرى ئاساسەن ئاڭلىق شەكىلدىكى ئەڭ مىللەتچى، ئەڭ فاشىست روھىغا ئىگە خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقانداق بىر تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەقلىرىگە بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرمۇ خىتاي تېپىلمايدۇ. بۇ ئورگانلار بارلىق تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەت ئىدارە-شىركەتلىرى، بارلىق ئىلىم-پەن ساھەلىرى، بارلىق ئىقتىسادىي تەقسىمات ساھەلىرى بويىچە پىلان تۈزۈشكىنىدە يەرلىك خەلقنى پۈتۈنلەي خىتاي دۈشمىنى دەپ ھېساپلىشىپ مۇئامىلە قىلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ: بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۈزگەن بارلىق پىلانلىرىدا يەرلىك خەلق مەنپەئەتلىرى، ھاياتلىق شەرتلىرى، يەنى بارلىق ئەقەللىي ئادەم قىياپىتىدە ياشاش پۇرسەتلىرى قىلچىمۇ ھېساپقا ئېلىنمايدۇ؛ ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق-ھوقۇق، ياكى پايدا-مەنپەئەت قالدۇرۇلماسلىققا جېنىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە شەھەر نوپۇسىغا كىرىش، ئىشچى ئېلىش، كادىر ئېلىش، ئۆستۈرۈش، مۇكۆپاتلاش، ئۆي تەقسىملەش، بىلىم ئاشۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈلۈش، پاراۋانلىق ياردەم، سەھىيە ئىشلىرى، باج-سېلىق كەچۈرۈملىرى، ئايەتلەرگە ياردەم، نامىراتلارنى يۆلەش، سوت ئىشلىرى، قۇراللىق كۈچلەر، تاشقى مۇناسىۋەت، ... قاتارىدىكى بارلىق ئىش ساھەلىرى بويىچە يەرلىكلەر مەنپەئەتدارلىق ئورنىغا ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدۇ،

پۈتۈنلەي خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگەندىلەر ئاھالىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ پىلان تۈزۈلدۇ، قارار چىقىرىلدۇ. “ئارپىنىڭ باھانىسىدا قارمۇق سۇ ئىچىپتۇ” دېگەندەك، زادىلا قاچۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان، قىپيالىڭاچ تەگسىزلىك قىلاي دېسە ئارتۇقچە قارشىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئەھۋاللاردىلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەرلىكلەرگە نەپ بېرىپ قويىدىغاندەك قىلىسمۇ، ئەنە شۇ “چەكتە كەلگەن” نىڭمۇ بىر قىسمىنى شەخسىنىڭ “ساداقەتسىزلىكى” گە دائىر ئەرزىمىگەن باھانە-پۇتاقلارنى چىقىرىشىپ يوق قىلىدۇ ياكى يېرىم-ياتا ھالدا “تەپمە ھالال” قىلىشىدۇ. بۇلارمۇ پەقەت خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن پەرقسىز دەلدۈشلەر ياكى مىللىي مۇناپىقلارغا قىلىنىدىغان “قۇشۇقتا سۇنۇلغان” ئىلتىپاتلاردۇر. ئادەتتىكى قورچاق قارا ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئەقلى كام مەمورىچاقلارنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا ھەقلىرى تارتىۋېلىنىسىمۇ “غىڭ” قىلىشمايدۇ. چۈنكى “غىڭ” قىلىش دېگەنلىك، “پارتىيىگە نارازىلىق” دەپ تۆھمەت قىلىنىپ، ئەنە شۇ ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىغا تېمىتىلىدىغان “دېمىدە سۈيى” دەك ئازغىنە مائاشلىق ئورنىدىنمۇ قوغلىنىش خەۋپى مەۋجۇتتۇر.

يۇقۇرقىدەك مەمورىي تەقسىماتلار نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگەندىلىرى ئاساسەن دۆلەت ئورگانلىرىدا، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ئورۇنلاردا، ھېچ بولمىسا دۆلەتنىڭ كوپېراتىۋى شەكلىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىپ كەلمەكتە. (ئاخىرقى ۋاقىتلاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش-مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى كۆتۈرە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، چەتئەللىكلەرگە ھۆددىگە بېرىش ۋە سېتىپ بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات قىلىشلىرىنىمۇ يوقۇرىقىدەك ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىغا كېلىۋالغىنىدىن كېيىن يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئىسلاھاتلاردا يەرلىكلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلىشى تېخىمۇ راۋان ھالغا كەلتۈرۈلمەكتە ـ قايتا رەتلىگۈچىدىن)

بۇ تاجاۋۇزچى كەلگەندىلەر ئاھالىسى مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىنىڭ يۈز مىڭ يۋەنلىك تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە خۇددى ئۆز مۈلكىدەك ئەركىن ئولتۇرۇشماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك خەلق پايانسىز يېزا-قىشلاقلاردا بىر پارچە خىش-كېسەكنىمۇ بۇ تاجاۋۇزچى “ھۆكۈمەت” تىن ئالالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەجداتلىرىدىن تارتىپ ئۆزلىرىگە تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان يەرلىرى ئۈچۈن ئاققۇنلارغا پۇل تۆلەپ يەر سېتىۋېلىشىپ، ئۆزلىرى ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا

مەجبورلانماقتا. تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر زامانىۋى بىنالاردا پارىۋايلىق، سۇ تۇربىلىق، ئېلېكترلىق، ھەتتا يېقىلغۇ گازلىق، ... ھەممە ئېھتىياجلىق ئەسلىھەلىرى تەل بولغان ھەشەمەتلىك شەھەر ئۆيلىرىدە خوجايىنلارچە ياشىماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك خەلق ئۆزلىرى ئەپلەپ-سەپلەپ سېلىۋالغان ئېغىلدەك، ئۆڭكۈردەك "ئۆي" لەردە سامان-تېزەك قالاپ، كۆلچەك سۈيى ئىچىپ، ئۆمۈر بويى تېلېۋىزورنىڭ نېمىلىگىنى، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ دېگەنلەرنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەستىن، ھەتتا ئۆزى تىرىپ ئۆستۈرگەن كېۋەزدىن رۇخسەتسىز تۈزۈككىنە يوتقان تىكىپ يېپىنالماي، ئوتتۇرا ئەسىر قاراڭغۇلۇغى ئىچىدە ئۆمۈرى ئۆتمەكتە! تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر ئاھالىسى ئۆيدىن چىقسىلا ئاسپالت يوللار، ھەشەمەتلىك دۇكان-سارايلار، كىنو-تىياتىرخانىلار، ئەيشى-ئىشرەت سورۇنلىرى، ھەر يەردە ئاپتوۋۇز-تاكسىلار، ھەتتا ئىشقا بېرىپ-كېلىشتىمۇ ھەقسىز ئىدارە ئاپتوۋۇزلىرى، بالىلىرى ئۈچۈن مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ-ئەكىلىدىغان مەخسۇس ئاپتوۋۇز-بولكىۋايلار، ئازادە مەكتەپلەر، يەسلىلەر، بالىلار باغچىلىرى، ... خىتايدا ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئەتىۋارچىلىق، قەدىر-قىممەت، ئالاھىدە ئىمتىيازلار، راھەت-پاراغەت ئىچىدە چىچاڭشىپ ئاسمانغا مۈش ئېتىپ ياشىماقتا! بۇ ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان بىزخەقلەر بولسا كونسېرى نادان، نامراتلىشىپ، بۈگۈنكى دەۋر تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي يات بىر مۇھىتتا ياشىماقتا: ئۆيىدىن چىقسا ئېتىزلىق-جاڭگال، ئۆيىمۇ مال قوتىنىدىن پەرقى يوق ناچار، زەي پۇرايدىغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك، ھەتتا بىر تەرىپىدە ئۇلاغلىرى ياتىدىغان، قىغ-تېزەك سېسىقى دىماقنى يارىدىغان، بالا-چاقىلىرى توپا-چاڭ، قىغ-پاتقاقلاردا دومىلىنىپ يۈرگەن، ئۇلار نە شەھەرنى بىلسۇن، نە يېزا بازىرىنى، نە كۆڭۈل ئېچىش ئورنىنى، ھەتتا ئوقۇيدىغان مەكتىۋىنىڭمۇ تايىنى يوق، قۇم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خەت يازىدىغان بىچارە ھالەتتە، ... دۇنيا جامائېتىگە سۆزلەپ ئىشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان دەرىجىدىكى نادانلىق، ئىجتىمائىي قاراڭغۇلۇق، نامراتلىق ئىچىدە ئاخىرقى نەپەسىدە جان تالاشماقتا! تاجاۋۇزچى خىتايلار ئىش ئۈستىدە ھۆكۈمەتتى بەرگەن مىليون يۈەنلىك ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى خۇددى دادىسىدىن مىراس ئالغاندەك ئىختىيارىچە پايدىلىنىپ ئىشلەۋاتقان؛ بۇمۇ ئازلىق قىلىپ ئەمگەك مۇھاپىزەت بويۇملىرى – بارلىق ئىش كىيىملىرىدىن تارتىپ تاكى پەلەي-ماسكىلىرىغىچە، قەغەز-قەلەمدىن تارتىپ قايناق سۈيىگىچە، ... ھەممىسى تەل ۋە

ھەقسىز. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ بىر يىل ئىشلەپ تاپقىنىدىنمۇ كۆپ پۇلنى ئايلىق مائاش قىلىپ ئالغاننى ئاز دەپ، يەنە قىشلىق ئىسسىنىش پۇلى، يازلىق سالقىنداش پۇلى، تازىلىق پۇلى، سالامەتلىكنى ئاسىراش پۇلى، ھەقسىز داۋالاش، ھەقسىز بىلىم ئېلىش، ھەقسىز ساياھەت، يۇرتىنى ھەقسىز زىيارەت قىلىش، ساناتورىيەلەر، پىنسىيىگە چىقىش، شەنبە-يەكشەنبە ۋە ھېيت-بايرام دەم ئېلىش كۈنلىرى، چېگرا پۇلى، مەخپىيەتلىك پۇلى، كەينى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان مۇكۆپات پۇل ۋە بويۇملىرى، كۆتۈرە ئېلىش ھوقۇقى، شەخسى مۈلۈك ۋە كارخانا ئېچىش ئەركىنلىگى، ... ساناپ تۈگەتكۈسىز ياردەم پۇللىرىدىن بەھرىمەن بولسا، زېمىننىڭ ئېگىلىرى يەر بىنا بولغاندىن بېرى ئۆزى ئېقىپ كېلىۋاتقان ساي-ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە پۇل تۆلەپ، پۇل ت ۆلىيەلمىسە جېرىمانە تۆلەپ، كۈنسىرى ئەقەللىي ھاياتلىق شەرتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ ئۆلۈمگە قىستالماقتا. ...

"كۆڭۈل بۆلۈش" ئالدامچىلىغىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت بىزنىڭ دېھقان-چارۋۇچىلىرىمىزغا نېمە قىلىپ بەردى؟ ئۆزلىرىنىڭ ھاشارلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر كەتمەن ئېلىپ بەرگەن يېرى بارمۇ؟ ھاشارلىرىغا بېرىپ ئىشلەپ بېرىشلىرى ئۈچۈن بىرەر ئېشەك بېرىپ تۇرغان يېرى بارمۇ؟ بارلىق ئۇرۇغلۇق پۇلى، سۇ پۇلى، يەر بېجى، مەھسۇلات بېجى، ئۆي بېجى، بازار بېجى، قان بېجى، ... ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ يەتمەيدىغان تۈگىمەس ئالۋاڭ-سېلىقلار، ئاتالمىش ئىئانە تويلاشلار، تۈگىمەس ھاشارلار، ...

"ئۆلتۈرىۋېتىلمىگىنىڭگە شۈكۈر قىلىپ ھايات قالغان جېنىڭنىڭ ھەققىنى تاله!" دېگەندەك مەجبورىيەتلەر بىلەن ئىلىكىمىزنى ۋە قېنىمىزنى شورىماقتا!

بۇ ۋەتەن بىزنىڭ ئەمەسمىدى؟ بۇ بايلىقلار، بۇ ئىش ئورۇنلىرى بىزگە تەۋە ئەمەسمىدى؟ بۇ مەنپەئەتلەر بىزگە تەئەللۇق ئەمەسمىدى؟ بىز نېمىشقا نامراتلىققا، نادانلىققا، ئۆلۈمگە قىستىلىمىز؟ بىز نېمە گۇناھ قىلغاندۇق؟!

بىزدە بىرلا نەرسە كام: ئۇ بولسىمۇ مىللىي مۇستەقىل ھاكىمىيىتىمىز!

بىزدە بىرلا گۇناھ بار: ئۇ بولسىمۇ "تېنچلىق" دەپ جىم يېتىۋېلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىزچىل جان پىدا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرماسلىغىمىز!

ئەندى ھېساپلاپ كۆرەيلى، خەلقىمىز تاجاۋۇزچى خىتايلاردىن قانچە ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىكەن؟ خىتاي تاجاۋۇزچى "پۇخرا" لىرى بىزدىن قانچىلىك كۆپ

مەنپەئەت ئېلىۋېتىپتۇ؟ بىز بۇنچە چوڭ ناھەقچىلىككە قانداق چىداپ كەلدۇق؟ بىز بۇنچە ئېغىر زۇلۇمغا نېمىشقا قارشى چىقمايمىز؟ تاجاۋۇزچى يات مىللەتكە كېتىۋاتقان بۇ ھېساپلارنى ھەربىر ۋەتەندىشىمىز ئۆزلىرى بىلگەن پاكىتلىرى بويىچە قايتىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ھېساپلاپ كۆرسۇن!

تاجاۋۇزچى خىتاي كەلگىندىلىرى خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل خىياللارغا كېلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشماقتا. بۇ خىل خىياللاردا بولغانلارنى ھەرقانداق بىر خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىسى تۇيۇپلا قالىدىكەن، ھەتتا گۇمانلا قىلىدىكەن، دەرھال فاشىست ھۆكۈمىتىگە كۆپتۇرۇپ مەلۇمات بېرىپ جازالاتقۇزىدۇ؛ قولىدىن كەلسىلا ھەرقانداق بىر خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىسىمۇ ئۆزى بىۋاستە جازالايدۇ! ئۇن ئۇيغۇرغا قارشى بىر خىتاي گۇۋالىقتىن ئۆتسىلا خىتايىنىڭكىنى راستقا چىقىرىپ قايتا تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايلا جازاغا تارتىپ كەلمەكتە.

ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى ــ تاجاۋۇزچى كەلگىندىلەر "ئاكا مىللەت" مىكەن؟ "قېرىنداش مىللەت" مىكەن؟ بىزگە ئوخشاش "تېنچ پۇخرالار" مىكەن؟ "بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان"، بىزگە "ياردەم قىلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر" مىكەن؟ بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىگى تۇتۇپ كېتىپ دېيىشكىنىدەك "گۇناھسىز خەلق" مىكەن؟ "ئۆز كۈنىنى ئېلىپ يۈرگەن يۇۋاش ئىشلەمچىلەر" مىكەن؟ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ھالەتكە تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالغانمىدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەقدىرىنى بولسىمۇ ئويلاشمايمىز؟ بىز نېمىشقا ئەتىمىزنى ئويلاشمايمىز؟ بۈگۈنكىدەك ھالەت يەنە قانچىلىك داۋاملىشار؟ بۇ ھالدا بىزنىڭ قىيامەت كۈنىمىزگە يەنە قانچىلىك ۋاقىت قالغاندۇ؟ ... ياكى بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەمدۇ؟ بۇنى راستىنلا جان پىدا قىلىپ سىناپ كۆردۇقمۇ؟ ياكى سىناق قىلىپ بېقىشنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ باقتۇقمۇ؟ ئۇنداقتا تۆمۈر خەلپىمىز، غوجا نىياز ھاجىمىز، مەمتىمىن بوغرا ئەپەندىمىز، غېنى باتۇرىمىز، ئوسمان باتۇرىمىز، يەتتە قىزلىرىمىز، نۇزۇگۇم- رىزۋانگۈللىرىمىز، ... ئىشنى قانداق باشلىغان؟ قانداق قىلغان؟ ... ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىمىز، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىمىز، لۇتپۇللا مۇتەللىپىمىز، ئابلىز مەخسۇمىمىز، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىمىز، تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىمىز، ... داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىمىز، يول باشلىغۇچىلىرىمىز، قەھرىمان ئەجدادلىرىمىز بىزگە نېمە دەپ چاقىرىق

قىلدى؟ بىزنى قانداق ئاگاھلاندۇردى؟ ئاخۇنوپ، مىجىت سىلىك، بارىن، غۇلجا قەھرىمانلىرى ۋە باشقا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان قەھرىمانلىرىمىز نېمە ئۈچۈن جان پىدا قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ؟ ... ئويلىنىش، پىلان تۈزۈش، تەشكىللىنىش، دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ۋاقتىمىز ئاللىقاچان كېلىپ بولدى! ۋەتىنىمىزگە بىزدىن بى رۇخسەت كىرىۋاتقان ھەرقانداق بىر خىتاي كەلگىنىدىسى مۇتلەق تۈردە مىللىي تاجاۋۇزچى بولۇپ ئالدىمىزدا بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرماقتا! ۋەتەن بىزنى بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن دەرھال كەسكىن ۋە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت باشلاشقا چاقىرماقتا!!!

## §1.4 قورچاق مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىز

ۋەتىنىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان دەۋرلەردىن بۇيان، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەرگىز نوقۇل خىتاي مەمۇرىي خادىملىرىغا تايىنىپلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئەمەس. باشقا ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى ياكى تاجاۋۇزچىغا ئوخشاش، زو زوڭتاڭدىن باشلاپ تا بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا كەلگىچە پۈتۈنلەي ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىلا مەخسەت قىلىدىغان مەكتەپ، كورۇس، ھەرخىل نامىلاردىكى خائىن يېتىشتۈرۈش ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىدى. بۇ ئورۇنلاردا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق شەكىلدە يېتىشتۈرۈلگەن ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن مىللىي خائىنلارنى، خىتايغا سادىقتىنى كۆرسەتكەن ۋىجدانسىزلارنى، ئاتېيىزىم مورتلىرىنى، كوممۇنىزم قۇللىرىنى، مەنپەئەتپەرەستلەرنى، نادانلارنى، لۈكچەك، يالاقچى، ئەمەلپەرەس، ئىقتىدارسىز ۋە جانباقارلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزۈتۈش ۋە تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈپ ھەردەرىجىلىك قورچاق مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ياردەمچى، قۇرۇق ھەيكەل، مەسلىھەتچى، كاتىپ، تەرجىمان، مەخپىي پايلاقچى، يۈگەر-يېتىمچى، ھەربىي ئەمەلدار، ئەسكەر، ساقچى ئەمەلدارى ۋە ساقچى، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك-ئىنجىنېر، ئىشچى-خىزمەتچى، مائارىپچى-ئەدىپ، سەنئەتچى-تەنتەربىيىچى، يېزا ۋە مەھەللە چاپارمەنلىرى، ... قاتارىدىكى قورچاق ۋەزىپىلەر ئۈچۈن تەربىيەلەپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. يەنى، ۋەتىنىمىز تۈپراقلىرىدىكى قورچاق مەمۇرىي ئورگانلار، مائارىپ ساھەلىرى، مەدەنىيەت-

تەشۋىقات ساھەلىرى، شىركەت، زاۋۇت، كان-كارخانىلار ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى بارلىق قورچاق مىللىي خادىملار، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ۋە ئىشەنچ قىلىنغىنىدىن كېيىن مەخسۇس تاللاپ يېتىشتۈرۈپ ئىشقا سېلىنغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە سادىق كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ. ياكى بىرەرسى چىقىپ "شۇنچە ھەشەمەتلىك بۇ بىنالاردا نېمىشقا خىتايلار ئولتۇراقلىشالايدۇ ۋە ئىشلىيەلەيدۇ-يۇ، نېمىشقا بىز خەقتىن يوق؟" دەپ سوراپ باقالامدىكەن؟ بۇنى سورىغۇچى شۇ ھاماتلا تۆت پۇتىنى بىر ئۆتۈكتە كۆرىدۇ! ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تاللاپ ئىشقا ئالغان ھەرقانداق بىر قورچاق ئىشچى-خىزمەتچى ئىچىدە خالىغان بىرسىنىڭ خاتا تاللانغانلىغى ياكى سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانلىغى ئىسپاتلانغىنىدا ئۇلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە ئىشتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ھەتتا ھەرخىل ئۇيدۇرما باھانىلار بىلەن قانۇنىي جازالارغىمۇ تارتىشىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بۇخىل تاللانغان قورچاق مىللىي خادىملارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئەقىدىسىنى، مىللىي غۇرۇرىنى يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن، كېيىن ئاشكارلىنىپ قالغان بولسا، ياكى دەسلىۋىدە ھەقىقەتەنمۇ خىتايغا سادىق كىشى بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاچچىق ئەمەلىيەتلەر تەربىيىسىدە مىللىي غۇرۇرى ئويغىنىپ قالغان بولسا، بۇ كىشىلەرنى ھەرخىل سىياسىي ھەرىكەتلەر ئىچىدە يوق قىلىۋېتىدۇ، ئىقتىسادىي بوھتانلار بىلەن ئەيىپلەپ يوق قىلىدۇ، يوشۇرۇن قىلتاق قۇرۇش ئارقىلىق يوق قىلىدۇ. بۇخىل تازىلاش ھەرىكەتلىرى نوقۇل مىللىي دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىشنىلا مەزمون قىلىشمۇ ناتايىن. خىتايدا ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە يوشۇرۇن ۋەتەن-مىللەتسۆيەرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن بۇرمىلاپ پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

بۇخىل شەكىللەردە تاللىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن، ئىزچىل تۈردە قايتا-قايتا تەكشۈرۈش، سىناق قىلىش، پاش قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن ئىشەندۈرگىدەك ئۆتەلىگەن قورچاق مىللىي خادىملار شۈبھىسىزكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن تاللانغان سادىق مالايلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەشۋىقات، تەلىم-تەربىيە، ئىشلەپچىقىرىش، پەن-مەدەنىيەت، قانۇن، ئەسكەرى ساھەلەردە ئىشلەيدىغان مىللىي خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ھەقىقەتەنمۇ

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئالدىنىپ ياكى بىلمەستىن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز، ئاكتىپ ياكى مەجبۇرى ئىشلەيدىغان قورچاقلاردۇر! يېرىم ئەسىرلىك مۇستەملىكە، قۇل قىلىنىش تارىخىمىز ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىرەر ئەسىرلىك يېرىم مۇستەملىكە تارىخىمىز بۇنى يېتىپ ئاشقىچە ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنى قاراڭغۇلۇقلارغا باشلاپ كىرگەن «ئون بىر بىتىم» دىن باشلاپ ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ شۇنچە كۆپ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، شۇنچە كۆپ ھەل قىلغۇچ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشى، مۇنتىزىم قۇراللىق مىللىي ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، ئەڭ مۇھىمى ئەللىك مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىتىگە كېلىۋېلىشىغا ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىق سەۋەبچى بولۇپ رول ئوينىغانلار ھەرگىزمۇ ئامېرىكا ياكى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بولماستىن، دەل شۇ قورچاق مەمۇرىي ۋە دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدۇر!

بىر مىللەتنىڭ تاشقى دۈشمىنى بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە كۈچلىنىپ كېتىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇخىل يات كۈچلەر ''تاجاۋۇزچى، مىللىي دۈشمەن'' دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇخىل مىللىي دۈشمەن تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇرى شەكىلدە ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنى نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گومىنداڭ پارتىيىسىنى قۇرغۇچى داھىيلىرىدىن بىرى بولغان ۋاڭ جىڭۋېي ۋە ئۇنىڭ قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەت خادىملىرىنى خىتايلار ئەشەددى ۋەتەن خائىنلىرى دەپ تا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە پېيىغا چۈشۈپ قاتتىق جازالاپ تۈگىتىشمىدىمۇ؟ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىمۇ نېمىسلار بىلەن ھەمكارلاشقان ۋىلاسوۋچىلارنى ۋەتەن خائىنلىرى دەپ ئېغىر جازاغا تارتىشمىغانمىدى؟ فرانسىيە خەلقىمۇ نېمىسلار بىلەن ھەمكارلاشقان دارلان شىمالى فرانسىيە ۋىسى قورچاق ھۆكۈمىتىنى مىللىي خائىنلار دەپ ئېلان قىلىشمىدىمۇ؟ ئۇلارنى مىللىي دۈشمىنى بىلەن مەجبۇرى ھەمكارلاشقانلار، نادان بولغانلىقىدىن ئالدىنىپ ياكى قايمۇقۇپ ھەمكارلاشقانلار، ئاڭسىز ھەمكارلاشقانلار، جان بېقىش ئۈچۈن، خەلقنى بالادىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىلاجسىز مەجبۇرى ھەمكارلاشقانلار دەپ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ماتېرىيال كۆرگەنلەر بارمۇ؟ ئەجەبا بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىقىپ ۋەتەنگە خائىنلىق

قىلىۋاتقانلارنى نېمە ئۈچۈن مىللىي دۈشمەنگە غالچىلىق قىلىۋاتقانلار دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلالمايدىكەنمىز؟!

شۇنى قەتئىي كېسىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرز قىلىۋالغان تاجاۋۇزچى مىللىي دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قول ئاستىدا قانچىكى يوقۇرى ئەمەل تۇتالىغان ئىكەن، ئۇ كىشى ۋەتەنگە شۇنچە كۆپ دۈشمەنلىك قىلغان ھېساپلىنىدۇ! ئۇ كىشى شۇنچە چوڭ ۋەتەن خائىنى ھېساپلىنىدۇ! شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋىجدانلىق كىشىلىرىمىز ۋەتىنىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى چاڭگىلىدىن قايتۇرىۋېلىش كۈرىشىنى باشلاش جەريانىدا ئاۋال مىللىي خائىنلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەزىپە قىلىپ بېكىتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتماقتا. بۇنداق قاراشلارنى بۇگۈنكى كۈندە كىممۇ خاتا دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بولۇپمۇ بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىسى بولمىغان ساپ مىللىي يېزا-قىشلاقلىرىمىزدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مىللىي باسقۇنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ۋەكىلى ھەم سادىق ئىجراچىسى بولۇپ، مىللىي باسقۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ غالچىلىق قىلىشىپ بېرىۋاتقان بىرقىسىم ئەترەت باشلىقلىرى، يېزىلىق كادىرلار، ناھىيىلىك كادىرلار ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەلىمگە بوي سۇنۇشۇپ، خەلقىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ بەتتەر زار قاخشىتىپ كېلىۋاتقانلىغى بۈگۈنكى ئاچچىق ئەمەلىيەت ئەمەسمۇ؟ قانۇن ئورگانلىرىدا، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە، تەشۋىقات ئورگانلىرىدا، تەتقىقات يۇرتلىرىدا، مائارىپ ساھەلىرىدە، مەمۇرىي ئورگانلاردا، شىركەت، مەكتەپ، زاۋۇت، كان-كارخانىلاردا، يېزا-كەنت مەھەللىلەردە، ... تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بىرقىسىم قورچاق ئەمەلدارلىرىمىز، خىتاي غالچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز خەلقىگە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ زۇلۇم سېلىۋاتقانلىغى بۈگۈنكى بىر پاكىت ئەمەسمۇ؟! بۇنداق مىللىي خائىنلىقلار ھەققىدە يوشۇرۇن نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ئەنە شۇ تۈردىكى مىللىي مۇناپىقلار ھەرخىل باھانىلارنى ئۇيدۇرۇشۇپ خىتايغا پاش قىلىپ بېرىپ قانلىق باستۇرۇلۇشلارغا سەۋەبچى بولىۋاتقانلىغىنى ھەممىمىز كۆرمىدۇقمۇ؟!

ئەقەللىسى، دۈشمەن بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان دۈشمەننىڭ پىلانى، دۈشمەننىڭ تاپشۇرۇغى، دۈشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بويرۇغى بويىچە ئىش

قىلىپ كېلىۋاتقان قورچاق مەمۇرىي كادىرلىرىمىز، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز، پەن-تېخنىكا خادىملىرىمىز، دىنىي ئەرباپلىرىمىز ئۆز خەلقىنىڭ چېكىۋاتقان مىللىي زۇلۇملىرىنى، مىللىي خورلىنىشلىرىنى، مىللىي ئېزىلىشلىرىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇرۇغلۇق، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تىلغا ئالغۇچىلىك بىرەر قارشىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلالىدىمۇ؟ ئۈرۈمچىدە پارتلىغان داغ-دوغىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە قانچە زىيالىيمىز، قانچە ئىشچى-خىزمەتچىمىز، قانچە مىللىي كادىرىمىز ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆز پەرزەنتلىرى تەرىپىدە تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىدى؟ ئاقسۇدا، ئۈرۈمچىدە، قەشقەردە، ... يۈزبەرگەن تاۋۇت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان خەلقىمىزگە قانچە قورچاق كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھېسداشلىق قىلالىدى؟ پەيزىۋات، قاغىلىق، قاراقاش، قەشقەر، بارىن، غۇلجا خەلق قوزغىلاڭ ياكى پاجىئەلەرگە ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھېسداشلىق قىلالىغان بىرەرمۇ مىللىي كادىرى چىقمىغانلىقى، بىزنىڭ قورچاق ئەمەلدار ياكى قورچاق ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا سادىق غالچىلار، قورقۇنچاقلار، نادانلار، ۋىجدانسىزلار، جان باقارلار ئىكەنلىكىنى كەينى-كەينىدىن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە!

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئاددى ئەتىرەت باشلىقلىرىغىچە، ئالى زىيالىيلىرىمىزدىن تارتىپ ئەڭ ئاددى ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىزگىچە، مىللىي نوپۇسىمىز ئىچىدە كام ھېساپلىغىنىمىزدىمۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز خىتايلارغا ئەڭ يېقىن يەرلەردە تۇرماقتا. ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا بۇ ئاز كۈچ ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئەڭ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە بۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئىنسانىمىز دۈشمەنگە تەھدىت يارىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز خەلقىمىزگە تەھدىت سالىدىغان دۈشمەن تەرەپكە مەنسۈپ كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە!

بۇنداق دېيىشىمىز بىلەن، بۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز تۇشمۇ-تۇشتىن قوزغىلىپ "بىز ئۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلدۇق، مۇنداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلدۇق، دۈشمەن بېسىمىغا قارىماستىن ئۇنداق قىلدۇق، مۇنداق قىلدۇق، ..." دېيىشىپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىشى مۇقەررەر. ئۇلار مىللىي ئازادلىق

ھەرىكىتىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى قوغداپ قېلىش جەھەتتىمۇ قىلچە ئەمەلىي رولى بولمىغان بەزى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى داۋراڭ قىلىشىپ ئۆزلىرىنى "ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتسۆيەر" قىلىپ كۆرسىتىۋېلىشلىرى تۇرغانلا گەپ. بۇنداق داۋراڭ قىلغۇچىلارنىڭ بېشىدا ھەتتا بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەتەن خائىنى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭمۇ بولغانلىقى سېزىلمەكتە! بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن "ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، مىللىي مۇستەقىللىق، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى، مىللىي دۈشمەن، مىللىي خائىن، ..." دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ نەقەدەر چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى، نەقەدەر بۇرمىلىۋېتىلگەن ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى بۇخىل چاكىنىلاشتۇرۇلغان ۋە بۇرمىلىۋېتىلگەن چۈشەنچىلەرنىڭ خەلقىمىز مىللىي مەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىنى ھەرقانداق ھەرىكىتىمىزدە ئۇچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. ئالايلۇق، دىنى ئەقىدىلىرىمىزدە، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدە، ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىمىزدە، مائارىپ سېپىمىزدا، مىللىي تارىخ تەشۋىقاتلىرىمىزدا، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزدە، بولۇپمۇ تاشقى دۇنيادىكى مۇھاجىر پائالىيەتلىرىمىزدە بۇ تۈردىكى بۇرمىلانغان، ئاددىيلاشتۇرۇلغان، ئاسانلاشتۇرۇلغان، ئەھمىيەتسىزلەشتۈرۈلگەن ۋەتەن سۆيۈش، مىللەت سۆيۈش، ئېتىقات ئۇقۇملىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان سەلبىي تەسىرلىرىنى يېتىپ ئاشقىچە كۆرمەكتىمىز!

ئەگەر ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك چېكىنىش تارىخىمىزدا بىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تېنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىپ كەلدۇق دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇھالدا بىز قانداقتۇ بىرخىل خاتا چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىمىز؛ ئەگەر ئۆتكەنكى يېرىم ئەسىرلىك مەغلۇبىيەتلىك پائالىيەتلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغانلىقىمىز دەپ قارىغىنىمىزدا، بىز ئۆتكەن بۇ يېرىم ئەسىر جەريانىدا پۈتۈنلەي بۇرمىلىۋېتىلگەن "ۋەتەنپەرۋەرلىك" ئۇقۇملىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بولىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، بىز ئۆتكەن يېرىم ئەسىر جەريانىدا ھېچ بولمىغاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈز ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىغان بولار ئىدۇق. ۋەتىنىمىز خەلقى تارىختا پەۋقۇلئاددە ئېغىر چېكىنىش دەۋرىگە كىرىپ قالمىغانلا بولىدىكەن، بىرەر ھەرىكەت قىلغانلىرىدا ھېچقاچان بۇنچە پاجىئەلىك

مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچۇراپ باقمىغان ئىدى!

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىمىزنى "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت تارىخىمىز" دەپ داۋراڭ قىلىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن بۇ شەرەپلىك ئۇقۇمغا قارا چاپلىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆز تارىخىمىزغا، ئۆز ئەجدادلىرىمىزغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرگەن بولۇپ قالىمىز. ھەممە نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ، ئەللىك مىڭ كىشىگە يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلار سانىنى بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىمىزنى "يېرىم ئەسىرلىك مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسى" دەپ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا يېزىپ قالدۇرۇشىمىز، تارىخىمىزدىكى ئەڭ نومۇسسىز ئەجدادلاردىن بولغانلىقىمىزنى كۆرسەتكەنلىكىمىز بولىدۇ، خالاس! ئەجەبا شۇ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدە ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلىرىمىز بۈگۈن قەۋرىسىدىن چىقىپ قالغۇدەك بولسا بىزگە نېمە دەر؟ رۇشەنكى، بىزنى ئۇلارنىڭ قەۋرىسىنىڭ زارى تۇتىدۇ!

خۇلاسىلىغىنىمىزدا، بۈگۈنكى قورچاق ئەمەل ئۈستىدىكىلەرنىڭ، قورچاق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۈشمەنگە زەربە بېرىش پۇرسەتلىرى شۇنچە كۆپ تۇرۇغلۇق، خەلقىمىزنى دۇنيا جامائىتىگە تونۇتالىغانلار، قولىدا ھېچنېمىسى قالمىغان ئەڭ نامرات بارىن قەھرىمانلىرى بولۇپ قالدى! ۋاھالەنكى، ۋەتىنىمىز مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ تۈپكى مەقسىدى بىرقانچە مىڭ باتۇرىمىزنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپەيتكۈزمەسلىك، ئۇلارنى ئازايتىش، ئۇلارنى ۋەتىنىمىزدىن تەل-تاكۇس قوغلاپ چىقىرىشتۇر! مانا بۇ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەقەززاسى، مانا بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى، مانا بۇ، بۈگۈنكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تۈپكى پىرىنسىپى، مانا بۇ بۈگۈنكى مىللىي شەھەر ئاھالىلىرىمىزنىڭ ئۆستىدىكى باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋە شەرەپلىك بىرىنچى نومۇرلۇق جىددى ۋەزىپىسى!

## §1.5 كلاسسك دۈشمەن قارىشىمىز

ۋەتىنىمىز خەلقى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىگىچە خىتاي

تاجاۋۇزچىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك مىللىي ۋە ئەقىدە دۈشمەنلىرى دەپ ھېساپلىشاتتى. شۇ سەۋەپتىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرقانداق قوزغىلاڭ پارتلىغان ھامان، پۈتكۈل خەلق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىناتتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قالغانلىرىدىمۇ ھەرگىز ئۇلار بىلەن ياراشقىلى بولىدىغان كىشلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلماستىن، ئىلاجىسىز كېلىشىمگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان دۈشمەنلىرى سۈپىتىدە قارىشاتتى. شۇڭا پۇرسەت بولسىلا ھامان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن تەل-تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتىنى قايتا باشلىيالايتتى. يەنى ئۇ دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دوست-دۈشمەن قارىشى بىرقەدەر ئايدىڭ ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ دەۋرلەردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى تۈرتكىلىك تەشۋىقات كۈچى ساددا بولسىمۇ كلاسسىك، ئەمما جەڭگىۋار روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان دىنىي ئەقىدىلىرىمىز ئاساسىغا شەكىللىنەتتى.

ئۇ دەۋرلەردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ۋەتىنىمىزنى ھاياتلىق ماكانى دەپ ئەمەس، بەلكى بايلىق توپلىۋېلىش، ئەمەلدارلىق ھۇلىنى سېلىۋېلىش، خىتايدىكى ئۇرۇش-قەھەتچىلىك ئاپاتلىرىدىن ياكى جىنايى جازالىرىدىن قېچىپ يوشۇرۇنۇشىنىڭ ئەڭ بىخەتەر سورۇنى دەپلا قارىغاچقا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدە مەمۇرىي ئەمەلدار، قۇراللىق ئەسكەر ۋە ساقچى، ئەتكەسچى ۋە ھايانكەش شەكلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. بەلگىلىك ئەمەل دەرىجىسىگە ياكى بەلگىلىك ساندىكى بايلىققا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، خىتايدىكى خەۋپ تۈگىگەندىن كېيىن ياكى بولمىسا ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە مىللىي ئازادلىق خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلىغان ھامان، دەرھال كۈدە-كۆپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىشەتتى. شۇڭا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدە سۈنئى ياكى تەبىئى كۆپىيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ باقمىغان، ھەتتا بۇنداق بىر خىيالغىمۇ زادىلا كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار ۋەتىنىمىز خەلقىنى ئەڭ ۋەھشىيانە يوللار بىلەن قېيىن-قىستاققا ئېلىپ بايلىق شۈلۈۋېلىش بىلەن بىرگە، بۇلاڭچىلىقىغا شېرىك بولۇش ئېھتىمالى بولىدىغان ھەرقانداق يېڭى خىتاينى ۋەتىنىمىزگە كىرگۈزمەسلىككە تىرىشىپ كەلگەنىدى. نەتىجىدە، ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان بۇ پۇرسەتپەرەس خىتاي تاجاۋۇزچى باندىتلىرى مۇستەملىكچى

ھۆكۈمەت كۈچى، قۇراللىق كۈچلىرى، يەرلىك غالچا-دەللاللار ۋاستىسى بىلەن خەلقىمىزنى ئاشكارە ھالدا بۇلاڭ- تالاڭ قىلىدىغان باندىتلار ھالىغا كەلگەنىدى. بۇنداق دۈشمەن، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ زادىلا ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەنىدى.

ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تەسلىمچىلىك يولىغا قەدەم قويغان دەۋرىدىن كېيىن دۈشمەن قولىدا يېتىلىپ چىققان سۇلھىچىلار، سوۋېت مالايلىرى، خىتايپەرەست ئۇنسۇرلار ۋە نادان، پۇرسەتپەرەسلەر مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئوبيېكتىۋى بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ‹تېنچ پۇخرا ۋە دۈشمەن خىتاي› دەپ ئىككىگە ئايرىپ بېرىشى، ‹خىتايلارنىڭ ھەممىسى تاجاۋۇزچى› دەپ قاراشلارنى توسۇشى، ھەتتا جازالاپ بېرىشلىرىدىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ‹بۇلاڭچى باندىتلار› دەيدىغان قاراشلار مەجبۇرى شەكىلدە ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ...

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز خەلقىگە ئوچۇق- ئاشكارە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، نۇرغۇن ‹تېنچلىقپەرۋەر› كىشىلىرىمىز بۇ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەر، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قاچقۇنلىرى بىلەن سۆزلىشىپ مەسىلە ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ساراڭلارچە ئىشىنىپ كېلىشتى. ئۇلارغا بىزنىڭ تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىز ئۆزلىرىلا ئىشىنىپ قالماستىن، ھەتتا تۈگىمەس يالغانلارنى ئۇيدۇرۇپ چىقىپ، خەلقىمىزنىمۇ ئىشىنىشكە زورلاپ كەلدى. پەقەت ئىشەندۈرەلمىگەنلىرىدە، خەلقىمىزگە دۈشمەننى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىش ۋاستىلىرى بىلەن بولسىمۇ قورقۇتۇش ئارقىلىق تېنچ تۇرۇشقا زورلاپ كەلدى.

بىز ئويلاپ كۆرەيلى: ۋەتىنىمىزنىڭ ئەتراپىدا خىتايغا ھەربى تەھدىت سالالىغىدەك بىرەر دۆلەتنىڭ تايىنى يوق تۇرۇغلۇق، ۋەتىنىمىزگە شۇنچە كۆپ قۇراللىق كۈچلەرنى نېمىشقا توشۇپ كەلدى؟ بۇمۇ ئازلىق قىلىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلار ئاھالىسى ئارىسىدىن تاللاپ قۇرال تارقىتىپ ‹مىنبىڭ› قوشۇنىنى قۇرۇپ تەربىيىلەشمەكتە. قۇراللىق جەڭ قىلالايدىغان ‹بىڭتۇەن› ئارمىيىسىنىمۇ جان جەھلى بىلەن قوغداپ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىپ كەلمەكتە. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەدى نېمە؟ ئەجەبا خىتايلار دۇنيا كۈچلۈك دۆلەتلىرىدىن بولغان ئامېرىكا دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۆيرۇپىلان پاراخوتى (ئاۋيىاماتكا)، ئۇرۇش پاراخوتلىرى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ئەڭ زامانىۋى قۇراللار بىلەن

قۇراللانغان يۇزمىڭلىغان ئەسكەر تۇرغۇزۇپ كېلىۋاتقان يىراق شەرق چېگرا بويلىرىدىكى چاۋشەن، تەيۋەن، ياپون ۋە فىلىپىن قاتارلىق ھەربى لاگىرلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تېنچ ئوكيان دېڭىز بويلىرىغا ۋەتىنىمىزدىكىدەك كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزغانمىدۇ؟

شۇنى قايتا-قايتا تەكىتلەيمىزكى، ھەرقانداق بىر ھەربى قۇرالنىڭ ئىشلىتىدىغان ئورنى پەقەتلا ئادەم ئۆلتۈرۈش!

"... مەن خىتايدىن ئەسكەر بولۇپ (توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن) شىنجاڭغا كەلگەن ئىدىم ... ئۇدۇلدىكى خارابە بىر يېزا ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بۇ ئۆيدىن بىر ئاۋاز چىققاندەك قىلدى. ئالدىمىزدا مېڭىپ كەتكەنلەر بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-تاملىرىنى زادىلا ئاپتومات ئوقى بىلەن سىرىپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىپ بولغانىكەن. مەنمۇ ئىشىككە قارىتىپ تۆتاتلىتىپ ئوق سىرىپ تۇرۇپ ئۆيگە كىردىم. يەردە ئاق چىم-چىم رەختىن ئۇزۇن كۆڭلەك كەيگەن ئاق چاشلىق بىر ئايال تولغىنىپ ياتقان پېتى جان بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ قورۇق باسقان ماڭلىيىدىن ئاققان قانلار تېخى يېڭىلا قاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كاڭنىڭ لىۋىدە يەنە بىر ياش ئايالنىڭ قانغا بويالغان بېشى پەسكە كەينىچە ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق سول كۆكسى ياندىن غىل-پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەھشەت! بۇ ئايالنىڭ قۇچىقىدا بىرنىمە ھەرىكەتلەنگەندەك قىلدى. دەرھال ئاپتوماتىمنى ئۇنىڭغا بەتلەپ بارمىقىمنى تەپكىگە قويدۇم: ئەسلىدە ئانىسىنىڭ سول كۆكسىنى ئاختۇرىۋاتقان بىر بوۋاق ئىكەن! قورقۇپ ھۇجۇقۇپ كەتكەنلىگى چىقىپلا تۇرغان بىرەر ياشقىمۇ تولمىغان بۇ بوۋاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا سەل قارىغاندىن كېيىن، بارىنلىقلارغا خاس پارقىراپ تۇرغان يۇغان قوي كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ تىزلانغىنىچە تەلمۈرۈپ ئىككى قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرە-بۇ! بۇۋاقنىڭ بىر قولى ئانىسىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغىنىپ كېتىپتۇ! ئۇ بوۋاق مېنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىگىمنى بىلمەيتتى! ..."

ئۇ بوۋاقنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى تەسۋىرلىمىگىچە بۇ تاجاۋۇزچى كەلگىندىلەرنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلارنى نېمە دېيىشىمىزكېرەك؟ قولىدا قورالى بولمىغىنىدا 'بىچارە ئىشلەمچى مۇساپىر ' دەپ قارىلىدىغان مانا بۇ قانخور، ۋەتىنىمىزگە كىرىۋاتقان ئادەتتىكى خىتايلارنىڭ

تىپىك ئۈلگىسى ــ نورمال بىر خىتايىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى. روشەنكى، خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە توشۇپ كېلىۋاتقان قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق باستۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش نىشانىسى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارمىز! بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئاتالمىش 'سىياسىي جۇغراپىيە مۇتەخەسسىس ' لىرىمىز چەتئەللىكلەر ئارىسىدىن دوست ئاختۇرۇشقا بېرىلىپ كەتمەي، ۋەتىنىيمىز خەلقىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئۇسۇل- چارە تېپىشقا تىرىشىشى كېرەك ئىدى.

ۋەتىنىمىز خەلقىنى قۇراللىق باستۇرۇشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋېتىشكە، بىلىم جەھەتتىن نادان قالدۇرۇشقا، زامانىۋى شەھەر ھاياتىدىن چەكلەپ تۇتۇشقا، كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىشكە، تۇپرىغىمىزنى خىتايلاشتۇرىۋېتىشقا تەييار تۇرغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددى مىللىي دۈشمىنىمىز. بۇنداق بىر دۈشمەننى خەلقىمىزگە غۇۋالاشتۇرۇپ زەربە بېرىشكە بولمايدىغان بىچارىلەر ياكى سۆزلەشكىلى بولىدىغان رەھىمدىل ئادەملەر قىلىپ تەسۋىرلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق!

## §1.6 بۇرمىلانغان مىللىي مۇناپىق چۈشەنچىلىرىمىز

بۈگۈن قارايدىغان بولساق، خەلقىمىز ئارىسىدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن بىر-بىرىسىنى "دۈشمەن، مىللىي دۈشمەن، خائىن، جاسۇس، ئىشپىيون، مىللىي مۇناپىق، ..." دەپ ئىللاشلارنىڭ ھېچ بىرسى دېگىدەك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەقىقىي مىللىي دۈشمەنلىرىمىز ياكى ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى يوق. دېمەك، خەلقىمىز ئارىسىدا مىللىي دۈشمەن قارىشىمىزدىكى مۇجمەللىكلەرگە ئوخشاشلا مىللىي مۇناپىق چۈشەنچىلىرىمىزمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ كەتكەن ياكى بۇرمىلىۋېتىلگەن. كۆپلىگەن تىپىك مىللىي مۇناپىقلار ئالغان بىلىمى، ئوقۇغان مەكتىۋى، بىلىم ئالغان دۆلىتى، ئېرىشكەن ئوقۇش-كەسپى ئۇنۋانى، ئېرىشكەن مەرتىۋىسى، ئىش قابىلىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋېتى، سالاھىتى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا قاراپلا 'خەلقپەرۋەر، ۋەتەنسۆيەر، مىللەتچى ' دەپ تونۇلماقتا.

ئالايلۇق، سەيپىدىن ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىنى ۋە

مىللىي ئارمىيىمىزنى ئاڭلىق شەكىلدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بىۋاستە سېتىۋەتكەن بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەتەن ساتقۇچ ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇغلۇق، ئۇنىڭ بەزى ئەھمىيەتسىز تەرەپلىرىگە قاراپلا چوقۇنۇشقا بولىدىغان 'مىللىي داھىي' قىياپىتىدە تەسۋىرلەش خاھىشى ھۆكۈم سۈرمەكتە. بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇسى دەل سەيپىدىن ھوقۇق تۇتقان يىللار ئىچىدە يۈز ھەسسە ئارتۇرۇلغان، بولۇپمۇ مىللىي قوشۇنىمىز دەل شۇ پەيتلەردە بىرمۇ قالماي يوقۇتۇلغانىدى! خۇددى شۇنىڭدەك، خەلقىمىز ئارىسىدا مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك بولغان ۋىجدانلىق، بىلىملىك، جاسارەتلىك دىنىي ئالىملىرىمىز، سىياسىيونلىرىمىز، ھەربىي ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىز، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرى، گېنېرال-پولكوۋنىكلىرى، قەھرىمان-باتۇرلىرىمىز، ... دەل شۇ سەيپىدىن ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەر ئىچىدە ئاساسەن تازىلىنىپ تۈگىتىۋېتىلدى. بۇنىڭغا ئاددى قىلىپ مۇنۇ رىۋايەتنى مىسال قىلساقلا، سەيپىدىننىڭ ھەقىقى ئەپتى بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ:

مىللىي ئارمىيىمىز ئۈرۈمچىگە يېقىن كىرگەن يىللاردا، رەھمەتلىك پولكوۋنىكىمىز مەرھۇم ئىمىنوپ ئۈرۈمچىنىڭ ستىراتېگىيىلىك قىممىتىنى شۇ يىللاردىلا ھېس قىلىپ، ئۈرۈمچىگە نوپۇس كۆپەيتىش چەكلەنگەن بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى جەنۇبى يۇرتلىرىمىزنىڭ نامرات يەرلىرىدىن مەجبۇرى ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىش ئارقىلىق، ئۈرۈمچىنى مىللىي ئاھالە بىلەن سىرتتىن بولسىمۇ قورشاپ تۇتۇش لايىھېسىنى يوشۇرۇن شەكىلدە سەيپىدىنگە مەسلىھەت قىلىدۇ. بۇ ئارىدا، جەنۇپتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان نامرات دېھقانلارنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا پىلاندىن سىرت ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆز ئالدىغا بولسىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئىشنى تېزدىن قارارلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلمىغاندا، كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ۋاستىسىدا ۋەتىنىمىزگە يامراپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش 'ھەربىي ئائىلىلىرى' نىقاۋىدا شەھەرلەر ۋە ئەتراپىنى خىتايلار ئىگىلەپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغانىدى. ئىمىنوپنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە سەيپىدىن ماقۇل دېمەك تۇرماق، بۇ مەسلىھەتنى دەرھال كومپۇنىست پارتىكومىغا دوكلاد قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن جاللات ۋاڭ جېنىڭ، دەرھال قارار چىقىرىپ شەھەر

ئەتىراپىغا خىتايدىن كۆچمەن يۆتكەپ كېلىشنى جىددىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ ئىشنىڭ تۇسالغۇسى بولغان ئىمىنوپنى قەشقەرغە يوللىۋېتىدۇ! بۇ ۋەقەدىن رەھمەتلىك ئىمىنوپ سەيپىدىندىن ئىنتايىن قاتتىق رەنجىگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سەيپىدىنىنىڭ «ئەللىك بىرچىلەر يىغىنى» قاتارىدىكى مىللىتىمىز تەغدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولىدىغان جىددى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ساتقۇنلۇق ۋە پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پولكوۋنىك ئىمىنوپ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەيپىدىندىن نارازى بولۇپ ئۆتكەنىكەن. يەنە بەزى ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مەرھۇم ئىمىنوپ قاماققا ئېلىنغان ۋاقىتلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغان يەتمىشىنچى يىلىسى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەرھۇمغا تۈرمىدە ئاچ قالدۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنى بەرگەن. ئۇ كۈنلەردە، رەھمەتلىك ئىمىنوپ، ئاچلىقتا، پاختىلىق چاپىنىنىڭ مېزىنى چىقىرىپ يەپ تۈگەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھالىدىن كەتكەن بۇ پېشقەدەم ھەربى ئالىمىمىزنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەن خىتايلار، مەرھۇمنى ئۈرۈمچى ئىككىنچى دوختۇرخانىسىغا يوشۇرۇن ئەكىلىپ ياتقۇزغان. بۇ ئارىدا، سەيپىدىن كېلىپ ئۇنى كۆرگىلى كىرگىنىدە، ئىمىنوپ ئەڭ ئاخىرقى تىنىغى قالغان ۋاقتىدا، كۈچىنى توپلاپ شۇنداق دېگەنمىش: سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مىللىي ئارمىيىمىز پارات قوشۇنىنىڭ خەلق مەيدانىدىكى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىن غەرپتىن شەرققە قاراپ پارات قىلىپ ئۆتتۈشىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، خۇدا جاجاڭنى بەرگەي! ــ دەپ جان ئۈزگەنمىش!

بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز سەيپىدىنىنىڭ يۇقۇرقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ تۆمۈر داۋامئەت، ھامۇدۇن نىياز قاتارىدىكى ئىككىنچى ئەۋلات ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن چىقىشالماسلىقىغا قاراپلا ئۇنى ۋەتەنسۆيەر، مىللەتسۆيەر قىلىپ تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنۇشماقتا. نەتىجىدە، بۈگۈنكى ھەرخىل گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈۋالغان ۋەتەن خائىنلىرىنى ئۆز ئىچىدىن ۋەتەنپەرۋەر ياكى ۋەتەن ساتقۇچ دەپ سۈنئى تۈرلەرگە ئايرىشماقتا. ھەتتا بىرقىسىملار سەيپىدىن قاتارىدىكى تىپىك خائىن-مۇناپىقلارنىڭ خىتاي مەركەزگە ئېلىپ كېتىلىشى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىشىغا قاراپلا، "ئۇلار ئەسلىدە خاتالىقىنى تونۇپ ۋەتەن ئۈچۈن ئالاھىدە پىلان تۈزىۋاتقىنىدا دۈشمەن سېزىپ قېلىپ دۆڭگە

يېقتىش ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش جازاسىغا مەھكۇم قىلىندى” دەپ، خائىنلارغا مەدھىيلەر ئوقۇشماقتا!

بىز شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، تۆمۈر داۋامەت، ھامۇدۇن نىياز، ئىسمائىل ئەمەت، جانابىل قاتارىدىكى ئىككىنچى ئەۋلات ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئۆستۈرۈلىشى پۈتۈنلەي سەيپىدىنگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھەقتە تىپىك ئىككىنچى ئەۋلات مىللىي مۇناپىق تۆمۈر داۋامەتنىڭ خائىنلىق شەجەرىسىنى ۋاراغلاپ كۆرىدىغان بولساقلا، بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىيالايمىز:

بۈگۈن تىپىك ”سەيپىدىن دۆشمىنى“ ھېساپلىنىۋاتقان تۆمۈر داۋامەت، ئەسلىدە توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىدىكى بىر مۆتىۋەر يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىدە ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات خىزمەتچىلىگىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتقان داۋامەت مەزىننىڭ ئۆلۈمتۈك ئوغلى ئىدى. تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز بولغان تۆمۈرنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ھاياتىنى داۋام ئەتتۈرۈشىنى تىلەپ ”تۆمۈردەك بەردەم بول“ دەپ ‘تۆمۈر‘ ئىېتىنى قويغىنىغا قارىماي، پۈلسە ئۈچۈپ كېتىدىغان پەرۋاندەك چوڭ بولىدۇ. كېسەللىكتىن باش كۆتۈرەلمىگەن تۆمۈرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن جان باقالىشىغا كۆزى يەتمىگەن مەھەللە ئاقساقىلى ئۇنى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئەمما ئۆلۈمتۈك تۆمۈر بۇ ئوقۇشنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي يېرىم يولدا توختاپ، مەھەللە ئاقساقىلىنىڭ قورۇسىدا ئات-ئىشەك سۇغۇرۇشتەك ئىشلار بىلەن بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ كېلىشى تۆمۈرگە بولۇپ بېرىدۇ: يەرلىك مۆتىۋەرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن تىزىملاشقا بىرمۇ ئادەم رازى بولمىغان بۇ يېزىدا، ئۇيغۇر ھەرىپلىرىنى ئارانلا تىزىپ چىققۇدەك ‘ساۋادى‘ بولغان تۆمۈر داۋامەت خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ياراپ قالىدۇ. بۇ ياش مۇناپىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ساداقەت بىلەن غالچىلىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۆتىۋەر بايلارنى، مىللەتسۆيەرلەرنى، دىنى ئالىملارنى، قەھرىمانلارنى خىتايغا پاش قىلىپ مەلۇمات تويلاپ بېرىدۇ. تۆمۈرنىڭ بۇنچە ساداقىتىنى كۆرگەن تاجاۋۇزچىلار بۇ مۇناپىقنى ئاۋال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، ئاندىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مەسئۇل ئەمەلدار قىلىپ مۇكاپاتلىشىدۇ. خەلق ئۈستىدىن ماتېرىيال تويلاپ مەنپەئەت ئېلىپ ئادەتلەنگەن تۆمۈر، خەلقنى سېتىش جىنايىتىنى داۋامەتتۈرۈش چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئاچارچىلىقتا جان ئازاۋى چېكىۋاتقان خەلقىمىزنى يالىڭاچلاپ قويۇشنىڭ

قورقۇنۇچلۇق پىلانىدىن بىرنى تۈزۈپ سەيپىدىن، ۋاڭ ئىنماۋلارغا سۇنىدۇ: ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتىكومغا "ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يىلىغا ھەر نوپۇس بېشىغا ئۈچ مېتىر ئاتمىش سانتىمېتىرلىك رەخت نورمىسى بەلگىلەپ رەخت بېلىتى تارقىتىلسا كۇپايە" دېگەن لايىھېسىنى ئۇيدۇرۇلغان سۇنئىي 'پاكىتلار' بىلەن قوشۇپ دوكلات قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بارلىق تاجاۋۇزچى ۋە غالچى ئەمەلدارلار خەلقىمىزگە يىلىغا تارقىتىلىدىغان ئون ئالتى مېتىر رەخت نورمىسى لايىھېسىنى قانداق قىلساق ئون ئىككى مېتىرگە كامايتىپ تارقىتارمىز دەپ بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، خەلقنى ئاچ قويغىنى يەتمەي يالىڭاچلاپ قويىدىغان داۋامئەت سېكرېتارنىڭ 'يەپ- يېگى لايىھەسى' نى كۆرگەن سەيپىدىن بىلەن ۋاڭ ئىنماۋ جاللاتنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ سورۇندا بىر ئېغىزمۇ خىتايچىنى ئەپلەپ سۆزلىيەلمەيدىغان تۆمۈرنىڭ گېپىنى بىۋاستە ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەيپىدىن، بۇ سەھرالىقنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. دەرھال قارار ئېلىشىپ خەلقىمىزگە تارقىتىلىدىغان رەخت بىلەت نورمىسىنى ئون ئالتى مېتىرلىق لايىھەدىن قورقماي سەككىز مېتىرگە چۈشۈرۈپ تارقىتىشنى بەلگىلىشىدۇ ۋە تۆمۈرنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ساداقەت كۆرسەتسۇن دەپ مەركەزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر مەۋسۇملۇك تىل كۇرۇسىغا ئەۋەتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە ھەرىپلەرنى تىزىپ چىقىشقىمۇ تۈزۈك ئەقلى يەتمەي تۇرغان «ئۆلۈك جانلار» رومانىنىڭ باش قەھرىمانى چىچىكوۋنىڭ قاراساۋات مالىيىغا ئوخشاش، ھەرىپلەرنى بىر-بىرسىگە قوشسا گەپ چىقىۋاتقانلىقىغا ئەقلى ھەيران قېلىپلا خەت ئوقۇيدىغان بۇ ئۆلۈمتۈك، خىتاي مەركەزىدە رەسمىي خىتايپەرەست بىر سادىق قۇل ھالىغا كېلىشتىن باشقا يەنە نەگىمۇ بارالايتتى! قىسقا تىل كۇرۇسىدىن قايتىپ كەلگەن تۆمۈر، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شۇ سەيپىدىننىڭ مەسلىھەتى بويىچە بوش قالغان تۇرپان مەركەزى ناھىيە پارتىكوم سېكرېتارلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتالمىش 'ئاپتونوم رايون' نىڭ دېھقان-چارۋىچى ۋەكىلىدىن بولغان مۇئاۋىن باش رەئىسى ئۆلگىنىدە، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان يەنە بىر دېھقان مۇئاۋىن رەئىس نامزاتى سەيپىدىننىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇن ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىغىدىن چىقمايدىغان ئەڭ نادان بىرسى بولۇشى كېرەككى، ھۆكۈمەت قارارلىرىغا ئاۋاز بەرگەندە شەرتسىز تۈردە سەيپىدىنگە يان بېسىپ ئاۋاز بېرىدىغان بىرسى بولسۇن! ئەسلىدە بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان

بەشيۇلتۇزدىكى داڭلىق نەمۇنچى، لوكچەك ۋە زابوي دېھقان ئەتىرەت باشلىقى روزى تۇردىنى نامزات قىلىپ ئېلىپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ بەكلا تەرسا نېمە بولۇپ، سەيپىيدىنگە چەكچىيىشتىنمۇ تەپ تارتمايدىغان ئەلپازدىكى بىرسى ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال ھېلىقى سەھرالىق تۆمۈر داۋامئەتنى ئېسىگە ئالىدۇ. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى تۆمۈر داۋامئەتنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك پارتكوم سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان، دېھقان ئەمەس رەسمى بىر دۆلەت كادىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىناۋەتكە ئېلىشماي، ئۇنىڭ ساۋاتسىز ۋە نادانلىقى دېھقان ۋەكىلى بولۇش لاياقىتىگە توشىدۇ دېيىشىپ، ئۇنى نامزات قىلىپ تاللايدۇ. ئاتمىش تۆتىنچى يىلى ئۇنى تۇرپاندىن دەرھال ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ چىقىپ مۇئاۋىن دېھقان رەئىسلىك تەختىگە چىقىرىدۇ. ئاتمىش بەشىنچى يىلى ئەتىيازغىچە، ئائىلىسىنى توخسۇندا قويۇپ چىققان تۆمۈر داۋامئەتنىڭ غوجاكىسى سەيپىدىن بىلەن ھېچ بىر توقۇنۇشى كۆرۈلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ سەھرالىق بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا سەيپىدىننىڭ تۆت ئاتلىق گۇدۇڭ ھاراۋا تارتالمايدىغان بۇ سالاپىتىنىڭ بېيجىڭدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق سۆلەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ قالغانىدى. بالىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگىنىدىن كېيىن، سەھراغا كۆنگەن ۋە يېزىدا باش-باشتاق چوڭ بولغان ئەركە-نايناق بالا- چاقىسى 'رەئىسلەر قوراسى' غا كىرگىنىدىن كېيىن، ئۇزۇنغا قالماي بۇ قورانىمۇ رەسمى پاساڭ قىلىنغان ئېتىزلىقتەك ھالغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. بۇ ئارىدا ئايىم ئېزىز، ئالاھىدە پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن كىچىك باغچىسىنىڭ تۆمۈرچاقلار تەرىپىدىن ئۇگىتەي-توگىتەي قىلىۋېتىلىشىگە زادىلا چىداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. ئاخىرى بىر كۈنى ئەخلاقسىز ئايىم ئەزىز 'كىچىك تۆمۈرچاق ' لارنى بۇ كىچىك 'جەننىتى ' دىن قۇلاقلىرىنى سوزۇپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. پۈلنى كۆرسە رەڭگىدىن تونۇيدىغان ساۋاتسىز بىشەم خوتۇن گۈلزىراخان بالا-چاقىسىنىڭ يىغىزار قىلىشىپ كىرىپ كەلگەنلىكىگە چىدىماي، ياۋايىلارچە بېرىپ ئايىمنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ پومۇداقلىشىشقا باشلايدۇ! ... ئاخىرى بۇ جېدەل 'رەئىسلەر قوراسى' ئوتتۇرىسغا ئېگىز سېپىل سوقۇپ بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ يوللىرىنى ئايرىۋېتىش بىلەن ئاران تىنجىتىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۈرۈمچىدە قورا توسۇپ قوشنىلىرىدىن 'چېگرا ئايرىش' دولقۇنى پەيدا قىلىشقا باشلىشىدۇ. ...

ئىست، بىچارە خەلقىمىز! قانداق پەسكەشلەرنىڭ قولىغا قالغان-ھە!

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ‹تۆت ھوقۇق› قا ئېرىشكەن مەزگىللىرىدە سەيپىدىن بۇ ‹ئائىلە دۈشمىنى› نىڭ ئىشىكى ئالدىدىن مەڭگۈ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن، ئىككىگە ئايرىلغان قورادىنىمۇ كۆچۈپ چىقىپ، ئىشىكى بىۋاستە چوڭ يولغا ئېچىلىدىغان باغلىق بىر سارايى ياسىتىپ ئارام تاپقاندەك بولۇۋالاتتى. ئەمما پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان داۋامئەتلەرمۇ بوش تۇرماي، ۋاڭ فېڭ جاللات كەلگىنىدە يىغلاپ-قاخشاپ شىكايەت قىلىشلار نەتىجىسىدە سەيپىدىننى بۇ يېڭى قوراسىدىمۇ تۇرغۇزماي بېيجىڭغا قوغلاپ، يېڭى قورۇدىكى ئايىمنىڭ باغلىرىنى بالا-چاقىلىرى بىلەن كىرىپ چەيلەپ ‹ئۆچىنى ئېلىۋالغان› بولاتتى. ...

قىسقىسى بۇ ئىككى ‹ئۇستاز-شاگىرت› خىتاي غالچىلىرى ‹خانىشلىرى› نىڭ بالا ئارىسىغا كىرىپ چىقارغان غەۋغاسىنى ‹چوڭ قۇرۇلتاي› غىچە سۆرۈشۈپ داۋام قىلدۇرىدۇ: سەيپىدىن ‹پەرىزات › نىڭ بۇنداق بىر مۆرىمەس لەقۋانىڭ بىشەم ئايالى تەرىپىدىن يۈگۈزلىنىشىغا زادىلا تاقەت قىلالمايدۇ. ھەر قەدەمدە بۇ ‹قارا ساۋات› نى سىلكىشلەشكە، چەتكە قېقىشقا ۋە كۆزگە ئىلماسلىققا تىرىشىدۇ. كۆپ ئۆتمەي قۇرۇلتاي ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ئاۋاز بېرىش قىممىتىنى بىلىپ قالغان غالچا تۆمۈر داۋامئەت، دەرھال غوجاكىسى سەيپىدىن ئەزىزدىن يۈز ئۆرۈپ، جاللات ۋاڭ ئېنماۋغا يان بېسىپ ئاۋاز بېرىش ۋاستىسى بىلەن ‹ئۆچ ئېلىش › يولىنى تېپىۋالىدۇ. نەتىجىدە ۋەتىنىمىزدىكى يەرلىك خەلقلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان پىلان-لايىھىلەر ئەنە شۇنداق چىرىگەن، بىلىمسىز، ۋىجدانسىزلارنىڭ شەخسى زىدىيەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ! ...

بۇ ئاددى مىسالدىن مەلۇمكى، بىزنىڭ بۈگۈنكى ئىككىلەمچى مىللىي مۇناپىقلىرىمىز پۈتۈنلەي سەيپىدىن قاتارىدىكى بىرىنچى ئەۋلات مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بىۋاستە يېتىشتۈرگەن گۇماشتىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى زىدىيەتلىرىمۇ يوقۇرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەتەن، مىللەت تەقدىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان شەخسى ئاداۋەتلىرى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان جىدەللىرىنىڭ ھاسىلىۋى ئۇزانتىسى بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ مۇناپىقلارنىڭ بۇ خىل شەخسى زىدىيەتلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىرقاتار ئىككىلەمچى ۋە ھەتتا ئۈچلەمچى مىللىي مۇناپىقلار گۇرۇھلىرىنى يېتىشتۈرۈپ خەلقىمىزنى قۇتۇلغۇسىز سۇنئى ئىچكى زىددىيەتلەر پاتقىقىغا پاتۇرىۋەتتى. ھامۇدۇن نىياز-سەيپىدىن زىدىيىتى، ئېرغالى-سەيپىدىن زىدىيىتى،

جانابىل-داۋامئەت زىدىيىتى، ئىسمائىل ئەمەت-تۆمۈر داۋامئەت زىدىيىتى، ...
قاتارىدىكى زىدىيەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەخسى چىرىكلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، غالچىلىق مەرتىۋىسى تالىشىش، ئۆزىنى قوغداپ قېلىش قاتارىدىكى جەدەللىرىنىڭ ئىنكاسلىرىدۇر. جەمىيىتىمىزدە ئېقىپ يۈرگەن يۇرتۋازلىق، بىلىملىكلەر-ساۋاتسىزلار، دىندارلار-دىنسىزلار، شەھەرلىك-يېزىلىق، ئۇيغۇر-قازاق، ھەتتا مەھەللىلەر زىدىيىتى قاتارىدىكى جەدەللىشىشلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئەنە شۇخىل مىللىي مۇناپىق كاتتىۋاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈرلەندۈرۈلگەن ئۆزانتىلىرى، خالاس!

بۈگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى كونا مىللىي مۇناپىقلارغا تايانمايمۇ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئابرويپەرەست، مەنپەئەتپەرەست، ئاقماق، ۋىجدانسىز، ئېتىقات-ئەقىدىسى يوق، چىرىگەن كىشىلەرنى بىۋاستە يېتىشتۈرۈپ تاللاش شارائىتىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق بولۇڭ-پۇچقاقلىرىدا چاشقان تېۋىشى تۈيۈلسىمۇ غوجاكىلىرىغا "يېڭى ۋەھىمە" دەپ دوكلات قىلىشىدىغان باش كېسەرلەرنى پايلاقچى قىلىپ جايلاشتۇرماقتا! ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر بولۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشتا، مەيلى ئەخلەت تازىلايدىغان ياكى ھاجەتخانا تازىلايدىغان ئاددى ئىشلاردا بولمىسۇن، ھەتتا لۈكچەكلىك، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق، خروئىن-نەشەكەشلىك ئەتكەسچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگىدەك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ساداقەت كۆرسىتىدىغان غالچىلار نازارەت قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. شۇڭا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئاز-تولا مىللىي، دىنىي تۇس ئالغانلىكى پائالىيەتلەر دۈشمەن قولىغا كۆپتۈرۈلگەن ياكى بۇرمىلانغان ھالدا دوكلات قىلىنىپ ۋەھشىلەرچە باستۇرۇلۇشلارغا ياكى چىرىتىلىشلەرگە سەۋەپ بولماقتا. يەنى، خەلقىمىز مىللىي مۇناپىقلار دەستىدىن تېنىق تارتالماس ھالغا كەلتۈرۈلمەكتە!

خائىن-مۇناپىقلار يامراپ كەتكەن بۇنداق مۇستەملىكە بىر ئەلدە ھەرخىل ئەقىدىلەر، ھەرخىل ئېتىقاتلار، ھەرخىل غايىلار، ھەرخىل ئۆرپ-ئادەتلەر پىلانلىق شەكىلدە دەپسەندە قىلىنغاچقا، خەلقىمىز تەدرىجى ھالدا بۇ تۈردىكى پەزىلەتلىرىنى يۇشۇرۇدىغان، بىرچەتكە قايرىپ قويىدىغان، ھەتتا ئۇنتۇپ كېتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز ئارىسىدا

خائىنلىق، جاسۇسلۇق، تۆھمەتخورلۇق، غەيۋەت-شىكايەت، قاقتى-سوقتى قىلىش، ھاقارەت قىلىش، ھاراقكەشلىك، پارىخورلۇق، زەھەرلىك چېكىملىك، پاشىۋازلىق، شورۋىچىلىق، ئەيشى-ئىشرەت قاتارلىقلار نومۇس سانالمايدىغان، ئەكسىچە ھەۋەس قىلىنارلىق، تەلپۈنۈشكە تېگىشلىك، قىزىقىشقا لايىق، ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئەرزىيدىغان غايە ھالىغا كېلىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. مۇناپىقلىقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ پەرزەنتلىرىمىز ھاراققا بېرىلىپ قاۋاقخانىلاردا لەلەڭشىپ يۈرمەكتە؛ كافىخانىلاردا پاھىشە قىلىپ يۈرمەكتە، خروئىن چېكىپ خۇدىنى يوقاتماقتا. يەنە شۇ زامانىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلات مىللىي مۇناپىقى تۆمۈر داۋامەتلەر ئائىلىسىگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئائىلىنىڭ بالا-چاقىسىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قىز-يىگىت نەۋرىلىرىگىچە قاۋاقخانىلارنى، كافىخانىلارنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىشقان، ھاراق-تاماكىنى تاماق قىلىشقان، لۈكچەكلىك، چىرىكلىك، قىمارۋازلىق، ئالدامچىلىق، تاماخورلۇق، پاھىشىۋازلىق ئىللەتلىرىگە پېتىپ كەتكەن چىرىگەن ھالەتلەرنى كۆرەلەيمىز. بۇخىل مۇناپىق ئائىلىلىرىدە ھەتتا قىلچىلىكمۇ ئىنسانلىق پۇرۇغى قالمىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىنى دەسمايە قىلىپ بازارلىشىپ خەلقىمىزنى چىرىتىشكە، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنى بىخوتلاشتۇرۇپ، مىللىي جاسارىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش، ئاقىۋەت خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان غايىسىز، غۇرۇرسىز كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، تاجاۋۇزچى غوجاكىلىرىغا خىزمەت كۆرسىتىش يولىنى بۈگۈنكى زامانىۋى مۇناپىقلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا!

ۋەتىنىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان ھەرخىل پاسسىپ ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇ تۈردىكى چىرىكلىشىش، غۇرۇرسىزلاشتۇرۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا يەنىلا شۇ تىپىك مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى، نەۋرە-چەۋرىلىرىنى ئۇچۇرىتىمىز. ھەتتا بۇخىل مۇناپىق ئائىلىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بالا-چاقىلىرىنىڭ بۇخىل چىرىكلىكىدىن پەخىرلىنىپ، “مېنىڭ بالىلىرىم يېڭى زامانغا نېمە دېگەن تېز ماسلىشالايدۇ-ھە!” دېيىشىپ ئاشكارە ماختىنىشىپ يۈرمەكتە! ۋەتىنىمىزدە خائىنلىق گۈزەللەشتۈرۈلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ خىل تىپىك مۇناپىقلار ئائىلىسىنىڭ چىرىكلىشىش، مىللەتتىن يۈز ئۆرۈش قاتارىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرى نۇرغۇنلىغان ئىرادىسىز، غۇرۇرسىز ئائىلە

پەرزەنتلىرىگە جەلىپ قىلىش كۆچىگە ئىگە ئۆلگە بولۇپ تەسىر قىلىپ، بىر مۇناپىق ئائىلىسى كەيىندە يۈزلەرچە، ھەتتا مىڭلارچە ساپ ئائىلە پەرزەنتلىرى قاراڭغۇلۇقلارغا قىستالماقتا!

يەنى، بۈگۈن خائىنلار خەلقىمىزنى نۇقۇل سىياسىي باھانىلار بىلەنلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا چېقىپ مەنپەئەت ئېلىشتىن باشقا، خەلقىمىزنى ئەخلاق، ئەقىدە جەھەتلەردە چىرىتىپ پالەچ ھالغا، مەستخوش ھالغا كەلتۈرۈپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا تېز يۈكىدىغان ۋەزىيەت يارىتىپ خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ يېڭىچە چارىسىنى ھەدەپ ئىشقا سالماقتا! شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە مىللىي مۇناپىق دېگىنىمىزدە، كوچىغا چىقىپ خەلقىمىزدىن بىرەرسىنى تۇتۇشۇپ ياكى ئۆلتۈرۈشۈپ بەرگەنلەرنىلا كۆزدە تۇتماستىن، خىتايغا ساداقەت كۆرسىتىۋاتقان بارلىق مۇناپىقلارنى، ئەخلاقسىزلارنى، ۋىجدانسىزلارنى، ئۇلارنىڭ سادىق ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى، سادىق يېقىنلىرىنى ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان مىللىي مۇناپىقلار دەپ تونۇشىمىز شەرت! ئەمما مىللەت تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى مەقسەت قىلىشقان كىشى ياكى تەشكىلاتلار ئىچىدىكى شەخسى زىدىيەتلىرى بولغان، پىكىر بىرلىكى بولمىغان، ئۆزى بىلەن بىر تەشكىلدە تۇرمىغان، بىر داھىيغا چوقۇنمىغانلارنىمۇ يىغىپ-يۆگەپ مىللىي مۇناپىق دەپ قارىغۇچىلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمىز: مۇناپىق چۈشەنچىسىنى بۇلغاپ، ھەقىقى خائىنلارنى يوشۇرۇشقا ۋاستىچى بولما!

## 1.7§ سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرى

ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە چارروُسسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي قېرىنداشلىرىمىز ئىنتايىن قالاق ئىپتىدائىي ھاكىمىيەت شەكلى ۋە چېكىدىن ئاشقان قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئورنىغا زامانىسىنىڭ بىرقەدەر يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ياۋروپا جاھانگىرلىك تۈزۈمى ۋە نىسبەتەن ئىلغار كېپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى قوُرال كۈچى بىلەن مەجبورى دەسسەشكە باشلىشى بىلەن، خەلقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا بولغان ئىشەنچىلىرى تېز سۇرئەتتە يىمىرىلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئېغىر نامراتچىلىقتا چۈشۈرۈلگەن بۇ خەلق،

كەينىدىن ئۇلىشىپلا كەلگەن رەھىمسىز ۋە ھىلىگەر، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئىككى يۈزلىمچى كوممۇنىزم دولقۇنى ئىچىدە كۆمۈلۈپلا قالغانىدى. كوممۇنىزم ئەقىدىلىرى يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى كوممۇنىسلارغا تارتقۇزۇپ قويىدىغانغا ساقلاپ ياتقان نەچچە ۋاگون ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-ياقۇت بايلىقى بار قالاق ۋە مۇستەبىت ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنى، ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپىلىقلىرىنى، ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدىغان قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي پەرقلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپ، ھەممە كىشىنى بىر تەكشى نامرات ھالەتكە چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە، پۈتۈن خەلقنى دۆلەت ۋە ئۇرۇسلاردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالماس ھالغا كەلتۈرىۋەتكەنىدى. بۇخىل سۇنئىي باراۋەرلىك تۈزۈمى ئورتا ئاسىيا خەلقىنى ئىنتايىن پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان، خەلق تەدرىجى ھالدا تەمەخور، ئىتائەتمەن، مىللىي غۇرۇر ۋە مەنلىك تۇيغۇلىرىدىن ئاجىزلاشتۇرۇلغان، ئەقىدە-ئەنئەنىلىرىنى تاشلاشقا مەجبورلانغان بىر باسقۇچقا كىرىپ قالىدۇ. ئاتاغلىق پانتۈرك، مۇرەسسە تەرغىباتچىسى بولغان گاسپىرالىدىن باشلانغان خېلى كۆپ ساندىكى ئورتا ئاسىيالىقلار رۇسلارنىڭ بۇخىل سۇنئىي باراۋەرلىك تۈزۈمىدىن ئاساسەن شىكايەت قىلمايدىغان، ھەتتا بارغانسېرى رۇسلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغان، رۇسلارغا خالاپ تۇرۇپ بېقىنىدىغان مەستخوش ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى.

ئورتا ئاسىيالىق قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا تاجاۋۇزچىلار بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈشنىڭ ئۆلگىلىرى يارىتىلماقتا ئىدى. ...

ۋەتىنىمىزدىكى بىرقىسىم يېڭى زىيالىيلار، زامانىسىنىڭ ئالغا كەتكەن ئادەملىرىمىزمۇ تاجاۋۇزچىلار بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈشنىڭ يوللىرىنى ئاختۇرۇشۇپ، ئاخىرى ئورتا ئاسىيالىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز مۇستەملىكىچىلىرى بولغان ئۇرۇسلار بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈش يولىغا كېتىۋاتقانلىقىغا ئوخشىتىشىپ، خېلى كېچىكىپ بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىرى بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈملىرى ئىچىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈش يوللىرىنى تاپقاندەك بولۇشتى-دە، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ باشلىرى بولغان خىتاي نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىنلىششقا كۈچەپ ئۇرۇنۇشتى. مانا بۇ دەۋر – ۋەتىنىمىز خەلقى ئارىسىدا دۈشمەن بىلەن تېنچ بىرگە ئۆتۈش خامخىيالىغا قەدەم

قويغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالدى. دېموكراتىك چۈشەنچىلەر بىلەن يېڭىدىن تونۇشۋاتقان ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىز ھەممە ئەرەب ئىسلام ئەللىرى، ھىندىستان-پاكىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ تېنچلىق شەكلىدە تاجاۋۇزچىلار بىلەن يارىشىش، كېلىشىش ئارقىلىق مۇستەملىكچىلەردىن تېخىمۇ كۆپرەك ئەركىنلىكلەرگە ئېرىشىش، شۇ ئاساستا تەدرىجى تەلەپنى ئۆستۈرۈپ تاجاۋۇزچىلاردىن قەدەممۇ-قەدەم قۇتۇلۇپ چىقىش ئىدىيىسىگە ئىشەنگەن بەزى دىنىي يېتەكچىلەر، دېموكراتچى ئىدىيىگە مايىللاشقانلار، چاكىنا مىللەتچىلەر ۋە خىتايپەرەستلەر جىددى بىر شەكىلدە تېنچلىق تەرغىباتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇش يولىغا ئۆزلىرىنى ئاتاشماقتا ئىدى.

خەلقىمىز ئىچىدە بارلىققا كېلىۋاتقان پان ئىسلامچىلار، پان تۈركچىلەر ياكى كېيىنكى تۇرانچىلار، چىنى تۈركىستانچىلار قاتارىدىكى ئەينى زاماننىڭ ‘چوڭ‘ لىرى ۋە ئىلغارلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سۇلھىچى ئېقىم، مادارا تەرەپتارلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشىپ، بۇخىل ”سۆزلىشىش ئارقىلىق مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش“ يولىنى ۋەتىنىمىز خەلقى ئارىسىدا ھە-دەپ بازارغا سېلىشقا كىرىشتى. بۇخىل چۈشەنچىلەرنى نادان خەلقىمىز ئارىسىدا خالىغىنىچە تارقىتىش ۋەزىيىتىنى يارىتالىلىق، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى تاجاۋۇزچى مىللىتارىست خىتاي كەلگىندىلىرىگە ئۇقتۇرالماسلىق قاتارىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بۇخىل تېنچلىق ئارزۇلىرىنى خىتاي مەركەزىگىچە كۆتۈرۈپ بېرىپ بىۋاستە سۆزلەش ياكى بۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقىرالمىغانلىرىدا، باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىتايغا بېسىم يارىتىپ ۋەتىنىمىزنى تېنچ ئەركىنلەشتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈشتىن ئۈمىتلىنىپ غەرب ياكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ دەرۋازىسى ئارىسىدا ئېچىنىشلىق دەرد تۆكۈش پائالىيەتلىرىنى قوزغىۋېتىشتى.

نەتىجىدە، قىرىقىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگىچە ۋەتىنىمىزدە يېتىشىۋاتقان يېڭى زىيالىيلار دىنىي ۋە دېموكراتىك چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلغان پان ئىسلامىزم ۋە مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان پان تۈركىسىزم ئېقىمىنى، كوممۇنىزم چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلغان پان سوتسىيالىزمچىلار ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە ئىدى. بۇ ئېقىملەرنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسلىرى بىر-بىرىدىن ئاز-تولا پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بارلىققا كەلگەن كۈنلىرىدىن باشلاپلا بىر-بىرىنى

دۈشمەن دەپ قارىشىپ، ھەرقايسى ئۆز سەپسەتىلىرىنى يورغىلىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، چوڭ دۈشمىنىنى ئاساسي جەھەتتىن ئېسىلىرىدىن چىقىرىشىپ، ئىچكى ئاداۋەتكە كۆپرەك ۋاقىت ھەم زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىشاتتى. دەرۋەقە، ئۆزلىرىگە قۇلچىلىق ئىدىيىسىنى ئاساسلىق پرىنسىپ قىلغان سۇلھىچىلار ئېقىمىمۇ ھېچقاچان سەپتىن كېيىن قالماي، بەزىدە مۇستەقىل، بەزىدە قايسى بىر ئېقىملارغا ئارلىشىپ سوگدۇشۇپ كەلمەكتە ئىدى ـ ئۇلار خىتايلارنىڭ ئىنساپقا كېلىپ قېلىشىنى تاما قىلىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئەقىدىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىدىغان چىنى تۈركىستانچىلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش كۈنىگىچە شەكىللىنىۋاتقان بۇ خىل يېڭى پىكىر ئېقىملىرى ئۆز پىكىرىگە تۇغقانچىلىغى بولغان ھەرقانداق ئىچكى تاشقى ئېقىملار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ، باشقا پىكىردىكىلەرگە شىددەتلىك ھاقارەتلەر ياغدۇرىشاتتى. يەنى، چىن تۈركىستانچىلار دېموكراتىك چۈشەنچىلىرىدىكى يېقىنلىغى بىلەن خىتاي مىللىي دېموكراتچىلىرى بىلەن ئېچ قويۇن- تاشقويۇن بولىشالايتتى. دېموكراتىك تامالىرىدىكى ئوخشاشلىقلار پان تۈركىستانچىلار ھەتتا قىسمەن پان ئىسلامچىلارنىمۇ چىنى تۈركىستانچىلارغا يېقىنلاشتۇرالايتتى. نەتىجىدە بۇ ئۈچ ئېقىم خىتايلار بىلەن يېقىنلىشىشقا مايىللىغىنى ئىپادىلىشىپ، كىمنىڭ ھەقىقى چىنى تۈركىستانچى، كىملەرنىڭ پانچىلار بولغانلىغىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمىغىدەك ھالەتكە كېلىشىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۇتامسىزلىقنى ئىپادىلىشىپ كەلگەن ئىدى.

ئەمما ھەرقانداق ئىدىيىۋى ئېقىمغا مەنسۇپ بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، دۈشمىنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلەيدىغان، دۈشمىنىدىن تامادا بولىدىغان چۈشەنچە ئىگىسى، دۈشمىنىنى ھېچقاچان چىن مەنىسىدىن دۈشمەن دەپ تونىشى ناتايىن! بەك ئۆتۈپ كەتسە دۈشمەنىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇمىنى ئۇلارنىڭ مۇداسى ئەمەس، ئۇسۇل مەسىلىسى دەپلا تونۇيدۇ. يەنى، ”خاتا كەتكەن تەرەپلىرىنى تۈزەتسىلا بولىدى، ئەسلى ناھەقچىلىك قىلىش نىيىتى يوق، ...“ دەپلا قارىشىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئاتالمىش ”بىرلەشمە ھۆكۈمەت“ قۇرۇلۇشىدا ئىزچىل تۈردە خىتايغا مائىللىغىنى ئىپادىلەشتى! ماھىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا خىتاي دەللاللىرىنىڭ داۋامىدۇر، خالاس!

ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ئىدىيۋى ئىقىملەرنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ئاساسەن چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ ۋەتەنلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىقىملار ھەرقانچە ئىلغار تۈسكە كەلتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇلغان ئۆز ئانا يۇرتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بىزگە يات چولتا ئەقىدىلەر ئىدى.

مەسلەن ئالايلۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پان تۈركىسىزم ئەقىدىلىرى دېموكراتىك چۈشەنچىلەر ئاساسىدا دۇنيا تۈركلىرىنى بىر گەۋدىگە كەلتۈرۈشۈپ، دۇنيادا يېمىرىلمەس تۈرك قېرىنداشلار ئورتاق دۆلىتى ياكى ئورتاق گەۋدىسى يارىتىش شىرىن خىيالىنى ئاساسي مەخسەت قىلىشىدۇ. بۇ، دۇنيانى بارمىغىدا ئويناتقىدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە دەۋىرلىرىدە ئۆز ئانا يۇرتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تەغدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، بۇرۇلۇپ شەرققە كۆز قىرىنى سېلىشنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشقان، كېيىنكى دەۋرلەردە يىمىرىلىشى مۇقەررەرلىشىپ بولغان ئوسمانىيە ئىمپىرىيىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئاساسىدا ئوسمانىيە يېڭى گېنىراللىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان بىر چۈشەنچە دېيىش مۇمكىن. ئىنتايىن قالاق ۋە چېكىدىن ئاشقان نامراتلىق ئىچىدە پارچىمۇ-پارچە چېچىلىپ، بىرمۇنچە يېڭى ئىمپىرىيىلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ بولغان ۋە تۈگىمەس ئىچكى زىددىيەتلەر قاينىمىغا پاتۇرىۋېتىلگەن بۇ تۈركىي خەلقلەرنى يىمرىلىۋاتقان ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىقتىدارسىز باش قوماندانلىرىدىن ئەنۋەر پاشانىڭ خام خىيالى بىلەن بىر يەرگە كەلتۈرەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر خام خىيالنىڭ تۈركىي قەۋىملار ئارىسىدا يىقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىمالىمۇ زادىلا قالمىغان ئىدى. شۇڭا پانتۈركىسىزم خام خىيالى، يىمىرىلگەن ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ئاخىرقى باش قوماندانىنىڭ تاجىكىستان تاغلىرىدا رۇسىيە كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك شەكىلدە ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئالىلقاچان پانتازىيىلىك قىممىتىنىمۇ يوقاتقان بىر چۈشكە ئۆيلىنىپ بولغانىدى. ئەپسۇسكى بىزنىڭ ئۆزىگە، ئۆز مىللىتىنىڭ جەڭگىۋارلىق جاسارىتىگە ئىشەنمەيدىغان ياش پانتۈركچىلىرىمىز تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەتىلا بىرلىشىپ بۈيۈك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كېلەلەيدىغانلىقىغا تەلۋىلەردەك ئىشىنىشەتتى. ھەتتا بۇمۇ يەتمىگەندەك قىلىۋىدى، بارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنى

بىر گەۋدىگە كەلتۈرۈشنى خام خىيال قىلىدىغان تۇرانچىلىق دېگەن خامخىياللارغىمۇ ئۈمىدلىنىشكە باشلىدى. بۇ تۈردىكى پانتازىيىلىك، رىئاللىق قىممىتىنى يوقاتقان ئەنە شۇنداق تۇتامى يوق ۋە بىزنىڭ ۋەتىنىمىز تەقدىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى قالمىغان مۇجمەل چۈشەنچىلەرگە چوقۇنىدىغان كىشىلىرىمىز، قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن چىن تۈركىستانچىلار ئېقىمى بىلەن دەرھال يۇغۇرۇلۇپ كېتەلىگەنىدى.

بۇ يەردە ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان پان سوتسىيالىزمچىلارغا مەنسۇپ يەنە بىر ئېقىم بولسا، ماركسىزم ئەقىدىلىرىدىكى ئوخشاشلىقلىرى سەۋەبىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا يېقىنچىلىق كۆرستەلىسە، سوتسىيالىست دېموكراتىك چۈشەنچىلىرىنىڭ قىسمەنلىكتە ئوخشايدىغان يەرلىرىنىڭ بولىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەنمۇ شەرتسىز ئۇرۇش توختۇتۇش بۇيرۇغىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئېلان قىلالىدى. ھەمدە بۇ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلىرى بىلەن تەڭسىز كېلىشىم شەرتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالىدى.
شۈبھىسىزكى، بۇ چۈشەنچىنىڭ كېلىش مەنبەسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدا ئوقىغان كىشىلىرىمىزنى ئاساسى مەنبە قىلىشقان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرغا يېقىنلىشىۋاتقان مەزگىلدە ياپونلارنىڭ يولىغا تاش قويۇپ توسالغۇ پەيدا قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. رۇسىيىلىكلەر بۇنىڭ مەجبورلىشى سەۋەبىدىن ۋەتىنىمىزدىكى مىللىي ئىنقىلاپلارنى قوللاشقا مەجبۇر بولۇشى سوتسىيالىستلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئامەت بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋەتىنىمىزدىكى بۇ تۈردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاپلارنىڭ خاراكتېرىنى سوتسىيالىزم تۈسىگە بۇراش ۋە كېيىن ئۆز قولىدىكى ئورتا ئاسىيالىقلارغىمۇ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ، خىتاي كوممۇنىزم ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرىۋېتىش پىلانى بويىچە ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىۋىنى سوتسىيالىستلاشتۇرۇشقا مەجبورلاشتى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەركىۋىنى سوتسىيالىستلاشتۇرۇش ئىشىنى ئاساسەن تاماملىغاندىن كېيىن، كوممۇنىزمنىڭ ئېنتېرناتسىيونالىستىك ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ئىچىدىكىلەرمۇ ئۆز ئىدىئولوگىيىسىنى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ئۈستىگە

دەسستىپ، خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن شەرتسىز بىرلىششكە ماقۇل بولۇشتى.

بىز بۇ ھادىسلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، "دېموكراتىيە، سۇلھى، تېنچلىق، كوممۇنىزم" دېگەندەك ئورتاق نوقتىلىرىنىڭ بولىشى، بىر-بىرىسگە ھەرقانچە دۈشمەن بولىۋاتقان كىشلەرنىمۇ ئاسانلا بىريەرگە كەلتۈرەلىدى. يەنى، ئىدىئولوگىيلىك مەقسەت ۋەتەننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى مۇدداسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىغى ئۈچۈن، تارىخىي دۈشمىنىمىز بىلەن ئوخشاش ئىدىيە ئاساسىدا تېنچ بىرلىششنى ئىشقا ئاشۇرۇشتى. خەلقىمىز ئارىسىدا دۈشمەن بىلەن ھەمكارلاشقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خائىنلىق چۈشەنچىلىرى پەردازلىنىپ خەلقىمىز تەرىپىدىن ياتسىرالمايدىغان ھالەت ئىككى خىل قۇتۇپقا مەنسۇپ كىشلىرىمىزنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشلىرى نەتىجىسىدە تېزلىكتە كېڭىيىشكە باشلىدى.

نەتىجىدە يوقۇرىدىكىلەردەك پىكىر ئېقىمىدىكىلەر "تېنچلىق، سۇلھى، كېلىشىم، سۆزلىشىپ مەسىلە ھەل قىلىش، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، كوممۇنىزم" دېگەندەك تېخى مىللىلەشتۈرۈلمىگەن قاراشلاردىن تۇغۇلغان ياتلارنىڭ ئورتاق چۈشەنچىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلىشىپ، خەلقىمىزنى تەدرىجى ھالدا تېنچلىق ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە رازى، تېنچلىق ئۈچۈن ئەشەددى دۈشمىنى بىلەن ھەمكارلىق ئورنۇتۇشقا رازى سادىدا تېنچلىقپەرۋەرلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتى. خەلقىمىزمۇ بۇ خىل تېنچلىق تۇمانلىرى ئىچىدە قايمۇقۇپ، ھەرقانداق ئىشنى تېنچلىق ئۇسۇلدا چۈشىنىشكە، تېنچلىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان يوۋاش-يۇمشاقلار ھالىغا كەلمەكتە ئىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ يېگىنچە ئۇسۇلنى قوللۇنۇپ ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قارىداپ كەتكەن بىچارە چىرايىغا، ئەپكەش ئارتىۋالغان جۇل-جۇل ياماق كىيىملىك ئۇچۇسىغا، ئوت-چۆپتىن تارتىپ قۇرت- قوڭغۇزغىچە يەيدىغان ھالدىكى ئېچىرقاپ كەتكەن بىچارە قىياپىتىگە قاراپلا، ئۇلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى توساش ئورنىغا ئۇلارنى "بىچارىلار، غېرىپ مۇساپىر ئىشلەمچىلەر" دېيىشىپ، قورالىرىدىن ئۆي بېرىشتى، ئۇچىسىغا كىيىم، قارنىغا تويغىچە تاماق بېرىشتى. ھەتتا بىرقىسىملار بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېقىش

ئېغىر كەلگەنلىكتىن تاشلىۋەتكەن بالىلىرى بىلەن ھارامدىن بولغان بالىلىرىنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىشقىچە بېرىپ يەتتى! ئەجەبا شۇ چاغدا بېقىۋېلىشقان "خىتاي بالىلىرى" بۈگۈن ئۆلارغا نېمە قىلىپ بېرىۋاتقاندۇ؟

بۇ ئىشلار شۇنچىلىق بىلەنلا تۈگىسە مەيلىدى، خەلقىمىزگە سىڭدۈرۈلىۋاتقان بۇ خىل "مەسىلىنى سۆزلىشىپ ھەل قىلىش" ۋاستىسى رەسمىي ئادەت ھالىغا كېلىپ، خەلقىمىز ھەرقانداق دۈشمىنىگە قارشى ئازىراقلا 'قوپاللىق' قىلىشلارنىمۇ كۆتۈرەلمەس ھالغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلىشىنىمۇ 'تېنچلىق' بىلەن كۈتىۋالىدىغان غەلىتە مىجەزلەرنى يېتىشتۈرمەكتە. بولۇپمۇ بۇنداق مىجەزدىكى كىشىلىرىمىزدىن چەتئەلدە مۇساپىر بولۇپ ئاز-تولا پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىپ قالغانلار ئارىسىدا بۇ خىل قۇللۇق قاراشلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقماقتا!

ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان خەلقىمىز بۈگۈن يۇرتىنى بېسىۋالغان خىتايلارنىڭ ھېچقاچان ئۆزلىرىگە دوستانىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىپ باقمىغانلىقىنى، ئەكسىنچە ۋەتىنىمىزگە ئاياق باسقان بارلىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە خەلقىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئەمما دۈشمىنىنى تونۇپ يېتىش ۋاقتى بەكلا كېچىككەندى. شۇنداقتىمۇ خەلقىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۈشمەنلىك ماھىيىتىنى ئاستا-ئاستا تونۇپ يېتىپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشنىڭ بۈگۈنكى يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەندە، بىزنىڭ تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى ئۇستازلىرىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەرھال سەھنىلەرگە يامىشىپ خەلقنى ئۆلۈم بىلەن، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەر بىلەن، دۇنيادا يېتىم قالىدىغانلىقلىرى بىلەن قورقۇتۇپ قايتا جىم يېتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش تەشۋىقاتىغا جىددى كىرىشمەكتە:

"ب د ت بىزگە ياردەم قىلماقچى، ئا ق ش بىزنى قۇتقازماقچى، قوشنىلىرىمىز بىزگە ياردەم قىلماقچى، دېموكراتىك خىتايلار بىزگە رەھىم قىلىدۇ، ... ئەمما بۇ ياردەملەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تېنچ پائالىيەت قىلىشىمىزنى ئالدىنقى شەرت قىلىشماقتا. ...

"دۇنيا جامائېتى كۆۋەيتكە ياردەم بەردى، بوسناقلارغا، كوسوۋالىق بالقان ئالبانلىرىغا ياردەم بەردى، چېچەنلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، قوشنىمىز

ئافغانىستانغىمۇ ياردەم قىلىپ كەلمەكتە. پات يېقىندا بۇنداق ياردەم بىزگىمۇ يېتىپ كېلىدۇ، شۇڭا بىز بۇ ياردەملەرنى قاچۇرۇپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى تېنچ پائالىيەتلەر بىلەنلا شوغۇللىنىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆزىمىزگە 'تېررورچىلار ' دېگەن تامغىنىڭ ئۇرۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز شەرت" دېگەندەك ئاتالمىش 'پاكىت' لار بىلەن خەلقىمىزنى تىنجىتىشقا تىرىشماقتا. خەلقىمىز بۇ تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىزنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ ئۆتكەن يېرىم ئەسىر جەريانىدا ئاز دۈشمىنىنى 'دوست' ھېساپلىشىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلۈپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئەندى بۇ خاتالىقنى تونۇشقا باشلىغىنىدا بىزنىڭ سۇلھىچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى 'ئەۋلات' لىرى "ئەسلى دۈشمىنىمىز بولغانلار خىتاي كوممۇنىستلىرىدۇر، دېموكراتىك خىتايلار ئاقكۆڭۈل دوستلىرىمىزدۇر، مەرگەزدىكىلەرنىڭ يامان نىيىتى يوق ئىدى، تۈۋەندىكى قالاق خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىشنى بۇزماقتا، خىتاي پۇخرالىرىدا گۇنا يوق، ئەسلى يامان نىيەتتىكىلەر باشتىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى، قۇرالسىزلاردا گۇنا يوق، قۇراللىقلار جىنايەت ئىشلىمەكتە، ..." دەيدىغان بىر-بىرسىگە زىت يېڭى پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىرىشىپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ئارزۇلىرىنى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىگە قوشۇپ ئېرىتىپ تۈگىتىشۋېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشماقتا. ھەتتا دەيدىغانغا ھېچ گەپ تاپالمىغانلىرىدا، "دېڭ شياۋپىڭ ئۆلگەندە، شياڭگاڭ خىتايغا قايتۇرۇلغاندا، تەيۋەن ھۇجۇم قىلغاندا، دېموكراتىك خىتايلار ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ ئالغىنىدا، ئافغانىستان غەلىبە قىلغىنىدا، ئامېرىكا ئىشقا كىرىشكىنىدە، ..." دېگەندەك زامانىۋى خۇراپاتلار بىلەن خەلقىمىزنى ئالداپ 'جىم يېتىپ كۈتۈش ' كە ئۈندەشمەكتە!

شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، ئاجىز تۇرغىنىمىزدا دۈشمەن بىلەن يارىششىنى تەرغىپ قىلىش، ئۆز خەلقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچ- قۇۋۋىتىگە ئىشەنمەي ياتلارغا تاما قىلىش تەشۋىقاتلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇلغان دەللاللىق ۋە خائىنلىقنىڭ تەرغىباتىدۇر!

## 1.8§ يېڭى ئەقىدىلەر ھەققىدە

مىللىتىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن يېڭى زامان ئەقىدە- ئۇقۇملىرىدىن

يىغىپ كەلگەندە مۇنداق بىرقانچە خىلنى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ دېيىشىمىز مۇمكىن: دېموكراتىيە، ماركسىزم، ئىسلامچىلىق، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، تەڭ باراۋەرلىك، ئىلىم-پەندە يۈكسىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، دېپلوماتىيە، سۇلھ، تېنچلىق، پان ئىسلامچىلىق، پان تۈركچىلىك، تۇرانچىلىق، پان سوتسىيالىزمچىلىق، مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، يېڭىچە مىللىي ئۆرپ-ئادەت، يېڭىچە ئەخلاقى پەزىلەت، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش، غۇرۇر، جاسارەت، سۆيگۈ، تېررورچىلىق، قۇراللىق كۈرەش، يوشۇرۇن پائالىيەت، ئازادلىق، مۇستەقىللىق، ... بۇلار يەنە ئۆز ئىچىدىن ئورتاھال، چېكىدىن (رادىكال) ئاشۇرىۋېتىش، زەئىپ، كلاسسىك، مۇتەئەسسىپ، يېڭىلىقچى، سىنىپلاشتۇرۇش ئاساسىدىكى سولغا مائىل ياكى ئوڭغا مائىل قاتارىدىكى تۈرلىنىشلەر بىلەنمۇ روي بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە بىر ياكى بىرقانچە خىل ئەقىدىلەرنىڭ ھەرخىل دەرىجىدە ئۆزئارا سىڭىشىشى بىلەنمۇ بىرقانچە خىل تۇغۇندا كۆز قاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ ئەقىدىلەرنىڭ ياكى قاراشلارنىڭ بىرقىسمى ئۇسۇل ماھىيىتىدە بولسا، بەزىلىرى ئىدىيە ماھىيىتىدە، يەنە بەزىلىرى سىياسىي ئۇقۇملار بولسا، يەنە بەزىلىرى ھەرىكەت ئۇسۇلىغا تەۋە، ھەتتا مەلۇم قىسمى تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تەۋە بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ زامان ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بۇ كاتىگورىيىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىمىزدە ئەقىدە ياكى پرىنسىپ، ئۇسلوپ ياكى ستراتىگىيە، چارە ياكى تاكتىكا بولالايدۇ دەپمۇ كېسىپ ئېيتالمايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنچە ئەھمىيەتسىز بولغىنى بىلەن كەلگۈسىدە قىممەتكە ئىگە بولۇشىمۇ ئەجەپ ئەمەس. يەنە بەزىلىرى مىللىي تەغدىرىمىز بىلەن قىلچە رىيال مۇناسىۋېتى يوق ئەمما ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ياكى ھەرىكەت ئاساسى دەپ قارىيالمايمىز.

مەسىلەن ئالايلۇق، بىز يۇقىرىدا دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. دېموكراتىيە ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇن كەلمەسمۇ؟

دېموكراتىيە ــ ئومۇمي خەلق سايلىمىنى ئاساس قىلغان، كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاساس قىلىدىغان ھاكىمىيەت سىستېمىسى دېگەن لوغات مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ، يەنى "خەلق كۆرسەتكەن ۋەكىللەرنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئۇسۇلى" نىڭ ئاساسى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىش شەكلى ئاساسەن ئومۇمي خەلق ھاكىمىيەت شەكلى ــ جۇمھۇرىيەت تۈزۈم شەكلى بويىچە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەقىقەتەن خەلقىمىز ئۆزى باشقۇرىدىغان ياكى خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىقتىدارلىق ۋە سادىق ۋەكىللىرىنى تولۇق ھاكىمىيەت ئۈستىگە قويالايدىغان بىر تۈزۈم قۇرالىغىدەك سەۋىيەگە ئېرىشكىنىدە، دېموكراتىيە ئۇقۇمى بەلكىم خەلقىمىزگە ئەڭ پايدىلىق ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تۈزۈم چۈشەنچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى يېتەكلەش ئىشى خەلقنى بىر يەرگە توپلاپ، ئەركىن چەك تاشلاش سايلىمى ئارقىلىق قارار قىلىنىدىغان ئىشلاردىن بولماي، شۇ ئىشنىڭ مۇتەخەسسىس ياكى ئەھلىلىرى، جاسارەتلىك باتۇرلىرى تەرىپىدىن قارار قىلىنىپ، شۇلارنىڭ يېتەكلىشى ئاساسىدا ئومۇمي خەلق ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان، ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا خەلقنى مەجبورلاش تۈسىنى ئالىدىغان بىر زوراۋانلىق 'كەسپى ئىش' دېيىش مۇمكىن.

ئەسلىدە دېموكراتىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر دۇنيادا تا بۈگۈنگىچە ئېنىق بىر ئېنىقلىمىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان زامانىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ بىرىدۇر. دېموكراتىيە ھەققىدە سۆز بولغىنىدا ئامېرىكا بىرخىل شەكىلنى تەرغىپ قىلىشسا، ياۋروپالىقلارمۇ باشقا بىر تۈرىنى كۆككە كۆتۈرۈشمەكتە؛ سابىق سوۋېت كوممۇنىستلىرى يەنە بىر خىلنى توغرا دېگەن بولسا، خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ ئۇنىڭ "جۇڭگوچىسى" نى كۆتۈرۈپ چىقىشماقتا؛ مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بىرمۇنچە ئىسلام ئەللىرىمۇ ئۆزىگە يارىشا بىرەر دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشماقتا. بۇ خىل چۈشەنچىلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، بەزى دېموكراتچىلار لىبىراللىققا مايىل دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بەزىلىرى سوتسىياللىققا مائىل دېموكراتىيىنى تەرغىپ قىلىشماقتا؛ يەنە بەزىلەر خانلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قالىدىغان دېموكراتىيىگە مائىل، بەزىلىرى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆلچەم قىلىدىغان دېموكراتىيىنى ماقۇل كۆرۈشمەكتە. شۇنىڭدەك يەنە مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىقتىسادىي قانۇنلارنى

ئاساس قىلىدىغان، پەلسەپەلىك چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىدىغان يەنە باشقىچە شاخلاندۇرۇلغان دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىمۇ بىرقىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمى قىلىپ قوبۇل قىلىنماقتا.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ئېتنىك، سىياسىي ياكى دىنىي توپلۇملار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سىنىپىي ياكى دىنىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان دېموكراتىيە شەكىللىرىنى ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزلىرىنى كۈچەيتىش، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ياكى باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش قاتارلىق مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈم ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىرىنسىپى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلمەكتە. ۋاھالەنكى، قولىدا ھوقۇق ۋە قورالى بولمىغان، ۋەتىنىدە مىللىي مۇستەقىللىقى بولمىغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ھەرقانداق شەكىلدىكى دېموكراتىيە مېۋىلىرىدىن پايدىلىنىش تۇرماق، كۆپ ھاللاردا بۇ تۈردىكى تۈزۈملەرنىڭ بۇغۇشى ئاستىدا ئېڭىرىماقتا!

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرى مەيلى قانداق شەكىل ئېلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان مىللىي كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن خەلقلەرنى باستۇرۇش قورالى قىلىنماقتا.

ئەينى ۋاقىتدا خىتاي داھىيسى بولغان سۇن جۇڭسەن خىتايغىلا خاس دېموكراتىيە بايرىغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ خىتايلارنى مانجۇلارنىڭ ئاس ا رتىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئەمما مانجۇ، موڭغۇل، تىبەت قاتارىدىكى مىللىي ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ بارلىق ئاساسلىرىنى خىتايلارغا تارتتۇرۇپ قويغان بىزگە ئوخشاش خەلقلەر سۇن جوڭسەن تىكلىگەن خىتاي دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىشكە، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلۈشكە مەھكۇم قىلىنغانىدى. گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ تەرغىپ قىلىشقان مىللىي دېموكراتىيە قاراشلىرىمۇ نوقۇل خىتاي مىللىتىگىلا تەۋە دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىدى؛ كېيىن كوممۇنىست خىتايلار ئوتتۇرىغا چىقىپ يەنىلا شۇ خىتايلىرىنىلا مەنپەتدار قىلىدىغان ماركسىزم نەزەرىيىلىرى ئاساسىغا تىكلەنگەن دېموكراتىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتى. مانا بۇ "جۇڭگوچە دېموكراتىك تۈزۈم" دېگەن سۆزنىڭ تۈپكى ماھىيىتى. دېمەك، خەلقىمىز باشقىلار تەرىپىدىن تىكلەنگەن ھەرقانداق بىر دېموكراتىك تۈزۈمدىن

قىلچە مەنپەئەت ئالالماي كەلمەكتە. ھەتتا ئەنە شۇ دېموكراتىيىلەر تۆپەيلىدىن ۋەتىنىمىز تولۇق مۇنقەرز قىلىنىپ، مىللەت سۆپىتىدە يوقۇتۇلۇش گىرداۋىغا كەلتۈرۈلمەكتە! ئەندى بۈگۈن يېڭى سەرگەردان خىتاي دېموكراتچىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاغزىمىزغا ھەسەل تېمىتىشقا كىرىشمەكتە ۋە نۇرغۇن مۇساپىر تەشكىلاتلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ يۈرۈشمەكتە! ئەمما بۇ يېڭى دېموكراتىيىچى خىتايلارمۇ ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپىنى مىللىي زوّرۈرىيەت ئەمەس، كوممۇنىزم زۇلۇمىغا ياكى قايسى بىر مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ زۇلۇمىغا قارشى مەجبورىيەت دەپ بۇرمىلىشىپ، ‘‘بۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلىۋىدە بولىشىنى ھازىرچە توغرا چۈشۈنۈشكە بولىدۇ؛ ئەمما كەلگۈسىدە بىز ھوقۇقنى تارتىپ ئالغىنىمىزدا بۇ خەلقلەرنىڭ بۇنداق بىمەنە تەلەپلەردە بولىشىغا قىلچە ئورۇن قالدۇرۇلمايدۇ. چۈنكى بىز (ئۇلارنىڭ تۇرىۋاتقان يەرلىرىدە نوپۇس، بىلىم، پەن-تېخنىكا ئۈستۈنلۈگى ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكلىرىمىزگە تايىنىپ) ئۇلارنىڭ بۇخىل تەلەپلەردە بولىشىغا ئىمكان قالدۇرمايمىز’’ دېيىشمەكتە. بۇ سۆزلەر ئىنتايىن ‘ئاق كۆڭۈل ’ دەپ تونۇلىۋاتقان قاچقۇن دېموكراتچى خىتايلارنىڭ دېيىشىۋاتقانلىرى بولۇپ، قالغان خىتايلار ‘‘ئازسانلىق مىللەت دېگەن نېمە ئۇ! ئۇلارنى يا قىرىپ تۈگىتىۋېتىش كېرەك، يا بولمىسا قۇرال كۈچى بىلەن مەجبۇرى خىتايلارغا سىڭدۈرىۋېتىش شەرت!’’ دېيىشمەكتە! شۇڭا، بۈگۈنكى ھەرقانداق بىر دېموكراتىك خىتاي ئوتتۇرىغا چىقىپ ‘‘خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدا تۇرىۋاتقان بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قەتئىي تۈردە مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئىختىيارىنى بېرىمىز’’ دېگەن سۆزنى بىرەر قېتىم ئېزىپ-تېزىپ بولسىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرىپ باقمىدى! بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇلار بىزنى ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلىرىغا ئومۇمىي يۈزلۈك قارشى چىقىشىمىز ئورنىغا كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە قارشى تېنچ پائالىيەتلەرنى خىتايلىرى بىلەن بىرلىشىپ قانات يايدۇرۇپ، ‘‘خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ بېرىشكە تۆھپە يارىتىش’’ قا ئۈندەشمەكتە.

‘‘كەلگۈسىدە بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھەقىقى ئاكا-ئۇكىلاردەك مۇئامىلە قىلىمىز، بارلىق ئىشلاردا سىلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىمىز’’ دېگىنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكى، ‘‘سىلەر مەڭگۈ بىزدىن ئايرىلالمايسىلەر، سىلەرگە مەڭگۈلۈك ھۆكمرانلىق قىلىمىز’’ دېگىنىدىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ!

ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئازچىلىق كۆپچىلىككە قەتئىي بوي سۇنۇشنى بىردىن-بىر باش مىزان قىلىشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق قوشۇمچە قارارلارنى چىقىرىشمىسۇن، ھامىنى بۇ باش پرىنسىپ ئۈچۈن ھەرقانداق قارارلىرىنى قەتئىي رەت قىلىۋېتەلەيدۇ. يەنى بىر يېرىم مىليارد كىشىنىڭ قارارىغا قەتئىي بوي سۇنۇش ـ خىتاي مىللىتىنىڭ بىزدىن كۈتىۋاتقان دېموكراتىك مەيدانى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى خىتاي مىللىتى ۋە خىتاي مەنپەئەتىگە شەرتسىز بوي سۇنۇش دېمەكتۇر! ئۇلار بۇنى ئاتالمىش ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇقلار بىلەن گىرىم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا رەھىمدىللىك، سېخىلىق، خۇشخۇيلۇق، تېنچلىقپەرۋەرلىك تەرغىباتلىرىنى كەڭ تارقىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى بىلەن لىق توشقۇزىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۈستۈن خىتاي كۆچمەن نوپۇس ۋەزىيىتىنى يارىتىۋالغىنىدىن كېيىن، ھەرقانداق باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دېموكراتىك سايلاملاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۈستۈن ئاۋازغا ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش شارائىتىنى يارىتىش بولىدۇ. ئەسلىدە “ئاز سانلىق مىللەت” دېگەن سۆزنىڭ تىگىدىمۇ بۇ مەنا ياتماقتا ئىدى. ھەتتا خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇش، ئالداش، بىر-بىرىگە سېلىش، تەھدىت قىلىش، پارا بېرىش، باستۇرۇش شەكىللىرى بىلەن خىتايغا ئاۋاز بەرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈلۈك “كىچىك خىتاي دۆلىتى” ھالىتىگە كەلتۈرىۋېلىشنى يېڭى دېموكراتچى خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سىياستى قىلىپ بەلگىلىشىدىغانلىقىنى ھازىردىن تارتىپلا تەرغىپ قىلىشماقتا. ھالبۇكى، يېڭى دېموكراتچى خىتايلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقماي تۇرۇپلا، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئاۋال ھەرىكەت باشلىۋېلىپ، كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تەسىرى قالمىغان، يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قوشۇنىنى قۇرىۋالغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىۋېلىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستانىمىزغا خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنى يۆتكەش، بايلىقلىرىمىزنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىدىن جىددىي ئەنسىرەشمەكتە! شۇ سەۋەپتىن بىرقىسىم يېڭى دېموكراتچى خىتايلار “شىمالى شىنجاڭدا بىگتۈەن قىسىم-دىۋىزىيىلىرى، خىتاي ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن ئۈستۈن مىللىي تەركىۋىمىز بولغىنى ئۈچۈن، يەرلىكلەرنىڭ مەيلى تېررورلۇق ۋاستە قوللانسۇن، مەيلى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بولسۇن، شىمالدا

يەرلىكلەرنىڭ ئۆستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى ئېھتىماللىغى مەڭگۈلۈك ئاخىرلاشتى. ئەمما جەنۇبتا بۇ خىل ئۆستۈن نوپۇس نىسپىتىمىزنىڭ يارىتىلىشىغا ئىزچىل سەل قاراپ كېلىنگەچكە، ئۇ يەردىكى خەلق ھەمىشە زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن ۋەتەن بىرلىگىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. ئەگەر جەنۇپقىمۇ جىددى شەكىلدە ئاھالە كۆچۈرۈپ، ھەرخىل سانائەت رايونلىرى بەرپا قىلىنسا، يەرلىك خەلق مەدەنىي ھايات بىلەن ئۇچۇراشقىنىدىن كېيىن، ئۆز مىللىي داۋالىرى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتالماي پۇل غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇستەقىللىق داۋالىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى! ... كوممۇنىستلاربۇ جەھەتتە شىمالدا ھەقىقەتەنمۇ جۇڭخۇا مىللىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىدى. ئەمما جەنۇبتا بۇ ھەقتە ئىزچىل بولالمىدى، ..." دېگەندەك ئىچكى مۇلاھىزىلىرىنى قىلچە تەپ تارتماستىنلا ئاشكارە ئېلان قىلىپ تالاش-تارتىش قىلىشماقتا! (بۇ يېقىنقى يىللاردا، كوممۇنىست خىتايلار قەشقەرغىچە تارتىلغان تۆمۈر يول قاتنىشى ۋاستىسى ئارقىلىق دېموگراتچى خىتايلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرمەكتە ـ قايتا رەتلىگۈچىدىن) ھەتتا بىر قىسىم دېموكراتچى خىتايلار ئاشكارە ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، "بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئاز سانلىق مىللەت دېگەن ياۋايىلاردىن شۇنچە ئەنسىرەپ كېتىدىكەنمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن قورقۇپ كېتىدىكەنمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنچە كۆپ ئېتىۋارچىلىقلارنى سوغا قىلىشىدىكەنمىز؟ ... بىز قاچانغىچە ئۇلاردىن قورقۇپ تىترەپ ئۇلارنى ئەتىۋارلاش سىياستى بىلەن بورداپ يۈرىدىكەنمىز؟ ئۇلارنى مەجبورلايلى، باستۇرايلى، ئۇلارنى تىنىق تارتالماس قىلىۋېتىش، مىللىي ئالاھىدىلىگىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرىۋېتىش ئۈچۈن بارلىق چارىلارنى تولۇق ئىشقا سالايلى!" دەپ ماقالىلار ئېلان قىلىشىپ، موتىدىل دېموكراتىك خىتايلىرىنى مىللىي تەسلىمچىلەر دەپ تەنقىت قىلىشماقتا! بۇ خىل ماقالىلىرىدىن خىتاي يېڭى دېموكراتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستلاردىن قىلچىلىكمۇ پەرق قىلمايدىغان كەلگۈسى تاجاۋۇزچىلار بولىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە. يەنى خىتاي يېڭى دېموكراتچىلىرى ئۆز ئىچىدە يوقۇرقىدەك مۇنازىرىلەرنى قىلىشقىنى بىلەن، كەيىنگە ئۆرۈلۈپلا بىزگە قارىتىپ "شىنجاڭدىكى خىتايلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېموكراتىيىگە تەشنا بولىۋاتقان كىشىلەردۇر، شۇڭا سىلەر ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كوممۇنىست تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كۈچ چىقىرىش بىلەن شوغۇللىنىشىڭلار ئەڭ ئاقىلانىلىق ئىش

قىلغىنىڭلار ھېساپلىنىدۇ، ...” دەپ، بىزنىڭ مىللىي دۈشمىنىمىزنى غۇۋالاشتۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ياردەمچى كۈچى قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشماقتا ۋە بۇنىڭغا بىزنىڭ مۇھاجىر داھىيلىرىمىزمۇ ۋاستىلىق قوشۇلۇپ بەرمەكتە!

بۈگۈنكى كۈندىكى بىزنىڭ خىتاي دېموكراتچىلىرىغا قول بېرىشىپ خەلقىمىزنى تېنچ ھەرىكەتلەرگە رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىشىنىۋاتقان خىتايلىرى ئەنە شۇ خىلدىكى خىتايلاردۇر. بۇ تۈردىكى دېموكرات ھەۋەسكارلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا، مىللىي دۆلەت قۇرۇشىمىزغا ئىزچىل قارشى چىقىپ كەلگەن بۇرۇنقى خىتاي دېموكراتىك ھۆكۈمىتىگە يالۋۇرۇپ، “سىلەرنىڭ تولۇق مۇستەقىللىق تەلىۋىمىزدە بولىشىمىزدىن خاپا بولىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمىز، شۇڭا سىلەردىن ئايرىلماسلىق شەرتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستانغا يېرىم مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى ئالغان فىدىراتسىيە (مۇستەملىكە، ئاپتونومىيە) ھوقۇقىنى بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ قالىمىز، ئۇنداق قىلمىغىنىڭلاردا خەلقىمىز گېپىمىزنى ئاڭلىماس بولىۋېلىپ، سىلەرگە زىيان سالىدىغان قانلىق كۈرەشلەرگە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، ...” دەپ يىگىرمە يىل يالۋۇرۇپمۇ خىتاي كاتتىۋاشلىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭماقتا. بۈگۈن بۇ كىشىلىرىمىز بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقانمىدۇ ياكى ئۇنى ھېلىمۇ توغرا يول دەپ ئويلىشامدىغاندۇ؟ بىزنىڭ پېشقەدەم دېموكراتچىلىرىمىزنىڭ دېيىشكەنلىرىگە ماسلاشقان بۈگۈنكى ئاتالمىش يېڭى دېموكراتچىلىرىمىزمۇ: “خەلقىمىز بىزنىڭ توسقىنىمىزغا ئۇنىماي قۇراللىق كۈرەشتىن ئىبارەت سىلەرگە زىيان سالىدىغان خەتەرلىك يولغا قاراپ مېڭىشقا تىرىشماقتا، ...” دېيىشىپ، خەلقىمىزنىڭ جان پىدالىق بىلەن مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئاتلىنىش قىزغىنلىقىنى خىتايلىرىغا داتلىشىپ يۈرمەكتە!

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ تۈپكى پرىنسىپلىرىدىن بىرى شۇكى، كۆپ سانلىقنىڭ قانۇنلۇق بولۇش مەنتىقىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇشتۇر. ۋەتىنىمىزدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشۋالغان كۈنلىرىدە، بارلىق مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەسكىرىي، ئىلىم-پەن ساھەلىرى بويىچە ھازىرتىنلا مۇتلەق زومىگەرلىك ئورنىغا ئېرىشىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا يول قويۇشنى

تەرغىپ قىلىش ــ بۇگۇنكى دېموكراتىيە ھېساپلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىز خەلقىنى دېموكراتىيە ئۇسۇلىدا تېنچ ئەركىنلىككە ئېرىشتۇرۇشنى تەرغىپ قىلىش ھەرىكىتىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدە ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن باشقىچە ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ ھالدا دېموكراتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىۋاتىمەن دېگۈچىلەرنىمۇ نۆۋەتتىكى تەسلىمچىلەرنىڭ يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى دەپ قارىشىمىز شەرت! تەسلىمچىلىك دېمەك ــ ۋەتەنگە خائىنلىق بولىدۇ!

ھالبۇكى، بىزنىڭ خەلقىمىز خىتاي دېموكراتىيىسىگە ــ يەنى ئىمپورت قىلىنغان دېموكراتىيىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللىي ئىستىگىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان، مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان ئۆزىگە خاس مىللىي دېموكراتىيىگە مۇھتاجدۇر. مىللىي دېموكراتىيە ــ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قەتئىي تۈردە مىللىي مۇستەقىل دۆلىتى ۋاستىسى ئارقىلىق دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، بارلىق ھۆر دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مانا بۇ ــ بىز ئارزۇ قىلغان دېموكراتىيە! بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، دېموكراتىيە ــ ھېچبىر زامان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ئۇسۇلى بولالمايدۇ. ئۇ پەقەتلا مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈملا بولالايدۇ، خالاس. شۇڭا، دېموكراتىيە تالاش تارتىشى پەقەت مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنلا تىلغا ئېلىنىدىغان بىر سىياسىي تاللاش ھادىسىسىدۇر. مۇستەملىكە ھالدا تۇرۇپ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىمىز دەيدىكەنمىز، مۇتلەق تۈردە بىر يېرىم مىليارد خىتاي مەنپەتى ئاساسىدا بىزگە ئىلتىپات قىلىنغان دەرىجىدىلا دېموكراتىيەگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداق بولماي، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 'مىللىي مەنپەئەتلىرى ' نى ئالدىنقى شەرت قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان بۇگۇنكى ياكى بۇندىن كېيىنكى ھەرقانداق مۇستەملىكە تۈزۈمى ئاستىدا، مىللىي دېموكراتىك مەنپەئەتىمىزنى كىچىككىنە بولسىمۇ تىلغا ئالىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ ئۇرۇنۇشىمىز مۇتلەق تۈردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زىيىنىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىش بولۇپ روي بېرىدۇ.

دەرۋەقە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بەزى زۆرۈرىيىتى بولمىغان، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۈچۈن بىھۇدە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان بەزى سۈركۈلۈشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا

چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خەلقىمىزگە قىسمەنلىكتە بەزى دېموكراتىك ھەقلىرىنى بېرىشكىمۇ مەجبۇر قېلىشى مۇقەررەر. ئەمما بۇ تۈردىكى يول قويۇشلار يېپىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش، كۆرۈنۈشتىكىلا يول قويۇش بولۇپ قالىدۇ. يەنى، مەلۇم بىر داڭلىق پېشقەدەم ماتېماتىكچىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ دېگىنىمىزدە، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەملىكە قىياپىتىنىڭ تېنچ داۋاملىشىپ بېرىشىنى بىر كەسرىنىڭ قىممىتى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ ھالدا، بۇ كەسرىنىڭ سۈرىتى خىتايلارنىڭ دېموكراتىك ھەققىنى كۆرسىتىپ بەرسە، مەخرىجى مىللىي دېموكراتىيىمىزنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش، مەخرەج چوڭايسا كەسرىنىڭ قىممىتى كىچىكلەپ، سارەت چوڭايسا كەسرىنىڭ قىممىتى چوڭلاپ بارىدۇ. ئەمما بۇ كەسرىنى قىممەتكە ئېرىشتۈرىمەن دەيدىكەن، مۇتلەق تۈردە مەخرىجىنى نۆلدىن چوڭ تۇتىشى كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ كەسرىنىڭ قىممىتىنى چوڭ تۇتىمەن دەيدىكەن، مۇتلەق تۈردە سۈرىتىنى چەكسىز چوڭايتىشقا، مەخرىجىنى چەكسىز كىچىك تۇتۇشقا تىرىشىش كېرەك.

بۇ نۇقتىغا كەلگەندە مۇستەملىكە دېگەن بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىپ بېقىشىمىز زۆرۈرمۇ قانداق؟ يەنى مۇستەملىكە دېگەن نېمە؟ بۇ ئاتالغۇدىن، يېقىنقى تارىختىن بۇيان بېيىشنى مەقسەت قىلغان بىرقىسىم كىچىك ياكى ئادىمى شالاڭ زومىگەر ئەللەرنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى تىزگىنى ئاستىغا ئېلىپ ئىشلىتىشى دېگەنگە مائىل بىر ئۇقۇم چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ھالدا، ۋەتىنىمىزنى قىرىق توققۇزىنچى يىلىنىڭ ئالدىدا مۇستەملىكە ھالىتىدە ئىدى دېيىشكە بولماسمۇ؟ ئەڭ كېچىكتۈرگىنىمىزدىمۇ ئەللىك سەككىزىنچى يىلدىن بۇرۇنقى ۋەزىيىتىمىز مۇستەملىكە ھالىتىنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. ئەمما شۇندىن ئېتىۋارەن، ۋەتىنىمىز خىتاي يۇرتى قىلىنىش ئۈچۈن بېسىۋېلىنماقتا. بىز بۈگۈن مۇستەملىكە ئەمەس، ۋەتىنىنى خىتايلار يۇتىۋېلىۋاتقان بىر خەلقىمىز. يەنى، بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىزنى ھىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ يۇتىۋالغان غەربى پولشانىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشۇتۇش مۇمكىن. ئۇنداقتا، بىزدە مۇستەملىكە ئەللەرگە خاس دېموكراتىيىمۇ مەۋجۇتلۇق شەرتلىرىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقان بولىدۇ.

بىز يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ تارقىتىپ يۈرگەن مىللىتىمىزگە ھاقارەتلىك پەس كۆرۈدىغان بىر پەتىۋاسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىشىمىز كېرەك:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر يوشۇرۇن قارارىدا ئۆزىنى مۇستەقىل سوراش ئىقتىدارى بولمىغان ياكى بۇنداق ئىقتىدارىنى يوقاتقان مىللەتلەرگە مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا يول قويمايدىكەن، چۈنكى، بۇنداق ئىقتىدارسىز مىللەتلەر مۇستەقىل بولىۋالغاندىن كېيىن دۇنيا تىنچلىقىغا بالا بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىشىدىكەن! شۇ سەۋەپتىن ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە دۇنيا چوڭلىرى قۇلاق سالمايۋاتقانمىش!

بۇ، سېپى ئۆزىدىن ئىرقچى بىر كۆز قاراش بولۇپ، خەلقىمىزنى بۇنداق دەپ قارايدىغانلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: ئۇنداقتا، سىلەر بىرىپ شۇ ب د ت ياكى ئا ق ش دىن ”ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ياشىيالىغىدەك ئەقلى يوق“ دېگەن دىئاگنوزدىن بىرنى قويدۇرۇپ كېلىڭلار! بۇنداق قاراشتىكى كىشىلىرىمىز بىلەن زاكونلاشقىچىلىكگى يوق!

بىز بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىمۇ خەلقىمىزنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىمۇ خۇددى دېموكراتىيە مەسىلىسىگە ئوخشاشلا مىللىي ئايرىمچىلىقلارنى تونۇمايدىغان ھەمدە مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ نامايان بولالايدىغان قوشۇمچە سىياسىي تۈزۈمدۇر. شۇڭا، بۇ مەسىلىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنلا قارارلاشتۇرۇشقا بولىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم تەلپىگە قاراپ ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان مەسىلە بولغاچقا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ چارىسى بولالمايدۇ. مۇستەملىكە شارائىت ئاستىدا بۇ مەسىلىنى تەكىتلەش، بىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا مەڭگۈ قۇل بولۇشىمىزنى تەرغىپ قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى، كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپلىرى مىللەت، دۆلەت چەكلىمىسىگە ئۇچۇرىمىغان ئاساستا، مۇئەييەن بىر تۇپراقتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنى تەڭ باراۋەرلىك كۆزى بىلەن قاراشنى تەرغىپ قىلىدىغان بولغاچقا، ”ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ بۇ تۇپراقلاردا ئىقتىدارىغا قاراپ ئادەمدەك ياششى، بارلىق ھەق-ھوقۇقلاردىن ئىقتىدارىغا قاراپ شەرتسىز  پايدىلىنالىشى قەتئىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى“ ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. بۇمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈ بېسىپ يېتىشىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ياردەمچى بولغانلىقىنىڭ بىرخىل باشقىچە كۆرۈنۈشىدۇر. بۇنىڭ

ئاقىۋىتى ئوخشاشلا ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغانلىق بىلەن تەڭ مەنىگە كېلىدۇ.

ئەسلىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ياكى ئىسلاھات قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن تۇنجى قېتىم فرانسىيىدە يەتتى ماددىلىق كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنى ئ ۆز ئىچىگە ئالغان «كىشىلىك ھوقۇق» نامىدىكى كىتابچە ھالىتىدە ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياۋروپالىقلارغا رەسمىي تونۇتۇشقا باشلانغان بىر چۈشەنچە ئىدى. ئەينى ۋاقىتلاردا فرانسىيە فېئودال قالدۇق ھۆكۈمىتىنى ئۆز خەلقىگە ئىنساندەك ياشاشنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، فرانسىيە فېئودال ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق چەكلىشى بىلەن ئېلان قىلىنمىغان بۇ كىتاب، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش بەدىلىگە سىرتتىن بېسىم پەيدا قىلىش مەقسىدىدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى ۋاشىنگتونغا سوغات قىلىنىش ۋاستىسى بىلەن ئا ق ش دا ئېلان قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن ئىدى.

يەنى، ‘مەدەنىي دۇنيا ’ جامائەتى كىشىلىك ھوقۇق تەلىماتلىرى بىلەن بۇندىن ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئاۋۋاللا تونۇشۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، تاكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە تۈزۈگىرەك بىرەر تەسىر قوزغىيالمىغان ئاجىز تەلىماتلاردىن بىرى ئىدى (بەزى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ داڭلىق نوتۇقلىرىدىن بىرى بولغان «ۋىدالىشىش خۇتبىسى» مۇ ئەڭ مۇكەممەل ‘كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى’ بولالايدۇ دېيىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى بىز بۇ تەلىماتلارنىڭ بۇ خىل مەزمۇنىدىن ھازىرغىچە بىخەۋەر بولۇپ كەلمەكتىمىز!). ئادەم ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان س. فرېۇدنىڭ رىقابەتچى ۋاستىلىق شاگىرتلىرىدىن بولغان ئا. ماسلوۋ، ئىنساندىكى تەبىئى ئېھتىياجلارنى تەتقىق قىلىپ قاتارغا تىزىپ، ئىنسان ئوغلىنىڭ قاتلاملىق تۈپكى ئېھتىياج نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئىلمىي نەزىرىيىلەر بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر مەزگىل “ئۈچىنچى ئىدىيىۋى دولقۇن” دەپ داڭ چىقارغان ھەرىكەت ھالىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، دۇنيادا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان كىشىلىك ھوقۇقنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالايدىغان تۈزۈگىرەك بىرەر دۆلەت چىقىپ باقمىدى. ھەتتا كىشىلىك

ھوقۇقنىڭ ‹ئاتىسى› ھېساپلىنىۋاتقان ئامېرىكىدىمۇ تا يەتمىشىنچى يىللارغىچە ۋەھشى ئېرىقچىلىق داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. ھازىرمۇ ھەرقانچە ئىلغار دەپ تونۇلغان ‹مەدەنىيەتلىك› دۆلەتلەردە يەنىلا ئېرىقچىلىق، مىللەتچىلىك، دىنىي دۈشمەنلىك، نادانلارنى، ئاجىزلارنى ۋە نامىراتلارنى خارلاش، ... ئىشلىرى قانۇنلۇق ياكى يوشۇرۇن شەكىللەردە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. گەرچە بۈگۈن بىرقىسىم ئەللەر كىشىلىك ھوقۇقتا ئالاھىدە ئېتىۋار قىلىدىغان قىياپەتلەرنى ئىپادىلەشكەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەنە شۇ ئەللەرنىڭ قاپ مەركەزلىرىدە بوشناق مۇسۇلمانلىرىنىڭ، كوسوۋا ئالبانلىرىنىڭ ۋە چېچەنلەرنىڭ، پەلەستىن ئەرەپلىرىنىڭ، ئىراقلىقلارنىڭ، ئافغان مۇسۇلمانلىرىنىڭ، كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، ... ۋەھشىيانىلىق بىلەن ئەڭ ئىلغار دەپ تونۇلغان ئەللەر ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربى كۈچلىرى تەرىپىدىن ئەڭ زامانىۋى ئۇرۇش قۇراللىرى بىلەن قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭمۇ دۇنيادا تېخى ئورتاق بىر چۈشەنچە ھالىتىگە كېلىشتىن بەكلا يىراقتا تۇرغانلىقىنى كارۋۋېلىش مۇمكىن. يەنى، بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ يەنىلا دىنىي، مىللىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي، ھەربى ۋە ئېرقى تۈسلەرگە بېقىنىدىغان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ئۇچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئەنە شۇنداق ھالدا تۇرىۋاتقان بىر چۈشەنچىنى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمەن دېيىش، يەنە كېلىپ پۈتكۈل تارىخى بويىچە كىشىلىك ھوقۇق دېگەنگە مائىل ھەرقانداق قاراشلارنى ئاجايىپ غەلىتىلىك ھېس قىلىدىغان، ئۆلگەن ئادەم تۇرماق، چالا تۇغۇلغان بالىلىرىنىمۇ قورۇپ يەۋېتىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىغا تايىنىپ تېنچ مۇستەقىللىقنى ياكى قانداقتۇر بىرەر ھۆرلۈكنى ئالالايمەن دەپ ئىشەنگۈچىلەرنى "تۆتىنچى دوختۇرخانا" غا ئاپىرىپ قويۇشقا تىگىشلىك كىشىلەر دەپ گۇمان قىلماقتىن باشقا چارىمىز يوق!

خوش، تەڭ باراۋەرلىك مەسىلىسچۇ؟ يەنى بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز خىتايلار بىلەن ھەر جەھەتتە تەڭ باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ تەڭلىك قانداق ئىپادىلىنىشى كېرەك؟ ھەر ئىككى مىللەتنىڭ نوپۇس سانىغا قاراپ تەڭلىك تەلەپ قىلىش بولغىنىدا، 45-يىلى خىتاي بىلەن يەرلىك نىسبىتى بىرگە يۈز ئىدى. شۇڭا ۋەتىنىمىزدىكى مەنپەئەتلەرنىڭ يۈزدە توقسەن توققۇزى

يەرلىكلەرنىڭ مەنپەتدار بولىدىغان تەۋەسىدە تۇرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما خىتاي نوپۇسى بۈگۈنگە كەلگىچە نەچچە يۈز ھەسسە كۆپىيىپ يەرلىكلەر بىلەن نىسبىتى تەڭلىشىپ قالماقتا، يەنى مەنپەتدارلىقنىڭ يۈزدە 50 قىسمى يەرلىكلەرگە تەۋە بولۇشقا كامايىتىلىشى كېرەكمۇ؟ كەلگۈسىدى يەرلىكلەر خىتاينىڭ ئۇندا بىرىگە چۈشۈپ قالغىنىدىچۇ؟ پۈتۈن بىلىم مەنبەسى خىتايچە بىلەن مونوپولىيە قىلىنغان بىر ئەھۋالدا، سەۋىيىدىكى تەڭلىك قانداق ئىشقا ئاشۇرىلىشى كېرەك؟ بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىكى تەڭلىك قانداق ئىپادىلىنىشى لازىم؟ خىتاي تۇپراقلىرىدا بىزلەرنىڭ تەڭلىك تەلىۋىمىز قانداق بولىشى كېرەك؟ چۈنكى خىتايلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئەركىن پائالىيەت قىلالىغان ئىكەن، بىزمۇ ئۇلارنىڭكىدە تەڭ ھوقۇققا ئىگە بولىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

بۇ ھەقتە بۇنچە كۆپ گەپ سېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، مېنىڭ ۋەتىنىمدە ياتلار بىلەن تەڭ-باراۋەرلىك نىمە قىلسۇن! بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم، خىتاينىڭ قىلچە ھەققى يوق! دىمەك، تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مىللىي سىياسەت دىگەن مەسىلە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ۋەتەننى خىتايغا بېرىۋېتىش ـ تەڭ-باراۋەرلىكنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى بىردىن-بىر ئالدىنقى شەرتى!

بۇ يەردە مۇھىت بۇلغۇنۇشلار ھەققىدە شىكايەتلەرنىمۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ دەپ ئىشەنگۈچىلەرنى باھالاپ ۋاقىت زايا قىلماي، ئۇنداقلارنى ۋەتەنپەرۋەرلەر تىزىملىكىدىن قەتئىي چىقىرىپ تاشلاشلا كېرەك. ئەگەر بۇنداقلار مىللىي مۇستەقىللىق كۈنلىرىمىزنى كۆرەلىگىدەك ياشىيالىسا ھەمدە شۇ چاققىچە ئىلغار ۋە كۈچلۈك ئەللەرنىڭ قولى بىلەن بۇلغىنىۋاتقان يەر شارى مۇھىتى قۇتقۇزۇشقا بولىدىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ تۇرالىغىنىدا، ئۇلارنى شۇ چاغدا بىرەر ئىشخانا بېرىپ ئىشلەتسە ئاز-تولا پايدىسى تېگىپ قالارمۇ-بىلمىدۇق.

بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاساسەن ئالغاندا تېنچلىقچى ئەقىدىگە ئىگە كىشلىرىمىز ئارىسىدا شۇئار ھالىتىدە پات-پات ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغان تۇرانچىلىق، پان تۈركچىلىك، پان ئىسلامچىلىق ئۇقۇملىرى ھەققىدىمۇ مەيدانىمىزنى ئېنىقلىۋېلىشقا مەجبورمىز:

بىز بۇ كىتاۋىمىزدا بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەرنى ھەرىكەت ئىدىيىسى قىلىۋېلىشنىمۇ تەنقىتلەپ ئۆتىمىز. ئۇنداقتا، بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەر خاتا

ئەقىدىلەرمىدى؟ ياق، ئۇنداق دېيىشكە ھەققىمىز يوق. ئەگەر تۈرك دۇنياسى مۇسۇلمان تۈركلەرنى ئاساس قىلىدىغان، ياكى مۇسۇلمان-بۇددىست-شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بارلىق تۈركى تىللىق تۇران خەلقلىرىنى ئىقتىسادىي، مەدەنىي،ئىلمىي، دىپلوماتىيە، بىخەتەرلىك، ... قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئورتاق ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئىقتىسادى، مەدەنىي ياكى دىپلوماتىك گەۋدە ھالىتىگە كەلتۈرەلىگىنىمىزدە، خۇددى ئانگىلو ساكسونلاردەك، ئىسلاۋيانلاردەك، ئىسكاندىناۋىيىلىكلەردەك تۈرك ياكى تۇران ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرەلىگىنىمىزدە، ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان قۇدرەتلىك دۇنياۋىي گەۋدە ھالىتىگە كىلەلىشىمىزدىن قىلچە گۇمان قىلمايمىز. بۇ ھەقتە تەتقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى تۈركولوگلار، تۈرك ياكى تۇرانىلىقلار ئەنە شۇنداق بىر گەۋدە ھالىتىگە كەلمەي تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ دەپ مۆلچەرلەشمەكتە. ئەپسۇسكى، تۇران-تۈرك قەۋملىرىنىڭ نۇرغۇن قىسمى رۇسسىيە تەسىرىدە بۇلغىنىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى خىتاي تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن، قالغان پارچىلىرىمۇ قالاق ئەرەب-پارس دىنىي ئەقىدىلىرى ئىچىدە بۇرۇختۇرما بولۇپ يۈرگەن بىر ئەھۋالدا تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئورتاق بىر گەۋدە ھالىتىگە كېلىش تۇرماق، ئۇرۇغ-ئەۋلادىنىمۇ ئۆيىگە سىغدۇرمايدىغان قىتىغۇر ھالغا كەلتۈرۈتىلگەن بولغاچقا، ئۇلاردىن ھەرقانداق بىر ئورتاق گەۋدە يارىتىشنى تاما قىلىش، ھەتتا بۇ ئىشنى يالغۇز ئۇيغۇرلاغا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، پۈتۈنلەي پانتازىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى، بەزى ئەقىدىلەر توغرا بولغىنى بىلەن، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانى قالمىغان ياكى بولمىسا بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلار باش قاتۇرۇپ ھەل قىلالىغىدەك ئىمكانىيەتلەرنى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدىغان بىر خىل چۈشەنچە بولغاچقا، بۇنداق ئەقىدىلەرنى بۈگۈنكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئىدىيىسى قىلىشقا ئۇرۇنىشىمىزنىڭ قىلچە مەنىسى يوق. ھەتتا تاماخورلۇقنى، قۇرۇق ئۈمىدلىنىشنى، بولۇپمۇ تېنچ ساقلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئىنتايىن زىيانلىق كۆزقاراش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بۇرۇنقىدەك يالغۇز خىتايلارلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىسلاۋيان دۇنياسى، ھەتتا ئەرەب- ئىسلام دۇنياسىمۇ بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەرگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشماقتا. ئۇيغۇرلار بۇنچە كۆپ دۈشمىنى بار بىر

ئەقىدىنى مىزان قىلىپ ئالغىنىدا، بىر قەدەممۇ ئىلگىرلىيەلمەيدىغانلىقىدا شەك يوق!

يوقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ بولمىغان دېموكراتىيىگە، خەقنىڭ قولىدىكى كىشىلىك ھوقۇققا تاما قىلدۇرۇش، پاراۋانلىشىۋېلىپ ئاندىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋېلىپ تۇرۇپ ئاندىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش، مەدەنىيىتىمىزنى، سەنئىتىمىزنى، مىللىي تەنتەربىيىلىرىمىزنى ياكى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى تەرغىپ قىلىپ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش، دىنىنىڭ بەش پەرزىنى ئىجرا قىلىپ ئاللادىن مۇستەقىللىق تىلەش، ... دېگەندەك پانتازىيىلىك، ھەتتا ئاخماقانىلىق تەدبىرلىرىگە قىزىقتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى، شەكلى ئۆزگەرگەن تېنچلىق يولى بىلەن ۋەتەن ئازاد قىلىش تەرغىباتلىرى بولۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە قىلچىلىكمۇ توسقۇنلۇق رولى يوقتۇر. خىتاي تاجاۋۇزچىلار نوپۇسىنىڭ ئارتىپ كېتىشىگە پىسەنت قىلمايدىغان ھەتتا ياردەملىشىپ بېرىدىغان بۇنداق چۈشەنچىلەرگە قىزىققۇچىلارنى خىتايغا ياردەم قىلىۋاتقانلار دەپ قاراشقىلا بولىدۇ.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ھەرقانداق ۋاستە بىلەن ياردەم قىلىش ـ ۋەتەنگە خائىنلىقتۇر!!!

## 1.9§ تېنچلىققا دائىر مەسىلەر

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشقا ھەتتا ۋاستىلىق ياردىمىمۇ تەگمەيدىغان ئۇسۇللارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ‘تېنچلىق ئۇسۇلىدا چەت دۆلەت كۈچلىرىگە تايىنىپ ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىش’ ئىدىيىسىگە چوقۇنۇشنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ھالبۇكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرىز قىلىۋېلىشىدا پايدىلانغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قۇراللىمۇ ئوخشاشلا ‘تېنچلىق سۆھبىتى’ ئويۇنى ئويناشتۇر! بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى گەندىنىڭ ‘پاسسىپ قارشى چىقىش’ ھەرىكىتىگە تەڭ كېلەلمەي ھىندىستاننى مۇستەقىل قىلىپ بەردى دەپ قارىشىپ،

ۋەتىنىمىز خەلقىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تېنچلىق شەكلىدىكى جان ئاغرىتمايدىغان ھەرىكەتلەرگە قىزىقتۇرماقتا. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەينى ۋاقىتىدىكى يېرىم مىليارىدقا يېقىن نوپۇسلۇق ھىندى يېرىم ئارىلىدا ئارانلا ئىككىيۈز ئەللىك مىڭ نەپەر ئېنگلىز نوپۇسى بىلەن نەچچە ئونمىڭدەكلا قۇراللىق ئەسكىرى بار ئىدى. شۇنىڭدەك، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نېھرو ۋە جەنناھ قاتارىدىكى نۇرغۇن داھىيلار رەسمىي قۇراللىق كۈرەش ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش پارتىزانلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندى ئوكيان ۋە تېنچ ئوكيان ئۇرۇشىغا ئېغىر توسالغۇلۇقلارنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئورتا ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ تېنچ مۇستەقىل بولىشىدىكى ئامىللارمۇ ھەرگىز 'تېنچ پائالىيەت' لىرىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى، رۇسلارنىڭ پايانسىز كەتكەن زېمىنلەرگە ئۈنچىدەك چېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن، يەرلىك خەلقلەرنىڭ يۈكنى تەڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىغا چىدىماي كېلىشۋاتقانلىقىنىڭ ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان كوممۇنىزم تۈزۈمىدىن زېرىككەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەھۋالى يوقۇرقىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئەھۋالدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇ ئەللەردىكى مۇستەملىكە خەلقلەرنىڭ قولىدا بار ئىجابى شارائىتلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىگە بولمىغان ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالدا تۇرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. يەنى تەڭ ئەسكەر بولۇش، تەڭ ھاكىمىيەت سوراش، تەڭ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش، نوپۇس ئورنى چەكلىمىسى بولماسلىق ... قاتارلىق ئىمتىيازلار بىزدە يوق دېگىدەك ھالەتتە بولۇپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋەتىنىمىزدە تېنچ ئۇسۇللاردا مىللىي ھۆرلۈك دېگەندەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قاراشلار پۈتۈنلەي ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

يېقىن تارىخىمىزدىن مىسال ئالساق، گەرچە ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە كېڭىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ يېگىرمىنچى ئەسىر زەپەر مارشىنى باشلاپ بەرگەنىدى. بۇ قوزغىلاڭ ئىنتايىن توغرا بىر شارائىتتا ۋەتىنىمىزگە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاياق باسىدىغان دەرۋازىنى قامال قىلىۋېلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ

بەرگەن ئىدى. قۇمۇللۇقلارنىڭ غۇرۇر بىلەن تىللاردا داستان قىلىدىغان بۇ شەرەپلىك ھەرىكىتى باشقا يۇرتلىرىمىزنىڭ ئاۋاز قوشۇشىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاچقا، ئىلاجىسىزلىقتىن پۇرسەت كۈتۈش مەقسىتىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبەت تەلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر قالغانىدى. ۋاھالانكى، ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈ خىتاي يېرى قىلىۋېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ھېساپلىشىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 'تىنچلىق سۆھبىتى' نى قۇرال قىلىپ، قوزغۇلاڭچىلىرىمىزنى قاپقانغا چۈشۈرۈپ قىرىپ تاشلىدى! تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچىلا بىرقىسىم كىشىلىرىمىز خاتا مەنتىقىلەر بىلەن بۇ شەرەپلىك ھەرىكىتىمىزنى باھالاشقانلىرىدا، "تۆمۈر خەلپە خىتايلارنىڭ ئالدىمىغا ئىشىنىپ ئۇرۇشنى توختۇتۇپ سۇلھىگە ماقۇل بولغانىدى" دېيىشكەنىدى. ئەسلىدە مەسىلە ئۇنداق بولماي، ئەينى ۋاقىتدا تىنچلىقچىلارنىڭ ۋەتەن ئازادلىق ھەرىكىتىدە تۇتقان خاتا يولىنىڭ تۈنجى بىخلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، خەلقىمىز تاجاۋۇزچى خىتايلارغا قارشى جەڭگە كىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنلىگىنىڭ، توغرىسى بۇ ھەقتە ئۆز ۋاقتىدىكى 'ئاقىللىرىمىز' دىن خەلقىمىزگە قارىتا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدا بىرەر رىغبەتلەندۈرۈش تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللانمىغانلىغىنىڭ نەتىجىسىدە قوزغۇلاڭنى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دەرىجىسىگە يۈكسەلتىش ئىمكانى بولماي قالغانلىقىنى تۈپكى سەۋەپ دېيىش مۇمكىن ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، شۇ دەۋرلەردە بۆگۈنكى كۈندە تەرغىپ قىلىنىۋاتقان ئومۇمىي خەلق مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپى ئۈچۈن تىنچ كۈرەش قىلىش ئۇسۇللىرىنى ھەرىكەت شەكلى قىلالىغان بولسا، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولالايتتى دېيىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

قۇمۇل خەلقى شۇ قېتىمقى ھىمايىچىسىز قالغان ھەرىكىتىدىن كېيىن، باشقا يۇرتلاردىن قوزغىلاڭ كۈتۈۈلۈشنى كۈتۈپ يىگىرمە يىل چىداپ تۇرۇپ باقتى. ئەپسۇسكى، بۇ جەرياندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆز ئىچىدە شۇنچە زىدىيەتلىشىپ بىر-بىرىنى يېيىشىۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتلەرگە قارىماي، باشقا يۇرتلىرىمىزدا تىلغا ئالغۇچىلىگى بار بىرەر قوزغىلاڭ ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرلۈك تەلەپلىرى مەيدانغا كەلمىدى. بۇنىمۇ 'تىنچلىقپەرۋەر ' زاتلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ۋەتەن مۇستەقىللىقى ھەققىدە تەشۋىقات قىلىشلاردا مىتىمۇ قىلماي جىم يېتىۋېلىشقانلىغىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. قارىغاندا بۇ ۋەزىپە يەنىلا

قومۇل خەلقىنىڭ ئاستىگە چۈشكەندەك قىلاتتى. غوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدا قايتا قوزغالغان قۇمۇل خەلقى شۇنچە مۇشەققەتلىك شارائىتلارغا قارىماي، دۈشمەنگە قارشى كەينى-كەينىدىن زەپەر مارشى ياڭرىتىپ بىرەر يىل بەرداشلىق بېرىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا يۇرتلىرىدىن بۇ ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشۇش تىۋىشى چىقمىدى. يەنى خەلقىمىز ئاقىللىرىمىز تەرىپىدىن قۇراللىق كۈرەشتىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان، ھەتتا يىرگىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە قاراپ يېتەكلىنىپ كېلىنگەچكە، ئىككىنچى قېتىملىق قۇمۇل خەلقىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىشىگە ئاۋاز قوشۇش ئېھتىمالى دەسلەپكى يىلىدا كۆرۈلمىدى. بۇ ھالەتنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز سەزگەنلىگى نامەلۇم، غوجا نىياز ھاجىم ئىشنى قۇمۇل دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويغان بىلەن بۇ يۇرتنى ئاخىرقى ھېساپتا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتقازغىلى بولمايدىغانلىغىنى كۆرۈپ يەتتى ئەتىمالىم، ئۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى باسقۇچىغا كۆتۈرۈپ، بۇ ھەرىكىتىنى ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يىغىلىش مەركەزى بولغان ئۈرۈمچى تەرەپكە كېڭەيتىشكە ئاتلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغقا كەلگەندىلا، ئىختىسادىي جەھەتتە خىتاينىڭ نۇرغۇن تۇسالغۇلىرىنى كۆرگەن مۇسۇل ھاجىم بىلەن مامۇت مۇھىدى قاتارىدىكىلەر تۇرپان خەلقىنى غوجا نىياز ھاجىم ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەسلىدىلا ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مىغىلداپ كۆپىيىپ، پۇت قويغىدەك يەرمۇ قالمايدىغانلىغىنى ئالدىن كۆرەلىگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارىدىكى جەڭگىۋار ۋە ئىلغار كىشىلىرىمىز تۇرپان خەلقىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىش ھەققىدە تەشۋىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەلگىلىك ئاساس يارىتىپ قويغانىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىنتايىن شالاڭ بولغان خوتەن ئەتىراپىدىمۇ بىرقەدەر ئىلغار دىنى زاتلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەتلىرىمۇ خوتەن خەلقى ئارىسىدا مىللەتنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىگە تەييالاۋاتقان بولغاچقا (گەرچە بۇ ھەرىكەت كېيىنچە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غوجا نىياز قوزغۇلاڭچىلىرى بىلەن دېگەندەك ماسلىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ)، بۇ ئىككى يۇرت خەلقى سەل كېچىكىپ بولسىمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق شەكىللەردە قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغۇلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشقا باشلىدى. شۇ چاققا كەلگىچە خەلقىمىز ئەڭ زىچ

جايلاشقان قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، كورلا، ئۈرۈمچى تەرەپلەردە بۇ تۈردىكى تەشۋىقات بىلەن شوغۇللىنىدىغانلار كۆرۈلمىگەچكە ياكى بەكلا ئاجىز كېلىپ قالغاچقا، ئۇ يەرلەردىن قوزغالغان قوزغىلاڭلار ئۆزلۈكىدىن ئۇرۇش بوسۇغۇسىغا كەلمىگىچە باشلانمىدى ياكى باشلانسىمۇ ماسلىشىشچانلىقى دېگەندەك بولماي قالدى. نەتىجىدە غوجا نىياز ھاجىم سىموۋۇللىقىدىكى بۇ قوزغىلاڭ ئىلاجسىزلىقىدىن ھەتتا خىتاي تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم تىلەش دەرىجىسىگىچە چۈشۈپ قېلىپ، ئاقىۋەتتە بۇنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى. ۋەتىنىمىز خەلقى تا ئاپپاق غوجا خائىنلىقىنى كۆرسەتكەن يىللاردىن تارتىپ تېنچلىققا ئادەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇلغاچقا، شۇنچە ئېغىر ۋەزىيەتكە قارىماي، مىڭ بىر باللاردا ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى ئۆلكىلىرىگە كېڭەيتىلىۋاتقان بۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قىيىنچىلىق ئۈستىگە قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئىچكى جىدەللەر قاينىمىغا پېتىپ قېلىپ، غەلىبە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ خەلقنى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىن چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۈمۈتسىزلىك ۋەھىمىسى بېسىۋېلىپ، ۋەزىيەت ئوڭشالغىچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۇرۇش توختۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغانىدى. يەنى، ئۇ دەۋىرلەردىن تارتىپلا خەلقىمىز ئارىسىدا جەڭگىۋارلىق تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئورنىغا تېنچلىقنى مەدھىلەيدىغانلارنىڭ تەشۋىقاتى ئاساسى ئورۇنغا ئۆتىۋاتقان بولغاچقا، شۇنچە داغدۇغىلىق خەلق ئىنقىلابى غەلىبە كۆرۈنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە خەلقىمىزنىڭ تولۇق ھىمايىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانىدى. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەغلۇبىيىتىنىمۇ بۈگۈنكى تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى تېنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ تەشۋىقاتىدىن ياكى ئەينى يىللاردىكى جەڭگىۋار تەشۋىقاتلارنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن كۆرمەي، ھەممە ئىشنى غوجا نىياز ھاجىنىڭ سۈلھى قىلىشىغا ياكى رۇسلارنىڭ مۇداخىلىسى ئۈستىگىلا ئارتىپ قويۇش خاھىشىنى ئىپادىلىشىپ كەلمەكتە. ھەتتا خېلى كۆپ قىسىم تېنچلىقپەرۋەر كىشىلىرىمىز بۇ خەلق ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى بولغان غوجا نىياز ھاجىمنى گويا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئىنقىلاپ باشلانماي تۇرۇپلا يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگەن جاسۇسلاردىن پەرقسىز ھالغا كەلتۈرۈپ تەشۋىق قىلىشلارغىچە بېرىپ يەتكەنمۇ بولدى.

تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە سالغان

زىيىنى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن بولدى دېيىش مۇمكىن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى شەرقىي تۈركىستان دۈشمەنلىرىنىڭ ۋەتىنىنى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئەجەللىك مەغلوبىيەتلەرگە ئۇچراتقان دەسلەپكى پايدىلىق پۇرسەتلەرنىمۇ ئەنە شۇ خىلدىكى تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىزنىڭ تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە بەكلا كېچىكىپ قولغا كەلتۈرگەنىدۇق. ياكى، قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ ئاقىللىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قۇراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىش تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللىنىش ئورنىغا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن يارىشىپ ئۆتۈش تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللىنىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ كەلگەچكە، قولىدا تۈزۈك ھەربى كۈچىنىڭ تايىنى بولمىغان، خەلقىمىزنىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن تايىنى يوق بىر خىتاي مىللىتارىسى بولغان جاللات شىڭ شىسەيىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئون يىل جىم يېتىپ بەرگەن بولدۇق. بۇ قېتىممۇ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى ‘جاھاننى بىلىدىغان ئاقىللىرىمىز’ باشلاپ بەرگەن بولماي، كىچىگىدىن تارتىپلا سادىر پالۋان قاتارىدىكى جەڭگىۋار شائىر-باتۇرلىرىمىزنىڭ داستانلىرىنى ‘تونۇر بېشىدا ‘ ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ كەلگەن غېنى باتۇرلىرىمىزدەك ساددا باتۇرلىرىمىز باشلاپ بەرگەنىدى.

خەيرىيەت، ئېلى تاغلىرىدا غېنى باتۇر قوزغۇلىڭى باشلىنىپ تېز ئارىدىلا كېڭىيىپ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. چاقماق تېزلىگىدە غەلىبىسىرى ئىلگىرلەۋاتقان بۇ قېتىمقى مىللىي مۇستەقىللىق كۆرۈشىمىزمۇ ۋەتىنىمىز خەلقى ئىچىدە مۇستەھكەم ئاساس يارىتىۋالغان سۇلھپەرەسلىرىمىزنىڭ زور كۈچ بىلەن قۇتۇرىتىشى نەتىجىسىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ‘سۇلھى‘ قاپقىنىغا چۈشۈرۈلۈپ بۇگۈنكى پاجىئەلەرنىڭ ھولى يارىتىلغانىدى!

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ‘تېنچلىق ‘ بايرىغىنى كۆتۈرىۋېلىپ، ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرز قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ كەلگەن بولدى. شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز ئارىسىدا ھە-دەپ ‘تېنچلىق ‘ شاملى چىقىرىشقا ھېرىسمەن. ھەرقانداق بىر مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ‘‘سۆھبەت، تەكشۈرۈش، ئۆگۈنۈش كورۇسى، تەربىيە ھەرىكتى، ئېچىلىپ سايراش، ...’’ دېگەندەك ‘تېنچلىق ‘ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزنى مىللىي

جاسارىتىدىن، مىللىي مۇستەقىللىق غايىسىدىن، مىللىي ئازادلىق داھىي-يېتەكچىلىرىدىن، مىللىي قەھرىمانلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. "شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ بېرىش، ... مىللىي دۆلەت ئەرباپلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش، ... ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈپ بېرىش، بايلىقلىرىنى ئېچىشىپ بېرىش، ... تىن كېيىنلا چىقىپ كېتىمىز" دېگەندەك 'تېنچلىق ' ئالدامچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشنىڭ تېنچ قەدەم-باسقۇچلىرى ئىكەندۇق، خالاس! ۋەتىنىمىزنى تېنچ يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرىۋالغىنىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان شۇئارلىرى بۇنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىچە بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا "تېنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئىككىدىن ئايرىلماسلىق، ...!" دېگەندەك تېنچ قۇل قىلىش شۇئارلىرى بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزگە مىليونلاپ ئەسكەر يىغىپ تۇرۇپمۇ بىزدىن غەۋغا قىلماي تېنچ تۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەرغىپ قىلىشتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بارلىق زىدىيەتلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ تۇرۇغلۇقمۇ بىزنى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەشكە مەجبورلاشتى. ئۇلار ھەربىر نوقتىدا بىزدىن ئاللىمۇ قاچان ئايرىلىپ كېتىپ تۇرۇغلۇقمۇ بىزنى ئۇلاردىن ئايرىلماي سوڭىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنى تەرغىپ قىلىشتى. دېمەك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 'تېنچلىق ' چۈمپەردىسىگە ئورالغان بۇ شۇئارلىرى پۈتۈنلەي تېنچ مۇنقەرز قىلىشنىڭ پىلانلىق ھەرىكەت شۇئارلىرى بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇرۇش قوزغاپ ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدە پەقەت 'تېنچلىق ' ۋاستىلىرىنى قوللۇنۇپلا ھەربىر غەرەزلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. يەنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشتا پەقەتلا 'تېنچلىق ' ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپلا غەلىبە قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا 'تېنچلىق ' شوئارى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق 'ھەربى قورالى ' ھالىغا كەلتۈرۈلگەن. بىزنىڭ ئەجەپلىنىدىغىنىمىز، نۇرغۇن 'داھىي-تەشكىلات' لىرىمىزنىڭمۇ 'تېنچ پائالىيەت ' دەپ كۆچەپ جار سېلىشى بولۇپ، بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى شۇئارلىرىغا ماس ھالدا خەلقىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى چىقىشتا 'تېنچ' يول تۇتۇشنى كۆچەپ تەرغىپ قىلغۇچى بۇنداق كىشىلىرىمىزنىڭ نىيىتىنى باشقىچە مەقسەت يوشۇرۇنغان دەپ گۇمان قىلىشقا ھەققىمىز يوقمۇ؟!

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى تېنچ شەكىلدە باشقۇرۇش ئۈچۈن تىكلىگەن بورهان شەھىدى خەلقىمىز ئىچىدە تا ئۆلگۈچە "تېنچ تۇرغىنىمىزنىڭ پايدىسى كۆپ" دەپ جار سالغىنىچە گۆرىگە كىرىپ ئاران ئارام تاپقانىدى. شۇڭا بىز ئۇنى تىپىك ۋەتەن خائىنى دەپ جاكارلىماقتىمىز؛ سەيپىدىن ئەزىزىمۇ تېرورچىلىق ۋاستىسى بىلەن ئۆيرۇپىلاننى پارتلاتقۇچ قويۇپ پارتلىتىپ (مەيلى باشقىچە تېررورلۇق ۋاستە قوللانغان بولسۇن) ئىككىنچى جۇمهۇرىيىتىمىز رەھبەرلىرىنى يوقاتقان خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋەتىنىمىزنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن كۈندىن باشلاپ تاكى يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغىچە بولغان كۈنلىرىگىچە باتارىيە تاقاپ بولسىمۇ يۈرىكىنى قايتا قوزغىتىپ يۈرۈپ خەلقىمىزگە "تېنچلىقنىڭ مۇھىملىقى" نى تەرغىپ قىلىپ كەلگەنىدى. بىز ئۇنىمۇ ئەڭ جاھىل ۋەتەن خائىنى دەپ ئېلان قىلماقتىمىز. ئەمما خەلقىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇن ئاقىللارنىڭ يەنىلا بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەتسىز قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى "تېنچلىق ئۇسۇلىدا مىللەتنى قۇتقۇزۇش" يولىنى باشلاپ بەرگەن «ئۈچ ئەپەندىچىلەر» نىڭ بۈگۈنكى شاگىرتلىرىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى-تېشىدا ئىزچىل تۈردە "تېنچ مۇستەقىل بولۇش يولى" نى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە. ئەجەبا ئۇلارنى قانداق باھالىشىمىز كېرەك؟ ۋەتىنىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قورچاق مەمۇرىي كادىرلىرىمىز، قورچاق خىزمەتچىلىرىمىز، ياللانما زىيالىيلىرىمىز، ياللانما ئىشچى-مەدىكارلىرىمىزمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تېنچ ئۆتۈش تەرغىباتىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بوي سۇنۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن چاپارمەنلىك قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنى نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟ بۇلار بىلەن بىرلىكتە، يەنە خىتاي دېموكراتچىلىرىمۇ خەلقىمىزدىن 'تېنچ پائالىيەتلەر ' بىلەن شوغۇللىنىشىمىزنى جىددى تەلەپ قىلىشماقتا. ئۇلارغا قانداق قارىشىمىز كېرەك؟ خىتايدىن نەپ تاما قىلىشىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قېرىنداش، دىنداش، يېقىن قوشنا دۆلەتلەرمۇ يۇرىستى كەلگەن ھامان خەلقىمىزدىن 'تېنچ تۇرۇش ' نى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنى قانداق باھالىشىمىز كېرەك؟ ھەتتا دۇنيانى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرالىغىدەك كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ بىزدىن ۋەتەن-مىللەت، ياكى دىن دەپ تويلاڭ قىلىپ يۈرمەسلىكىمىزنى ئالاھىدە جېكىلەشمەكتە. ئۇلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىشىمىز كېرەك؟ قىسقىسى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى تولۇق

خىتايلاشتۇرىۋېلىشتا يەنىلا ئەنە شۇ ‹تېنچلىق› قا بەكلا مۇھتاج بولماقتا. خۇددى شۇنىڭدەك نۇرغۇن ‹ۋەتەنپەرۋەر› لىرىمىزمۇ خۇددى شۇ ‹تېنچلىق› نى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. دۈشمىنىمىز بىزگە ھەرۋاقىت ‟تېنچ تۇر!” دەپ بۇيرۇق قىلماقتا؛ ئاتالمىش ‹ۋەتەنپەرۋەر› لىرىمىزمۇ دەل شۇ بۇيرۇقنى چىقىرىشىدا ئەجەبا بىرەر ئورتاق پىلانلىرى بارمۇ- قانداق؟!

مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىردىن-بىر مەخسىدى ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تىنىمسىز ۋەھىمە يارىتىپ، بۇ خەلقنىڭ ئانا ۋەتىنىنى تارتىپ ئېلىشنى ئۆزلىرىگە مۇددا قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل-تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى ھەقىقى تېنچ تەرەققىيات مۇھىتىغا ئېرىشتۈرۈشتۇر! خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مەخسىدى بولسا ـ ۋەتىنىمىزنى بىرمۇ يەرلىك قالمىغان كام-كۇستىسىز خىتاي يۇرتىغا ئايلاندۇرىۋېلىشتۇر! شۇنداق ئىكەن، بىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى ‹تېنچلىق› تەلىپىنى ھەرۋاقىت ئۈمىدسىزلىككە، مەغلۇبىيەتكە، پاراكەندىچىلىككە، قورقۇشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز شەرت! بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزدىن تېنچ تۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغانىكەن، بىزمۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بۇنداق تېنچلىقنى بەرمەسلىگىمىز شەرت! ئەگەر كىمكى بىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇنقەررزچىلىك ھەرىكىتى جەريانىدا تېنچ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىشىدىكەن، ئۇنداق كىشىلەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھېساپلىنىدۇ! ھېچ بولمىغاندا ئۇنداقلارنى دوستىمىز دېيەلمەيمىز. ۋەتىنىمىزدە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەرىكەتلەردە تېنچلىقنى تەلەپ قىلىش ـ خىتايغا ۋاستىلىق ياردەم قىلىش ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇخىل تەرغىباتلار ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە زىيان سالىدىغان، پۈتلىكاشاڭلىق پەيدا قىلىدىغان، ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدىغان كىشىلەرنى قىلچە ئىككىلەنمەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولچۇمىغى دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرىشىمىز، ھەتتا مۆرتى كەلگەندە، زۆرۈر تېپىلغاندا قاتتىق جازالاشقىمۇ تەييار تۇرىشىمىز لازىم!

## 1.10§ پاسسىپ ‹قارشىلىق كۆرسىتىش› تەجرىبىلىرىمىز

خەلقىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇقۇملىرىنى تېنچ ھەرىكەتلەر بىلەن تەدرىجى

باغلاشتۇرۇلۇش مجەزى بىلەن بۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى يۇقتۇرۇلۇشقا باشلىغىنىدىن بۇيان، ئادەتتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى تۇرماق، ھەتتا ئاددىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش-ھەرىكەتلىرىنىمۇ "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز" دەيدىغان غەلىتە ھالغا چۈشۈپ قالماقتا.

ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئالدىدا ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن بىرەر خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىنىدىسى ئۆتۈپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن بۇ دۈشمەننىڭ ئايىغى تەككەن يەرلەردىن يىرگىنىپ سۈپۈرۈپ-سۇ سېپىپ تازىلاپ چىقىدىغان خەلقىمىز، تەدرىجى ھالدا ئۆيلىرىگە 'خىتايلار ئۈچۈن' دەپ ئايرىم ئىستاكان ساقلاپ قويىدىغان، ئۇندىن كېيىن خىتايلارنى تېنچ ۋاستىلار بىلەن يېڭىپ چىقىش يوللىرى دېيىشىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇشقا قاراپ ماڭىدىغان يولغا يۈزلەندى. بۇ تۈردىكى پاسسىپ 'قارشىلىق كۆرسىتىش' ھەرىكەتلىرى قورچاق مەمۇرىي خىزمەتچىلەر، زىيالىيلار، تېخنىك-ئېنجىنېرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بارلىققا كېلىپ كۈنسايىن يېيىلىشقا باشلىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلارنىڭ 'ئىچىگە كىرىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىش' سەپسەتىسىنىڭ تەسىرىدە، ھەممە خىتايچە ئۆگىنىۋىشكە، ھەتتا بالا-چاقىلىرىنىمۇ خىتايچە مەكتەپلەرگە بېرىشكىچە بېرىپ يەتتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەسلىۋىدە، بۇخىل قىزغىنلىقنى يەرلىكلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ بىر پۇرستى دەپ تونىغان بولسىمۇ، كېيىنچە خەلقىمىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ خىتايلار ئۈچۈن ئىشلىتىشنىڭ ۋەتىنىمىزنى كەڭ كۆلەمدە خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىگە توسالغۇلۇق يارىتىلىدىغانلىغىنى سەزگەندىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچى كاتىۋاشلىرى ھەرخىل باھانىلارنى كۆرسىتىپ يەرلىكلەرنىڭ خىتايچە ئۆگىنىۋىشكە سۇنئىي چەكلىمىلەر پەيدا قىلىشقا كىرىشىدۇ. يەنى، خىتايچە مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغانلار، زاۋۇت، كان ۋە كارخانىلاردا، ھەربىي خىزمەتلەردە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارغا پەۋقۇلئاددە تۈۋەن مائاش، ھەددىدىن تاشقىرى تار ئۆي، خىتاي ئاشخانىلىرىدا تاماق يېيىش، خىتايلار بىلەن بىرگە يېتىپ قوپۇش قاتارىدىكى سۇنئىي باھانىلارنى شەرت قىلىپ كۆرسىتىشىپ، يەرلىكلەرنى سانائەت ۋە شەھەر تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. "دۈشمەننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ دۈشمەننى يېڭىپ چىقىش، دۈشمەن

بىلەن پۈتۈن سەپلەر بويىچە رىقابەتلىشىپ ئۇتۇپ چىقىش، ..." سەپسەتىسىدىن كېلىپ چىققان بۇخىل پاسسىپ قارشىلىق كۆرستىش پائالىيەتلىرى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ غايىسىنى يوقىتىپ، بۇ ئۇسۇلنى جان ساقلاشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلىۋالىدىغان، دۈشمەننى ئادەتتىكى ئادەملەر، ھەتتا ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە، دوستلىشىشقا بولىدىغان ئادەملەر دەپ تونۇيدىغان ھالغا بېرىپ يېتىپ، دۈشمەن كۆزقارشى تەدرىجى مۇجمەللىشىپ، ئاخىرى بېرىپ خىتايغا ياللانما بولۇشنىڭ بىر ۋاستىسغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر ئاساسەن پىلانسىز، تەشكىلسىز، يوشۇرۇن تەشۋىقاتسىز شەكىلدە تەرغىپ قىلىنغاچقا، خىتايلار ئارىسىغا رىقابەت ئۈچۈن دەپ كىرگەن نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، زىيالىيلار، نۇرغۇنلىغان ياش ئەۋلادلار تەدرىجى شەكىلدە مىللىي غۇرۇرىنى، مىللىي ئەقىدىسىنى، مىللىي ئەخلاقىنى يوقاتقان مەنپەئەتپەرەس، چىرىك، ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ نامىدىن، مىللىي تارىخىدىن، مىللىيچە نام-شەرىپىدىن، مىللىي يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىگە ئوخشاش مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن، دىنىي ئېتىقاتلىرىدىن، مىللىي تىل-يېزىقلىرىدىن، مىللىي ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىدىن ئاشكارە يىرگىنىدىغان 'سۇنئى مىللەت' تەبىقە كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. نەتىجىدە تا بۈگۈنگىچە ئۆز ئانا تىلىدا راۋان سۆزلىيەلمەيدىغانلار، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېنىق تەلەپپۇز قىلىپ يازغىلى بولمايدىغان ئون نەچچە مىڭ خىل خىتايچە شەكىللەرنى خەت دەپ ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يادىلاشنى بىلىم دەپ تونۇيدىغان بۇ كىشىلىرىمىز، ئوتتۇز ئىككى ئاددى ھەرىپتىن تەشكىل تاپىدىغان مىللىي يېزىقىمىز ئۈچۈن بىرنەچچە ھەپتىلىك ۋاقتىنى قۇربان قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي بىر ئۆمۈر تونىماي ئۆتۈپ كېتىشكە رازى ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ مېڭىسى شۇنچىلىك قوچۇۋېتىلگەنكى، ھەرقانداق بىر تىل-يېزىق نەچچە ئون خىل مەخسۇس تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ دەيدىغان ئەقەللى ساۋاتنىمۇ قوبۇل قىلالماي، نەچچە ئونمىڭ خىل رەسىم بىلەن سۆز ئىپادىلەشتەك قالاقلىقنى مەدەنىيەت، سەۋىيە دەپ تونۇيدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەپتىن بەزى كىشىلەر خىتايچە ساۋات چىقارغانلارنى ئايرىم مىللەت دەپ تونۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەزىللەرنىمۇ چىقىرىشماقتا. بۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ مىللەت تەقدىرىنى قانچىلىك چۈشىنىپ

كىتەلەيدىغانلىقىنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دېگەنلىرىمىزدىن خىتايچە بىلمىگەنلىك شەرەپ دېگەن ئوقۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋالماسلىقىمىز كېرەك. خىتايچە بىلمىگەن بىرسى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بىر قۇرالدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم. مەسىلىنىڭ تۆگۈنى، بىز خىتايچە بىلىشىمىزدە قانداقتۇر ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى خىتايلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشكە ياكى ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىش ئەمەس، بەلكى، خىتاي تىلىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىشتە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تۈپكى مەخسەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇ سەۋەپتىن خىتاي تىلىنى راۋان بىلگەن كىشىلىرىمىزنى مىللىي مۇستەقىللىق كۆرۈشىگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كەلمەكتە. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدىكى، خىتايچە بىلىدىغانلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكىتىگە جەلىپ قىلىنىشى مۇقەررەر تۈردە قىياس قىلىنماس ئۇتۇغلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولالايدۇ.

ئەسلىدە بۇ ھالەتكە كېلىشىنىڭ دەسلىۋى بەلكىم، بۇنداق كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتىگە قىزىقىشنى ئاساسى مۇددا قىلىشىدىن بولدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بىرەر يۇزمىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىسى بار ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ نوپۇسى سۇنئىي كۆپىيىپ نەچچە مىليوندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ خىتاي يۇرتلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوقۇش پۇرسىتىگە خىتايلاردەك ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بىلىم جەھەتتە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشۋېلىپ، ئاندىن خىتايلاردىن ھەق تەلەپ قىلىش ئاساسىنى يارىتىۋېلىش خامخىيالى بىلەن بىلىم ئۆگۈنۈشكە ئاتلانغان دېيىش مۇمكىن. ئاللانىڭ يارىتىش قانۇنلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگۈنۈش، تەدبىق قىلىش، كەشىپ قىلىش پائالىيىتى ئىنسانغا تەڭداشسىز روھى لەززەت يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلىرىمىز تەدرىجى ھالدا مۇددالىرىنى نوقۇل ئىلىم ئۈچۈن ئىلىم ئۆگۈنۈشكە بۇرىۋەتتى. يەنى ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەت ئورتاق مالكى بولۇشتەك ئەۋزەللىگى ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ ئاتېيىست ماتېرىيالىستىك قاراشلارنىڭ تەسرىدە، بۇ كىشىلىرىمىزنى مىللەت-ۋەتەن تونۇمايدىغان ئىنتېرناتسيونالىستلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىپ، ئىلمىي خىزمەتلىرىنى مىللىي ھۆرلۈك، ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇش

دەيدىغان ئىستەكلىرىنى ئۇنۇتقۇزدى. نەتىجىدە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە كىم ياردەم قىلىۋاتقان بولسا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىدىغان، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىدىغان زامانىۋى قۇللارغا ئۆيلىنىپ كېتىشتى! ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەن سۆيگۈسى مىللەت ۋە يۇرت سۆيگۈسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغىنى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن كۆپ پەرق قىلىپ كېتەلمەيدىغان ئىلمىي خادىملارغا ئايلىنىپ كېتىشمەكتە. بۇ ئەھۋال ئوتتۇز-قىرىق ياشنىڭ ئۈستىدىكى مىللىي خادىملىرىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە!

خەلقىمىزنى ئويغۇتۇشتا ئىنتايىن مۇھىم يەر ئالغان ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ باشتىن-ئاخىرى تېنچلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچقا، مىللەتنى ئويغۇتۇش ئورنىغا دۈشمىنىنى مەدھىلىشىدىغان، مىللىي غۇرۇرنى پەس كۆرۈشىدىغان تۈسكە كەلتۈرۈلدى. شۇ سەۋەپتىن قىرىق-ئەللىك يىل مابەينىدە «ئويغانغان زېمىن» رومانىغا ئوخشايدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىجادىيەتلەرنى مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى دېيىشكە بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپچىلىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى، ۋەتەن خائىنلىرىنى، مىللىي غالچىلارنى مەدھىلەش ۋە مىللىي تارىخىمىزنى بۇرمىلاش، مىللىي غۇرۇرىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى، دىنىي ئېتىقاتلىرىمىزنى مازاق قىلىشتىن نېرى بارالمىدى. بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇتەئەسسىپ، قالاق كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە نادانلىقنى، نامراتلىقنى، ئەقىدىسىزلىكنى مەدھىلەشتەك دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان بىمەنىلىكلەرمۇ مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسى تېمىسى بولۇپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن تا بۈگۈنگىچە دۇنياۋى سەۋىيە تۇرماق، ئۆز مىللىتىمىز دائىرىسىدىمۇ تىلغا ئالغۇچىلىغى بار تۈزۈكرەك بىرەر 'ئەسەر' ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا مىللىي مەدىنىيىتىمىزنى خاراپ قىلىدىغان، خىتايلاشتۇرۇلغان، يېقىنقى تارىخىي ۋەقە تەسۋىرلىرىنى يا رۇسلارنىڭ، يا خىتايلارنىڭ، ھەتتا بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن پەيدا بولغان، خەلقىمىزدە بۇنداق بىر قوزغۇلۇشقا ئېھتىياجى يوق ياكى بۇنچىلىك ئەقلى بار يېتەكچىلەر يوق ئىدى دەيدىغان 'ئەسەر' لەر ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كېتىدىغان پاجىئەلىك ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. ھېچ بولمىغاندا خەلقىمىزدىن ئۈمىد قالمىغانلىغىنى ئاساسى مەزمۇن قىلىدىغان ئۈمىدسىزلىك پۇراپ تۇرىدىغان ماقالا-ئەسەرلەر كەڭ يامراپ

كەتمەكتە. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن يوشۇرۇن يېزىپ تارقىتىلىدىغان ۋەتەن تەقدىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىرەر نەزىرىيىۋى ئەسەر، رومان، ھېكايە ياكى ماقالىلارنى تا بۈگۈنگىچە يوشۇرۇن ئۇچۇرىتىشقا بولمايدۇ. بۇنداق بىر ئاقىللار مۇھىتىدا، بۇ خەلقتىن يەنە نېمىنى كۈتەلەيمىز؟ ياكى بۇنداق تەشۋىقات مۇھىتلىرىنىمۇ خىتايلار يارىتىپ بېرىشى كېرەك دەپ قارامدۇقيا؟ "مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت ئۇسۇلىغا دائىر ئەسەرلەر يېزىق شەكلىدە يېزىلمايدۇ، قايسى بىر ئەلدە قايسى بىر يوشۇرۇن تەشكىلات بۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىپ يوشۇرۇن تارقىتىپ بېقىپتۇ؟" بۇنداق غىدىغىنى كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى بىزنىڭ ئاقىللىرىمىزدىن پات-پاتلا ئاڭلاپ تۇرىمىز. دۇنيادىكى شۇنچە نۇرغۇن دۆلەتلەر مىليونلىغان ھەربى كۈچلىرىگە، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەسكەرلىرىگە، دۆلەت جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىغا، نۇرغۇن ئەللەردىكى پارتىزان تەشكىلاتلىرىغا كىتابخانىلاردا زادىلا ئۇچۇراتقىلى بولمايدىغان بۇنداق ماتېرىيال يېزىق شەكلىدە زادىلا تارقىتىلماسمىدۇ؟ شۇنچە نۇرغۇن ھەربى مەكتەپلەردە نېمە ئوقۇتۇلىدىغاندۇ؟ مىلتىقنى پاقىرتىش ئۇسۇلى، مەشكە دەسسەش ئۇسۇللىرى، پاراتتىن ئۆتۈش، سالام بېرىش قائىدىلىرىنىلا ئۆگۈتەمدىغاندۇ؟ ياق! ئۇ يەرلەردە قانداق قىلغاندا ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتلار نوختىلىق دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدۇ! ياكى بولمىسا بىزنىڭ ئاقىللىرىمىزنىڭ دېيىشىچە بولغاندا، بۇنداق كىتاب-ماتېرىياللار بولغان تەغدىردىمۇ مۇتلەق تۈردە مەخسۇس مەكتەپلەردىلا ئۆگۈتىلىشى شەرتمۇيا؟ قېنى ئەمىسە، شۇ ئاغىنىلىرىمىز بىزگىمۇ شۇنداق بىرەر مەكتەپ ئېچىپ بەرمىسۇنمۇ؟! بۇ تۈردىكى ئاقىللىرىمىز دېمەكچىكى، "جاھاننى مالىماتاڭ قىلىۋېتىدىغان بۇنداق تەشۋىقاتلارنى قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك!"

بىزنىڭ دىنىي ئەربابلىرىمىزمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن تار بىر بۇلۇڭغا قىستاپ قويۇلغان دىنىي ئېتىقات پائالىيەت سورۇنلىرىمىزنى كومپارتىيىنىڭ ئارزۇلىرىنى تەرغىپ قىلىشىدىغان، چېكىدىن ئاشقان مۇتەئەسسىپلىكنى ۋە بىردىن-بىر ياراتقۇچىمىزنىڭ بىزگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن ئىنتايىن قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىي دۇنيانى بىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىشلىرىنى بىراقلا شەيتاننىڭ ئىشى دەيدىغان خەلقىمىزنى قاراڭغۇلۇقلارغا باشلاپ كېتىدىغان قالاقلىقلارنى دىن دەپ تەشۋىق

قىلىدىغان، ۋەتەن مۇنقەرزلىگىنى، مىللەتنىڭ قولچىلىغىنى، مۇستەملىكە ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلىشىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. ھەتتا ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش، خەلققە خىزمەت قىلىش قاتارىدىكى ئىشلارنىمۇ بىراقلا دىندىن چىققانلىق دەپ ئېلان قىلىشماقتا. نەتىجىدە، ۋەتىنىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن يارىشىشنى رەت قىلىشقا پېتىنالماسلىق، ئېتىقادىدىن گۇمان قىلىدۇرىدىغان ۋە سوۋۇتۇلىدىغان موللا قاراشلىرىغا رەددىيە بېرەلمەيدىغان، نادانلىق، نامراتلىق، قۇللۇققا ئۇندەيدىغان تەشۋىقاتلارغا رەددىيە بېرەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە. يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاللادىن باشقا مەخلۇققا قۇللۇق قىلىشتىن چەكلەيدىغان بۇيۇك بىر دىننى پوشكال ھەققىگە ئېرىشىش ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇپ، خىتايغا تېنچ تۇرۇپ بوي سۇنۇشنى ۋاجىپ دەپ تەرغىپ قىلىدىغان ھالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا!

قىسقىسى، خەلقىمىز بۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە تېنچلىق تەرغىباتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن سەپلەر بويىچە يېمىرىلىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلمەكتە. خەلقىمىز ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇنچە دەب-دەبىلىك تېنچلىق مۇبالىغىلىرى ئىچىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇغلۇقمۇ، ئۆتمۈشتىكى دۈشمىنىگە قارشى كەسكىنلىك بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدىغان شەجەرىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ 'ئىلغار' پىكىرلىرىگە زادىلا سىغدۇرالماي، ئەنگۈشتەر قىلىۋېلىشقان 'تېنچ ھەرىكەت قىلىش' دەپ تونىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا كىرىشىپ كەتتى. مەسىلەن: مىللىي كىيىم-كېچەك كېيىشتە چىڭ تۇرۇش، مىللىي تىلدا سۆزلىششتە چىڭ تۇرۇش، مىللىي كونا يېزىقتىن پايدىلىنىشتا چىڭ تۇرۇش، مىللىچە نەغمە-ناۋا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەتتا قولىدا پولو يېيىش، دېرىزىسىگە پەردە، تېمىغا گىلەم ئېسىش، ... قاتارلىقلارنىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتسۆيەرلىك، مىللىي كۈرەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر تۈرى دەيدىغان بىمەنە 'كۈرەش يوللىرى' ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتى! بۇ ھالەت تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناپ بېرىش، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېشىغا زورلاپ دوپپا كەيگۈزۈش، ۋەتىنىنى، مىللىي-تەبىئىي بايلىقلىرىنى، ياۋاش-يۇمشاقلىق، ساددا-ئاقكۆڭۈللۈك، مەرت-مېھماندوستلۇق قاتارىدىكى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى دۈشمىنىگە ماختاپ

بىرىشلەرنىمۇ ئاجايىپ جاسارەتلىك ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى دەپ تونۇيدىغان ھالغا كېلىشتى! تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرىمىز شۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئۇقۇم بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگىنىدە شۇنداق چاكىنا دەرىجىگە، ئاسان ئىشلار قاتارىغا، ئاددى ئىشلار ھالىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنكى، قاۋاقخانىلاردا مەستلەرنىڭ ئاغزىدا، خېلىۋەت قاراڭغۇلۇقلاردا، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇۋىسى بولغان مېھمانخانىلارنىڭ ياتاقلىرىدا، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ ئاغزىدا 'ۋەتەن، مىللەت، ...' توغرىسىدىكى ئاھ ئۇرۇشلار سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان بولدى! ئۇلار ۋەتەن، مىللەت دەردىدە ئىچىۋاتارمىش، چېكىۋاتارمىش! دېمەك، "ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى" ئۈچۈن بىزنىڭ ھەممە كىشىمىز ئۆزىگە يارىشا بىرخىل 'تېنچ ھەرىكەت شەكلى' تېپىۋېلىشقان. نەتىجىدە ۋەتىنىمىزدە ھەممە كىشى دېگىدەك 'ۋەتەنپەرۋەر'، ھەممە كىشى دېگىدەك 'ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىۋاتقان' غەلىتە مەنزىرە بارلىققا كەلگەن!

بىز بۇ يەردە يەنە مۇنداقمۇ بىر مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىشنى توغرا تاپىمىز: ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم 'كۆرەش ئۇسۇللىرى' دىن بىرسى قىلىۋېلىنغان "ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، دۇنيا جامائېتىنى ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش پائالىيىتى ئەتراپىغا جەلىپ قىلىش" ئۇسۇلى، ۋەتىنىمىزگە چەتئەللىكلەرنى جەلىپ قىلىش ئورنىغا، تېخىمۇ كۆپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئېقىپ كېلىشى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرگۈچى ۋاستىلىق تەشۋىقات بولۇپ رول ئوينىماقتا. بۇ مەقسەتتە تەرغىپ قىلىنىۋاتقان يەر ئاستى بايلىق زاپىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلار شۇنداق چۈچۈتكىدەك مۇبالىغىلەشتۈرىۋېتىلگەنكى، گويا ۋەتىنىمىزنىڭ يەرئاستى نېفىت بايلىق زاپىسى، تەبىئى گاز زاپىسى، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، خىروم، ئۇران، سىرەك مېتال زاپىسى قاتارلىقلار دۇنيادىكى باشقا يەرلەردىكى يەر بايلىقى زاپىسىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ كېلەرمىش! ئەسلىدە بۇ تۈردىكى يەر ئاستى بايلىق زاپاسلىرى مىليونلىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى جەلىپ قىلىپ 'بىرلىكتە پايدىلىنىش' قىلا ئەمەس، يەرلىك خەلقلەرنىڭ كەلگۈسى ئېھتىياجىغا يېتىشىدىنمۇ ئەنسىرەشكە تېگىشلىك ئاز ئىكەنلىگى ھەممىگە ئېنىق بىر ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۈگۈنكى دۇنيا

سەۋىيىسىدىن ئالغاندا شۇنداق ناچار بىر ئورۇنغا جايلاشقانكى، ئەتراپى دۇنيادا كام كۆرۈلىدىغان ئېگىز قاقاس تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ يەردىن مەيلى بىرەر دېڭىز بويىغا ياكى بىرەر تۈزلەڭلىككە چىقىدىغان يول ياساش مەسىلىسمۇ بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ قۇربى يېتىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. بۇنى ئاز دەپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى قىسمى دۇنيادا كام كۆرۈلىدىغان شارائىتى ناچار چۆللۈك ۋە قۇرۇق تاغلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇنداق بىر زېمىندا تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەيدىكەنمىز، يىگانە يەر ئاستى سۇلىرىغىلا تايىنىشقا مەجبۇر دېسەك ئانچە مۇبالىغە قىلغۇەتكەن بولمايمىز. بۇنداق بىر يەردە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ دۇنيا سەۋىيىلىرىدە بىر تۇرمۇش كەچۈرىمەن دەيدىكەنمىز، پەۋقۇلئاددە زور مەبلەغ ۋە قىياس قىلىنماس يۈكسەك پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە، شۇنىڭدەك يەنە مىليونلىغان يۇقۇرى تېخنىكىلىق ئىشچى قوشۇنىغا ئېھتىياجلىقمىز. بۈگۈنكى قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن ھالىتىمىزدە، مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ بۇنداق زور كۈچكە ئېرىشىمەن دەيدىكەنمىز، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىقىغا يول قويۇش بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ قالىدۇ. يەنى، بۈگۈنكى شارائىتىمىزدا ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىغىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆپەيتۈرۈپ كۆرسىتىشىمىز، خىتاي تاجاۋۇزچى ئېقىمىنى يېڭى بىر دولقۇن ھالىتىگە كەلتۈرىۋېتىش رولىنىلا ئوينايدىكى، ھەرگىزمۇ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن پايدىسى بولمايدۇ! دېگەندەك، ئۆتكەن يىرىم ئەسىر جەريانىدا "شىنجاڭ ئەزەلدىن، بىر ياخشى ماكان، يەر بايلىقى مول، تۇرمۇش پاراۋان، ..." دەپ ئەللىك يىل ۋارقىرىشىپ ئەللىك مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سانىنى ئون مىليونلۇق ئايەت ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى "ئىشقا ئاشۇرغان" بولدۇق. ئەندى بۇ ناخشىمىزنى تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئېيتىپ يەنە قانچە مىليونلۇق خىتاي تاجاۋۇزچىسىنى كەلتۈرىۋېلىشكە ئۈرۈنىۋاتىمىز؟ شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتمايلىكى، دۇنيا زومىگەر كۈچلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلى ئەتراپىدىكى ئون نەچچە مىليارد توننىلىق نېفىت زاپىسى  بايلىغىدىن ئەركىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن، كاسپى دېڭىزى ئەتراپىدىكى نەچچە مىليارد توننىلىق نېفىت زاپىسىنى ئەركىن قولغا كەلتۈرەلىشى ئۈچۈن، رۇسسىيەنىڭ ئافغانىستان ئارقىلىق ئىسسىق دېڭىزلارغا يول ئېچىۋېلىپ پارس قولتۇغى نېفىت بازىرىنى قولغا چۈشۈرىۋېلىشىغا توسالغۇلۇق قىلىشى ئۈچۈن، ... يۈز مىلياردلىغان دوللار

پۇل سەرپ قىلىپ شۇ يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا نېمە ئۈيۈنلارنى ئوينىمىغان ۋە قانچىلىغان پاجىئەلەرگە سەۋەپ بولىۋاتىدۇ؟ ئەجىبا ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى 'ئوتتۇز-قىرىق مىليارد توننا، ھەتتا بىرەر يۈز مىليارد تونىنغا يېقىن يەر ئاستى نېفىت زاپىسى' نى دۇنيا ئىلغار كۆچلىرى خىتايچىلىكمۇ بىلەلمەي قالغانمۇدۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلاردىن 'كۆزنى ئېچىپ قويۇش' تا بىزنىڭ تېنچلىق تەرغىباتچىلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى شۇ دۇنيا ئىلغار كۆچلىرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنمۇدۇ؟ شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، خىتايغا لازىم بولىۋاتقىنى يالغۇز ۋەتىنىمىزنىڭ 'يەر ئاستى بايلىق' لىرىلا بولماستىن، بەلكى يۈز مىليونلىغان خىتايلىرىنى جايلاشتۇرالىغىدەك بوزەكلەرگە تەۋە بىرەر زېمىندۇر! بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىغىنى تەرغىپ قىلىش پائالىيىتى ـ ماھىيەتتە خىتاي تاجاۋۇزچى ئېقىنى يارىتىشنىڭ ۋاستىلىق رىغبەتلەندۈرگۈچىسىلا بولۇپ قالىدۇ، خالاس!

يىغىپ ئېيتقاندا، يوقۇرىقىدەك ئاتالمىش "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى" نىڭ ھەممىسى 'تېنچلىق ھەرىكەت شەكلى' نىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئۆزلىرىنىڭ بۇخىل 'ۋەتەن قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرى' ئۈچۈن تېنچ مۇھىتقا بەكلا مۇھتاج! بۇلار خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان ھەرىكەت شەكىللىرى ئەمەسمۇ؟ بىز ئەنە شۇ خىلدىكى ھەرىكەت شەكىللىرىنى تاللىۋالغىنىمىز ئۈچۈنلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قىرىق بەشىنچى يىلىدىكى قىرىق مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى نوپۇسىنى بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىتىگە قورقماي كۆپەيتىۋالالىدى! بۇ خىل تېنچ ۋەزىيەتنى ھەرقانداق بىر كىشى بۇزىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ جازالاشقا ئاتلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزدىكى سىياسى 'جىنايەتچىلەر' قاتلىمىدا بىرەر-يېرىم ئېغىز 'ۋەتەن-مىللەت' دەپ قويغانلىكى كىشىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشى ئوغرى-قىمارۋازلىق ياكى ھاراقكەش-پاشىۋازلىق بولسۇن، "مىللەتچى"، "ۋەتەن بىرلىگىنى بۆلگۈچى" قېيقىزىل 'ئىنقىلاپچى' لار نامى بىلەن توشۇپ كېتىدىغان كۆلكىلىك مەنزىرە شەكىللەندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، خەلقىمىز بۇ خىل 'تېنچ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى' نى تېخىمۇ 'يەرئاستى' غا كۆچۈرۈشۈپ، كىشىلەر چۈشىدىمۇ 'ۋەتەن-مىللەت' دەپ جۆيلۈپ سېلىشىدىن ئەنسىرىشىدىغان، ھەقىقى ۋەتەن خائىنلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرىدىن

پۇتاق چىقىرىشىپ 'مىللەتچى-بۆلگۈنچى' ئۇۋۇلايدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى! بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، نۇرغۇنلىغان ۋەتەن خائىنلىرىمۇ ئالاھىدە ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈچى كىشىلەر قىياپىتىگە ئاسانلا كىرىۋالالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، 'ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى' دېگەن ئۇقۇملارنىڭ قىممىتى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى! بۇنىڭغا يەنە چەتئەلگە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن قېچىپ چىقىپ كەتكەن كىشىلىرىمىز ئارىسىدىكى تېنچلىق ھەرىكەت ئۇسۇلىغا چوقۇنىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ يېقىنقى بەش-ئون يىل مابەينىدىكى چاكىنا 'ۋەتەنپەرۋەرلىك' پائالىيەتلىرىنىمۇ مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، بۈگۈنكى كۈندە پەۋقۇلئاددە پىداكارلىق، سەممىيلىك بىلەن ئالاھىدە ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىنىدىغان بىر ئۇلۇغ ھەرىكەت، يەنى مۇقەددەس "مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى" مىز، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىچى پۇشۇغىنى چىقىرىدىغان ياكى ئابرويپەرەسلىك قىلىش ۋە پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىنغان، جان باقىدىغان قوشۇمچە مەلىكىسىگە ئايلاندۇرۇلماقتا!

يوقۇرىدىكى تەھلىل قىلىنغان ھادىسىلەردىن قارىغىنىمىزدا، بىزنىڭ ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىمىزنىڭ تېنچلىققا قۇربان كەتكەن تارىخ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. بىز بۇندىن كېيىنمۇ قانچىكى تېنچلىققا مەستانە بولىدىكەنمىز، مىللەت سۈپىتىدە شۇنچە ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرايمىز. يەنى، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان دۈشمەن ۋەزىيىتى ئاستىدا ھەرقانداق شەكىلدىكى تېنچلىق تەرغىباتلىرى، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز خائىنلىقنىڭ نىقاپلانغان ئىپادىسى بولىدۇ، خالاس!

ئەسلىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ يېرىم ئەسىرلىك تېنچلىق تەرغىباتلىرىغا دىققەت قىلغىنىمىزدىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قانچىكى 'تېنچلىق، مۇقىملىقنى ساقلاش' دەپ جار سالغانسىرى، ۋەتىنىمىزگە شۇنچە كۆپ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىۋاتقانلىقنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇنچە ئاجىز دۆلەتلەر بىلەن قورشالغان ۋەتىنىمىزنى ئاتالمىش 'دۈشمەندىن قوغداش' نى باھانە قىلىپ مىليون كىشىلىك ئەسكەر يىغىۋېلىشى، ھەرگىزمۇ 'چەتئەل تاجاۋۇزى' دىن ئەنسىرىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنى باستۇرۇشنىڭ ۋاستىلىق باھانىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەڭ چوڭ خىتاي مىللەتچىسى شوۋېنىست جاڭ جېزجوڭ ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىز بىلەن سۆلھىلىشىش تەلپىنى

ئوتتۇرىغا قويغان كۆنلىرىنىڭ ئۆزىدىلا، جىددى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرىۋاتقان قوشۇنلىرىدىن بىر دىۋىزىيە جاللىتىنى ئالدىنقى سەپىدىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ ۋەتىنىمىزگە يوللىغانلىغى، بۇ بىر دىۋىزىيە ئەسكىرىنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەسلىگىدىن ئەنسىرەپ ئۇرۇش توختۇتۇش ئۆچۈن ئۆرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلىغا كىرىپ يالۋۇرۇشلىرى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي تېنچلىق سۆيەتى ئۆتكۈزۈش نىيىتىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس ئىدى. "ئۆرۈمچى تېنچلىق سۆبىتى" باشلانغان كۆنىدىن ئېتىۋارەن ۋەتىنىمىزگە ئىزچىل تۆردە قۇراللىق ئەسكەر توپلىشى، «ئونبىر بىتىم» نىڭ ئەسكەر قىسقارتىش ماددىلىرىنىڭ تەستىقلىنىشىنى كەينىگە سۈرۈپ، سۆھبەتكە ئۇلتۇرۇش كۆنىدىكى سەككىز مىڭ كىشىگە يەتمەيدىغان تاجاۋۇزچى قوشۇننى بىتىمنىڭ ئىمزالىنىدىغان بىرەر يىل كېيىنكى كۆنلىرىگە كەلگىچە نەچچە ئون مىڭغا يەتكۈزىۋالغانلىغى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاللا بۇرۇنلا تېنچلىق خىيالىدا بولۇپ باقمىغانلىغىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. خۇددى شۇنىڭدەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلغان كۆنلىرىدىمۇ ۋەتىنىمىزگە يەنە ئەللىك مىڭ يېقى تاجاۋۇزچى ئەسكىرى بىلەن كىرىپ كەلگەنلىكى، بىر-بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىككى خىل خىتاي قوشۇننىڭ ۋەتىنىمىزنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۆچۈن شەرتسىز بىرلىشىپ، ۋەتىنىمىزدىكى ئومۇمىي تاجاۋۇزچى خىتاي ئەسكەر سانىنى بىرەر يۈز مىڭغا يېقىنلاشتۇرىۋالغانلىقلىرىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرقاندىغى ۋەتىنىمىز خەلقىگە ھېچقاچان تېنچلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش نىيىتىدە بولۇپ باقمىغانلىغىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ زىچ جايلاشقان شىمالى ۋىلايەتلىرىمىزنى قولغا كىرگۈزىۋېلىش ئۆچۈن بارلىق قوشۇنلىرىنى مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇشى، مىللىي ئارمىيىمىزنى ئالداپ ئورنىدىن قوزغىتىۋالغان ھامان ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال ئۆز قۇراللىق باندىتلىرىنى جايلاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى، "مىللىي ئىنقىلابى بازا" دەپ تونىغان شىمالى ۋىلايەتلىرىمىزنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئۆچۈن ئۇ يەرلىرىمىزنىڭ بارلىق جاڭگاللىقلىرىنى خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى بىلەن توشقۇزۇپ، بۈگۈنكى كۆندە مۇتلەق ئۈستۈن خىتاي نوپۇسى ھالىتىگە كېلىۋېلىشىغا ھۇل ھازىرلىۋېلىشى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ تېنچلىق خىيالىدا بولۇپ

باقمىغانلىقىنىڭ پۇلاتتەك پاكىتلىرىدۇر. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تا بۈگۈنگىچە قۇراللىق كۈچىنى كۈچەيتىش بىلەن ھەپىلەشمەكتە. زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللىنىشنى ئاساسى مۇدداسى قىلىشماقتا. ياكى بولمىسا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز خەلقى بىلەن تېنچ بىرگە تۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ تانكىلىرىدىن بىرەر مىڭىنى، خەلقىمىز ئۈستىدە ھەيۋە قىلىپ ئۇچۇرۇپ يۈرگەن ئۇرۇش ئۆيرۇپىلانلىرىدىن بىرەر يۈزىنى، ياكى نەچچە ئونلىغان جاللات قۇراللىق دىۋىزىيىلىرىنى بولسىمۇ خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى "ئىككىمىز ئايرىلمايلى" دەپ بولسىمۇ بىزنى ھەممە ئىشلىرىغا بىرلىكتە سۆرەپ يۈرگەن يېرى بارمۇ؟!

رۇشەنكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىزگە قويغان "تېنچلىق" تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىلا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولۇپ كەلمەكتە. مىليون كىشىلىك قۇراللىق كۈچ كەلتۈرۈۋېلىپ تۇرۇغلۇق، بىزگە بىرەرمۇ مىللىي پولك تۇرغۇزۇشىمىزغا يول قويماسلىقى ھەرگىزمۇ تېنچلىقنى ھىمايە قىلىش ئىپادىسى ئەمەس. بىز بۈگۈن بىر تالمۇ قۇراللىق كۈچكە ئىگە بولمىغان، قىلچىمۇ ئىقتىسادى ئاساسىمىزنى قالدۇرمىغان، چېكىدىن ئاشقان نادان قالدۇرۇلغان ھالدا تۇرغىنىمىزدا، ھەتتا دۈشمەنگە قىلچىمۇ تەھدىت يارىتالىغىدەك ھالىمىز قالمىغانلىقىغا قارىماي، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن "تېنچ مۇئامىلە قىلىش" نىمىزنى تەرغىپ قىلغۇچىلار ۋاستىلىق شەكىلدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلەشمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بىلىمدانلىرىمىز بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىرلىكتە خەلقىمىزدىن "تېنچلىق" نى تەلەپ قىلىشتىكى تۈپكى مەقسەت، بىزنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشتىن باشقا نەتىجىگە ئېلىپ بارالمايدۇ.

"تېنچلىق" دېمەك، مۇئەييەن بىر ۋەزىيەتتە باراۋەرلىك، تەڭپۇڭلۇق دېگەندىن دېرەك بېرىشى كېرەك. بۇ دېمەك، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىسىگە تەھدىت سالالمىغىدەك بەلگىلىك ساھەلەرگە ئىگە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، بىر تەرەپ چىش-تىرنىقىغىچە قۇراللانغان، يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق بىر ھالەتتە، "تەڭلىك، تەڭپۇڭلۇق" دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ تەڭپۇڭلۇق ساقلىيالىغىدەك ھېچنېمىسى بولمىغان بىر تەرەپ ئۈچۈن تېنچلىقنى تەلەپ قىلىش دېمەك، ئاجىز تەرەپنى

قۇللۇقا زورلاش دېگەنلىك بولىدۇ! بۈگۈن بىزدىن تېنچلىقنى تەلەپ قىلىش ــ يوقۇلۇشىمىزنى تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر! بۇنداق تەرغىباتلارنى قانداقمۇ "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى" دېگىلى بولسۇن! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خائىنلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيىتىنىڭ پرىنسىپلىرى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىنىشقا ئۇچرىغانلىقىنىڭ، بۇلغىنىشقا ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى!

خەلقىمىز ۋەتىنىمىزدىكى تېنچلىق تەرغىباتچىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەچكە، ھەرقانداق بىر تەشكىلات قۇرغىنىدا ياكى ھەرقانداق بىر يوشۇرۇن تەشكىلات پىلانلاشقانلىرىدا، تېنچلىق تەرغىباتچىلىرىدىن زەھەرلىنىش بەدىلىگە كەلگەن خائىنلىقنىڭ گۇزەللەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، ئاسانلا پاش بولۇپ قېلىش بىلەن نەتىجىلىنىپ كەلمەكتە. چۈنكى، تېنچلىق تەرغىباتلىرى ھۆكۈم سۈرگەن بىر ۋەزىيەتتە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلار جازالانمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارمۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر قاتارىدا قارىلىپ، يوشۇرۇن تەشكىلاتلارغا قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تېنچلىق پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش قىلىشتا، دۈشمەندىن يوشۇرىدىغان نەرسىلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. بۇمۇ پاش بولۇپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋاستىلىق سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ بېرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، تېنچلىقنى ئاۋال خىيالىغا كەلتۈرگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەخپىيەتلىك دېگەن بىر پرىنسىپ ئەسلا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر گۈزەللەشتۈرۈلۈپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى قىلچە چەكلىيەلمەي كەلمەكتىمىز.

## 1.11§ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىسى

شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى بۇ زېمىننى ئېچىپ گۈللەندۈرگەن، بۇ زېمىننى ياتلاردىن جان تىكىپ قوغداپ كەلگەن ھون، تۈرك، ئۇيغۇر، قاراخانىلار، سەئىدىيىلىكلەر قاتارىدىكى دۆلەت ۋە ئىمپىراتورلۇقلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغان بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا مەنسۇپ. بىزلا بۇ يەرنىڭ تارىخىي ۋە قانۇنىي مىراسخورلىرى بولالايمىز! ھالبۇكى، بۇ زېمىن تارىختىن بۇيان بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يۇتىۋېلىش تەھدىتىدىن

قۇتىلالماي كەلگەن ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ قەھرىمان ئەجداتلىرىمىز خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قاخشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىپلا قالماستىن، خىتايلارنى نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق ئېگىز سېپىللارنى سوقۇپ قوغدىنىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئىشىكىدىن تالاغا چىقالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان ئىدى.

ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە خىتايلار خەلقىمىزنىڭ بىغەملىك مىجەزى تۈپەيلىدىن بىخوتلىشىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل ھىلە-نەيرەڭلەر بىلەن ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەتىنىمىزنى ئاخىرى مۇستەملىكىسى قىلىۋېلىش ۋە يۇتۇۋېلىشقىچە بېرىپ يەتتى. بۈگۈنكى كۈندە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆستۈن نوپۇس كۈچىگە تايىنىپ ۋەتىنىمىزنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋېلىش، بۇ جەرياندا خەلقىمىزنى زامانىۋى ئىگىلىكلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، قالاق ۋە نامرات ھالغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق خەلقىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە تولۇق ۋە ئۈزۈل-كېسىل يوقۇتۇشنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى ئىشقا سالماقتا. بۈگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزگە قوش رېلىسلىق تۆمۈر يول سېلىپ، يىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلتۈرىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر سانىنى يېرىم مىليوندىن ئاشۇرىۋەتتى. بۈگۈن ۋەتىنىمىزدە ئون مىليوندىن ئارتۇق خىتاي تاجاۋۇزچىسى بارلىق سانائەت، كان-كارخانا، مۇلازىمەت، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ھۆكۈمەت، قانۇن، مۇنبەت يەرلەر، بايلىق مەنبەلىرى، چېگرا بويلىرى قاتارىدىكى ئاساسلىق يەرلىرىمىزنى ئىگەللىۋېلىپ، مىليون كىشىلىك قۇراللىق باندىتلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ۋەتىنىمىزنى تەل-تۈكۈس يۇتىۋېلىش، خەلقىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش جېڭىنى باشلىۋەتتى. بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يىلىغا يېرىم مىليوندىن سۈنئىي كۆپىيىپ بېرىشى ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت بولماقتا. ئەگەر بۈگۈنكىدەك كۆپىيىش سۈرئىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدە مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇس سانىغا ئېرىشىۋېلىپ، خەلقىمىزنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ دېگەنلىك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈرۈلۈشى دېگەنلىك بولىدۇ!

دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۈنئىي كۆپىيىشى، شەرقىي تۈركىستان ھالاكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ئېغىر خەۋپ بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. شۇ سەۋەپتىن، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئېغىر

تەھدىت كەلتۈرىۋاتقان سۈنئىي خىتاي نوپۇس كۆپەيتىش دولقۇنىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى قىلىپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى شەرت. بىز بۈگۈن دۈشمەننىڭ سۈنئىي كۆپەيتىشنى چەكلەپ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا ئون مىليون كىشىلىك تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلىش شارائىتىنى مىراس قالدۇرالىساقمۇ يۇرتىمىز يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتى. ئەمما بىز شۇنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۈگۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ ۋەتەننى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئەللىك مىڭ كىشىلىك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىش شارائىتى بىلەن مىراس قىلىپ ئېلىشقانىدى. بۇ ئەللىك يىل جەريانىدا نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، يىلىغا يېرىم مىليوندىن سۈنئىي كۆپىيىش ۋە چارەك مىليوندىن تەبىئىي كۆپىيىش پۇرستىنى يارىتىۋالغان ئون مىليوندىن ئارتۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ بىزگە مىراس قىلىپ تاشلاپ كېتىۋاتماقتا! ئەگەر بىزمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش "تېنچلىقنى قوغداش، قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش، سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىشنى ھەل قىلىش، ..." دېگەندەك تەسلىمچى يولدا ماڭىدىغانلا بولساق، ئۆز ئەۋلاتلىرىمىزغا ساپ قۇللۇق ۋە تىلەمچىلىك يولىدىن باشقىنى مىراس قالدۇرالمايمىز! بەك بولۇپ كەتسە، بۈگۈنكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر دۈشمەن ۋەزىيىتى قاپلىغان چەكسىز زۇلمەتلىك بىر "ۋەتەن" نى مىراس قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز! توغرىسى بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن قىلچە ھاياتلىق شارائىتى قالمىغان قاپ-قاراڭغۇ دوزاقتەك بىر دۇنيادا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولىمىز!

بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارغا ئەقەللىي ھاياتلىق شارائىتىنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرغان ئۆز ئانا تۇپرىغىمىزنى ئۇلارغا مىراس قىلىشىمىز شەرت! ھالبۇكى، بۈگۈن بۇ ئانا تۇپرىغىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدا ئىكەن، ئۇنداق ھاياتلىق شارائىتىغا ئىگە بىر ۋەتەننى مىراس قالدۇرالىشىمىز قەتئىي مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ھالدا بىز ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان، كۈچلىنىۋاتقان يولىنى كېسىشكە مەجبۇرمىز. يەنى، بىرىنچى باسقۇچتا ۋەتىنىمىزنى يۇتىۋېلىشقا كېلىۋاتقان يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى

چەكلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا كېلىپ قوشۇلۇپ تۇرىۋاتقان بۇ تاشقى كۈچ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغىنىمىزدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدە تۇرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئامال قىلىپ قوغلاپ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈن بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئالدىدا چەكلىمىسىز كۆپىيىپ كېتىۋاتقان يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توساپ، ۋەتىنىمىزدىكى دۈشمەن كۈچلىرىنى بەلگۈلۈك بىر دائىرىدە ۋە ئىمكان بار ئاز ساندا چەكلەپ تۇرۇش؛ ئاندىن ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت جىددى ۋەزىپە تۇرماقتا. شۇنداق ئىكەن، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇنئىي كۆپىيىشىنى ئەمەلىي تۈردە توسىيالايدىغان، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئازايتالايدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنلا "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىق" دېيەلەيمىز! ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى توسيالمايدىغان، ئازايتالمايدىغان ھەرقانداق بىر پائالىيەت – ھەرگىزمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھېساپلانمايدۇ! بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ بىزدىن كۈتىۋاتقان بۇ جىددى ئېھتىياجىنى تونۇپ يەتكىنىمىزدىن كېيىنلا ئاندىن بۇ مەجبۇرى ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنى ئۆزىمىزگە ۋەزىپە قىلىپ ئالالايمىز. ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت پەيدا قىلالىغىنىمىزدىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، دېيىشكە ھەققىمىز بولىدۇ!

بۈگۈن بىزنىڭ نۇرغۇن ئەرباپلىرىمىز ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇنئىي كۆپىيىشىنى توساشقا، ۋەتىنىمىزدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا قىلچىلىك ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بەزى تايىنى يوق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى "ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز" دېيىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمەكتە. ھەتتا بىرقىسىملار خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە، خاتىرجەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ياردىمى بولىدىغان ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلىرىنى ۋە يىغلاپ-قاخشاپ بېرىۋاتقىنىدەك تېنچ پائالىيەت شەكىللىرىنى

ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشۈپ بېرىۋاتقىنىغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشلىرىنىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغانلىق دەپ داۋراڭ سېلىشماقتا. نەتىجىدە، جان ساقلاش ئۈچۈن دۈشمەنگە خىزمەت قىلىپ بېرىش، مىللىي ئەنئەنىلەرنى قوغداش ۋاستىسى بىلەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش، ئابروي قازىنىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار، ۋەتىنىمىزنى ماختاپ بېرىشلەر، خىتايلارنى تىللاپ قويۇشلار، خىتايلاردىن دەرد تۆكۈشلەر، مۇھىت شىكايەتلىرى، تايىنى يوق داۋراڭ ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان، ئەمما خەلققە تۇگىمەس بالالارنى تېرىپ بېرىدىغان ئاشكارە يىغىلىش، نامايىش، نارازىلىق ھەرىكەتلىرى قاتارىدىكى ئىشلارمۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرستىلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى دەپ كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە قىلىنغان ھاقارەت!

شۇنداق ئىكەن، خەلقىمىز مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتنىششتا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىشلەردە چىرايلىق گەپ ساتقانلارنىڭ، سۈر كۆرسەتكەنلەرنىڭ، ئاغزىدا ۋەتەن دەپ قويىدىغانلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتمەي، ۋەتىنىمىزدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپىيەلمەيدىغان قىلىش، ئۇلارنى ئازايتىش ۋە قوغلاپ چىقىرىش جەھەتلەردە قانچىلىك رول ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشى لازىم. بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تاختىسىنى ئېسىۋېلىپ پۇل يىغىپ جان ساقلاپ يۈرىدىغانلار، ئابروي ئۈچۈن ۋەتەن دەپ قويغانلار، بىرقىسىم خىتايغا ياكى خەلقىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىگە جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىۋاتقان ئالدامچى تەشكىلاتلاردىن ئالاھىدە يىراق تۇرىشىمىز شەرت!

## 1.12§ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى توغرىسىدا

يۇقىرىدا بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى بۇرمىلانغان قاراشلار ھەققىدە توختالدۇق. دېمەك بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەرگە پېتىپ قالغىنىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىمۇ نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەرنى ياكى كىرەكسىز چۈشەنچىلەرنى ھەرىكەت ئىدىيىسى قىلىۋالغىنىمىز ئۈچۈن ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي كەلمەكتىمىز.

ئەسلىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشتا، ئەڭ كامىدا بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەلگىلىك بىر پەلسەپە ئېقىمىغا، مەلۇم بىر سىياسىي ئەقىدىگە

ئىگە بولۇشىمىز شەرت ئەمەس. بولۇپمۇ بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئون مىليوندىن ئېشىپ كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا خەلقىمىز شەھەرلەردىن، زامانىۋى سانائەتتىن، سىياسىي ساھەلەردىن، قانۇن ساھەلىرىدىن، پەن-مەدەنىيەت ساھەلىرىدىن، قۇراللىق مۇداپىئە ساھەلىرىدىن ھەيدىلىپ، قالاق ئىپتىدائىي يېزا-قىشلاق ھاياتىغا مەھكۇم قىلىنغان، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىغىمۇ بولمىغان، بىرەر ئازاد رايونىمۇ يوق، بىرەر ھىمايىچى دۆلەت دوستىمۇ يوق، تۈزۈگىرەك بىرەر داھىيسى، ئېنىقراق بىرەر ھەرىكەت پروگراممىسى تۈزەلەيدىغان تەشكىلاتىمۇ يوق بىر ئەھۋالدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت دولقۇنى يارىتىش ئىشى بەكلا تەسكە توختايدۇ. بۇخىل قېيىن ئەھۋالدا ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن قانداقتۇر بىرەر ئىدىيىۋى ئېقىمغا، قانداقتۇر بىر تەرەپپاز تەشكىلاتقا، قانداقتۇر بىر دىنىي مەزھەپ چۈشەنچىسىگە، قانداقتۇر بىر سىياسىي مەسلەك پىرىنسىپلىرىغا چىڭ چاپلىشىۋېلىشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ھەرقانداق بىر دۆلەت ھېچقاچان بىر ئىدىيىۋى ئېقىم، بىرەر سىياسىي ئەقىدە ياكى باشقا قانداقتۇر مەۋھۇم چۈشەنچىلەر ئۈچۈن قۇرۇلمايدۇ. بەلكى مەلۇم مىللەت، مەلۇم ئېتنىك توپلۇمى، ئۆز ئەجداتلىرىدىن باشلاپ ياشاپ كېلىۋاتقان زېمىندا ھـ ۆر، بەختىيار ياشاش، 'قولىدىكى ئىشى' نى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماسلىق مەخسىتىدە دۆلەت قۇرىدۇ. دۆلەت مىللەتنى ياكى ئۇزۇن ئۆتمۈشلەردىن بېرى بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقان بىر توپلۇمنى قوغداش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە دۇنيا ئىلغار كۈچلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇش ئۈچۈن خەلقنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بۈيۈك قورغاندۇر. شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دېگەن ئىرادە بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشىمىز شەرت. ئىدىيىۋى ئېقىملار ياكى دىنىي ئەقىدىلەر دۆلەت قۇرۇشتىن كۆرە، دۆلەتنى باشقۇرۇشقا لازىم بولىدۇ.

يېقىنقى تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستان بىرىنچى جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ بولغىنىدىن كېيىن ئەمەس، بەلكى قۇرۇلۇش جەريانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. يەنى، بىزنىڭ يېتەكچىلىرىمىز تېخى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي

يۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولماي تۇرۇپلا، مۇئەييەن بىر دۆلەت تۈزۈمى ئۈستىدە ئىچكى ماجىرالارغا بېرىلىپ كېتىپ، خەلق ئازادلىق كۈچلىرىنىڭ بىرقانچە خىل ئىدىيىۋى ئېقىم ياكى ئۇششاق ئەقىدىلەرگە پارچىلىنىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغانىدى. مۇستەقىللىقتىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپلا ھەل قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىش پۇرسەتلىرىنى قاچۇرۇپ قويۇشۇپ، مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ بولۇشقانىدى.

ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلسەك، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق كۆرۈشىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدىيىۋى ئېقىملار ھەرگىزمۇ مۇستەھكەم مىللىي ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن بولالمىغانىدى. ئالدىنقى پاراگراپلاردا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئېقىملەرنىڭ بىرقىسمى ئەينى ۋاقىتتا كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ يوقىلىشقا يۈز تۇتقان ئوسمانىيە ئىمپىرىيىسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرى ياكى بولمىسا كۈنسايىن ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان ھەرقايسى تۈركىي ئەللىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىققان چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ غەرب دۇنياسىدىن تەسىرلىنىپ يارىتىلغان سۈنئىي ئىدىيىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېقىملار پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ھىمايىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىمۇ قىلچە رولى بولمىغان ئېقىملار ئىدى. پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىسىزىم بۇلارنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. غەرب دۈشمەنلىگى ئالدىدا كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان ئوسمانىيە ئىمپىرىيىسىدىكى بىرقىسىم ياشلار غەرب دۇنياسىدا داۋراڭ قىلىنىۋاتقان 'پان گېرمانىزىم'، 'پان سلاۋيانىزىم'، ... قاتارىدىكى مودىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئىسلام ئەللىرىنى بىردىن-بىردىن قولدىن بېرىپ قويىۋاتقان خەلىپىلىكنى غەرب جاھانگىر كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بارلىق ئىسلام دۇنياسىنى بىر گەۋدە بولۇپ قوغداشنى نىشان قىلغان چاقىرىق بولۇپ، ئاساسەن بىرقانچە ياۋرۇپا جاھانگىر ئەللىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ پارچىمۇ-پارچە بۆلۈنۈپ بولغان ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە قىلچە ھىمايىگە ئېرىشەلمىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر پەخشە يىگەن ئىمپېرىيە پان تۈركچۈلۈك بىلەنمۇ قۇتۇلدۇرىلالماي تارىخقا دەپىنە قىلىنغان ئىدى. مانا شۇنداق ئاساسسىز ياكى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئېقىملار ۋەتىنىمىزگە بەكلا كېچىكىپ كىرگەن بولسىمۇ،

بىزنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ياش زىيالىيلىرىمىز تەرىپىدىن گۇھەر تېپىۋالغاندەك ئەتىۋارلىنىشقا باشلىدى.

يوقۇرىقىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ئەمەلىلىشىش شەرت-شارائىتىدىن مەھرۇم بولغان پىكىر ئېقىملىرىغا ماسلىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن مەنپەئەتدار بولۇشنى تاما قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە مىللەتچى نامىنى بەرگەن ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھامىيلىق قىلىشىنى تىلەيدىغان كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىگە چىنىي تۈركىستانچىلار دەپ نام بېرىشىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئارقا تىرەك قىلىپ ئىشنى بۇلغاپ يۈرىشەتتى. بۇمۇ يەتمىگەندەك، سوۋېت كوممۇنىستلىرىدىن تامادا بولغۇچى كىشىلەرمۇ يوشۇرۇن تىمىسقىلىشىپ يۈرىشەتتى. ...

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز 'داھىي' لىرى كۆتۈرۈشۈپ چىققان بۇ بىرقانچە خىل ئىدىيىۋى ئېقىملار ئىچىدە كىمنىڭ دېگىنى توغرا، كىمنىڭ دېگىنى خاتا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولالماي گاڭگىرىشىپ يۈرەتتى. بۇ داھىيلىرىمىزمۇ ھەر قېتىملىق قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن كېيىن، مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇپ بولىدىغان كۈنلىرىگىچە تاقەت قىلىشالماي، ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆز ئەقىدىلىرىنى ۋەتىنىمىز خەلقىگە مەجبۇرى تېڭىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت تالىشىش پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشكەنىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدىكى بۇخىل بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىدىيىۋى ئېقىملارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئىچكى جېدەللەر قاينىمى ئىچىدە ۋەتىنىمىزنى قايتىدىن قولغا چۈشۈرۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. دېمەك، بىزنىڭ 'داھىي' لىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆز ئەقىدىلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈستىگە دەسسىتىشىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزنى كەينى-كەينىدىن مەغلۇبىيەتلەرگە يېتەكلەشكەنىدى. يەنى، ئۇلار مىللىي مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئىشەنگەن مەسىلەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئورۇنغا ئېرىشىۋېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ پائالىيەت قىلىشقانىدى.

دىققەت قىلىدىغان بولساق، تا بۈگۈنگىچمۇ ئەنە شۇ كۈچلەرنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق داۋامى بولغان تەرەپتارلار ۋەتىنىمىزدە بىرقانچە گۇرۇھ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە گۇرۇھ ۋە تۈركىيە قاتارىدىكى غەرب ئەللىرىدە بىرقانچە گۇرۇھ بولۇشۇپ، ئۆز ئەقىدىلىرىنى بازارلىشىپ خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرماقتا ئىكەن.

بۇلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھەرقانداق بىر ئەقىدە، ئىدىيىۋى سىستېما ئالدىنقى مەقسەتلا قىلىنىۋېلىنىدىكەن، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز چوقۇم تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. ئەگەر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدە بۇخىل ھالەت كۆرۈلۈپ، ھەرىكىتىمىزنىڭ نورمال داۋاملاشتۇرۇلىشىغا ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولىۋاتقانلىقى ئېنىق سېزىلگەن ھامان، بۇخىل 'داھىي، قۇماندان، لىدەر، ...' لەرگە چىرايلىق ئىستىپا مەسلىھەتى بېرىلىشى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەزىپىسىدىن مەجبۇرى قالدۇرۇۋېتىش، ئېغىر جازالاش ئادەتلىرىنى يېتىشتۇرىشىمىز شەرت. بۇ شەخسىنىڭ بۇرۇنقى تۆھپىلىرى شېھىتلىك شەجەرىسى بولۇپ مەڭگۈ خاتىرىمىزدا ساقلىنىپ قالغۇسى.

ۋەتىنىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىش ۋەزىپىسى ئون مىليونلىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان يېڭى "ھاياتلىق ماكانى" دىن مەجبۇرى مەھرۇم قالدۇرىدىغان ھايات-ماماتلىق كەسكىن كۈرەش بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى قانلىق كۈرەشلەرنى ئاساس قىلىدىغان، باشتىن ئاخىرى مۇرەسسە قوبۇل قىلالمايدىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان كۆپ باسقۇچلۇق ۋە جاپالىق كەسكىن ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەت تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈنلا "ھاياتلىق ماكانى" تالىشىش مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، ۋەتىنىمىزنىڭ نەچچە ئون مىليون خەلقى ئۈچۈنمۇ ھاياتلىق ماكانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدۇر. شۇ سەۋەپتىن بۇ كۈرەش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈنلا ئېغىر قانلىق جەڭلەرگە سەۋەپ بولىدىغان مۇشەققەتنى چېكىدىن ئاشىدىغان مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كۈرەشتۇر. بۇنداق بىر جىددى ۋە ئېغىر كۈرەش بۇرۇنقى كۈرەش تارىخىمىزدىكىدەك بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئاددىي كۈرەشلەردىن ئەمەس. بەلكىم پەلەستىنلەرنىڭكىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئۆزگىچە كۈرەش باسقۇچلىرىغا ئىگە بىر كۈرەش بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق بىر كۈرەش ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر پارتىيىسى، ھەرقانداق بىر ئىدىيىۋى ئېقىمى ياكى قايىسى بىر دىنىي ئېقىم تەرىپىدىن ھۆددىگە ئالالايدىغان ئاسان ھەرىكەت بولماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئومۇمخەلق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت سىياسىي بىتەرەپ ھەرىكەت بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. شۇڭا بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلار ئۆز ئەقىدىلىرىگە ھەرقانچە ساداقەت بىلەن باغلىنىپ قالغان

كىشىلەر بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلغان كۈنىگىچە، يەنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر تەسىر كۈچى قالمىغان كۈنىگىچە ھەرگىزمۇ سىياسىي مەخسىدىنى ئوتتۇرىدا سۆرەپ يۈرمەسلىكى لازىم.

ھەرخىل سىياسىي ئېقىملار ئايرىم-ئايرىم تەشكىلاتلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا ئۆزئارا بىرلىكسەپ تۈزۈپ، ئورتاق بىر مەركەزى قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياكى ئورتاق چىقىرىلغان پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. يەنى، خەلقنى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپە ئالدىدا ھەممە ئىشىمىز خىتاي تاجاۋۇزچى مىللىي دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن بولىشى شەرت!

بۇنداق دېيىش بىلەن خالىغان شەكىلدىكى بىر قوماندانلىق مەركەزى شتابى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش كېرەك ئىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىۋېلىشتىنمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم. مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قوماندانلىق شتاپ، قەتئىي تۈردە تېنچلىق ، سۆھبەتلىشىش، دۈشمىنى بىلەن كېلىشىپ ئىش ھەل قىلىش، تېنچ دېپلوماتىك پائالىيەتلەر ۋە چەتئەل كۈچلىرىدىن تاما قىلىش پىرىنسىپىنى ئاساس قىلىش نامى ئاستىدا ئىش بۇزارلاردىن يىراق تۇرىشى ۋە ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆلچىمى ئاساسىدا ئەڭ مۇۋاپىق كۈرەش لايىھېسىنى ئۆزلىرىگە ھەرىكەت پىرىنسىپى قىلىپ تاللىۋېلىپ، شۇ ئاساستا ھەرىكەت ستراتېگىيىسى بىلەن ھەرىكەت تاكتىكىلىرىنى تۈزۈپ پائالىيەت قىلدۇرىدىغان شتاپ بولىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. يەنى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋاتقان يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە توساشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ھەقىقى تۈردە ئازايتىپ، كەلگۈسىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل-تاكۈس تازىلاپ چىقىرىشقا ھۇل ھازىرلىيالايدىغان ھەرىكەت شەكىللىرى ئاساسىدا قارارلاشتۇرۇلغان پروگراممىلارغا ئىگە بىر مەركەزى شتاپ بولىشى شەرت. بۇنداق شەرتكە توغرا كەلمىگەن ھەرقانداق بىرلىكسەپ ياكى ئىتتىپاق، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەركەزى قوماندانلىق شتابى لاياقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەسىلەن يېقىنقى يىللاردا تۈركىيەدە قۇرۇلغان ئاتالمىش "مىللىي مەرگەز" نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تېنچ

ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدە قانلىق كۆرەشلەرگە ئاتلىنىشنى تەشەببۇس قىلىشقا چىش-تىرنىقىغىچە قارشى چىقىدىغان خىتاپنامىلار ئېلان قىلىش، بۇ ھەقتە ھەرخىل خىتاي تەشكىلاتلىرىغا ۋەدىلەر بېرىشىپ، "شەرتنامىلار" تۈزۈشۈپ قول قويۇپ ئېلان قىلىش، جەڭگىۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى "ئىش بۇزغۇچى ھەرىكەتلەر"، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى "ئىش بۇزارلار" دەپ ھۆكۈم قىلىش، ھەتتا خىتاي كونسۇللىرى بىلەن ئاشكارە-يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلەر ئۆيۈشتۇرۇش، تېپىك ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىقلاردا بولۇپ ئۆزئارا تون كەيدۈرۈشۈش قاتارلىقلاردىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر "مەرگەز" دۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش "مەرگەز" لەردىن قەتئىي يىراق تۇرىشىمىز لازىم. خۇددى شۇنىڭدەك ئاۋال بىر مەرگەزگە ئۇيۇشۇۋالايلى، ئاندىن ھەرىكەت شەكلىنى قارارلاشتۇرايلى دەيدىغان تايىنى يوق "مەرگەز" لەرگە توپلىنىپ ئاۋارە بولغىچە، ئۆ ۋز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، مەرگەز قۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىتتىپاقلاشساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز. چۈنكى، ھەقىقى جەڭگىۋارلىققا ئىگە مەركەزى شتاپ ئەمىلىي ھەرىكەتلەردە پىشىپ يېتىلگەن زەربىدارلار قوشۇنلىرىدىن تەشكىللەنگىنىدە، بۇنداق مەرگەزلەرنىڭ ھەرىكەت پىلانلىرىمۇ ھەقىقىي كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدىغان ۋە ئاسانلىقچە پاش بولمايدىغان ھەقىقىي جەڭگىۋار شتاپ لاياقىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 1.13§ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسى توغرىسىدا

مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسىگە جىددى ئېھتىياجىمىز تۇغۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسى ئۈچۈن مىللىي غۇرور ۋە جاسارەت لازىم. بۇلار ئىنسان مىجەز-خاراكتېرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەر بولغاچقا، پسىخىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەتتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ ئامىللار قاتارىغىمۇ ئۆتەلەيدۇ.

خەلقىمىز گومىنداڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەۋرىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەقىقى مۇسۇلمان يېتەكچىلىرىمىزنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم

'ئۆلىما' لىرىمىز ئىلاھىيەت چۈمپەردىسىگە ئورۇنىۋېلىپ خەلقىمىز ئارىسىدا دۈشمەنىنىڭ زۇلۇمىغا قارىتا "شۈكۈر" قىلىش تەرغىباتىنى كەڭ يېيىپ كەلگەن بولسا، كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەۋرىدە نادان ياكى پۇرسەتپەرەست ئاتېئىستچىلار خەلقىمىزنى ئاتېئىزىم زەھىرى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ كېلىشتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، دىنىي مۇرەسسەچىلىرىمىز بۈيۈك دەستۇرىمىز بولغان «قۇرئان كەرىم» دا يۈزلەرچە جايدا تەكرارلىنىپ كەلگەن، ھەمدە بىر قېتىملىق قىممىتى نەچچە ئون يىللىق ئىبادەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان جىھاد قىلىش توغرىسىدىكى ئاللا ئەمرىنى تىلغا ئېلىشماي، بارىغا شۈكرى قىلىش بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بوي سۇنۇشنى ۋاجىپ دەپ تەرغىپ قىلىشىپ، خەلقىمىزنى دۈشمەنىنىڭ رايىغا قاراپ تېنچ بولۇشقا يېتىلەپ مېڭىشتى. ۋەتىنىمىز خەلقى بۈگۈن جىھادقا شۇنچە ئېھتىياجلىق تۇرىۋاتقىنىغا قارىماي، خەلقنى ئاللانىڭ نامىدىن يالغانلارنى توقۇپ چىقىرىشىپ جىم يېتىشقا زورلايدىغان سۆزلەر بىلەن چەكلەپ كېلىشتى. نەتىجىدە مەسچىتلىرىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن يارىششقا ئۈندەيدىغان سورۇنغا، خىتاي مۇستەملىكە سىياستىنىڭ مەدىھە سەھنىسىگە، كومپارتىيە ھۆججەتلىرىنىڭ جاكارخانىسىغا ئايلاندۇرۇلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پۈتكۈل تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەن مەجبۇرى تېڭىلىۋاتقان ئاتېئىزىم تەشۋىقاتى پەرزەنتلىرىمىزنى، ساددا كىشىلىرىمىزنى ئازدۇرۇپ كېلىشتى. بولۇپمۇ ماركسىزمنىڭ دۇنيانى ئىگە-چاقىسى بولمىغان، نەدىن كېلىپ نەگە بېرىشى مەلۇم بولمىغان بىر ئابستراكىت ماددا شەكلىدە تەسۋىرلەپ بېرىشى نەتىجىسىدە، بۇ دۇنيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئالەمنىڭ بىر نۇقتىدىن مەقسەتلىك ھالدا بىر تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى (كائىناتنىڭ تۇنجى پارتلىشى نەزەرىيىسىنىڭ ئىسپاتى بويىچە ئالغاندىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن) نى ئىنكار قىلىش ئەقىدىسى يارلىق ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى، ئېرقى، مىللىتى، دۆلەت تەۋەلىگى، ئىقتىسادى ئەۋزەللىگى، ئاڭ-پىكرى قاتارلىقلارنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، ئىنسانلار بۇ دۇنياغا ھايۋانلار ئالىمىدىن تەدرىجى تەرەققى قىلىپ كەلگەن، شۇڭا ئۇلاردا بىرمۇنچە ھايۋانلىق خاراكتېرى ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، ئىزچىل رېفلېكسلىق تەربىيە

نەتىجىسىدىلا ئاندىن ئادەم بولالايدۇ، ... دېگەندەك بىمەنە تەرغىباتلىرىنى يېيىپ كىشىلىرىمىزنى ئۈمىدسىز، روھسىز، غايىسىز، ھەۋەسسىز، مېڭىسىز قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە جېنىنىڭ بېرىچە تىرىشىپ كەلدى. يېرىم ئەسىرلىك بۇخىل ئاخماقانە تەشۋىقاتلار خەلقىمىزنى تەدرىجى ھالدا ھېچنېمىنى سەزمەس مەستخوشلارغا ئايلاندۇرۇپ نېمىنىڭ زۇلۇم، نېمىنىڭ ناھەقچىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىيالمايدىغان، بۇلارنى ئويلاشقىمۇ جاسارەت قىلالمايدىغان، مىللەت، دۆلەت، ئەقىدە، كەشپىيات، ئۆرۈپ-ئادەت، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، تارىخ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەنگە خائىنلىق، ... دېگەندەك چۈشەنچىلەردە چېكىدىن ئاشقان پىكرى زەئىپ ھالغا كەلتۈرىۋېتىشتى. بۇخىل بۇلغۇنۇشلارغا يولۇققان خەلقىمىز دوست كىم، دۈشمەن كىم، قارشىلىق كۆرسىتىش دېگەن نېمە، مۇداپىيەگە ئۆتۈش قانداق بولىشى كېرەك، مەخپىيەتلىك دېگەنچۇ؟ دېگەندەكلەردىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان، ۋىجدان-غۇرور مەسىلىلىرىدە قاراڭغۇلۇقتا قېلىپ، قارغۇلارچە چۆچەكلەردىكىدەك پىكىر قىلىشىدىغان غەلىتە مىجەزلىك ھالغا كەلتۈرۈلمەكتە. بۇنىڭ ئاقىۋېتىدە، دۈشمەننى كۆرسە 'تېنچلىق' دەپ قولىنى ئۇزارتىشىدىغان، ھەتتا دۈشمىنىگە تېز پۈكۈشنىمۇ 'تېنچلىق پەزىلىتى' دەپ تونۇيدىغان پاجىئەلىك ھالغا كەلتۈرۈلدى (تېخى يېقىنقى كۈنلەردىلا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنغان "گەندى تەرجىمە ھالى" نىڭ تەسىرىدە، ھەمدە تېنچلىقپەرەستلىرىمىزنىڭ "كۈرەش دەستۇرى" دەپ تونۇلىدىغان «ئەبگا ئۇيغۇرلار» دەيدىغان كىتابىنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىدىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن مازاق قىلىنىپ ئۈستىگە يۇندا تاكىۋەتسىمۇ، بىكاردىنلا ئۇرۇپ-ئۆلتۈرۈلۈپ بوزەك قىلىنسىمۇ "غىڭ قىلمايلى" دېگەندەك تەسلىمچى روھنى مەدىھىلىشىدىغان غەلىتىلىكلەر بەزى ئۆلتۈرۈشلارنىڭ 'شىرىن' سۆھبەت تېمىلىرىغا ئايلانماقتا ئىكەن! ــ تۈزەتكۈچىدىن).

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز، سىياسىيونلىرىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، ھەتتا ئاتا-ئانىلىرىمىزمۇ پەرزەنتلىرىگە "جىم تۇر، تېنچ تۇر، شۈكرى قىل، ئىتائەت قىل" دېگەندەك ئىدىيىلەرنى ئاساس قىلىدىغان تەشۋىقاتلارنى ئەۋلات تەربىيىلەشنىڭ دەستۇرى قىلىپ كېلىشمەكتە. بەك ئۆتۈپ كەتسە بۇخىل كىشلەر جەڭگىۋار تەشۋىقاتلار ئۈچۈن "شارائىت، پۇرسەت كەلمىدى" دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسلىمچى ئىدىيىسىنى

ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشماقتا. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشنىڭ شارائىتى يېرىم ئەسىردىن بۇيان پىشىپ يېتىلمىگەنمىش! "ئابدۇخالىقنىڭ چەمى" مىكەن بۇ ۋەزىيەت شۇنچە پىشمايدىغان! مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ شارائىتى ئۆزلىگىدىن پىشىدىغان ئالما-شاپتۇلا ئەمەس، ئۇنى بىز ئۆزىمىز تەدبىر قوللۇنۇپ پىشۇرىشىمىز، بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. 'تېنچلىق' دەپ جىم يېتىۋەرگىنىمىزدە 'قايناۋاتقان چامغۇرمۇ خېمىغا يېنىپ كېتىدۇ!'

خەلقىمىزنى 'قۇتۇلۇش جېڭى' غا يېتەكلەشنى چەكلەپ تۇرىدىغان بۇ تۈردىكى تەشۋىقات مىساللىرىنى يەنىمۇ كۆپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. 'بىكارغا قان تۆكۈلۈشتىن، بىھۇدە ئۆلتۈرۈلۈشلەردىن، خىتايغا، چەتئەل جامائىتىگە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشتىن، چەتئەل ياردىمىنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ...' — مانا بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلارنىڭ تىپىك مىساللىرى. ئەسلىدە بۇ تۈردىكى باھانىلارنىڭ تېگىدە ياتقىنى مىللىتىنىڭ دۈشمەندىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىغا، خەلقىمىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل-تۆكۈس قوغلاپ چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دېمەك، ئىنسانغا قىلىنغان خاتا تەربىيىلەر ئادەمنى ئىنتايىن ئۈمىدسىز، تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقىدىغان قىلىپ يېتىشىپ چىقىشقا سەۋەپ بولۇپ كەلمەكتە. ئەسلىدە ئادەمنىڭ روھى دۇنياسى دارۋىن تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇنداق ھايۋانىي بولماستىن بەلكى ئادىمىيدۇر؛ پاۋلوپ تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇنداق 'ئاق بەت' بولماستىن بەلكى ئىنسانىي تۈپكى ئېھتىياج ئىستەكلىرى بىلەن تولغاندۇر. يەنى قىسقىچە ئېيتقاندا، بۇ ھەقتىكى ماسلوۋ قاتارلىقلارنىڭ قوزغاتقان "ئۈچۈنچى پسىخولوگىيە دولقۇنى" — بارلىق (ياكى مەۋجۇدلۇق) پسىخولوگىيىسىدىكى ئادەم ئېھتىياجلىرىنىڭ قاتلاملىق ئوتتۇرىغا چىقىش تەلىماتى بويىچە قارىغىنىمىزدىمۇ، ئادەم بولۇش ئامىللىرى ئەسلىدىنلا مىليون يىللىق ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدا تەدرىجى مۇقىملىشىپ غوۋۋا ئېرىسى بىر شەكىلدە ئىنسان ئاڭ قاتلاملىرىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ئامىللارنى ھەرقانچە چەكلەيمەن، يوقۇتىۋېتىمەن، ئۆزگەرتىۋېتىمەن دېگەن بىلەنمۇ ئۇ بەرىبىر ئىنسان تەپەككۇر دائىرىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە يوشۇرۇن بولسىمۇ ساقلىنىپ، ئادەمنىڭ پىكىر قىلىشىغا بىرقانچە قاتلاملىق ۋاستىلىق نىقاپلانغان بىر شەكىللەردە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي

ئادەم بولۇش ئېھتىياجلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. يەنى بىر ئاسلان تۇغۇلغىنىدىن باشلاپ ئۆزىنى قانداقتۇر بىرەر يولۋاس قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئەمەس، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئۆتۈپ كەتسە ئەڭ مۈكەممەل بىر مۈشۈك قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرستىشتىن باشقا ئىمكانى بولمىغىنىدەك، ئىنسانمۇ ئۆزىنى باشقا قانداقتۇر بىر مەخلۇق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۈكەممەل ئادەم قىلىش ئۈچۈنلا تىرىشالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساندا ئۆزىنى ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ نۇرغۇن ئىچكى ئېھتىياج ئىستەكلىرىنى يېرىم ئېرىسى ھالدا بولسىمۇ ئاڭ قاتلاملىرىدا ساقلاپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ شەكىلدە كېلىۋاتقان ئادەم تۈپكى ئېھتىياجلىرى ئادەتتە فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجلار، فىزىئو-پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلار ۋە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلار دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ ئېھتىياج قاتلاملىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئاساسەن يوقۇرىدىكى تەرتىپ بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ قاندۇرۇلۇش ئىستەكلىرىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ھاۋا، يېمەك-ئىچمەك، ھۇزۇرلۇق مۇھىت (تۇرالغۇ)، جىنسى ھەۋەس قاتارىدىكى ساپ فىزىولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرى تەرتىپ بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن-بىرسى قاندۇرۇلۇش ئىستىگىنى نامايان قىلىغىنىدىن باشقا، يېرىم پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىدىن بولغان بىخەتەرلىك، مۇقىم تەۋەلىك قاتارىدىكى ئېھتىياجلىرى كۆپۈنچە ھاللاردا مۇھىت چەكلىمىلىرىگە قىسمەن بوي سۇنغان، ئېنىق تەرتىپ چېگىرىسى بولمىغان ھالدا قاندۇرۇلۇش ئىستىگىنى نامايان قىلىشى؛ ساپ پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىدىن قىزىقىش، موللۇق، ھەققانىيەتچىلىك، تەرتىپلىك، گۈزەللىك، كەشپىيات، پاكىزلىق، غۇرۇرلۇق، ياردەمسۆيەرلىك، ئوملۇق، ئىختىيارلىق، ئەركىنلىك، ... قاتارلىقلار بولسا ئاساسەن مۇھىت چەكلىمىسىنى نىسپىي شەكىلدە قوبۇل قىلمايدىغان، ئەركىن-ئىختىيارى بىر شەكىلدە ئىنسان ئىچكى روھىيىتىنىڭ ھەيدەكچىلىكى، تاشقى مۇھىت توسالغۇلىرىنى يېڭىشكە ئىنتىلگەن، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئەقدە دائىرىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلگەن ۋە شەخسنىڭ بىلىم-ماھارەت جوغلانمىسى قاتارىدىكى ئامىللارغا تايانغان، ئاساسەن ئۆستۈن ئىختىيارلىق ئاساسىدا نىسبەتەن تەرتىپسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ بىردىن-بىردىن قاندۇرۇلۇش ئىستىگىنى نامايان قىلىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى شۇ يەردىكى، ئىنسان بالىسى بۇ تۈردىكى ئېھتىياجلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى، بولۇپمۇ يوقۇرى دەرىجىلىك

ئېھتىياجلىرىنىڭ كونكرېتنى تەلەپلىرىنى بىلىنگەن تەپەككۇرى (ئاشكارا ئاڭ پائالىيىتى) دە ئاڭلىق ھېس قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن بولغاچقا، ئادەمنىڭ يېتىلىش جەريانىدا ھەربىر ئېھتىياج باسقۇچلىرى ئۈچۈن مۇتلەق بىخەتەر ۋە مۇتلەق مۇكەممەل ئېھتىياج سېزىم مۇھىتى بىلەن ئېھتىياج قاندۇرۇش مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىشى شەرت. تىرىشچان ۋە پاراۋان بىر ئائىلە مۇھىتى، ئىمكان بار ئەڭ مۇكەممەل شارائىتلارغا ئىگە بىر تەربىيىلىنىش مۇھىتى ۋە ئىمكان بار ئەڭ ئەركىن ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىجتىمائىي ۋە ماددىي مۇھىتى ئىنسان پەرزەنتىنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشقا يېتەكلىنىشىنىڭ ئەقەللى شەرتلىرىدۇر. بۇنداق بىر مۇھىتنى ھەرقانداق بىر شەخس ئاز ئالدىغا يارىتالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق تۈردە شۇ ئىنسانلار توپلىمىغا خاس ئەڭ مۇۋاپىق ئىجتىمائىي مۇھىت بولىشى، بۇنداق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئۈچۈن بولسا يەنە شۇ تارىخى توپلۇمغا خاس بولغان بىخەتەر ۋە مۇستەقىل بىر دۆلەت مۇھىتى بولىشى شەرت. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆز روھى دۇنياسىدىكى بۇ تۈر ئادەم بولۇشنىڭ تۈپكى ئېھتىياج تەلەپلىرىنى پەرق قىلالىشى، ئۇنى قاندۇرۇشى توسالغۇلارغا ئۇچۇراپ، بەزى ئېھتىياجلىرىنى يۇشۇرۇشقا، بىر باسقۇچلۇق، ھەتتا بىرقانچە باسقۇچلۇق نىقاپلىنىشلار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەشكە مەجبورلىنىدۇ. ھەتتا بىر يەرلىرىگە كېلىپ، بۇ تۈردىكى قاتلاممۇ-قاتلام نىقاپلاشلار نەتىجىسىدە، ئۇ ئادەم، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۈپكى ئېھتىياجىنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنىمۇ پەرق قىلالمىغىدەك ھاللارغا ئۆزگەرتىۋېتىشى، تېخىمۇ ئېغىرىراق بولغىنىدا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئادەم بولۇشنىڭ تۈپكى ئېھتىياجلىرىنى خاتا تونۇپ، ئۆز ئېھتىياجىغا بەكلا ئاز مۇناسىۋەتى بولىدىغان، ھەتتا زادىلا مۇناسىۋەتى يوق شەيئىلەرنى ئادەم بولۇشنىڭ تۈپكى ئېھتىياجى دەپ تونىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ نۇقتىغا كەلگەن بىر ئادەم، نورىمال ئادەم بولۇشتىن يىراغلىشىپ، مىجەز-خاراكتېرلىرى ۋە ئەخلاقى پەزىلەتلىرىدىكى بۇزۇلۇشلارغا، ئېغىرىراق بولغىنىدا ئەقىل جەھەتتە نورىمالسىزلىقلارغا مەھكۇم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، خەلقىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقىنىمىزدا، بەزى كىشىلىرىمىزدە كۆرۈلىدىغان ئېچىقاپ كەتكەندەك تاماققا ھېرىسمەنلىكلىرى، تاپقان پۇلىغا ئۆي سېلىشتىن باشقىنى بىلەلمىگىدەك ھالغا كېلىپ قېلىشلىرى، پۈتۈن ھېس-يادى يىگانە جىنسى ھەۋەس قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بولۇپ كېتىش، ئاچكۆزلۈك، قىزغانچۇقلۇق، يالغۇزلۇق، بېقىندىلىق،

غايىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، قۇللۇق مىجەزلىرىنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقلىرىنى ئەنە شۇخىلدىكى تۈپكى ئېھتىياج بۇلغۇنۇشلىرىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېساپلىشىمىزغا بولىدۇ. بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان بىرسى يا ئۇ مۇھىتتىن قېچىپ باشقا يېڭى مۇھىتقا ئۆزىنى ئاتىشى، ياكى بولمىسا تەدرىجى خاراپ بولۇش يولىغا كىرىپ ئۆزىنى نابوت قىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بەلگىلىك بىر توپلۇمدىكى شەخسلەردە بارغانسېرى كۆپلەپ ئومۇملىشىپ كېتىۋاتقان بۇ تۈردىكى نورىمالسىزلىقلار تەدرىجى ھالدا شۇ توپلۇمنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ھالىغا ئايلىنىپ، نورىمالسىزلىق شەخسلەرنىڭ مەسىلىسى بولۇشتىن ھالقىپ، شۇ مىللىي جەمئىيەتنىڭ پىكىر-تەلەپلىرى، ئاڭ-پىكىرلىرى، غايە-ئارزۇلىرى، تۇرمۇش قېلىپلىرى قاتارىدىكى ئورتاق بۇزۇلغان خاراكتېرى ھالىغا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

رۇشەنكى، مىللىتىمىز بۈگۈن يوقۇرقىدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئېزىلىشلەرگە دۇچار بولۇپ، سىياسىي-ئىجتىمائىي جەھەتلەردىلا يوقۇتۇلۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىنمۇ تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈلۈش خەۋپىگە دۈچ كەلمەكتە. بۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ بىردىن بىر يولى، مىللىي دۆلىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشتىن باشقىچە بولۇش مۇمكىن ئەمەس. يەنى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل مىللى دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسى – بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ بىردىن-بىر ھەل قىلىش چارىسى ھالىغا كېلىپ، مىللىي تەغدىرىمىزنىڭ تەقەززاسى بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا!

بۇ ئاساستا تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئادەم ھاياتلىقنىڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىدە ئەڭ بىخەتەر دەرىجىدە قاندۇرۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر مەخلۇقتۇر. مەلۇم بىر تۈپكى ئادەم بولۇش ئېھتىياجى ئەڭ بىخەتەر قاندۇرۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقانلىغى مۇقىملىشىپ قالغىنىدا، كىشىدە بۇ بىخەتەر تەلەپ قاندۇرۇلۇش ئاساسىدا تېخىمۇ يۇقۇرى قاتلاملىق ئېھتىياج ئىپادىلىرى بىرلىكتە نامايەندە بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق ئادەم بولۇشنىڭ تۈپكى ئېھتىياج قاندۇرۇش تەلىپى كىشىدە ئەڭ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش شەكلىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر بىخەتەر، مۇكەممەل ۋە ئىزچىل قاندۇرۇلۇشقا ئىنتىلىش، شۇ ئاساستا تېخىمۇ ئالغا ئىگىرلەش، تېخىمۇ يۇقۇرىغا يۈكسىلىش، يېڭىلىقلار يارىتىش، ... ئەڭ مۇكەممەل

ئادەم بولۇشقا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بىر مەخلۇق ئىپادىسىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇخىل تۈپكى ئىنسان ئېھتىياجلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئىزچىللىق تۇسالغۇسىغا ئۇچۇرىغىنىدا، كىشى دەرھال نارازىلىق ئىنكاسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگىنىدە قارشىلىق كۆرسىتىش چارىسىنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندەك ھېس قىلسا، ۋاستىلىق يوللار بىلەن ئۆزىنى خاراپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزى تەۋە بولۇپ تۇرغان كىشىلەر ياكى جەمئىيەتتىن ۋاستىلىق قىساس ئېلىشقا ئۇرۇنىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشلار، لۈكچەكلىك، قىمار، ھاراق-نەشىگە بېرىلىشلەر، پاھىشە، ئەدەپسىزلىك ھەتتا يېقىنلىرىغا، تەۋەلىكىگە، مىللىتىگە، دۆلىتىگە خائىنلىق، زىيانكەشلىك، ئەقلى ياكى جىسمانى ھۇرۇنلۇق قىلىشلار ئەنە شۇ خىل نورمالسىز قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋاستىلىق ئىپادىلىرى بولۇشى مۇقەررەر.

نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان كىشىلىرىمىزنى پەقەت شۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرۈپ، ئېغىر چەكلىمە يارىتىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك بېسىمىنىڭ بۇنداق ھادىسىلەرگە تۈپكى سەۋەبچى بولىۋاتقانلىقىنى قەتئىي ئويلاشمايدۇ. بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەپ بولىۋاتقانلىقىنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ!

بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان تۈپكى ئېھتىياج قاندۇرۇش جەريانىنىڭ تا تۆرەلمە ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىشقا كىرىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. بۇ جەريان ئۇ كىشىنىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. كىشىلەردىكى بەزى ئېھتىياجلار قىسمەنلەردە خېلى بالدۇرلا بىخەتەر قاندۇرۇلۇش باسقۇچىغا ئېرىشەلىسە، يەنە بەزىلەردە ھەرخىل ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خېلى كېيىنكى ياشلىرىدىلا ئاندىن بۇ ئېھتىياج قاندۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويىشى مۇمكىن. شۇڭا، بەزىلەردىكى قىسمەن نورمالسىزلىق ئىپادىلىرى كىچىك ۋاقتىدا كۆرۈلگىنىنىڭ ئەكسىچە، يەنە بەزىلەردە خېلى چوڭ ياشلاردا بۇخىل نورمالسىز ئىپادىلەر كۆرۈلىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەردە بۇرۇندىن قاندۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېھتىياجلىرى خېلى كېيىنكى دەۋرلىرىگە كەلگەندە قايتىدىن خەۋپكە دۇچ كېلىشىدىنمۇ، بۇرۇنقى مىجەزلىرىنى ئىپادىلەپ

قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن ۋەتەنسىزلىك مەسىلىسى يېتىلىۋاتقانلار ئۈچۈنلا مەسىلە يارىتىپ قالماي، قۇرامىغا يېتىپ بولغان، ھەتتا ياشانغانلار ئارىسىدىمۇ مەسىلە يارىتىپ كەلمەكتە. يەنى ۋەتەنسىزلىك، خەلقىمىزنىڭ بارلىق تەبىقىلىرىگە ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان بىردىن-بىر چوڭ مىللىي تەقدىر مەسىلىدۇر. شۇ سەۋەپتىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئومۇمخەلق ھەرىكىتى دەپ قارىماقتىمىز. بۇ يەنە كېلىپ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىۋېتىلگەن بىر مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى بولغاچقا، ۋەتىنىمىز خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئەڭ تىپىك ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ھەرىكىتى ھېساپلىنىدۇ.

ئىنسان پسىخولوگىيىسىدىكى بۇ تۈر نورمالسىزلىقلار ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى ۋە ئۆزىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ روي بېرىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋېتىدە كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئازىيىدۇ. بۇ يەنە كېلىپ كىشىنىڭ تەۋەككۈلچانلىق روھىنى ئۆلتۈرۈپ، جاسارەتسىز ھالغا كېلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشى دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى پەقەتلا باشقىلار ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك دەيدىغان بۇۋاقلارچە مىجەزگە كىرىپ قالىدىغان بولغاچقا، تاماخورلۇق مىجەزى قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىغىنى ئۆزلىرى بىۋاستە ھەرىكەت قىلىپ قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي، "بىزنى مۇسۇلمانلار دۇنياسى، تۈرك دۇنياسى، ئا ق ش ياكى ب د ت قۇتقۇزۇپ قويسۇن" دېگەندەك تەلمۈرۈشلىرى، ھەتتا دۈشمىنىمىزنىڭ بىر قانىتى بولۇپ تۇرىۋاتقان "دېموكراتچى" خىتايلاردىن ئۈمىد كۈتىدىغان غەلىتە بىنورماللىقلارنىڭ كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقانلىقى پۈتۈنلەي يوقۇرىقىدەك مىجەزلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كېسەللىك ھالىتىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىشەنچىسىز ئىنسان ئەگەر جاسارىتىدىنمۇ مەھرۇم قالسا، ئۇنداق بىرسى قورقۇنچاقلىشىپ كېتىدۇ. قورقۇنچاق بىرسى تېنىچ مۇھىتقا ھەۋەس قىلىدىغان بولىدۇ. ھەتتا ئۆلۈمى ھېساۋىغا بولسىمۇ بۇنداق تېنىچ مۇھىتنى تاما قىلىدۇ. بۇ يەردىكى تېنىچلىق، خاتىرجەملىكتىن كېلىۋاتقان ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشلەرنىڭ ئارزۇسىدىكى تېنىچلىقتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. نەتىجىدە، ۋەھىملىك مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشى ئۈچۈن تېنىچلىق تاماسى ئۆزىنى نابوت قىلىشىنىڭ بىر چارىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ

جەمئىيەتتىكى ئىپادىسى بولسا ۋەتىنىگە ياكى مىللىتىگە ۋاستىلىق خائىنلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن "تېنچلىق" ـ كىشىلىك ئېھتىياجلىرىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر!

يۇقۇرىدا كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى شۇ جەمىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان خۇسۇسى كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ يېتەكچى ئورنىدا تۇرىۋاتقان كىشلىرىنىڭ ئورتاق خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ كۆرۈلىدۇ. يەنى، ئىنسانىيەت ئومۇمىيلىقتىن قارىغاندا بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە چەكسىز كەتكەن شەخسلەرنىڭ ئاز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇ سەۋەپتىن دۇنيادىكى ئىنسانلار دۇنياۋىي ئىتتىپاقلار، دۆلەتلەر، رايونلار، ئېرق-مىللەتلەر، ئىقتىسادىي-ھەربىي گەۋدىلەردىن تەشكىل تاپماقتا. بۇلار ئەينى ۋاقىتدا يەنە ئۆلكە، شەھەر، يېزا، جەمئىيەت، تەشكىلات، شىركەت-ئىدارە، گۇرۇھ، دوست-ئائىلىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. يەنى، دۇنيا ئاقىۋەتتە شەخسى پائالىيەتلەرنىڭ سەھنىسى بولۇپ بىلىنىدۇ. ئەمما بارلىق شەخسلەرنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدە رۇشەن ئىپادىسىنى تېپىپ كېتەلىشى ناتايىن. ئەگەر ھەربىر شەخسنىڭ ئويلىغىنى، پىلانى، پائالىيتى ئىنسانىيەت پائالىيتىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتالىسا ئىدى، دۇنيادا پادىشاھلارنىڭ، داھىيلارنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ، ئالىملارنىڭ قىلچە قىممىتى قالمىغان بولاتتى. ئالايلۇق، ئوغۇزخان بولمىغان بولسا، تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئەسىرلەر بويى دۇنيا سەھنىسىدىن چۆشمەي پائالىيەت قىلالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالماس ئىدۇق. ئەگەر نيۇتون بولمىغان بولسا ئىدى، ھازىرقى زامان سانائەت دەۋرىنىڭ يەنە قانچە ئەسىر كېچىكىپ بارلىققا كېلىدىغانلىغىنى، ئەگەر ئەينىشتېين بولمىغان بولسا، يادرو-ئېلېكترون دەۋرىنىڭ قاچان بارلىققا كېلىدىغانلىغىنى مولچەرلىمەك تەس ئىدى. ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىمۇ ناپالىيون، ھىتلېر، ماركس، ... قاتارلىقلارنىڭ دۇنياۋى داۋالغۇشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە پەۋقۇلئاددە رولى بولغانلىغىنى ئىنكار قىلالمايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، تۆمۈر خەلپە، غوجا نىياز ھاجى، غېنى باتۇر قاتارلىقلار بولمىغان بولسا، يىگىرمىنچى ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزمۇ تەس بولاتتى. دەرۋەقە، تۆمۈر خەلپىنىڭ سەپتىن ئايرىلىشى داغ-دوغىلىق خەلق قوزغۇلىڭىنى جىمىتىپلا

قويدى؛ غوجا نىياز ھاجى قاتارلىق يېتەكچىلىرىمىزنىڭ سەپتىن ئايرىلىشى ۋە بىرقانچە رەھبەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتىمىزنى جىممىتىلا مۇنقەرز قىلىپ قويدى. ... بۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەردە سەلبىي ئۈلگىلەرنىڭ كۆرسىتىدىغان زىيانلىق تەسىرىنىمۇ كۆرمەكتىمىز.

بۇلاردىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىش ئالالايمىزكى، ئىنسانىيەت پائالىيىتىدە ھەربىر ئادەم ئالىم، ھەربىر كىشى قۇماندان، خالىغان بىرسى داھىي دەرىجىسىگە يۈكسىلەلمەيدۇ. ئۇنداق مەرتىۋە تەڭرىنىڭ سىرلىق قانۇنىيەتلىرىگە باغلىق ھالدا ئىنتايىن ئاز كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. ئەگەر تۆمۈر خەلپىمىزدىن ئەينى ۋاقىتتا ئىككىسى بولغىنىدا ئىدى، بىرسى ئۆلسىمۇ يەنە بىرسى خەلقنى غەلبىلىك جەڭلەرگە يېتەكلىيەلىگەن بولار ئىدى. غوجا نىياز ھاجىدىن يەنە بىرسى بولسا ئىدى، قايتىدىن مىللىي ئازادلىق كۆرۈشىنى باشلاپ بېرەلىگەن بولار ئىدى؛ غېنى باتۇردىن بىرقانچىسى بولغىنىدا، بۈگۈن بىز بۇنچىلىك پاجىئەلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولار ئىدۇق. ... دېمەك، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالىمىگە ئوخشاشلا بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز مۇكەممەل بىر ھەرىكەت ياراتقۇچىسىغا، جاسارەتلىك ۋە تەۋەككۈلچى قەھرىمانلىرىمىزغا، پاراسەتلىك قۇماندان-داھىيلىرىمىزغا ئېھتىياجىمىز بولىدۇ. يەنى، بىز ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۈلگىلەرگە، قەھرىمانلارغا، يېتەكچى-داھىيلارغا ئەگىشىشىمىز، ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز، ئۇلارنىڭ يېتەكلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ماسلىشىپ بېرىشىمىز، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز، ئۇلارنىڭ شېھىت بولىشىدا ھەسسىلەپ قىساس ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەقەززار قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك تۆمۈر خەلپىنى، غوجا نىياز ھاجىنى، غېنى باتۇرنى، ... خەلقىمىز قۇرۇلتاي ئېچىپ سايلاپ چىقمىغانلىقىغا ئوخشاش، بۇندىن كېيىنكىلەرنىمۇ بىز ئۆزىمىز خالىغان پەيتتە ۋە خالىغان شەكىلدە تاللاپ ئالالمايمىز. بۇنداق كىشىلەر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئىسپاتلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇ. بۇ كىشىلىرىمىز ئەينى ۋاقتىدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقتىدىكى مۇئەييەن بىر ھەرىكەت ئۈستىدە بىزنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىمىز بولىدۇ! بىز ئەڭ ئۇتتۇغلۇق بىر تەنھەرىكەتچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز

ئۇچۇن سىناق قىلغىنىمىزدا بىرەر ناكار كىشىنى تەربىيىلەش ئۈلگىسى قىلىپ قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگىنىمىزدەك، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىمۇ يۇمشاقباش كىشىلىرىمىزنى ئۈلگە، داھىي قىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. بىزگە ئەڭ مۇكەممەل يېتەكچىلەرلا داھىيلىق قىلىشى شەرت. بۇنداق بىر داھىينىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مۇقەررەر بىر ھەرىكەت جەريانىدىلا كۆرۈلىدىغان ھادىسە.

بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز جەريانىدا بۇ تۈردىكى ئىقتىدار ئىگىلىرىدىن يۈزمىڭدا بىر، ھەتتا مىليوندا بىر چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. بۇخىل كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارىنى مۇئەييەن بىر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەت باسقۇچىدا قىلچىمۇ بېخىللىق قىلماي تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئۆزلىرىدىكى بۇخىل تەبىئىي ئىقتىدارىنى ھەرگىزمۇ شەخسى مۈلكى دەپ قارىماسلىقى، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئورتاق مۈلكى، ئورتاق بايلىقى، جەۋھىرى دەپ تونۇپ، شەرتسىز پىدا قىلىشنى بىلىشى شەرت. خۇددى شۇنىڭدەك، ۋەتىنىمىز دائىرىسىدىكى ھەرقانداق بىر يۇرتداش ئۆزىدە نۆۋەتتىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى دولقۇن ھالىغا كەلتۈرۈشتە ھەرقانداق بىر ئىقتىدارغا، پۇرسەتكە، ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھامان، بۇ ئارتۇقچىلىقىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ۋەتەن-خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن پىدا قىلىش يوللىرىنى ئاختۇرۇشى شەرت. بۇ ھەقتە قىلچىمۇ بەدەل تەلەپ قىلماسلىقى، ۋەتىنى ئۈچۈن پىدا قىلىشقا ھەرۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. بۇنداق كىشىلەر ئەمەلىي پائالىيەت سورۇنلىرى يارىتىپ، ئۆزلىرىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىدا ھەرىكەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، تەشۋىق قىلىش ۋە شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە ھەرۋاقىت تىرىششى لازىم!

خەلقىمىز ئارىسىدا تېپىلىدىغان بۇنداق قابىلىيەت ئىگىلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس ساھەلەر بويىچە ئايرىم-ئايرىم پائالىيەت سورۇنلىرى يارىتىش بىلەن بىرگە، پۇرسەت تاپقان ھامان باشقىلار بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۆزئارا باش قوشۇپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ مۇكەممەل پىلان، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى قارارلاشتۇرۇپ، ئۆز پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىشنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم. بۇخىل

ئىقتىدار ئىگىلىرىمىز شۇنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەككى، خەلقىمىز دۈشمەننى چەكلەش، ئازايتىش، تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىش جەريانلىرىدا مۇئەييەن ئۆلگىلەرگە، تەشۋىقات ئۆلگىلىرىگە، يېتەكچىلەرگە، تەشكىللىنىشكە، كۈچلۈك ئەمەلىي ھەرىكەت پروگراممىلىرىغا بەكلا مۇھتاج تۇرماقتا!

## 1.14§ ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلىرىمىز

ھەرقانداق بىر ئادەم مۇقەررەر تۈردە بىرەر ئەقىدىگە مايىل بولۇپ ياشايدۇ. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر ئۆزئارا ھەمكارلاشقانلىرىدىمۇ ئورتاق ئەقىدىلەر ئاساسىدا بىر يەرگە كېلەلىسە، بۇنداق تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشۈپ كېتەلەيدۇ. بىر تەشكىلات ئىچىدە ــ ئىنتايىن يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇلۇشقا، مىليون كىشىلىك زامانىۋى قوراللىق تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە ئىگە ئون مىليوندىن ئېشىپ كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتقىنىمىزدا ــ تەشكىلات ئەقىدىسىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى تالاش-تارتىش قىلىشقا بېرىلىپ كېتىش، بۇ تەشكىلاتنىڭ پارچىلىنىپ خاراپ بولۇشى ۋە ئاخىرى پاش بولۇپ يوقۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر كىشى مۇئەييەن بىر تەشكىلاتقا مەنسۇپ بولغىنىدا مۇتلەق ئىختىيارى تاللاش ھەققىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشىشى شەرت. ئەگەر مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ ئەقىدىلىرى بۇ قاتناشقۇچىنىڭ ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى سەزگەن ھامان ۋە بۇ شەخس ئۆز ئەقىدىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ۋىجدانەن رازى بولمىغىنىدا، بۇ شەخس قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى ياكى بۇ تەشكىلاتتىن ئىستىپا سورىشى شەرت. ئۇنداق بولمىغىنىدا، بۇ تەشكىلاتنى تۈگىمەس ئىچكى زىددىيەتلەر قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىپ، بىر تەشكىلاتنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا، ھەتتا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق شەكىلدە بولسىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، پاش بولۇپ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر قاتناشقۇچىنىڭ تۈپكى ئەقىدىسى بۇ تەشكىلاتنىڭ پرىنسىپلىرىغا توغرا كەلمەي قالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ياكى پائالىيەت شەكىللىرىدىن قايىل بولۇش ھېسسىياتىغا كېلەلىسە، بۇنداق تەشكىلاتقا سىرتتىن

ياردەمچى بولۇش يولىنى تاللىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ۋەتەن تەقدىرىنى ھەل قىلىش غايىسىنى ئۆزلىرىگە تۈپكى ھەرىكەت پىرىنسىپى قىلىپ تاللىۋالغان ھەرقانداق بىر تەشكىلات ئەزا قوبۇل قىلغىنىدا، ئۆز ئەقىدە-پىرىنسىپلىرىغا بەكلا يىراق قالغان كىشىلەرنى زورلاپ قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئىقتىدارى، كەسپى ياكى ئىقتىسادىي ياردىمى قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ ئەزا قوبۇل قىلىش، بۇگۈنكى شارائىتىمىزدا ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ بۈگۈنكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا مۇتلەق يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مىللىي مۇستەقىللىقنى غايە قىلىدىغان ھەرقانداق بىر تەشكىلاتىمىزنىڭ ئاشكارە قۇرۇلۇشىنى ياكى ئاشكارە پائالىيەت قىلىشىنى بۈگۈنكى كۈندە قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنى ئاشكارە ئېلان قىلىپ قۇرۇلىدىغان بىر تەشكىلات، مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆپ بولغىنىدا يۇرتداشلار ئارا ھەرخىل كەسپى مەزمۇنلاردا پائالىيەت قىلىدىغان ھەمكارلىق جەمىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەمما شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئۆزلىرىگە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى غايە قىلىپ ھەرىكەت پروگراممىسى تۈزگەن ھەرقانداق بىر تەشكىلاتىمىز، مۇتلەق تۈردە ۋە يوشۇرۇن ناملاردا تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت خىتاپنامىسىنى، مۇراجەت-چاقىرىقلىرىنى، ۋەزىپىلىرىنى، خەلقنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، خەلققە جاسارەت بېرىدىغان تەشۋىقاتلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا خەلقى ئارىسىغا يوشۇرۇن يوللاردىن يايدىلىنىپ تارقىتىپ تۇرۇشى شەرت. ئەگەر بىر مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ تۈپكى مەقسىدىنى، خىتاپنامىسىنى، چاقىرىقلىرىنى ئۆز خەلقىدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتقانىكەن، ئۇ ھالدا بۇ تەشكىلاتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئازادلىق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشىمىز كېرەك. ئەڭ كامىدا بۇ تۈردىكى تەشكىلاتلارنىڭ تاكتىكا-ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە بىر ئېغىر خاتا پىلان تۈزىۋالغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. مەسىلەن، ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ش ت خ ئى پ» نىڭ مۇتىزىم بىر يوشۇرۇن ئازادلىق پارتىيە تەشكىلاتى ئىكەنلىگى راست بولغىنىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك تارىخدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

بىردىن-بىر يوشۇرۇن مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى بولۇپ ھېساپلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ تەشكىلات، ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتى جەريانىدا تۈپتىن قارمۇ-قارشى تاكتىكىلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. يەنى، بۇ تەشكىلات بەزىدە پۈتۈنلەي دېگىدەك ئاشكارە پائالىيەت قىلىشنى تاللاپ ئالغان بولسا، يەنە بەزى دەۋرلەردە گويا مەۋجۇتلۇغىنى يوقاتقاندەك مۇتلەق يوشۇرۇن ھالەتكە ئاتىۋالىدۇ. مەسىلەن، ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋە ئاخىرلىرىدا ئىككى قېتىم ئاشكارە دېگىدەك پائالىيەت قىلىشنى تاللاپ ئېلىپ، يۈزمىڭلىغان ئەزاسىدىن مەھرۇم بولغان پاجىئەلىك پائالىيەتلەرنى قىلغان بولسا، قالغان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ مەۋجۇتلىغىدىن گۇمانلىنىشنى تۇغدۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىتىدىغان يوشۇرۇن چاقىرىقنامە ياكى يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىنى كوچىلاردا مۇتلەق مەخپى شەكىللەردە بولسىمۇ ئاساسەن ئۇچۇرىتالمايمىز. بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا مۇستەقىللىق غايە تەشۋىقات تەسىرىنى يوقۇرىدىكى نىسپى ئاشكارە پائالىيەت قىلغان ئىككى قېتىملىقىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن كۆرەلمەيمىز. شۇنداق بولغاچقا، ۋەتىنىمىز خەلقى بۇ قىرىق-ئەللىك يىل جەريانىدا تەشكىللىك، پىلانلىق، پروگراممىلىق پائالىيەت پەيدا قىلىش جاسارىتىگە ئاساسەن ئېرىشەلمىدى. كۆرۈلگەن پائالىيەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ ئىستىخىيىلىك ۋە پروگراممىسى بولمىغان پائالىيەتلەر بولغاچقا، ھەممىسىلا پاجىئەلىك مەغلوبىيەتلەردىن ساقلىنىپ قالالمىدى. بۇ دېگەنلىك، بۇ مەغلوبىيەتلەرنىڭ باش سەۋەپچىسى «خىپ» دېگەنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ تەشكىلات خەلقىمىزنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمىدى دېيىش مۇمكىن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە خەلقىمىزنى پۈتۈن چارە-تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جاسارەتكە ئېرىشتۈرۈش، ئۇلارنى جاسارەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولسىمۇ يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. بۇنى قىلالمىغان بىر تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلىغىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى نەتىجىسىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئېغىر ۋەزىپە.

ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى مۇتلەق تۈردە زامانىسىغا لايىق يوشۇرۇن

تەشۋىقاتلارغا، يوشۇرۇن ھەرىكەت پروگىراممىلىرىغا ۋە يوشۇرۇن ۋاستىلار بىلەن، ئەمەلىي ئۆلگىلەر بىلەن جاسارەتلەندۈرۈلۈشكە مۇھتاج بىر ھەرىكەت. ئەگەر خەلقنى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى پائالىيىتىگە يوشۇرۇن ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلمىغانلا بولىدىكەن، بۇنداق بىر تەشكىلات، خەلقىگە ئىشەنمەيدىغان بىر تەشكىلات بولۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، بۇگۈن ئاشكارە مەلۇم بولىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۆز خەلقىگە، ئۆز خەلقىنىڭ جاسارىتىگە ئىشەنمەي، ياتلاردىن ئۈمىد كۈتىدىغان تەشكىلاتلار ئىكەنلىكىنى كەينى-كەينىدىن ئىپادىلەپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بىزنىڭ نۇرغۇن تەشكىلاتلىرىمىز ھەربىر پائالىيىتىنى چەتئەل كۈچلىرىنى جەلىپ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ پىلانلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ھەتتا نۇرغۇن تەشكىلاتلىرىمىز خەلقىمىزنى بىرەر پائالىيەتكە يېتەكلىگىنىدىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئاشكارە قوزغىلىپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىدىن كېيىنكى مۇقەررەرلىك بولغان ۋەھشىلەرچە باستۇرۇلۇش سەھنىسىنى دۇنيا جامائىتىگە كۆرسىتىشنى مەخسەت قىلىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، يوشۇرۇن ھەرىكەتلەر، خەلقنىڭ زىيانغا ئۇچۇرىماي مۇستەقىللىق پائالىيىتىگە يوشۇرۇن ئاتلىنىشىنىڭ بۇنداق پىلانغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ھەربىر تەشكىلات ئوچۇق بىلىدۇ. بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىز ئاشكارە پائالىيەتلەرنى بىردىن-بىر تاكتىكا قىلىپ پائالىيەت قىلىشىدا، قايسى بىر كىشىلەردىن يىللىق پائالىيەت مەبلىغى يىغىۋېلىش، شۇ ئارقىلىق يىغىن-دەرد تۆكۈش پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى بىردىن-بىر مەخسەت قىلىشماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مۇھاجىر تەشكىلات ياكى شەخسلىرىمىز چىقارغان ۋە تاقىلىپ كەتكەن شۇنچە نۇرغۇن مەتبۇئات تۈرلىرىدىن بىرمۇ گېزىت، ژورنال، كىتاب قاتارىدىكىلەر ھەرقانداق بىر دۆلەت تەرىپىدىن پىچەتلىنىش جازاسىغا ئۇچرىغان بولماستىن، پۈتۈنلەي دىگىدەك ئىختىسادى بولمىغانلىقىدىن ياكى ھىمايىچىسى، پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقىدىن ئۆزلىكىدىن تارقىلىپ ياكى تاقىلىپ تۇرماقتا. روشەنكى، بۇ مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز ئاساسەن خىتايغا قارشى يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش تەشۋىقاتى بىلەن ئاساسەن شوغۇللانماي كەلدى.

بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيىتىمىز گەندىنىڭ دەۋرىدىكى ھىندىستاندىكىدەك نەچچە ئونمىڭ قۇراللىق دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان تار بىر

يېرىم ئارالغا قىستىلىپ قالغان يېرىم مىليارد خەلقى بار مۇھىتتا ياشاۋاتقىنى يوق. بىز بۈگۈن خەلقىمىزنى تارىخ بېتىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئۆزلىرىگە بىردىن-بىر مۇددا قىلىۋاتقان مىليون كىشىلىك قۇراللىق كۈچىگە ئىگە، بارلىق پۇرسەتلىرىمىزنى تارتىپ ئالغان نەچچە مىليون تاجاۋۇزچى دۈشمەندىن قۇتۇلۇش مۇھىتىدا تۇرماقتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى، خەلقئارالىق شىكايەت پائالىيەتلىرى ياكى ئاشكارە يىغىلىش-نامايىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇستەقىللىقىمىزنى ھەرگىزمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. بۇنداق تايىنى يوق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن دەيدىغان پوسمىغا پۈركەشكە ئورۇنۇش، مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيىتىمىزنىڭ مۇدداسىنى بۇرمىلاش ھېساپلىنىدۇ.

دېمەك، ئۆزلىرىنى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەشكىلات دەپ ھېساپلىشىپ، بىرقاتار قىممىتى يوق، ئەمىلىي رولى يوق، قۇرۇق داۋراڭلار بىلەن، ھەتتا زىيانلىق تەرغىباتلار بىلەن مۇجمەل پروگرامما-نىزامنامىلارنى تارقىتىپ خەلقىمىز ئارىسىدا قۇرۇق ئۈمىدلەرنى يېيىپ يۈرۈشمۇ بىر جىنايەت. مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەت تەشكىلاتى ئىكەن، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكتىمىز ئۈچۈن ئەمەلدە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ۋە ئەمىلى تۆھپىسى بولىدىغان پىكىر-ھەرىكەتلەرگە ئىگە بولىشى شەرت. شۇنىڭدەك يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى جىددى دۈشمەن ۋەزىيىتىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، كەلگۈسىدە، مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرگىنىمىزدىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەشكىلاتلىرىمىزنىمۇ مىللىي مۇستەقىللىق تەشكىلاتى دېيىشىمىزگە ھەققىمىز يوق. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ چاقىرىق، پائالىيەتلىرىنىمۇ مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرى دېيەلمەيمىز. بۇنداق نامدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ قۇرۇق تامالاردا بولغىنىمىزدىن كۆرە، ئۆز ئالدىمىزغا دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز تېخىمۇ ئاقىلانە ئىش قىلغانلىغىمىز بولىشىدا شەك يوق.

## 1.15§ تاشقى مۇناسىۋەت مەسىلىسى

ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىغىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چەتئەل

كۈچلىرىنىڭ خىتايغا بېسىم قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىغا تېنچ يول قويۇشىغا مەجبورلاپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپلىگى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋەتەنسۆيەرلىرىمىز ئەنە شۇخىل قۇرۇق تامالاردىن ئۈمىد كۈتۈپ بىر ئۆمۈر قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زايا قىلىپ ئۇ ئالەمگە كېتىشمەكتە. ھەتتا بۇنداق ھاياجانىنىڭ سىرتقا ئىپادىلىنىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن تۈگىمەس بالايى-ئاپەتلەرگىمۇ قالغان بولدى. بۇنداق قۇرۇق تامالاردا قويىدىغان خىيالىي تەسۋىرلەر دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ھەربىر يېڭى ۋەقە ياكى ئۆزگىرىشلەردە يېڭىلىنىپ ئۈتتۈرىغا چىقىپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ دۇنياۋى كوممۇنىزم ئېقىمىنىڭ ھالاكىتى ئېلان قىلىنغان توقسەنىنچى يىللاردىن باشلاپ بۇ تۈردىكى تامالار قايتىدىن كۈچىيىپ خەلقىمىزگە يېڭى قۇرۇق ئۈمىدلەرنى ۋەدە قىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا قايتىدىن "جىم يېتىپ كۈتۈش" ھالىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

شەرقىي تۈركىستانىمىز بۈگۈن پۈتۈنلەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلى ئاستىدا تۇرىۋاتقانلىغى ئىنكار قىلىنماس بىر رىياللىق. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دۇنيا دىپلوماتىيە ساھەسىدە ۋەتىنىمىزگە قىلچىلىكمۇ بىرەر پۇرسەت قالدۇرماي، ۋەتىنىمىز ھەققىدىكى ھەرقانداق بىر ئۇچۇرنى چەكلەش، ئىنكار قىلىش، بۇرمىلاش، ھەتتا قولىدىن كەلگىنىدە بېسىم قىلىش، تەھدىت سېلىش، پارا بېرىش ۋاستىلىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي زۇلۇم مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا سەھنىسگە چىقىرىلىشىنى چەكلەپ تۇرماقتا. بىزنىڭ چەتئەللەردىكى مۇساپىر سەرگەردانلىرىمىزمۇ ھەرخىل يىتەرسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا بەكلا ئاجىز تۇرۇۋاتقاچقا، تىبەت ۋە تەيۋەنلەرگە ئوخشاش دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشتىن بەكلا ئۇزاقتا تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا جامائىتىنى ئەنسىرەتكىدەك بىرەر تەھدىت ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىمۇ كۆرۈلمىگەچكە، بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلىۋىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش تامالىرى بەڭگىنىڭ خىيالىدىنمۇ ئىشەنچىسىز ھالدا تۇرماقتا.

ئەگەر خام خىيال قىلىشقا توغرا كەلسە، بۈگۈنكى خەلقئارالىق مۇھىتنى تەھلىل قىلغاندىكى نەتىجىلەرگە قارىغىنىمىزدا، ۋەتىنىمىزنىڭ دۇنيا جامائىتىنى جەلىپ قىلالىشى ئۈچۈن ئاۋال خەلقئارادىكى بىرەر جەسسۇر دۆلەتنى ئارقا تىرەك

قىلىنغان ھالدا، ۋەتىنىمىزدە مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە قىسمەنلىكتە بولسىمۇ دۇنياغا ئۆزلىرىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان مىللىي ھۆكۈمەت خادىملىرى، كۆپ قىسىم ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى شۇ دۆلەتكە قاچۇرۇپ چىقىپ پانالىق تىلەش ۋە شۇ ئاساستا بىرەر سەرگەردان ھۆكۈمەت قۇرۇش ئارقىلىقلا دۇنيا جامائىتىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئېھتىمال ئىدى. بۇنداق پۇرسەت ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تېنچ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدىن كېيىنكى جىم يېتىۋېلىشىمىز نەتىجىسىدە تارىخقا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئىككىنچى بىر ئىمكانىيەت بولسا، ۋەتىنىمىزدە سانائەت، پاراۋانلىق ۋە ھاكىمىيەت خىزمىتىدە ئىشلەيدىغان مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، بىرتۇتاش ئىش تاشلاش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ نورمال ھاياتلىق شەرتلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە پالەچ ھالغا چۈشۈرۈۋېتەلەيدىغان ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولىشىمىز ئارقىلىقلا دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن بولاتتى. ھالبۇكى، ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى باشقا مۇستەملىكىچىلەردەك ئۇنداق يۆتكىگىدەك ئارتۇق كۆچمىنى يوق بىر تاجاۋۇزچى ئەمەس. بۇ تاجاۋۇزچى، ۋەتىنىمىزنى پېتىشماي قېلىۋاتقان ئۆز ئاھالىسى ئۈچۈن بىر ھاياتلىق ماكانى سۈپىتىدە بېسىۋېلىشنى ئۆزلىرىگە مۇددا قىلغان بىر دۈشمەن. شۇڭا بۈگۈن، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشىمىزدا تېنچ كۈچ كۆرسىتىشتەك بۇنداق بىر ئىمكانىيەتتىن تولۇق مەھرۇم بولغان بىر ۋەزىيەتتە تۇرماقتىمىز. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى بار دېگىنىمىزدىمۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا تارىخقا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئەللىگىنچى يىللارغا خاس بىر ۋەزىيەت ئىدى. ئۈچۈنچى بىر ئېھتىماللىق بولسا، ئاسانلىقچە يىمىرىلمەيدىغان نىسبەتەن مۇنتىزىم ۋە نىسبەتەن مۇستەھكەم ئازاد رايونلىرىغا ئىگە مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزدە ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلىپ دۇنيا جامائىتىنى ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلدۇرالىشىمىز ئېھتىمال ئىدى. روشەنكى، بىز بۇنداق پۇرسەتنىمۇ ئەڭ كامىدا يەتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدىلا قولدىن بېرىپ قويغانمىز. ۋاھالەنكى، بۇنداق خەلقئارالىق داغدۇغا پەيدا قىلىشىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزغا قانچىلىك ئىجابىي رول ئوينىيالايدىغانلىقى مۇنازىرە قىلىشقا تېگىشلىك باشقا بىر مەسىلە.

ئەندى بىزگە قايسى پۇرسەتلەر قالدى؟ بەلكىم پۈتكۈل خەلقىمىزنى بىرقانچە

نۇقتىغا يېتىپ ھەپتىلەرچە تارقىلىپ كەتمەيدىغان ئومۇمىي نامايىش، جىم ئولتۇرۇۋېلىش نامايىشى، ئاچلىق ئېلان قىلىش، ... قاتارىدىكى پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش يوللىرىغا مۇراجەت قىلىشىمىزنى پەرەز قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، خەلقىمىز بۇگۈن بۇنداق بىر ھەرىكەتنى يارىتالىغىدەك سوتسىيال ۋە روھىي شەرتلىرىنى ھازىرلىشىدىن بەكلا يىراق تۇرغاچقا، بۇنداق بىر ھەرىكەتنىمۇ بەڭگىنىڭ خىيالى دېيىشىمىزلا قالىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، مەيلى ئۇ قايسى ئەقىدە، قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى خىتاي بولسۇن، ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىش غايىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن قان كېچىپ بولسىمۇ ۋەتىنىمىزنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى پىلانلاپ كېلىۋاتقان بىر ۋەھشى تاجاۋۇزچى. بۇنداق بىر دۈشمەنگە قارىتا ئاتالمىش 'گەندى يولى' دىن پايدىلىنىشنى ھەرىكەت ئۇسۇلى قىلىپ تاللىۋېلىش، دۈشمىنىمىزنى قەتئىي تونىمىغانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى بولىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىزنى تەپسىلى كۆزىتىدىغان بولساق، بىز بۈگۈن ئىنتايىن ئاز ساندىكى پىدائىي ۋەكىللىرىمىزنىڭ جان پىدا قىلىشىغا تايىنىپ، خىتاي تاجاۋۇزچى ئاھالىسى ئىچىگە ئېغىر ۋەھىمىلەرنى پەيدا قىلالايدىغان يوشۇرۇن ھەرىكەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، دەسلىۋىدە ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋاتقان يېڭى تاجاۋۇزچى خىتايلارنى قورقۇتۇپ ۋەتىنىمىزگە ئاياق بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مەجبورمىز. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ۋەتىنىمىزدىكى سەلدەك كۆپىيىپ كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۈنئىي كۆپىيىشىگە چەكلىمە پەيدا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن باشقا يولىمىز قالمىدى ۋە بۇنداق بىر پۇرسەتتىن ـ گەرچە بۇنداق بىر پۇرسىتىمىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ ـ تېخى مەھرۇم قالمىدۇق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ باسقۇچلۇق ھەرىكەتنى مۇتلەق يوشۇرۇن تاكتىكىلار بويىچە ئۇزۇن مۇددەت تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىز خەلقىنى تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىگە چارە تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا قىلىشقا بولىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە جەسسۇر پىدائىيلار يېتىشتۈرۈش شارائىتىنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ، تەدرىجى شەكىلدە يوشۇرۇن پارتىزانلىق ھەرىكەت باسقۇچى ئۈچۈنمۇ تەجرىبىلىك يېتەكچىلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈش پۇرسىتى يارىتالايمىز.

شەك- شۆبھېسىزكى، بۇ باسقۇچنى ئۆتۈملۈك ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئارقىلىق خىتاي تاجاۋۇزچى ئاھالىسىنىڭ سۈنئىي كۆپىيىشىگە چەكلىمە يارىتىپلا قالماي، يەنە تەبىئىي كۆپىيىشىنى چەكلەش ۋەزىيىتىنىمۇ يارىتالايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە رەسمى پارتىزانلىق ئۇرۇش باسقۇچى ۋە مۇنتىزىم ئۇرۇش باسقۇچلىرى ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىدۇ. ئەنە شۇ جەرياندا خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتى ۋەتىنىمىز خەلقىگە مەرگەزلىشىدىغان بولىدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ كىملىگى، نېمە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى، مىللىي ئىرادىسى دۇنياغا ھەقىقىي تۈردە تونۇتۇلغان بولىدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىمىزنىڭ تۈپكى پروگىراممىسى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، دۇنيا سىياسى جوغراپىيىسى ھەرگىزمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە قىلچە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەتتە پىلانلانغان ياكى شۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەرەققى قىلغان ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، بىزنىڭ بۇ يېقىنلاردا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ھەرقانداق بىر داھىي ياكى تەشكىلاتىمىزدىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسى جۇغراپىيە شارائىتىنى يارىتالىغىدەك ياكى بۇنداق بىر دۇنياۋىي ۋەزىيەتكە يېتەكلىيەلىگىدەك كۈچ-قۇدرەت، ئەقىل-پاراسەت يوق. ۋەتىنىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر گېپى ئۆتىدىغان دۆلەت ياكى تەشكىلاتلاردا ۋەتىنىمىز تەغدىرىگە دىققەت قىلىدىغان خىيال يوق. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۇلار خىتاي دۆلىتىدىن مەنپەتدار بولۇش ياكى ئۇنى بىرەر مۇدداسى ئۈچۈن مەجبورلاش ئۈچۈن بەزى سىياسىي ئويۇنلارنى ئويناش ئۈچۈن ۋەتىنىمىز خەلقىنى كىچىك بىر كوزۇر قىلىۋېلىشى ئېھتىمال. بىزنىڭ مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ تاشقى پائالىيەتلىرى ئەنە شۇخىل پۇرسەتلەر كۆرۈلگەن ھامان ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ، بۇنداق پۇرسەتلەرنى ۋەتىنىمىزنىڭ پايدىسىغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولىشى كېرەك ئىدى.

ھالبۇكى، بىزنىڭ مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ۋەتىنىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن تارتىپ ئالالايدىغانلىقىنى ئىزچىل تۈردە قوبۇل قىلىشماي كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى، يۇقىرىدا تەھلىل قىلغىنىمىزدەك، ئۇلار ۋەتىنىمىز خەلقىگە، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئۆزىنى

قۇتقۇزالايدىغان يوشۇرۇن كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇنداق بىر قاراشنى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى قىلىۋالغان كىشىلىرىمىز، ھەرقانداق بىر تاشقى مۇناسىۋەت پائالىيەتلەردە ئۆزىگە ئىشەنمەي، باشقىلاردىن تامادا بولۇشنىڭ ئېپادىسى بولغان تاشقى كۈچلەردىن مەرھەمەت كۈتۈشنى بىردىن-بىر چىقىش يولى دەپلا تونۇپ كەلمەكتە. بۇنداق تۇيغۇ، يوقۇرقىدەك قۇللۇق پسىخولوگىيىسىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىدىكى كىشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان پىدائىمىز بۇنداق بىر تۇيغۇدا قەتئىي بولماسلىقى كېرەك.

بۇلاردىن شۇنى خۇلاسىلاش مۇمكىنكى، بۈگۈنكى شارائىتتا، ۋەتىنىمىز تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرىۋاتقان، بۇ غايىسى ئۈچۈن تاشقى مۇناسىۋەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپىسى بولغان بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت دولقۇنىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ مۇددىاسى، ھەرىكەت پىرىنسىپى قىلىپ پائالىيەت پروگراممىسى تۈزۈپ يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشى شەرت. بۇنداق تۆھپە قوشالمايدىغان ھەرقانداق بىر پائالىيەت، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ئىسىم قويۇلغان بولىشىدىن ۋە ھەرقانچە كۆپ كىشىلەرنى جەلىپ قىلالىغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھېچقانداق بىر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ھەرىكەتلەرنىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى دەپ ھېساپلىيالمايمىز.

## 1.16§ تېنچلىق سۆھبەتلىرى توغرىسىدا

بىز بۇ ماتېرىيالدا باشتىن ئاخىرى دېگىدەك 'تېنچ ھەرىكەت' لەرنىڭ ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتى ئۈچۈن پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا زىيان كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ كەلدۇق. ئەسلىدە، ۋەتىنىمىز خەلقى يېقىن تارىخىمىز جەريانىدا يېتىلىپ ئېقىم ھالىتىنى ئېلىۋاتقان "تېنچلىق" تەرغىباتلىرىنىڭ زەھەرلىشى ئارقىسىدا، تېنچلىق پائالىيەتلىرىگە بەكلا ھېرىسمەن ھالغا كەلتۈرۈلمەكتە. ھەرقانداق بىر مەسىلىگە دۈچ كەلگىنىدە دۈشمىنى بىلەن "سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىشىنى ھەل قىلىش" نى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئاسان چارە دەپ تونۇيدىغان غەلىتى ھالغا كەلمەكتە. ھالبۇكى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە

دۈشمىنى بىلەن، بولۇپمۇ چىش-تىرنىقىغىچە قۇراللانغان بىر تاجاۋۇزچىسى ئالدىدا تېنچلىق سۆبىتى ئۆتكۈزۈشتە قۇرال كۈچى، نوپۇس كۈچى ۋە ئىقتىسادى-مەمۇرىي مۇستەقىللىقى مۇئەييەن بىر نۇقتىغا كەلمەي تۇرۇپ سۆھبەتتە ئۆز تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇرالىغان بىرمۇ مىسالنى ئۇچرىتالمايمىز. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە دەسلەپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تېنچلىق سۆبىتىگە مەجبۇرلىيالىغىنىدا ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچىگە، يېتەرلىك دەرىجىدىكى مۇقىم ئازاد رايونلارغا ۋە مۇتلەق ئۈستۈن ساندىكى مىللىي نوپۇس كۈچىگە تايانغانىدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتدىكى دۈشمىنى ۋاقىتلىق ئاجىزلاشقان دۈشمەن بولۇپ، ئازىراقلا پۇرسەت بېرىلىشى ھامان خىتايدىن دەرھال ياردەم كەلتۈرۈپ ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچ ھالىتىگە كېلىۋېلىش ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دۈشمەن بىلەن تېنچلىق سۆبىتىگە ئولتۇرغىنىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قايتا كۈچلىنىۋېلىپ، سۆھبەت ماددىلىرىنى بىرتېيىن قىلىۋېتىش ئېھتىمالى ھەققىدە قىلچە تەييارلىقتا بولمىغان ۋە بولالماس ئىدى. يەنى، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ دۈشمەن بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق بىر تېنچلىق سۆبىتى قەتئىي تۈردە ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى ساقلىيالىغىنىدىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بىر ئىش ئىدى. ھالبۇكى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە بىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزدىن سۈلھى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر پايدىلىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق، بىز ھەربى كۈچىمىزنى كۈچەيتىش ئورنىغا، يوقۇلۇش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان تاجاۋۇزچىلارنىڭ قايتىدىن كۈچلىنىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىپ قويدۇق. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بىز بۇنداق پايدىلىق پۇرسەتنى سۈلھىدىن كېيىن ئەمەس، ھەتتا سۈلھى باشلىنىش كۈنلىرىدىلا دۈشمىنىمىزگە تارتقۇزۇپ قويدۇق. نەتىجىدە، سۈلھى مۇزاكىرىلىرى ئاخىرغا بارماي تۇرۇپلا، بىز سۈلھى تەلەپ قىلىدىغان پاسسىپ ئورۇندىكى ھالەتكە چۈشۈرۈلدۇق. ئورنىغا كەلمەيدىغان بۇ پاجىئەلىك تارىخىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، سۈلھى تەلەپ قىلىش بىز تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەغدىردىمۇ، ئۆز كۈچىمىزنى قەتئىي ساقلاپ قالىدىغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، دۈشمىنىمىزنىڭ قايتا كۈچىيىۋېلىشىغىمۇ يول قويمايدىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئەقەللىي بىر تاكتىكا ئىدى. بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئەگەر بىز دۈشمىنىمىزگە

ھاياتى خەۋپ كەلتۈرەلەيدىغان مۇئەييەن بىر كۆچكە ئېرىشەلمەي تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ بىزدىن سۈلھى تەلەپ قىلىشى تۇرماق، بىزنىڭمۇ دۈشمەندىن سۈلھى تەلەپ قىلىشىمىز كەسكىن رەت قىلىنىشى شەرت ئىدى. ھالبۇكى بىزدە بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بىرەر شەپىسىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا ھەدەپ تېنچلىق يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرىدىغان كىشىلىرىمىزگە ئۈمىد باغلاپ كېتىشىمىزنى زادىلا ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھەرقانداق سۆھبەت تەلىۋىمىزنى ئويلىنىشقا تەييار تۇرىدىغان بىر تاجاۋۇزچى، ھەرگىزمۇ قۇرالسىزلاندۇرۇلغان خەلقىمىز ئۈستىگە مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم زامانىۋى قۇراللىق كۈچلىرىنى تىرەپ قويمايدۇ! بۇنداق بىر دۈشمەنگە، سۇنىزى يولىنى تۇتقان ھىلىگەر دۈشمەنگە تېنچلىق بىلەن ئىشىمىزنى ھەل قىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن دەپ تامادا بولۇشلارنى كام قالغان ئاخىرقى ھوقۇقلىرىنىمۇ دۈشمىنىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى مەخسەت قىلىشتىن باشقىچە چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس! بۇ ـ سېپى ئۆزىدىن تەسلىمچىلىكنىڭ ئىپادىسى!

## 1.17§ ئۈمىدسىزلىكلەر توغرىسىدا

بۈگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى كىشىلىرىمىز ئارىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا يۇقۇرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرىمىز بىلەن 'داھىي' لىرىمىز ئارىسىدىمۇ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاداققى غەلىبىسىگە قارىتا ئۈمىدسىز قارىشىدىغان ئەھۋال بەكلا ئېغىر ساقلانماقتا. بۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىز بىلەن ئەستايىدىللىق بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرىدىغانلا بولىدىكەنمىز، بۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشەلىشىگە ئىشەنمەيدىغان قاراشلار ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار بۇخىل قاراشلىرىنى ئاشكارە ئېتىراپ قىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇلار "بىلىمگە تايىنىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، خەلقنى تېنچ ھەرىكەتلەر ئۈچۈن ئويغۇتۇشنى ئاساس قىلىش، پۇرسەت كېلىشىنى كۈتۈش، ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈش، يات كۈچلەرنىڭ ياردەم قىلىشىنى كۈتۈش، ئومۇمىيۈزلۈك قوزغۇلۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىۋېلىش، مىللىي ئالاھىدىلىگىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش" دېگەندەك باھانىلار بىلەن خەلقىمىزنى كەسكىن ھەرىكەت

باشلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن باش تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئىپادىلەنمەكتە. ھەتتا ئۇلارنىڭ تېنچلىقتا شۇنچە قىزىقىپ كېتىشىنىڭ تېگىدىمۇ بۇ تۈردىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ ياتقانلىقىنى سېزىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىزنىڭ بىلىملىك كىشىلىرىمىز پۇرسەت بار ۋاقىتلاردا ۋەزىيەتنى، بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ غەرىزىنى خاتا مۆلچەرلەپ ئەللىك يىللىق مەغلۇبىيىتىمىزگە ۋاستىلىق سەۋەبچى بولغان بولسا، ئەندىلىكتە ھەددىدىن ئارتۇق كۈچلىنىپ كەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلەيدىغان يوشۇرۇن كۈچلىرىمىزنى مۆلچەرلىيەلمەي، "ئەندى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق" دەيدىغان يوشۇرۇن ئېڭىدىكى خۇلاسىلىرىغا ئاساسلىنىپ، ۋاستىلىق شەكىللەردە ئۈمىدسىزلىك تەرغىباتلىرىنى كەڭ يايماقتا. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغىنىمىزدا، بۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مەخپى شەكىلدە پىلانلىق تۈردە يېتىشتۈرۈپ چىققان دېيىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، بۇ تۈردىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچى بولۇش سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلىرىمىز دۈشمەننى بىلىپ-بىلمەيلا دۈشمىنىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئارزۇسى بويىچە كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن، بۇنداق ئۈمىدسىز خۇلاسىنى چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ دېيىش مۇمكىن.

دەرۋەقە، ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەرىكەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاشكارە قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغان كۈچكە ئىگە ھالەتتە تۇرماقتا: بىزدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىكى مىليون كىشىلىك قۇراللىق كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرالىغىدەك ھېچقانداق بىر كۈچىمىز يوق؛ بىزنىڭ خەلقىمىزدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىختىسادىي كۈچلىرىگە تەڭ كېلەلىگىدەك ھېچقانداق بىر ئاساسىمىز قالمىدى؛ ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىگە تەڭ كېلەلىگىدەك تۈزۈك ئاساسقا ئىگە ئەمەسمىز؛ مەمۇرىي جەھەتتىمۇ خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىدە ئۆزىمىزگە پايدىلىق پائالىيەت قىلالىغىدەك تۈزۈك كىشىلىرىمىز يوق؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزمۇ تەييار ئەمەس؛ بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان بىرەر دوست ئەلنىمۇ ئۇچۇرىتالمايمىز ياكى بۇنداق بىر ۋەزىيەت يارىتالىغىدەك مۇھاجىر كۈچلىرىمىزمۇ يوق. بۇنداق بىر قىيىن ۋەزىيەتتە، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى قايسى يول بىلەن قانات

يايدۇرالىشىمىزنى ئويلىنىش تۇرماق، ھەتتا بۇ يولغا قايسى ئۇسۇل-چارىلاردىن پايدىلىنىپ ئاتلىنالىشىمىزنى مۆلچەرلەشمۇ ھەقىقەتەن تەس بىر ئىش.

بۇنداق ئۈمىدسىزلىك چۈشەنچىسى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغان بىر ۋەزىيەتتە، ئۆز خەلقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىگە قارىتا ئىشەنچمۇ يوقۇلۇپ، ئۈمىدىنى چەتئەل كۈچلىرىگە باغلاپ قويىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىمۇ بىر مۇقەررەرلىك. ھالبۇكى، بۈگۈنكى خەلقئارالىق مۇھىت خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا قىزىقىدىغان ئەمەس، ھەتتا بۇنداق بىر ئارزۇدا بولىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىنى ئۆزلىرىگە زىيانلىق دەپ قارايدىغان ئەھۋالدا تۇرماقتا. يەنە كېلىپ ۋەتىنىمىز ئىچىدىمۇ خەلقىمىز تەرىپىدىن دۇنيانى قىزىقتۇرالىغىدەك ئۇنداق بىر ھەرىكەت تېخى باشلانمىدى. خىتايمۇ يېقىنقى ئون-يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئىختىسادىي ئىسلاھات باھانىسىدا دۇنياغا ئېچىلغان دۆلەت بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئۈچۈن، غەرب دۇنياسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. شۇنداق ئىكەن، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەركىنلىككە ئىنتىلىش پائالىيەتلىرى خىتاي ۋەزىيىتىدىكى تېنچسىزلىققا سەۋەپ بولىدىغان ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىمىزنى 'تېررورلۇق' دەپ قارىلىشىدىن خالى بولالماسلىقىمىز مۇمكىن.

ئۆز خەلقىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغان جاسارەتكە كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەي كېلىۋاتقان بىزنىڭ نۇرغۇن ئاقىللىرىمىز ئەنە شۇنداق ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، دۇنيا جامائېتىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتكە خەلقىمىزنى يېقىن يولاتماسلىققا بار كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ، بىزنىڭ تېنچلىقپەرۋەرلىرىمىزنىڭ مۇدداسىنى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان ئەمەس، بەلكى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان دەللاللار ئەقىدىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. روشەنكى، بۇنداق بىر ئەقىدە ھەرگىزمۇ ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەر بىز تارىخىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىمىزنى ئۆلۈملۈك بىرەر ھەرىكەت شەكلى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە جەلپ قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلا بولىدىكەنمىز، بىزنىڭ ئاقىللىرىمىزنىلا

ئەمەس، ھەتتا خەلقىمىزنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز، ئاخىرىدا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى قايتا تىكلىيەلىشىمىز مۇمكىن.

ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغىنىمىزدا، بۇنداق ئۈمىدسىزلىكلەرنى تارقىتىپ يۈرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايدىن تەربىيە ئېلىپ 'كۆزى ئېچىلغان ' كىشىلىرىمىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بارلىق تەپەككۇر شەكىللىرىمۇ مۇستەملىكىلىككە بويۇن ئېگىش، قۇللۇققا شۈكرى قىلىشتىن ئىبارەت غوجاكىسىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاگىسىز شەكىلدە بوي سۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن باشقىچە بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچى مىللىي مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى!

## §1.18 تېررورچىلىق ۋە تېررورچىلار توغرىسىدا

بۇ يېقىنلاردا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۈمىد ئۈزىۋاتقان كىشىلىرىمىز ئارىسىدا يەنە يوشۇرۇن شەكىلدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش تەشۋىقاتلىرىنى قارىلايدىغان ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپىيىپ بارماقتا. "ئاران تۇرغىنىمىزدا، ئەندى بىزنى 'تېررورچى' دەپ باپلىشى ئۈچۈن ساپ چىقىرىپ بەرگەن بولىمىز، ھازىر پۈتۈن دۇنيا تېررورچىلارغا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنداق قانلىق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويماسلىغىمىز كېرەك!"

بۇنداق دەيدىغان كىشىلىرىمىز مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن تېررورلۇقنىڭ پەرقىنى بىلمىسە كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۈگۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك تەلەپلىرىنى قانلىق باستۇرۇپ كېلىشتە "بۆلگۈنچى، ئەكسىل ئىنقىلاپچى، يەرلىك مىللەتچى، ئوڭچى، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، باندىت، لۈكچەك، ..." دېگەندەك ناملار بىلەن قارا چاپلاپ قىرغىنچىلىق قىلىش، قاماققا ئېلىش، نازارەت ئاستىغا ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىشلار بىلەن كەڭ شوغۇللىنىپ كەلمىگەنمىدى؟ ئەندى بۈگۈن ئۇلار بىزنى "تېررورچىلار" دەپ بوھتان قىلىپ باستۇرۇشقا باھانە قىلىشى يېڭىلىق بولۇپ قاپتۇمۇ؟ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەزەلدىن پۈتۈن باھانە-سەۋەپلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس

تەبىيتى.

شۇنداقتىمۇ بىز بۇ يەردە "تېررورچىلىق، تېررورچى" دېگەن ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيادا، تېررور توغرىسىدا تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن سىياسىيون-ئالىملار تېررورچىلىق توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن پاۋۇل ۋىلكىنسون، نوۋام چامسكىي، ھ. ئودېرا ئورۇكا قاتارىدىكى داڭلىق پروفېسسورلار بۈگۈنكى "تېررورىزىم" چۈشەنچىلىرىنى ھەرخىل نوقتىلاردا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، تېررورىزىم دېگەنگە ئېنىقلىما بېرىشكە تىرىشماقتا.

قىسقىچە ئالغاندا، ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە ئىگە ھەرقانداق بىر گۇرۇھ ياكى ھاكىمىيەت، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش ياكى رىقابەتچى-ئۆكتىچىلىرى بۇنداق ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كىرگۈزىۋېلىش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۈچى يەتسە ئاشكارە باستۇرۇش، كۈچى يەتمىسە يوشۇرۇن زەربە بېرىش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپكە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ كەلمەكتە. بۇ تۈردىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھۆكۈمران تەرىپى ھەقلىق، ئۆكتىچى ياكى ئاجىز قالغان تەرىپى ھەقسىز دېيىلمەكتە. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا مىقياسىدا بىر-بىرسى بىلەن ئاشكارە تىركىشىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قۇتۇپلارغا بۆلۈنگەن دۈشمەن كۈچلەر بولمىغاچقا، ھەممىنى بىر قۇتۇپتىن تېزگىنلەش ئارزۇسى بويىچە، قالغان رايون، دۆلەت، مىللەت ياكى دىنى ئەقىدە شەكلىنى ئالغان بارلىق ئۆكتىچى كۈچلەرنى تېررورچىلار دەپ بېكىتىۋېتىش بىر مودا بولۇپ قالدى. شۇنداق ئىكەن، رەسمى پارتىزانلىق قوشۇن تىكلىيەلىگەن پەلەستىنلىكلەرگە ئوخشاش تەشكىلاتلارنىلا ئەمەس، بىزگە ئوخشىغان تېخى ئارزۇ ھالىتىدە تۇرىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ھەركىتى بىلەن شوغۇللىنىش خىياللىرىمۇ تېررورلۇق قىلىش ئېھتىمالى بار نامزاتلار قاتارىدا قارىلىنىشى بىر مۇقەررەلىك.

بىز بۈگۈن ئا ق ش ياكى ب د ت تەرىپىدىن قارىلىنىپ قالغۇدەك بولساق، ئۇلارنىڭ قارىلىشىنى ھەرگىزمۇ خاتالىشىپ ھۆكۈم چىقارغانلىق دېيىشكە بولمايدۇ. بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا، بىزنى ھامىنى بىر كۈنىسى شۇنداق دەپ قارىلىشى مۇقەررەر. ئەمما شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىغىمىز كېرەككى، "ئىت ھاۋشىۋېرىدۇ، كارىۋان

كېتىۋېرىدۇ!" ھەتتا بىزنى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ بىرنېمە دەپ قارىلاشلىرىنى تەرجىمە قىلىپ "بىزنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانغۇچىلار دېيىشىۋاتىدۇ" دېسەكمۇ خاتا بولمايدۇ. يەنى، بىزنى بۈگۈن 'تېرروروچىلار' دەپ تۆھمەت قىلىپ قېلىشىدىن ئانچە بەك ئۈركۈپ كەتمەي، بۈگۈنكى زامانىۋى قاراش بويىچە ئالغاندا، بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرۈشىمىزنى بۇرۇنلاردا "باندىتلىق، يەرلىك مىللەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، ئەكسىلئىنقىلاپچىلىق، ..." دېگەندەك ئاتاپ كەلگەن بولسا، ئەندى بۇ ئاتالغۇنى "تېرروروچىلىق" دەپ ئاتاشقا ئالماشتۇرىۋالغان دەپ قارىساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

## 1.19§ ۋەزىيەت قاچان پىشىپ يېتىلىدۇ؟

بىز بۇ يەرگە كەلگىچە ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ قانداق بىر ھالەتتە تۇرىۋاتقانلىقىنى، بۇ جەرياندا سادىر قىلغان تۈپكى خاتالىقلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەدىيىۋى ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان بولدۇق. يەنى، بىز بۇ يەرگىچە بولغان مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇنى خۇلاسىلايمىزكى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە دۈشمىنىمىز بىلەن مۇرەسسە قىلىش، ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىش ۋە ھەمكارلىقتا بولۇشقا ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى تەسلىمچىلىك، ئەڭ بولمىغاندا خاتا يول تۇتقان ھەرىكەتلەرنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن خەلقىمىزنى مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمىلى ھەرىكىتىگە جەلىپ قىلىنىشىغا قارشى تەرغىبات قىلغۇچىلارنى قەتئىي تۈردە سېپىمىزگە يېقىن يولاتماسلىقىمىز شەرت. خۇددى شۇنىڭدەك، خەلقىمىزنى تېنچ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي، مىللىي ۋە دىنىي ساھەلەردىكى موتىدىل ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلەپ تۇرۇپ، "ۋەتىنىمىزنى قەدەم-باسقۇچلار بويىچە تېنچ مۇستەقىل قىلىش" نامى ئاستىدىكى تەرغىباتلىرىنىمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن تەسلىمچىلىك تەرغىباتلىرى دەپ قاراپ، قەتئىي رەت قىلىشىمىز شەرت!

بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزۈنغا سوزۇلغان قانلىق كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز! يا ــ مۇستەقىللىق!

يا ــ ئۆلۈم!
تۇپراق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلسا كېسەك بولۇر،
تۇپراق قان بىلەن يۇغۇرۇلسا ۋەتەن بولۇر.
مانا بۇ ــ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ماڭىدىغان بىردىن-بىر ۋە ئاخىرقى يولى!

ئېچىنىش بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان تېنچلىقچى ئەرباپلىرىمىز ئەتراپىغا مىڭلارچە، ھەتتا يۈزمىڭلارچە خەلقىمىزنى جەلىپ قىلىۋېلىپ، بۈگۈن دۈشمەن بىلەن كەسكىن تۇتۇشۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىش شارائىتىمىز يوق، بۇنىڭغا ۋەزىيەت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى دەپ جار سېلىشىپ، خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىگە، جان پىدا قىلىش جاسارىتىگە سوغۇق سۇ سېپىشمەكتە! بۇخىل سوغۇق سۇ سېپىش ھەرىكەتلىرى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى، نەتىجىدە ھىمايىچىسىز قالغان تۆمۈر خەلپىمىز "ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلگىچە ساقلاپ باقايلى" دەپ دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى، ئاقىۋەتنى ئىنتايىن پاجىئەلىك نەتىجىلەندى! يىگىرمە يىل تېنچ ساقلاپ باققان قومۇل خەلقى ۋەزىيەتنى ئۆزلىرى "ئوت يېقىپ پىشۇرىش" ئۈچۈن، غوجا نىياز ھاجىمنى قوماندان قىلغان ھالدا قايتىدىن ئۆز بېشىغا جەڭگە ئاتلىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە كېڭەيتىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن "بىلەرمەن" لىرىمىز ئوتتۇرىغا چىقىشىپ، "ۋەزىيەت پىشماي تۇرۇپلا بالدۇر قوزغىۋېتىلگەن ھەرىكەت" لىگىدىن شىكايەت قىلىشىپ، خەلقىمىز ئىچىدە تۈگىمەس ئىچكى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىۋېتىشتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ پەيتىگە كىرگىنىدە، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتۇرىۋېتىلىپ، غوجا نىياز ھاجى نېمە قىلارنى بىلەلمەي، "ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلگىچە" دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبورلانغانىدى. بۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى ئوخشاشلا پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن تامام‍لاندى! غېنى باتۇر باشچىلىقىدا قوزغالغان ئىلى قوزغىلىڭىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مىسلىسىز غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىدىن گۇمان قىلمىغىدەك ھالغا كەلتۈرۈلگىنىدىمۇ، نۇرغۇنلىغان تېنچلىقچىلىرىمىز بۇ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قارىلاپ كۆرسىتىپ، "ۋەزىيەت پىشماستىن

بالدۇر باشلىۋالغان ھەرىكەت" دېيىشىپ، ئاخىرى بۇ ئىنقىلاۋىمىزنىمۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلەر بىلەن خۇلاسىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇشتى! ئاتالمىش "بىرلەشمە ھۆكۈمەت" دېگىنى پۈتۈنلەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئويدۇرۇپ چىققان قورچاق "ھۆكۈمەت" بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتنى مەدىھلىشىپ كۆككە كۆتۈرۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تېنچلىقچىلىرىمىز ئىدى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز چېگراسى ئىچىدە، خىتاي دۆلىتى بىلەن "بىرلىشىپ تەڭ سورايدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇدۇق" دېگەن قانداق گەپ؟! بۇ مەنتىقسىز قۇرۇلغان ھۆكۈمەت تەركىۋىدىن مىللىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ۋەكىللىرى ۋاستىلىق شەكىلدە تازىلانغان ۋە پۈتۈنلەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بولغان ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ۋە تېنچلىقچىلىرىمىزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكىنىدىمۇ، ئەنە شۇ تېنچلىقچىلىرىمىز بۇ قورچاق ھۆكۈمەتنى مىللىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ياخشىچاق بولۇپ ئەمەل ئۈستىدە قىلىشقا كۈچەپ ئۇرۇنۇشتى. ھەتتا بۇ كىشىلەر تولۇق ۋەيران بولغان كۆڭلىرىگىچە "ۋەزىيەت پىشىپ يېتىلمىگەچكە، خىتايلاردىن ئايرىلىشىمىزغا بولمايدۇ" دېگەن قارىشىنى قەتئىي ئۆزگەرتىشمىدى!

ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىنى باشلاش ۋەزىيىتى ئەينى يىللاردا ھەقىقەتەنمۇ "پىشىپ يېتىلمىگەن" مىدى؟

تۆمۈر خەلىپە دەۋرىدە دۈشمەن ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردە ئېغىر بوھرانغا پېتىپ قېلىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىش ھالىتىدە تۇرماقتا ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە خىتايدا پارتىلىغان شىڭخەي ئىنقىلابى مانجۇ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خىتاي دۆلىتى پۈتۈن سەپ بويىچە مىللىتارىسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، بىر-بىرى بىلەن يەر تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىگە كىرىۋاتقانىدى. ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىمۇ خىتايدىن كېلىدىغان ھۆكۈمەت ياردىمىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئىگە-چاقىسىزلىق ئىچىدە ئۆلۈمنى كۈتىۋاتقان نەچچە ئونمىڭ كىشىلىك نوپۇس ھالىتىدىلا ئىدى. تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان داۋالغۇچلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئۆز ئالدىغا ئىستىخىيىلىك پارتىلىغانىدى. ئەپسۇسكى، 'ۋەزىيەت پالچى' لىرىمىزنىڭ "پىشمىدى" دەپ تەرغىپ قىلىشىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەي قولدىن بېرىلىپ،

خەلقىمىز تېخىمۇ ۋەھشى جىن شۇرىن جاللاتىنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىلدى.
**4. خىتاي چاڭگىلىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتىمىز:** بۇنداق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك بولغانلىرىدىن **مانجۇلار** ۋە **جۇاڭلار** نى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرى قۇتۇلغۇسىز دەرىجىدە سۈنئىي خىتايلاشتۇرۇلغان، خەلقىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئاسسىمىلاتسىيەلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىۋاستە مۇستەقىللىق كۈرىشى شوئارى ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارالىشىنى قىياس قىلىش، ئەڭ كامىدا بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن ئالغاندا بەكلا تەس. شۇنداقتىمۇ خىتاينىڭ فىدىراللىشىش ياكى پارچىلىنىپ كېتىش پۇرستى كەلگىنىدە نىسبەتەن كۆپرەك مىللىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلىشىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. شۇڭا بۇ خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىشىمىز، مۇمكىن بولغىنىچە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇنداق مىللەتلەردىن بولغان خەلقلەرنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى تارقىلىشى بەكلا ئاز بولغىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ۋەتىنىمىزدىن بەكلا يىراقلاردا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىۋاستە ھەمكارلىشىش دەيدىغان بىرەر ئېھتىماللىقنى قىياس قىلالمايمىز. ھەتتا بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ۋەتىنى قانچىكى ئېغىر خىتايلاشتۇرۇلغان، خەلقى قانچىكى ئېغىر ئاسسىمىلاتسىيەلەشتۈرۈلگەن بولسا، بۇخىل خەلقلەر ئارىسىدىكى مىللىي مۇناپىقلارمۇ شۇنچە كۆپ چىقىشى بىر مۇقەررەرلىك. شۇڭا، بۇنداق خەلقلەر بىلەن مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا مۇناسىۋەت قىلىشقا توغرا كەلگىنىدە ئالاھىدە ھۇشيار بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**5. جەنۇبىي قوشنىلىرىمىز:** گەرچە **ھىندىستان** خىتاي بىلەن زىتلىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، چېگرا بويلىرىمىزنىڭ خىتاي قۇراللىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن قاتتىق قامال قىلىنىۋېلىنىشى، چەكسىز قۇرۇق تاغلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن، بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكىتىمىزدە ھىندىستاندىن قىلچە ئۈمىد كۈتەلمەيمىز. كېيىنكى باسقۇچلاردا ۋەزىيەتنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك بەكلا ئەتىگەن بولغاچقا، ھازىرچە ئۇلار ھەققىدە باش قاتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ھىندىستاندىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا كۆرۈنەرلىك بىرەر تۇسالغۇ كۆرۈش ئېھتىماللىقىمۇ يوق دەپ ئېيتالايمىز. ھەتتا چېگرادىن قېچىپ چىقىشتا ھىندىستاننى نىسبەتەن بىخەتەر ماكان سۈپىتىدە

پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇھاجىرلار ۋاستىسىغا تايىنىپ شارائىت يارتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرستىشىمىزنىڭمۇ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

**پاكىستان** مەسلىسى يەنە بىر چىگىش مەسىلە بولۇپ، ھىندىستان تەھدىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىتايىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۆز بىخەتەرلىگى ئۈچۈن بىرەر شەپىسى كۆرۈلمەيۋاتقان ۋەتىنىمىزدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەۋىسىدە بولىۋاتقانلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن دەپ خىتايىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەمما پاكىستان خەلقى مۇسۇلمان خەلق بولغاچقا، قىسمەنلىكتە يوشۇرۇن ياكى غەيرى رەسمى يوللار بىلەن بىزگە ھېسداشلىق بىلدۈرشىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭداقتىمۇ بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكتىمىز جەريانىدا پاكىستاندىنمۇ ھەرقانداق بىر ئۈمىدتە بولالمايمىز. ھەتتا دىققەت قىلمىغىنىمىزدا بىزگە تەھدىت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ يەرلەردىمۇ يوشۇرۇن شەخسى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ قېچىپ يۇشۇرۇنۇش مۇھىتى يارتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرستىشكە ئەرزىيدۇ.

**ئافغانىستان** ، تا بۈگۈنگىچە ئىچكى-تاشقى ئۇرۇشتىن بېرى كېلەلمەي كېلىۋاتقان ھەددىدىن ئېغىر نامىراتلىق قاپلاپ كەتكەن بىر ئەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ قالايماقانچىلىغىدىن پايدىلىنىپ بەزى يوشۇرۇن مال كىرگۈزۈش نىيىتىدە بولغىنىمىزدىمۇ، ئېگىز قورۇق تاغلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان چېگرايىمىزدا تۈزۈگىرەك بىخەتەر قاتناش يولىمۇ بولمىغاچقا، ئۇلاردىن بىرەر ئۈمىدتە بولۇشمۇ بىھۇدىلىك. ھەتتا يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۇنيا زومىگەر كۈچلىرىنىڭ قاتتىق چېشىغا تېگىپ قويغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ يەرلەر خەلقئارالىق دۈشمەن مۇھىتى ھالىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنۇتماسلىغىمىز لازىم.

**تاجىكستانمۇ** ھازىرغىچە ئىچكى تارىخىي يېقىن قوشنىمىز بولغان تېنچلىقىنى قولغا كەلتۈرەلمەي كېلىۋاتقان بىر ئەل بولغاچقا، بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكتىمىز جەريانىدا ئۇلاردىنمۇ ئۈمىد كۈتمەك قېيىن. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇلارمۇ ئۆز قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا خىتايدىن ئۈمىد كۈتىدىغان ھالدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلارمۇ خۇددى پاكىستانغا ئوخشاش، دۆلەت نۇقتىسىدىن بىزگە خەۋىپلىك بىر ئەل بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

**6. ئورتا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن مۇئامىلە:** بۇ جۇمھۇرىيەتلەر

بىلەنمۇ ۋەتىنىمىز خەلقى چوڭقۇر تارىخي ئورتاقلىقلارغا ئىگە قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغىنى ۋە تېخى يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىر مابەينىدىلا ئايرىمچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرغا چىققىنى بىلەن، ئۇلارمۇ بوگوْنكى ئاجىزلىقلىرى توْپەيلىدىن يا خىتايدىن ياردەم كوْتىدىغان، ياكى بولمىسا ئۇلاردىن ئەنسىرەيدىغان ھالەتتە تۇرغانلىغى ئوْچوْن، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىدىن ئوْركوْپ تۇرىدىغان ھېسسىياتتا تۇرماقتا. ئۇلارغا نىسبەتەن، بوگوْنكى ۋەزىيەتتە بىزنىڭ تەغدىرىمىزنى ياخشىلاش پائالىيەتلىرىدە بولغىنىدىن كوْرە، خىتايلار بىلەن ھەمكارلىششىنى تالللىۋالغانلىغى كوْپرەك كوْروْنمەكتە. شۇڭا، ئۇلاردىنمۇ ھە دېگەندە بىرەر ئوْمىد كوْتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ئۇلاردىن كوْپرەك ئېھتىيات قىلىشىمىز تېخىمۇ ئاقىلانىراق ئىش قىلغىنىمىز بولۇپ ھېساپلانسا كېرەك. ئەمما شۇنىسى بىر پاكىتكى، دۇنيادا خەلقىمىزنىڭ تەغدىرىگە ئورتا ئاسىيا خەلقلىرىدەك قىزىقىدىغان باشقا بىر خەلق يوق. شۇڭا، ئۇ يەرلەردە مۇساپىر بولۇپ يوْرگەن يۇرتداشلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر رايونىغا قارىغاندا ھەسسىلەپ كوْپ ھالەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئورتا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مەنپەتىگە قىلچە تەھدىت ياراتماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىمىزنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى بۇ ئەللەردە مۇتلەق يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىغىمىز شەرت.

بۇ ئارىدا **موڭغۇلىيە** جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىمۇ ئېنىق چوْشەندوْرەلمەيمىز. ھەرھالدا بىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىمىزگە موڭغۇلىيەنىڭ قىلچىلىك ياردەم قىلىش نىيىتىدە بولماسلىغى تەبىئى. ئەمما ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خەلقىمىزگە زىيان كەلتوْرىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتلەردە بولىشىنىمۇ قىياس قىلالمايمىز.

خۇددى شۇنىڭدەك، **رۇسسىيە** مۇ بىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ كېتىشى ناتايىن دەپ قارايمىز. ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان ئەزەلى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكىتىمىز جەريانىدا بولىشىدىن بولماسلىقى كوْپرەك. كېيىنكى باسقۇچلاردا ئالاھىدە ئۇستىلىق بىلەن يېقىنلاشقىنىمىزدىلا بەزى ھىمايىلىرىنى قولغا كەلتوْروْشكە بولامدۇ-يوق، ئۇنى شۇ ۋاقىتكى ۋەزىيەت ۋە شۇ

ۋاقتىكى يىتەكچىلىرىمىزنىڭ ئىقتىدارى بەلگىلەيدۇ. ئەمما تارىخي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ھەتتا ھەردائىم دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان خەتىرى چوڭ بىر قوشنىمىز بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.

**7. كوممۇنىزمغا قارشى خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت:** بۇ مەسىلە، نۆۋەتتە دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىنتايىن نازۇك ۋە جىددى مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئالدىنقى قىسىملاردا خېلى كۆپ توختالغان بولساقمۇ، بىرقىسىم مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىدىكى قالايماقانچىلىق تۈپەيلىدىن، قايتا توختۇلۇشنى لازىم تاپىمىز. ئەگەر بىز يېڭى خىتاي ئېقىم تەرەپدارلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قارىسىغا مېڭىپ كېتىدىغان بولساق، ۋەتىنىمىزنىڭ مەڭگۈ خىتاي يۇرتى ھالىتىگە كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىغان ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىز ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىمىزدا ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ يەرلىشىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن بىرسىنىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ۋە مۇتلەق تۈردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىمىزنى شەرتسىز قوبۇل قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستىلا ئۇلارنىڭ ھەمكارلىق تەكلىپلىرىنى ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە بولار دەپ قارايمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىزگە ھەمكارلىشىپ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان يۇرتداشلىرىنىڭ شەرتسىز چېكىنىش دولقۇنى يارىتىپ بېرىشى ۋە بىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز ئۈچۈن ماددى، قۇرال-ياراغ ۋە دېپلوماتىيىلىك ياردەملەردە بولىشىنى كۆرگىنىمىزدىن كېيىن ئاندىن ئويلىنىشقا بولىدىغان ئىشلاردۇر. ھالبۇكى، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا قەتئىي يېقىن يولىماي، بىزنىڭ بۇ تەلىۋىمىزنى قەتئىي رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئىنكار قىلىنماس بىر پاكىت.

ئالايلۇق، **فورموزا، خوڭكوڭ، ماكائاۋلىق** خىتايلار ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈم سۈرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىش لازىملىغى ھەققىدە ئىزچىل ماقالە-سۆھبەتلەر ئېلان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇگۈن خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېلىشنى ۋاستىلىق كۆزدە تۇتقانلىرىدىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەتئىي تېنىچ مۇئامىلە

قىلىشىمىزنى، ھەتتا ئۇلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىقتا بولۇشىمىزنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تاتلىق ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەنە شۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتمەكتە. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ باياشات ياشاش مۇھىتىغا ئېرىشىۋاتقان ئون مىليونلۇق خىتايلىرىنىڭ بۇ يەردىن قوغلىنىشى ۋە پەۋقۇلئاددە زور ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىماي كېلىۋاتقانلىقىنى ھەرۋاقىت ئىپادىلەپ كەلمەكتە. بۇ جەھەتتە ۋەتىنىمىزگە مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىدا ئالاھىدە روشەن كۆرۈلمەكتە. شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىمۇ يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن تەلىۋىمىزنى بىردىن-بىر يېقىنلىشىش شەرتى قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرىشىمىز شەرت.

**يېڭى دېموكراتىك خىتايلارمۇ** بۇلاردىن پەرقى يوق. ئۇلارمۇ ھەردائىم ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان تاجاۋۇزچى ۋەتەنداشلىرىنى دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلغۇچىلار، ئۇلارغا تەگمەڭلار دېگەننى ئالدىنقى شەرت قىلىپ بىزگە تەھدىت سېلىشماقتا. ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىرى بولغان كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋەتىنىمىز مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي كوممۇنىست خىتايلىرى بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇرىدىغانلاردىن دەپ قاراش مۇمكىن. ۋە بەلكى ئۇلارنىڭ بىز بىلەن يېقىنلىششقا ئىنتىلىشتىكى بىردىن-بىر مەقسىدى ــ ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلىرىغا قارشى پاراكەندىچىلىك يارىتىشىمىزنى توساش ئۈچۈنلا بولىشى مۇمكىن. ئۇلار بىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئارزۇيىمىزنى "تېرورلۇق" دەپ كېيىپلا ئېلان قىلىشماقتا. بۇ تۈردىكى خىتايلار قولىدىن ھېچ بىر ئىش كەلمەي تۇرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، كەلگۈسىدە ئاز-تولا كۈچلىنىپ قالالىغىدەكلا بولىدىكەن، بىزنى قۇراللىق باستۇرۇشقا ئاتلىنىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قالمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا **خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ** تولۇق مىللىي مۇستەقىللىق، ۋەتىنىمىزدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تولۇق تازىلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز شەرت. بولۇپمۇ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى مۇددالىرىمىزغا مۇتلەق ياردىمى تېگىش ئالدىنقى شەرتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز شەرت.

## §2.16 ئەقىدە مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن

خەلقىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى ئۆز-ئۆزىگە خوجا مۇستەقىل مىللىي دۆلەت ھالىغا كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئۆزلىرىگە غايە قىلغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز، ئۆزلىرىگە ھەرخىل ئەقىدىلەرنى قۇرال قىلىپ پائالىيەت قىلىشماقتا. بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بىرەر ئىدىيىۋى ئېقىمغا مەنسۇپ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ھەقىقەتەن ئەقىلغا سىغمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بىرەر ئەقىدىگە مەنسۇپ كىشىلەر توپىدىن تەشكىل تېپىشى نورمال ھادىسە دېيىشىمىز، ھەتتا زۆرۈرى ھادىسە دەپ قارىشىمىز كېرەك. ئەمما بۇخىل ئىدىيىۋى ئېقىملەرنىڭ ھەممىسىلا بىردىن-بىر توغرا ئەقىدە ياكى خەلقىمىزنى تولۇق جەلىپ قىلالايدىغان ئەقىدىلەردىن بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. ھەتتا مەلۇم بىر ئىدىيىنى ئەقىدە قىلىشقان كىشىلىرىمىز باشقا بىر ئىدىيىۋى ئەقىدىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئىچكى دۈشمەن دەپ قارىشىمۇ نورمال ئەھۋال. شۇنداق ئىكەن، نۆۋەتتىكى ئورتاق ۋە جىددى ئېھتىياجىمىز بولغان مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا بۇخىل ئىدىيىۋى ئېقىملارغا مەنسۇپ كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر مەركەزگە توپلىنىپ، بىر قوماندانلىق شتاپقا بويى سۇنۇشىنىمۇ تەلەپ قىلالمايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇخىل بىرلىشەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى ھەردائىم كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. بۇنداق ھادىسە بىزگىلا خاس بولۇپ قالماي، ئاساسەن بارلىق مىللەتلەردە ئورتاق بىر ئەھۋالدۇر.

ئەمما شۇمۇ بىر ئىنكار قىلىنماس پاكىتكى، ھەرقانداق بىر ئېقىمغا مەنسۇپ كىشىلەر ياكى تەشكىلاتلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىمىزدىن قەتئىي نەزەر، بىر ۋەتەن ئىچىدە يەتمەكچى بولغان غايىلىرىدا ياكى بۇ غايىلىرىگە يېتىش يوللىرىدا چوقۇم نۇرغۇنلىغان ئورتاق نوقتىلارنىڭ، ھەتتا ئاۋال قولغا كەلتۈرىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئورتاق ۋەزىپىلىرى بولىشىمۇ بىر مۇقەررەرلىك. ئەگەر ھەرقانداق بىر پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بىر تەشكىلات، ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يالغۇز ھەرىكەت قىلىپ ئاخىرقى نەتىجىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سەمىملىك بىلەن ئېتىراپ قىلغىنىدا، ئاۋال قولغا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇقتىغا يېتىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان پىكىردىكى باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىش

ئارقىلىق ئورتاق ھەرىكەت پروگىراممىسى بويىچە پائالىيەت قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئۆز غايىلىرىغا يېتىش سۈرئىتىنىمۇ تېزلىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىز خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇتلەق كۆپ قىسىم تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ خۇسۇسى غايىلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان غايىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ تەشكىلاتلىرىمىز مىللىي مۇستەقىللىق غايىسى ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن بىرىيەرگە كېلىپ، ئورتاق ھەرىكەت پروگىراممىسى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىنتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر. ئورتاق ھەرىكەت پروگىراممىسىنى تۈزۈپ بولغىنىدىن كېيىن، ئۆزلىرى تەخسىم قىلىشقان بۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەمكارلىق ئاساسىدا، ياكى ئازئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت قىلىشىغا بولىدۇ. ئەگەر كېڭىشىشتە ئورتاق پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىگىنىدە، ئورتاق ھەرىكەت قىلىمىز دەپ چىلك تۇرىۋالماي، پىكىر بىرلىكىگە كەلگىچە بىر-بىرسىنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلمىغان ئاساستا ئۆز ئالدىغا پائالىيەت قىلىشىنىڭمۇ زىيىنى يوق. ئەگەر كېڭىشىپ ئورتاق پروگىراما بويىچە پائالىيەت قىلالايدىغان بولغىنىدا، كەلگۈسىدىكى قۇرۇلغۇسى مىللىي ھۆكۈمەتنىمۇ شۇ ئاساستا كېڭىشىپ بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىش ئاساسىنى تىكلىيەلىگەن بولىدۇ.

ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغىنىمىزدا، بۇ تەشكىلاتلىرىمىز، مىللىي مۇستەقىللىق غايىسى بولغان تەشكىلاتلىرىمىز، ھەرىكەت ئۇسلۇبى ياكى ئىش تەخسىماتى، ئىقتىسادىي يۆلەك، ھەرىكەت يېتەكچىسى قارتارلىق جەھەتلەردىلا پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەسلىكىدىن باشقا، ئاساسەن ئالغاندا، تا مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەلگىلەش كۈنلىرىگىچە بىر-بىرسى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك دۈشمەنلىكتە بولۇشلىرىغا قىلچە ئاساسلىرى يوق. شۇنداق ئىكەن، ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئورتاق دۈشمىنى بولغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىمكانىبار تېز، ئىمكانىبار ئاسان، ئىمكانىبار ئاز چىقىم بىلەن تازىلاپ چىقىرىش جەھەتتە مۇتلەق تۈردە بىر-بىرسى بىلەن ھەمكارلىششقا، ھېچ بولمىغاندا، بىر-بىرسىگە توسالغۇلۇق قىلماسلىققا مەجبۇر. ئەگەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسى دۈشمىنىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەمەس، بەلكى قانداقتۇ ئامېرىكا ئىدى، قالاقلىق ئىدى، دېموكراتچىلار ئىدى، ئىسلامچىلار ئىدى دەپ چىلك تۇرىۋالدىغان، ھەتتا قانداقتۇ تۇڭگانلار، قازاقلار، قەشقەرلىكلەر،

تۇرپانلىقلار دۆشمىنىمىز دېگەندەك بىمەنە قاراشلاردا چىڭ تۇرىۋالىدىغانلار بولىدىكەن، ئۇنداقلار خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەشتە كۆرۈنەرلىك پۈتلىكاشاڭ تېرىپ بەرگىنىدە، ئۇلارنىمۇ ۋەتەن خائىنلىرى قاتارىدا بېسىقتۇرىۋېتىشقا تەييار تۇرۇش كېرەك.

هالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزنىڭ قۇتۇلۇشىغا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىۋاتقان ئورتاق دۆشمىنى شەكسىز هالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدۇر. بۇ دۆشمەن شۇنداق كۈچلۈك خىرىس قىلىپ ئالدىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرماقتىكى، بۇ دۆشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشتا ۋەتىنىمىزدىكى هەرقانداق بىر ئېقىم تەرەپتارلىرىنىڭ يالغۇز بېشىغا هەرىكەت قىلىپ غەلىبە قازىنالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا خەلقىمىز بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ بىر مەرگەزگە توپلىنىپ كەسكىن هەرىكەتلەر بىلەن پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر. ئەڭ بولمىغاندا، پىكىرلىرىدە بەكلا چوڭ پەرق قىلىدىغان تەشكىلاتلىرىمىز بىرىيەرگە كېلىپ تۈگىمەس زىددىيەتلەر ئىچىگە پېتىپ قالغىنىدىن كۆرە، ئورتاقلىقى بولمىغان پىكىرلىرىنى سۆرەپ يۈرمەي، مىللىي مۇستەقىللىق هەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئورتاق پىكىرلىرىنىلا مۇزاكىرە قىلىشقا تىرىشىشى، بىر-بىرسىگە دەخلى قىلماسلىق، بىر-بىرسى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش شەرتى ئاستىدا ئايرىم پائالىيەت قىلغىنى تۈزۈك. ئۇنۇتمايلىكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىمۇ هەردائىم ئارىمىزغا پىتنە-پاسات تېرىپ، مىللىي بىرلىكسېپىمىزنى پارچىلاش، ئىچكى جىدەلگە پاتۇرىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا.

بۇ يەردە، بىزنىڭ هەرخىل غايىغا ئىگە تەشكىلاتلىرىمىزدىن شۇنداق بىر پىداكارلىق تەلەپ قىلىنماقتىكى، ئۇلار مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن تەشكىلاتىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بىرچەتكە قايرىپ قويالىغىدەك پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرىشى لازىم. بۇ جەهەتتە هەرگىزمۇ قايسى بىر كىشلەرنىڭ ۋالاخشىپ يۈرگىنىدەك "مەن نېمىشقا هاراقكەشلەر ئۈچۈن، ... ئەجنەبىپەرەستلەر ئۈچۈن، ... خۇراپىلار ئۈچۈن، ... پالانى مىللەت ئۈچۈن، ... پوكونى يۇرتلۇقلار ئۈچۈن، ... ۋەتەننى ئازاد قىلىمەن دەپ بىكاردىن جان پىدا قىلىدىكەنمەن" دېگەندەك ئاخماقانە خىيالدا بولماي، ۋەتىنىمىزدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل-تاكۈس قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بارلىغىمىزنى ئاتايدىغان پىداكارلىقنى كۆرسىتىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ بەش-ئون يىللىق پىداكارلىقىمىز

بىلەنلا ۋەتىنىمىز ئازاد بولۇپ كېتىدىغان ئاسان ئىشمۇ يوق. ئۇنداق پۇرسەتلەرنى ئاللىقاچان قولدىن بېرىپ قويغانلىغىمىزنى بويىنىمىزغا ئېلىشىمىز لازىم. بىز بىرقانچە ئەۋلاتلىق پىداكارلىقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ جەڭگە ئاتلىنىشىمىز لازىم.

قىسقىسى، ۋەتەن ئازادلىغى ئۈچۈن ئۆز ئەقىدىلىرىمىزنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرايلى!

ئەمما بۇخىل ئىدىيىۋى پىداكارلىق ھەرگىزمۇ مىللىي مۇستەقىللىقنى مەخسەت قىلمايدىغان ئەقىدىلەر ئۈچۈن بولماسلىغى شەرت. بولۇپمۇ "تېنچلىق" چۈمپەردىسى، "سۆھبەت" نىقاۋى ئىچىگە ئورنىنىۋېلىپ مىللىي مۇناپىقلىق قىلىۋاتقانلار، نوقۇل ماددى مەنپەئەت، شەخسى ئابرويى ئۈچۈن مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر بولىۋالغانلار ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز شەرت. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن شەكىلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىز ئەتىراپىغا مەرگەزلىشىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن كونكىرىتنى ۋە ئېنىق ھەرىكەت پىروگىراممىسى، نىزامنامىسى ۋە ھەرىكەت پىلانى بولمىغان ھەرقانداق بىر تەشكىلات نۆۋەتتە مەرگەز، بىرلىكسەپ، قۇرۇلتاي، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، شتاپ قاتارلىقلارنى قۇرۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس. ھەتتا بۇخىل پاسسىپ تەشكىلاتلار خەلقىمىزنى تۈيۈق يولغا باشلاپ كېتىدىغان شەكلى ئۆزگەرگەن خائىنلار گۇروھى ياكى قايسى بىر دۆلەتنى ۋاستە قىلىۋالغان ھالدا ھەرخىل خىتايلار بىلەن ھەرخىل مەقسەتلەردە ھەمكارلىشىپ يۈرگەن مۇھاجىرلىرىمىز بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

## 2.17§ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزگە تۆھمەتلەر

بۈگۈن ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن تاللاپ ئالغان ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇراللىق ھەرىكەت ئۇسۇلىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىلا ئەمەس، ھەتتا خىتاي يېڭى دېموكراتچىلىرىمۇ "تېررورلۇق" دەپ ئېلان قىلىشماقتا. خىتاي كوممۇنىستلىرى بىزنىڭ يوشۇرۇن قۇراللىق جەڭگە ئاتلانغان باتۇرلىرىمىزنى "تېنچ-ئىتتىپاق ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان

بىرئۇچۇم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار" دېسە، خىتاي دېموكراتچىلىرى "شىنجاڭدىكى خىتايلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش كوممۇنىستلاردىن زېرىككەن، ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر، ئۇلارغا قارشى قۇراللىق ھەرىكەت قىلىشىڭلار تېرروررچىلىق بولىدۇ" دەپ، بىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىرگە كوممۇنىستلاردىن قۇتۇلىدىغان كۈننى تېنچ ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلىشماقتا. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان مادارىچى، سۇلھىچى، تېنچلىقچى، دېموكراتچى، دىنچى كىشىلىرىمىزمۇ "قان تۆكۈلىدىغان ھەرىكەتلەر بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىمىزنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، ..." دېگىنەدەك پەتىۋالارنى توقۇشۇپ، بىزنى تېنچ پائالىيەتلەر بىلەن داۋاملىق شوغۇللىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىشماقتا (يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاچانلاردىن بېرى خەلقئارادا چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىگىدەك ئىناۋەتكە ئېرىشىپ قالغانلىغى ئېنىق ئەمەس!). دۈشمىنىمىز بىزنى تېنچلىققا زورلىماقتا؛ دېموكراتچى خىتايلارمۇ بىزنى تېنچ ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇلار ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغاچقا، ئۆزلىرىگە زىيان كەلتۈرىدىغان كەسكىن ھەرىكەتلىرىمىزنى ئىزچىل قارىلاپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ دۈشمەن بىلەن ئوخشاش مۇقام تووۋلايدىغانلارنىڭ بولىشى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىندۇرىدۇ. ئەجەبا بۇ كىشىلىرىمىز بىلمەستىن شۇنداق داۋراڭ سېلىشىپ يۈرەمدىغاندۇ ياكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىز بىلمەيدىغان بىرەر يوشۇرۇن كېلىشىملىرى بارمۇ؟

بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ھەردائىم دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كىتەلىشى ناتايىن. مەسىلەن دۇنيا جامائىتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چېچەنلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تېررورلۇق دەپ ئېلان قىلىشتى؛ زامانىۋى قۇراللار بىلەن قىرغىن قىلىۋاتقان ئىسرائىل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تاش-توخماقلار بىلەن تىركىشىۋاتقان پەلەستىن ئەرەپلىرىنىمۇ شۇنداق دېيىشمەكتە. ... مۇقەررەركى، بىزنىمۇ پات يېقىندا دۇنيا سەھنىلىرىدە تېررورچىلار دەيدىغان قاراشلارنى چوقۇم ئاڭلايمىز (بۇ كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن بىر يىل كېيىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى تېرروررچىلار دەيدىغان ھۆكۈم ئا ق ش پارلامىنتى ۋە ب د ت دا قوبۇل قىلىندى ـ قايتا تۈزەتكۈچىدىن).

"تېررور" دېگەن نېمە؟ تۆمۈر خەلىپىمىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، غوجا نىياز، ساۋۇت داموللا، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت

رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئۆيرۇپىلان پاجىئەسى ياكى باشقا سۇيىقەست پەيدا قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەرخىل باھانىلارنى، ھەرخىل بوھتانلارنى ئۇيدۇرۇپ، سوتسىز-سوراقسىز يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشۈەتكەن شۇنچە نۇرغۇن زىيالىي-يىتەكچىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمى خىتاي تېررورچىلىغىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن ئىنسانىيەتچىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولامدىكەن؟! ئالدىنقى باپتا توختالغىنىمىزدەك، تېررورچىلىق دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەققىدىمۇ تا بۈگۈنگىچە مۇقىم ئېنىقلىما ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولۇپ، ئادەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلغان دۆلەتنىڭ مەۋجۇت قانۇنلىرىغا قارشى كەسكىن ھەرىكەتلەر ئاساسەن "تېررورلۇق" نامىدا جازالاندۇرۇلماقتا ۋە ئەيىپلەنمەكتە. ئەسلىدە تېنچ ئاھالىسىغا شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن زىيان سالىدىغان ھەرىكەتلەر، مەسىلەن پۇل ئۈچۈن خىروئىن ئەتكەسچىلىكى، قۇرال-ياراق ئەتكەسچىلىكى، مەھەللىلۋىي زومىگەرلىكلەر تېررورچىلىق دېيىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ نورمال ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش نامىدا ھەربىر دۆلەت ئۆزىگە يارىشا بىر قاتار قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، ئۆز مىللىي مەنپەئەتى، ئۆز سىنىپىي مەنپەئەتى، ئۆز دىنىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ بىرقاتار قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقان بولۇپ، بۇ قانۇن-نىزاملار ئۆزىگە پايدىلىق بولمىغان ھەرىكەتلەرنى، ئۆز مەنپەئەتىگە توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان مىللەت، سىنىپ، ئەقىدە ئىگىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلدۇرۇلماقتا. بۇنداق خۇسۇسىي تۈسلەرگە كەلتۈرۈلگەن قانۇن-نىزاملار قارشى پىكىرلىك كىشىلەرنى باستۇرۇشنى تۈپكى مەقسەت قىلغىنى ئۈچۈن، بۇ قانۇنلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياكى بۇ تۈزۈملەردىن نارازى بولغان خەلقلەر ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن بۇ قانۇنلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولماقتا. ئەمما بۇ تۈردىكى ئەركىنلىك، مىللىي ئازادلىق، ئېتىقات ئەركىنلىكى قاتارىدىكى ئىستەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نۆۋەتتىكى دۇنيا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تېنچلىقىغا دەخلى يەتكۈزىۋاتقاچقا، بۇخىل ھەرىكەتلەرنى قانۇنغا خىلاپ "تېررورلۇق" دەپ قارىلىشىپ، شەرتسىز قىرىپ تۈگىتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشماقتا. بۇ دېگەنلىك، ناھاقچىلىككە قالدۇرۇلغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغان ئاجىز خەلقلەرنىڭ مەڭگۈ ناھەقچىلىككە مەھكۇم بولىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ۋاھالەنكى، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ قوغلاپ

چىقارماقچى بولغىنى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بولۇپ، تارىختا فرانسىيە ھىتلېر
گېرمانىيىسىنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋېلىشىغا نارازى بولۇپ قانلىق جەڭلەرنى
قىلغىنىدەك، ياۋروپا خەلقىنىڭ فاشىسىزىم تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانلىق
جەڭلەرگە ئاتلانغىنىدەك، بىزمۇ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى
ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز.
ئەينى ۋاقىتتىكى ھىتلېر گېرمانىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن
ياۋروپالىقلارنىڭ، ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونلارنى قوغلاپ چىقىرىش جېڭىگە
ئاتلانغان خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قانلىق جەڭ قىلىشى قانچىلىك
ھەققانى بولىدىكەن، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزمۇ ئەڭ كامىدا شۇلارچىلىك ھەققانى
ھەرىكىتىمىز بولىدۇ.

بۈگۈن دىققەت قىلىدىغان بولساق، دۇنيا زومگەرلىرى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى
تالىشىپ پارىس قولتۇقىنى تۈگىمەس ئۇرۇش قايىنمى ئىچىگە سۆرەپ كىرمەكتە.
رۇسسىيە ئىسسىق دېڭىزلارغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەندى، بۇنىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەپ ئا ق ش ھۆكۈمىتى نامرات
ئافغانىستاننى چارەك ئەسىردىن بۇيان ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە سېلىپ قويدى. ھەتتا
بەزى ئەللەر رۇسسىيىنىڭ ھەزەر دېڭىز بويى ئەللىرىنىڭ نېفىتىنى قارا دېڭىزغا
توشۇش يولىغا توسالغۇلۇق قىلىش ئۈچۈن چېچەنىستان مىللىي مۇستەقىللىق
ھەرىكىتىنى يا غەلىبە قىلالمايدىغان، يا تىنجىمايدىغان پاراكەندىچىلىك ئىچىگە
پاتۇرىۋېتىشتى. ... قىسقىسى زومگەرلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن نېمىلا قىلسا ھەق،
زۇلۇم ئاستىدا قالغان مۇستەملىكە خەلقلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن
قىلىۋاتقان كۈرەشلىرى تېررورلۇق بولۇپ قالماقتا.  دېمەك، دۇنيا ئىنسانىيەت
مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ قايسى بىر مەنپەئەتلىرى
ئۈچۈن ھەرخىل رەزىل زومگەرلىكلەرنى قىلىشماقتا. شۇنداق ئىكەن، ۋەتىنىمىز
خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى تولۇق غەلىبە قىلغان كۈنگىچە
دۇنيانىڭ قارىلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيا، قانۇن چۈمپەردىسىگە ئورىنىۋېلىپ
ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن زومگەرلىك قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز ئۇلارنىڭ
باھالىشى، قارىلىشى، دۈشمەنلىك قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، مىللىي
مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن قولىدىن نېمە كەلسە شۇ ئۇسۇل بويىچە جان تىكىپ
كۈرەش قىلىشنى بىركۈنمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى لازىم.

ئىت ھاۋشۇپ قالىدۇ، كارۋان تولىغان مالنى ئىچىۋالدى! مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى باسقۇچى بولغان ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش يوشۇرۇن ھەرىكىتى ئۈچۈن ھەرقانداق قارىلىنىشلارغا پىسەنت قىلماي، پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەت دولقۇنىغا دەرھال ئاتلىنىشىمىز شەرت! بىزنىڭ شۇئارىمىز:

يا مۇستەقىللىق! ـــ يا ئۆلۈم!

ئىزچى مەن

# مۇستەقىللىغىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟

بۇ كىتابتىن پايدىلانغۇچىلار تەپسىلى بىلىم ئېلىشنى، تەشۋىق قىلىشنى، تەشكىل قۇرۇشنى، ئەمەلىي ھەرىكەت باشلاشنى ياكى بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغىنىدا، بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقسا بولىدۇ.

بۇ كىتابنى تولۇق قايئىل بولۇپ ئوقۇش شەرت ئەمەس. قايسى نۇقتىغا قائىل بولسىڭىز شۇ نۇقتىنى قوبۇل قىلىۋالسىڭىز بولىدۇ؛ قايسى تېما لازىم بولسا شۇ يەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي روھى بولغان مەخپىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا خالىغان شەكىلگە ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ، قىسقارتىپ، قايتا تۈزۈپ، ھەرخىل لېنتا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، (كومپيۇتېر تەخسىسىگە ئېلىپ ـ تۈزەتكۈچى) تارقىتىشىڭىزغا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كىتابتا قايىل بولمىغان نۇقتىلارغا دۇچ كەلسىڭىز، ئۇ يېرلەرنى ئوقۇماي ئاتلاپ ئۆتۈشكە ياكى قەتئىي قائىل بولمىغىنىڭىزدا مەخپىي شەكىلدە باشقا بىرسىگە بېرىۋېتىشكە تىرىشىڭ.

ئاللا سىزگە جاسارەتلىك ئىرادە ئاتا قىلغاي، ئامىن!

كارىز نەشرىياتى ـــ تۇرپان

# كىرىش سۆز

بۇ كىتابنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى شۇكى، خەلقىمىزنىڭ، قەھرىمانلىرىمىزنىڭ، قوماندانلىرىمىزنىڭ، داھىيلىرىمىزنىڭ، شۇنىڭدەك ھەرخىل ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزنىڭ يېقىنقى تارىخىمىزدا قولغا كەلتۈرگەن نىسپىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان تارىخىي خاتالىقلىرىنى باھالاپ ئولتۇرۇشىمىزغا بۈگۈن بەكلا ئەتىگەن بولۇپ، بۇ خىل تالاش-تارتىشلارنى مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ يولغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مەخسۇس ئالىملىرىمىزنى يىغىپ تەمكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويساقمۇ ھەرگىز كېچىككەن بولمايمىز. چۈنكى، بۈگۈن بىز تارىخىمىزغا باھا بېرىشكە ئەمەس، بەلكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزدە نەدە خاتا قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىقمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، بىز مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىزنى قانداق شەكىلدە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزغا مىراس قالدۇرۇشنى ۋە ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل بولغان كۈنلىرىدە قانداق قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىپ ۋەسىيەت قىلىشقىمۇ زادىلا ئېھتىياجىمىز يوق ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىنلا سالاھىيىتىمىزنى يوقىتىپ بولدۇق. چۈنكى، بۈگۈن بىز ئۇنداق بىر ۋەتەننى ‘مىراس’ قالدۇرۇش پۇرسىتىنى تولۇق قولدىن چىقىرىپ قويغان ھالەتتە تۇرماقتىمىز. بىز بۈگۈن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا مۇستەقىل مىللىي دۆلەت ھاكىمىيىتىمىزنى مىراس قالدۇرۇش، ھېچ بولمىغاندا بۈگۈنكى دۈشمەن كۈچلىرىنى تولا بەك كۆپەيتىۋەتمەي، بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلار سانى بويىچە ‘مىراس’ قالدۇرۇشقا غەيرەت كۆرسىتەلىسەكمۇ يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتى. ھالبۇكى، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا بۈگۈنكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قاپلاپ كەتكەن بىر ‘ۋەتەن’ نى مىراس قالدۇرىدىغانلىقىمىز كۆرۈنۈپلا تۇرماقتا!

بىز بۈگۈن، ھېچ بولمىغاندا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشىمىز شەرت.

بۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى

ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، نېمىلەرگە بەكرەك ئېھتىياجىمىز بارلىقىغا دىققەت قىلىپ باقايلى: بىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز دۇنيادىكى ئىنسانلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە ياشاش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز شەرت. بۇ ئارزۇيىمىز ھېچقاچان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدا قېلىش بىلەن مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەلپازىغا قارايدىغان بولساق، بىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلى ئىچىدە قىلچىمۇ ئىلگىرلىيەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا يەر يۈزىدىن تولۇق يوقۇتۇلۇشىنىڭ بوسوغىسىغا كەلتۈرۈلدۇق! دېمەك، بىز ئادەمدەك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، قولىمىزدىكى ئادەمدەك ياشاشنىڭ بارلىق ئەقەللىي ئامىللىرىنى تارتىپ ئېلىۋېلىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن تولۇق قۇتۇلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يەنى، بۈگۈن خەلقىمىزنىڭ ئادەمدەك ياشيالىشىنىڭ بىردىن-بىر ئالدىنقى شەرتى ــ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش. نۆۋەتتىكى بۇ ۋەزىپىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالغىنىمىزدىن كېيىن، «مەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قانچىلىك ھەسسە قوشالايمەن» دەپ ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە ۋەزىپە بەلگىلەپ ئەملى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ كىتاب ئەنە شۇ مەقسەتتە تەييارلانغان بولۇپ، كىتابتا قايسى بىر خاتا قاراشلىرىمىز تۈپەيلىدىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىز ۋە بۇ خاتالىقىمىزنى قايتا تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم تارىخىي ياكى نۆۋەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزغا قاراپ، ھەر خىل كېرەكسىز تالاش-تارتىشلار قايىنىمىغا كىرىپ قالماسلىقىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. بىزنىڭ بۈگۈنكى قىلىدىغان ئىشىمىز «ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمەن ۋە نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن ئاساستا ئۆزىمىزگە ۋەزىپە تېپىپ چىقىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشىمىز لازىم.

# 1.مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بارمۇ؟

## ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولۇپ باققانمىدى؟

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىدىن قورقۇپ، تارىخىي مەنبەلىرىمىزنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش، ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ۋە مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنى تولۇق يوقۇتۇش، خەلقنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇشقا ئىمكان بېرىدىغان بارلىق ماددىي ئاساسلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ ئۆز سالاھىيەت ۋە مەنلىگىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان تارىخىي مەنبەلىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرى، قېرىنداش قوشنا ئەللەر ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى تولۇق ئۈزۈپ تاشلاش، ھەمدە ھەر بىر قەدەمدە خىتاي تاجاۋۇزچى باندىتلىرىغا قايىل بولۇش، ئۇلارغا مەجبۇرى باغلىنىش، قۇللۇقتا شۈكرى قىلىشىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتلەردە جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. نەتىجىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم ئۈمىدسىز كىشىلەرنى يېتىشتۈرەلىگەن بولدى. «بۇنچە كۆپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئەندى تەڭ كېلەلمەيمىز» دېگۈچىلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە يوللار بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىققان قورقۇنچاقلىرىمىزدۇر. بۇنىمۇ ئاز دەپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا «شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل بولۇپ باقمىغان، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان خىتايلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ياشاپ كەلگەن» دېگەندەك تارىخقا خىلاپ سەپسەتىلىرىنى تارقىتىشىپ، خەلقىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە «بىز ھەقىقەتەنمۇ مۇستەقىل بولۇپ باققانمىدۇق؟» دېگەندەك گۇمانلارنىمۇ پەيدا قىلالىغان بولدى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تارىختىن بۇيانلا ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ئەجداتلىرىنى، يەنى ھونلارنى، تۈركلەرنى، ئۇيغۇرلارنى، قاراخانىلارنى، سەئىدىيەلىكلەرنى بوي سۇندۇرالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بىزنىڭ ۋە

ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ دۇنيا تارىخىدا ئۆلگىسى كۆرۈلمىگەن شەرمەندىلەرچە قورقۇنچاقلىقنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىمۋولى بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇپ دۆلەت چېگراسىنى قوغداشقا مەجبۇر بولۇشقان ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە بىزنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىمىز بولغان ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، دۇنيا تارىخىدا بۈيۈك شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىمپېرىيەلەرنى قۇرۇپ، ئاسىيا-ياۋروپانى ئۆز تېزگىنىدە تۇتۇپ كېلەلىگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۆزلىرىگە ئىسلام دىنىنى تاللاپ ئالغان  بىۋاستە ئەجدادلىرىمىز بولغان ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرى ۋە قاراخانىلار دۆلىتى دۇنيا پەن-مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تۈركلەرنىڭ ئەسىرلەر بويىچە داھىيلىق  قىلالىشىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى بۇخارىي، فارابىي، ئىبنى سىنا (ئاۋىسىنا)، ئەلجەبرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى قاتارىدىكى ئالىم-پەيلاسوپلارنى يېتىشتۈرەلىگەن ئىدى. دۇنيا، چىڭگىزخانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاسىيا-ياۋروپا يىپەك يولىنىڭ ئورنىغا دېڭىز يوللىرىنى كەشىپ قىلغىنىدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى تارىخىي ئورنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن يەرلەرگە ئوخشاش نىسپىي تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىپ قېلىپ، كۆپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن دەۋرلىرىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز خىتايلارنىڭ دۆلەت سېپىلىدىن ھالقىپ چىقىپ غەرپكە يامراپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توساپ قېلىشقا قادىر بولالىغان ئىدى.

دېمەك شۇ نەرسە ئېنىقكى، ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرى يېقىنقى زامان تارىخىغا كەلگىچە ئىزچىل تۈردە مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولىدا تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇستەقىل ماكانى ئىدى.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز خەلقىگە بۇ شانلىق تارىخىمىزنى ئۇنۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق تارىخىي پاكىتلىرىمىزنى يوق قىلىۋېتىشى يەتمەي، بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلارنى ھونلاردىن، تۈركلەردىن، ئۇيغۇر دۆلىتى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇغى، ئۇيغۇر قاراخانىلار خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقىدىن ئايرىۋېتىشكە كۈچەپ ئۇرۇنۇشتى. ئەمما بۇ تارىخىي نەق پاكىتلارنى كۆمۈۋېتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، خەلقىمىزنى تۇركىي قېرىنداشلىرىمىزدىن، دۇنيادىن، ئىلىم-پەندىن، ئېتىقادىدىن ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىل ياشىغان

تارىخىمىزدىن ۋە دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇشقا جان-جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. ھەتتا ھونلار تارىخىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، گويا ھونلار ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىدەك، ھونلارنىڭ تارىخي داۋامى بولغان تۈركلەر بىلەن بولغان ئىزچىللىقىنى قەتئىي تىلغا ئالماي يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كېلىشتى. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۈركلەرنىڭ بىر تارىخي داۋامى ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ بولالماي، قوجو-بەشبالىق ئۇيغۇر دۆلىتىنى، ئۇنىڭ بىۋاستە داۋامى بولغان قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنى، ئۇنىڭ بىۋاستە داۋامى بولغان سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىغىنى، ئۇنىڭ داۋامى بولغان ياقۇپبەگ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشقا ياكى تۈپتىن بۇرمىلاپ كۆرسىتىشكە ھە دەپ ئۇرۇنۇپ كېلىشمەكتە. قىسقىسى، بۈگۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ تېخى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچىلا ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ھەمدە بۇنى قايتا داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان زامانىۋى جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغانلىغىنى ئىزچىل تۈردە يوشۇرۇپ ياكى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە!

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، بۇ تارىخنى ئىزچىل ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئاشكارىلاپ بەرگەن مەرھۇم يىتەكچىمىز ۋە تارىخشۇناس ئالىمىمىز مەتتىمىن بۇغرا ھەزرىتىمىزنى ئانا ۋەتىنىگە كېلىشتىن مەڭگۈلۈك چەكلەشكەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك بۇ تارىخىمىزنى خىتايلارنىڭ ئۆز تارىخچىلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان تارىخي مەنبەلىرى ئاساسىدا پاش قىلىپ ئېچىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىمىزنىمۇ بىر ئۆمۈر تۈرمىلەر ۋە نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ قىيناپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى زامان مىللىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش كۈرەش تارىخىمىزنى ئېچىپ بېرىش بىلەن، ياشلىرىمىزغا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر ئەپەندىمىزنىمۇ بىر ئۆمۈر تۈرمە ۋە نەزەربەنتلەردە قىيناپ ئۆلتۈرىۋېتىشكەن ئىدى. ھەتتا كەسپىي زۆرۈرىيەت بىلەن ۋەتىنىمىز مىللىي تارىخىنى ۋاستىلىق يوللار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا مەجبۇر قالغان نۇرغۇن تىلشۇناسلىرىمىز ياكى ئەدەبىياتچى-تارىخچىلىرىمىزمۇ ۋەتەنپەرۋەر بولۇش-بولماسلىغىدىن قەتئىي نەزەر، بىر ئۆمۈر تۈرمە-سۈرگۈنلەردىن بېرى كىلەلمىدى. ھالبۇكى، تارىخ ھەرگىزمۇ يوشۇرغىلى بولىدىغان ئۈنچە-مارجان ئەمەس! بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ

مۇستەقىللىق كۈرەش روھى ۋە قەھرىمانلىق ئىزلىرىنى بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن چوقۇم تاپىمىز، ھەتتا جاھانغا ماس بىر ئۈنۈملۈك شەكىلدە تاپالايمىز! ئەگەر بىز تاپالمىساق بالىلىرىمىز ياكى ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرى چوقۇم تاپىدۇ! بۇ ئىزنى قۇم-بوران كۆمۈۋتەلمىگەن ئىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ شەرەپلىك زېمىنغا تۈنۈگۈن پەيدا بولۇپلا ھەرگىزمۇ يوقۇتالمايدۇ! بىز مۇستەقىل مىللىي دۆلىتىمىزنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز!

## بىغەملىك كېسىلىمىز

نۆۋىتى كەلگەندە، بۇ جەرياندا خەلقىمىزدە پەيدا بولغان، بۈگۈنگىچە سەلبىي تەسىرىنى يوقاتمىغان بىر مىجەزىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك زىيىنى بولماس.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرى ھون بولۇش بىلەن بىرگە، ھونلار ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق ھون قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ھونلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان ۋەتىنىمىز دائىرىسىدىكى بىپايان زېمىنلار ئىزچىل تۈردە بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى بولغان بىزلەرگە مىراس قالدۇرۇلۇپ، بۇ زېمىنغا باشتىن ئاخىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان، يوقۇرى مەرتىۋىلىك، بىلىملىك كىشىلىرىمىزنى «ئاخۇن» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقانلىقىمىز بۇنىڭ تەبىئىي ئىسپاتلىرىدىن بىرسى. ئاخۇن سۆزىنىڭ ئەسلىدە ئاق ھۇن دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى ھەممىگە ئ   ايان بولسا كېرەك. ئاق ھۇنلار ئەينى ۋاقىتدا ھونلارنىڭ يوقۇرى تەبىقىلىرىدىن بولغان ئاق سۆڭەك تەبىقىسىنى تەشكىل قىلاتتى. بىز ئەنە شۇ ئاق ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىز. ھونلار ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپ كەلگىنىدىن باشلاپ، خىتاي سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىن باشلاپ بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىدا نۇرغۇن قېتىم بۈيۈك ئىمپىرىيىلەرنى قۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ تۈركلەر ئۆزىنى كۆك بۆرى ئەۋلادى دەپ ئاتىشىپ غەرپكە قاراپ يېڭى زېمىن ئاختۇرۇپ كېتىۋاتقان دەۋرلىرىدىمۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئىلغار تەركىۋى بولغان ئۇيغۇرلار شەكلىدە يەنىلا بۈگۈنكى تۇپراقلىرىمىز ساھەسىنى ئاساس قىلغان زېمىنغا بىردىن-بىر مىراسخور بولۇپ

ياشاپ كەلگەن ئىدى. باشقا تارىخىي پاكىتلارنى قويۇپ تۇرايلى، بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنى ھازىرغىچە «لاڭ ۋا زا» (بۆرى بالىلىرى) دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپ كېلىشلىرى ئەنە شۇنىڭدىن كەلمەكتە. خەلقىمىزدىكى بۇ خىل مىراسخورلۇق ئۆزگۈچىلىك بىزگە ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئابرويغا ئېتىۋار بېرىش مىجەزلىرىنى سىڭدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ خىل مىجەزلەر ئەينى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزغا ھەقىقەتەنمۇ غۇرۇر بېرىپ كەلگەن ئىدى. بۇ خىل غۇرۇر، بىزنى تەدرىجىي ھالدا ھېچنېمىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بىغەم مىجەزلىك ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ بىغەملىك، ئەينى زامانلاردا بىزگە غۇرۇر بېرىپ كەلگەن مىجەزلەردىن بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرىۋاتقان يىپەك يولى – كارۋان يولى بازىرى روناق تاپقان ئەينى ۋاقىتلاردىكى بۇ باياشات يۇرتىمىزدا، بۇ خىل مىجەزىمىزنىڭ بولىشى بىر غۇرۇرلاندۇرغۇچى مۇقەررەرلىك ئىدى. ئەمما بۇ مىجەزىمىز بىزگە كېيىنچە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش دەۋرىگە كىردى.

چىڭگىزخان ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ غەرب بىلەن شەرقنى باغلىغۇچى كارۋان يولى خەلقئارا بازىرىنىڭ توگۈنى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى يوقۇتۇشقا باشلىدى. كارۋان يولى سودا-تىجارەت كىرىمى مەڭگۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭغا قارىماي خەلقىمىز بىغەملىك مىجەزىنى قەتئىي تاشلىماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى: «غەم قىلمايلى، ساقلاپ تۇرساق مال ساتىدىغان سودىگەرلەر چوقۇم قايتا بۇ بازاردا پەيدا بولىدۇ» دەپ يېتىۋەردۇق. بىز بۇ تۈردىكى غەم يىمەسلىكتىن ئەسىرلەر بويىچە زېرىكمىدۇق. ھامان بىر كۈنى بۇ سودا يولى قايتا ئېچىلىدۇ دەپ، بىغەملىك بىلەن ساقلاپ يېتىپ كەلگەنىدۇق! بىزنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئالاھىدىلىگىمىز پەقەت لەقەم ئورنىدىلا ساقلىنىپ، «سارتلار» (ساتارلار - سېتىقچىلار، سودىگەرلەر) دەپ بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدۇق. ئەمما ھېلىقى بىغەملىك مىجەزىمىزنى زادىلا تاشلىمىدۇق. موڭغۇللار كەلدى، ئۇلار بەربىر كېتىدۇ دەپ بىغەم يېتىۋەردۇق؛ مانجۇلار، خىتايلار كەلدى، ئۇلارنىمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بەربىر كېتىدۇ دەپ، يەنىلا بىغەم يېتىۋەردۇق. ھەتتا بۇ تۈردىكى تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى تارىختىكى سودىگەرلەرگە ئوخشىتىپ بىغەملىك بىلەن تەكلىپ قىلىشقان ۋە ئالاھىدە كۈتىۋېلىشقان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولدى! سودىگەر مىللەت، ئەسلىدىنلا سۈلھىچى،

كېلىشتۈرمىچى بىر مىللەت بولغاچقىمىكىن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ تۈر تېنچلىق ئەرۋاھىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدۇق. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىشلىرى پۈتمەك تۇرماق، ئەكسىچە جىددى ئېقىم قىلىشقا باشلىغاندىمۇ، بىز يەنىلا بىغەم ھالدا يېتىشىمىزنى ئۆزگەرتمەي بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلدۇق!

ئەھۋالىمىز كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىششقا باشلىدى. مىدىر قىلغىدەك يېرىمىزمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇندىن سەكسەن يىل بۇرۇنلا ئاگاھلاندۇرۇپ دېيىشى بويىچە خىتاي دەستىدىن پۇت قويغىدەك يەرمۇ تاپالمىغىدەك ھالغا چۈشمەكتىمىز. ئۆلۈم بوسوغىمىزغا كېلىپ قالدى! ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارىدىكى مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ، ئاقىللىرىمىزنىڭ جېنىنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، ئويغۇتۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدۇق.

بىزنىڭ تارىختىكى ئابرويىمىز، ئەتىۋارلىق ئورنىمىزدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىغا قارىماي، بىز تارىختا ئۇنداق ئىدۇق، مۇنداق ئىدۇق دەپ، تارىختىكى ئابرويىمىزنى بۈگۈن ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە دەپ داۋا قىلىشقا كۈچەپ ئۇرۇندۇق، ئاقمىدى. ھەتتا بىز ئەڭ كۆزگە ئىلمايدىغان خىتايلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ، چېكىدىن ئاشقىچە خارلىقتا قالدۇق. ئەندى ھاياتىمىزدىنمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدۇق، بىزنى ئەنسىزچىلىك قاپلاشقا باشلىدى. بىز بۈگۈن بىغەملىكتىن ئەنسىزچىلىك مىجەزدىكى بىر مىللەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىماقتىمىز. ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئەتراپىمىزغا قارايمىز، ھەممە بىزگە دۈشمەن بولىۋاتقاندەك، ھەممىدىن گۇمان قىلىدىغان ئۇچىغا چىققان گۇمانخورلۇق پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىدۇق. ...

مانا بۇ ــ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى ھەقىقى قىياپىتى! بۇنى بىز قانداقمۇ ئېتىراپ قىلالايمىز؟ بۇ مىجەزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش بىزگە ھەرقانچە ئېغىر كەلسىمۇ، ئۇ بەرىبىر پاكىت! ئەمما شۇنىسى باركى، بىغەملىك كېسىلىمىزگە قارىغاندا ئەنسىزچىلىك روھىي ھالىتىمىز بىرقەدەر ياخشىراق. چۈنكى بىغەملىك بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى، بۈگۈنكى رىئاللىقنى بولسىمۇ ئەركىن تەپەككۇر قىلىشىمىزنى پەردىلەپ تۇرغان ئىدى. ئەنسىزچىلىك روھىي ھالىتىمىز بولسا بۇ خىل پەردىلەرنى ئازراق بولسىمۇ يىرتىپ تاشلاپ، بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئەمەلىيىتىمىزنى ئازراق بولسىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەكتە.

## مۇستەملىكە ــ قۇللۇق مىجەزلىرىمىز

بۈگۈن بىغەملىك دەۋرىمىزدىن كەلگەن ئابرويپەرەستلىك، ماختانچاقلىق مىجەزلىرىمىزگە ئەنسىزچىلىكتىن كەلگەن گۇمانخورلۇق ئادەتلىرىمىز قوشۇلۇپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىشكە ئېغىر توسالغۇ بولماقتا. بۇنى ئاز دېگەندەك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋىجدانسىز خائىنلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق سىڭدۈرۈلۈشكە باشلىغان ئۈمىدسىزلىك، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، مەزھەپبازلىق قاتارىدىكى ئىللەتلەر خەلقىمىزنى بىر مەخسەت، بىر نىيەت، بىر نۇقتىغا توپلاشقا ئېغىر توسالغۇ بولماقتا. بۇلارنىڭ تەسىرىدە خەلقىمىز ئارىسىدا غەلىتە بىر شەكىلدە مۇستەملىكە، قۇللۇق پەلسەپەسى ئومۇملىششقا باشلاپ، ھەرقانداق بىر تەتقىقات، پىلان، غايىلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا توسالغۇ بولماقتا. يەنى، خەلقىمىز ئارىسىدىكى ھەرقانچە بىلىملىك، غۇرۇرلۇق، ئېتىقاتلىق دەپ تونۇلغان كىشىلىرىمىزمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلۈشكە باشلىغان مۇستەملىكە-قۇللۇق ئىللەتلىرىنىڭ ئىستىخىيىلىك قۇربانلىرىغا ئ          ايلىنىپ، ئۈمىدسىز پىكىرلەر، خىيالى پەرەزلەر، ئوتوپىيىلىك غايىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا. نەتىجىدە بۇ كىشىلىرىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى بالداقمۇ-بالداق يوق قىلىشىنىڭ پىلانى بولغان سۇلھى پىلانى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پىلانى، ئاپتونومىيە پىلانى، ... دېگەندەك ئالدام خالتىلىرىغا چۈشۈپ، «بۇ خىل شەرتنامىلار، قانۇنلار ئەسلىدە ياخشى تۈزۈلگەن ئىدى، ئۇلارنى ئىجرا قىلدۇرۇشتا بىز ئۆزىمىز چىڭ تۇرالمىدۇق» دەپ، ئاڭسىزلىق بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مالايلىرىغا ئايلىنىپ قالماقتىمىز.

بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق مۇستەملىكە، قۇللۇق مىجەزلىرىمىزنىڭ قۇربانى بولۇپ، غەلىبىلىك كېتىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز پاجىئەلىك مەغلوبىيەتلەرگە دۇچار قىلىنغانىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى سۇلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قالغىنىدىمۇ بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلىرىمىز، جەڭگىۋار كىشىلىرىمىز، دىنىي ئولىمالىرىمىز ئەنە شۇ خىل مۇستەملىكە، قۇللۇق پەلسەپەسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئەڭ مۇكەممەل مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ مەغلوبىيىتىگە

ئورتاق سەۋەبچى بولغانىدى. نەتىجىدە، سۇلھى باھانىسىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قايتىدىن كۆچلىنىۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرگەن ئىدى.

ئەسلىدە جاڭ جىژجوڭ ئەينى ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ «ئون بىر ماددىلىق بىتوم» نى تالاش-تارتىش قىلىشقا كەلمىگەن، ئەكسىنچە ئۇرۇش توختىتىپ قىرىق-ئەللىك مىڭ كىشىلىك يۇرتدېشىنى مەغلوبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ تېنچ قاچۇرۇپ كېتىشنىڭ بىرەر چارىسى تېپىلىپ قالارمۇ دەپ كەلگەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ خەلقىمىزگە «ئىنتايىن پۇختا» پەدەزلەنگەن ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنى سوغا قىلغىنىدا، بۇ قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولماستىن، بەلكى مىللىي ئارمىيىمىزنى يوق قىلىش، مىللىي ئىگىلىگىمىزنى يوق قىلىش، مىللىي غۇرۇرىمىزنى يوق قىلىشنى ئۆزلىرىگە مەقسەت قىلىشقان ئىدى. يەنى، بۈگۈنكى پاجىئەلىك ھالىتىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» (ئۇيغۇر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان رايون!) دېگەن پوسمىنى كەيگۈزگەن ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خېلى ئۇقۇمۇشلۇق دېگەن كىشلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن «بىزگە ھەقىقىي ئاپتونومىيە، ئالى ئاپتونومىيە،... فىدىراتسىيە، ... بەرسۇن» دېگەندەك قورقۇنۇچلۇق سۆزلەرنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمىز. بۇ تۈردىكى كىشلىرىمىز ئۆزلىرىنى گويا خىتايلارنىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ داھىيسى بولۇپ قالغىنىدەك ھېس قىلىشىپ، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا تېنچ يول بىلەن مۇستەقىللىق بەرسۇن، دۇنيا جامائەتى بىزگە خىتايلاردىن تېنچ يول بىلەن مۇستەقىللىق ئېلىپ بەرسۇن، شەرقىي تۈركىستانلىقلار مۇستەقىللىقنى قەتئىي قان تاكمەي، پۈتۈنلەي سىياسىي يوللارغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك» دېگەندەك مەنتىقىسىز، ھەيران قالارلىق بۇيرۇقلارنى چىقىرىشماقتا. بۇ كىشلىرىمىزنى ئەقىلسىزلار دېگەندىن كۆرە، مۇستەملىكە، قۇللۇق پەلسەپەسىنىڭ ئىستىخىيىلىك قۇربانلىرى دېمەي نېمە دېيىشىمىز كېرەك؟! بۇنىمۇ ئاز دەپ بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان كىشلىرىمىز «ئالدىرىمايلى، تەۋەككۈلچىلىك قىلمايلى، غەم يىمەيلى، خىتاي دۆلىتى ھامىنى بىر كۈنى پارچىلىنىدۇ، خىتاي دېموكراتچىلىرى پات يېقىندا خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالىدۇ، شۇ چاغدا بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا مۇستەقىللىغىمىزنى سوغا

قىلىۋېتىدۇ، بۇنىڭغا ئىدىيىدە تەييارلىنىپ تۇرساقلا كۇپايە، ...» دېگەندەك تېخىمۇ بىمەنە سۆزلەرنى قىلىشىپ خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىرادىسىگە سوغۇق سۇ سېپىشمەكتە. ھەتتا دۇنيادىكى قايسى بىر دۆلەت، قايسى بىر تەشكىلاتلاردىن ئۈمىد كۈتۈش، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمى، شياڭگاڭنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشى، تەيۋەننىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇغلۇقىغا قايتارما ھۇجۇم قىلىشى، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، ئافغانىستاننىڭ غالىبىيىتى، قايسى بىر پەرىشتىنىڭ ياردىمى، دېگەندەك خام خىياللار ۋاستىلىرى ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشەلەيمىز دەيدىغان كۈلكىلىك زامانىۋى خۇراپاتلارنىمۇ تەرغىپ قىلىشماقتا! بۇ خىل ئەقىللەرگە كۈلۈش كېرەكمۇ ياكى يىغلاش كېرەكمۇ؟! بۇ خىل مەنتىقىسىز، خىيالى، خۇراپىي ۋە ئۇتوپىيىلىك پىكىرلەر بۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئەقلىگە نەدىن كەلگەنلىكىگە ئادەم ھەيران قالىدۇ!

ئەسلىدە بۇ بىچارىلاردىن تولا بەك ئاغرىنىپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە بۇ خىل زامانىۋى خۇراپاتلار شۇ خىل كىشىلىرىمىزگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئاتىۋالغان قۇللارچە پىكىر قىلىشتىن كېلىپ چىقىۋاتقان بىمەنە قاراشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى، بۇ خىل ئەقىلگە سىغمايدىغان پىكىرلەر بېغەملىك، ئەنسىزچىلىك، ئەقىدىسىزلىك ۋە مۇستەملىكە ھاياتىمىز بەخش ئېتىۋاتقان قۇللۇق مىجەزىمىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى سەلبىي ئىنكاسلىرىدۇر. ئىنسان بالىسى بېغەملىككە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىدا، ئەنسىزلىك مىجەزىگە گىرىپتار بولغىنىدا، قۇللۇق روھىي ھالىتىدە قالغىنىدا ئۆزىگە ئىشىنىش ئۇقۇمىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئادەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، جاسارىتىنى يوقىتىدۇ دېگەنلىكتۇر.

خەلقىمىزنىڭ بۇ تۈردىكى پاسسىپ مىجەزلىك بولۇپ قېلىشىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىۋاتقان يەنە بىر ئامىلمۇ بولۇپ، بۇ ئامىلنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئىنتايىن ئۆزگىچە تەبىئى جوغراپىيەلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تارىم ئەتراپىدىكىلەر ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇ مەسىلىسىدە ئېگىز قارلىق تاغلاردىن ئېرىپ ئېقىپ كېلىدىغان قار سۈيىگىلا قاراشلىق. ئەگەر قارلىق تاغلاردىن سۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئېرىپ كەلمىسە، باشقا

ھېچقانداق يەردىن زاپاس سۇ تېپىلمايدۇ. شۇنىڭدەك مىراسخورلۇق مىجەزى بۇ خەلقنى باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشكىمۇ يول قويمايدۇ. بۇ يەردە بىغەملىك مىجەزىمىز يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: «غەم قىلمايلى، بىرەر يىل چىداپ ئۆتسەك كېلەر يىلى چوقۇم سۇ كېلىدۇ»! بۇ خىل تەبىئىي ئۆزگىچىلىك خەلقىمىزنىڭ بىغەملىك مىجەزىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. سۇ كېلىشى بەك كېچىكىپ كەتسە، باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشتىن كۆرە، شۇ يەردىن كولاپ سۇ ئىزدەشنى ئەۋزەل كۆرۈشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىڭلارچە كارىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ خىل مىجەز شەھەر ئاھالىسى ۋە ئەتىراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىمىزغىلا خاس بولۇپ قالماستىن، يايلاقلاردىكى چارۋىچىلىرىمىزدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى: بۇ يەردە يايلاق قۇرۇپ كەتسە نېرىسىغا كۆچۈپ بارايلى دېيىشىپ، تەڭرى تاغ-ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىۋەردۇق.

بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم مەسلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئۆزگىچە سىياسىي جوغراپىيەمۇ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىغەملىك مىجەزىنى كۈچەيتىپ بەردى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى كارۋان يولىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىدىن كېيىن، دۇنيادىن يىراقلىشىپ كەتكەن بۇ زېمىندا دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغىدەك تۈزۈك بىرەر داغدۇغىلىق دۇنياۋىي ئۇرۇشلار كۆرۈلمىدى. بۇ دەۋرلەردە غەرب دۇنياسىدا ئىسلام دۇنياسى كۈچەيگەن، بابۇر، ئوسمان ئىمپىرىيىلىرى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋۇسترو-ۋېنگىر قاتارىدىكى بىر مۇنچە ئىمپىرىيىلەر دۇنياغا كېلىپ ۋە ئۆزئارا تىنىمسىز ئۇرۇشلارنى قىلىشىپ، غەرپنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشكەنىدى. شۇڭا غەرب دۇنياسى تاكى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەسلىرىدىن چىقىرىشقان ئىدى. ۋەتىنىمىز بۇ دەۋرلەردە نىسپىي تېنچ ھايات ئىچىدە ياشاپ كەلگەندەك قىلسىمۇ، دەۋرنىڭ يېڭى بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز خەلقىمىز قۇرغاقچىلىق، بوران قاتارىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەردىن باش كۆتۈرەلمەي، ئىنتايىن قالاق ۋە نامراتلىق ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن جېدەل قىلىشىپلا ئۆتكەن ئىدى. بۇمۇ ۋەتىنىمىز خەلقىنى تاجاۋۇزچىلاردىن بىغەم قىلىشقا سەۋەبچى بولغان ئىدى.

ئون توققۇزىنچى ئەسىردىن باشلاپ غەرپتە چاررۇسيەنىڭ، جەنۇبتا بېرىتانىيەنىڭ، شەرقتە خىتاينىڭ كۆرۈلىشى خەلقىمىزنى ئاز-تولا ھەيران

قالدۇرغاندەك قىلىسمۇ، يەنىلا بىغەملىك ئىچىدە ئىچكى ماجىرالار بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ھەر بىر يۇرت كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان مۇھىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىۋاتقان ئىدى. گەرچە ياقۇپبەگ بۇ خىل چېچىلاڭغۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئون نەچچە يىلدىن ئارتۇق ھەپىلەشسىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك قەدەملەرنى تاشلىغان بولسىمۇ، تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالىغىدەك شارائىتنى تولۇق تەييارلىيالمىغان ئىدى. بۇ رايون، ئەينى ۋاقىتىدىكى ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ بىر-بىرىگە يىراقتا تۇرۇپ خىرىس قىلىشىدىغان نىسپى سىياسىي بوشلۇق ھالىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ خىل نىسپى سىياسىي ۋاكۇئۇملۇق ۋەزىيەتنى ئاخىرى چاررۇسىيە چىقىپ چېكىپ كۆردى. بۇنىڭدىن تۆزۈك بىر ئەكس تەسىر چىقمىغانلىقنى كۆرگەن خىتاي-مانجۇ ئىمپېرىيىسىمۇ، تېنچ ئوكيان بويلىرىدىكى ئېغىر مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن زو زۇڭتاڭنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك تەييارلىقىدىن كېيىن، زور كۆلەملىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن شەرقىي چېگرايىمىزدىن باستۇرۇپ كىردى! يىراق شەرقتە بىر-بىرسى بىلەن قانلىق جەڭلەرگە كىرىشىپ كەتكەن خىتاي-مانجۇ ئىمپېرىيىسى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى، يېڭى مەنپەئەتلىرى ۋە ئورتاق دۈشمىنى بولغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە تەھدىت سېلىش مەقسىدى بىلەن، بەدەۋلەت ھاكىمىيىتىمىزنى ئەنگلىيە گوماشتىسى دېگەن بوھتان بىلەن يوقۇتۇشقا كىرىشتى. دەرۋەقە تېز ئارىدىلا ۋەتىنىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ جەرياندا قارىماققا چەتئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ئۈستۈن رول ئوينىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە خەلقىمىز ئارىسىدا كۈچىيىپ كەتكەن بىغەملىك روھىي ھالىتى دۈشمەنگە يوچۇق ئېچىپ بەرگەن ئىدى.

زو زۇڭتاڭ، خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىنى كۆرۈپ، بۇ زېمىننى مەڭگۈ خىتاي يېرىگە قوشىۋېلىش خىيالىغا كەلگەن ئىدى. بۇ قانخور جاللات، ۋەتىنىمىزدە مىليون كىشىلىك چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمىنى خىتايچىلاشتۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ بارلىق قۇراللىق كۈچلىرىنى ۋە بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق زاتلىرى بىلەن بايلىرىنى قىرىپ تۈگىتىش، بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ-تالاش، پۈتكۈل ھاكىمىيەت ئاملىرىنى خىتايلاشتۇرۇش، ساقلىنىۋاتقان بارلىق مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى كۆيدۈرۈش

قاتارىدىكى زوراۋانلىقلار بىلەن، ۋەتىنىمىز خەلقىنى خېلى ئۇزۇن مەزگىللىگىچە باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى. خەلقىمىزمۇ نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى پەرق قىلىپ بولغىچە ئەتىراپىنى يۇزمىڭلىغان تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاپ بولغانلىقىنى كۆرگىنىدە، نېمە قىلارنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپلا قالغان ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقتتىن باشلاپ كونا ئىجتىمائىي كېسەللىكلىرىمىزگە قۇللۇق ئىللەتلىرى قوشۇلۇشقا باشلىدى. خەلقىمىزدىكى ئەنسىزلىك مىجەزى تەدرىجى ئۇستۇنلۇككە ئېرىششكە باشلىغان ئىدى. ...

خەلقىمىزنىڭ يېرىم مۇستەملىكە ھاياتى يوقۇرىقىدەك كونا- يېڭى ئىجتىمائىي مىجەز ئىللەتلىرىنىڭ بىرلىششى نەتىجىسىدە دولقۇنسىمان تەرەققى قىلىپ، بۈگۈنكى پاجىئەلىك ھالەتكە كېلىشىمىزنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ياراتقان بولدى. ئەسلىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋاقتلىرى دۇنيانىڭ ئەڭ قالايماقان دەۋرلىرىگە توغرا كېلىۋاتقان بولۇپ، شەرقتە خىتاي-مانجۇ ئىمپېرىيىسى ئىچكى-تاشقى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئەڭ ئاخىرقى مەھشەر كۈنلىرىنى ياشاۋاتقان، كەينىدىنلا كېلىدىغان تۈگىمەس ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ ئامىللىرى يېتىلىۋاتقان، غەرپتە بالقان-قىرىم ئۇرۇشلىرى، كەينىدىنلا پارتلىغان بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى مەيدانغا كېلىپ فرانسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋسترو-ۋېنگر، چارروسىيە، خىتاي-مانجۇ ۋە ئوسمانىيە قاتارىدىكى دەب- دەبىلىك ئىمپېرىيىلەر بىرلا ۋاقتتا ئاغدۇرۇلغان بىر ۋەزىيەت داۋام قىلىۋاتقان ئىدى. ئەمما ۋەتىنىمىز خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا نىسپىي سىياسىي بوشلۇق ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ، ۋەتىنىمىز خەلقى يەنىلا دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا بىغەملىكنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈنسايىن كۈچلىنىپ كېتىۋاتقان ئەنسىزچىلىك مىجەزمۇ خەلقىمىزنى بۇلغاشقا باشلىغان ئىدى.

يىگىرمىنجى ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن، خەلقىمىز گەرچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى پاراكەندىچىلىكىدىن ئىستىخىيىلىك پايدىلىنىپ ئىككى قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئاتلانغان بولسىمۇ، بىرىنجى جۇمھۇرىيەت دەۋرىمىزنى غىل-پاللا كۆرسىتىپ قويۇپ يەنە جىمىپ كەتكەن ئىدى.

ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى بىز ئۈچۈن مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشىنىڭ تېپىلماس پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى: رۇس كوممۇنىزمى يىمىرىلىش خەۋپى ئاستىدا قالغان، بېرىتانىيە جەنۇبىي ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمال، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىن ھېچقانداق مۇداخىلە تەھدىتى قالمىغان ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي دۆلىتى ياپونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان، بۇنى ئاز دەپ تۈگمەس ئىچكى ئۇرۇش يېغىلىقىغا پېتىپ قېلىۋاتقان ئىنتايىن خانىۋەيران ھالەتتە ئىدى. شۇڭا خىتايلارنىڭمۇ ۋەتىنىمىزدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئۈچۈن ياردەم قولىنى ئۇزارتىشقا ھېچقانداق ئىمكانلىرى قالمىغان ئىدى.

ئەنىسىز مەجەز باسقۇچىغا قەدەم قويىۋاتقان خەلقىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم تەۋەككۈلچى كىشىلىرىمىز غېنى باتۇر قاتارلىقلار يېتەكچىلىكىدە ئاۋۋال داۋانلىرىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئىستىخىيىلىك تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ ھەرىكەت دەرھال نەتىجىگە ئېرىشىپ، تېزلىكتە كېڭىيىپ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئايلانغان ئىدى. نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە خەلقىمىز بۇ ئازادلىق ھەرىكىتىنى تارىختا كۆرۈلمىگەن بىر تەشكىلاتچانلىق، ئىتتىپاقلىق، پىلانلىق تۈردە قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. ئازاد رايونلىرىمىزدىكى ئائىلىرىمىز سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى «دۈمبەڭدىن ئوق يىسەڭ بالام بولماي كېتىسەن» دېگەنىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۇرۇشقا يولغا سالغان تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ياراتقان ئىدى. ئىككىنجى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمۇ ئۇرۇش قايىنىمىغا پېتىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بىر قىسىم ياردەملەرگە ئېرىشكىدەك ۋەزىيەتنىمۇ يارىتالىغان ئىدى. نەتىجىدە يۈز مىڭغا يېقىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بىر يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تىرە-پىرەڭ قىلىپ، قىرىق مىڭدىنمۇ ئازايتالىغان ئىدى. ھەتتا جاڭ جېزجوڭنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە ۋەتىنىمىزدىكى قالدۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى ئاران سەككىز مىڭ ئەتراپىدىلا قالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار دەپ قارالغان كۈچلىرىمۇ بۈگۈنكى «شىخەنزە» ئورنىغا چۈشكۈن قىلىنغان نەچچە ئون مىڭ مىللىي ئارمىيىمىزگە قارشى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئىستىهكام قۇرغان بىر-ئىككى مىڭدەك تەشكىلسىز ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىنى قوغداش ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇرۇش تەجرىبىسىمۇ يوق ئىككى-ئۈچ مىڭ

يىغىندى تاجاۋۇزچىلىرىغىلا تايىنىشقا مەجبۇر قالغان بولۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز بىر شىددەتلىك ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغىلا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى جاڭ جىرجوڭ بولسا، ۋەتىنىمىزدىكى قىرىق مىڭدىنمۇ ئارتۇق كىشىنى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچى ئاھالىسىنى ساق-سالامەت دۆلىتىگە چېكىندۈرۈپ كېتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشتىن باشقا بىر ئىش ئەقلىگە كەلمەس ھالغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ دەرھال تېلېگراممىلىرى بىرىپ بىر دىۋىزىيە قۇراللىق قوشۇن كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ بالدۇر ھۇجۇم باشلىۋېلىشىنى توختۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئانىسىنى سېتىۋېتىشكىمۇ تەييار ھالەتكە كېلىپ بولغان ئىدى! ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەرقانداق شەرمەندە چارىلارنى سىناق قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى غالىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى كەلدى-دە، خىتايدا كوممۇنىست خىتايلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق سوۋېتلەر بىلەن ئىتتەك دۈشمەنلىشىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ  بالدۇر ھۇجۇم قىلىۋېلىش ۋاقتىنى ئازراق بولسىمۇ كەينىگە سۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆز مەنپەئەتىنى بىرىنجى ئورۇنغا قويىدىغان سوۋېت جاھانگىرلىگىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مۇستەملىكىلىرىنىڭ يېنىدا كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ قانداق بولۇشى نامەلۇم بولۇپ تۇرىۋاتقان ۋە كوممۇنىزمنى رەت قىلىش ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك بولۇپ كۆرۈنىۋاتقان بىر تۈركىي جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارمۇ خىتايلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىكلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشۇپ، جاڭ جىرجوڭغا ئىككىنجى جۇمھۇرىيىتىمىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئۇرۇش توختۇتۇپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۈلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا زورلايدىغانلىق ۋەدىسىنى بېرىشىدۇ. دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككىنجى جۇمھۇرىيىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ سۈلھى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇرۇش توختاتقانلىقىنى ئاشكارىلاندى!

پەقەت خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ ئۇرۇنۇشىنىڭ بۇنچە زور نەتىجىگە ئېرىشكەنلىگىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن جاڭ جىرجوڭ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي دەرھال خىتايغا قايتىپ ۋەتىنىمىز خەلقىنى قايتا قۇل قىلىش ۋە ۋەتىمىزدىكى پايانسىز تۇپراقلىرىمىزنى خىتاينىڭ ھاياتلىق ماكانى قىلىۋېلىشىنىڭ

چارىسى ئۈستىدە پىلان تۈزۈپ ھەرىكەتكە ئاتلاندى. بۇ ھەقتە «ئۈچ ئەپەندىلەر» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئون بىر ماددىلىق رەسمىي بىر سۇلھى تەلەپ قىلىش ماددىلىرىنىڭ تەپسىلى لايىھىسى خىتاي كاتىۋىشى جاڭ جىژجوڭغا سۇنۇلغاندا، يەرلىك قۇراللىق كۈچلەر ھەققىدە بىرمۇ ماددا بولمىغان بۇ سۇلھى لايىھىسىنى كۆرگەن جاڭ جىژجوڭ، ئۇنى كۆپ ئۆزگەرتمەيلا خىتاي تەرەپ سۇلھى لايىھىسى سۈپىتىدە دەرھال ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. چۈنكى بۇ لايىھەدە ئۇنىڭ بېشىنى ئەڭ بەك قاتۇرغان مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن مىللىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قىلچىلىكمۇ گەپ بولمىغان ئىدى. شۇڭا بۇ خىتاي كاتىۋىشى ئۈرۈمچى سۆ ھبىتى جەريانىدا مىللىي مۇستەقىللىق بىلەن مىللىي ئارمىيىمىز ھەققىدىكى ھەرقانداق پىكىر-تەلەپلەرگە قەتئىي يول قويماسلىق جەھەتتە ئاخىرغىچە تىركىشىپ كۆردى. بۇنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرالماي، ئاۋال «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» قۇراشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش دەيدىغان پەتىۋانى چىقىرىپ «ئون بىر بىتىم» غا قول قويدى. ھالبۇكى، بۇ جەريانغىچە ۋەتىنىمىزگە تولۇقلاپ كىرگۈزۈۋالغان خىتاي قۇراللىق تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ سانىنىمۇ ئاللىقاچان مىللىي ئارمىيىمىز بىلەن تىركىشەلىگىدەك مىقتارغا كەلتۈرىۋالغان ئىدى!

ئاتالمىش قورچاق «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» نىڭ بارلىق شەرتلىرى پۈتۈنلەي جاڭ جىژجوڭنىڭ كۈتكىنىدەك بولغان ئىدى. يەنى، بۇ قورچاق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىۋىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن ك ۆپرەگى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارغا ساداقەت كۆرسىتىدىغان خىتاي غالچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ھەتتا بۇ قورچاق بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەن بىر قىسىم كىشىلەرنى گەرچە جاڭ جىژجوڭ ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مىللىي ھۆكۈمىتىمىز رەھبەرلىرى بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى سەزگەن بۇ ھىلىگەر خىتاي، غىڭ قىلماي ماقۇل بولدى. نەتىجىدە بۇ قورچاق ھۆكۈمەت ئىچىنى تۈگىمەس زىددىيەتلەر قاينىمى ئىچىگە پاتۇرۇۋېتىپ، ئۇزۇنغا قالماي بۇ رەھبەرلىرىمىز ئارىسىدا ياراشتۇرغىسىز پارچىلىنىشلار پەيدا بولۇپ، ئاتالمىش «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» دېيىلىدىغان قورچاق ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تىزگىنى ئاستىغا كىرىپ بولدى. ...

يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قۇرۇلۇپ زورىيىۋاتقان مىللىي ئارمىيىمىز بىلەن ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ئۆزلىرىنى خەلقپەرۋەر، مىللەتسۆيەر، دىنىي ئالىم دەپ ئاتىشىۋالغان كىشىلىرىمىز ئارىسىدىكى، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ كېتەلمىگەن ئاتالمىش ئىدىيىۋى ئېقىملار تالاش-تارتىشلىرى ئىچىدە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلار يېتىشتۈرگەن ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولدى. ئۇ كۈنلەردىكى بىزنىڭ داھىيلىرىمىز ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى ئېقىملارغا مەنسۇپ بولمىغان ھەرقانداق بىر داھىينىڭ يېنىغا يېقىن يولىماستىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ياكى رۇس كوممۇنىستلىرى بىلەن يېقىن تۇرۇشنى تاللىۋېلىشتى! بۇ داھىيلىرىمىز ئۆز ئەقىدىلىرىگە بولغان ساداقىتىنى مىللىي مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈستۈن كۆرۈشتى! ئاقىۋەتتە، ۋەتىنىمىز سەيپىدىن ئەزىز ۋە بورھان شەھىدى قاتارىدىكى ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ قولى بىلەن خىتايغا سېتىۋېتىلدى. يەنى، بىغەملىك پەيدا قىلغان ئابرويپەرەستلىك بىلەن، مۇستەملىكىچىلىك پەيدا قىلغان قۇللۇق ئىدىيىسى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ كەتتى!

## مۇستەملىكىچىلەر

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ بىلەرمەنلىرىمىزدەك ئەقىدىسىنى ۋەتەن مەنپەئەتى ئۈستىگە دەسسىتىۋالغان بولماستىن، مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن يىگىرمە يىللىق قانلىق جەڭ قىلىشقان دۈشمەنلىكلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن چۆرۈپ تاشلىشىپ، مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز ئەقىدىلىرىنى قۇربان قىلىۋېتىشتى. قىرىق بەشىنچى يىلىنىڭ كۈز ئۆيلىرىدا بىر-بىرسىگە بىرەر غېرىچمۇ يېرىنى تارتقۇزۇپ قويۇشقا چىدىماي قانلىق جەڭلەرنى باشلاتقان گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن گوڭسەنداڭ خىتايلىرى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، كەڭسۇ كورىدورىدىكى ئۇرۇش ھالىتىنى پەسەيتىشىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ بىر دىۋىزىيە قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىندۈرۈلۈپ ۋەتىنىمىزگە باستۇرۇپ كىرىش قارارىنى ئېلىشقان بولسا، قىرىق توققۇزىنچى يىلى ۋەتىنىمىزگە قېچىپ كېلىۋالغان نەچچە ئون مىڭ گومىنداڭ قوشۇنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن كاكارلىرىدىكى ئۇنئىككىشىۋارنى بەششۋارغا ئالماشتۇرۇپ،

كوممۇنىست خىتايلىرىغا تەسلىم بولۇش قارارىنى ئالالىغان ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرى بىلەن شەرتسىز بىرلىشىۋالغان «گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاپ بىرىپلا چىقىپ كېتىمىز» دېگەن ئالدامچىلىقى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ قىممىتىنى تونۇش ئېھتىمالى بولىدىغان دىنىي داھىيلار، يېڭى زىيالىيلار، دېموگراتىك پىكىر ئېقىمىدىكىلەر، مۇستەقىللىقنى ھىمايە قىلغۇچى ۋە كوممۇنىزمنى خالىمايدىغان كىشىلىرىمىزنى «گومىنداڭ قالدۇقلىرى» دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ قىرىپ تاشلاشتى. كەينىدىنلا مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئوفىتسىر-جەڭچىلىرىنى خىزمەت گۇرۇپپىسى نامىدا مىللىي قوشۇنىمىزدىن ئايرىۋېلىپ ھەرقايسى جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىمىزنى يېتەكچىسىز ۋە ئازاد رايوندىن مەھرۇم ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تىرىشتى. بۇلاردىن ئېشىپ قالغان بىر قانچە مىللىي پولكىلىرىمىزنىمۇ ۋىجدانى، غۇرۇرى بولمىغان ياغاچ قاپاق كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ھېلى ئالتاي، ھېلى قۇمۇل، ھېلى خوتەنلەرگە يورغۇلىتىپ، ئازاد رايون ئاساسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشتى. خەلقىمىزنىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى، خىتاي تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى ئىچىگە تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئەڭ قەدىرلىك قوغدىغۇچىلىرى دەپ تونۇيدىغان مىللىي پولكىلىرىمىزنىڭ نەدە تۇرۇپ-نەدە قوپىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەس ھالغا كەلتۈرىۋالدى. ئاتالمىش «ھىندىستان چېگرا ئۇرۇشى» باھانىسىدا پولك-قىسملىرىمىزنى يىغىپ يېڭى بىر قىسىم قىلىپ تىبەت ئېگىزلىگىدىكى قۇرۇق تاغلار ئارىسىغا چېچىۋېتىپ تەبئىي قىرىلىپ تۈگىشىنى كۈتكەن ئىدى. ئۇ يەرلەردىنمۇ ساق قالغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ شەھەر-بازارلارغا دەم ئالدۇرۇش باھانىسىدا تارقىتىۋېتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالغا كەلتۈرۈشۈپ، ئاخىرى جىممىتلا تارقىتىۋېتىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر مىللىي پولكىمىز بولغان يەتتى مىڭ توققۇز يۈز توقسەن بەشىنچى مىللىي پولكىمىزنىمۇ لوڭ شۇجىنىنىڭ زورلىشى، لىن بياۋنىڭ تەستىقلىشى ۋە سەيپىدىنىنىڭ بىۋاستە ئېلان قىلىشى بىلەن يۇكاڭدا خىتاي قۇراللىق قىسىملىرىنى ئايرىپ قورشاپ تۇرۇپ تارقىتىۋېتىشتى!

بۇ جەرياندا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرستىپ يۈرگەن خىتاي كوممۇنىستلىرى جاڭ جىرجوڭنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنىڭ توغراقلىقلىرىغا، غوجا نىياز ھاجىم قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇپ بولغان ۋە ئىككىنجى

جۇمھۇرىيىتىمىز مىللىي ئارمىيىسىدىن ئېغىر زەربە يېگەن كونا ئۇرۇش مەيدانلىرىغا، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىگە، مۇھىم مىللىي ئاھالە رايونلىرىمىز ئەتراپى ۋە كونا ئازاد رايونلىرىمىزغا ھېساپسىز مۇنتىزىم خىتاي تاجاۋۇزچى قۇراللىق قوشۇنلىرىنى مۆكتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ قوزغىلاڭ قىلىش ئېھتىماللىنى باستۇرۇشقا تەييار قىلىندى. بۇ قوشۇنلىرىنى مىللىي رايونلاردىن مەخپى تۇتۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆز يېرىدە ھەل قىلىش مەقسىتىدە ھە-دەپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن كەڭ شوغۇللاندى. خىتايدىن ياردەم كەلتۈرگىدەك ھالغا كېلىۋالغان ۋە مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ تەھدىت قىلىشىدىن قۇتۇلغان بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى زور مەملەغ بىلەن تەمىنلەپ، ۋەتىنىمىز مىللىي ئىگىلىگىنى سۇندۇرىدىغان مەخسۇس خىتايلاشتۇرۇلغان يېڭى سانائەت شەھەرلىرىگە ئايلاندۇرۇشقا مەخپى تۇتۇش قىلىشتى. ئۇ يەرلەر ئۈچۈن يېتىشمىگەن ئەمگەك كۈچىنى مەخسۇس خىتاي كۆچمەنلىرى يۆتكەش بىلەن تولدۇرۇپ، نەچچە مىليون كىشىلىك يېرىم مۇنتىزىم-يېرىم ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى نۇرغۇنلىغان «بىڭتۇەن» شەھەر-پولك مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىۋېلىشتى. بۇ تۈردىكى سۇنئى خىتايلاشتۇرۇلغان مەخپى ھەربى شەھەرلىرى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىگىنى تولۇق ۋەيران قىلىش مەقسىدىگە يەتكىنىدىن كېيىن، ھەرخىل باھانىلار بىلەن مىللىي شەھەرلىرىمىزنى ئىگەللەشكە كىرىشتى. ... بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي مىللىي شەھەرلىرىمىزدىكى بارلىق سانائەت ۋە سودا يەرلىرىنىڭ ھەممىسى دەسلىۋىدە بىڭتۇەن ئالاقىلىشىش پونكىتى، مېھمان كۈتۈش، ئۆتەڭ-گەرەجلەر نامىدا شەھەرلىرىمىزگە سىڭىپ كىرىۋاتقان ھەربى ياكى بىڭتۇەن نوقتىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەنە شۇ خىل مۇتلەق قۇراللىق كۈچلىرى ۋاستىسى بىلەن ۋەتىنىمىزنى خىتايلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەن ئىدى. مانا بۈگۈن بۇنداق مەخپى نوپۇس كۆپەيتىشكە ھاجىتى قالمىغاچقا، ھەرقانداق بىر يېڭى سانائەت، كان، فېرما، مەيدان، سودا، ھەربىي سانائەت، قاتناش ئەسلەھەلىرى قۇرۇلۇشى باھانىسىدا خىتايدىن ئوچۇق-ئاشكارە كۆچمەن كەلتۈرۈشمەكتە. دەسلىۋىدە ئەپكەش كۆتۈرۈپ يولغا چىققان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مانا بۈگۈن تۆمۈر يول قاتنىشى ۋاستىسى بىلەن يىلىغا مىليون كىشىلىك سۇنئى كۆپىيىش شارائىتىگە ئېرىشىۋالدى. ئەمما خەلقىمىز «شىخەنزە»،

«كۈيتۈك»، «ئۈششاقتال ھەربىي سانائەت-ئاتوم يادرو سىناق رايونى»، «داخىيەن قاتناش تۈگۈنى»، «ئۈجاچۈي ھەربىي شەھىرى»، ... دېگەندەكلەرنى، ئۈندىن باشقا بارلىق بىڭتۈەن-دىۋىزىيە رايونلىرىنىڭ قانداق مەخسەتتە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن سۈنئىي خىتايلاشتۇرۇلغان يەرلەر ئىكەنلىكىنى بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ قويۇشمىدى! بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى قانلىق باستۇرۇشنىڭ پىلانلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلىرى ئىدى. ۋەتىنىمىز بۈگۈن ئەنە شۇ تۈردىكى خىتاي كۆچمەن كۈچلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەكتە. شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر كەلگۈسىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز ھەل قىلغۇچ غالىبىيەت باسقۇچىغا كىرگەن دەۋردە، ئەنە شۇ سۈنئىي خىتايلاشتۇرۇلغان شەھەر-بىڭتۈەن يەرلىرى بىزگە ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلىتىدىغان نوقتىلار بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمان قىلىشمىسا كېرەك؟!

مۇنداق قاراشتا كىشىنى قايىل قىلىش ۋە ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە «ئۇيغۇر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش رايونى – ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قانۇنلىرىنىڭ تۈزىلىشى، يوقۇرىقىدەك ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا پۈتۈنلەي قالقان بولۇپ بەرگەن ئىدى. بۈگۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ خەلقىمىزدىن قورقۇپ ئۇنداق قالقان تۇتىشىغا زادىلا ھاجىتى قالمىدى. شۇڭا بۇ قانۇنلاردىكى «ئۇيغۇر» ئىسمىنىڭ ئورنىغا خىتاينى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىدىغان «شىنجاڭ» نى دەسسىتىشنى ۋە شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئاخماقلارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ پەدازلىنىپ پارچىلانغان «ئاپتونومىيە قانۇن» لىرىنى تۈزىشىپ خەلقىمىزگە سۇنماقتا. «ئاقماق ئۇيغۇرلار بۇ قانۇنلارنى ئىجرا قىلدۇرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ تۇرسۇن» دېيىشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزگە قوش رېلىسلىق تۆمۈريول ياتقۇزۇشۇپ تاجاۋۇزچى كۆچمەن ئاھالىسىنى يۈز مىليونغا يەتكۈزۈش، نېفىت-گاز تۇربا يولى ياساپ توشۇلىدىغان نېفىت-گازىمىزنى يۈز مىليون توننىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن جىددى تۇتۇش قىلماقتا!

## تېنچلىق كېسىلىمىز

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى خەلقىمىزنى تېنچ پائالىيەتلەر بىلەن مەلىكە قىلىپ

تۇتۇپ تۇرىدىغان «ئۇيغۇر ئاپتونومىيە» قالقىنى بىلەن ئۆز مەقسىدىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يەنە «ئاپتونومىيە» تەلەپ قىلىشنى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ داۋراڭ قىلىشماقتا! «ئاپتونومىيە» نى سىز مەقسەت قىلغىنىڭىز بىلەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئىگەللىۋېلىش، خەلقىمىزنى تېخىمۇ تېز يوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاستىسى قىلىپ كەلمەكتە! شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز ھەرقانداق بىر «ئاپتونومىيە، ئالى ئاپتونومىيە، خىتاينىڭ فېدىراتسىيىسى» دېگەندەك تەلەپلەرنىڭ ھەممىسلا بۇگۈنكىدىن قىلچە پەرقى بولمايدىغان، ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ۋاستىلىق چەكلەپ ۋە تۇيۇق يولغا باشلاپ كېتىدىغان ئامىللار ئىكەنلىكىنى قەتئىي تونۇپ يېتىشىمىز شەرت!

كىم بىلىدۇ، بۇ خىل تەلەپلەرنى شۇئار ھالىتىگە كەلتۈرىۋالغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ئېھتىمال بۈگۈنكى ئاپتونومىيە قورچاق ھۆكۈمىتى ئۈستىدىكى خائىنلارنىڭ ئورنىغا يېڭى قورچاق ئەمەلدار بولىۋېلىشنى كوڭلىگە پۈككەنمۇ تېخى! بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە مەقسەتكە يېتەلىشى مۇمكىن؟ دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق ياڭ زىڭشىن، جىڭ شۇرىن، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەر ۋەتىنىمىز شەكىلدە بولسىمۇ «فىدىراتسىيە» گە ئېرىشكەن ھېساپلانامدۇ؟ ئۇ دەۋرلەردە ۋەتىنىمىزدىكى فىدىراتسىيە تۈزۈمى شەكىل جەھەتتىن ئاساسەن قۇرۇلۇپ بولغان ئىدى. خەلقىمىز بۇ خىل فىدىراتسىيەلەردىن نېمە مەنپەئەت ئالالىدى؟ ئۇ چاغلاردا ۋەتىنىمىز خەلقى تېخىمۇ ۋەھشى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مىللىتارىس تېررورى ئاستىدا ئېزىلمىگەنمىدى؟ بۇ مىللىتارىسلار قولىدىن كەلسە، كۈچى يەتكىنىدە بىۋاستە قىرغىنچىلىق قىلدى، كۈچى يەتمىسە چەتئەل كۈچلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ بولسىمۇ خەلقىمىزنى قىرغۇزغان ئەمەسمىدى؟ ۋەتىنىمىز ئىچىدە خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بىلەنلا قالماي، خەلقىمىز ئارىسىغا قىمار، ئىچىملىك، زەھەرلىك چېكىملىك، فاھىشىچىلىك ئىللەتلىرىنى كەڭ تارقىتىپ خەلقىمىزنى بوزەك قىلىش ۋە جاسارىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىمىز، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىمىز، تۆمۈر خەلپىمىز، غوجا نىياز ھاجىمىز، ساۋۇت داموللىمىز، لۇتپۇللا مۇتەللىپىمىز، ... ئەنە شۇ دەۋرلەردە ئەڭ ۋەھشى يوللار

بىلەن ئۆلتۈرۈلمىدىمۇ؟! ئەللىك مىڭغا يەتمىگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بار ۋاقتىدا ئېرىشەلىگەن فىدىراتسىيە ھوقۇقىمىز ئەنە شۇنچىلىك بولغانىكەن، بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئالىدىغان فىدىراتسىيە ھوقۇقىمىز نېمە بولماقچى!

«بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ياخشى ئىدى، ئەمما تۆۋەندىكى خىتاي چىرىك ئەمەلدارلىرى ئىشىمىزنى بۇزماقتا!» ـ بۇ، نەقەدەر كۈلكىلىك ۋە ئاخماقانىلىق قاراش! ياڭ زېڭشىننى، جىڭ شۇرېننى، شېڭ شىسەينى، ۋۇ جوڭشىننى، جاڭ جىزجوڭنى، ۋاڭ جېننى، ۋاڭ ئېنماۋنى، لوڭ شۇجېننى، ياڭ يوڭنى، ۋاڭ فېڭنى، ... ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق خىتاي تاجاۋۇزچى، جاللات «گوبېرناتور» لىرىنى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىختىيارى تالللىۋالغانمىدۇق؟ ئۇلارنى، ئۇلار يۈرگۈزىپ كەلگەن فاشىستىك مۇستەملىكىچى-قۇل قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ «پوزىتسىيىسى ياخشى خىتاي مەركەزى» پىلانلاپ بەرمىدىمۇ؟ «ئاپتونومىيە» ھوقۇقىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز تەرەپلىرى كۆرۈلگەن ھامان، ئەنە شۇ خىتاي مەركەزى بۇ تۈردىكى ئاپتونومىيە سىياسەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سۇنئى جىددىيچىلىك ۋەزىيىتىنى ئۇيدۇرۇپ چىقىپ، نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا، زومىگەرلەرگە، گومىنداڭ قالدۇقلىرىغا، ئوڭچىلارغا، يەرلىك مىللەتچىلەرگە، ئۈچ قىزىل بايراققا قارشى چىققانلارغار قارشى ھەرىكەت، تونى ئېنىقلاش، سوتسىيالىزمغا كۆندۈرۈش ھەرىكىتى، مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىش ھەرىكىتى، كۈرەش قىلىش، تەنقىدلەش ۋە ئۆزگەرتىش قىرغىنچىلىقى، ليۇ شياۋچىنى، لىن بياۋنى، دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىدلەش، ھەتتا ئاتام بىلمىگەن كوڭزى-مىڭزى گوماشتىلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتى قاتارىدىكى فاشىستىك ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى چىقارغان مىللىي ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنى ۋاقتىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كەلمىدىمۇ؟ بۇندىن كېيىن يەنە بۇنداق فاشىستىك ئويۇنلارنىڭ ئوينالمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟!

بۇ خىل رەزىل تاجاۋۇزچىلار سىياسەت-قانۇنلىرىغا ئىشەنگەن داڭلىق ئەرباپلىرىمىز پۈتۈنلەي قۇللۇق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ پىكىر قىلىشىۋاتقان كىشىلىرىمىزگە مەنسۇپتۇر! دۇشمەن ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگەرگەن بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ بۇ خىل داڭلىق ئەرباپلىرىمىز يەنىلا شۇ كونا مۇقاملىرىنى ئاز- تولا

پەردازلاپ بازارغا سېلىپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىشمەكتە! بۈگۈنكى دۇنيا بىزدىن تېنچ يېتىپ بېرىشىمىزنى، جېدەل چىقىرىپ ئۇلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلماقتا! يەنى، دۇنيا جامائىتى بىزنى بىلمەيدۇ ئەمەس، ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار بۈگۈن يەتتە قات ئاسماندا تۇرۇپ يەر يۈزىدىكى قايسى بىر يەردە تۇرغان بىرەر ئادەمنىڭ ساقىلىنى چۈشەرگەن-چۈشەرمىگەنلىكىگىچە بىلەلەيمىشكەنۇ، بىزنىڭ تارتىۋاتقان ناھەق ئازاۋىمىزنى بىلەلمەي قالارمۇ؟ ياق، ئۇلارغا ئۇنچىلىك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىشىنىپمۇ كەتمەيلى، ئۇلار ھەممىنى بىلىدۇ، ئەكسىنچە قىزىقمايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز قېنى ئامېرىكا تەۋەسىگە قارشى بىرەر ئېغىز گەپ بولسىمۇ قىلىپ داۋراڭ قىلىپ بېقىڭ ياكى شۇنداقلار تەرەپتە تۇرۇپ بېقىڭچۇ. سىزنى قانداق بىلىۋېتىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كارىسىز! (ئامېرىكىنىڭ كۇبا ئاراللىرى يېنىدىكى تۈرمىسىدە قامىلىپ ياتقان ئۇيغۇرلار بۇنىڭ بۇ ماقالە يېزىلىپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى تىپىك پاكىتى!
ـ قايتا تۈزەتكۈچىدىن)

قىسقىسى، بۈگۈنكى دۇنيا بىزدىن زۇلۇمغا ھېجىيىپ تۇرۇپ بەرداشلىق بېرىپ ئۆلۈمگە رازى بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىشماقتا. بۈگۈنكى دۇنيا جامائەتى شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە قايسى بىر ھايۋان، قايسى بىر ھاشارەت ۋە ياكى قايسى بىر گىيانىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئەنسىرىشىپ، مىلياردلىغان دوللار خەجلىشىپ قوغداشقا ئاتلانماقتا. بىرەر جانىۋار دوستىمىز ئۇچۇراپ قالارمۇ دېگەن تامالار بىلەن مىلياردلىغان دوللار خەجلەپ كائىناتنى ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە. ئەمما تاپىنىنىڭ ئاستىدا ئېڭىراۋاتقان بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قاراپ قويىدىمۇ؟ بىزنىڭ نەچچە ئون مىليونلىغان خەلقىمىز بىر تال گىياچىلىك، بىر تال قۇرت-قوڭغۇزچىلىك كۆرۈندىمۇ؟ تېنچلىق، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، مۇھىت ئاسراش دېگەندەك جاراڭلىق شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرگەن دۇنيا جامائىتى بىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدا گۆر ئازاۋىنى تارتىۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ قويىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقچى بولغىنىدا، جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرى ئىرقچىلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلغىنىدا، پەلەستىن خەلقى ۋەتىنىنى تەلەپ قىلغىنىدا، تىبەتلىكلەر مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىپ ھەرىكەت باشلاشقا تەييارلىنىش

ئالدىدا ئەنە شۇ دۇنيا جامائىتى بۇ خەلقلەرنىڭ ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان داھىيلىرىغا «خەلقنىڭ زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىپ جىم يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتۈشكە مەجبورلاشتا ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپەڭ ئۈچۈن» دەپ نوبېل تېنچلىق مۇكۆپاتىنى بويىنغا ئېسىپ ئاغزىنى تۇۋاقلاشقا ئۇرۇنۇشقان ئىدى. بەكرەك ھەددىدىن ئاشقىنىمىزدا بۇنداق ئۇسۇلنى بىزگە قوللىنىشتىنمۇ باش تارتمىسا كېرەك؟

بۇگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسىملىرى كوممۇنىزم قورشاۋىدىن قۇتۇلدى. نۇرغۇن تارىخى قېرىنداش ۋە قوشنىلىرىمىز مىللىي دۆلىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشتى. بۇنىڭدىن روھلانغان بىر قىسىم ئۇلۇغ ئەربابلىرىمىز دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ، «پات يېقىندا خىتايدىمۇ كوممۇنىزم ھالاك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان ئاق كۆڭۈل دېموكراتىك خىتايلار بىزگىمۇ مۇستەقىللىغىمىزنى سوغا قىلىۋېتىدۇ» دېيىشىپ، ئاتالمىش دېموكراتچى خىتايلارغا دادىسىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ خەلقىمىزنى جىم يېتىپ بېرىشكە زورلىماقتا! «بۇگۈنكى خىتايلار دۇنيانى قورقۇتالىغىدەك قۇرال ۋە ئىقتىسادى كۈچكە ئېرىشتۇالدى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار پەقەت تېنچلىق يولى بىلەنلا مىللىي ئەركىنلىگىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن، ...» !!! بۇ خىل قاراشتىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇستازلىرى بۇندىن يېرىم ئەسىر ئاۋالمۇ شۇ سەپسەتىسى بىلەن خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ، قىرىق مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرى بىلەن سۈلھى قىلىشنى بار كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىغا كېلىۋېلىشىغا بىردىن-بىر سەۋەبچى بولغان ئىدى. قىرىق مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي كۆچمەن تاجاۋۇزچىلىرى بىزگە تېنچلىق يولىدا مۇستەقىللىقىمىزغا يول قويۇشمىغان ئىكەن، بۈگۈنكى ئون مىليونغا يېتىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قولىدا مىليون كىشىلىك زامانىۋى قۇراللىق قوشۇنى، مىڭلارچە تانكا-زەمبىرەكلىرى ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، ھەتتا ئاتوم بومبىلىرى بار تۇرۇغلۇق، ۋەتىنىمىزدىكى تۈگىمەس نېفىت بايلىغىمىزنى، ھەرخىل كام تېپىلىدىغان كان بايلىقلىرىمىزنى، بىپايان تۇپراقلىرىمىزنى، ياۋروپا-ئوتتۇرا شەرققە چىقىش قۇرۇغلۇق يولىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا تېنچ يوللار بىلەن مۇستەقىللىغىمىزنى سوغات قىلىشنى قىياس قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئەللىك يىل

بۇرۇنقى خىتايلار دېموكراتچى ئەمەسمىدى؟ بۈگۈنكى دېموكراتچى خىتايلار ۋەتىنىمىزگە مىقتەك قادىلىۋالغان ئون مىليوندەك تاجاۋۇزچى يۇرتلۇقلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە تېنچ ۋە شەرتسىز قايتۇرۇپ كېتىشكە رازى بولارمۇ؟ خىتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ داھىيلىرىدىن يەن جياچى قاتارىدىكىلەر بۇنى ھېلىتىنلا كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ كەلمەكتە: «دۇنيانىڭ ھەر بىر پارچە يېرى دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئورتاق مۈلۈكى!» ــ مانا بۇ، بۈگۈنكى ئەڭ «ئاق نىيەتلىك» خىتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ، ئىنسانپەرۋەرلىرىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇق تەرەپتارلىرىنىڭ بىردىن-بىر كۆز قارىشى. (ھەرھالدا بۇ خىتايلار دۆلىتىدە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالالىغىدەك بولغىنىدا ۋەتىنىمىز پۇقرالىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئېلىگە بېرىپ قالغانلىرىدا، بۈگۈنكىدەك ئاددى بىرەر ياتاقنىمۇ بەرمەي قوغلاپ چىقىرىشلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ ئىشىنىدىغانلىرىمىزدىن ئانچە كۆپ كىشى بولمىسا كېرەك؟!) يەنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۇپرىقىنى خىتايلارغىمۇ ئورتاق مۈلۈك دېمەكچى بولىشىدۇ! ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرىۋېتىپ، بۇ تۇپراقلار تارىختىن بۇيان بىز گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان خىتاي تۇپراقلىرى، بۇ زېمىنگە ئۇيغۇرلار بەكلا كېيىن كىرىپ قالغان دېگەن سەپسەتىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشىپ يۈرمەمدۇ! بۇنداق بىر دېموكراتچى خىتايلار بىلەن خىتاي كوممۇنىست فاشىستلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرەر پەرق بارمۇدۇ؟!

## ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى زو زۇڭتاڭدىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە ۋەتىنىمىزنى ھەرخىل باھانىلار بىلەن، ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن بېسىپ ياتماقتا. ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى كۈنسايىن يېڭىلىنىپ بارغانسېرى ۋەھشى تۈسلەرگە كىرمەكتە! خەلقىمىز بۇ جەريانلاردا نۇرغۇن قېتىم ئاشكارا قوراللىق قوزغىلاڭلارنى قوزغاپ، دۈشمەنگە قارشى سەپلەرنى تۈزگەن، نۇرغۇن قېتىم سىياسىي نامايىش، يىغىلىش، شىكايەتلەرنى قىلىپ كۆرگەن، نۇرغۇن قېتىم سۈلھىلەرگە ئولتۇرۇپ باققان. بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلىرىمىزگە قايتىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈچى ئۈستۈن ۋاقىتلىرىدا خەلقىمىز ئۈستىدە قىلچە ئىككىلەنمەي ئاشكارا قىرغىنچىلىق قىلغانلىقىنى، ئاجىزلىشىپ قالغانلىرىدا

ئۆزلىرىگە ئەڭ ئەشەددى دۈشمەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر رۇسلار بىلەن، گومىنداڭ-گوڭسەنداڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنى يۇتىۋېلىشتا قىلچە ئىككىلەنمەي، بارلىق ئىدېيولوگىيىلىك زىددىيەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرمەكتىمىز. قەتئىي ئىمكانى قالمىغىنىدا سۈلھى باھانىسىدا ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ قايتا كۈچلىنىپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. پۇرسەت تاپالىسا ئاشكارا باستۇرۇش، پۇرسەت تاپالمىسا سۈلھى ئويۇنى بىلەن قايتا كۈچلىنىپ پۇرسەت يارىتىش، تۆھمەتلەرنى ئۇيدۇرۇپ باستۇرۇشقا باھانە چىقىرىش، جىددى ۋەزىيەتنى ھىجىيىپ-يالۋۇرۇپ، يالغان ۋەدىلەر قىلىپ پەسەيتىۋالغىنىدىن كېيىن، ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئۇنتۇلدۇرۇش، ئاندىن قولغا ئېلىش، نازارەت قىلىش، سۈرگۈن قىلىش يوللىرىنى تۇتۇپ كەلمەكتە. قىسقىسى ۋەتىنىمىزنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىل ياكى ۋەھشى چارىلاردىن پايدىلىنىشتا قىلچە ئىككىلىنىپ باققان ئەمەس!

بۇلاردىن قارىغاندا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىرىنچى قەدەمدە ۋەتىنىمىز خەلقىنى مىللىي سىياسىي ھاكىمىيىتىدىن ۋە مۇنتىزىم قۇراللىق قوشۇنىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرىدىن پايدىلاندى. ئاندىن بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلىرىمىزنى ھەر خىل سىياسىي تۆھمەت ۋە ئىچكى زىددىيەت يوللىرىدىن پايدىلىنىپ يوقاتتى. ئارقىدىنلا مۇستەملىكە ھاياتقا رازى بولمىغان كىشىلىرىمىزنى ھەرخىل رەزىل چارىلار بىلەن خەلقىمىزدىن ئايرىپ يوقاتتى. بۇندىن باشقا مىللىي دۆلىتىمىزنى پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق تارىخىي ئىزلارنى، ماتېرىياللىرىمىزنى يوق قىلىپ، بارلىق مەدەنىي، مىللىي، دىنىي ئادەت ۋە ئەقىدىلىرىمىزگە زەربە بەردى. بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىپلوماتىك، مەدەنىي، تارىخىي، زامانىۋى بىلىملەر، سانائەت، شەھەر ھاياتى قاتارلىقلاردىن خەلقىمىزنى قەتئىي ئۈچۈراتماسلىقنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالدى! بۇ جەرياندا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىر زىددىيەت يارىتىپ بىر-بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ مىللىي، ۋەتەن تەغدىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر ھەققىدە قايتا ئۇيغۇنۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن بارلىق چارىلار بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىر ۋەھىمە مەنزىرىسى يارىتىپ، خەلقىمىزنى مىللىي ئەركىنلىك پىكىرلىرىدىن مەھرۇم ھالغا كەلتۈرىۋېتىشتى. ھەتتا ئارىلاپ يالغان تەشكىلاتلارنى قۇراشتۇرۇش ياكى ئۇيدۇرۇپ چىقىرىش، ئەھمىيەتسىز

پائالىيەتلەرنى تەشكىلات پائالىيىتى قىلىپ كۆرسىتىش ۋاستىلىرى بىلەن مۇددەت بويىچە خەلقىمىزنىڭ ئۇيغانغان تەبىقىلىرىنى يوقىتىپ كەلدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ تەشكىللىنىشىنى، قۇراللىنىش ئىمكانلىرىنى تولۇق يوقۇتىۋالدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى ئاشكارا قۇراللىق قارشىلىق، ئاشكارا نامايىش، ئاشكارا يىغىلىش، ئاشكارا شىكايەت، ئاشكارا ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرى قاتارىدىكى ھەرىكەتلەرگە مۇتلەق ئىمكانىيەت قالمىدى. بۇنى يېقىنقى بىر قانچە يىللىق ھەرىكەتلىرىمىز تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ھەقتە شۇنداق كېسىپ ئېيتالايمىزكى، بىز بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ھەرىكەت تەجرىبىسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى دۈشمەن ۋەزىيىتىگە بۇ خىل ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ قەتئىي ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىدىن مەغلۇپ بولماقتىمىز.

خەلقىمىز ئاشكارە قوزغۇلۇپ قۇراللىق ھەرىكەت باشلىغىنىدا ۋەتىنىمىزدىكى يۇرتلىرىمىز ئارىسىنىڭ بەك يىراقلىقى، سۇسىز چۆللىرىمىز، قۇرغاق تاغلىرىمىز، خەلقىمىز ئىچىدىكى سۇنئىي ئەنسىزچىلىك قاتارلىقلار تېزلىكتە يۆتكىلىش، قېچىپ يوشۇرۇنۇش، ئۆزئارا ياردەمگە كېلىش ئىمكانىيەتلىرىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. بۇ خىل تەبىئى ۋە سۇنئى توسالغۇلاردىن بۈگۈنكى ئەھۋالىمىزدا بۆسۈپ ئۆتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەتراپىمىزدىكى قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بىز بىلەن دىنىي، ئىرقىي ياكى تارىخىي باغلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاجىز ياكى يېڭىدىن مۇستەقىللىغىنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەر بولغاچقا، ھەتتا خىتاي بىلەن تېنچ ھەربىي، دېپلوماتىيە، سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقلىرىغا بەكلا مۇھتاج ھالدا تۇرماقتا. شۇ سەۋەپتىن بۇ قوشنىلىرىمىزنىڭ بىزگە ھەرقانداق شەكىلدىكى ياردەم قولىنى ئۇزارتىشلىرىدىن ئۈمىد قىلالمايمىز. ئۇلار ھازىرچە بىتەرەپ تۇرۇپ بېرەلىسىلا بىزگە ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغىنى بولىدۇ.

بىزگە ئەڭ زور خەۋىپ ۋە توسالغۇ شۇكى، ۋەتىنىمىزگە جايلىشىپ ئالغان مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم، زامانىۋىلاشقان قۇراللىق خىتاي تاجاۋۇزچىلار قوشۇنى بىلەن، يېرىم مۇنتىزىم بىگتۇەن قۇراللىق تاجاۋۇزچىلار، مەھەللە ساقچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىمىزنى، بارلىق چېگرا بويلىرىمىزنى مۇتلەق مەخپىي ھالدا، خالىغان يەرلىرىمىزگە ئۆيىروپىلان، ئاپتوموبىل،

پويىزلار بىلەن دەرھال يېتىپ بارالايدىغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ قوراللىرىغا، ئۆيىروپىلان، توپ-زەمبىرەك، تانكا-بىرونېۋىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھەرقانداق بىر ئاشكارە ئىمكانىيىتى يوق ھالدا تۇرماقتا. ياكى بولمىسا تۇراقسىز بولسىمۇ ئاشكارا پارتىزانلىق قوشۇن تەشكىللەپ بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يارىتىۋالغان سۇنئى ياكى تەبىئى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتەلىشىمىز، بىرەر بازا تىكلەپ ئۇزۇن مۇددەتلىك قوراللىق قارشىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن چارە قوللىنىپ مۇۋاپىق شارائىت يارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## خاتا ھەرىكەتلىرىمىز

بىز بۈگۈنگىچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچ ئەھۋالى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۆزدە تۇتمىغان بىر قاتار خاتا ھەرىكەتلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز دەپ پەش قىلىپ كەلدۇق. بىز بۇندىن كېيىن ئەمەلىي ۋەزىيىتىمىزنى تولۇق تونۇشىمىز ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ئاساسىغا توغرا ۋە ئەمەلىي رولى بولىدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ پائالىيەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىز ئاۋال يېزا قىشلاقلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ بارلىق شەھەرلىرىمىزنىڭ ئەتراپى ۋە ئاھالىمىز زىچ يېزىلىرىمىزنىڭ ئەتراپلىرى، بارلىق مۇھىم نوقتىلىرىمىز تولۇق قوراللانغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە يېرىم ھەربى بىڭتۈەنلەر بىلەن قورشالغان ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. شۇ سەۋەپتىن بۈگۈنكى ۋەزىيەت ئاستىدا تۆمۈر خەلپىمىز، غوجا نىياز ھاجىمىز، غېنى باتۇرىمىز پايدىلانغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم، تويۇقسىز قوزغىلىپ قورشاۋغا ئېلىش شەكىللىرى بىلەن شەھەرلىرىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قولىدىن تارتىپ ئېلىش ئىمكانلىرىمىز تۈگىدى. بىپايان يېزىلىرىمىزدىمۇ مەخپى قوراللىنىش پۇرسەتلىرىمىز يوق دىيەرلىك، ھەمدە يېزىلىرىمىزنى ئاساس قىلىدىغان قوراللىق ئازاد رايون ھەرىكەتلىرىنى يارىتىشقا ئۇرۇنۇشىمىز دۈشمەننىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قورشاپ يوقۇتۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىمىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن قوراللىق كۈچلىرىنىڭ يېزىلىرىمىزغا ئاسانلىقچە يېقىن يولىيالمايدىغان

ۋەزىيەت يارىتىشىمىزنى ئالدىنقى شەرت قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلىرىمىزدا زامانىۋى قۇراللانغان دۈشمەنگە ئىزچىل زەربە بېرەلەيدىغان قۇرال-ياراق، ئوق-دورا، جىددى تۇرمۇش بويۇملىرى، ئەقەللىي قاتناش ۋاستىلىرى، كام بولسا بولمايدىغان داۋالاش بويۇملىرى قاتارىدىكى ئەقەللىي شارائىتلارنى تەييارلاش ئىمكانىيەتلىرىمۇ يوق. بۇنداق ئەھۋالدا سەلدەك باستۇرۇپ كېلىدىغان دۈشمەنگە ئىزچىل زەربە بېرىش ياكى چېكىنىشكە ئىمكانىمىز يوق. ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر بۇ ئاچچىق پاكىتلارنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىقى لازىم.

شەھەرلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، يېڭىدىن شەكىللەنگەن تولۇق خىتايلاشتۇرۇلغان بىڭتۈەن-ھەربىي شەھەرلەردە ھەرقانداق بىر پائالىيىتىمىز ئۈچۈن زادىلا شارائىتىمىز يوق. بۇنداق يەرلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن بەلكىم ئۇ يەرلەردىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈم سىرتقا چىقىرىش چارىسىنى تېپىپ زەربە بېرىش شارائىتىنى يارىتىشقا مەجبورمىز. شۇڭا يەنىلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن نىسپىي ئارىلىشىپ تۇرىۋاتقان شەھەرلىرىمىزگە دىققىتىمىزنى تارتىشقا مەجبۇر بولماقتىمىز. بۇنداق شەھەرلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئۇ يەرلىرىمىزدىكى بارلىق دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ياكى كوپىراتىپ خاراكتىرىدىكى بارلىق ئىدارە-ئورگانلار، نازارەتلەر، شىركەتلەر، زاۋۇتلار، كان-كارخانىلار، فىرما-مەيدانلار، مۇلازىمەت-سودا يەرلىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەتقىقات، دەم ئېلىش-كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرىنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن بولۇپ، بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتىنىمىزگە قۇراللىق ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن ھەربىلەردىن كەسىپ ئالماشتۇرغان زاپاس ئەسكەرلەردىن تەركىپ تاپماقتا. يەنى شەھەرلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇرالسىز زاپاس خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىگەللىنىۋېلىنغان. بۇلار يەنە داۋاملىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرۈپ تۇرىدىغان مىنبىڭلار قوشۇنىنىڭ ياكى يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقىنى بىۋاستە باستۇرغۇچى زومىگەرلەر قوشۇنى، رازىۋېتچىكلار گۇرۇپپىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىمۇ تەشكىل قىلماقتا. بۇنداق بىر مۇھىتتا شەھەر ئىچىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تويۇقسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇشتۇمتۇت ئاشكارا زەربە بېرىش شەكلى بىلەن قارشى چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك بۇنداق دۈشمەنلىك ئېڭىغا ئىگە زاپاس

دۆشمەن ئەسكەرلىرىگە قارشى شىكايەت، نامايىش، ئاچلىق ئېلان قىلىش،
يىغلىش، مەتبۇئات، ... قاتارىدىكى تېنچ سىياسىي ۋاستىلار بىلەن
دۆشمەنلىكلىرىدىن ياندۇرۇشنى خىيال قىلىشمۇ پۈتۈنلەي خىيالپەرەستلىكتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. دېمەك، شەھەرلىرىمىزدە تېنچ ھەرىكەتلەر ياكى
ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان مۇنتىزىم قوراللىق شەكىللەردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش
ھەرىكەتلىرىمىزدىن ئۈمىد كۈتىشىمىز بوگۈن مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئالغىنىمىزدىمۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز
خەلقى ئارىسىدا يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تار مىللەتچىلىك، ئابروييپەرەستلىك،
مەنپەئەتپەرەستلىك، دىنىي ئايرىمچىلىق جەھەتلەردە تۈگىمەس سۈنئىي
زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ، بىر-بىرىمىز بىلەن ئورۇن تالىشىش، مەنپەئەت
تالىشىش ھالىتىنى پەيدا قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدىكى خەلقىمىز
ئارىسىدا ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەھكەم تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش
ئىمكانلىرىمىزنىمۇ قويمىدى. ئەنسىزلىك، ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك،
گۇمانخورلۇق ئىللەتلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا بەكلا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ
كەتكەچكە، ئازغىنا بىر زىددىيەت پەيدا قىلىنسىلا بىر-بىرىمىزنى ۋاستىلىق ياكى
بىۋاستە شەكىلدە ئوڭايلا پاش قىلىپ قويىمىز. بۇلارغا ئاز-تولا تەربىيە كۆرگەن
جاسۇس-خائىنلار ئارىلىشىپ قالغىنىدا ئەھۋالىمىز تېخىمۇ پاجىئەلىك تۈسكە
كىرىپ قالىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ نىسپىي ئىستىخىيىلىك ھالدا تەشكىللىنىپ مەلۇم بىر
ناھەقچىلىككە نارازىلىق بىلدۈرۈش، مەلۇم بىر ھەققانىي تەلەپتە بولۇش
نامايىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرغىنىدا قىسمەن بولسىمۇ ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىش
ھەرىكەتلىرىدە بولىشى، قارىماققا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەنسىرىتىپ قويغاندەك
كۆرۈنۈشنى بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ماھىيەتتە بۇ خىل ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ
ئوتتۇرىغا چىقىشى يوشۇرۇن مىللەتچىلىرىمىز، يوشۇرۇن يېتەكچىلىرىمىز
قاتارلىقلارنىڭ تونۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن دۆشمەنگە تېپىلماس پۇرسەتلەرنى يارىتىپ
بەرمەكتە. بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلىرىمىز قوزغالغان ھامان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى
دەرھال بارلىق جاسۇسلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر مەزگىل مەخپىي كۆزىتىشىدۇ.
ئاندىن سۆھبەتكە رازى بولغان قىياپەتلەر بىلەن ئاۋانگارتلىرىمىزنى تېخىمۇ
مۇقىملاشتۇرۇپ بەلگە قويۇپ چىقىدۇ. ھەتتا بەزىدە قىلچە رولى بولمايدىغان بىر

قاتار شەرتلەرگىمۇ قول قويغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى جاسارەتلەندۈرمەكچى بولىشىدۇ. ئاندىن خەلقنىڭ ھاياجىنى بىر مەزگىللىك بېسىلىدۇ. نۆۋەت خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا كېلىپ، بارلىق بولۇڭ-پۇچقاقلاردىن تارتىپ بۇ خىل ئاشكارا سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلارنى تەكشۈرۈشكە، نازارەت قىلىشقا، قولغا ئېلىپ جازالاشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ يېتەكچىلىك قىلغانلارنى، قوزغۇغىچىلارنى، قوللىغۇچىلارنى تېپىپ چىقىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشىدۇ. ئاقىۋەتتە، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ھېسسىياتلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە زەربىگە ئۇچراپ خورلىنىدۇ! بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ خىل ئاشكارا سىياسىي نامايىش ياكى يىغىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئاستىرتتىن ئارزۇ قىلىشىدۇ، ھەتتا بۇنداق ئارزۇسى خەلقىمىزنىڭ ئاشكارە قوراللىق قوزغىلىشقا ئاتلىنىشىنى تاما قىلىش ياكى كۈشكۈرتىشتىمۇ كۆرۈلىشى مۇمكىن.

يوقۇرقىلار دۈشمەن ئەھۋالى ۋە ئۆز ھالىمىزنى ئېناۋەتكە ئالماي ھەرىكەت قىلىشلىرىمىزنىڭ زىيانلىرىدۇر. بۇلاردىن شۇنى خۇلاسىلاشقا بولىدىكى، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىمىز ۋە ئاشكارا ھەق تەلەپ سىياسىي ھەرىكەتلىرىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى قانات يايدۇرىشىمىزنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىگە قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھەتتا زىيانلىق ھەرىكەت شەكىللىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭغا چەتئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ كۆككە كۆتۈرۈشۈپ يۈرگەن دېپلوماتىيەلىك ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلىش لازىم دەيدىغان تەرغىباتلىرىمۇ تىپىك مىسال بولالايدۇ.

## 'بىلىم ھەممىنى ھەل قىلىدۇ' دېگۈچىلەرگە

بۇ جەرياندا نۇرغۇن بىلەرمەنلىرىمىز «بىلىم ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان تەلىماتقا چوقۇنۇپ، ئاۋال خەلقىمىزنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى يوقۇرى كۆتۈرگىنىمىزدە، خەلقىمىز ئۆزلىگىدىن ئويغىنىپ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئاتلىنالايدۇ ياكى ئىلىم-پەن ئۈستۈنلۈكى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى

رىقابەتتە يېڭىپ چىقىپ خىتاينى سورايدىغان ھالغا كېلىشكە بولىدۇ دەپ تەرغىپ قىلىشىپ، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز «بىلىم سەۋدالىرى» دىن بولۇپ كېتىشتى. بۇنداق كىشىلىرىمىز شۇنى ئۇنتۇپ قېلىشتىكى، ۋەتىنىمىزدىكى بىلىم يۇرتلىرىدا خىتاي مىللەتچىلىگى بېسىمى ئاستىدا يوقۇرى بىلىم ئېلىش چەكلىمىسىنىڭ قەدەمدە بىر كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە خىتاينىڭ ھەرقايسى بىلىم يۇرتلىرىدىن سەلدەك ئېقىن قىلىپ كېلىۋاتقان خىتاي كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ بۇنداق رىقابەتتە يەرلىكلەرنى زادىلا باش كۆتۈرتكۈزمەسلىگىنى قىلچە ئىناۋەتكە ئېلىشمىدى. شۇنداق ئىشەنگەن كىشىلىرىمىز ئارىسىدىن تا بۈگۈنگىچە كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر ئىلىم-پەن نەتىجىسى يارىتالىغانلارنى زادىلا ئۇچۇراتمىدۇق. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتايغا قۇللۇق قىلىدىغان، ھەتتا ۋەتەن خائىنى بولۇپ كەتكەن ئىلىم- پەن «مەستانىلىرى» دىن خېلى كۆپ ئۇچۇراتماقتىمىز.

خەلقىنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا مۇنتىزىم مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى پائالىيىتىگە ئاساس سېلىش تەلىماتى – پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشمايدىغان پانتازىيىلىك خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىمىزدىن بىرى – خەلقىمىزنى زامانىۋى بىلىمگە ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىتىنى يارىتىۋېلىش. شۇنداق ئىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزگە بۇنداق پۇرسەتنى مەڭگۈ بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ھەرھالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىزنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا رازى بولمىسا كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكسەك بىلىمگە تايىنىپ مۇستەقىل بولغان بىرمۇ مىللەتنى بىلمەيمىز. نوقۇل بىلىم ئۈستۈنلۈگى ھەممىنى ھەل قىلالىسا ئىدى، دۇنيا تەبىئىي پەنلەر نوبېل مۇكۆپاتىنىڭ يۈزدە ئاتمىش- يەتمىش قىسمىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن يەھۇدىيلار دۇنيانى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىسا بولاتتى. ھالبۇكى، نۇرغۇن نوبېل مۇكۆپاتىغا ئېرىشكەن يەھۇدىي ئالىملىرى يېڭىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان مىللىي دۆلەتكە قاراپمۇ قويۇشمىدى. ھەتتا بۇ يېڭى دۆلەت كىچىككىنە پەلەستىن پارتىزانلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلالماي تا بۈگۈنگىچە ئۇرۇشتىن بېرى كېلەلمەي يۈرمەكتە. بىزگە كەلسەك، خەلقىمىز بۈگۈنكى ئەھۋالدا دۇنيا ئېتىراپ قىلغىدەك بىرەر ئىلىم-پەن نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگىدەك ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە ئىلمىي ئاساسلارغا ئېرىشەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىلىم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈگىمىز، مىللىي

مۇستەقىل دۆلىتىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىللەرگىچە خامخىيالىمىز ھالىتىدە قالىدىغانلىقىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان بىر مۇقەررەرلىك. شۇڭا بىز بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىم پوسىمىسىغا ئورۇنۇشۇپلىپ قىلغان تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ھەرگىزمۇ ئالدىنىپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. مىللىي مۇستەقىللىق ــ بىلىملىك بولۇشىمىزنىڭ بىردىن-بىر ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز شەرت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىلىمنى باھانە قىلىپ يۈرىدىغانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بىۋاستە قاتنىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشلىرىنى مەقسەت قىلىشقانلار دېيىش مۇمكىن.

## ‘پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ’ دېگۈچىلەرگە

يەنە شۇنىڭدەك خېلى كۆپ كىشىلىرىمىز بېيىش ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە ئاساس سېلىشۇپلىشىمىزنى تەرغىپ قىلىشماقتا. بۇنداق دېگۈچىلەردىمۇ ئىقتىساتنى باھانە قىلىشىپ ئۆزىنى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە چېتىلىپ قېلىشتىن قاچۇرۇش ھېسسىياتى يوشۇرۇنغانلىقى مۇقەررەر.

ئىقتىسات ــ ئىلىم-پەنگە ئوخشاشلا بىر مىللەتنىڭ ھايات قېلىشى ۋە كۈچلىنىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇنداق ئىكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدە بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئاساس يارىتىپ بېرىدىغان بۇ پۇرسەتنىمۇ قەتئىي بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە مەيلى ۋەتىنىمىز ئىچىدە بولسۇن ياكى چەتئەللەردە بولسۇن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ كېرەكلىك ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان بىرمۇ مىليونېرىمىز يوق. بار دېيىشكە توغرا كەلگىنىدىمۇ، ئۇنداق كىشىلىرىمىز ئىنتايىن بېخىل، ئىنتايىن شەخسىيەتچى، قىلچىمۇ ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى بولمىغان ئابرويپەرەست ياكى چىرىگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتالمىش مىللەتچى ياكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تىجارەتنىڭ ۋاستىسى قىلىشۋالغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز-تولا دەسمايىسىنى خىتاي مېلىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن بولغاچقا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كۆزىگە

سەت كۆرۈنىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان كىشىلەردۇر! بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇش راسخوتىغا دىققەت قىلىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتى ئۈچۈن نەقەدەر بېرىلىپ كەتكەن چىرىگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇلارنىڭ ئىلاجىسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك نامىدا قىلغان ياردەملىرىگە قارىغىنىمىزدا، ۋەتەنپەرۋەرلەرگە گويا بىر تىلەمچىگە تۇتقان پوزىتسىيەنى تۇتۇپ كېلىشمەكتە. شۇڭا بېيىغاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىش سەپسەتىسىگە قەتئىي ئىشەنمەسلىكىمىز لازىم. ۋاھالەنكى، مۇستەقىل بولۇشىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەقسەتلىرىنىڭ بىرىسى – پۈتۈن خەلقىمىزنى بېيىتىش شارائىتىغا ئىگە قىلىش. شۇنداق ئىكەن، بىز ئاۋال بېيىشنى ئەمەس، ئاۋال مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى مەقسەت قىلىشىمىز كېرەك.

## بۇرمىلانغان ئەقىدىلىرىمىز

يوقۇرقىلاردىن باشقا دىن ھەققىدىكى تەشۋىقاتلارغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. دىن مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بۇ مەسىلە ئىنتايىن قارمۇقارشى چۈشەنچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. ھەتتا دىنىمىزنىڭ زامانىۋى دۇنيا قارىشى مەسىلىسى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ساھەسىدىمۇ ئېنىق بىر ئىجتىمائىي قاراشلارغا ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيىشىمىز بىز ئۈچۈن بەكلا ئەتىگەن. ئەمما ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىماسى دەپ ئاتىنشۋالغان بىر قىسىم دىنىي پىكىر ئىگىلىرىنىڭ پەيدا قىلىۋاتقان زىدىيەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەسلىدە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىمىز ئەزەلدىن مىللىي مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىچىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بىر قىسىم يالغان ئىماملىرىمىز دىنىي ئېتىقاتىمىزنى سۈيئىستىمال قىلىپ قۇللۇق ئىدىيىسىنى ۋاستىلىق، ھەتتا بىۋاستە تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنى بەندىنىڭ بەندىگە قۇل بولۇشىنى ھەرگىز ھىمايە قىلمايدۇ. ھەتتا بۇ جەھەتتە ھەر بىر مۇسۇلماننى جان تىكىپ قوغدىنىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ» لەر ھەققىدە تەتقىقاتىمىز بەكلا يۇزەكى بولغاچقا، بۇ ھەقتە تەپسىلى پىكىر بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز.

ئەمما بۇ دىگەنلىكتىن ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسەكمۇ بولىدىكەن دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىۋالماسلىغىمىز شەرت. بىز «قۇرئان» دا ھەرخىل مۇددالار بويىچە دۈشمەنگە قارشى جەڭ (جىھاد) قىلىش ھەققىدە ئالتى يۈزگە يېقىن يەردە توختالغانلىغىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا، ئىمكانى بارلار ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن قىبلەنامە سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشلىرى كېرەك. بىز مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز جەريانىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىزنىڭ بىر قىسىم ئ ايىنغان دىنىي كىشىلىرىمىز ۋاستىسىدا خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە سوغۇق سۇ سېپىشىدىن ئالاھىدە ھۇشيار بولىشىمىز لازىم!

## بۈگۈنكى پۇرسەتلىرىمىز

يۇقىرىدا مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ھەرىكەتلىرىمىزدىكى بىر قىسىم خاتا چۈشەنچىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇ خىل ئەھۋالدا بىز مىللىي مۇستەقىللىقنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۈنىڭ ئۈچۈن بىزدە قانچىلىك ئىمكانىيەتلەر قالدى؟ تارىختا نەتىجە يارىتالىغان ھەرىكەت شەكىللىرىنى بۈگۈنكى كۈندە ئىجرا قىلىش ئىمكانىيەتلىرىمىز ھازىرچە يوق ئىكەن، ئۇنداقتا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنى قانات يايدۇرىشىمىزنىڭ قانداق ئىمكانلىرى قالدى؟

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن قورقۇپ، نەچچە مىڭ كىلومېترلىق ئېگىز سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇپ دۆلىتىنىڭ چېگراسىنى بىزدىن قوغداشقا مەجبۇر بولغانلىغىنى ھەممىمىز بىلىمىز. يەنى، خىتايلار بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچاق مىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇرتداشلىرىمىزنىڭ بىۋاستە تەجرىبىلىرىمۇ يوق ئەمەس. بولۇپمۇ يېقىنقى تارىخىمىزدا كۆرۈلگەن غۇلجا-بۆرتالالاردىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قېچىش ۋەقەسى ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە. بۇ خىل ھادىسىلەر يېقىنقى كۈنلەرگىچىمۇ ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. كىچىككىنە پەيزاۋات ياشلار ھەرىكىتى ۋە بارىن مۇجاھىتلىرىنىڭ ئۈستىگە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇرۇش ئۆيرۇپىلانلىرى، نەچچە دىۋىزىيە ئەسكەر كەلتۈرۈشلىرى، غۇلجا خەلق نامايىشىنى باستۇرۇش

ئۇچۇن ئون مىڭلارچە قۇراللىق قوشۇننى ئىشقا سېلىشى، ھەر قېتىملىق مەخپىي پارتلاش ۋەقەلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن يۈز مىڭلارچە جاسۇسنى ئىشقا سېلىپ مىليونلىغان خەلقىمىزنى ئايلارغىچە ھەتتا يىللارغىچە تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولىشى، كوچا-كوچىلارنى قۇراللىق چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى بىلەن تولدۇرىۋېتىشى، ... خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نەقەدەر قورقۇنچاق نەرسىلە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. يەنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇش ئىمكانلىرىمىز ھېلىمۇ يېتىپ ئاشقىچە ساقلانماقتا.

بىزنىڭ مىليونلىغان دېھقان-چارۋىچىلىرىمىز ئاساسەن خىتايسىز مەھەللىلەردە ياشايدۇ. ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە بۇ تۈردىكى ساپ مىللىي يېزا-قىشلاقلىرىمىزدا ئون مىڭلىغان مىللىي يېزا- كەنتلىرىمىز ۋە مىليونلىغان خەلقىمىز بار. بۇ خەلق ئۆزىنىڭ مىللىي سۆيگۈسى، يۇرت سۆيگۈسى ۋە دىنىي سۆيگۈلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ساقلاپ ياشاپ كەلمەكتە. بۇ بىزنىڭ پۈتمەس- تۈگىمەس ئارقا سەپ قوشۇنىمىز بولالايدۇ. نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلار يول ئېغىزلىرىدا، تاغلاردا، چۆللەردە، شەھەر ئەتراپلىرىدا ئەڭ مەخپىي تۈردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالالايدۇ ياكى مەخپىي قۇراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە ياردەمچى بولالايدۇ.

بىزنىڭ شەھەرلىرىمىز، كان رايونلىرىمىز ۋە سانائەت رايونلىرىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئاساسەن يەرلىك خەلقىمىزدىن ئايرىم يەر ياكى بىنالاردا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىك بىنالىرى، زاۋۇت، كان-كارخانىلىرى، سودا ئورۇنلىرى، ئىدارە-شىركەتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى، مەدەنىي- مائارىپ ئورۇنلىرى، ساقلىقنى ساقلاش-سەھىيە ئورۇنلىرى، ساياھەت-دەم ئېلىش يەرلىرى ئاساسەن خىتاي كۆچمەن تاجاۋۇزچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئادەتتە پوس قويۇلمىغان، قوغداش كۈچى ئاجىز نوقتىلار دېيىش مۇمكىن. ئۇ يەرلەردە بىرەر ۋەقە پەيدا قىلىنسا پەقەتلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بىۋاستە زەربە بېرىش ئىمكانلىرىمىز ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق كۆپ سانلىق خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ ئويلىرىدە گاز تۇڭى، ھاراق-شاراپلار مەۋجۇت، ئېلېكتر-گاز بار. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتوموبىل، ئاپتوۋۇز، پويىزلار ئاساسەن خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ قولىدا. ئۇلاردىن ئاساسەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بەھرىمەن بولماقتا. بۇخىل بېنزىنلىك ئوپچە قاتناش ۋاستىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىلغۇ

